
ئەشق
ئەلیف شەفەق [تورکییە]
ELIF SHAFAK
The Forty Rules
of Love
مللەتلەر نەشریاتی
بیجك

ئەشق

ئەلىف شەفەق (تۈركىيە)

تۈركچىدىن تەرجىمە قىلغۇچى:
ئەنۋەر ھاجى مۇھەممەد

بۇ كىتابنى مۇھەببەتكە سىرداش، سەۋرچان دوستلارغا بېغىشلايمەن

ئىشىق-مۇھەببەتنى تولۇق سۆپەتلەپ بېرىشنىڭ ھاجىتى يوق، ئۇ ئۆز ئالدىغا بىر دۇنيادۇر، ئۇنىڭ ئوتتۇرىسىدا، مەركىزىدە ياشايسەن ياكى سىرتىدا، ھەسرىتىدە ياشايسەن...

بىر تاشنى دەرياغا ئاتسا ئۇنىڭ كۈچىنى ئانچە كۆرگىلى بولمايدۇ، قىزىققۇچىلىكى يوق، سۇنىڭ يۈزى ئازراقلا دولقۇنلىنىدۇ، ئاڭلىنار-ئاڭلانماس بىر ئاۋاز چىقىدۇ، ئېقىنىنىڭ ئوتتۇرىسىغا بارمايلا شاۋقۇنىمۇ يوقاپ كېتىدۇ. بولار يېرى شۇنچىلىك.

ئەمما بىر كۆلگە شۇ تاشنى ئېتىڭ، تەسىرى شىددەتلىك ۋە ئۇزاق بولىدۇ. ئۇ تاش توختام سۇلارنى چالغىتىدۇ، تاش سۇغا تەگكەن يەردە ئاۋۋال ھالقا پەيدا بولىدۇ، ئاندىن ھالقىلار پورەكلەپ ئېچىلىپ، قاتمۇ قات كېڭىيىدۇ. كىچىككىنە بىر تاش كۆزنى يۇمۇپ ئاچقىچە شۇنچىلىك تەسىر پەيدا قىلىدۇكى، پۈتۈن سۇ يۈزىنى ھالقىلار قاپلايدۇ، ئەڭ ئاخىرقى ھالقا قىرغاققا ئۇرۇلۇپ يوقالغىچە ھالقىلار بىر-بىرىنى پەيدا قىلىدۇ.

دەريا ئەسەبىيلەرچە ئاقىدۇ، ئۇنىڭدا ھەممە نېمە ئارىلىشىپ كەتكەن، سۇلار شاۋقۇن ياساش ئۈچۈن ئۆزىنى ھەر تەرەپكە ئېتىپ تۇرىدۇ، جۇش ئۇرۇپ تېشىپ تۇرىدۇ، ئېتىلغان تاشنى ئۆز قوينىغا ئالىدۇ، ئۆزلەشتۇرىدۇ، سىڭدۈرىدۇ، ئاندىن ئۇنى ئاسانلا ئۇنتۇپ كېتىدۇ. ئۇ ئۆز تەبىئىتىدىن ئەبجەش ئېقىن، ئاز بولسۇن، كۆپ بولسۇن ھەممە نېمە ئۇنىڭ قوينىغا سىڭىپ كېتىدۇ.

ئەمما كۆل ئۇنداق تۇيۇقسىز دولقۇنلىنىشقا ھازىر ئەمەس، بىر تال تاشمۇ ئۇنى ئاستىن-ئۈستۈن قىلىۋېتەلەيدۇ، تېگىدىن تەۋرىتەلەيدۇ. كۆل تاش بىلەن ئۇچراشقاندىن كېيىن ھەرگىز بۇرۇنقىدەك بولمايدۇ، بولالمايدۇ.

ئېللا رۇبىنستېين ئەقلىنى بىلگەندىن بېرى توختام كۆلدەك ياشاپ كېلىۋاتاتتى، قىرىق ياشقا كىرىپ قالغانىدى. ياشاش ئادىتى، ئېھتىياجى، تاللىشى بىر خىللا ئىدى، كۈنلىرىمۇ ئادەتتىكىدەك، تەرتىپلىك، بىر خىللا ئۆتەتتى. 20 يىلدىن بېرى پۈتۈن ئىشلىرىنى نىكاھلىق تۇرمۇشىغا بويسۇندۇرغانىدى. كۆڭلىگە بىرەر ئارزۇ-خىيال

كەلسە، بىرەر يېڭى دوست تۇتسا، ھەتتا ئانچە مۇھىم بولمىغان بىرەر ئىشنى قارار قىلسىمۇ ئائىلە تۇرمۇشىغا مۇناسىۋەتسىز ئىش قىلمايتتى. ئۆيى ۋە ئىناقلىق تۇرمۇشى ئۇنىڭ ھاياتلىق نىشانىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان بىردىنبىر كومپاس ئىدى.

ئېرى داۋىد تونۇلغان چىش دوختۇرى بولۇپ، بۇ كەسىپتە خېلى ئوتتۇق قازانغان ۋە كۆپ پۇل تاپقان ئادەم ئىدى. ئىككىسىنىڭ مۇناسىۋىتىنى بەك ياخشى دەپ كەتكىلى بولمايتتى. ئېللا بۇنى بىلەتتى، ئەمما ئەر-خوتۇنلۇق تۇرمۇشتا (بولۇپمۇ بۇلارنىڭكىدەك ئۇزاق داۋاملاشقان ئەر-خوتۇنلۇق تۇرمۇشتا) باشقىچە ئەۋزەللىكلەرنىڭ بولىدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى. ئەر-ئاياللىق تۇرمۇشتا ئىشق-مۇھەببەت، سەۋدالىقتىن مۇھىم بولغان رەھىم-شەپقەت، چۈشىنىش، ھۆرمەت، سەۋرچانلىق دېگەندەك مۇھىم نەرسىلەر بار ئىدى... شۇنداقلا ھەر بىر ئائىلىدە ئەڭ مۇھىم بولغان يەنە بىر خۇسۇسىيەت بار ئىدى: ئەپۇچانلىق! ئېرىڭىز خاتالىق ئۆتكۈزسە (چوقۇم ئۆتكۈزىدۇ)، قولىڭىزدىن كەلسە (كېلىشى كېرەك)، قانداق قىلىسىز، ئۇنى كەچۈرۈۋېتىڭ!

ئاشىق، مەشۇق دەپ نېمە كەپتۇ، ئۇنىڭ نېمە پايدىسى؟ ئىشق-مۇھەببەت ئېللانىڭ تاللىشى ئارىسىدىن سەپتىن چۈشۈپ قالغان بىر نەرسە ئىدى، ئۇ پەقەت كىنولاردا ياكى خىيالنىڭ مەھسۇلاتى بولغان رومانلاردا بولاتتى. ئۇنىڭدا قىز بىلەن يىگىت چۆچەكلەردە ئېيتىلىدىغان ئەپسانىۋى سەۋدالىقتا بىر-بىرىنى ئۆلگۈدەك سۆيۈشەتتى. ئەمما ھايات، ھەقىقىي ھايات ھېچقاچان كىنو ياكى رومان ئەمەس-تە!

ئېللانىڭ ھاياتلىق تاللىشىدا ئەڭ باشتا باللار تۇراتتى. گۈزەل قىزى جېنېت ئالىي مەكتەپتە ئوقۇۋاتاتتى. قوشكېزەك باللىرى (قىزى ئورلى، ئوغلى ئاۋى) ياشلىق دەۋرىگە قەدەم قويۇش ئالدىدا تۇراتتى. يەنە 12 ياشقا كىرگەن،”كۆلەڭگە“ لەقەملىك سېرىق تۈكلۈك ئىتى بار ئىدى. ئۇ بۇ ئۆيگە كەلگەندە كىچىككىنە كۈچۈك بولۇپ، ھازىر بولسا ئېللانىڭ يولدىكى ئازماس ھەمراھى ئىدى. بۇ ئىت قېرىپ، سەمرىپ، كۆزى، قۇلىقى كاردىن چىقىپ، ئەجىلى توشۇپ قالغان بولسىمۇ، ئېللا ئۇنىڭ ئۆلۈپ كېتىشىنى ئويلىسا يۈرىكى چىدىمايتتى. ئېللا مۇشۇنداق ئايال ئىدى، ئىشىنىڭ ئاقىۋىتىنى زادى قوبۇل قىلالمايتتى، ھاياتلىقنىڭ قايسى مەزگىلىدە بولسۇن، ئەنئەنىۋى قانۇنىيەت نۇقتىسىدىن بولسۇن، ئۇزاقتىن بېرى يوقالغان مۇناسىۋەت تۈيغۇسىدىن بولسۇن، ئۆلۈمنى ئېتىراپ

قىلغۇسى كەلمەيتتى. ئۇ كۆرمەسكە سېلىپ كېلىۋاتقان ئاخىرلىشىش پەيتى بۇرنىنىڭ ئۇچىدا دىۋەيلەپ تۇرسىمۇ، ئۇنىڭغا يۇزلىنەلمەيتتى.

رۇبىنستېيىن ئائىلىسى ئامېرىكىدىكى نورسەمپتوندا، سۇت رەڭلىك ۋىكتورىيە پاسونىدىكى چوڭ ئۆيدە ياشايتتى. بۇ ئۆينى زىننەتلەيدىغان، رېمونت قىلىدىغان ۋاق كېلىپ قالغان بولسىمۇ، بىنا يەنىلا كۆركەم ئىدى: بىنادا بەش ياتاق ئۆيى، ئۇچ ماشىنا قويغىلى بولىدىغان گاراژى، چوڭ بېغى ۋە فرانسوزچە ئۇسلۇبتا ياسالغان ئىشىكلىرى بار ئىدى. ئائىلىدىكى ھەممىسى ئۆمۈر سۇغۇرتىسى، ماشىنا سۇغۇرتىسى، ئوغرىلىق، ئوت ئاپىتى، سالامەتلىك سۇغۇرتىسى، دەم ئېلىش ھېساباتى، باللارنى ئالىي مەكتەپتە ئوقۇتۇش ھېساباتى، بانكا ھېساباتى... دېگەنلەرنىڭ بىرىگە قويماي قاتناشقانىدى. ھازىر ئولتۇرۇۋاتقان ئۆيدىن باشقا يەنە ئۇلارنىڭ بوستوندا، رود ئارىلىدا ئىككى ھەشەمەتلىك ئۆيى بار ئىدى. ئېللا بىلەن داۋىد بۇلارغا ئېرىشىش ئۇچۇن كۆپ جاپا چەككەنىدى. باللار خۇشال-خورام، قىيغىتىپ ئوينايدىغان، دوخۇپكىدا پىشۇرۇلغان زەنجىۋىل، دارچىن سېلىنغان پېچىنە-پىرەنىكلەرنىڭ ھىدى پۇراپ تۇرىدىغان چوڭ بىر ئۆينى تەسەۋۋۇر قىلىش بەزىلەرگە كونا ئىدىيە، كونا خىيالدەك تۇيۇلۇشى مۇمكىن، ئەمما ئۇلار ئۇچۇن بۇ ئەڭ گۈزەل تۇرمۇش ئىدى. ئۇلار مۇشۇ ئورتاق مەقسەت ئۇچۇن تۇرمۇش قۇرغانىدى ھەمدە ئارزۇلىرىنىڭ ھەممىسىنى بولمىسىمۇ كۆپ قىسمىنى رېئاللىققا ئايلاندۇرغانىدى.

ئۆتكەن يىلى ئاشىق-مەشۇقلار بايرىمىدا ئېرى ئېللاغا يۇرەك شەكلىدىكى ئالماس كۆزلۈك زەنجىر سوۋغا قىلىپ، ئۇنىڭغا بىر ئاتكرېتكا قوشۇپ قويغانىدى:

”سۆيۈملۈك ئېللا، ئېغىر-بېسىق، مېھرىبان، مەرت، سەۋرچان ئايال...مېنى مۇشۇم ھالىم بىلەن قوبۇل قىلغىنىڭ ۋە ئايالىم بولغىنىڭدىن مىننەتدارمەن، سېنى مەڭگۇ سۆيۈپ، داۋىد“.

ئېللا ھېچكىمگە، بولۇپمۇ ئېرىگە كۆڭلىدىكىنى دېيەلمەيتتى، ئەمەلىيەتتە بۇ قۇرلارنى ئوقۇغاندا ئۆزىنىڭ ئۆلۈم ئېلانىنى ئوقۇغاندەك بولدى. ” بەلكىم مەن ئۆلگەندىن كېيىن مۇشۇ گەپلەرنى قىلار“ دەپ ئويلىدى. ئەگەر ئۇ سەممىي، راستچىل بولسا شۇ سۆزلەرنىمۇ قوشۇپ قويسا بولاتتى:

”سۆيۈملۈك ئېللا ئېرى ۋە باللىرىنى دەپلا ياشايتتى، تۇرلۇك قىسمەت، مۇشەققەتلەرنى يالغۇز يېڭەلىگۈدەك بىلىمى، تەجرىبىسىمۇ يوق ئىدى. ھېچقانداق ئىشقا تەۋەككۇل قىلالمايتتى. ھەر ئىشقا چارە-تەدبىر

ئويلاپلا تۇراتتى، ئىچىۋاتقان قەھۋەسىنىڭ ماركىسىنى ئالماشتۇرۇش ئۆچۈنمۇ ئۆزۈندىن ئۆزۈن ئويلىنىپ كېتەتتى. شۇنچىلىك خىجىلچان، كۆڭۈلچەك، ئېھتىياتچان ئىدى؛ سېپى ئۆزىدىن قورقۇنچاق دېيىشكىمۇ بولاتتى“.

شۇ سەۋەبتىن ئېرى بىلەن 20 يىل ئۆي تۇتقان ئېللا رۇبىنستېيىنىنىڭ بىر كۈنى ئەتىگەندە قانداق بولۇپ ئېرىدىن ئاجرىشىپ، ئۆزىنى ئۆيدىن ئازاد قىلىپ، يالغۇز سەپەرگە ئاتلانغانلىقىنى باشقىلار، ھەتتا ئۆزىمۇ چۈشەنمىدى...

*　　　*　　　*

ئەمما ئۇنىڭ سەۋەبى بار ئىدى ئەلۋەتتە: ئىشق ـ مۇھەببەت!

ئېللا ئويلىمىغان يەردىن بىر ئادەمگە ئاشىق بولدى.

ئىككىسى بىر شەھەردە ئەمەس، بىر قىتئەدىمۇ ياشىمايتتى. ئارىلىقىنىڭ شۇنچە يىراق بولۇشى بىر ياندا تۇرسۇن، مىجەز ـ خۇلقىمۇ كېچە بىلەن كۈندۈزدەك پەرقلىنەتتى، تۇرمۇش ئۇسۇلىمۇ بىر ـ بىرىگە ئوخشىمايتتى. ئوتتۇرىسىدا بىر ھاڭ بار ئىدى. نورمال ئەھۋالدا بىر ـ بىرى بىلەن چىقىشىپ ئۆتۈشى قىيىن تۇرۇقلۇق، ئىشق ئوتىدا كۆيۈشلىرى كۈتۈلمىگەن بىر ھادىسە ئىدى. ئەمما بۇ ئىش يۈز بەردى، شۇنچىلىك تېز يۈز بەردىكى ئېللا ئۆزىنىڭ بېشىغا قانداق ئىش كەلگەنلىكىنى ئاڭقىرىپ ئۆزىنى قوغداشقىمۇ ئۈلگۈرەلمىدى. ئىنساننىڭ ئۆزىنى ئىشق ـ مۇھەببەتتىن ساقلىشى مۇمكىن بولسىدى كاشكى!

ئىشق ـ مۇھەببەت ئېللانىڭ توختام كۆلدەك ھاياتىغا غايىبتىن كەلگەن تاشتەك ئۇچۇپ چۈشۈپ ئۇنى چالغىتىپ، تەۋرىتىپ، قالايمىقان قىلىۋەتتى.

ئېللا

بوستون، 2008 ـ يىل 17 ـ ماي

باھارنىڭ ئىللىق بىر كۈنىدە بۇ ئاجايىپ ھېكايە باشلاندى. كۆپ ۋاقىتلاردىن كېيىن ئېللا شۇ پەيتنى قايتا ـ قايتا ئويلىسا ئۇ ئىشلار ئۆتمۈشتىكى ئىشلاردەك ئەمەس، دۇنيانىڭ بىر يېرىدە ھاياتلىق سەھنىسىدە ھازىرمۇ يۈز بېرىۋاتقان ئىشلاردەك تۇيۇلۇشى مۇمكىن.

ۋاقىت: ماي ئايلىرىنىڭ بىر شەنبە كۈنى، چۈشتىن كېيىن.

ئورۇن: غىزالىنىش ئۆيى

ئۆيدىكى ھەممەيلەن بىرلىكتە تاماق يەۋاتاتتى. ئېرى تەخسىگە ئۆزى ئەڭ ئامراق قىزىرىپ پىشقان توخۇ پاچىقىنى ئېلىۋاتاتتى. قوشكېزەكلەردىن ئاۋۋال بىلەن پىچىقىنى تاياقچە قىلىپ دۈمباق چېلىۋاتقاننى دوراپ ئاۋاز چىقىراتتى؛ قىز قېرىندىشى ئورلى بولسا كۈندە پەقەت 650 كالورىيە ئىسسىقلىق قوبۇل قىلىش ۋەدىسىنى ئورۇنلاش ئۈچۈن قانچىلىك تاماق يېيىش كېرەكلىكىنى ھېسابلايتتى. چوڭ قىزى جېنىېت بىر تىلىم بولكا ئېلىپ، خىيالچان ھالدا ئۇنىڭغا سارماي سۈركەۋاتاتتى.

ئائىلىدىكىلەر بىلەن شىرەدە ئېستىرمۇ بار ئىدى، ئۇ پىشۇرۇپ ئەكەلگەن قەھۋە تەملىك پىرەنىكنى سۇنۇپ بېرىش ئۈچۈن بۇ ئۆيگە كېلىپ، ساھىبخانىنىڭ چىڭ تۇرىۋېلىشى بىلەن تاماققا داخىل بولغانىدى. يەپ ئىچىش ئاخىرلىشاي دېگەندە ئېللانىڭ يەنە قىلىدىغان بىر مۇنچە ئىشلىرى بولسىمۇ ئۇنىڭ شىرەدىن قوپقۇسى كەلمەيۋاتاتتى. كېيىنكى ۋاقىتلاردا ئۇلار قانداقتۇر ئائىلە بويىچە جەم بولالماي كېلىۋاتاتتى. شۇڭا بۇ پۇرسەتتە ئۇ ھەممەيلەننىڭ ئىناق كەيپىياتقا چۆمۈشىنى ئۈمىد قىلاتتى.

—ئېستېر ھاما، ئېللا ساڭا خۇشخەۋەر بەردىمۇ قانداق؟— دېدى داۋىد توساتتىن،— بىلەمسەن، ئايالىم قالتىس بىر ئىش تاپتى، ھەم تېخى خېلى يىللاردىن كېيىن دېسەڭچۇ.

ئېللا ئالىي مەكتەپتە ئىنگلىز تىل-ئەدەبىياتى ئوقۇغانىدى. ئەدەبىياتنى ياخشى كۆرەتتى، شۇنداق بولسىمۇ ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن تۈزۈك خىزمەت تاپالمىدى. پەقەت بىر قانچە ئاياللار ژۇرنىلىغا ئۇششاق-چۈششەك تەقرىزلەر يېزىپ بەردى، بەزى كىتاب كۇلۇبلىرىغا قاتناشتى، شۇ ئارىدا يەرلىك گېزىتلەرگە كىتابلار ھەققىدە تەنقىد يېزىپ بەردى. قىلغان ئىشلىرى شۇنچىلىك ئىدى. بىر چاغلاردا داڭلىق كىتاب ئوبزورچىسى بولماقچى ئىدى، ئەمما ئۇ كۈنلەر ئۆتمۈشكە ئايلاندى. تەقدىر شامىلىنىڭ ئۆزىنى باشقا بىر قىسمەتكە ئاپىرىپ تاشلىغىنىغا تەن بەردى. ئاخىرىدا ئۇ مەشھۇر ئەدەبىي ئوبزورچى ئەمەس، بەلكى ئۆيگە مەسئۇل بولۇپ تۈگمەس-پۈتمەس ئۆي ئىشلىرىنى قىلىدىغان، ئۇنى ئاز كەلدى دەپ ئۈچ بالىسىنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالىدىغان چىۋەر-چاققان ئۆي خوتۇنىغا ئايلاندى.

ئەمما ئۇ بۇنىڭدىن قاقشىمايتتى. ئانا بولۇش، خوتۇن بولۇش، ئىتقا قاراش، ئۆيىنىڭ پۈتۈن ئىشلىرىنى باشقۇرۇش، تاماق ئېتىش، باغ پەرۋىشى، سودا ـ سېتىق، كىر ـ قات يۇيۇش، كىيىم دەزماللاش... دېگەندەك ئىشلارغا ئاران ـ ئاران يېتىشەتتى. بۇنچە ئىشلار يەتمىگەندەك، شىرنىڭ ئاغزىدىن گۆش ئېلىش ئۇچۇن جاپا چېكىپ نېمە قىلاتتى؟ ئايالالار هوقۇقىنى ياقلايدىغان سىمىس ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى ساۋاقداشلىرىنىڭ ھېچقايسىسى ئېللانىڭ تاللىشىنى قوبۇل قىلالمىسىمۇ، ئۇ بۇنىڭغا پەرۋا قىلمىدى، بەلكى شۇنچە يىلدىن بېرى ئۆيدىن چىقمايدىغان ئانا، خوتۇن، ئۆي خانىمى بولغىنىدىن ھېچقانداق بىئارام بولمىدى. ئەلۋەتتە، ئىقتىسادي شارائىتى ياخشى بولغاچقا ئۇمۇ ئىشلەپ پۇل تاپىمەن دەپ يۈرمەيتتى. شۇڭا ئېللا بۇ تۇرمۇشىدىن رازى ئىدى. ئەدەبىياتقا بولغان ئىشتىياقىنى ئۆيىدە، قانداقلا قىلىپ بولسۇن داۋام قىلالايتتى. كىتاب ئوقۇشقا شۇنچىلىك ئامراق ئىدىكى، يەنىلا بۇرۇنقىدەك كىتاب مەستانىسى ئىدى ـ ياكى شۇنداق ئىكەنلىكىگە ئۆزىنى ئىشەندۇرمەكچى بولاتتى.

ئەمما كۈنلەر ئۆتۈپ باللار چوڭ بولۇپ، ئانىسىنىڭ دائىم ئۆزلىرى ئۈچۈن غەم قىلىپ يۈرۈشىنى خالىماس بولدى. ئېللا ئەمدى ئۆزىنىڭ بىكار بولۇپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ، بىرەر ئىش تېپىپ قىلسام بولغۇدەك دەپ ئويلاپ قالدى. ئېرى ئۇنىڭغا مەدەت بېرىۋاتقان، ئىككىسى مۇشۇ ھەقتە كۆپ پاراڭلىشىپ پۈرسەت كۈتۈۋاتقان بولسىمۇ ئېللانىڭ ئىش تېپىشى ئۇنچە ئاسان ئەمەس ئىدى. ئۇ ئىلتىماس قىلغان يەرلەردىكى خوجىدارلار ياشراق ياكى تەجرىبىلىك بىرسىنى ئىزدەيتتى. رەت قىلىنىۋېرىپ غورۇرى سۇنغان ئېللا ئىش ئىزدەشتىن ۋاز كېچىپ، ئۇ گەپنى قىلماس بولدى.

شۇنداق بولسىمۇ، 2008 ـ يىلى 5 ـ ئايدا يىللاردىن بېرى ئىش تېپىش يولىدىكى ھەر خىل توسالغۇلار بىردىنلا يوقالدى. قىرىق ياشقا كىرىشكە بىر قانچە ھەپتە قالغاندا بوستوندىكى بىر نەشرىياتتىن كىشىنى خۇشال قىلغۇدەك بىر تەكلىپ تاپشۇرۇۋالدى. ئەسلىدە ئېرى ئۇنىڭغا بۇ ئىشنى تېپىپ بەرگەنىدى؛ خېرىدارلىرىدىن يا بەلكى ئاشىنىسىدىن بىرەرسى بۇنىڭغا سەۋەبچى بولۇپ قالغانىدى...

ـ بۇ ۋاي دەپ كەتكۈدەك ئىش ئەمەس قەدىرلىكىم، ـ دېدى ئېللا دەرھال چۈشەندۈرۈپ، ـ بىر نەشرىياتتا ئەدەبىيات مۇھەررىرى ياردەمچىسىنىڭ ياردەمچىسىمەن پەقەت، شورپىسىنىڭ شورپىسى دېگەندەك!

ئەمما داۋىد ئايالىنىڭ بۇ يېڭى خىزمەتنى ياراتمايۋاتقانلىقىنى كۆزگە سىغدۇرالمايۋاتقاندەك قىلاتتى.

— نېمىشقا بۇنداق دەيسەن قەدىرلىكىم،— دېدى ئۇ دەرھال،— ئۇ ناھايىتى نوپۇزلۇق بىر نەشرىيات دېسەڭچۇ.

داۋىد ئېللانى بوش جەينەكدەپ قويدى، ئەمما ئايالىنىڭ غىڭ قىلماي تۇرغىنىنى كۆرۈپ بېشىنى چايقاپ، ئۆز گېپىنى ئۆزى يورغىلاتتى:

— ئۇ ناھايىتى داڭلىق، نوپۇزلۇق نەشرىيات دەيمەن ئېستېر ھامما، بۇ دۆلەتتىكى ئەڭ ياخشى نەشرىيات! باشقا مۇھەررىر ياردەمچىلىرىنى بىر كۆرسەڭ، ھەممىسى ئەڭ ئېسىل ئۇنىۋېرسىتېتنى پۈتتۈرگەن! ئارىسىدا ئېللادەك شۇنچە يىل ئۆي خانىمى بولۇپ ئاندىن ئىشلەشكە باشلىغان بىرمۇ ئادەم يوق. ئايال تېخى بۇ، شۇنداق ئەمەسمۇ؟

ئېللا بوش قىمىرلاپ مۈرىسىنى كۆتۈرۈپ قويدى. زورىغا تەبەسسۇم قىلىپ مېيىغىدا كۈلۈپ قويدى، بىر تەرەپتىن ھەيران قېلىۋاتاتتى: ئېرى نېمىگە بۇنچە كۆچەپ كېتىدۇ؟ شۇنچە يىلدىن بېرى ئۇنىڭ كەسىپ ئەھلى بولۇشىغا دەخلى قىلغانلىقى ئۈچۈن بۇنىڭ بەدىلىنى تۆلەي دەۋاتامدۇ؟ ياكى ئۇنى ئالدىغانلىقىدىن پۇشايمان قىلىپ مۇشۇ ئىش ئارقىلىق مۇناسىۋەتنى ياخشىلاي دەۋاتامدۇ؟ بۇنىڭ قايسىسى راست؟ ئېللانىڭ كاللىسىغا بۇنىڭدىن باشقا چۈشەنچە كەلمەيۋاتاتتى. داۋىدنىڭ بۇنچە ئەزۋەيلەپ كېتىشىنى بۇنىڭدىن باشقا گەپ بىلەن چۈشەندۈرگىلى بولمايتتى.

— يۈرەكلىك دېسەك ئېللانى دېسەك بولىدۇ، ئۇنىڭدىن پەخىرلىنىمىز،— دېدى داۋىد سۆزىنى ئەۋجىگە چىقىرىپ.

ئېستېر ھامما جانلىق كەيپىياتتا پاراڭغا قېتىلدى:

— ھېچكىمگە ئوخشىمايدۇ بۇ ئېللا، دائىم شۇنداق.

ئۇ گويا ئېللا بارسا كەلمەس يەرگە كېتىپ قېلىپ ئاندىن ئۇنى قاتتىق سېغىنىۋاتقاندەك گەپ قىلدى.

تاماق شىرەسىدىكى ھەممەيلەن ئېللاغا يېقىملىق باقتى. ئاۋى قانداقتۇر گەپدانلىقىنى تاشلىغان، ئورلى بولسا بىرەر قېتىم بولسىمۇ ئۆز قىياپىتىدىن باشقا نەرسىگە دىققەت قىلىۋاتاتتى. ئېللا مۇھەببەتكە تولغان بۇ پەيتنىڭ پەيزىنى سۈرمەكچى بولدى، ئەمما ئۇنداق قىلالمىدى. قەلبىدە بىر ناخۇشلۇق، بىئاراملىق بار ئىدى، ئەمما سەۋەبىنى بىلمەيتتى. بىرەرسى بۇ گەپنى باشقا ياقچا بۇرىۋەتكەن بولسا كاشكى، ئۇ ھەممە ئادەمنىڭ دىققەت نۇقتىسى بولۇپ قېلىشنى خالىمايتتى.

شۇ چاغدا چوڭ قىزى جېنىپت ئۇنىڭ كۆڭلىدىكىنى تۇيغاندەك تۇيۇقسىز گەپكە قېتىلدى:

— مەنمۇ سىلەرگە بىر ئىشنى دەي، ياخشى گەپ قىلارسىلەر!

ھەممەيلەن جېنىپتقا قاراپ، ئۇنىڭ نېمە دەيدىغانلىقىغا دىققەت قىلدى.

— سكوت بىلەن ئىككىمىز توي قىلىدىغان بولدۇق، — دېدى جېنىپت ئۇشتۇمتۇت، — بىراق نېمە دەيدىغانلىقىڭلارنى بىلىمەن. ئالىي مەكتەپنى تېخى پۈتتۈرمىدىڭلار، نېمىگە ئالدىرايسىلەر، تېخى كىچىكسىلەر پالان پىستان... ئەمما چۈشەنسەڭلار نېمە بولىدۇ، بىز بۇ ئىشقا تەييارلىنىپ قويدۇق.

تاماق شىرەسىنى غەلىتە جىمجىتلىق باستى. بايىلا تېخى ھەممەيلەننىڭ ۋۇجۇدىنى قاپلىغان ئىللىق، يېقىملىق كەيپىيات كۆپۈكتەك يوقالدى. ئورلى بىلەن ئاۋى بىر-بىرىگە ئىپادىسىز قارىشىپ قالدى. ئېستېر ھاما بىر ئىستاكان ئالما شەربىتىنى تۇتقىنىچە، ئەسەبىي بىر ھەيكەلتاراشنىڭ قولىدىن چىققان ھەجۋى، سېمىز بىر ھەيكەلدەك قېتىپ قالدى. داۋىد ئىشتىھاسى تۇتۇلۇپ قالغاندەك، ۋىلكا بىلەن پىچاقنى بىر ياققا قويۇپ، كۆزلىرىنى قىسىپ جېنىپتقا قارىدى، سۇس قوڭۇر كۆزلىرىدە بىزارلىق، بىئاراملىق چىقىپ تۇراتتى. چىرايى خۇددى بىر قۇتا ئاچچىقسۇ ئىچىشكە مەجبۇر بولغاندەك قورۇلۇپ كەتكەنىدى...

ئەھۋالنىڭ چاتاقلىقىنى سەزگەن جېنىپت قاقشاپ كەتتى:

— ئۇف، مانا قاراڭلار! مەن تېخى ئۆيدىكىلەرنىڭ بېشى خۇشاللىقتىن ئاسمانغا تاقىشىدۇ دەپ يۈرۈپتىمەن، نەدىكىنى؟ قاراڭلار ئەپتىڭلارغا، چىرايىڭلارغا بىر قارىغان ئادەم مېنى شۇم خەۋەر بېرىپتۇ دەپ چۈشىنىدۇ.

— قىزىم، بايا توي قىلىمەن دېدىڭ، — دېدى داۋىد خۇددى جېنىپتنىڭ نېمە دېگەنلىكىنى بىلمەي، ئۇنى باشقا بىرسىدىن ئاڭلىشى لازىمدەك.

— دادا، بىلىمەن، بىر ئاز تۇيۇقسىز بولۇپ قالدى. ئەمما سكوت ئاخشام بىز تاماق يەۋاتقاندا ماڭا توي تەكلىپى قويدى، مەن قوشۇلدۇم شۇ.

— نېمىشقا؟

بۇنى ئېبللا سورىدى. گەپ ئاغزىدىن چىقار-چىقماس قىزىنىڭ ئۆزىگە قاراشلىرىدىن بۇ سوئالدىن ھەيران قېلىۋاتقانلىقىنى بىلدى. “قاچان توي قىلىسەن؟” ياكى “قانداق بولۇپ شۇنداق بولدى؟” دېگەن بولسىغۇ ھېچ

ئىش يوق ئىدى. ھەر ئىككى سوئالدىن جېنىبت خۇشال بولاتتى؛ چۈنكى ئۇ سوئالدىن " ئۇنداقتا توي تەييارلىقىنى قىلساق بولىدۇ" دېگەن مەنە چىقاتتى. ئەمما " نېمىشقا؟" دېگىنى كۈتۈلمىگەن سوئال ئىدى، جېنىبت بۇنىڭغا ھازىر جاۋاب بېرەلمەيتتى.

—نېمىشقا؟ بۇ قانداق گەپ؟ سكوتنى ياخشى كۆرىمەنغۇ، باشقا يەنە نېمە سەۋەبى بولسۇن ئاپا؟

ئېللا ھەر بىر سۆزىگە دىققەت قىلىپ بۇ گېپىنى چۈشەندۈرمەكچى بولدى:

— دېمەكچى بولغىنىم قىزىم... نېمىگە ئالدىراپسەن؟ يا بويۇڭدا قالغان بىر ئىش بارمۇ؟

ئېستېر ھامما جايىدىن قىمىرلاپ، تۈگۈلۈپ، ئارقا-ئارقىدىن يۆتەلدى. قولىدىكى ئالما شەربىتىنى قويۇپ، يانچۇقىدىن بىر قۇتا دورا ئېلىپ چايناشقا باشلىدى.

ئاۋى بولسا پىخىلداپ كۈلۈشكە باشلىدى:

— ۋاي، بۇ يېشىمدا تاغا بولىدىكەنمەن-دە!

ئېللا جېنىبتنىڭ قولىنى تۇتۇپ ئالدىغا تارتىدىغاندەك بوش سىقتى:

— نېمە ئىش بولسا بىزگە دەۋەرگىن، قانداقلا ئىش بولسا بىز سېنىڭ ئارقا تېرىكىڭ. ئۇقتۇڭمۇ؟

جېنىبت قولىنى قوپاللىق بىلەن تارتىۋېلىپ سۆزلەپ چۈشتى:

— بولدى قىل ئاپا، بويۇمدا قالغان ئىش يوق، بۇنىڭ ئۇ ئىش بىلەن ئالاقىسى يوق. ئادەمنى خىجىل قىلىۋاتىسەن.

— پەقەت ساڭا ياردەم قىلاي دەۋاتىمەن،— دەپ گۇڭۇلدىدى ئېللا ئېغىر-بېسىق، سەۋرچان بولۇشقا تىرىشىپ. راستىنى ئېيتقاندا، تەمكىنلىك ۋە سەۋرچانلىق كېيىنكى يىللاردا ئۇ ناھايىتى تەستە ساقلاپ كېلىۋاتقان ئىككى خۇسۇسىيەت ئىدى.

— ماڭا ھاقارەت قىلىش بىلەن ياردەم قىلماقچىمۇسەن ئاپا؟ سەنچە بولسا، ياخشى كۆرىدىغان ئادىمىمگە تەگمەكچى بولۇشۇمنىڭ بەلكى بىرلا سەۋەبى بار، ئۇ بولسىمۇ بويىدا قېلىش! ياكى سەن مېنى بەك ساددا كۆرۈۋاتامسەن؟ سكوتقا ئاشىق بولغىنىم ئۈچۈنلا ئۇنىڭغا تېگىمەن دېسەم بۇنى قوبۇل قىلالمايۋاتامسەن؟ بىز يۈرۈۋاتقىلى ساق سەككىز ئاي بولدى.

— تەنتەكلىك قىلما،— دېدى ئېللا، — بىر ئەرنى چۈشىنىشكە سەككىز ئاي يېتىدۇ دەپ ئويلامسەن؟ داداڭ بىلەن توي قىلغىلى يىگىرمە

يىل بولدى، بىر-بىرىمىزنى تېخى تولۇق چۈشىنىمىز دېيەلمەيمىز. سەككىز ئاي يۈرگەنگە نېمە بولماقچى؟ يوقىلاڭ خىيال!

ئاۋى ھېجىيىپ گەپكە قوشۇق سالدى:

— خۇدا دۇنيانى ئالتە كۈندە ياراتتى دەيسىلەرۇ، سەككىز ئايدا نېمە ئىشلار بولمايدۇ.

ھەممەيلەن ئۇنىڭغا قارىۋىدى، ئۇ ئېغىزىنى تۇتۇپ جىم بولۇۋالدى.

بۇ ئەسنادا قاپىقىنى تۈرۈپ خىيال سۈرۈپ ئولتۇرغان داۋىد زىددىيەتنىڭ كۆچىيىپ كېتىۋاتقانلىقىنى سېزىپ دەرھال گەپكە ئارىلاشتى:

— قىزىم، ماڭا قارا، ئاپاڭ شۇنى دېمەكچى، مۇھەببەتلىشىش بىلەن توي قىلىش باشقا-باشقا ئىش.

— لېكىن دادا، ئۆلگىچە مۇھەببەتلىشىپلا يۈرىمىزمۇ؟ — دېدى جېنىت.

ئېللا ئېغىر ئۇھ تارتىپ، يەنە جېدەلگە كىردى:

— مەن گەپنى ئۇدۇللا ئېيتاي، مەنمۇ، داداڭمۇ سېنىڭ تېخىمۇ لايىقىدا بىرسىنى تېپىشىڭنى ئۈمىد قىلاتتۇق. بۇ يۈرگىنىڭلارنى رەسمىي مۇناسىۋەت دېگىلى بولمايدۇ، بۇنىڭغا تېخى بالدۇرلۇق قىلىسەن.

— نېمە ئويلاۋاتىمەن، بىلەمسەن ئاپا،— دېدى جېنىت بىلىنەر-بىلىنمەس، بوغۇق ئاۋازدا،— سەن نېمىدىن ئەنسىرىگەن بولساڭ مېنىڭ بېشىمغىمۇ شۇ ئىش كېلىپ قالامدىكىن دەپ ئويلايسەن، ھالبۇكى، سەن بۇرۇن توي قىلىپ، مېنىڭ يېشىمدىكى ۋاقتىڭدا بالا تۇغدۇڭغۇ دەپ، سېنى دوراپ خاتالىق ئۆتكۈزمەيمەن.

ئېللا گويا يۈزىگە قاتتىق مۇش يېگەندەك قىزىرىپ كەتتى، ئەسلەشنى خالىمايدىغان ئىشلار كاللىسىدا پەيدا بولدى: جېنىتقا ھامىلدار ۋاقتىدىكى ئەھۋالى، ئاماللىسىزلىقلىرى، يىغلاشلىرى، ئىچى سىقىلىشلىرى... تۇنجى ھامىلدارلىقىدا ئۇ كۆپ جاپا تارتقان، كېسەللىك ۋە روھىي چۈشكۈنلۈكلەرگە ئۇچرىغان، يەنە كېلىپ بالدۇر تۇغۇشقا مەجبۇر بولغانىدى. يەتتە ئايلىق بولغاندا تۇغقان قىزى بوۋاقلىقى ھەم بالىلىقى جەريانىدا ئۇنىڭ كۈچ-مادارىنى قويمىغانىدى. شۇ سەۋەبتىن ئېللا يەنە بىر بالىلىق بولۇش ئۈچۈن ئون يىل ساقلىغانىدى.

شۇ ئەسنادا داۋىد باشقا بىر چارىنى سىناپ باقماقچى بولغاندەك سوغۇققانلىق بىلەن گەپكە ئارىلاشتى:

ــ قىزىم، سكوت بىلەن يۈرۈش ــ كە باشلىغان چېغىڭدا ئاتا ـ ئاناڭ بولغان بىزلەرمۇ خۇرسەن بولغانىدۇق. ئۇغۇ قائىدىلىك، ئېسىل بالا. ھازىرقى ۋاقىتتا بۇنداق بالىنى تاپماق ئاسان ئەمەس. ئەمما ئالدىراپ نېمە قىلىسىلەر. ئاۋۋال ئوقۇش پۈتتۈرۈڭلار، ئۇ چاغدا نېمە ئويلايسىلەر تېخى! قارىساڭلار ئۇ چاغدا ئىشلار بۇرۇنقىدەك ئەمەس.

جېنىبېت "بەلكىم" دېگەندەك بېشىنى چايقاپ قويدى، ئەمما ئۇ دادىسىنىڭ گېپىگە ئانچە قايىل ئەمەس ئىدى. ئارقىدىن ئۇ تۇيۇقسىز بىر سوئالنى ئوتتۇرىغا تاشلىدى:

ــ سكوت يەھۇدى بولمىغاچقا قارشى تۇرۇۋاتامسىلەر بۇ ئىشقا؟

داۋىد قىزىنىڭ بۇ گەپىنى تاپقىنىغا ئىشىنەلمىگەندەك كۆزلىرىنى ئۇنىڭدىن ئەپقاچتى. قانداقلا بولسۇن ئۇ ئۆزىنى " پىكرى ئوچۇق، تەربىيە كۆرگەن، زامانىۋى، ئەركىن، دېموكراتىك دادىمەن" دەپ ئويلاپ ئۆزىدىن پەخىرلىنەتتى. دەل شۇ سەۋەپتىن ئۆيىدە ئىرق، دىن، جىنسىيەت، سىنىپ ھەققىدە پاراڭلىشىشتىن قاچاتتى.

شۇغىنىسى جېنىبېت جاھىل ئىدى، دادىسىنى تاشلاپ قويۇپ يەنە ئاپىسىغا سوئال نەزەرى بىلەن بۇرۇلدى:

ــ ئاپا، كۆزۈمنىڭ ئىچىگە قاراپ تۇرۇپ ئېيتىپ باققىنا، ئەگەر مەن ياخشى كۆرگەن بالىنىڭ ئىسمى سكوت بولماي، ئېرىن، جاستىن دېگەندەك ئىسىملار بولغان بولسا ئۇنىڭ بىلەن توي قىلىشىمغا يەنە قارشى تۇرامتىڭ؟

جېنىبېتنىڭ سۆزلىرى تىكەندەك سانچىلىۋاتاتتى، ئېللانىڭ يۈرىكى سىقىلدى. قىزى ئۇنىڭغا نېمانچە غەزەبلىنىدۇ ھەم زۇلۇم سالىدۇ؟ نېمانچە بۇنداق مەسخىرىۋاز، ياتۋاش ھەم گۇمانخور؟

ــ قىزىم، ماڭا قارا، ئاناڭ بولغان ئىكەنمەن، خالىساڭدۇر ـ خالىمىساڭدۇر، ساڭا دېيىشىم كېرەك بولغان ئىشلار بار. رەسىدە بولۇش، ئاشىق بولۇش، توي قىلىشقا تەكلىپ قىلىنىش...دېگەندەك ئىشلار ناھايىتى گۈزەل ئىشلار، بۇنى بىلمەي قالىمەنمۇ... بېشىڭغا جىن كىرىۋالدىمۇ. ئۆز ۋاقتىدا مەنمۇ شۇنداق ئىدىم. ئەمما توي قىلىمەن دېسەڭ ئالدىراپ كەتمە! ئۆزەڭدىن كۆپ پەرقلىنىدىغان بىرسى بىلەن توي قىلىش قىمار ئويناش دېمەكتۇر. ئاتا ـ ئانا بولغۇچى بىزلەرمۇ سېنى لايىقىنى توغرا تاللىسىكەن دەيمىز.

ــ سىلەرنىڭ توغرا دەپ تاللىغىنىڭلار مەن ئۈچۈن پۈتۈنلەي خاتا بولسىچۇ؟

ئېللا بۇنداق سوئالنى كۈتمىگەنىدى، ئېغىر ئۇھ تارتىپ پېشانىسىنى تۇتۇشقا باشلىدى. باشىنىڭ بىر تەرىپى ئاغرىش كېسىلى قوزغالغان بولسىمۇ بېشى بۇنچىلىك ئاغرىماس بولغىيدى.

— مەن بۇ بالىنى ياخشى كۆرىمەن دەۋاتىمەن ئاپا، چۈشىنىۋاتامسەن؟ بۇ گەپ قانداقتۇر بىر يەردىن كاللاڭغا كىلىۋاتامدۇ؟ بۇ دېگەن مۇھەببەت! يۈرىكىڭ ئىشق ئوتىدا كۆيىدۇ، سەن ئۇنىڭسىز ياشىيالمايسەن!

ئېللا ئۆزىنى تۇتالماي قاقاخلاپ كۈلۈۋەتتى. قىزىنى زاڭلىق قىلىش نىيىتى يوق ئىدى، ئەمما كۈلكىسىنى باسالمىدى. بۇ كۈلكە شۇنچە مەسخىرىلىك چىقتىكى، قىزى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ئۆزىمۇ ئاڭقىرالمىغۇدەك دەرىجىدە ياتلىشىپ، يىراقلىشىپ كەتتى. بولمىسا ئىلگىرى بۇ قىزى بىلەن تالاي قېتىم سوقۇشۇپ قالغان، ئەمما بىرەر قېتىم بۇنچىلىك بىئارام بولۇپ كەتمىگەنىدى. بۈگۈن ئۆز قىزى بىلەن ئەمەس، گويا ناھايىتى يامان بىر رەقىبى بىلەن سوقۇشۇۋاتاتتى.

— نېمىشقا كۈلىسەن ئاپا، سەن بىرەرسىنى پەقەت ياخشى كۆرۈپ باقمىغانمۇ؟— دەپ گەپ ئاتتى جېنېت.

— ئۇف، بولار ئەمدى، ئىچىمنى بەك سىقمۇەتتىڭ. ئۇيقۇڭنى ئاچ، كاللاڭنى سىلكىۋەت قىزىم! جاھاندا سەندەك ساددا ئادەم بولماس ئىگەكىم... — ئېللا بىر دەم تۇرۇپ قېلىپ، گېپىنى تېپىۋېلىش ئۈچۈن ئەتراپىغا كۆز يۈگۈرتتى. ئاخىرىدا شۇنداق دېدى: بۇنچە رومانتىك!

— رومانتىك بولسا نېمە بوپتۇ؟— دېدى جېنېت ئانىسىنىڭ كۆزىگە كىرىۋېلىپ.

دېمىسىمۇ رومانتىك بولۇشىنىڭ نەرى خاتا؟ ئېللا ئويغا چۆمدى. ئەسلىدە ئۇ بۇنداق ئەمەس ئىدى. بۇرۇن ئېرى ئانچە رومانتىك بولمىغانلىقى ئۈچۈن ئۇنى ئەيىبلىگۈدەك دەرىجىدە رومانتىك ئىدى. ئەمدى قاچاندىن بېرى ”رومانتىك ئىنسانلار“نى ياقتۇرمايدىغان بولۇپ قالدى؟ بۇنىڭغا جاۋاب تاپالمىدى. يەنە ئاۋۋالقىدەك قاتتىق پوزىتسىيە، تەنبىھ بېرىش تەرزىدە سۆزىنى داۋام ئەتتى:

— قىزىم، سەن قايسى دەۋردە ياشاۋاتىسەن؟ شۇنى بىر ئويلاپ باققىنكى، بىر ئايال ھەرگىز ئۆزى ياخشى كۆرگەن ئەر بىلەن توي قىلمايدۇ. پىچاق سۆڭەككە يېتىپ، كەلگۈسى ئۈچۈن بىر يول تاللاشقا مەجبۇر بولغاندا ئاندىن ياخشى دادا، ياخشى ئەر بولالىشىغا كۆزى يەتكەن، ئىشەنچلىك بىر ئادەمنى تاللايدۇ. ئۇقتۇڭمۇ؟ بىراق، مۇھەببەت دېگەننىڭ پەقەت بۈگۈنى بولسا، ئەتىسى يوق نەرسە.

ئېللا سۆزىنى تۈگىتىپ ئېرى بىلەن قارىشىپ قالدى. داۋىد قوللىرىنى قوشتۇرۇپ ئۇنىڭغا جىمىدە تىكىلىپ تۇراتتى. ئېللا ئۇنىڭ ئۆزىگە بۇنداق قارىغىنىنى ئىلگىرى كۆرۈپ باقمىغانىدى، يۈرىكى ئېغىپ كەتتى.

— مەن سېنىڭ دەردىڭنىڭ نېمىلىكىنى بىلىمەن ئاپا،— دېدى جېنىبەت تۇيۇقسىز،— سەن مېنىڭ بەختىمگە چىدىمايۋاتىسەن، ياشلىقىمغا ھەسەت قىلىۋاتىسەن، مېنىڭمۇ سەندەك بولۇشۇمنى ئۈمىد قىلىۋاتىسەن. سەن بەختسىز، چۈشكۈن، ئىچى سىقىلىپ كەتكەن بىر ئۆي خانىمى!

ئېللا قورسىقىغا يوغان تاش ئارتىپ قويۇلغاندەك تىنالماي قالدى، دېمەك، ئۆز قىزى ئۇنى مۇشۇنداق كۆرەمدۇ؟ ئۇنداقتا دوستلىرى، قوشنىلىرىچۇ؟

ئۇنىڭ ئىچىگە قورقۇنچ كىرىۋالدى: ئەتراپىدىكى ھەممىسى ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتىۋاتقاندەك تۇيۇلدى. بۇ يامان گۇمان ئۇنى شۇنچىلىك ئازابلىدىكى، ئۇجۇقۇپ جىمىپلا كەتتى.

داۋىد قىزىغا بۇرۇلدى:

— ئاپاڭدىن دەرھال ئەپۇ سورا!

ئۇنىڭ قاپاقلىرى تۈرۈلگەن، چىرايى غەزەپلىك بولسىمۇ بەك تەبىئىي ئەمەس ئىدى، كىشىنى قايىل قىلالمايتتى.

— ھېچقىسى يوق، مەندىن كەچۈرۈم سورىمىسۇن،— دېدى ئېللا ھالسىز تىكىلىپ.

جېنىبەت ئانىسىغا گۇمان بىلەن قاراپ قويۇپ، ئاچچىقى بىلەن تېزلا ئورنىدىن تۇرۇپ، ئالدىدىكى سالفېتكىنى شىرەگە تاشلاپ، ئورۇندۇقنى ئىتتىرىپ دېگۈدەك ئورنىدىن قوپۇپ، ئاشخانىدىن چىقىپ كەتتى. بىر مىنۇت ئۆتە-ئۆتمەي ئورلى بىلەن ئاۋىمۇ بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى ئورنىدىن قوپۇپ، پەم بىلەن چىقىپ كەتتى. بىر بولسا ئۇلار ئاچىسىغا مەدەت بېرىدىغان بولۇپ قېلىشتى، بىر بولسا چوڭلارنىڭ مۇھەببەتسىز پاراڭلىرىدىن ئىچى سىقىلىپ كەتتى. ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن ئېستېر ھامىممۇ ئورنىدىن قوپتى، ئاشقازان تابلېتكىسىنى چاينىغاچ بىر باھانە بىلەن ئۆيدىن غىپپىدە تىكىۋەتتى.

شۇنداق قىلىپ شىرەدە داۋىد بىلەن ئېللالا قالدى. ئارىنى ئاجايىپ جىددىيلىك باستى... ئەر-خوتۇن ئارىسىدىكى بوشلۇق شۇ قەدەر چوڭ ئىدى، ھەر ئىككىسى مەسىلىنىڭ جېنىبەتتىمۇ ئەمەس، باشقا بالىلاردىمۇ

ئەمەس، دەل ئۆزلىرىدە ئىكەنلىكىنى ناھايىتى ئوبدان بىلەتتى. ئەر-خوتۇنلۇق مۇناسىۋىتى خېلى بۇرۇنلا سۇسلىشىپ كەتكەنىدى!

داۋىد بايا شىرەگە قويۇپ قويغان ئارىنى ئېلىپ، قىزىقارلىق بىر نەرسە تېپىۋالغاندەك ئۇنى ئۆرۈپ-چۆرۈشكە باشلىدى:

— دېمەك، بۇ گېپىڭچە سەن ئۆزەڭ ياخشى كۆرىدىغان ئادەم بىلەن توي قىلماپسەن-دە؟

— ياق قەدىرلىكىم، مەن بۇنداق دېمەكچى ئەمەس ئىدىم.

— ئەمىسە نېمە دېمەكچىسەن؟— دېدى داۋىد يەنىلا قولىدىكى ئارىغا قاراپ،— توي قىلغان چېغىمىزدا مەن تېخى سېنى مېنى ياخشى كۆرىدۇ دەپ ئويلاپتىكەنمەن.

— ياخشى كۆرەتتىم،— دېدى ئېللا، ئەمما گېپىنىڭ ئاخىرىنى دېمەي تۇرالمىدى،— شۇ چاغدا ياخشى كۆرەتتىم.

— ئۇنداقتا قاچاندىن بېرى ياخشى كۆرمەس بولۇپ قالدىڭ؟

ئېللا ئېرىگە ھەيران بولۇپ قارىدى. ئۆمرىدە ئەينەك كۆرۈپ باقمىغان بىرسىگە ئەينەك تۇتسا، ئۇ ئەينەكتىن چىرايىنى كۆرۈپ قانداق ھەيران قالغان بولسا، ئېللامۇ بۇ كۈتۈلمىگەن ھەقىقەتكە يۈزلەنگىنىدە شۇنداق ھەيران قالدى. راست، قاچاندىن بېرى ئېرىنى ياخشى كۆرمەس بولۇپ قالدى؟ باشلىنىشى، بۇرۇلۇش نۇقتىسى قەيەر؟ دەسلەپتە بىر نەرسىلەر دېمەكچى بولدى، ئەمما گەپ تاپالماي تۇرۇپ قالدى.

ئەسلىدە ئەر-خوتۇننىڭ ھەر ئىككىسى ئۆزلىرى ناھايىتى ياخشى ئورۇنلاپ كېلىۋاتقان بىر ئىشنى قىلىۋاتاتتى: ”خۇپسەن بولۇۋالماق“. كۈنلەر شۇنداق پەرۋاسىزلىق ئىچىدە ئۆتەتتى. ئۆتۈش زۆرۈر بولغان بۇ تونۇش ئۆتەڭدە ئۇلار ۋاقىتلىق تۇرۇۋاتقاندەك، بۇنىڭغا كۆنۈپ قالغاندەك، توختام سۇدەك بىر خىل، ئېزىلەڭگۈلۈك بىلەن ياشايتتى.

ئېللا ئۆزىنى تۇتالماي يىغلاشقا باشلىدى. داۋىدنىڭ ئىچى سىقىلىپ باشقا ياققا قارىۋالدى. ئۇ خوتۇن خەقنى يىغلاڭغۇ دەپ ئويلايتتى، ئەمما ئۆز خوتۇنىنىڭ يىغلىشىنى ياقتۇرمايتتى. شۇڭا ئېللا ئېرىنىڭ يېنىدا ئاسانلىقچە يىغلىمايتتى. بىراق بۈگۈن يۈز بەرگەن ئىشلار غەلىتە ئىدى. شۇ ئەسنادا تېلېفون جىرىڭلاپ، ئىككىسىنى بۇ كۆڭۈلسىزلىكتىن قۇتۇلدۇردى.

تېلېفوننى داۋىد ئالدى:

— ۋەي... شۇنداق، ئۇ مەشەدە، تېلېفوننى ھازىر بېرەي.

ئېللا تۇرۇپكىنى قولىغا ئېلىپ ئۆزىنى ئوڭشاپ، ئىمكانقەدەر ئازادە پاراڭلىشىشقا تىرىشتى:

— ۋەي، قېنى سۆزلەڭ

— ياخشىمۇسەن ئېللا، مەن مىچېل، نەشرىياتتىن تېلېفون قىلىۋاتىمەن. ئىشلار قانداق كېتىۋاتىدۇ؟ — دەپ ۋىچىرلاپ سۆزلەپ كەتتى ياش بىر ئايال،— ساڭا تاپشۇرغان رومانىنى كۆرۈشنى باشلىغىدىمۇ قانداق، مۇھەررىرىمىز سوراپ باققىن دېۋىدى، شۇڭا تېلېفون قىلدىم. بىزنىڭ ستىۋ بۇنداق ئىشتا بەك چاققان، ئېسىڭدە بولسۇن.

— ھە، ياخشى تېلېفون قىلدىڭ،— دېدى ئېللا، ئەمما ئېغىر ئۇھ تارتتى.

شۇ داڭلىق نەشرىياتنىڭ ئەدەبىيات مۇھەررىرى ياردەمچىسىنىڭ ياردەمچىسى سۈپىتىدە ئۇنىڭغا بېرىلگەن تۇنجى ۋەزىپە نام-شەرىپى نامەلۇم بىر ئاپتورنىڭ رومانىنى ئوقۇش ئىدى. ئاۋۋال ئەسەرنى ئوقۇپ ئاندىن ئۇ توغرۇلۇق تەقرىز يازاتتى.

— ستىۋگە دەپ قوي، ئارتۇق غەم قىلمىسۇن، ئىشنى باشلىۋەتتىم،— دەپ قىپقىزىل يالغان سۆزلىدى ئېللا. تۇنجى ئالغان ئىشىدا مىچېلدەك قىزغىن، كەسپچانلىقى كۈچلۈك بىر قىز بىلەن بىر نەرسە دېيىشىپ قالغۇسى يوق ئىدى.

— ۋاي ياخشىغۇ! رومان قانداقراقكەن؟

ئېللا نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي بىر دەم تۇرۇپ قالدى. قولىدىكى ئەسەر ھەققىدە ھېچنېمە بىلمەيتتى، پەقەت ئۇنىڭ تارىخىي، دىنىي تۈس ئالغان بىر رومان ئىكەنلىكىنى، مەشھۇر شائىر رۇمى بىلەن ئۇنىڭ سوپى دوستى شەمس ھەققىدە يېزىلغانلىقىنى بىلەتتى، قالغىنىنى بىلمەيتتى.

— نېمە دېسەم بولار... ھە... ۋاي بۇ ئاجايىپ سىرلىق كىتابكەن،— دېدى ئۇ گەپنى چاقچاققا بۇراپ ۋەزىيەتنى كونترول قىلىشقا تىرىشىپ.

ئەمما مىچېل ئازادىلىكنى، كۈلكە پاراڭنى چۈشىنىدىغان قىز ئەمەس ئىدى.

— ھىم،— دېدى ئۇ جىددىي تۈستە،— قارا، سەن بۇ ئىشنى ياخشى پىلانلىشىڭ كېرەك. مەزمۇنى چوڭ بۇنداق رومانىنىڭ تەقرىزىنى يېزىشقا ئۆزەڭ ئويلىغاندىنمۇ كۆپ ۋاقىت كېتىشى مۇمكىن،— دەپ تېلېفوننى قويدى.

مىچېلنىڭ گەپلىرى ئېللانىڭ قۇلاق تۈۋىدىن كەتمىدى، تېلېفوننىڭ ئۇ تەرىپىدىكى بۇ ياش ئايالنىڭ نېمە ئىش قىلىۋاتقانلىقىنى ئويلاپ باقتى. بۇ ئەسنادا ئۇ بەش ئالتە ئىشنى بىر يولىلا قىلىۋاتقان، باشقىلارغا ۋەزىپە تاپشۇرغاچ نەشرىيات يازغۇچىلىرىدىن بىرى ھەققىدە «نيويوركلىقلار»دا چىققان ئوبزورغا قاراۋاتقان، سېتىلغان كىتاب خەۋىرىنى كۆرگەچ يېڭى ئېلخەت كەلدىمۇ دەپ كومپيۇتېرغا قاراۋاتقان، بېلىق گۆشى سېلىنغان ھامبۇرگ بولكىسىنى تېز-تېز يېگەچ مۇز سېلىنغان كولا ئىچىپ ئاغزىدىكى لوقمىنى چايناۋاتقان بولۇشى مۇمكىن ئىدى.

— ئېللا، بارمۇسەن؟— دەپ سورىدى مىچېل بىر دەمدە يېنىپ كېلىپ.

— ھە مەن بار.

— ھەي ئەيىبكە بۇيرۇما جۇمۇ، بۇ يەردە ئىش شۇنچىلىك جىددىيكى، بېشىم ئېتىلىپ كەتكۈدەك بولدى. ساڭا خوش دەي، ئەمما ئېسىڭدە بولسۇن، ئۈچ ھەپتىدىن كېيىن ئىشىڭنى تاپشۇرىسەن، قاراپ باقايلى، بۈگۈن 4-ئاينىڭ 17، يەنە ئەڭ كېچىككەندىمۇ 6-ئاينىڭ 10-كۈنىگىچە تەقرىز قولۇمدا بولۇشى كېرەك. ئەمىسە شۇنداق كېلىشتۇققۇ؟

— خاتىرجەم بول،— دېدى ئېللا ئىشەنچ بىلەن سۆزلەشكە تىرىشىپ،— ئۆز ۋاقتىدا تاپشۇرىمەن.

ئەمما ئېللانىڭ ئاساسلىق تۇيغۇسىنى گەپ قىلغاندىكى تەلەپپۇزىدىن بەكرەك ئارىدىكى سۈكۈت ۋە دېلىغۇللۇق ئاشكارىلاپ تۇراتتى. راستىنى ئېيتقاندا ئۇ ئۆزىگە بېرىلگەن رومانىنى ئوقۇشقا قىزىقىدىغاندەكمۇ قىلمايتتى.

ھالبۇكى بۇ ۋەزىپىنى ئۇ دەسلەپتە زور قىزىقىش بىلەن ئۈستىگە ئالغانىدى. تونۇلمىغان بىر يازغۇچىنىڭ تېخى بېسىلمىغان رومانىنىڭ تۇنجى ئوقۇرمەنى بولۇش ئۇنىڭغا قالتىس ئىشتەك تۇيۇلغانىدى. رومانىنىڭ ۋە يازغۇچىنىڭ تەقدىرىدە ئازراق بولسىمۇ ئۆزگىرىش پەيدا قىلالايتتى.

ئەمما ھازىر باشقىچە تۇيغۇدا ئىدى، بۇنداق بىر ئەسەرگە ۋاقىت چىقىرالمايدىغاندەك قىلاتتى. رومانىنىڭ تېمىسى ئۇنىڭ تۇرمۇشى بىلەن مۇناسىۋەتسىز ئىدى: سوپىزىممىش، دىنىي تۈسى قويۇقمىش! يەنە كېلىپ 13-ئەسىر، قەدىمىي دەۋر... ماكانىنى دېسەڭ، تېخىمۇ يىراق، كىچىك ئاسىيا... ھېكايە يۈز بەرگەن جاينى خەرىتىدىنمۇ تاپالمىسا شۇنچە سەھىپىنى قانداقمۇ دىققەت بىلەن ئوقۇيالىسۇن؟ ھېچ بىلمەيدىغان تېمىغا زېھنىنى قانداق مەركەزلەشتۈرەلىسۇن؟

بۇ ئەسنادا مىچېل ئېللانىڭ جىم بولۇپ قالغانلىقىنى سەزگەن بولسا كېرەك، ” نېمە بولدى؟ دەيدىغان بىرەر گېپىڭ بارمۇ قانداق؟“ دەپ قىستىدى. ئېللادىن دەرھال جاۋاب كەلمىگەچكە يەنە سۆزلىدى: ” ئېللا، ماڭا ئىشەنسەڭ بولىدۇ، ئەگەر ساڭا ئېغىر كەلگەن بىرەر ئىش بولسا ھازىر بىلىۋالغىنىم ياخشى“.

ــ دېمىسەم بولمايدۇ، ھازىر كاللام تازا جايىدا ئەمەس، تارىخىي رومانغا تازا كىرىشەلمەيدىغاندەك قىلىمەن. خاتا چۈشىنىپ قالما، رۇمىنىڭ ھاياتىغا قىزىقىمەن، بىراق بۇ ھەقتە تۈزۈك بىر نەرسە بىلمەيمەن. شۇڭا ماڭا باشقا بىر روماننى ئوقۇغىلى بەرسەڭ، يەنى مەن ئاسانراق چۈشىنىدىغان بىر نەرسە بولسا. . .

ــ ۋاي بۇنداق قىلمىساڭچۇ، ئەجەپ قاملاشمىغان گەپ بولدى بۇ،ــ دەپ قاقشاپ كەتتى مىچېل،ــ نېمىشقىكىن، بىزنىڭ بۇ كەسپتە يېڭىياچىلارنىڭ ھەممىسى مۇشۇنداق خاتالىق ئۆتكۈزىدۇ. ئادەم ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان تېمىدا يېزىلغان روماننى ئاسانراق چۈشىنىدۇ دەپ ئويلامسەن؟ ئۇنداق گەپ يوق! نەدە بۇنداق تەھرىرلىك بولىدۇ؟ بىز ھازىر 2008ـ يىلدا، ئامېرىكىدا، ماساچۇستېدا ياشاۋاتىمىز دەپ پەقەت مۇشۇ دائىرە، مۇشۇ زامانغا تەئەللۇق رومانلارنىلا نەشرگە تەييارلىشىمىز كېرەكمۇ؟

ــ ياق، مەن ئەلۋەتتە بۇنداق دېمەكچى ئەمەس،ــ دەپ ئۆزىنى ئاقلىدى ئېللا. ئاندىن بۈگۈن ئۆزىنىڭ ئىزچىل خاتا چۈشىنىلىپ، ئۆزىنى ئاقلاشقا مەجبۇر بولغانلىقىنى ھېس قىلىپ، ئېرىگە يالتىتىدە قاراپ قويدى. ئەجبا ئۇمۇ شۇنداق ئويلامدىغاندۇ؟ ئەمما داۋىدنىڭ چىرايى قۇلۇپلانغان، مۆھۈرلەنگەن ساندۇقتەك سىرلىق ئىدى، ئۇنى ئاچالمىدى.

ــ ئۇنى دېسەڭ، كۆپىنچە ۋاقىتتا ئۆز ھاياتىمىز بىلەن قىلچە مۇناسىۋىتى بولمىغان كىتابلارنى ئوقۇشقا مەجبۇر بولىمىز، بىزنىڭ ئىشىمىز شۇ، بۇنى ساڭا دەپ قويااي. مەسىلەن بۇ ھەپتىدە، تېھراندا پاھىشىلىككە سېلىنغان، دۆلىتىدىن قاچماقچى بولغان ئىرانلىق بىر ئايالنىڭ كىتابىنى نەشرگە تەييارلىدىم. قانداق قىلىمەن ئەمدى؟ ئۇ ئايال ئىرانلىق بولغاندىكىن كىتابىنى ئىرانلىق بىر تەھرىرگە بەرسۇن دەيمەنمۇ؟

ــ ياق، ئەلۋەتتە ئۇنداق دېگىلى بولمايدۇ،ــ دېدى ئېللا سەل كېكەچلەپ ھەم ئۆزىنى ئەخمەق، نەق مەيداندا تۇتۇلغان گۇناھكاردەك ئاجىز ھېس قىلىپ.

— ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەدەبىيات يىراق جايلار، ئوخشىمىغان مەدەنىيەتلەر ئارىسىدا كۆۋرۈكلۈك رول ئوينايدۇ ئەمەسمۇ؟ ئىنسانلارنى بىر-بىرىگە باغلايدۇ ئەمەسمۇ ئەدەبىيات؟

— ئەلۋەتتە شۇنداق. بولدى بايىقى گەپلىرىمنى ئۇنتۇپ كەت. تەقرىزىم مۇددەتتىن بۇرۇن ئىش ئۈستىلىڭدە هازىر بولىدۇ،— دەپ كەسكىن دەۋەتتى ئېللا.

ئۇ مىچېلنىڭ ئۆزىنى ئەخمەق كۆرۈۋاتقىنىدىن ئاچچىقلاندى، ئەمما ئۆزىگە بەكرەك ئاچچىقى كەلدى: چۈنكى ئۇ قىزنىڭ ئۇنچە كۆرەڭلىك بىلەن پاراڭ سېلىشىغا ئۆزى پۇرسەت ۋە ئىمكانىيەت يارىتىپ بەرگەنىدى!

— هە مانا بولدىغۇ! غەيرەت قىل،— دېدى مىچېل،— بىر ئىشنى ساڭا دەپ قوياي، خاتا چۈشىنىپ قالما. هازىر سېنىڭ ئورنۇڭدا بۇ ئىشنى قىلىمىز دەۋاتقان 20 ئادەم بار تىزىملىكىمدە، كۆپىنچىسى سەندىن بىر ھەسسە ياش. بۇنى ئۇنتۇپ قالما، شۇنداق قىلساڭ بېرىلىپ ئىشلىگۈڭ كېلىدۇ.

ئېللا تېلېفوننى قويۇپ ئېرى بىلەن قارىشىپ تۇرۇپ قالدى. داۋىد ئېغىر-بېسىق كۆرۈنەتتى. بايا ئۈزۈلۈپ قالغان پاراڭنى داۋاملاشتۇرماقچى بولۇپ خوتۇنىنى كۈتۈپ تۇرغىنى ئېنىق ئىدى. ئېللا چوڭ قىزىنىڭ كەلگۈسىدىن قايغۇرۇپ ئولتۇرۇشنى خالىمايتتى... ئەلۋەتتە، ئەر-خوتۇن بۇرۇندىن تارتىپ ئەپسۇسلىنىدىغان ئاساسلىق مەسىلە ئەگەر شۇ بولسا...

* * *

بىر نەچچە مىنۇتتىن كېيىن ئېللا بالكونغا كېلىپ تەۋرەنمە ئورۇندۇقتا ئولتۇردى. غەربكە قايرىلغان قۇياش قىزغۇچ نۇرلىرىنى چېچىپ نورسھامپتون ئاسمىنىغا تېزلىكتە يېقىنلىشىپ كېلىۋاتاتتى. ئاسمان شۇنچىلىك يېقىن ئىدىكى، قولنى سوزسا يېتىدىغاندەك قىلاتتى. بۇنچە غەلۋە-غوۋغا ۋە ئۆزىنى كۆرسىتىشلەردىن ئىچى سىقىلسا بولاتتى، ئەمما هازىر كاللىسى ئارام تېپىپ قالدى. كرېدىت كارتىنىڭ قەرزىنى تۆلىۋېتىش، ئورلىنىڭ تاماقتا ئىشتىھاسىزلىقى ۋە قاملاشمىغان پەرهىزلىرى، ئاۋىنىڭ دەرسنى ياخشى ئۆگەنمەيۋاتقانلىقى، ئېستېر هامما ۋە ئۇنىڭ تۇجۇپلەپ تىزىلغان بىچارە تورتلىرى، ”كۆلەڭگە“(قېرى ئىت)نىڭ كاردىن چىقىشى، جېنېتنىڭ تۇيۇقسىز ئەرگە تېگىمەن دېيىشلىرى، ئېرىنىڭ يىللاردىن بۇيان ئۆزىنى ئالداپ كېلىشى... دېگەندەك ئادەتتە

دائىم ئويلايدىغان بارلىق مەسىلىلەرنى بىرمۇ بىر تۇتۇۋېلىپ، كىچىك قۇتىلارغا سېلىپ قۇلۇپلىدى.

ئېللا مانا مۇشۇ روھىي ھالەتتە ئىدى. RBT نەشرىياتىدىن بېرىلگەن ئەسەرنى قولىغا ئېلىپ دىققەت بىلەن قارىدى. قەغەزلەر كۆڭۈل قويۇپ مىقلىنىپ، يالتىراق تاشلىق ئارخىپ خالتىسىغا سېلىنغانىدى. رومانىنىڭ ئىسمى بىرىنچى بەتكە كۆكۈش رەڭلىك سىياھ بىلەن يېزىلغانىدى:

ئىشق شەرىئىتى

يازغۇچى ھەققىدە ھېچكىمنىڭ بىر نەرسە بىلمەيدىغانلىقى ئېللاغا ئېيتىلغانىدى. گوللاندىيىدە ياشايدىغان سىرلىق بىر ئادەممىش، ئىسمى ئا. ز. زەھرا. ئاپتورلۇق ھەق-ھوقۇقىغا ھېچقانداق ۋاكالەتچى ئورۇن تەكلىپ قىلماپتۇ. قولىدا يازغان ئۈچ يۈز بەتلىك رومانىنى ئامېستىردامدىن پوچتا ئارقىلىق يوللاپتۇ، ئۇنىڭغا بىر ئاتكېرتكىنى قوشۇپ قويۇپتۇ. ئاتكېرتكىنىڭ ئالدى تەرىپىدە كۆزنى قاماشتۇرغۇدەك گۈزەللىكتە شاپتۇل چېچىكى، سېرىق، سۆسۈن رەڭلىك كۈركۈم گۈلى ئېتىزلىرى، ئارقا تەرىپىدە چىرايلىق قولىيازمىدا يېزىلغان خەت بار ئىدى:

ھۆرمەتلىك تەھرىر:

بۇ خەتنى سىزگە ئامېستىردامدىن يېزىۋاتىمەن. ئەسىرىمدىكى ھېكايە ئاناتولىيىدە، 13-ئەسىردىكى كونيادا يۈز بەرگەن. ئەمما كۆڭلۈمدىكى گەپنى قىلسام بۇ ھېكايە زامان، ماكان ۋە مەدەنىيەت پەرقىدىن خالىيدۇر، دۇنياۋىدۇر.

ئىسلام دۇنياسىنىڭ ئۇلۇغ شائىرى، ئەڭ مەشھۇر تەسەۋۋۇپچى رۇمى بىلەن تۇرلۇك ئاجايىباتلار ئىگىسى، جاسارەتلىك دەرۋىش شەمسىدىن تەبرىزى ئوتتۇرىسىدىكى تەڭداشسىز دوستلۇق تېما قىلىنغان بۇ تارىخىي، مىستىك رومانىنى ئوقۇش پۇرسىتىگە ئېرىشتىڭىز دەپ ئويلايمەن. شۇ ئۈمىد-تىلەكلىرىم بىلەن «ئىشق شەرىئىتى»نى نەشرىياتىڭلارغا يوللىدىم.

غايىڭىز ئىشق، ئىشقىڭىز مەڭگۈلۈك بولسۇن.

ھۆرمەت بىلەن: ئا.ز. زەھرا

ئېللا بۇ گۈزەل ئاتكرېتكا نەشرىيات مۇھەررىرىنىڭ دىققىتىنى جەلپ قىلىپتۇ دەپ ئويلىدى. ئەمما ستىۋ ئالدىراش ئادەم بولۇپ، ھەۋەسكار يازغۇچىلارنىڭ رومانلىرىنى ئوقۇيدىغان ۋاقتى يوق ئىدى. شۇڭا كەلگەن پوسۇلكىنى ياردەمچىسى مىچېلگە بەرگەن بولۇشى مۇمكىن، ھالبۇكى شۆھرەتپەرەس مىچېلنىڭ ۋاقتى تېخىمۇ قىممەتلىك، تېخىمۇ قىس ئىدى. شۇڭا ئۇ سامانىنىڭ تېگىدىن سۇ قويۇپ، بۇ رومانىنى يېڭى ياردەمچىسىگە تۇتقۇزۇپ قويغانىدى. شۇنداق قىلىپ، «ئىشق شەرىئىتى» قولدىن قولغا ئۆتۈپ ئاخىر ئېللاغا كېلىپ توختىغانىدى. كىتابنى ئوقۇپ بۇ ھەقتە كەڭ مەزمۇنلۇق تەقرىز يېزىش ئەمدى ئۇنىڭ ۋەزىپىسى ئىدى.

ئېللا ئۇنىڭ ئۇنداق رومانلىقىنى، ئۆز ھاياتىنى ئۆزگەرتىۋېتىدىغانلىقىنى، ئەسەرنى ئوقۇۋېتىپ ئۆز ھاياتىنىڭ بىر باشتىن ئۆچۈرۈلۈپ قايتىدىن يېزىلىدىغانلىقىنى نەدىن بىلسۇن؟

ئۇ تۇنجى بەتنى ئېچىپ، ئاپتورغا دائىر بەزى ئۇچۇرلارغا ئېرىشتى:

ئا.ز. زەھرا دۇنيانى ساياھەت قىلمىغان ۋاقىتلىرىدا كىتابلىرى، دوستلىرى، مۈشۈكلىرى، تاشپاقىلىرى بىلەن بىرلىكتە ئامىستېردامدا ياشايدۇ. «ئىشق شەرىئىتى» ئۇنىڭ تۇنجى ۋە بەلكىم ئەڭ ئاخىرقى رومانى. رومان يازغۇچىسى بولۇشقا ھەۋەس قىلمايدىغان يازغۇچى بۇ ئەسەرنى پەقەت رۇمىغا ۋە ئۇنىڭ قەدىرلىك قۇياشى شەمسىدىن تەبرىزىگە بولغان ھۆرمىتى ۋە مۇھەببىتى ۋەجىدىن يازدى.

ئېللانىڭ كۆزلىرى كەينىدىكى قۇرلارغا كېلىپ توختىدى-دە، ئۆزىگە تونۇش بىر جۈملىنى بايقىدى:

چۈنكى بەزىلەر ھەر قانچە ئىنكار قىلسىمۇ ئىشق-مۇھەببەت بۇگۈنى بولسا، ئەتىسى يوق ئاجىز ھېسسىيات ئەمەس.

ئېللا ھەيرەتتىن تاڭ قالدى، بۇ دەل ئۇنىڭ جۈملىسى ئىدى. يەنە كېلىپ بىر قانچە مىنۇت ئاۋۋال ئاشخانىدا قىزىغا ئېيتقان گېپىنىڭ دەل ئۆزى!

ئۇ گۇمانسىراپ تۇرۇپ قالدى، بىرسى دۇنيانىڭ بىر چېتىدىن ئۇنى يوشۇرۇن كۆزىتىۋاتقاندەك قىلاتتى، شۈركىنىپ كەتتى.

ئەسلىدە، 20-ئەسىر 13-ئەسىردىن كۆپ پەرقلەنمەيدۇ. ھەر ئىككى ئەسىردە تارىخىي كىتابلارغا شۇنداق يېزىلىدۇ: مىسلى كۆرۈلمىگەن دىنىي ئىختىلاپلار، مەدەنىيەت توقۇنۇشلىرى، بىر تەرەپلىمە قاراشلار ۋە خاتا چۈشىنىشلەر، ھەممە يەرگە يامراپ كەتكەن خەۋپ-خەتەر، نادانلىق، ئەنسىزلىك ۋە زوراۋانلىق؛ ئاندىن ئۇنىڭغا نىسبەتەن قارشى تەرەپتىن

كېلىۋاتقان بىئاراملىق. داشقايناق زامان بۇ، بۇنداق زاماندا ئىشق گۈزەل سۆز-ئىبارەلا ئەمەس، بەلكى ئۆز ئالدىغا قىبلىنەمادۇر.

ئىشقنىڭ گۈزەللىكلىرىگە ھېچكىمنىڭ ھەپسىلىسى قالمايۋاتقان بۇ دۇنيادا «ئىشق شەرىئىتى» ناھايىتى مۇھىم رول ئوينىماقتا.

ســــالقىن بىر شـــامال تەگدى ئېللاغا. بالكوندىكى قۇرۇق ياپراقلار ئەتراپقا ئۇچتى، كۆن غەربكە قىيســايدى، ئاســمان خىرەلەشــتى، ھاۋانىڭ ئىسسىقى كەتتى.

چۈنكى ئىشـق ھاياتنىڭ دەل ئۆزى ھەم ئۇنىڭ ئاساسلىق غايىسى. مەۋلانانىڭ بىزگە ئەسكەرتكىنىدەك، شۇنداق بىر كۆن كېلىدۇكى، ئىشـق ئۇنىڭدىن يىراق قاچىدىغانلارنى، ھەتتا "رومانتىك" دېگەن گەپنى ئەيىبلەش تەربىدە ئېيتىدىغانلارنىمۇ تۇتۇۋالسا بوش قويۇۋەتمەيدۇ.

ئېللا بەتلەرگە تىكىلىپ، ئاستىنقى لېۋىنى بوش چىشلەپ، بېشىنى ئېگىپ تۇرۇپ قالدى. بۇ يەردە دېيىلىۋاتقىنى دەل ئۆزى ئىدى! ئەگەر شـــۇ بەتتە "ئىشـققا ھەر كىم دۇچار بولىدۇ، بوستون ئەتراپىدا ياشايدىغان، ئۈچ بالىنىڭ ئانىسى بولغان ئېللا رۇبىنىستېين دېگەن ئۆي خانىمىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە" دەپ يېزىلغان بولســـىمۇ مۇشـــۇنداق ھەيران قالاتتى. ئىچىدە بولسا "ئەسەرنى بىر ياققا تاشلاپ قوي، بىرىپ دەرھال مىچېلغا تېلېفون قىلىپ، بۇنداق غەلىتە كىتابنى ئوقۇيالمايدىكەنمەن دېگىن " دەپ ئويلىدى.

ئەمما بىر دەم ئىككىلىنىپ تۇرۇپ قالغاندىن كېيىن ئېغىر ئۇھ تارتىپ بەت ئۆرىدى، شـــۇنداق قىلىپ 5-ئاينىڭ بىر ئاخشـــىمى ئۇ ئىسمىنىمۇ ئاڭلاپ باقمىغان بىر يازغۇچىنىڭ ئۆزىگە ناتونۇش بىر دۇنيانى بايان قىلغان رومانىنى ئوقۇشقا باشلىدى.

ئىشق شەرىئىتى

ئا. ز. زەھرا

بىز گەپ-سۆزگە قارىمايمىز، كۆڭۈلگە قارايمىز، ئەدەبنى بىلىدىغانلار باشقا، جېنى، روھى كۆيىدىغان ئاشىقلار باشقا. ئىشـق شەرىئىتى بارلىق دىنلاردىن پەرقلىنىدۇ، ئاشىقلارنىڭ شەرىئىتىمۇ ئاللاھ، مەزھەپىمۇ ئاللاھ.

—مەۋلانا جالالىدىن رۇمى («مەسنىۋى»2-جىلد، 133-بەت)

بۇندىن ئۇزۇن زامانلار ئىلگىرى كۆڭلۈمگە بىر رومان يېزىش ئىشتىياقى چۈشتى. ئىشق شەرىئىتى. يېزىشقا جۈرئەت قىلالمىدىم. تىلىم لال، قەلىمىمنىڭ ئۇچى كور بولدى. قىرىق تونۇر نان يېمەك ئۈچۈن يولغا چىقتىم، دۇنيانى ئايلاندىم، ئىنسانلار بىلەن تونۇشتۇم، ھېكايىلەر توپلىدىم. شۇنچە باھار پەسلىنى باشتىن كەچۈردۈم، تونۇرلاردا نان قالمىدى، مەن تېخىچە خام. ئىشقتا يەنىلا سەبىي بالىمەن...

مەۋلانا ئۆزىنى ”خامۇش“ دەيتتى. يەنى جىمغۇر. قايسى شائىرنىڭ، يەنە كېلىپ دۇنياغا مەشھۇر بىر شائىرنىڭ، يەنى قىلغان ئىشلىرى، بارلىقى، كىملىكى، ھەتتا ئالغان نەپەسلىرىمۇ سۆزلەردىن تەشكىل تاپقان، ئەللىك مىڭدىن ئارتۇق ئېسىل ئەسەرنىڭ مۇئەللىپى بولغان بىر ئىنساننىڭ نېمە ئۈچۈن ئۆزىنى ”جىمغۇر“ دەيدىغانلىقىنى ئويلاپ باقتىڭمۇ؟...

كائىناتنىڭمۇ بىزگە ئوخشاش نازۇك قەلبى ۋە رىتىملىق يۈرەك سوقۇشلىرى بار. يىللاردىن بېرى نەگىلا بارسام شۇ تىۋىشنى ئاڭلىدىم. ھەر ئىنساننى ياراتقۇچىنىڭ ئامانىتىنى گۆھەردەك ساقلاپ، ئۇنىڭ بايانلىرىغا دىققەت قىلدىم. جىمجىت قۇلاق سېلىشنى ياخشى كۆردۈم، جۈملىلەر، سۆزلەر ۋە ھەرپلەرگە...مەپتۇن بولدۇم. بۇ كىتابنى يېزىشىمغىمۇ ئاشۇ سۈكۈنات سەۋەب بولدى.

«مەسنىۋى»نى شەرھلىگەنلەرنىڭ كۆپىنچىسى بۇ ئۆلمەس ئەسەرنىڭ ”ب“ ھەرپى بىلەن باشلانغانلىقىغا دىققەت قىلىدۇ. تۇنجى سۆزى ”بىشنەۋ!“دۇر. يەنى ”ئاڭلا!“. نامى ”جىمغۇر“ بولغان بىر شائىرنىڭ ئەڭ قىممەتلىك ئەسىرىنى ”ئاڭلا!“ دەپ باشلىشى سېنىڭچە تەسادىپىيلىقمۇ؟ جىمجىتلىقنى قانداق ئاڭلىغىلى بولىدۇ؟

بۇ روماندا ھەر بۆلۈم ئاشۇ جىمجىت ھەرپ بىلەن باشلىنىدۇ. ”نېمىشقا“ دەپ سورىمىساڭمۇ بولىدۇ. جاۋابىنى ئۆزەڭ تاپ ھەم قەلبىڭدە ساقلا.

چۈنكى بۇ يوللاردا شۇنداق ھەقىقەتلەر باركى، ئۇنى چۈشەندۈرۈۋاتقان پەيتتىمۇ سىر بولۇپ قالىدۇ.

ئا. ز. زەھرا

ئامېستىردام، 2007

كىرىش سۆز

پۈتمەس-تۈگىمەس ھوقۇق كۈرەشلىرى، دىنىي توقۇنۇشلار، مەزھەپ ماجرالىرى، سىياسىي داۋالغۇشلار... 13-ئەسىردە ئاناتولىيە بۇلارنىڭ ھەممىسىگە يېقىندىن شاھىت ئىدى. غەربتە قۇددۇس يولىدىكى ئەھلى سەلىپلەر كونستانتىنپولنى بېسىۋېلىپ بۇلاڭ-تالاڭ قىلىپ، شەرقىي رىم ئىمپېرىيىسىنىڭ بۆلۈنۈشىگە سەۋەب بولدى. شەرقتە چىڭگىزخاننىڭ جەڭ غەلىبىلىرى يۈكسەك ئىنتىزامچان موڭغۇل قوشۇنىنىڭ ھەيۋىتىنى جاھانغا نامايەن قىلماقتا ئىدى. رىم ئىمپېرىيىسى قولدىن كەتكەن زېمىنلىرى، باي-باياشاتلىقى ۋە ھوقۇقىنى قايتۇرۇۋېلىش ئۈچۈن كۈرەش قىلىۋاتقاندا ئوتتۇرىدا قالغان تۈرك بەگلىرىمۇ ئۆز ئارا سوقۇشماقتا ئىدى. مىسلى كۆرۈلمىگەن ئىختىلاپ ۋە جەڭگى-جېدەللەر بۇ ئەسىرگە ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتاتتى. خرىستىئانلار بىلەن خرىستىئانلار، خرىستىئانلار بىلەن مۇسۇلمانلار، مۇسۇلمانلار بىلەن مۇسۇلمانلار سوقۇشۇۋاتاتتى. نەگىلا بارسىڭىز ئۆچ-ئاداۋەت ۋە قەھرىمانلىق، نەگىلا ماڭسىڭىز ئىزتىراپ ۋە ئاچكۆزلۈك، كىمگىلا يولۇقسىڭىز كېيىنكى كۈنلەردە تېخىمۇ چوڭ بالايى ئاپەت يۈز بېرىدىغاندەك بىئاراملىق ۋە ئەنسىزلىك...

ئۇشۇنداق غەلۋە-غوغىلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا، شەھەرلەرنىڭ بىرى بولغان كونيادا بىر ئىسلام ئالىمى ياشايتتى. كىشىلەرنىڭ تولىسى ”مەۋلانا“، يەنى ”يولباشچىمىز“ دەيدىغان بۇ كاتتا شەخسنىڭ ھەر جايدىن كەلگەن مىڭلارچە مۇرىتى، ئىخلاسمەنلىرى بار ئىدى. ئۇ بارلىق مۇسۇلمانلارغا يورۇقلۇق بەخش ئېتىدىغان پانۇسقا ئوخشايتتى، نامى شەرىپى جالالىدىن رۇمى.

مىلادىيە 1244-يىلى رۇمى تەبرىزلىك شەمس بىلەن تونۇشتى. شەمس جاھانكەزدى دەرۋىش بولۇپ، تىلىنىڭ سۆڭىكى يوق ئىدى. ئىككەيلەننىڭ ھايات يولى كېسىشكەندىن باشلاپ ھەر ئىككىسىنىڭ تۇرمۇشى تۈپتىن ئۆزگەردى. ساغلام، غەيرى نىيەتتىن خالىي كۆڭۈل رىشتىسى ۋە دىلكەشلىك ئەنە شۇنداق باشلاندى. ئۇلارنىڭ دوستلۇق رىشتىسىنى ئۇلاردىن كېيىنكى ئەسىرلەردە ياشىغان تەسەۋۋۇپچىلار ۋىسالغا يېتىشكە ئوخشاتتى. بۇ تەڭداشسىز يارەنلىك سايىسىدە رۇمى ھۆكۈمدارلارغا يېقىن دىنىي ئالىمدىن بارلىق ئادەت ۋە قائىدە-يوسۇنلىرىدىن ۋاز كېچىشكە جۈرئەت قىلغان كۆڭۈل ئەھلى، ئىشقىنىڭ قىزغىن

قوغدىغۇچىسى، ساما(ئۇسسۇلى)نىڭ ئىجادچىسى ۋە ئەسەبىي شائىرى بولدى. “ئىسلام دۇنياسىنىڭ شېكسپىرى” دېگەن نامغا مۇشەررەپ قىلغان نادىر ئەسەرلەرنى يېزىپ قالدۇردى. چوڭقۇر يىلتىز تارتقان مۇتەئەسسىپلىك، بىر تەرەپلىمە ئىدىيىلەر ھۆكۈم سۈرگەن زاماندا دۇنياۋى، كەڭ دائىرىلىك، تىنچلىقپەرۋەر ئىدىيىنى قوللىدى. ھەر ئىنسانغا ئىشىكىنى كەڭ ئاچتى. ئەينى دەۋردىكىگە ئوخشاش بۇگۈنمۇ بەزىلەر “كاپىرلارغا قارشى جەڭ قىلىش” دەپ تەبىر بەرگەن زاھىرىي جىھادنى قويۇپ ، ئىنساننىڭ ئۆز قەلبىگە يۈزلىنىپ مەنىۋىيەتتە پىشىپ يېتىلىشىنى مەقسەت قىلغان باتىنىي جىھاد ھەققىدە پىكىر يۈرگۈزدى. ئىنسانلارنىڭ ئۆز نەپسىگە قارشى ئاداققىچە كۈرەش قىلىپ ئۇنى قەدەممۇ قەدەم يېڭىشى كېرەكلىكى ھەققىدە خەۋەر بەردى.

شۇنداقتىمۇ ھېچكىم بۇ پىكىرلەرنى قوبۇل قىلمىدى، گويا ھېچكىم ئىشقىنىڭ ئۆز قەلبىگە كەلكۈندەك يامراپ كىرىشىنى خالىمايتتى. تەبرىزلىك شەمس بىلەن رۇمى ئوتتۇرىسىدىكى كۈچلۈك روھانىي مۇناسىۋەت غەيۋەت-شىكايەت، تۆھمەت ۋە ھۇجۇمغا ئۇچرىدى. ئۇلارنىڭ سۆزلىرىنى كۇپرىغا چىقىرىۋەتكەنلەر بولدى؛ كىشىلەر ئۇنى خاتا چۈشەندى، تالاش-تارتىش قىلدى، ئۇلارغا ھەسەت قىلىشتى. ئاخىرىدا ئۇلار بەلكى ئەڭ يېقىنلىرى تەرىپىدىن قەستلەندى. ئۇلار تونۇشۇپ ئۈچ يىلدىن كېيىن پاجىئەلىك ھالدا بىر-بىرىدىن ئادا-جۇدا قىلىندى.

ئەمما ئۇلارنىڭ ھېكايىسى بۇ يەردە تۈگىمىدى.

بۇ ھېكايە زادى ئاياغلاشمىدى. 800 يىلدىن كېيىن شەمس ۋە مەۋلانا جالالىدىن رۇمىنىڭ روھى ھېلىمۇ ياشىماقتا، سەير قىلماقتا، ئارىمىزدا ساما ئوينىماقتا...

قاتىل

ئىسكەندەرىيە، 1252-يىل 11-ئاي

ئۇ خېلى بۇرۇن ئۆلدى، ئەمدى تىرىلمەيدۇ. ئەمما نەگىلا بارسام ئۇنىڭ كۆزى مەندە، كۆكتە ئېسىقلىق تۇرغان مەشئۇم، قاپقارا يۇلتۇز تېشىدەك پارقىراپ، ماڭا ئەگىشىپلا تۇرىدۇ. كونيادىن كەتسەم، يىراق-يىراقلارغا قاچسام كاللامنى بۇرغىدەك تېشىۋەتكەن ئۇ ئەسلىمىدىن قۇتۇلمەنغۇ دەپ ئويلىغانىدىم. ئۇنىڭ شۇ چاغدىكى پەريادى— يۈزى

ئاقىرىپ، كۆز قارىچۇقى تارتىلىپ، دېمى ئۈزۈلۈپ ئاغزى يۇمۇلماستا چىقارغان شۇ ئاۋازى، خەنجەر تىقىلغان بىر ئىنساننىڭ تۇزاققا چۈشكەن بۆرىدەك ھۇۋلاپ ئەلۋىدا دېيىشلىرى ھېلىمۇ قۇلاق تۈۋىمدە جاراڭلايدۇ...

بىرسىنى ئۆلتۈرگەن چېغىڭدا ئۇنىڭدىن ساڭا چوقۇم بىر نەرسە يۇقىدۇ: رەسىم، پۇراق، نەپەس، بىر ئاھ، لەنەت ـ نەپرەت ياكى بىر ئاۋاز... ” مەقتۇلنىڭ (ئۆلتۈرۈلگۈچىنىڭ) بەددۇئاسى“ دەيمەن بۇنى. ئۇ ساڭا چاپلىشىپلا قالىدۇ، ۋۇجۇدۇڭنى تېشىپ، يۈرىكىڭنىڭ بېغىشىغىچە ئويۇۋېتىدۇ. ئاندىن ئۇ يەردە ماكانلىشىپ سەن بىلەن تەڭ ياشايدۇ؛ چۈشلىرىڭگە كىرىپ ئۇيقۇڭنى بۇزىدۇ. كۈندۈزى ئۇنى بىر ئامال قىلىپ كونترول قىلالايسەن، ئەمما كېچىدە يالغۇز قالغىنىڭدا يوتقىنىڭدا تىترەپ سوغۇق تەرلەيسەن. ھەر مەقتۇل ئۆز قاتىلىنىڭ ۋۇجۇدىدا ياشاۋېرىدۇ. قابىل ھابىلنى ئۆلتۈرگەندىن بۇيان ھېچبىر قاتىل قۇربانىنىڭ خۇن قەرزىگە قېلىشىدىن قۇتۇلالمىغان.

كوچىدا ماڭا ئۇچرىغان ئادەملەر ھەرگىز ئويلاپ يېتەلمىسىمۇ، بۈگۈنگىچە ئۆلتۈرگەنلىرىمنىڭ بىرەر بەلگىسىنى ئېلىپ يۈرىمەن؛ ھەممىسى كۆرۈنمەس زەنجىردەك ئۆز ئېغىرلىقلىرى بىلەن بوينۇمدا چىڭ ئېسىقلىق تۇرىدۇ. بۇنداق بېسىم بىلەن ياشىماقمۇ مۇشكۇل، بەزىدە تۇنجۇقۇپ قالىسەن. ئادەم ئۆلتۈرۈشنىڭ جەۋرى ـ جاپاسى باشقا ئىشلارغا ئوخشىمايدۇ. بۇ ئازابلار ئۆتۈپ كېتىدۇ دېگىلى بولمىسىمۇ ئۇنىڭغا كۆنۈپ قالغاندەك قىلاتتىم. بۇ ھالەتنى مەۋجۇتلۇقۇمنىڭ بىر قىسمى سۈپىتىدە قوبۇل قىلدىم.خوشاللىقنى قولدىن بەرمىدىم، ياكى شۇنداق ياشاۋاتىمەن دەپ ئويلىدىم بىر مەزگىل. ئەمما ئاخىرقى جىنايەت نېمىشقا مېنى بۇنچە ساراسىمىگە سېلىۋەتتى؟

بۇ ئىش باشتىن تارتىپلا ھېچقانداق ئىشقا ئوخشىماي قالغانىدى. مەسىلەن، بۇ ئىشنى قانداق تاپقىنىم... ياكى بۇ ئىشنىڭ مېنى قانداق تاپقانلىقى دېيىشىم كېرەكمۇ؟ 1247 ـ يىل، ئاخىرقى كۈز پەسلى ئىدى. كونيادا پاھىشخانىنى ئىلكىگە ئېلىۋالغان، غەزىپىنىڭ يامانلىقى بىلەن تونۇلغان بىر خۇنسانىڭ قولچوماقچىلىقىنى قىلاتتىم. ۋەزىپەم پاھىشلەرنى تەرتىپكە سېلىش، ئۆزىنى بىلمەي قالغان پاھىشۋازلارنى سەگىتىپ قويۇش، مۇشتۇمزورلۇق بىلەن ئۇنى ـ بۇنى قورقىتىپ قويۇش ئىدى.

ئۇ كۈن تۆنۈگۈنكىدەك ئېسىمدە، بىر قاچاقنى ـ پاھىشخانىدىن قاچقان بىر پاھىشەنى ئىزدەپ يۈرەتتىم. ئۇ بىر نېمە پاھىشخانىدا يۈرۈپ

تۇرۇپلا دىندار، پىداكار بولۇپ كەتكەندى. ئۇنىڭغا نېمە بولدىكىن! ئېسىت، چىرايلىق نېمە ئىدى. ئىچىم بىر ئاز سېرىلاتتى. ئەگەر ئۇنى تۇتۇۋالسام چىرايىنى شۇنداق بۇزۇۋېتەتتىمكى، شۇندىن كېيىن ھېچقانداق ئەر ئۇنىڭغا كۆز سالمايدىغان بولاتتى. ”چۆل گۈلى“ دەيدىغان ئۇ ساراڭ قىزنى تۇتۇشقا ئاز قالغاندا سىرلىق بىر مەكتۇپ تاپشۇرۇۋالدىم، بۇ مەكتۇپ دىققىتىمنى بۇراپ، پۈتۈن خىيالىمنى ئىگىلىۋالدى. مەكتۇپنىڭ ئاستىغا ”ئىمان قوغدىغۇچىلىرى“ دەپ ئىمزا قويۇلغانىدى:

” بىز سىزنىڭ كىملىكىڭىزنى ئوبدان بىلىمىز،ــ دەپ يېزىلغانىدى مەكتۇپتا،ــ بۇرۇن ھەششاشىيۇنلارنىڭ[1] پىدائىيسى ئىدىڭ، ھەسەن ساباھ ئۆلۈپ، تەرىقەتنىڭ يولباشچىلىرى تۇتۇلۇپ زىندانغا سولانغاندىن كېيىن زادى ئەسلىگە كېلەلمىدىڭلار، بۇرۇنقىدەك بولالمىدىڭلار. سەن تۇتۇلۇپ قالماسلىق ئۈچۈن كونياغا قېچىپ شۇ يەردە يوشۇرۇنۇپ يۈردۈڭ. ئۆزەڭگە باشقا ئىش تېپىپ، باشقا ئىسىم قويۇۋالدىڭ. ئەمدى ساڭا تاپشۇرىدىغان بىر ۋەزىپىمىز بار“.

مەكتۇپتا ناھايىتى مۇھىم بىر ئىشتا ماڭا ئېھتىياج تۇغۇلغانلىقى، مەن رازى بولغۇدەك مۇكاپات، تەمىنات بېرىلىدىغانلىقى يېزىلغانىدى. ئەگەر بۇ تەكلىپكە قىزىقسام شامغا ئەزان چىققاندىن كېيىن داڭلىق بىر مەيخانىغا باراتتىم. شۇ يەردە كۆرۈشەتتۇق. دېرىزىگە يېقىن ئورۇندا، ئىشىككە ئارقامنى قىلىپ ئولتۇراتتىم؛ بېشىمنى ئېگىپ يەرگە قاراپ تۇراتتىم. ئۇزاق ئۆتمەي مېنى ياللايدىغان كىشى ياكى كىشىلەر ئالدىمغا كېلەتتى. ئۇلار كەلگەندە ۋە كەتكەندە بولسۇن ياكى سۆھبەت جەريانىدا بولسۇن بېشىمنى كۆتۈرۈپ ئۇلارغا قارىسام بولمايتتى.

بۇ غەلىتە مەكتۇپ ئىدى، ئالدىراپ كەتمىدىم. خېرىدارلارنىڭ تۈرلۈك خۇي-پەيلىنى تولا كۆرۈپ كۆنۈپ كەتكەنىدىم. شۇنچە يىلدىن بېرى ھەر خىل ئادەملەر تەرىپىدىن ياللانغانىدىم. ھەممىسى دېگۈدەك ئىسىملىرىنى يوشۇراتتى. شۇنداق دېيەلەيمەنكى، مېنى ياللىغۇچى ئۆزىنى قانچىلىك مەخپىي تۇتسا ئۆلتۈرۈلگۈچى بىلەن شۇنچە يېقىنلىقى مەلۇم بولاتتى. بۇ قائىدىنى ئوبدان بىلەتتىم. ئەمما بۇنىڭغا قىزىقمايتتىم. ئىشىم ئېنىق ئىدى: ئۆلتۈرۈش. ئۇزۇمنى يەپ سېپىقىنى سورىمايتتىم. ئالامۇت قەلئەسىدىن چىققاندىن بېرى ئۆمرۈم شۇنداق ئۆتتى.

---

[1] ھەششاشىيۇنلار (ھەششاشىيەلەر دەپمۇ ئاتىلىدۇ) مىلادىيە **1090**-يىلى ئىراندىكى ئالامۇت قەلئەسىنى ئالغاندىن كېيىن سەلجۇقلاردىن ئىنتىقام ئېلىش ئۈچۈن قۇرغان سۇيىقەستچى تەشكىلات.

ئەسلىدىمۇ ئۇنچە سوئال سورىمايدىغان ئادەم ئىدىم، نېمىشقا سورايتتىم؟ بىلىدىغىنىم، بۇ دۇنيادا بىراۋنىڭ (ئەمەل) دەپتىرىنى قاتلايدىغان بىر كىشى چوقۇم چىقاتتى. ئۇنىڭ قول سېلىپ جىنايەت ئۆتكۈزمەسلىكى ھەرگىز بىر جانغا قەست قىلالمايدىغانلىقىدىن دېرەك بەرمەيتتى. ئەمەل دەپتىرىگە بۇ قەبىھ گۇناھنى يازدۇرماسلىقى مۇمكىن ئىدى، بۇنىڭغا ماقۇل. ئەمما بۇنىڭ بىلەن ئۇنى ئاشۇ ھاۋايى ھەۋەسنى كۆڭلىگىمۇ كەلتۈرمەيدۇ دېگىلى بولمايتتى.

ماھىيەتتە، ھەر كىم شۇنداق بىر پەيت كەلسە بىرسىنى ئۆلتۈرەلەيدۇ. ئەمما بۇنى كۆپىنچە ئادەم بىلمەيدۇ، تاكى كۈتۈلمىگەن بىر ۋەقەدىن كۆزلىرى چەكچىيىپ قالمىغىچە ئۇنى ئېتىراپ قىلغۇسى كەلمەيدۇ. ئۇلار قولىنى ھەرگىز قانغا بويىمايدىغانلىقىغا، بىرسىنىڭ جېنىنى ئالالمايدىغىنىغا شۇنچىلىك ئىشىنىدۇ. ھالبۇكى، ھەممە ئىش تەساددىپىيلىقىقا تولغان. بەزىدە بىرسىنىڭ قاش-كۆزى مىدىرلاپ كەتسىمۇ جېدەل چىقىدۇ، خەق تۈگمىنى تۆگە قىلىدۇ، تۇخۇمدىن تۈك ئۈندۈرۈپ قەستەن سوقۇشىدۇ. ئەمەلىيەتتە، قەلبى ئالتۇندەك ساپ، پاك، شەرمى ھايالىق ئىنسانلار ئىچىدىن توساتتىن يىرگىنىشلىك ئىشلارنىڭ چىقىشى ئۈچۈن ئۇلارنىڭ خاتا ماكان، خاتا زاماندا بولۇپ قېلىشىنىڭ ئۆزىلا يېتەرلىك. ھەر كىم ئادەم ئۆلتۈرەلەيدۇ، ئەمما بۇ دۇنيادا ناھايىتى ئاز ساندىكى ئادەملەرلا ئۆزى ھېچ تونۇمايدىغان بىرسىنى ناھايىتى سوغۇققانلىق بىلەن ئۆلتۈرەلەيدۇ. مانا مەن شۇ ئۇسۇلدا ۋەزىپەمنى ئورۇنلايتتىم.

باشقىلار ئۈچۈن يامان ئىشلارنى قىلىمەن، دۇنياغا مەندەك ئادەملەرمۇ كېرەك. ئاللاھ تائالامۇ ئۆزىنىڭ مۇقەددەس نىزامىنى تۇرغۇزغاندا جان ئالىدىغان ئىشقا ”ئەزرائىل“نى ئۆزىگە ۋەكىل قىلىپ تەيىنلىمىگەنمۇ؟ شۇڭا ئىنسانلار بېشىغا نېمە بالا كەلسە ئۇنى ئەزرائىلدىن كۆرۈپ، ئۇ ئەجەل پەرىشتىسىنى ئەيىبلەيدۇ، ئۇنىڭدىن يىراق قاچىدۇ. بۇنىڭلىق بىلەن ئۇنىڭ نامى ئۆچمىدى. بۇ ئەزرائىل ئۈچۈن ئادىللىقمۇ؟ قىلغانلىرى توغرىمۇ؟ دېيىشىڭىز مۇمكىن. ئەمما بۇ دۇنيا ئەسلىدىنلا ئۇنچە ئادالەتلىك ماكان ئەمەس، شۇنداققۇ؟

نېمە بولسا بولسۇن، مەكتۇپتا دېيىلگەن مەيخانىگە قاراڭغۇ چۈشۈپ بولغىچە باردىم. ئەمما ئىچىگە كىرگىنىمدە دېرىزە يېنىدىكى شىرەدە ئادەم بار ئىدى. يۈزىدە قامچا ئىزى بار بىر ئادەم شىرەدە ئايرىلىپ قالغاندى. ئۇنى ئويغىتىپ تالاغا چىقىرىۋەتمەكچى بولۇپ يەنە نىيىتىمدىن ياندىم. ئۇ

نېمىلەرنىڭ قاچان نېمە قىلىدىغانلىقىنى ئۇققىلى بولمايتتى، ئۇلارغا دىققەت قىلىپ يۈرۈشۈمنىڭمۇ ھاجىتى يوق ئىدى. شۇڭا ئەڭ ياقىدىكى بوش ئورۇندا ئولتۇرۇپ دېرىزىگە قاراپ ئۇلارنى كۈتۈشكە باشلىدىم.

ئۇزاق ئۆتمەي ئىككى ئادەم كېلىپ ئىككى تەرىپىمدە ئولتۇردى، ئوتتۇرىدا قالدىم. ئۇلار مېنى تونۇۋالمىسۇن دەپ يۈزلىرىنى چىڭ يۆگىۋالغانىدى. ئەمەلىيەتتە ئىككىسىنىڭ نەقەدەر ياش، ئەقىلسىز، غاپىل ھەمدە قىلماقچى بولغان ئىشلىرىغا نەقەدەر تەييارلىقسىز ئىكەنلىكىنى سېزىۋېلىشىم ئۈچۈن ئۇلارنىڭ چىرايىغا قارىشىمنىڭ ھاجىتى يوق ئىدى!

— داڭقىڭنى كۆپ ئاڭلىدۇق،— دېدى بىرسى، ئاۋازىدىن تەمكىنلىكتىن كۆرە ئەندىشە بەكرەك چىقىپ تۇراتتى،— بۇ جەھەتتە سېنىڭ ئالدىڭغا ئۆتىدىغان ئادەم يوقمىش.

بۇ يىگىتچاقنىڭ گەپلىرىگە كۈلگۈم كەلگەن بولسىمۇ چاندۇرمىدىم. ئۇلارنىڭ مەندىن قورقۇۋاتقانلىقىنى بايقىدىم، بۇ ياخشى ئىش ئىدى. مەندىن قانچە قورقسا مېنى ئەخمەق قىلىشقا جۈرئەت قىلالمايتتى. شۇڭا مۇنداق دېدىم:

— ئاڭلىغىنىڭلار توغرا، بۇ ئىشلاردا مەندىن نوچىسى يوق. شۇڭا خەقلەر مېنى " ئىت كاللا" دەيدۇ. ۋەزىپە ھەر قانچە قىيىن بولسىمۇ خېرىدارلىرىمنى ئوڭدا قويمايمەن.

— ناھايىتى ياخشى،— دېدى يىگىت جىددىيلىشىپ،— چۈنكى بىز ساڭا تاپشۇرغان ئىشنى قىلىش ئۇنچە ئاسان بولماسلىقى مۇمكىن.

شۇ ئەسنادا يەنە بىر يىگىت گەپكە ئارىلاشتى:

— بىر ئادەم بار، بېشىمىزغا بالا بولغان بىر بەدبەخ. ئۆزىگە بىر قىسىم ئادەملەرنى دۈشمەن قىلىۋالدى، بۇ شەھەرگە شۇملۇق ۋە پالاكەتتىن باشقا نەرسە ئېلىپ كەلمىدى. ئۇنىڭ بىرەر ياخشىلىقىنى كۆرمىدۇق. نەچچە قېتىم ئاگاھلاندۇرساقمۇ ئاڭلىمىدى. ھوشىنى تېپىۋالماقتا يوق، تېخىمۇ ئازدى ھەم باشقىلارنى ئازدۇردى. بىزگە باشقا چارە قالمىدى.

گەپ قىلمىدىم. ئەھۋال دائىم شۇنداق. خېرىدارلار مەن بىلەن پۈتۈشمەي تۇرۇپ ئۆزىنى چۈشەندۈرۈپ كېتىدۇ. ئۇلارنىڭ گېپىگە قوشۇلسام گويا گۇناھىمىز يەڭگىللەيدىغاندەك، ئۆلتۈرمەكچى بولغان ئادىمىنىڭ نەقەدەر رەزىل، ناچار ئىكەنلىكىنى ئېيتىشىدۇ.

— ئۇقتۇم، كىمۇ ئۇ ئادەم؟

مەن شۇنداق سورىشىمغا ئۆلار بىئارام بولۇپ، بىر نەرسىلەرنى دەپ كېتىشتى:

— ئاڭلاپ تۇر، ئۇ ئىماندىن چىققان كاپىر! دىنىنى ھاقارەتلەيدىغان، ئىنكار قىلىدىغان بىر مۇرتەد، ئاسىي دەرۋىش.

بۇ گەپنىڭ ئاخىرىنى ئاڭلا-ئاڭلىمايلا بەدىنىم تىكەنلىشىپ، كاللامدىن تۈرلۈك ئوي-خىياللار كەچتى، نېرۋام بۇزۇلدى. ھازىرغىچە قېرى-ياش، ئەر-ئايال، ساغلام، كېسەل... ھەر خىل ئادەملەرنى ئۆلتۈرگەن، بىراق دەرۋىشنى، ئۆزىنى دىنغا ئاتىۋەتكەن بىر ئادەمنى ئۆلتۈرۈپ باقمىغانىدىم. ئەمەلىيەتتە مېنىڭمۇ ئۆزەمگە چۇشلۇق ئېتىقادىم بار ئىدى، ئاللاھنىڭ غەزىپىنى كەلتۈرۈپ قويۇشنى خالىمايتتىم. چۈنكى، نېمە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئاللاھتىن قورقاتتىم.

— ئەمما بەگزادىلەر، تەكلىپىڭلارنى قوبۇل قىلمايمەن. دەرۋىش ئۆلتۈرگۈم يوق، باشقىسى بولسا دەڭلار.

قوپۇپ ماڭاي دېيىشىمگە يىگىتلەردىن بىرى قولۇمغا ئېسىلىپ يالۋۇردى:

— گەپنى بۇنداق كېسىۋەتمىسەڭ، ئىش ھەققىڭنى چوقۇم ئالىسەن، قانچىلىك دېسەڭ بىز شۇنى بېرىشكە تەييار.

— ئەگەر ئۈچ ھەسسە ھەق تەلەپ قىلسامچۇ؟— دېدىم تۇيۇقسىز قارار قىلىپ. ئۇلارنىڭ ئۇنچە يۇقىرى ھەق بېرەلىشىگە ئىشەنمەيتتىم.

ئەمما مەن كۈتمىگەن بىر ئىش بولدى. بىر دەملىك ئىككىلىنىشتىن كېيىن ھەر ئىككىسى تەكلىپىمنى قوبۇل قىلغانلىقىنى ئېيتتى. قايتا ئولتۇردۇم، ھاياجانلاندىم، چۈنكى ئۇ كۆپ پۇل ئىدى. بۇ جىنايەتنى ئۆتكۈزسەم خېلى ئۇزاققىچە راھەتلىك تۇرمۇش كەچۈرەتتىم. تويلۇق ئۈچۈن باش قاتۇرۇپ يۈرمەيتتىم، دەرھال توي قىلىپ، ئۇنىڭدىن كېيىنكى تۇرمۇش غەملىرىدىن خالاس بولاتتىم. بۇنداق شەرت ئاستىدا دەرۋىش ياكى باشقا بىرى بولسۇن، ھەر كىمنىڭ جېنىنى ئالالايتتىم.

شۇ چاغدا ئۆمرۈمدە ئەڭ چوڭ خاتالىق ئۆتكۈزگىنىمنى ۋە كېيىن پۇشايماندىن ئاھ ئۇرۇپ يۈرىدىغانلىقىمنى نەدىن بىلەي؟ بۇ دەرۋىشنى ئۆلتۈرمەكنىڭ تەسلىكىنى، ئۇ ئۆلگەندىن كېيىنمۇ كاللامدىن چىقماي ماڭا خەنجەردەك تىكىلىپ تۇرىدىغانلىقىنى نەدىن بىلەي؟

ئاشۇ ھويلىدا شەمسىنى ئۆلتۈرۈپ قۇدۇققا تاشلىغىلى بەش يىل بولدى. جەسىتى سۇغا چۈشكەندە چىقىدىغان ئاۋازنى پەقەت ئاڭلىمىدىم، "پىلتىڭ" قىلغان كىچىككىنە ئاۋازمۇ چىقمىدى قۇدۇقتىن:

دەرۋىشنىڭ بەدىنى سۇغا چۈشمەي گويا ئەرشى ئەلاغا يۈكسەلدى. ئۇ ئۆلگەندىن بېرى كېچىلىرىم قورقۇنچ ئىچىدە ئۆتتى. ھازىرمۇ سۇغا قاراي دېسەم قورقىمەن، ۋۇجۇدۇمنى دەھشەت قاپلىۋالىدۇ، قولۇم تىترەپ ئىچىم ئېلىشىدۇ.

شۇ كېچىنى ئويلىساملا ئىچىمدە نېمە بولسا چىقىرىۋەتمەكچى بولغاندەك ئىككى پۈكلىنىپ ئولتۇرۇپ قۇسىمەن، مەقسىتىم چىقىرىۋېتىش ۋە قۇتۇلۇش... ھازىر پۇت-قوللىرىم بىر تېرە، بىر ئۇستىخان بولۇپ قالدى.

ئەجەپ ئىش! ئۇ ئۆلدى، ئەمما تېخىچە ھايات. مەن بولسا ھەر كۈنى يېڭىدىن ئۆلۈۋاتىمەن.

بىرىنچى بۆلۈم

تۇپراق

ھاياتتىكى چوڭقۇر، ئېغىر ـ بېسىق، قاتتىق نەرسىلەر...

شەمس
سەمەرقەند ئەتراپىدىكى بىر كارۋانساراي، 1242 ـ يىل 3 ـ ئاي

بۈگۈن ئاخشام تاماق ۋاقتىدا يەنە ئۇ ئالەمگە بېرىپ قالدىم. بۇ قېتىم كۆرگەنلىرىم شۇنچە جانلىق، راست، ئەينەن ئىدىكى...

ھويلىسى غۇنچە ـ غۇنچە ساپسېرىق گۈللەرگە تولغان چوڭ ئۆي، ھويلىنىڭ ئوتتۇرىسىدا سۈيى سوغۇق قۇدۇق... ئاخىرقى كۈز، كۆكتە تولۇن ئاي، سىرلىق كېچە... قاراڭغۇلۇقتا ھەرىكەتلىنىدىغان مۈشۈكياپىلاق، شەپەرەڭ، بۆرە دېگەندەك بىر قانچە ھايۋان ئوتتۇرىدا كېزىپ يۈرەتتى، بىرى چىللىسا، بىرى ھۇۋلايتتى... بىر دەمدىن كېيىن مۈرىسى كەڭ، كۆزلىرىدىن پاراسەت، نازۇكلۇقى چىقىپ تۇرغان ئوتتۇرا ياشلىق بىر ئادەم ئۆيدىن چىقتى. چىرايى تۇتۇق، كۆزلىرىدە چەكسىز ئازاب...

ــ شەمس، شەمس، قېنى سەن؟ــ دېدى ئۇ ئوڭ ـ سولىغا قاراپ.

ئەسەبىي شامال چىقتى، ئاي بۇلۇت كەينىگە مۆكتى. تەبىئەت گويا بۇ ئىشقا شاھىت بولۇشتىن قېچىۋاتاتتى. مۈشۈكياپىلاق سايرىماس بولدى، شەپەرەڭلەر ئۇچماس بولدى، ئوچاقنىڭ ئوتلىرى چاراسلاپ كۆيمەس بولدى. پۈتۈن دۇنيانى سۈكۈت باستى.

ئۇ قۇدۇققا ئاستا يېقىنلىشىپ قۇدۇققا ئېگىشىپ قارىدى. دەسلەپتە قاراڭغۇ سۇدىن باشقا ھېچنېمىنى كۆرەلمىدى، ئاندىن پەستە، سۇنىڭ ئۈستىدە كۈچلۈك بوراندا تەۋرىگەن، تەۋرىگەنچە دېڭىز سۇلىرىنىمۇ دولقۇنلاتقان سالدەك ئۇياق ـ بۇياققا پۇلاڭلاۋاتقان قولۇمنى، ئاندىن ئاسمانغا

تىكىلگەن بىر جۈپ كۆزۈمنى كۆردى. كۆزلىرىم قۇدۇق ئاستىدىن قويۇق، قارا بولۇتلارنىڭ كەينىدىن پەيدا بولغان تولۇن ئايغا قارايتتى.

قاتىلىمنىڭ ھېسابىنى پەلەكتىن سوراۋاتقاندەك، قۇدۇققا ئېتىلغان يېرىمدىن ئايغا قارايتتىم.

ئۇ يەرگە تىزلىنىپ، مەيدىسىگە ئۇرۇپ پەرياد چېكىشكە باشلىدى:

— ئۆلتۈرۈۋەتتى! قاتىللار شەمسىنى ئۆلتۈرۈۋەتتى!

شۇ چاغدا بىر كۆلەڭگە چاتقاللىقنىڭ ئاستىدىن ئۆمىلەپ كېلىپ، ئوغرى مۈشۈكتەك چاققانلىق بىلەن تامدىن ئارتىلىپ چۈشتى. ھويلىدىكى ئادەم قاتىلنى كۆرمەي، قانچە ئاھ ئۇرغانچە شۇنچە دات-پەرياد كۆتۈرەتتى، پەرياد ئۇرغانچە سىرى تۈتمىغان ئەينەكتەك چۇل-چۇل بولۇپ چېقىلاتتى؛ پەريادى ئەينەك سۇنۇقلىرىدەك چاچراپ كېچىنىڭ باغرىنى تىلغاپ ئۆتمە-تۆشۈك قىلماقتا ئىدى.

— تۇر ئورنۇڭدىن، ئېلىشىپ قالدىڭمۇ؟ نېمانداق ساراڭدەك ۋاقىرايسەن؟

— ...

— مەن كىمگە دەۋاتىمەن؟ زۇۋانىڭنى ئۆچەر! بولمىسا تالاغا ئەچىقىپ تاشلىۋېتىمەن!

ئۇ ئالەمدە بىر دەم قېلىش ئۈچۈن قۇلاق تۈۋىمدە ياڭراۋاتقان ئاۋازنى ئاڭلىماسقا سېلىۋالدىم. قانداق ئۆلگىنىمنى بىلگۈم كېلىۋاتاتتى. بولۇپمۇ كۆزلىرى قايغۇلۇق شۇ ئادەمنى يەنە بىر كۆرسەم دەيتتىم. ئۇ كىم بولغىيدى؟ مېنىڭ بىلەن نېمە مۇناسىۋىتى بار؟ شۇ كۆز كېچىسى مېنى نېمىشقا ئىزدەپ قالدى؟

ئەمما ئۇ ئالەمنىڭ ئىشىكىدىن ئۆتۈشكە پۇرسەت قالمىدى، بىرى قولۇمدىن تۇتۇپ غەزەب بىلەن شۇنداق سىلكىدىكى، چىشلىرىم تۆكۈلۈپ كېتەمدىكىن دېدىم. شۇنداق قىلىپ بۇ دۇنياغا مەجبۇرىي تارتىپ كېلىندىم.

كۆزلىرىمنى تەستە ئېچىپ، زۇۋانى يوغان ئادەمنىڭ بېشىمدا قاراپ تۇرغانلىقىنى كۆردۈم. ئۇ ئېگىز، سېمىز، ساقىلىغا ئاق سانچىغان، شاپ بۇرۇتىنىڭ ئۈچىنى مايلىۋالغان ئادەم ئىدى. ئۇنىڭ سارايۋەن ئىكەنلىكىنى تونۇدۇم ۋە شۇ ئەسنادا يەنە بىر ئىشنى ھېس قىلدىم: ئۇ مۈشتۈمزور، ۋاقىراپ-جاقىراپ خەقنى قورقۇتۇپلا يۈرىدىغان ئادەم بولۇپ، ھازىرمۇ كۆزلىرى غەزەپتىن پارقىراپ كەتكەنىدى.

— نېمە بولدى؟ — دەپ سورىدىم، — نېمىشقا قولۇمنى سىلكىيسەن؟

— نېمە بولدى دەمسەن؟— دەپ گۈكىرىدى سارايۋەن مەسخىرە قىلىپ،— نېمە بولدۇڭ دەپ سەندىن سوراش كېرەك! چىقىرىمىسۇن دېدىم سېنى. خېرىدارلىرىمنى قورقىتىپ قاچۇرىدىغان بولدۇڭ سەن!

سارايۋەننىڭ ئامبۇردەك قولىدىن قۇتۇلۇشقا تىرىشىۋېتىپ ”شۇنداقتىمۇ؟ مەن چىقىرىدىمۇ؟“ دەپ سورىدىم بوغۇق ئاۋازدا.

— چىقىرماي! قولىغا تىكەن كىرگەن بوز ئېيىقتەك چىقىرىدىڭ بايا، تورۇسنى بېشىمىزغا ئۆرۈۋېتەمدىكىن دېدىم. تۇرۇپلا نېمە بولدۇڭ؟ تاماق يەۋېتىپ ئۇخلاپ قالدىڭ، قارا باستى بولغاي سېنى.

مۇشۇ گەپنىڭلا ئۇنى قايىل قىلالايدىغانلىقىنى بىلەتتىم. مېنى قويۇپ بەرسىكەن دەپ ئۇنىڭ گېپىگە ھە دەپ قويسامۇ بولاتتى، ئەمما يالغان ئېيتقۇم كەلمىدى.

— ياق، ئۇنداق بولمىدى، ئۇخلىمىدىم، قارا بېسىپمۇ قالمىدى،— دېدىم،— مەن ئەسلا چۈش كۆرمەيمەن.

— ئەمىسە نېمىشقا چىقىرايسەن؟— دېدى ئۇ يەنە.

— ئۇ دۇنياغا بېرىپ كەلدىم. مەن ئۇ يەرگە ئالامەت ئىزدەپ مۇشۇنداق پات ـ پات بېرىپ تۇرىمەن. چۈش باشقا، بايقاش باشقا.

ئۇ ماڭا قاراپ قېتىپ قالدى، ئاچچىقىدا بۇرۇتىنىڭ ئۇچىنى چىشلەپ مۇنداق دېدى:

—سىلەر دەرۋىشلەر غايىب مەخلۇقلارمۇ؟ كېچىسى بىكار يۈرىسىلەر، ھەممىسى سېنىڭدەك جاھانكەزدى ئابدال! كۈنبويى روزا تۇتۇپ دۇئا قىلىۋېرىپ بېشىڭلار ئايلىنىپ قالىدۇ. كاللىنى ئاشۇنداق ساراڭ قىلغاچقا، ئېزىتقۇ كۆرىسىلەر ھەقىچان.

كۈلدۈم، توغرا دەيتتى. ئاللاھ تائالامۇ ئۆزىنى يوقىتىش بىلەن ئەقلىنى يوقىتىش ئارىسىدا قىلدەك پەرق بار دېمىگەنمىدى؟

شۇ ئەسنادا پەتنۇستا لىق بىر نەرسىلەرنى توشۇپ يۈرگەن ئىككى غۇلام پەيدا بولدى. پەتنۇستا قىزىرىپ پىشقان ئۆچكە گۆشى، تۇزلانغان بېلىق، دورا ـ دەرمەك بىلەن پىشۇرۇلغان قوي قوۋۇرغىسى، قۇيرۇق مېيىدا پىشۇرۇلغان قاتلىما، پۇرچاق ۋە زاسۇي شورپىسى... غۇلاملار خېرىدارلىرىغا تائام بېرىپ بولغىچە ئۆينىڭ ئىچى پىياز، سامساق ۋە باشقا دورا ـ دەرمەكنىڭ خۇش پۇراقلىرىغا تولۇپ كەتتى. ئۇلار مەن ئولتۇرغان شىرەنىڭ يېنىغا كەلگەندە بىر قاچا شورپا بىلەن بىر پارچە نان ئالدىم.

سارايۋەن ئالدىمدىكى نەرسىلەرگە سەپسالدى.

ــ ماڭا قارا، بۇلارنى تۆلىگۇدەك پۇلۇڭ بارمۇ؟ــ دېدى ئۇستۇن نەزەردە.

ــ يوق،ــ دېدىم،ــ بىراق، خالىساڭ ياتاق، تاماق ھەققى ئۇچۇن بىرەر چۇشۇڭنى ئۆرۈپ بېرەلەيمەن.

ــ بايا مەن پەقەت چۇش كۆرمەيمەن دەۋاتاتتىڭغۇ؟

ــ شۇنداق، مەن پەقەت چۇش كۆرمەيدىغان چۇش تەبىرچىسى.

ــ دېدىمغۇ، ھەممىڭ دېگۇدەك ساراڭ بوپسەن،ــ دېدى سارايۋەن چىرايىنى پۈرۈشتۈرۈپ،ــ ئەسلىدە سېنى ھەيدىۋەتسەم بولىدۇ. قارا، بۇ گەپلەرنى قۇلىقىڭغا ھالقىدەك ئېسىۋال، ئۆزەڭ تاقىۋالغان دەرۋىشلىك ھالقىسى تۇرمامدۇ، شۇنىڭ يېنىغا ئېسىۋال! قانچە ياشقا كىرگەنلىكىڭنى بىلمەيمەن، ئەمما ھەر ئىككى دۇنياغا يەتكۇدەك دۇئا قىلغىنىڭ ئېنىق. ئەمدى بۇ ئىشىڭنى تاشلا، بىرىپ چىرايلىق خوتۇن تېپىپ ئۆي-ئوچاقلىق بول، بالا-چاقىلىق بولسۇن، شۇ چاغدا ئەۋلاد قالدۇرۇپ، بىر جايدا مەزمۇت ياشىيالايسەن. ھەر جايدا ئۇرۇش-ۋەيرانچىلىق بولۇۋاتسا جاھان كېزىپ نېمە قىلىسەن؟ بۇ مەندىن ساڭا نەسىھەت! ئۆزەڭچە بىر نەرسىلەرگە ئېرىشەلەيمەن دەپ ئويلامسەن؟ قارا، بۇ سارايغا جاھاننىڭ تۆت تەرىپىدىن مۇساپىرلار كېلىپ قونىدۇ، بىر نەچچە قەدەھ ئىچىۋالغاندىن كېيىن ھەممىسى ئوخشاش ئىشلارنى سۆزلەيدۇ، ئىنسان ھەممە يەردە ئوخشاشلا ئىنسان. ئاش ئوخشاش، سۇ ئوخشاش، ھەتتا پوقمۇ ئوخشاش!

ــ ئەمما مەن باشقىچە نەرسىلەرنى ئەمەس، پەقەت ھەقنى ئىزدەيمەن،ــ دېدىم،ــ مېنىڭ سەپىرىم پەرۋەردىگارنى ئىزدەش سەپىرىدۇر.

ــ ئۇنداقتا ئۇنى خاتا يەردە ئىزدەپسەن،ــ دەپ قوپال تەگدى سارايۋەن ۋە بىردىنلا گۈكىرىدى ــ رەببىڭ كەتتى! ئۇنىڭ قاچان قايتىپ كېلىدىغانلىقىنى مەندىن سورىما، چۈنكى مەنمۇ بىلمەيمەن.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ يۈرىكىمگە بىر ئاغرىق كىرىپ كەتتى.

ــ ئاللاھنى ھاقارەتلىگەن ئادەم ئەمەلىيەتتە ئۆزىنى ھاقارەتلەيدۇ،ــ دېدىم،ــ ئۇ ئادەم بۇنى بىلسۇن-بىلمىسۇن، ئەھۋال شۇنداق.

سارايۋەن ئاغزىنى مايماقلاشتۇرۇپ ھىجىيىپ قويدى، ئاچچىقلانغانلىقى ۋە گۆدەكلەرچە تېرىكىشلىرى چىرايىدىن چىقىپ تۇراتتى.

ئۇنىڭغا سوئال قويدۇم:

ــ ئاللاھ "بىز سىلەرگە شاخ تومۇرۇڭلاردىنمۇ يېقىن" دېمىگەنمۇ؟ ئاللاھ ئەرشتە، بىزدىن شۇنچە يىراق يەردە تەختتە ئولتۇرمايدۇ، بەلكى ھەر

ۋاقىت، ھەر يەردە بىزنىڭ ئىچىمىزدە. شۇڭا ئۇ بىزنى ئەسلا تاشلىۋەتمەيدۇ. ئۇ ئۆزىنى قانداقمۇ تەرك ئەتسۇن؟

سارايۋەن بۇنىڭغا تەن بەرمەي:

ــ ئەمما سەن بولمايدۇ دېگەن ئىش بولدى. ئۇ بىزنى تەرك ئەتتى،ــ دېدى مۇزدەك تىكىلىپ،ــ ھەم شۇنىڭغا ئىشەنگىنىكى، مۇشۇنداق بولسا تېخىمۇ ياخشى. ئەگەر ئاللاھ بۇ يەردە بولسا، بېشىمىزغا تۇرلۇك بالايى ئاپەتلەر كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ تۇرۇپ جىم تۇرۇۋالسا ئۇ قانداق پەرۋەردىگار، دېگىنە قېنى؟

ــ ئۇ قىرىق نىزامىنىڭ بىرىنچىسى،ــ دېدىم سىپايىلىق بىلەن،ــ ياراتقۇچىنى قانداق سۈپەتلىسەك ئۆزىمىزگە قانداق قارايدىغانلىقىمىز ئاشكارە بولىدۇ. ئەگەر ئىلاھ دېيىلگەن ھامان ئاۋۋال " ئۇ قورقۇش، تەپ تارتىش كېرەك بولغان بىر بارلىق" دېگەن ئۇقۇم كاللاڭغا كەلسە، دېمەك سەنمۇ كۆپ ھاللاردا قورقۇنچ ۋە تەپ تارتىش ئىلكىدە تۇرغان بولىسەن. ئەگەر ئىلاھ دېيىلگەن ھامان ئاۋۋال ئۇنى ئىشق، مەرھەمەت ۋە شەپقەت دەپ چۈشەنسەڭ، ئۇ ھالدا بۇ سۈپەتلەرمۇ سەندە يېتەرلىك مەۋجۇت بولغان بولىدۇ.

ــ بولدى قىل،ــ دېدى سارايۋەن،ــ بۇ گەپنىڭ خۇدا بىزنىڭ خىيالىمىزنىڭ مەھسۇلى دېگەندىن نېمە پەرقى بار؟ مەنچە سەن...

شۇ ئەسنادا ئارقا تەرەپتە جېدەل چىقىپ، ئۇنىڭ گېپى ئۈزۈلۈپ قالدى. غەلۋە-غوغا چىققان يەرگە قارىدۇق، يوغان ئىككى ئادەم مەستلىكتە ھۆكىرەپ يۈرەتتى. ھەر ئىككىسى ھەددىدىن ئېشىپ، باشقا خېرىدارلارغا ھەيۋە قىلىپ ئۇلارنىڭ تاۋىقىدىكى ئاشنى تارتىۋېلىپ، قەدەھلىرىدىكى مەينى ئىچمەكتە ئىدى؛ كىمكى ئۇلارغا قارشى چىقسا تېخىمۇ زومىگەرلىك قىلىپ، ئالدىغا كەلگەننىڭ ھەممىسىنى نومۇسسىزلارچە ئۇرۇپ سوقاتتى.

بۇلارنى كۆرۈپ سارايۋەننىڭ غەزەپتىن چىشلىرى كىرىشىپ كەتتى:

ــ قارا ماۋۇ بەدۋىلەرگە! شۇملۇق ئىزدەپلا يۈرىدۇ ئەمەسمۇ! قارا دەرۋىش، بۇلارنىمۇ كۆرۈپ باق!

سارايۋەن گەپ قىلغاچ ئۆيىنىڭ ئۇ تەرىپىگە بېرىپ، مەست خېرىدارنىڭ گېلىنى سىقىپ يۈزىگە بىر مۇشت سالدى. ئۇ بۇنداق زەربىگە ئۇچرىشىنى ھېچ ئويلىمىغان بولسا كېرەك، يەرگە بوش تاغاردەك پۇلاڭلاپ چۈشتى، ئاغزىدىن بىلىنەر-بىلىنمەس ئېغىر تىنىقتىن باشقا تىۋىش چىقمىدى. ئەمما يەنە بىرى يامانراق چىقتى، ئۇ سارايۋەننىڭ مۇشتىغا جىنىنىڭ

بارچە تاقابىل تۇرسىمۇ، كۆپ ئۆتمەي ئۇمۇ يەرگە يىقىلدى. ساراپۋەن يەردىكى ئادەمنىڭ بېقىنىغا غەزەپ بىلەن تەپكىلى تۇردى. ئارقىدىن ئۇنىڭ قوللىرىنى ئۆتتۇكىنىپ پاشىنىسى بىلەن دەسسەپ ئەزدى. بارماقلارنىڭ غىرىسلاپ سۇنغىنىنى ئاڭلىدۇق.

ــ بولار ئەمدى!ــ دەپ ۋاقىرىدىم، ــ خەقنى ئۆلتۈرۈپ قويىسەن، شۇمۇ سىپىنىڭ مەقسىتىڭ!

مەن سوپى، جاننى جىنىم بىلەن قوغدايمەن. چۈمۈلىنىمۇ دەسسىمەسلىككە قەسەم قىلغانمەن. قۇشلارنى كۆرسەم سۇلايمان ئەلەيھىسسالام، بېلىقلارنى كۆرسەم يۇنۇس ئەلەيھىسسالام يادىمغا كېلىدۇ. جانلىقلارنى ئاسراش، قوغداش مېنىڭ ۋەزىپەم. بىرسى بىرسىگە زىيان ـ زەخمەت يەتكۈزمەكچى بولسا ئاجىز بولغىنىنى قولۇمدىن كېلىشىچە قوغدايمەن. ئەمما بىزنىڭ ئەخلاقىمىزدا غەزەپ ۋە ئالدىراڭغۇلۇق يوق. مەن پەقەت بۇ پانىي جىسمىمنى ساراپۋەن بىلەن مۇساپىر ئوتتۇرىسىدا جانسىز پەردە قىلالايمەن.

ساراپۋەن ماڭا غەزەپ بىلەن تىكىلىپ:

ــ دەرۋىش، سەن بۇ ئىشقا ئارىلاشما، بولمىسا سىپىنىمۇ ئېشەكنى ئۇرغاندەك دۇمبالايمەن،ــ دەپ تەھدىت سالدى. ئەمما ئۇنىڭ شۇنداقلا دەپ قويغانلىقىنى ھەر ئىككىمىز بىلەتتۇق.

ئۇزاق ئۆتمەي خىزمەتچى يىگىتلەر كېلىپ ئىككىسىنى قوپۇردى. قارىسام بىرىنىڭ بارمىقى، يەنە بىرىنىڭ بۇرنى سۇنۇپتۇ، بەدەنلىرى قان. ساراي قورقۇنچلۇق جىمجىتلىققا چۆكتى. ساراپۋەن ئۇلارنى شۇنداق قىلىۋەتكىنىدىن مەمنۇن بولۇپ، نوچىلىقىدىن مەغرۇرلىنىپ ماڭا كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا قاراپ قويدى. ئۇ ماڭا قاراپ گەپ قىلىۋاتسىمۇ سۆزى ھەممەيلەنگە ئورتاق ئىدى، ئاۋازى كەڭ بوشلۇقتا ئۇچۇپ يۈرگەن قۇشتەك يۈكسەلدى:

ــ كۆردۈڭمۇ دەرۋىش ئەپەندى، ئەسلىدە ئۇرۇشقۇم يوق ئىدى، لېكىن ئۇرۇشتۇم. ئۇرۇشماي قانداق قىلاي؟ بۇ يەرنى مۇشۇ خۇمسىلارغا قويۇپ بەرسەم بولامتى؟ ئاللاھ خار بەندىلىرىنى ئۇنتۇغاندا ئادالەتنى جان تىكىپ قوغداش بىزگە يۈكلىنىدۇ. ئەگەر ئۇنىڭ بىلەن پاراڭلاشماقچى بولساڭ شۇنداق دە، بىلسۇڭكى، قوزىچاقنى يالغۇز قويۇپ بەرسەڭ بۆرە بولۇپ چىقىدۇ!

ئۇنىڭدىن گۇمانلىنىپ مۆرەمنى قىسىپ قويدۇم، ئىشىككە قاراپ كېتىۋېتىپ ”خاتا ئىش قىلىۋاتىسەن“ دېدىم پەس ئاۋازدا.

— بىر زامانلاردا قوزا ئىدىم، ئەمدى بۆرە بولدۇم دېسەم خاتامۇ؟

— ياق، ئۇ دېگىنىڭ توغرا، ھەقىقەتەن بۆرە بوپسەن، بۇنى كۆرۈۋاتىمەن. ئەمما بۇ قىلغانلىرىم ھەق دەۋاتىسەن، دەل مەشەدە خاتالاشتىڭ.

سارايۋەن ئارقامدىن توۋلىدى:

— توختاپ تۇر، ئىشىمىز تېخى تۈگىمىدى. ماڭا قەرزدارسەن، ياتاق، تاماق ھەققىگە چۈشۈمنى ئۆرۈپ بەرمەكچى بولغانىدىڭ.

سارايۋەننىڭ غەپلەت ئۇچقۇنلىرى چاقناۋاتقان كۆزىگە مەھكەم تىكىلگىنىمچە ئۇنىڭغا قاراپ ماڭدىم. ئۇ ياقتۇرماسلىق ۋە گۇمان بىلەن مەندىن قېچىپ تۇرسىمۇ، ئوڭ قولىدىن تۇتۇپ ئالقىنىنى ئاچقىنىمدا غىڭ قىلالمىدى. پالچىلار، سېھىرگەرلەر ئىنسانلارنىڭ قولىدىن ئۇلارنىڭ كەلگۈسىنى كۆرەلەيدىغانلىقىنى ئېيتىشىدۇ. مەن پەقەت ئۆتمۈشىنى، ئىنساننىڭ بېسىپ ئۆتكەن، ئەمما تاشلاپ كېتەلمىگەن يوللىرىنى كۆرىمەن...

سارايۋەننىڭ ئالقىنىدىكى ئىزلارنى كۆزەتتىم، سىزىقلار چوڭقۇر ھەم يېرىق ئىدى، بىر-بىرىگە ئۇلاشمايتتى. كۆز ئالدىمدا دولقۇنسىمان سىزىقلار پەيدا بولدى. ھەر ئىنساننىڭ ئەتراپىدا رەڭگارەڭ نۇر ھالقىسى بولاتتى. بۇ ئادەمنىڭ بولسا بوز رەڭگە يېقىن سۇلغۇن كۆك رەڭ ئىدى. روھىنىڭ جەۋھىرى ئويۇلۇپ، چۆرىسى زېدىلەنگەنىدى. تاشقى دۇنياغا قارشى ئۆزىنى قوغدىغۇدەك ئىچكى قۇدرىتى ئاساسەن قالمىغانىدى. دېمەك ئۇ ئەسلىدە تېگىدىن قۇرۇپ كەتكەن گىياھ ئىدى. يوقاتقان روھي كۈچىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن جىسمانىي قۇۋۋىتىنى ھەسسىلەپ ئاشۇرغانىدى. ئىچىدىكى زەئىپلىك تېشىدا غەزەپ بولۇپ ئىپادىلىنەتتى. شۇڭا ئۇ ھە دېگەندىلا باشقىلارغا ھەيۋە سالاتتى.

يۈرىكىم تېز سوقۇشقا باشلىدى، چۈنكى يېڭى نەرسىلەرنى كۆرمەكتە ئىدىم. باشتا كۆرۈنگەن رەسىمنى گويا يىپەك پەردىنىڭ ئارقىسىدىن كۆرۈۋاتقاندەك تەستە ئىلغا قىلىۋاتاتتىم. ئارقىدىن ئۇ كۆز ئالدىمدا تولۇق نامايەن بولدى: چاچلىرى بېغىررەڭ، يالاڭئاياغ پۇتىغا قوزغۇننىڭ رەسىمى چېكىلگەن، دولىسىغا كەشتە ئىشلەنگەن قىزىل شارپا ئارتىۋالغان ياش ئايال.

— سۆيگىنىڭدىن ئايرىلىپ قاپسەن، — دېدىم، ئاندىن ئۇنىڭ سول ئالقىنىنى قولۇمغا ئالدىم.

ئايالنىڭ كۆكسى ئىششىپ كەتكەن، ھامىلدار بولۇپ، ھازىرلا تۇغىدىغاندەك قىلاتتى. ئۇ كۆيۈۋاتقان بىر ئۆيگە سولىنىپ قالغان بولۇپ، كۈمۈش ئېگەرلىك ئاتلار ئۆينى قورشاپ تۇراتتى. كۆيگەن سامان ۋە ئادەم گۆشىنىڭ پۇرىقى ئەتراپنى قاپلاپ كەتكەنىدى. ئاتلىق موڭغۇللارنىڭ پاناق بۇرۇنلىرى، دىقماق ۋە قاتتىق بويۇنلىرى، قېتىپ كەتكەن يۇرەكلىرى كۆرۈندى، چىڭگىزخان لەشكەرلىرى...

— بىر ئەمەس، ئىككى ئادىمىڭدىن ئايرىلىپ قاپسەن،— دەپ تۇزەتتىم گېپىمنى،— ئۇ چاغدا ئايالىڭ تۇنجى بالاڭغا ھامىلدار ئىكەندۇق.

سارايۋەن كۆزىنى قىسىپ، ئۆتۈكىگە قارىدى، بېشىنى كۆتۈرمەي لېۋىنى چىشلەپ تۇرۇپ كەتتى، ئاندىن تەرى شۇنداق تۇرۇلدىكى، چىرايى سىرلىق تۈس ئالدى. شۇئان ئۇ ماڭا ھازىرقىدىن خېلى بەك قېرىپ كەتكەندەك كۆرۈندى.

— گەرچە ساڭا تەسەللىي بولالمىسىمۇ گېپىمنى دەۋالاي،— دېدىم ئاستا،— خوتۇنۇڭنىڭ بېشىغا چىققىنى ئوتمۇ ئەمەس، ئىس-تۈتەكمۇ ئەمەس. تورۇستىكى ياغاچتىن بىرسى ئۇستىگە چۈشۈپ شۇ ھامان، يەنى ھېچ قىينالمايلا جان بەردى. سەن بولساڭ ئۇنىڭ قانچىلىك ئازاپ چەككىنىدىن ۋەھىمە يەپ يۈردۈڭ. ئۇنداق بولمىدى.

سارايۋەن قاپىقىنى تۈردى، ئۇ كۆتۈرۈپ قويغۇسىز يۈكىنىڭ ئاستىدا بەل قويۇۋەتكەندەك قىلاتتى. ” بۇ ئىشلارنى نەدىن بىلىسەن، سېھىرگەرمۇسەن؟“ دېدى ئەلەم بىلەن.

سوئالنى ئاڭلىماسقا سالدىم.

— خوتۇنۇمنى لايىقىدا دەپنە قىلالمىدىم دەپ ئۆزەڭنى ئەيىبلەپ كېلىۋاتىسەن، يامان چۈشلىرىڭدە دائىم ئۇنىڭ بىر كاماردىن ئۆمىلەپ چىقىدىغانلىقىنى كۆرۈپ تۇرۇۋاتىسەن، ئەمما ئوي-خىيالىڭ ساڭا ئويۇن كۆرسىتىۋاتىدۇ. ھالبۇكى، خوتۇن-بالاڭ ھازىر پەۋقۇلئاددە بىر ھالەتتە، نۇر زەررىچىلىرىدەك يەڭگىل، ئەركىن ھالدا ئەبەدىيەت ئالەمىنى كەزمەكتە.

ئاندىن سۆزۈمنى دەرھال خۇلاسىلىدىم:

— خالىساڭ يەنە قوزا بولالايسەن، چۈنكى ئۇ ئىچىڭدە بار. ئۆزەڭنى تېخى يوقىتىپ قويمىدىڭ.

سارايۋەن بۇ گەپنى ئاڭلا-ئاڭلىمايلا قولىنى ئوتتىن تارتىۋالغاندەك تارتىۋېلىپ مەندىن يىراقلاشتى.

— ماڭا قارا دەرۋىش، سەندىن بىزار بولدۇم،— دەپ غۇدۇرلىدى ئۇ.— بۇ كېچە بۇ يەردە قونساڭ بولىدۇ. ئەمما ئەتە تاڭ ئاتقاندا يوقىلىسەن. بۇ ئەتراپتا سېنى ئىككىنچى كۆرۈپ قالماي!

بېشىمنى لىڭشىتتىم، چۈشەندىم.

ئەھۋال شۇنداق، راست گەپ قىلساڭ ئاچچىقلاپ تېرىكىپ كېتىدۇ. ئىشقتىن گەپ باشلىساڭ سەپرايى ئۆرلەپ، غەزەپلىنىپ سەندىن نەپرەتلىنىدۇ.

ئېللا

بوستون، 2008 ـ يىل 18 ـ ماي

ئېللا چوڭ قىزى ۋە ئېرى بىلەن خاپىلىشىپ قالغاندىن كېيىن ئۆيدە شۇنداق جىددىي كەيپىيات ھۆكۈم سۈردىكى، «ئىشق شەرىئىتى»نى ئوقۇشقا ۋاقىت چىقىرالمىدى. ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا گويا نەچچە ۋاقىتتىن بېرى قايناپ كەلگەن قازاننىڭ تۈۋىقى تۇيۇقسىز ئېچىلىپ كەتكەندەك، ئىچىدىكى ھور ۋە ھورنىڭ بېسىمى سىرتقا چىقىپ كەتكەندەك بولدى. كونا زىددىيەتلەرگە يېڭى خاپىلىقلار قېتىلدى. ئەپسۇس، ئۇ تۇۋاقنى ئېچىۋەتكىنى ئېللا ئىدى، ئۇنى ئاز كەلدى دەپ، سكوتقا تېلېفون قىلىپ، قىزى بىلەن توي قىلىش ئىشىنى قايتا ئويلىشىپ بېقىشىنى ئېيتىپ، ئىشنى بۇزدى.

كېيىن ئۇ تېلېفوندا دېگەن شۇ گەپلىرىگە پۇشايمان قىلاتتى، ئەمما ھازىر ئەمەس. 18 ـ مارت كۈنى سەۋەبىدىن شۇنچىلىك خاتىرجەم ئىدىكى، تاغدەك يۈلەنچۈكى باردەك چوڭ گەپ قىلىپ، بىرسىنىڭ تۇرمۇش ئىشىغا ئارىلىششتىن قىلچە تەپ تارتمىدى.

— ياخشىمۇسىز سكوت، مەن ئېللا، جېنېتنىڭ ئانىسى،— دېدى ئۇ قىزىنىڭ ئوغۇل دوستىغا تېلېفون قىلىشىنى نورمال ئىش ھېسابلايدىغاندەك تېتىك، ئازادە سۆزلەشكە تىرىشىپ،— سىز بىلەن ئازراق پاراڭلاشسام بولامدۇ؟

— رۇبىنستېين خانىممۇسىز؟ قۇلىقىمغا ئىشەنمەي قالدىمغۇ؟ ئەلۋەتتە بولىدۇ،— دېدى سكوت تىلى تۇتۇلۇپ قالغاندەك كېكەچلەپ ھەم شۇنچە ھودۇقۇپ كېتىۋاتسىمۇ سۈپىتىنى چۈشۈرمەسلىككە تىرىشىپ.

ئېللامۇ ئەدەپ، ھۆرمەت بىلەن سكوتقا ئۇنى قوبۇل قىلالماسلىق مەسىلىسىنىڭ يوقلۇقىنى، شۇڭا بۇ گەپنى ئۇنىڭ خاتا چۈشىنىپ

قالماسلىقى كېرەكلىكىنى، پەقەت ئۇنىڭ قىزى بىلەن توي قىلالمىغۇدەك دەرىجىدە كىچىك، ئىشەنچسىز ۋە تەجرىبىسىز ئىكەنلىكىنى ئېيتتى. بۇ قېتىمقى تېلېفوندا كۆرۈشۈش بەلكىم ئۇنىڭ كۆڭلىگە ئازار بېرىدۇ، ئۇنى ئازابلايدۇ. ئەمما ئۇ ئېللانىڭ نېمە دېمەكچى بولغانلىقىنى ئۇزاق ئۆتمەي چۈشىنىدۇ ۋە راستىكەن دەيدۇ؛ ھەتتا ۋاقتىدا ئاگاھلاندۇرغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭغا رەھمەت ئېيتىدۇ. گەپنى جىمجىتلا يىغىشتۇرۇش ۋە بۇ قېتىم تېلېفوندا كۆرۈشكەن پاراڭلارنى جېنېتقا يەتكۈزۈشنىڭ پايدىسى بار ئىدى. ئېللا بۇلارنى بىرمۇ بىر سۆزلىدى.

تېلېفون شۇنچىلىك ئېغىر جىمىپ كەتتىكى...

ئاخىر سكوت گەپ قىلالىغۇدەك كۈچكە كېلىپ:

— رۇبىنستېين خانىم، سىز بىزنى چۈشەنمىگەندەك قىلىسىز،— دېدى،— جېنېت ئىككىمىز بىر-بىرىمىزگە ئاشىق.

مانا كۆرۈڭ! يەنە ئاشىقمۇ كونا پاراڭ! ئادەملەر نېمىشقا بۇنداق سادda، ئەخمەق بولىدىغاندۇ، ھەيران قالدى ئېللا. ئاشىق-مەشۇقلار بىرلەشسە چۆلدە قالسىمۇ باغدا ياشىغاندەك بولامدىغاندۇ؟ ئىشق-مۇھەببەت دېگەن قۇتلۇق، سېھىرلىك كالتەك، بىر نەرسىگە تېگىپ كەتسىلا ئۇنى كارامەتكە ئىگە قىلىۋېتىدۇ.

ئەمما ئېللا كاللىسىدا ئويلىغانلىرىنى قويۇپ تۇرۇپ، مۇنداق دېدى:

— ھېسسىياتىڭلارنى چۈشىنىمەن. ئەمما سىلەر تېخى كىچىك. كىم بىلىدۇ، ئەتە باشقا بىرسىنى ياخشى كۆرۈپ قېلىشىڭلار مۇمكىن.

— رۇبىنستېين خانىم، ئالدىراپ مۇنداق دېمەڭ، ئەگەر مۇنداق ئېھتىماللىق بولسا ھەممە ئادەم، ھەتتا سىزمۇ شۇنىڭ ئىچىدە، شۇنداق ئەمەسمۇ؟ سىزمۇ بەلكىم ئەتە باشقا بىرسىنى ياخشى كۆرۈپ قېلىشىڭىز مۇمكىن.

ئېللا ئاچچىق كۈلدى:

— مەن ئۆي-ئوچاقلىق ئايال، ئۆمۈرلۈك ھەمراھىمنى تاللاپ بولغانمەن، ئېرىممۇ شۇنداق. ساڭا دېمەكچى بولغىنىم شۇ، سكوت. توي قىلىش ئويىنىشىدىغان ئىش ئەمەس، ئويلاپ ئىش قىلىشىڭ كېرەك.

— يەنى سىز مېنى ئەتە باشقا بىرسىگە ئاشىق بولىدۇ دەپ ئويلاپ، بۇگۈن سۆۋدالارچە سۆيگەن قىزدىن ۋاز كەچ دېمەكچىمۇ؟— دەپ سورىدى سكوت.

ئەمدى پاراڭلار گويا تۆپىدىن موللاق ئېتىپ دومىلىغانغا ئوخشاش پەسكويغا چۈشتى. ئارىلىرىدىكى ئۈمىد-ئارزۇلار، ئازار بېرىشلەر،

كۆتۈلمىگەن كۆڭۈلسىزلىكلەر، گەپتە چىقمىغۇلىشلار... بىر-بىرىگە ئارىلىشىپ كەتتى. تېلېفوننى قويغاندا ئېللانىڭ قوللىرى ئاچچىقتىن تىترەيتتى، ئۇ دەرھال ئاشخانىغا ماڭدى ۋە قاچان ئىچى سىقىلسا شۇ چاغدا قىلىدىغان ئىشنى باشلىدى: تاماق ئېتىش!

* * *

يېرىم سائەتتىن كېيىن ئۇنىڭ ئېرىدىن تېلېفون كەلدى.

— قۇلىقىمغا ئىشەنمەي قالدىم ئېللا، قىزىم بىلەن توي قىلما دەپ سكوتقا تېلېفون قىلىپسەن، مۇشۇنداق ئىشمۇ بولامدۇ؟ بۇنداق بىمەنە ئىش قىلمىدىم دېگىنە قېنى.

ئېللا تۇرۇپلا قالدى:

— پاھ، خەۋەرلەر نېمانچە تېز، شۇنداق، ئۇنىڭغا تېلېفون قىلدىم. ماقۇل دېسەڭ، مەن ساڭا چۈشەندۈرەي...

ئەمما داۋىدنىڭ ئۇنىڭغا ماقۇل بولغۇدەك ھالى يوق ئىدى. تاقەتسىزلىك بىلەن يەنە گەپ باشلىدى:

— چۈشەندۈرگىدەك نېمە ئىش بار؟ نېمىشقا بۇنداق قىلىسەن؟ سكوت جېنېتقا ھەممىنى دەپتۇ. قىزىڭ ھازىر ھوشىنى بىلمەيدۇ. لائورادا بىر قانچە كۈن تۇرغۇدەك، سېنى كۆرۈشنى خالىمايدىكەن...

داۋىد بىر دەم تۇرىۋېلىپ سۆزىنىڭ ئاخىرىنى ئېيتتى:

— ساڭا دېسەم، بۇنداق ئويلىشىڭنى خاتا دەپ كەتكىلى بولمايدۇ. لېكىن باشقىلارنىڭ تۇرمۇشىغا نېمانچە ئارىلىشىۋالىسەن؟

ئۇ كېچە ئۆيگە كەلمىگەن پەقەت جېنېتلا ئەمەس، داۋىدمۇ ئېللاغا ئۇچۇر يوللاپ، جىددىي بىر ئىشى چىقىپ قالغانلىقىنى، ئۆيگە قايتالمايدىغانلىقىنى ئېيتتى، قانداق ئىش ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرمىدى.

ھالبۇكى، داۋىد ئىلگىرى ئەر-ئاياللىق تۇرمۇشىدا خىلاپ كېلىدىغان بۇنداق ئىشنى قىلىپ باقمىغانىدى، ئۇنىڭ گۈلدىن گۈلگە قونۇپ يۈرىدىغانلىقى ئېنىق. بەلكىم باشقا ئاياللار بىلەن يېتىپ قوپىدۇ، ھەتتا ئۇلارغا پۇل دېگەننى سورۇپ چاچىدۇ. نېمە بولسا بولسۇن، ئېللا ئۇلارنىڭ ھەممىسىگە كۆنۈپ كەتتى. ئەمما ئېرى بۇگۈنكىچە ھەر ئاخشىمى ئۆيگە ۋاقتىدا كېلىپ، تاماق شىرەسىدە ئۆزىنىڭ جايىنى تېپىپ ئولتۇراتتى. مۇناسىۋىتى ھەر قانچە يىرىك بولسىمۇ ئېللا ئۇنىڭغا داۋاملىق تاماق ئېتىپ بەرگەن، داۋىد بولسا ئالدىدىكى تاماقنى تەبەسسۇم ۋە مىننەتدارلىق بىلەن يەپ كەلگەنىدى. ھەر قېتىم تاماقتىن كېيىن داۋىد چىن

كۆڭلىدىن ”قولۇڭغا دەرت كەلمىسۇن“ دەيتتى. ئېللا بۇ سۆزنى ئاڭلىغان ھامان ئېرىنىڭ يوشۇرۇن ھالدا ئۆزىدىن ئۆزۈر تىلەۋاتقانلىقىنى ھېس قىلاتتى ـ دە، ئۇنى ئەپۇ قىلاتتى، دائىم شۇنداق قىلىپلا كەلگەنىدى.

ئەمدىلىكتە ئېرى تۇنجى قېتىم مۇشۇنداق ئەخمەقلىق قىلىۋاتاتتى. ئېللا بۇ ئەھۋاللارنى كۆرۈپ ئۆزىنى ئەيىبلىدى. ھالبۇكى، ئەسلىدىمۇ ئۇ ئۆزىنى دائىم گۇناھكار دەپ قارايدىغان، باشقىلارنىڭ خاتالىقىنى ئۆزىگە بېسىم قىلىۋالىدىغان ئايال ئىدى.

* * *

قوشكېزەك باللىرى بىلەن بىللە ئولتۇرغىنىدا ئېللانىڭ گۇناھكارلىق تۇيغۇسى قايغۇ ـ ھەسرەتكە ئالماشتى. ئۇ ئاۋۇنىڭ پىسسا يەيمەن دېگەن غەلۋىسىگىمۇ، ئورلىنىڭ ھېچنېمە يېمەيمەن دەپ تۇرىۋېلىشلىرىغىمۇ پەرۋا قىلمىدى. ھەر ئىككىسىگە لىقمۇلىق كۆك پۇرچاق ۋە باشقا پىشۇرۇلغان سەيلەرنى بەردى. بىر قارىسا ئۇ يەنىلا باللىرى بىلەن شۇنداق يېقىن، رىشتىسى چىڭ باغلانغان ئانا ئىدى، ئەمما كۆڭلىدىكى غېرىبلىق كۇنسېرى كۈچىيىۋاتاتتى، پەرىشان ۋە ھارغىن ئىدى.

غېرىبلىقتا گويا ھامىلدار ئىدى، ھەر مىنۇت، ھەر سائەتتە ئۇنىڭ ئىچىدە يوغىناۋاتاتتى بۇ تۇيغۇ، بىر كۈنى چوقۇم تۇغۇۋېتەتتى ـ دە بۇ تۇيغۇلىرى بىلەن دىدارلىشاتتى. ئەمما ئۇ چاغدا نېمە قىلىشىنى بىلمەيتتى.

تاماقتىن كېيىن باللار ئۆز ھۇجرىلىرىغا كىرىپ كەتكەندە ئېللا تاماق جوزىسىدا يالغۇز قالدى. شۇئان ئەتراپىدىكى جىمجىتلىق ئۇنىڭغا ئېغىر كەلدى، ۋەھىمىلىك خىياللاردىن يۈرىكى ئېزىلدى. نەچچە سائەت جاپا چېكىپ، تەر تۆكۈپ ئەتكەن تاماقلار شۇ ئەسنادا كۆزىگە زېرىكىشلىك، تېتىقسىز كۆرۈنۈپ كەتتى. ئۆزىگە ئىختىيارسىز ئىچ ئاغرىتتى. ئۇ قىرىق ياشقا كىرەي دەپ قالغانىدى، بۇ دۇنيادا ساق 40 يىل ياشىغانىدى. ئۆمرۈمنى بىھۇدە ئۆتكۈزدۈممۇ نېمە دەپ ئويلاپ چۆچۈپ كەتتى. ئۇنىڭ قەلبىدە چەكسىز مۇھەببەت بار تۇرۇقلۇق، ھېچكىم ئۇنىڭدىن سۆيگۈ تەلەپ قىلمايۋاتاتتى.

ئۇنىڭ خىيالى «ئىشق شەرىئىتى»گە كەتتى، شەمس تەبرىزىنىڭ ئىشلىرى ئۇنىڭ دىققىتىنى قوزغىغانىدى. ” قېشىمدا شۇنداق بىرى

بولسىدى، ــ دەپ ئۆزىگە سۆزلىدى چاقچاق قىلىۋاتقاندەك.ــ تۇرمۇشۇم چوقۇم مەنىلىك بولاتتى“.

خىيالىغا دەرھال تېرە ئىشتان بىلەن موتوسىكلىتچىلارنىڭ چاپىنىنى كىيىۋالغان، ئېگىز بوي، قارا چاچلىق، قارا كۆزلۈك، سىرلىق بىر ئادەم كەلدى. ئۇنىڭ مۈرىسىگە چۈشكۈدەك چاچلىرى بولسا، ئامېرىكىنىڭ ”ھارلى داۋىدسون“ ماركىلىق قىپقىزىل موتوسىكلىتنى مىنىپ، رولىغا رەڭگارەڭ لېنتىلارنى ئېسىپ ماڭسا... ئۇ خىيالىدىكى بۇ كۆرۈنۈشلەرگە كۈلمەي تۇرالمىدى. يۇقىرى سۈرئەتلىك يولدا ئۆزى يالغۇز ئەڭ تېز سۈرئەتتە كېتىۋاتقان كېلىشكەن، ئەركەكلىكى ئۇرغۇپ تۇرغان، سىرلىق بىر سوپى موتوسىكلىتچى! مۇبادا ئۇ ھازىر شۇ يولغا چىقىپ موتوسىكلىتنى توسسا، ئۇ ئادەم ئۇنى كەينىگە مىندۈرۈۋالسا، كارامەت ئىش بولاتتى ـ دە!

”شەمس تەبرىزى مېنىڭ ئالقىنىمغا قاراپ باققان بولسا ئۆتمۈشۈمدىن نېمە كۆرەر بولغىيدى؟“ دەپ ئويلاپ قالدى ئۇ. مۇشۇنداق ناچار پەيتتە نېمىشقا ئېغىر ئەندىشە، ۋەھىمىگە چۆكىدىغانلىقىمنى چۈشەندۈرۈپ بېرەلەرمىدى؟ شۇنچە چوڭ ئائىلىسى تۇرۇپ نېمىشقا ئۆزىنى يالغۇز، غېرىپ ھېس قىلىدىغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى ئېيتىپ بېرەر بولغىيمىدى؟ ئېللا بۇنىڭغا قىزىقىپ قالدى، ئۆزىنىڭ ئەتراپىدىمۇ بىر نۇر ھالقىسى بولغىيمىدى؟ ئەگەر بولسا ئۇ قانداق رەڭلەردىن شەكىللەنگەن؟ رەڭلىرى پارلاق بولغىيمىدى، سولغۇنمۇ؟ كېيىنكى ۋاقىتلاردا ھاياتىدا پارلاق بولغىنى نېمە بولغىيدى ياكى ھېچنېمە يوقمىدۇ؟

شۇ ئەسنادا ئۇ يەردە، ئوچاقتىن چىقىۋاتقان غۇۋا نۇرنىڭ يورۇقىدا ئاشخانا شىرەسىنىڭ يېنىدا يالغۇز ئولتۇرغان، ئۈچ بالىنىڭ ئانىسى بولغان ئېللا رۇبىنستېين شۇنى ھېس قىلدى: مۇھەببەتنى ئىنكار قىلىپ، ئۇنىڭغا جان جەھلى بىلەن قارشى تۇرسىمۇ، ئۇنىڭ يامان گېپىنى قىلىپ كەلسە ـ كەلمەس سۆزلىسىمۇ، ئۆزى ئەسلىدە مۇھەببەتكە ئۆلگۈدەك تەشنا ئىدى، ئۇنىڭغا ئېرىشەلمىگىنىدىن ھەسرەت چېكەتتى.

شەمس

سەمەرقەند ئەتراپىدىكى بىر كارۋانساراي، 1242 ـ يىل مارت

كارۋانسارايىنىڭ ئىككىنچى قەۋىتىدىكى ياتاقتا 12 مۇساپىر بولۇپ، غېرىبلىق يۇكىنى بويىنىغا تۇگمەن تېشىدەك ئارتىۋېلىپ شىرىن چۈش

كۆرۈپ ياتىدىغان بۇ ئادەملەرنىڭ ئارىسىدىن چاڭ-توزان، تەر ۋە سېسىق پۇرايدىغان بوش يەر تاپتىم. ئۇ يەردە ئوڭدىچە سوزۇلۇپ، بولۇپ ئۆتكەن ئىشلارنى بىرمۇ بىر ئەسلىدىم. ئۆزەم شاھىد بولۇپ تۇرۇقلۇق ئالدىراقسانلىقىم ياكى غاپىللىقىم تۈپەيلىدىن قەدرىنى بىلەلمىگەن، ئىدراك قىلىشقا ئۈلگۈرەلمىگەن بىرەر ئىلاھىي ئىشارەتكە يولۇققان بولغىيمىدىم؟ ئۆتكەن كۈنلىرىمنىڭ ھەممىسىنى مۇشۇ نەزەردە كۆزدىن كەچۈرۈپ چىقتىم. ھەقتائالاغا ئۇزۇندىن ئۇزۇن شۈكرى قىلدىم.

بالىلىقىمدىن بېرى ئۇ دۇنياغا بېرىپ سىرلارنى بايقايتتىم، غايىب ئاۋازلارنى ئاڭلايتتىم، پەرۋەردىگار بىلەن سۆھبەتلىشەتتىم. ئۇمۇ ماڭا جاۋاب بېرەتتى، بايان قىلاتتى، چۈشەندۈرەتتى. كۈنلەرنىڭ بىرىدە گويا پىچىر-پىچىر ئاۋازدەك يەڭگىللەپ، ئەرشنىڭ يەتتىنچى قەۋىتىگە ئاستا چىقاتتىم. ئاندىن ئېغىرلىشىپ زېمىننىڭ ئەڭ چوڭقۇر يېرىگە چۈشۈپ، بامبۇك، كاشتان، بۇك دەرىخى ئۆسكەن قىيالار زىننەتلەپ تۇرغان زېمىنغا سىڭىپ كېتەتتىم. گاھ ئۇ يەردە، گاھ بۇ يەردە ئىدىم. بەزىدە ئىشتىھايىم تۇتۇلۇپ، نەچچە كۈنگىچە بىر لوقماي تائام يېيەلمەيتتىم، پاراڭلىشىشنى ئۇنتۇپ قالاتتىم، سۆزلەر كاللامدىن چىقىپ كېتىپ ئاندىن كۆچمەن قۇشلاردەك قايتىپ كېلەتتى. بۇلارنىڭ ھېچقايسىسى مېنى قورقۇتالمايتتى، شۇنداقتىمۇ بۇنىڭ باشقىلارغا غەلىتە كۆرۈنىدىغانلىقىنى بىلەتتىم. ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن شۇنى بىلدىمكى، ئىلاھىي ئىشق ھالىدىن باشقا ئىشلارنى دەپ يۈرمەسلىك كېرەككەن. ئىنسانلار ئۆزى چۈشىنەلمىگەن ئىشلارنى ئەيىبلەشكە مايىل. بۇ قائىدىنى ئۆز تەجرىبەمدىن نەچچە رەت ھېس قىلدىم.

ئۇ دۇنياغا بېرىپ كەلگىنىمگە غەيرى كۆزدە قارىغان، كەشىفلىرىمدىن[1] ھۈركىگەن ھەم ماڭا تەنبىھ بەرگەن تۇنجى ئادەم ئۆز ئاتام ئىدى. ئون ياشلاردا بولسام كېرەك، شۇ چاغدا قوغدىغۇچى پەرىشتىلىرىمنى ھەر كۈنى دېگۈدەك كۆرۈشكە باشلىغانىدىم. باشقىلارمۇ ئۇنى مەن كۆرگەندەك كۆرىدۇ دەپ ئويلايدىغان ساددا ۋاقىتلىرىم ئىدى. ئاتام بولسا مېنى ئۆزىدەك ياغاچچى قىلىشنى ئويلايتتى. بىر كۈنى ئۇ ماڭا ئارچا ياغىچىدىن ساندۇق ياساشنى ئۆگىتىۋاتقاندا ئاغزىم قىچىشىپ، قوغدىغۇچى پەرىشتىلىرىم ھەققىدە سۆزلەپ سالدىم.

— قارا سېنى، خىيالنى بەك تولا قىلىدىكەنسەن،— دېدىم ئاتام،— بۇ گەپلىرىڭنى بىر كىمگە دەپ يۈرمە، خەقنى بىزار قىلىسەن.

[1] كەشىف— يوشۇرۇن ئىشلارنى بىلمەك، بىلىنمىگەن نەرسىنى بايقاش، ئالدىن بېشارەت بېرىش.

بىر نەچچە كۈن ئاۋۋال قوشنىلاردىن بىر نەچچىسى كېلىپ دادام ـ ئاناملارغا شىكايەت قىلغانىدى، غالىتە ئىشلىرىم بىلەن ئۇلارنىڭ بالىلىرىنى قورقىتىپتىمىشمەن.

ــ ماڭا قارا بالام، ئامۇتمۇ ئامۇت دەرىخىنىڭ تۈۋىگە چۈشىدۇ. بالا دېگەن ئاتا ـ ئانىسىغا ئوخشايدۇ. چۈشەندىڭمۇ؟ سەنمۇ شۇنىڭ ئىچىدە،ــ دېدىم دادام،ــ بىزگە ئوخشاش ئادەتتىكى ئىنسان ئىكەنلىكىڭنى نېمىشقا ئېتىراپ قىلغىلى ئۇنىمايسەن؟

دەل شۇ پەيتتە، ئاتا ـ ئانامنى ياخشى كۆرسەممۇ، ئۇلارنىڭ مېھىر ـ مۇھەببىتىگە شۇنچە تەشنامەن دەپ ئويلىساممۇ، ھەر ئىككىسىنىڭ ماڭا يەنىلا يات ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدىم.

ــ ئاتا، سەنمۇ بىلىسەن، سېنىڭ بۇ ئوغلۇڭ باشقا قېرىنداشلىرىغا ئوخشىمايدىغان بولۇپ تۇغۇلدى. خالىساڭ مېنى توخۇلار تەرىپىدىن بېقىپ چوڭ قىلىنغان ئۆدەك چۆجىسى دەپ بىل. شۇنىڭغا ئىشەنگىنكى، مەن ئۆمرۈمنى توخۇ كاتىكىدە ئۆتكۈزمەيمەن. سىلەر كىرىشتىن قورققان سۇدا مەن يايراپ كېتىمەن. چۈنكى مەن سۇ ئۈزەلەيمەن، سىلەر ئۈزەلمەيسىلەر. مېنىڭ جايىم دېڭىز ـ ئوكيان، ئەگەر مەن بىلەن بىللە ياشىماقچى بولساڭلار دېڭىزغا كىرىڭلار؛ ئۇنداق قىلالمىساڭلار، يولۇمنى توسماي ئۆز كاتىكىڭلاردا قېلىڭلار.

دادامنىڭ كۆزلىرى پال تېشىدەك يوغىناپ، چەكچىيىپ، ھالسىز، دەرمانسىز تۇرۇپ قالدى.

ــ ئۆز ئاتاڭ بىلەن بۈگۈن بۇنداق گەپ تالاشساڭ،ــ دېدى كەسكىن تەلەپپۇزدا،ــ چوڭ بولساڭ دۈشمەنلىرىڭ بىلەن قانداق گەپ تالىشارسەن؟

ئاتا ـ ئانامنىڭ ئويلىغىنىنىڭ ئەكسىچە، چوڭ بولغانسېرى كەشىفلىرىم يوقاپ كەتمەستىن بەلكى تېخىمۇ كۆپەيدى ھەم تېخىمۇ جەزىبىلىك تۈس ئالدى. چوڭلارنىڭ ئاچچىقىنى كەلتۈرىدىغانلىقىمنى بىلەتتىم. ئۇلارنى خاپا قىلغىنىمدىن ئۆكۈنەتتىم. ئەمما ئۇ دۇنياغا ئائىت كەشىفلىرىمنى قانداق توختىتالايدىغانلىقىمنى بىلمەيتتىم. ئەمەلىيەتتە، ئۇنى بىلگىنىم بىلەنمۇ توختاتقۇم يوق ئىدى.

ئۇزاق ئۆتمەي ئۆيدىن ئايرىلىپ، ئىككىنچى قايتىپ بارمىدىم. ھەزرىتى لۇتنىڭ خوتۇنى شەھەرنى تاشلاپ چىققاندا ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ قاراپ، شۇ پېتى قېتىپ قالغانىكەن. مەن بولسام تەبرىزگە بىر قېتىممۇ قاراپ قويمىدىم. تۇغۇلغان يېرىمنىڭ نامى قەلبىمدە ھازىرمۇ كەكرىدەك يېقىمسىز تۇيۇلىدۇ، شۇ قەدەر نازۇك، سەزگۈر بىر سۆزكى، تەلەپپۇز قىلغان

هامان تىلىمدا شەبنەمدەك ئېرىپ كېتىدۇ. تەبرىزنى ئەسلىگەن هامان ئۈچ خىل پۇراق— خەشەك، نېپىز نان، يېڭى ياغقان يۇمشاق قارنىڭ پۇرىقى مېنى ئورىۋالىدۇ.

شۇندىن بۇيان جاهان كېزەر ئابدالمەن، زېمىندا مەڭگۈ سەرسانمەن. بېشىمغا ياستۇق قىلغان بىر تاشقا قايتا باش قويمىدىم، بىر قاچىدا ئىككى قېتىم تاماق يېمىدىم، جەندە كۆلاهىم ئاستىدىن هەر كۈنى ئوخشىمىغان مەنزىرىلەرنى تاماشا قىلدىم. ئاچ قالغىنىمدا چۈشلەرگە تەبىر بېرىپ ئۈچ-تۆت تەڭگە تاپتىم، تاپقىنىمنى مۇهتاجلارغا تارقاتتىم. شۇ هالدا شەرقتىن غەربكە، شىمالدىن جەنۇبقا يەتتە ئىقلىمنى كېزىپ، تاغ-داۋانلاردا هەقىقەت ئۈچۈن هەقتائالانى ئىزدىدىم. ياشاشقا تېگىشلىك هاياتنىڭ ۋە بىلىشكە تېگىشلىك ئىلىمنىڭ كويىدىمەن، يۇرت-ماكانسىزمەن. ئۆزەمنى ئۇ زاتتا (ئاللاهتا) يوق قىلغىنىمدىن بېرى ئۆلمەي تۇرۇپ ئۆلگەنمەن، باشلىنىشىمۇ، ئاخىرلىشىشىمۇ يوق. قەلەندەر ياكى غېرىب ئەمەسمەن. هېچكىمگە مۇهتاج بولمىدىم، هېچكىمگە بېسىم قىلمىدىم. بىراق مېنى شامالدا قالغان غازاڭ دەپ قالماڭلار، ئاغزى بار، تىلى يوق دەرۋىش ئەمەسمەن، بەلكى ئۆزەم نەگە بېرىشنى خالىسام شۇ ياققا بارىدىغان غەرب شامىلىمەن.

ساياهەتلىرىمدە مۇشەققەتلىك يوللارنى باستىم، مەشهۇر ئۆتەڭ بازارلاردىن، ئىنسۇ جىن كۆرۈنمەيدىغان، نامۇ نىشانى قالمىغان جىلغىلاردىن ئۆتتۈم. قارا دېڭىز ساهىللىرىدىن ئەجەم دىيارلىرىغا، ئەرەبىستاننىڭ چۆل-جەزىرىلىرىدىن پالتا تەگمىگەن قويۇق ئورمانلىقلارغا، يايلاقلاردىن بوز دالىلارغا باردىم. مىڭلىغان كارۋانساراي، راباتلاردا قوندۇم. كۈتۈبخانىلاردا ئالىم-ئۆلىمالار بىلەن تونۇشتۇم، ئارىفلاردىن سورىدىم، ساراڭلار بىلەن پاراڭلاشتىم. بېرەلمىگەن جاۋابلىرىنى ئۇلارنىڭ سۈكۈتلىرىدىن تاپتىم. ئىبادەتخانىلار، مازارلار، خارابىلىقلارنى كەزدىم، غار ئىچىدە بېكىنىپ ئىبادەت قىلىۋاتقان زاهىتلار بىلەن بىللە تەپەككۇر دېڭىزىغا غەرق بولدۇم. دەرۋىشلەر، شەيخلەر بىلەن بىللە زىكرى-تەسبىھ ئېيتتىم. تولۇن ئاينىڭ ئاستىدا شامانلار بىلەن ئۇسسۇل ئوينىدىم. مەدداهلاردىن قىسسەلەر ئاڭلىدىم. هەر خىل ئېتىقاد، هەر خىل تەبىئەتتىكى ئىنسانلارنى كۆردۈم. بىرسىنى بىرسىدىن ئۈستۈن چاغلىمىدىم. ياراتقۇچىنىڭ ئۇلۇغلۇقى سەۋەبىدىن يارىتىلغاننىڭ هەممىسىنى ياخشى كۆردۈم. نامراتلىقتا ئىڭراۋاتقانلارنىمۇ، ئەيش-ئىشرەت، كەيپ-ساپا سۈرۈپ يۈرۈۋاتقانلارنىمۇ كۆردۈم: كارامەتلەرنىمۇ،

مۆجىزىلەرنىمۇ بىلىمەن. نامراتلىقتىن ۋەيران بولغان يېزىلار، كۆيۈپ قارىداپ كەتكەن ئېتىزلار، قان ئاققان دەريالار، يەتتە ياشتىن يەتمىش ياشقىچە بىرمۇ ئەركەك قالمىغۇدەك دەرىجىدە بۇلاپ ـ تالىنىپ، خانىۋەيران قىلىنغان بازارلارنى كۆردۈم. ئىنساننىڭ ئەڭ ئۇلۇغ ئىشىدىن ئەڭ رەزىل ئىشىغىچە ھەممىسىگە شاھىد بولدۇم. ھېچقانداق ئىشقا ھەيران قالمايدىغان بولدۇم. ئاڭلىدىم ھەم ئىتائەت قىلدىم.

ھەر بىر بالايى ئاپەت ۋە تەجرىبە ـ ساۋاقتىن كېيىن ھېچقانداق كىتابقا يېزىلمىغان، پەقەت جان دەپتىرىمگە يېزىقلىق نىزاملارغا يېڭىدىن بىرسىنى قوشۇپ ئۇلارغا " كۆڭلى ـ كۆكسى كەڭ، روھى ئەركىن سوپىلارنىڭ قىرىق نىزامى" دەپ نام بەردىم. بۇ نىزاملار مەن ئۇچۇن تەبىئەت نىزاملىرىدەك ئالەمشۇمۇل ھەمدە شۇلاردەك ئاساسىي قانۇنىيەتتۇر.

بۇ قىرىق نىزامنى تاماملىشىمغا كۆپ يىللار كەتتى. نەچچىسىنى قايتا ـ قايتا ئۆچۈرۈپ يېڭىدىن يازدىم. ئەمدى بۇنىڭغا قوشىدىغان چېكىت، پەش، بىرەر ھەرپ ياكى سۆزمۇ قالمىدى. قىرىق نىزامنىڭ ئاياغلاشقىنىغا قارىغاندا ئۆمرۈممۇ ئاخىرقى باسقۇچقا بېرىپ قالدى. نەچچە ۋاقىتتىن بېرى كۆرۈۋاتقان بېشارەتلەرمۇ بۇنى ئىسپاتلايدۇ. مېنىڭ قايغۇرىدىغىنىم ئۆلۈم ئەمەس، چۇنكى ئۆلۈمنى مەن ئاخىرلىشىش دەپ بىلمەيمەن. شۇنىڭغا ئىشىنىمەنكى، ھەر كىمنىڭ ئۆلۈمى ئۆز رەڭگىدە.

مېنى ئويغا سېلىۋاتقىنى ھېچ مىراس قالدۇرماي ئۆلۈپ كېتىمەنمۇ دېگەن مەسىلە. بۇنچە گەپلەر قەلبىمگە زادى سىغمايدۇ؛ ئىچىمدە نۇرغۇن مەسەل، ھېكايىلەر بار، ئۇنى ئېيتىشىم كېرەك. پۈتۈن ئىلمىمنى، ئۆگەنگەن بارلىق نەرسىلىرىمنى ئالقىنىمدا مەرۋايىتتەك ساقلاپ، ئۇنى بىرلا كىشىگە تەقدىم قىلسام دەيمەن. مۇرشىد ياكى مۇرىت تاپقۇم يوق. ئىزدەيدىغىنىم ئىنسان، روھىمنىڭ ئەينىكى، جېنىمنىڭ تەڭدىشى، دىلكىشىم، سىردىشىم!

ئىككىنچى نىزام: ھەق يولىدا ئىلگىرىلەش ئەقلىنىڭ ئىشى ئەمەس، قەلبىنىڭ ئىشى. يېتەكچىڭ دائىم مۇرەككىنىڭ ئۈستىدىكى بېشىڭ ئەمەس، قەلبىڭ بولسۇن. نەپسىنى ئۇنتۇغۇچىلاردىن ئەمەس، بەلكى ئۇنى بىلىدىغانلاردىن بول.

نەم، قاراڭغۇ ئۆيدە "ئى رەببىم— دەپ پىچىرلىدىم،— ئۆمرۈم شۇ دۇنيانى كېزىپ، سېنىڭ ئىزلىرىڭنى ئىزدەش بىلەن ئۆتتى. ئۇچراتقان ھەر ئادەمنى يەر يۈزىدىكى خەلىپەڭ بولۇشقا لايىق ئوچۇق كىتاب، سۆزلىيەلەيدىغان قۇرئان دەپ بىلدىم. ئاپئاق قەسىرلەردىكى ئالىملار،

مەدرىسىلەردىكى موللىلار، ئۆز مەقامىدىكى شەيخلەر، تەختتە ئولتۇرغان سۇلتانلار بىلەن ئەمەس، خارلانغان، روھى سۇنغان، چەتكە قېقىلغانلار بىلەن مۇڭداشتىم. ساڭا مەدھىيىلەر بولسۇنكى، شەيتانىمنىمۇ بارا-بارا مۇسۇلمان قىلدىم. ئەمدى ئۆرلىدىم تاشتىم، جۇش ئۇرۇپ قايىنغىلى ئاز قالدىم. ئاخىردا، سەن نېسىپ قىلغان ئىلىمنى راستچىل بىر كىشىگە تاپشۇرسام دەيمەن. ئۇنى تېپىشىمغا ياردەم قىل. ئاندىن ماڭا قانداق ھۆكۈم قىلساڭ قىل، ئۇ ھۆكۈمگە رازىمەن. چۈنكى مەن ھەر قانداق ئىش، ھەر قانداق ئەھۋالدا سەندىن رازىمەن!“

شۇ ئەسنادا ھۇجرىنىڭ ئىچى سۇنىڭ رەڭگىدە سولغۇن نۇرغا تولدى، تۆشەكلىرىدە ياتقان مۇساپىرلارنىڭ يۈزلىرى كۆكۈش رەڭگە كىردى. ھۇجرىنى ھاياتبەخش ساپ ھاۋا قاپلىدى. گويا بارلىق دېرىزىلەر تولۇق ئېچىلىپ، ھۇجرىغا كىرىپ كەلگەن شامال يىراقتىكى باغلاردا ئۆسكەن سېرىنگۈل، ياسىمەن، سېرىس گۈللىرىنىڭ خۇش ھىدىنى ئېلىپ كېلىۋاتاتتى.

قۇلىقىمغا ئىلاھىي كۈيدەك يېقىملىق، بالدىن تاتلىق، پەيدىن يەڭگىل بىر ئاۋاز ئاڭلاندى: ” شەمس تەبرىزى! ساڭا خۇشخەۋەر! دۇئالىرىڭ ئىجابەت بولدى! باغداتقا بېرىشقا تەييارلىق قىل“. ئۇنى تونۇدۇم، بالىلىقىمدا مېنى قوغدىغان پەرىشتە ئىدى ئۇ.

ـــ باغداتقا بارسام نېمە بولماقچى؟ـــ دەپ سورىدىم.

ـــ روھىڭغا سىرداش بولالايدىغان بىرسى ئۈچۈن دۇئا قىلدىڭغۇ، ساڭا بىر ھەمراھ بېرىلىدۇ. باغداتقا بارساڭ سېنى شۇ ياقىقا باشلاپ بارالايدىغان كىشىنى تاپالايسەن. ئۇنىڭ يېنىدا يەنە ئالدىراپ يولغا چىقىدىغان پەيتنى كۈتىسەن، سەۋر قىلىسەن.

كۆزۈم رەھمەت يېشىغا تولدى، ئۇ دۇنياغا ئۆتكەن چېغىمدا كۆرگەن شۇ ئادەمنىڭ دەل روھداشىم، قەلبداشىم ئىكەنلىكىنى بىلەتتىم.

تەقدىرىمىزدە پۈتۈلگىنىدەك، بۇرۇن بولسۇن، كېيىن بولسۇن ھامان تېپىشاتتۇق. ئۇنى تاپقىنىمدا ئۇنىڭ ئۆتكۈر، پاراسەتلىك كۆزلىرىنىڭ نېمىشقا ئۇنداق غەمكىن قارايدىغانلىقىنى ھەمدە كۈز پەسلىدە، يېرىم كېچىدە قانداق ئۆلتۈرۈلىدىغانلىقىمنى... بىلەيتتىم.

ئېللا
بوستون، 2008 ـ يىل 19 ـ ماي

بىر كۈن ئۆتتۈپ، چۈشــكە يېقىن ئېللا «ئىشــق شــەرىئىتى»نى ئوقۇپ كەلگەن يېرىگە بەلگە سېلىپ قويۇپ، كىتابنى بىر ياققا قويدى. بۇ رومــاننى يــاقتۇرۇپ قــالغــانــدى، ھېكــايــدىن خېلى زوقلانــدى، ئەممــا يازغۇچىســـىغا بەكرەك قىزىقىپ قالدى: ئىنتېرنېتتا كىرىپ، گوگۇلدىكى ئىزدەش كۆزنىكىگە ”ئــا.ز. زەھرا“ دەپ يــازدى. ئۇنىڭغــا ھەر قــانچە قىزىقىســـىمۇ، ئۇ ھەقتە كۆپ بىر نەرســە تاپالايدىغانلىقىغا ئىشــەنمەيتتى. مىچىلغا تېلېفون قىلىپ سورىسا ياخشىراق بولاتتى.

ئەمما كۇتۇلمىگەنده زەھرانىڭ شــەخســي تور بېكىتى كۆرۈندى، پۈتۈن بەت كۆك يېشىل، سۈس بىنەپشە رەڭدە بولۇپ، بەتنىڭ چوققىسىدا ئاستا ـ ئاســـتا ئايلىنىدىغان، ئايلانغانچە ئاق ئېتەكلىرى يېيىلىدىغان بىر ئادەمنىڭ شــەكلى بار ئىدى. ئىلگىرى ساماغا چۈشىكەن دەرۋىشــنى كۆرۈپ باقمىغان ئېللا بۇ رەسىمگە ئۇزاق قارىدى.

بلوگنىڭ ئىســمى ”جان تۇخۇمى“ بولۇپ، شــۇ ماۋزۇدا بىر شــېئىر بار ئىدى:

بىر غېرىپ قۇشتەك
جان تۇخۇمى
پوستۇڭ قېتىدا ئۇچالمايسەن؛
قورقماي چاق ئۇ تۇخۇمنى
شۇندا سالامەتلىك مەنزىلىگە ئۇچالايسەن.

بۇ تور بېتىگە دۇنيــادىكى ھەر قــايســـى شـــەھەر ۋە رايونلارنىــڭ ئاتكېرتكىلىرى قويۇلغان بولۇپ، ھەر بىر ئاتكېرتكىنىڭ ئاســـتىغا شـــۇ يەرنىڭ چۈشــەندۈرۈشــلىرى بار ئىدى. ئېللا ئۇلارنى ئوقۇۋېتىپ ئۈچ نۇقتىغا دىققەت قىلدى: بىرىنچىسى، ئا. ز. زەھرا ئىسمىدىكى ئا ”ئەزىز“ دېگەنلىك بولاتتى؛ ئىككىنچىســـى، ئەزىز فوتوگرافچىلىق قىلىدىغان سـوپى ئىدى؛ ئۈچىنچىســـى، ئۇ ھازىر گېۋاتېمالانىڭ بىر يېرىدە ســاياھەت قىلىۋاتاتتى. تۇنۇگۈن تېخى تور بېتىگە ئۇ يەرگە ئائىت بىر رەســـىم ۋە چۈشـــەندۈرۈش بەرگەنىدى.

ئېللا بىر ئۇلىنىشـــنى چېكىۋىدى، ئەزىزنىڭ تارتقان ســـۈرەتلىرى چىقتى. بۇلارنىڭ كۆپ قىســـمى ھەر خىل ئىرق، ھەر خىل مەدەنىيەت ۋە

ھەر خىل ياشـ تىكى ئادەملەرنىڭ سۈرەتلىرى ئىدى. بۇ ئىنسانلار بىر- بىرىدىن شۇنچە پەرقلىق بولسىمۇ بىر نۇقتىدا ئاساسەن ئوخشايتتى. ھەر بىر سۈرەتتە چوقۇم بىر كەم نەرسە بار ئىدى، بەزىلەردە كەم بولغىنى ئاددىي نەرسە، يەنى ھالقا، چەم ياكى تۈگمە ئىدى. باشقىلىرىنىڭ بولسا تېخىمۇ ۋەھىمىلىك بولۇپ، بەزىسىنىڭ بارمىقى، بەزىسىنىڭ قولى ياكى پۇتى يوق ئىدى. ھەر بىرىنىڭ ئۇنداق ياكى بۇنداق كەمچىلىكى كىشىنىڭ دىققىتىنى قوزغايتتى. ئېللا ھەيران قالدى، ئەزىز نېمىشقا بۇ ئىنسانلارنىڭ سۈرىتىنى تارتىپ يۈرۈيدۇ؟ بۇنىڭ جاۋابىنى سۈرەتنىڭ ئاستىدىكى يازمىدىن تاپتى:

كىم بولساق بولايلى، دۇنيانىڭ نەرىدە ياشىساق ياشايلى، ھەممىمىز ئۆزىمىزدىكى كەمتۈكلۈكنى چىن يۈرىكىمىزدىن ھېس قىلماقتىمىز. گويا ھەممىمىز مۇھىم نەرسىمىزنى يۈتتۈرۈپ قويۇپ، ئۇنى ئالالماي قېلىشىمىزدىن ئەنسىرەۋاتىمىز. ئۆزىمىزدىكى كەم نەرسىنىڭ نېمىلىكىنى بىلگەنلىرىمىز ھەقىقەتەن بەك ئاز.

ئېللا بۇ تور بېكىتىنى يۇقىرىدىن تۆۋەنگە، تۆۋەندىن يۇقىرىغا نەچچە قېتىم يۈرتتى. ھەر بىر ئاتىكىرتكىنى چېكىپ ئەزىزنىڭ چۈشەندۈرۈشلىرىنى ئوقۇدى. بەتنىڭ ئاستىدىن ئۇنىڭ ئېلخەت ئادرېسىنى تاپتى: azizZzahara@gmail.com بۇ ئادرېسنى بىر يەرگە يېزىۋالدى. ئۇنىڭ ئاستىدا بىر شېئىر بار ئىدى:

ئەي، ئۆزىدە يوقالغان كىشى
بىلمەيسەن، بەدىنىڭ ساڭا مازار بولدى،
نەپسىڭنى تونىمىغىچە نەپسىڭ سېنى كۆمەر بولدى.

ئېللا بۇ شېئىرنى ئوقۇۋېتىپ توساتتىن ئاجايىپ ھېسسىياتقا كەلدى، ئەزىز ز. زەھرانىڭ بلوگىدىكى ھەممە نەرسە، يەنە بارلىق سۈرەتلەر، چۈشەندۈرۈشلەر، نەقىللەر، شېئىرلار. . .گويا ئېللاغىلا تەييارلانغانىدى. ئۇ ئوقۇغان ۋە كۆرگەن ھەممە نەرسىنى ئۆزىگە بېغىشلانغاندەك ھېس قىلدى. بۇ كىشىنى چۆچىتىدىغان، بەلكى ئازراق بولسىمۇ مەغرۇرلاندۇرىدىغان خىيال ئىدى، ئەمما شۇنداق ھېس قىلماي تۇرالمىدى.

* * *

كەچقۇرۇن ئۇ دېرىزە يېنىدا ھارغىن، جىمجىت ئولتۇردى. پېتىۋاتقان قۇياش نۇرى يەلكىسىگە چۈشكەندە دوخۇپكىدا پىشىۋاتقان قەھۋە تەملىك پېچىنىنىڭ پۇرىقى ئۆيگە تارىدى. «ئىشق شەرىئىتى»ئۇنىڭ ئالدىدا

ئىچىقلىق، ئوقۇلۇشىنى كۈتۈپ تۇراتتى: ئەمما ئۇنىڭ پىكرى شۇنچىلىك قالايمىقان ئىدىكى، رومانىنى قايتا قولىغا ئالالمىدى. كاللىسىدا نۇرغۇن ئىشلار بار ئىدى. داۋاملىق ھالدا ئەتىنى، ھەپتىنى ئويلاپ پىلان تۈزۈشتىن، رەڭلىك يىلىم قەغەزلەرگە ئەسكەرتىش يېزىپ ئۇ يەر-بۇ يەرگە چاپلاپ قويۇشتىن قۇتۇلۇپ، بىر دەم بولسىمۇ ئۆزى ھەققىدە ئويلىنىپ باقمىغانىدى. ” مەنمۇ ئۆز نىزاملىرىمنى رەتلەپ يېزىپ قويسام بولغۇدەك،— دېدى ئۆزىگە،— بىر يەردە ئۆي تۇتۇپ بالىلىق بولغان، تۇرمۇشىدىن بىزار بولغان خوتۇنلارنىڭ قىرىق نىزامى.

—بىرىنچى نىزام،— دېدى ئۇ بوش ئاۋازدا،— سەن سەن بول، مۇھەببەت ئىزدىمە، ھاياتلىقتا ئىشق-مۇھەببەتتىنمۇ مۇھىم نەرسىلەر بار.

ئەمما قىززىق بولسۇن دەپ ئېيتقان گەپلىرى ئۆزىنى كۈلدۈرمەكتە يوق، كەيپىنى قاچۇردى. تېلېفوننى قولىغا ئېلىپ، بىردەم تۇرۇۋالغاندىن كېيىن، ئەتىگەندىن بېرى كاللىسىغا كىرىۋالغان ئىشنى قىلىش قارارىغا كەلدى. چوڭ قىزىغا تېلېفون قىلدى. ئۇ تېلېفوندىن سۆز قالدۇرۇڭ دەپ ئاۋاز چىقىشىغا ”قىزىم جېنېت، مەن ئاناڭ. سكوتقا تېلېفون ئۇرۇپ خاتا قىلغىنىمنى بىلىمەن. ئەمما ساڭا ھەرگىز يامان بولسۇن دېمىگەنىدىم، ماڭا ئىشەنگىن. مەن پەقەت...“ دېگەن گەپلەر ئاغزىغا كەلدى. گېپىنى باشتا ئويلىۋالغان بولسا كاشكى. ئۇ تېلېفونىنىڭ ئاۋاز ئالغۇچىدىن چىقىۋاتقان بوش ئاۋازنى ئاڭلىيالايتتى، ياكى شۇنداق ئويلاپ قالدى. ۋاقىت مىنۇت-سېكونت قالغانچە جىددىيلىشىپ، ئاخىرقى سۆزىنى دەرھال دەۋەتتى: ” جېنېت، بولغان ئىشلاردىن كۆڭلۈم يېرىم، ئەمما بىلسەڭ، مەن شۇنداق بەختسىزكى...“.

ئاۋاز ئالغۇچ ”تارس“ قىلىپ توختىدى. ئېللا ئاغزىدىن چىققان گەپكە ئىشەنمەي تۇرۇپ قالدى. تۇرۇپلا ئۇنىڭغا نېمە بولدى؟ ئۇ راستىنلا بەختسىزمۇ؟ ئۆزىنى بۇنداق دەپ ئويلىمايتتى. ئەجىبا ئىنسان بەختسىز تۇرۇپ، بۇنى ھېس قىلالمايلا ياشاۋېرەمدۇ؟

شۇنداقتىمۇ، بۇ ئۇنىڭ ئۆز بەختسىزلىكىنى ئېتىراپ قىلغىنى ئىدى، شۇڭا ئۇنى دەپ تاشلىغىنىدىن بىئارام بولمىدى. ئەسلىدىمۇ يىللاردىن بېرى ياخشى ياكى يامان بولسۇن، ئاجايىپ تۇيغۇلارنى باشتىن كەچۈرۈپ باقمىغانىدى.

بىر دەمدىن كېيىن ئېللا بايا يېزىلىۋالغان ئېلخەت ئادرىسىغا قارىدى. ئۇ تولىمۇ ئاددىي، دەۋەتكار بىر ئادرېس ئىدى. ئۇ كۆپ ئويلىنىپ

ئۆلتۈرمايلا، تۆيۈقسىز كەلگەن قىزغىنلىق بىلەن ئۈنىڭغا خەت يېزىشقا باشلىدى:

ھۆرمەتلىك ئەزىز ز. زەھرا

مەن ئېللا، RBT نەشرىياتى ئەدەبىيات مۇھەررىرى ياردەمچىسىنىڭ ياردەمچىسى بولۇپ، «ئىشق شەرىئىتى» ناملىق رومانىڭىزنى ئوقۇۋاتىمەن. ئوقۇشنى يېڭىدىن باشلىغان بولساممۇ زوقلىنىپ ئوقۇپ كېتىپ بارىمەن. ئەلۋەتتە بۇ مېنىڭ شەخسىي تەسىراتىم. باشتا دەۋالاي، بۇ يەردە يازغانلىرىم مۇھەررىرلەرنىڭ كۆز قارىشىنى ئىپادىلىمەيدۇ. رومانىڭىزنى ياخشى كۆرۈش-كۆرمەسلىكىم ئۇنىڭ نەشر قىلىنىش-قىلىنماسلىقىنى بەلگىلەشتە چوڭ رول ئوينىمايدۇ.

ئىشق-مۇھەببەتنىڭ ھاياتنىڭ دەل ئۆزى ئىكەنلىكىگە ئىشىنىدىكەنسىز، سىز ئۇچۇن ھاياتتا ئۇنىڭدىن باشقا مۇھىم ئىش يوقتەك تۇرىدۇ، مەن ئۇنداق قارىمايمەن، لېكىن سىز بىلەن بۇ ھەقتە تالاشماقچى ئەمەسمەن. سىزگە خەت يېزىشنى زۆرۈر دەپ بىلدىم، چۈنكى رومانىڭىز بىلەن ئۆز كەچمىشىم ئاجايىپ بىر ۋاقىتقا توغرا كېلىپ قالدى. بۇ كۆنلەردە چوڭ قىزىمنى كىچىك تۇرۇپ توي قىلىشتىن ياندۇرۇش ئۇچۇن تىرىشىۋاتىمەن. ئۇلۇشكۈن ئۇنىڭ مۇھەببىتىگە تېلېفون قىلىپ توي قىلىشتىن ۋاز كېچىشى كېرەكلىكىنى ئېيتتىم. ھازىر قىزىم مەندىن نەپرەتلىنىدۇ، مەندىن خاپا، مەن بىلەن گەپلەشمەيدۇ. ماڭا قارىغاندا سىز قىزىم بىلەن بەك چىقىشالايسىز، چۈنكى مۇھەببەتكە بولغان قارىشىڭلار ئوخشاشكەن.

ھېچ گەپتىن ھېچ گەپ يوقلا دەردىمنى تۆكۈپ كەتتىم، ئەيىبكە بۇيرۇمىغايسىز. ئەسلى مەقسەت بۇ ئەمەس ئىدى. بلوگىڭىزدا (ئېلخەت ئادرېسىڭىزنى شۇ يەردىن ئالدىم) يېزىلىشىچە، ھازىر گېۋاتىمالادا ئىكەنسىز. دۇنيانى ساياھەت قىلىش كىشىنى خۇشال قىلىدىغان ئىش. كۆنلەرنىڭ بىرىدە بوستونغا كېلىپ قالسىڭىز سىز بىلەن كۆرۈشۈپ، بىر ئىستاكان قەھۋە ئىچىشكەچ پاراڭلاشسام دەيمەن.

سىزگە ياخشى تىلەكلەر تىلەپ: ئېللا

ئېللانىڭ گەپ قىلغۇسى كېلىپ تۇراتتى، يولدىشى بىلەنلا ئەمەس، پۈتۈن ئائىلىسى بىلەن مۇناسىۋىتى يىرىكلىشىپ قالغان بۇ كۈنلەردە ئۇ بىر كىمگە دەردىنى تۆكەلمەي ئاۋارە ئىدى. ئەتراپىدا ئۇنىڭ بىلەن پاراڭلىشىدىغان، چوڭقۇر پىكىر قىلالايدىغان ھېچكىم بولمىغاندىكىن

ئېلخەت ئارقىلىق خەت يېزىشىدىغان بىرسىنى بولسىمۇ تاپقىنى ياخشى ئىدى. سۆزلەش كەم بولسا يېزىش ئۇنىڭ ئورنىنى ئىگىلەيتتى.

ئېللا ئەزىزگە يازغان بۇ تۇنجى مەكتۇپنى مۇنداقلا يېزىلغان قەھۋە ئىچىش تەكلىپى دېگەندىن كۆرە، سۇكۇتتىكى سادا، ياردەمگە بولغان چاقىرىق دېگەن تۈزۈك ئىدى. ئۇ ئاشخانىدا مۈكچىيىپ ئولتۇرۇپ ئۆزى ھېچ تونۇمايدىغان، ھەتتا بۈگۈن ياكى ئەتە بولسۇن تونۇشىمەن دەپ ئويلىمىغان، نام-شەرىپى نامەلۇم بىر يازغۇچىغا خەت يېزىۋاتقاندا، ئۇنى ياردەمگە چاقىرىۋاتىمەن دەپ ھېچ ئويلىمىغانىدى.

ئەگەر نېمە قىلىۋاتقانلىقىنى بىلەلىگەن بولسا بۇنداق قىلىشقا جۈرئەت قىلالارمىدى؟

ئەپەندى

باغدات، 1242-يىل 4-ئاي

باغداتتىكى ئاددىي دەرگاھىمىزغا شەمس تەبرىزى كەلگەن كۈننى پەقەت ئۇنتۇمايمەن. ئۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن ئىززەتلىك مېھمانلارنى كۈتۈۋاتاتتۇق. باش قازى ئۆز ياردەمچىلىرى بىلەن بىللە پەقىرخانىمىزگە كەلگەنىدى. پەمىمچە بۇ ئەدەب يۈزىسىدىن قىلىنغان زىيارەت ئەمەس ئىدى. تەسەۋۋۇپ ئەھلىنى ياخشى كۆرمەيدىغانلىقىنى ھەركىم بىلىدىغان قازى بىزنىمۇ بۇ رايوندىكى بارلىق سوپىلارغا ئوخشاش نازارەت قىلماقچى ئىدى. بىزنى ھەر ۋاقىت كۆزىتىپ تۇرۇۋاتقانلىقىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن كېلەتتى.

باش قازى ئاچكۆز ئادەم بولۇپ، سۆرۈن تەلەت ئىدى، يوغان قورسىقى ساڭگىلاپ تۇراتتى. تاماقنى ئۇنچە جىق يېمىسە ساغلاملىقى ئۈچۈن پايدىلىق ئىدى، ئەمما مېنىڭچە ھېچكىم، ھەتتا ھېكىملەرمۇ ئۇنىڭغا بۇنى دېيەلمەيتتى. ئۇ ئەزەلدىن ئۇلىما ئەۋلادى بولغاچقا ھەم مەشھۇر ۋە مەرتىۋىلىك ئائىلىدىن كېلىپ چىققاچقا بۇ جايدىكى ئەڭ گېپى ئۆتىدىغان كىشىلەردىن ئىدى. ئاغزىدىن چىققان بىر سۆز بىلەن ئادەملەر دارغا ئېسىلاتتى، يەنە شۇ بىر ئېغىز سۆزى بىلەن گۇناھى ئېغىر مەھبۇسلارنى ئازاد قىلىپ، قاراڭغۇ زىنداندىن قۇتقۇزالايتتى. قاچانلا قارىسا قاما جۇۋا، قىممەت باھالىق كىيىملەرنى كىيىۋالىدىغان بۇ قازى ئۆز ئابرۇيىغا شەك كەلتۈرمەيدىغانلارنىڭ نەزەرىدىكى ھەيۋەتتى. سۆلىتى بىلەن كېرىلىپ يۈرەتتى. ئۇنىڭ نەپسىنىڭ يوغانلىقىنى بىلەتتىم ھەم دەرۋىشانا ۋە

دەرۋىشلىرىمىنىڭ ئامان-ئېسەنلىكى ئۈچۈن ئۇنى رەنجىتىپ قويماسلىقنى تىرىشاتتىم.

—دۇنيانىڭ ئەڭ شاھانە شەھىرىدە ياشاۋاتىمىز،— دېدى قازى ئاغزىغا بىر ئەنجۈرنى ئېتىپ،— بۇگۈنكى باغدات موڭغۇل لەشكەرلىرىدىن قېچىپ كەلگەن مۇساپىرلارغا تولۇپ كەتتى. ئۇ بىچارىلەرگە پاناھگاھ بولدۇق، داۋاملىق شۇنداق بولىمىز ئەلۋەتتە. چۈنكى بۇ يەر دۇنيانىڭ مەركىزى. بۇ ھەقتە سەن نېمە دەيسەن بابا زامان؟

— شەھىرىمىز قىممەتلىك گۆھەر، ئۇنىڭدا شەك يوق،— دېدىم تەمكىنلىك بىلەن،— ئەمما ئۇنتۇماسلىقىمىز كېرەككى، شەھەرلەرمۇ ئىنسانلارغا ئوخشايدۇ. تۇغۇلىدۇ، ئۆسىدۇ: ئاۋۋال بالا، ئاندىن چوڭ ئادەم بولىدۇ، كېيىن قېرىيدۇ، ئاخىرىدا ئۆلىدۇ. ھازىر باغدات ياشلىقىنى تۈگىتىپ بولدى. خەلىپە ھارۇن رەشىد زامانىسىدىكىدەك گۈللەنگەن دەۋردە ئەمەسمىز. خۇداغا شۈكرى، شەھىرىمىز ھازىرمۇ تىجارەت ۋە ھۈنەر-سەنئەت مەركىزى، ئەمما مىڭ يىلدىن كېيىن قانداق بولۇپ كېتىدۇ، كىم بىلىدۇ؟ ئۇ چاغدا ھەممە نەرسە باشقىچە بولۇپ كېتىشى مۇمكىن.

— بۇ نېمە گەپ!— دېدى قازىلارنىڭ قازىسى تاۋاقتا قول سۇنۇپ ئەنجۈردىن بىرنى ئېلىپ،— ئاببالاسىيلار خاندانلىقى داۋاملىق ھۆكۈم سۈرىدۇ، بۇ رايوندىكى كۈچ-قۇدرىتىمىز داۋاملىق ئاشىدۇ، داۋاملىق گۈللىنىمىز. ئەلۋەتتە، ئارىمىزدىكى بەزى تۈزكورلار ئىشىمىزنى بۇزمىسا. ئۆزىنى مۇسۇلمان دەيدىغان، ئەمما قىلمىشلىرى كاپىرلاردىن خەتەرلىك ئادەملەر بار ئارىمىزدا.

جىم تۇرۇشنى لايىق كۆردۈم. باش قازىنىڭ ئىسلامنى باتىنىي يوسۇندا شەرھلەيدىغان تەسەۋۋۇپچىلارغا يامان كۆزدە قارايدىغانلىقى ئېنىق ئىدى. بىزنى شەرىئەتكە تولۇق رىئايە قىلمايدۇ، بولۇپمۇ يۈكسەك مەقاملارغا، يەنە ئۆزىدەك كىشىلەرگە ھۆرمەت قىلمايدۇ دەپ ئەيىبلەيتتى. ئەگەر ئۇنىڭغا قويۇپ بەرسە، سوپىلارنىڭ ھەممىسىنى باغداتتىن قوغلاپ چىقىراتتى.

— خاتا چۈشىنىپ قالما بابا زامان، دەرگاھىڭلاردا تۈگمەس قەرزىم يوق. ئەمما سېنىڭچە شۇ سوپىلار پۇقرالىق نىزامىدىن چىقماي ياشامدۇ؟— دېدى ساقىلىنى قاشلاپ.

نېمە دېيىشىمنى بىلەلمىدىم. شۇ چاغدا ئىشىك تاراقلاپ، قىزىل چاچلىق چۆمەز[1] ئىجازەت سوراپ ئۆيگە كىرىپ، ئۇدۇل ماڭا قاراپ كەلدى.

[1] چۆمەز— مەدرىس، دەرۋىشخانىلەردە يۇگۇر-يېتىم ئىشلارنى قىلغاچ ساۋاق ئالىدىغان خىزمەتكار، مەدىكار تالىپ.

يېنىمغا كېلىپ قوْلىقىمغا پىچىرلاپ، بىر موْساپىرىمىزنىڭ كېلىپ قالغانلىقىنى خەۋەر قىلدى. باغدا بىر دەرۋىش ساقلاپ ئولتوْرىمىش، ھېچكىم بىلەن كوْرۇشمەي، مەن بىلەنلا كوْرۇشمەكچىكەن.

ئەگەر باشقا چاغدا بولغان بولسا خىزمەتكارغا "ئوْ موْساپىرنى باشقا ئوْيگە باشلاپ ئالدىغا ئىسسىق ئاش قوي، قازى بىلەن ئوْنىڭ ھەمراھلىرى كېتىپ بولغىچە شوْ يەردە كوْتوْپ توْرسوْن" دەيتتىم. ئەمما باش قازىنىڭ سوْھبىتىدىن بىزار بولوْشقا باشلىغانىدىم. بوْ يەرگە كەلگەن ئوْ جاھانكەزدىنى سورۇنغا چاقىرساق، بىزگە يىراق جايلارنىڭ ھېكايىلىرىنى سوْزلەپ بەرسە، ئوْيدىكى جىددىي كەيپىيات يوقامدىكىن دەپ ئويلاپ ئوْنىڭغا " ماڭ، بېرىپ ئوْ دەرۋىشنى چاقىرىپ كەل" دېدىم.

بىر دەمدىن كېيىن ئىشىك ئېچىلىپ، بېشىدىن ئايىغىچە كىيىنگەن، تەمكىن ۋە مەغرۇر، يېشىنى ئوْققىلى بولمايدىغان بىر ئادەم كىردى؛ بويى ئېگىز، ئورۇق، چەبدەس، پېشانىسى كەڭ، بوْرنى ئىلىپتەك، كوْزلىرى قاپقارا بولوْپ، ئوْزۇن چاچلىرى كوْزىگە تال ـ تال چوْشوْپ توْراتتى. ئوْچىسىغا ئوْزۇن يەڭسىز يەكتەك، يوْڭ تون، ياۋا كالا تېرىسىدىن تىكىلگەن جىلىتكە كىيىۋالغان بولوْپ، بوينىغا بىر نەچچە توْمار ئېسىۋالغانىدى؛ قولىدا بىر ياغاچ تاۋاق بولوْپ، دوْنيا مېلىدىن يىراق توْرۇش ئوْچوْن تىلەمچىلىك قىلىدىغان قەلەندەرلەر ياكى دوْنيا مەنپەئەتلىرىنى رەت قىلىدىغان مەلامىيلەرگە[1] ئوخشاش، جەمئىيەتنىڭ قانوْن ـ ھوْكوْملىرىگە ئەزەلدىن قوْلاق سالمايدىغاندەك قىلاتتى.

بوْ كوْتوْلمىگەن مېھماننى كوْرۇپلا ئاجايىپ بىر ئادەمگە ئوْچراپ قالغىنىمنى ھېس قىلدىم. ئوْنىڭ كوْزلىرىدە، ئىپادىلىرىدە، ھەرىكەتلىرىدە ئادەتتىن تاشقىرى ئالامەتلەر بار ئىدى. بىلمەيدىغان ئادەمگە دوْب ياڭىقى دائىم يەرگە چوْشىدىغان، ئاسان چېقىلىدىغان نەرسىدەك كوْرۇنىدوْ، ھالبوْكى ئوْ كېيىن مەغرۇر، يوغان دوْب دەرىخىنىڭ ۋەكىلى، خەۋەرچىسىگە ئايلىنىدوْ. ئەلۋەتتە، ئوْنى كوْرەلەيدىغان كوْزلەرگە شوْنداق كوْرۇنىدوْ!

موْساپىر گەپ قىلماي، بوينىنى ئېگىپ سالام بەردى.

ــ دەرگاھىمىزغا كەلگەن قەدىمىڭگە موْبارەك،ــ دېدىم ۋە ئوْدوْلوْمدىكى دىۋانغا كېلىپ ئولتوْرۇشقا ئىشارەت قىلدىم.

دەرۋىش ئوْيدىكى ھەممەيلەنگە بىر ـ بىرلەپ سالام بېرىپ، كوْرسىتىلگەن جايغا كېلىپ ئاستا ئولتوْردى. ھېچنېمىنى كوْزدىن

[1] مەلامىيلەرــ مەلامىي تەرىقىتىگە مەنسوْپ بولغوْچىلار، ئوْلار قەلەندەرلەرچە ياشاشنى ئادەتكە ئايلاندوْرغان بىر پىرقە بولوْپ، "قەلبىييە تائىپىسى" دەپموْ ئاتىلىدوْ.

قاچۇرماسلىقىقا تىرىشىۋاتقاندەك ئەتراپقا بىر كۆز يۈگۈرتتى، ئاخىرىدا ئۇنىڭ كۆزى قازىغا كېلىپ توختىدى. ئىككەيلەن بىر ئىغىز گەپ قىلىشماي، بىر-بىرىگە ئۇزۇن قارىشىپ تۇرۇپ قالدى. ئاسمان-زېمىن پەرقلىنىدىغان بۇ ئىككى ئادەمنىڭ بىر-بىرىنى نېمە دەپ ئويلىغانلىقىغا قىزىقىپ قالدىم.

دەرۋىشكە باشتا ئۆچكە سۈتى، ئەنجۈر، خورما قاتلىمىسى ئېلىپ كەلسەك ھەممىسىنى چىرايلىق رەت قىلدى. ئىسمىنى سورىساق ”تەبرىزلىك شەمسىددىن“ دېدى ۋە تاغ-داۋانلاردا ئاللاھنى ئىزدەيدىغان بىر دەرۋىش ئىكەنلىكىنى ئېيتتى.

— ئىزدىگىنىڭنى تاپالىدىڭمۇ؟— دەپ سورىدىم.

دەرۋىش ئۆزىگە ئىشەنگەن ھالدا بېشىنى لىڭشىتتى؛ قارا كۆزلىرىدە كۈچلۈك، پارلاق ئۇچقۇنلار چاقنىدى:

— تاپتىم، ئەسلىدە ئۇ دائىم مەن بىلەن بىللە ئىكەن.

بۇنى ئاڭلىغان قازى ئۆزىنى باسالماي مەسخىرە قىلىپ كۈلدى:

— سىلەر دەرۋىشلەر غەيب مەخلۇقلارمۇ؟ ئۆزەڭلارنى نېمىشقا بۇنچە قىينايدىغىنىڭلارنى زادى چۈشەنمەيمەن. ئاللاھ باشتىن ئاخىر سېنىڭ بىلەن بىللە ئىكەنۇ، نېمىشقا ھەر تەرەپكە چېپىپ ئۇنى ئىزدەپ تاغ-داۋان كېزىپ يۈرۈيسەن؟

شەمس بېشىنى ئەگدى، يۈزىدە سىرلىق بىر ئىپادە پەيدا بولۇپ يوقاپ كەتتى، بىر ھازا لام-جىم دېمىدى. ئارقىدىن گەپ باشلىغىنىدا تەمكىن، خاتىرجەم ئىدى، سۆزنى جايىدا قىلاتتى:

—توغرا، پەرۋەردىگارنى ئىزدىگەن بىلەنلا تاپقىلى بولمايدۇ، ئەمما ئۇنى پەقەت ئىزدىگەنلەرلا تاپالايدۇ.

— قۇرۇق گەپ،— دېدى باش قازى ئاغزىنى پۇرۇشتۇرۇپ،— يەنى سەن بىزگە ئۆمۈر بويى بىر جايدىلا تۇرساڭلار ئاللاھنى تاپالمايسىلەر دېمەكچىمۇ؟ تۆۋە تۆۋە! ئاللاھنى تېپىش ئۈچۈن ھەممە ئادەم سەندەك جۇلدۇر-كېپەنگە يۆگىنىپ سەپەر قىلسا بولامتى؟ ئۇنداق بولسا جەمئىيەت، مەدەنىيەت دېگەنلەر نەدىن بارلىققا كېلىدۇ؟

ئۆيدىكى ئادەملەر باش قازىغا ياخشىچاق بولۇش ئۈچۈن گەپكە ئارىلىشىپ، ھەممىسى دېگۈدەك ئارقا-ئارقىدىن كۈلۈشۈپ كەتتى. ئىچىم سىقىلدى. روشەنكى، قازى بىلەن دەرۋىشنى بىر يەرگە جەم قىلىش ياخشى ئىش ئەمەس ئىدى.

— مەقسەتنى توغرا ئىپادىلىيەلمىگەندەك قىلىمەن. كىشى ئۆزى تۇغۇلغان ئۆيدە قالسا ھەقتائالانى تاپالمايدۇ دېمىدىم، ئەلۋەتتە تاپالىشى مۇمكىن،— دېدى شەمس،— ئۆز مەھەللىسىدىن چىقماي تۇرۇپمۇ دۇنيانى بىلگەن كىشىلەر بولغان ھەم كەلگۈسىدىمۇ بولىدۇ.

— مەنمۇ شۇنى دېمەكچى!— دەپ تەستىقلىدى قازى ئەپەندى ۋە غالىبلارچە كۈلدى. ئەمما بۇ كۈلكىسى دەرۋىشنىڭ ئارقىدىنلا ئېيتقان سۆزلىرى بىلەن تەڭ يوقالدى.

— لېكىن دېمەكچى بولغىنىم شۇ ئىدى، — دېدى شەمس سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ،— ئەگەر بىر ئىنسان مال-دۇنيا، ھوقۇق-مەرتىۋىگە بېرىلىپ، تاۋار-دۇردۇنغا يۆگىنىپ، ئۇنچە-مەرۋايىت، شايى ئەتلەس قوينىدا ياشىسا، يەنى قازى ھەزرەتلىرى، سىزدەك مۇشۇنداق ياشىسا، ئاللاھنى تېپىش تەس!

ئۆيدىكىلەر چۆچۈپ، چىرايلىرى ئاقىرىپ كەتتى، ھېچكىمدىن سادا چىقمىدى. باش قازىنىڭ گۇپپاڭچىلىرى نەپەس ئېلىشقىمۇ جۈرئەت قىلالماي بىر-بىرىگە ئەنسىز قارىشىپ قالدى. ئارىدىن بىر نەچچىسى قىلىچىغا قول ئۇزاتتى.

— ئۆزەڭ بىر دەرۋىش تۇرۇپ گېپىڭ سېسىقكەن،— دېدى قازى گەپ ياندۇرۇپ.

— دېمىسە بولمايدىغان گەپنى خەلقى ئالەم بىر بولۇپ ياقامغا ئېسىلسىمۇ دەيمەن،— دېدى تەبرىزلىك شەمس.

باش قازى قاپىقىنى تۈرۈپ تۇرسىمۇ، دەرۋىشنى ئانچە مەنسىتمەيدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ قويۇش ئۈچۈن دولىسىنى چىقىرىپ، گەپنى ئالدىراپ تۈگەتمەكچى بولدى.

— ئىشقىلىپ، قۇرۇق گەپنى بەك تولا ئاڭلىدۇق،— دېدى ئۇ،— نېمە بولسا بولسۇن، بىز ئىزدەۋاتقان كىشى سەن ئىكەنسەن. بىز شەھىرىمىزنىڭ كاتتىلىقى ھەققىدە پاراڭلىشىۋاتاتتۇق. ئاللاھ بىلىدۇ، كۆپ يەرلەرنى كۆرۈپسەن، دېگىنە، شۇنچە جايلار ئىچىدە باغداتتىن چىرايلىق شەھەر بارمىكەن؟

شەمس مۇلايىملاشقان نەزەرى بىلەن ھەممەيلەنگە بىرمۇ بىر قاراپ چىقتى.

— باغداتنىڭ ئەزەلدىن كاتتا شەھەر ئىكەنلىكىگە قىل سىغمايدۇ. ئەمما دۇنيادا ھېچبىر گۈزەللىك مەڭگۈلۈك ئەمەس. شەھەرلەر مەنىۋىيەت تۈۋرۈكلىرىنىڭ ئۈستىدە قەد كۆتۈرۈپ، شەھەر خەلقىنىڭ قەلبلىرىنى

غايەت چوڭ ئەينەكتەك ئەكس ئەتتۈرۈپ تۇرىدۇ. ئەگەر ئۇ قەلبلەر قاساۋەتلەشسە ياكى قارىيىپ كەتسە، شەھەرلەرمۇ ئۆزىنىڭ جەزبىسىنى يوقىتىدۇ. نۇرغۇن شەھەرلەر ئاشۇنداق خاراپلاشتى، كەلگۈسىدىمۇ شۇنداق بولىدۇ.

بىشىمنى ئىختىيارسىز لىڭشىتتىم. شەمسى تەبرىزى ماڭا قارىدى، كالىلىسىدىكى پىكىرلەردىن بىر دەم يىراقلاشقاندەك قىلاتتى. كۆزلىرىدە دوستانە نۇر بار ئىدى. ئۆتكۈر نەزەرىدىن يۈزۈمگە گويا كۆن نۇرى چۈشكەندەك، ئىچىم يورۇپ كەتتى. شۇ ھامان بۇ ئادەمنىڭ ئىسمى بىلەن جىسمىنىڭ بىر ئىكەنلىكىنى بىلدىم. ئۇ ”قۇياش“ دېگەن ئىسمىغا ئوخشاش ھاياتبەخش نۇر چاچاتتى، ئىچ ـ ئىچىدىن گۈلخانغا ئوخشاش ياناتتى، ھەقىقىي قۇياش ئىدى شەمس.

ئەمما قازى ئەپەندى باشقا پىكىردە ئىدى:

ــ سىلەر سوپىلار شائىر، پەيلاسوپلارغا ئوخشاش، ئىشنى دائىم مۇرەككەپلەشتۈرۈۋېتىسىلەر. ھەممىڭلار قۇرۇق گەپ خالتىسى! بۇنچە گەپ قىلىشنىڭ نېمە ھاجىتى؟ شۇنداق گەپلەرنى قىلىسىلەركى، ئادەمنىڭ كالىلىسى قېيىپ كېتىدۇ. ھالبۇكى خەلق، ئادەتتىكى نەرسىلەرگە ئېھتىياجلىق، ھورۇن مەخلۇقلاردۇر. ھۆكۈمدارلارنىڭ ۋەزىپىسى ئۇلارنى خاتا نەرسىلەرگە بېرىلىپ كېتىشتىن توسۇپ، ئېزىپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىشتۇر. بۇنىڭ ئۈچۈن بىردىنبىر يول شەرىئەتكە تولۇق ئەمەل قىلىش. ئۇنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى بىز بىلىمىز.

ــ شەرىئەت قەندىلگە (چىراغقا) ئوخشايدۇ،ــ دېدى شەمسى تەبرىزى،ــ كىشىگە نۇر، يورۇقلۇق بېرىدۇ. ئەمما ئېسىمىزدە بولسۇنكى، قەندىل قاراڭغۇلۇقتا كېتىۋاتقاندا ئالدىمىزنى يورىتىشقا يارايدۇ. شەرىئەتتىن كېيىن تەرىقەت، تەرىقەتتىن كېيىن مەرىپەت، مەرىپەتتىن كېيىن ھەقىقەت كېلىدۇ! ئەگەر باش نىشاننى ئۇنتۇلۇپ، ئىنسانلار شەرىئەتنى ۋاستە ئەمەس، بەلكى مەقسەت دەپ بىلسە، ئۇ قەندىلنىڭ نېمە پايدىسى قالىدۇ؟

ئىچىمنى ۋەھىمە قاپلىدى. شەرىئەتنىڭ ئاچقۇچىنى ئۆز قولىدا تۇتۇپ تۇرغىنىغا ئىشىنىدىغان ئۇ تەكەببۇر ئادەمگە شەرىئەتتىنمۇ ئۈستۈن كېرەكلىكى ھەققىدە سۆزلەش خەتەرلىك قايىنامدا سۆز ئۈزگەندەك ئىش ئىدى. شەمس بۇنى بىلمەيدىغانمىدۇ؟

بۇ دەرۋىشنى ئۆيدىن چىقىرىۋېتىش ئۈچۈن مۇۋاپىق بىر باھانە ئىزدەۋاتقىنىمدا ئۇ سۆزىنى داۋام قىلدى: مەقسىتىمنى تېخىمۇ ياخشى چۈشەندۈرىدىغان بىر نىزامنى تىلغا ئالاي دەيمەن.

— نېمە نىزام؟— دېدى قازى گۇمان بىلەن.

شەمسى تەبرىزى ئۆزىنى رۇسلاپ، كۆرۈنمەس بىر كىتابتىن رىسالە ئوقۇۋاتقاندەك تەرتىپلىك ئاھاڭدا چۈشەندۈردى: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قۇرئاننىڭ يەتتە خىل ئوقۇلىدىغانلىقىنى ئېيتقان. بىز بۇنى تۆتكە يىغىنچاقلايمىز. ئۈچىنچى نىزام: قۇرئان تۆت سەۋىيەدە ئوقۇلىدۇ. بىرىنچىسى زاھىري مەنە، ئىككىنچىسى باتىنىي مەنە، ئۈچىنچىسى، باتىنىينىڭ باتىنىيسىدۇر؛ تۆتىنچى سەۋىيە شۇ قەدەر يۈكسەككى، ئۇنى تەرىپلەشكە تىل ئاجىزلىق قىلىدۇ.

شەمس كۆزلىرىدىن سېھىرلىك نۇر چاقنىتىپ، سۆزلىرىنى داۋام قىلدى: شەرىئەتكىلا قاراپ ئۇنىڭ نېرىسىنى كۆرمىگەنلەر زاھىري مەنىنى بىلىدۇ. سوپىلار بولسا باتىنىي مەنىنى بىلىدۇ. ئەۋلىيا، يەنى ۋەلىيلەر باتىنىينىڭ باتىنىيسىنى بىلىدۇ. تۆتىنچى سەۋىيەدىكى مەنىنى بولسا پەقەت ئاللاھنىڭ يېقىن دوستلىرى ۋە پەيغەمبەرلىرى بىلىدۇ.

— يەنى، سەن دېمەكچىكى، ئادەتتىكى بىر تەسەۋۋۇپچى قۇرئاننىڭ ھۆكۈملىرىنى مەندەك بىر شەرىئەت ئالىمىدىن ياخشىراق بىلىدۇ، شۇنداقمۇ؟

دەرۋىشنىڭ مېيىقىدا بىلىنەر-بىلىنمەس تەبەسسۇم پەيدا بولدى، ئەمما جاۋاب بەرمىدى.

— سۆزۈڭگە دىققەت قىل،— دېدى باش قازى قوپال تېگىپ،— ھەددىڭدىن ئېشىپ كېتىۋاتىسەن، گۇناھكار بولۇشقا ئاز قالدىڭ، مېنى ئاگاھلاندۇرمىدى دېمە!

باش قازى بۇ گەپلىرىنى قورقۇتۇپ دەۋاتسىمۇ، شەمس بۇنى بىلمىگەندەك تەمكىنلىك بىلەن سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

—باشقىلارغا بۇنداق ئالدىراپ ھۆكۈم قىلماسلىق كېرەك. قۇرئاندا ئاللاھ مېنىڭ ئالدىمغا بىر-بىرىڭلارغا قەرزدار ھالەتتە كەلمەڭلار دەيدۇ، بۇنى ئۇنتۇپ قالدىڭلارما؟ كۇفرىلىق دېگەن نېمە؟ گۇناھ دېگەنچۇ؟ بۇ ئۇقۇملارنى ئوبدان ئايدىڭلاشتۇرۇش كېرەك،— دېدى شەمس،— رۇخسەت قىلساڭلار، سىلەرگە بىر ھېكايە ئېيتىپ بېرەي.

ئۇ ھېكايىسىنى باشلىدى:

ھەزرىتى مۇسا بىر كۈنى ئۆزى يالغۇز تاغدا يۈرگەندە يىراقتىن نامرات، تەنھا بىر پادىچىنى كۆرۈپتۇ. قارىسا ئۇ تىزلىنىپ، قولىنى كۆتۈرۈپ دۇئا قىلىۋاتقۇدەك. مۇسا ئۇنىڭغا زوقلىنىپ، يېقىنلاپ بېرىپ دۇئاسىنى ئاڭلاپ ھەيران قاپتۇ.

” جېنىم ساڭا پىدا بولىدىغان ئى رەببىم. سېنى نەقەدەر ياخشى كۆرىدىغانلىقىمنى بىر بىلسەڭ. نېمە قىل دېسەڭ شۇنى قىلاي، سەن پەقەت تەلەپ قىلساڭلا بولدى. پادىنىڭ ئارىسىدىكى ئەڭ سېمىز قوينى بوغۇزلا دېسەڭ، ئالدى-كەينىمگە قارىماي دەرھال بوغۇزلايمەن. قورۇلغان قوي گۆشى ناھايىتى تەملىكتۇر ئى رەببىم، قۇيرۇق يېغىنى ئېلىپ پولوغا قاتقىن، ئەمما يېگۈسىز بولىدۇ“.

مۇسا بۇ دۇئانى ئاڭلىغاچ چوپانغا تېخىمۇ يېقىن كەپتۇ.

” سەن تەلەپ قىلساڭلا بولدى، پۇتۇڭنى يۇيۇپ قويىمەن، قۇلاقلىرىڭنى تازىلايمەن، پىتلىرىڭنى تېرىمەن. سېنى شۇنچىلىك ياخشى كۆرىمەن، ساڭا شۇنچىلىك مەستانىمەن! “

بۇنى ئاڭلاپ مۇسا غەزەپتىن يېرىلغۇدەك بولۇپ، ۋاقىراپ-جاقىراپ ئۇنىڭ دۇئاسىنى بۆلۈۋېتىپتۇ:

— زۇۋانىڭنى يىغ ئى جاھىل! نېمە قىلىۋاتىسەن ئۆزەڭچە، ئاللاھ پولو يەمدۇ؟ ئاللاھنىڭ پۇتى بارمىكەن سەن يۇيۇپ قويىدىغان؟ نەدە بۇنداق دۇئا بار؟ باشتىن ئاخىر گۇناھكار بولدۇڭ، دەرھال تەۋبە قىل!

پادىچى مۇسادىن ئىزا ئىشتىپ قۇلاقلىرىغىچە قىزىرىپ، يەرگە كىرىپ كەتكۇدەك بوپتۇ. قايتا-قايتا ئۆزرە تىلەپ، ئەمدى ھەرگىز بۇنداق دۇئا قىلمايمەن دەپ قەسەم قىلىپتۇ. شۇ كۈنى مۇسا كەچ كىرگىچە پادىچىنىڭ يېنىدا تۇرۇپ ئۇنىڭغا ئاساسلىق دۇئالارنى ئۆگىتىپتۇ. ئاندىن ”ئاللاھ مەندىن رازى بولدى، ياخشى ئىش قىلدىم“ دەپ ئويلاپ يولىنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ. ئەمما شۇ كۈنى كېچىدە بىر ئاۋاز ئاڭلاپتۇ، بۇ پەرۋەردىگارنىڭ ئاۋازى ئىكەن:

— ئى مۇسا، بۈگۈن نېمە ئىش قىلدىڭ؟ سەن ئارىنى بۇزغىلى كەلدىڭمۇ ياكى ياراشتۇرغىلىمۇ؟ شۇ غېرىب چوپانغا ئازار بەردىڭ، ئۇنىڭ ماڭا نەقەدەر يېقىن ئىكەنلىكىنى بىلەلمىدىڭ. ئۇ ئاغزىدىن نېمە چىقىۋاتقانلىقىنى بىلمىسىمۇ، لېكىن ئېتىقادىدا سەمىمىي، قەلبى پاك، نىيىتى خالىس ئىدى. بىز گەپكە ئەمەس، نىيەتكە قارايمىز. ئەگەر گەپكە قاراپ تۇرۇۋالىدىغان بولساق زېمىندا بىر ئىنسان قالمايتتى. بىز چوپاندىن رازى ئىدۇق. ئۇنىڭغا گۈزەل بىلىنگەن سۆز ساڭا يىرگىنچلىك،

ئۇنىڭغا ھەسەل بولغان سۆز ساڭا زەھەر بولۇپ تۇيۇلدى. سەن ئۆزەڭنىڭ ئاڭلىغانلىرىنى كۇپرلىق دەپ قارىدىڭ، ئەمما بىلسەڭ، ئۇنىڭ سۆزى قوپال، سەت بولسىمۇ، ماھىيىتى گۈزەلدۇر.

مۇسا خاتالىقىنى تونۇپ، ئەتىسى كۈن چىقىشى بىلەنلا پادىچىنى ئىزدەپ تاغقا چىقىپتۇ. قارىسا چوپان يەنە دۇئا قىلغىلى تۇرۇپتۇ، ئەمما تۈنۈگۈنكى ھاياجىنىدىن، سەمىمىيلىكىدىن ئەسەر يوقمىش. ئۆگىتىلگىنى بويىچە دۇئا قىلىشقا تىرىشقاچقا ئېزىپ كەتمەي دەپ كېكەچلەپ، تەرلەپ ئولتۇرىمىش. مۇسا پادىچىغا قىلغانلىرىدىن ئۆكۈنۈپ، دۈمبىسىگە پەپىلەپ مۇنداق دەپتۇ:

— ئەي دوستۇم، مەن خاتا قىلىپتىمەن، مېنى كەچۈرۈۋەت. ئۆزەڭنىڭ بىلگىنى بويىچە دۇئا قىل. ئاللاھنىڭ نەزەرىدە بۇ تېخىمۇ قەدىرلىك.

پادىچى مۇسادىن بۇ گەپنى ئاڭلاپ ھەيران قاپتۇيۇ، ئاجايىپ يەڭگىللەپ قاپتۇ. شۇنداقتىمۇ ئۇ ئەمدى يۇكسەك سەۋىيىگە يەتكەنلىكى ئۈچۈن سادda ئىنكارىغا، سۆيۈملۈك گۇناھىغا قايتماي، مۇسا ئۆگەتكەن دۇئانىمۇ يادلاپمۇ يۈرمەي، بۇلارنىڭ ھەممىسىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ، رەببىگە يېقىن، بەخت-سائادەتلىك، گۈزەل ھايات كەچۈرۈپتۇ.

— مانا شۇ سەۋەبتىن، بىرسىنىڭ ئاغزىدىن ھەسەلدەك تامغان سۆز يەنە بىرسىنىڭ قۇلىقىغا نەشتەردەك سانچىلىدۇ،— دېدى شەمس، — ھالبۇكى ئاللاھ سۆزگە ئەمەس، نىيەتكە قارايدۇ. ئەدەب بىلىدىغانلار باشقا، يۈرىكى كۆيىدىغان ئاشىقلارنىڭ شەرىئىتى بارلىق دىنلاردىن ئايرىمدۇر. بىز مەزھەپ، دىن ياكى تىل پەرقىنى بىلمەيمىز، بارلىق ئىنسان زاتىنى ئوخشاش دەپ قارايمىز ۋە تەڭ كۆرىمىز. بىراۋنىڭ ئاغزىدىن چىققان سۆزنى "گۇناھ" دېمەيمىز. چۈنكى قەلبلەرنى ئاللاھ بىلىدۇ، بىز بىلمەيمىز. شۇڭا سۈكۈت قىلىمىز، بىرسىنى خالىغانچە باھالاپ، كۆڭلىگە ئازار بەرمەيمىز. بىزنىڭ بىرلا مەزھىپىمىز بار، ئۇ بولسىمۇ ئاللاھ.

شەمس سۆزىدىن توختىغاندا قازى ھەزرەتلىرىگە كۆزۈمنىڭ ئۇچىدا قارىدىم. ئۇ ئۆزىنى تەمكىن، خاتىرجەم كۆرسىتىشكە تىرىشسىمۇ تېرىكىپ تۇرغانلىقى ئېنىق ئىدى. ئەمما ناھايىتى ھىيلىگەر بولغاچقا شۇنىمۇ ھېس قىلىپ بولغانىدى: ئەگەر شەمس ئېيتقان ھېكايىگە رەددىيە بېرىشكە ئۇرۇنسا، تېخىمۇ ئىچكىرىلەپ، ئۇنى ھەددىدىن ئاشتى دەپ ئەيىبلەپ جازالىشى كېرەك ئىدى؛ ئەمما بۇنداق قىلسا ئىشلار چېكىگە چىقىپ، ئادەتتىكى بىر دەرۋىشنىڭ شۇنچە چوڭ قازىغا جەڭ ئېلان قىلغانلىقى

باغداد شەھىرىگە پۆر كېتەتتى. بۇ ئەھۋالدا ھېچ ئىش بولمىغاندەك، گەپنى مەشەدىلا تۈگىتىپ كەتكىنى ياخشى ئىدى.

ئۇ شۇنداق قىلدى.

سىرتتا كۈن ئولتۇرۇۋاتاتتى، كۆك يۈزى قىزغۇچ شەپەق نۇرىغا تولۇپ، بۇلۇتلار ھەر خىل شەكىلگە كىرىپ، غايەت رەڭدار تۈس ئېلىۋاتاتتى. بىر دەمدىن كېيىن قازى ئەپەندى ئورنىدىن قوپۇپ، مۇھىم بىر ئىشنى بارلىقىنى ئېيتتى. ماڭا مۇنداقلا بىر سالام بېرىپ، شەمسىكە سەت ئالىيىپ قويۇپ چىقىپ كەتتى. ئادەملىرى بىر-بىرىنى ئىتتىرىپ دېگۈدەك ئۇنىڭ ئارقىسىدىن مېڭىشتى.

هەممىسى كېتىپ دەرۋىش بىلەن ئىككىمىز يالغۇز قالدۇق.

— ئەپسۇس، باش قازى سەندىن رەنجىگەندەك قىلىدۇ، — دېدىم.

شەمسى تەبرىزى كۆزىگە چۈشكەن چاچلىرىنى بىر يانغا ئېتىپ كۈلۈمسىرىدى:

— نېمە بولسا بولسۇن، ئەمما ئۇنىڭدىن رەنجىشىم يوق. مەن بۇ قازىلارنىڭ مېنى ياقتۇرماسلىقىغا كۆنۈك.

ھاياجانلانمىدىم دېسەم يالغان بولىدۇ. بۇنداق ئىسيانكار، ئۆز بېشىمچى، مەيدانى مۇستەھكەم، ھەققە تەسلىم بولغىنىدىن كۆڭلى خاتىرجەم مۇساپىرنىڭ قىرىق يىلدا بىر قېتىم كېلىدىغانلىقىنى بىلەلىگۈدەك دەرىجىدە ئۇزۇن يىل باشقۇردۇم بۇ دەرگاھنى.

— قېنى ئېيت، — دېدىم، — قانداق بولۇپ باغداتقا كېلىپ قالدىڭ؟ بۇ يەردە نېمە ئىزدەيسەن؟

بىر ياقتىن ئۇنىڭ جاۋابىنى كۈتۈپ ھاياجانلانسام، بىر ياقتىن جاۋاب بەرمىسىكەن دەيتتىم. نېمىشقىدۇر ئۇقمايمەن، كۈتكەن جاۋابىم كۆڭلۈمگە قورقۇنچ سېلىۋاتاتتى.

ئېللا

بوستون، 2008-يىل 20-ماي

ئېللا بېشىنى ئاشخانىدىكى شىرەنىڭ ئۈستىگە قويۇپ، ئېچىقلىق تۇرغان كىتابنىڭ قېشىدا ئاغزى ئوچۇق ئۇخلاپ قالغانىدى. چۈشىدە ئۇ يول بويىدىكى بىر كارۋانسارايدا ئىدى. ئۇنىڭ ئىچى پور كۆتەك جىدەلخورلار، ناز-خۇلق چىقىرىدىغان ئۇسۇلچى ئاياللار، سىرلىق

دەرۋىشلەر بىلەن تولغانىدى. ئالدىدىكى تاۋاقلاردا ئۆيدە قىلىنغان تورت، پەرمۇدە، پېچىنە ـ پىرەنىكلەر تىزىقلىق تۇراتتى.

ئاندىن كارۋانسارايدىن چىقىپ كەتتى، ماكان ئۆزگەردى، يىراقتىن ئۆزىنى كۆردى. ناتونۇش دىياردا، بىر قەلئەنىڭ ئىچىدە، ھەرە ئۇۋىسىدەك مىغ ـ مىغ بازاردا ئالدىراش كېتىۋاتاتتى؛ بىرسىنى ئىزدەۋاتقانلىقى ئېنىق ئىدى. ئەتراپىدىكى ئادەملەر ئاستا ـ ئاستا ھەرىكەتلىنىپ، بىر ئۆزىلا ئاڭلىيالمىغان نەزمىنامىگە ئۇسسۇل ئويناۋاتاتتى. ئۇ ئۇزۇن بۇرۇتلۇق، بەستلىك بىر سېھىرگەردىن بىر نەرسىنى سورىدى، ئەمما ئاغزىنى ئاچقاندا ئۇنىڭغا گەپ قىلالمايدىغانلىقىنى بايقىدى. سېھىرگەر ئۇنىڭغا قاراپ قويۇپ ئۆز يولىغا كەتتى. ئېللا ئەمدى دۇكاندارلار، سودا ـ سېتىق قىلىۋاتقان خېرىدارلار بىلەن پاراڭلاشماقچى بولسىمۇ يەنىلا گەپ قىلالماي، ھېچكىمگە دەردىنى تۆكەلمىدى. دەسلەپتە ئۇلارنىڭ تىلىنى بىلمىگەنلىكىم ئۈچۈن گېپىمنى ئۇقتۇرالمايۋاتىمەن دەپ ئويلىغانىدى، ئەمما قولىنى ئاغزىغا ئاپىرىپ چۆچۈپ كەتتى، ئۇنىڭ تىلى يوق ئىدى. ئۇنىڭ تىلى ئۆلۈك تىرماققا ئوخشاش چۈشۈپ كەتكەنىدى. ئۇ جىددىيلىشىپ ئەينەك ئىزدەشكە باشلىدى، ئۆزىنىڭ بۇرۇنقىدەك تۇرغان ـ تۇرمىغانلىقىنى بىلمەكچى ئىدى. ئەمما شۇنچە چوڭ بازاردا ئەينەك چاغلىق نەرسە يوق ئىدى. ئۇ يىغلاشقا باشلىدى.

ئۇ قۇلىقىنى توختىماي تىرمىلاۋاتقاندەك بىر ئاۋازدىن بىئارام بولۇپ ئويغىنىپ كەتتى، كۆزىنى ئاچار ـ ئاچماي بىرىنچى قىلغان ئىشى تىلىغا قاراپ بېقىش بولدى. خۇداغا شۈكرى، تىلى جايىدا ئىدى. ئاۋاز چىققان تەرەپكە قاراپ، "كۆلەڭگە"نىڭ ئاشخانىنىڭ باغقا ئېچىلىدىغان ئىشىكىنى تىرمىلاۋاتقانلىقىنى كۆردى. بالكونغا بىر نەرسە كىرىۋالغاندەك قىلاتتى. ئۇ نەرسە بالكوندا كىتىرلاپ بۇ ياقتا ئىتتىنى تېرىكتۈرەتتى. يەنە كېلىپ "كۆلەڭگە" سېسىق كۈزەنگە ناھايىتى ئۆچ ئىدى. ھەممەيلەننىڭ ئېسىدە، ئۆتكەن يىلى قىشتا ئۇ سېسىق كۈزەنگە ئۇچراپ ئۇنىڭغا ھۇجۇم قىلغاندا، سېسىق كۈزەنمۇ سېسىق پۇراق چىقىرىپ ئۇنىڭدىن ئىنتىقام ئالغانىدى. بىچارە ئىتنى شوخۇلا سۈيى بىلەن تولدۇرۇلغان ۋاننىغا سېلىپ يۇيۇشقا مەجبۇر بولغانىدى. شۇنداقتىمۇ رېزىنكە پۇرايدىغان ئۇ بەدبۇي پۇراق نەچچە ھەپتىگىچە ئۇنىڭدىن كەتمىگەنىدى.

ئېللا تامدىكى سائەتكە قارىدى، كېچە سائەت ئۈچ بولغان، داۋىد يەنىلا ئۆيگە قايتمىغانىدى، بەلكى ئەمدى يېنىپ كەلمەيتتى. جېنېتمۇ ئۇنىڭغا تېلېفون قىلمىدى، بەلكى ئەمدى زادى تېلېفون قىلمايتتى. ئەمەلىيەتتە،

شۇ ئەسنادا ئېللانىڭ ھېچقانداق ئىشنى ياخشى تەرەپتىن ئويلىغۇسى يوق ئىدى. ئېرى ۋە قىزىنىڭ ئۇنى تاشلاپ كەتكەنلىك تۇيغۇسى ئىچىنى سىقتى. ئورنىدىن قوپۇپ توڭلاتقۇنى ئېچىپ، ئىچىگە قاراپ باقتى. مۇزلاتقۇدىكى قاچىلىق مارۇژنىنى ئېلىپ بىر نەچچە قوشۇق يېمەكچى بولغان بولسىمۇ، ئۆزىنىڭ ھېلىمۇ بەك سېمىز ئىكەنلىكىنى ئويلاپ توڭلاتقۇنىڭ ئىشىكىنى قاتتىق يېپىۋەتتى.

ئارقىدىن، ئادەتتە يالغۇز قالسىمۇ ھېچ ئىچىپ باقمايدىغان قىزىل ئۈزۈم ھارىقىنىڭ ئاغزىنى ئېچىپ قەدەھكە قۇيدى. ئۇ قويۇق ھەم كىشىنىڭ كەيپىنى كۆتۈرىدىغان ئېسىل ھاراق ئىدى. يەنە كېلىپ، تەمى ئۆزى ئارزۇ قىلغاندەك قاڭسىق بولۇپ، ئورمان، موگو، تۇپراقنىڭ ھىدى كېلەتتى. ئەمما ئىككىنچى قەدەھكە ھاراق قۇيۇۋاتقاندا داۋىدنىڭ قىممەتلىك بوردو ھارىقىدىن[①] بىرنى ئېچىپ سالغانلىقىنى ئويلاپ، دەرھال ئۇنىڭ چۈشەندۈرۈشىنى ئوقىدى: Chateau Margaux 1996 ، ئاپلا! داۋىد بۇ ھاراقنى ئالاھىدە بىر ئاخشام ئۈچۈن ساقلاۋاتاتتى. ئۇ نېمە قىلارىنى بىلمەي قاپىقىنى تۈرۈپ بوتۇلكىغا قارىدى. ئەمما ئارقىدىنلا ئۇنداق بولسا نېمە بوپتۇ دېگەندەك مۇرىسىنى قىسىپ قويدى. بۇمۇ بىر ئالاھىدە ئاخشام ئىدى، تەنھالىقىنى تەبرىكلەۋاتاتتى. ئۇ بىرلا كۆتۈرۈپ قەدەھنى قۇرۇقداپ قويدى. ئۇ بۇ گۈزەل شارابدىن ئەمدى نېرى تۇراي دېسىمۇ، شارابنىڭ ئۇنى قويۇپ بەرگۈسى يوق ئىدى.

ئېللا ئۈستەلگە كېلىپ، «ئىشق شەرىئىتى»نى قولىغا ئېلىپ ۋاراقلىدى، ئەمما ئوقۇشقا كىرىشمىدى. بىرەر قۇرمۇ ئوقۇيالمىغۇدەك ھارغىن، ئۇيقۇچان ئىدى. ئۇنى تاشلاپ ئىنتېرنېتقا كىرىپ، ئېلخەت ئادرېسىغا قارىدى-دە، بىر مۇنچە ئەخلەت ئۇچۇرلارنىڭ ئارىسىدا مىچېلنىڭ كىتاب تەقرىزى يېزىش ئىشىنىڭ قانداق كېتىۋاتقانلىقىنى سوراپ يازغان قىسقا، زېرىكىشلىك خېتىنىڭ ئاستىدىن ئۆزى كۈتۈۋاتقان خەتنى كۆردى.

ئەزىز. ز زەھرا ئۇنىڭغا دەرھال جاۋاب قايتۇرغانىدى:

سۆيۈملۈك ئېللا:

كۈتۈلمىگەن خېتىڭ مېنى گېۋاتىمالادا، مومۇستېناگو دەيدىغان چەت بىر يېزىدا تۇتۇۋالدى. بۇ يەر دۇنيادا تېخىچە مايا كالېندارىنى قوللىنىدىغان ئاز ساندىكى جايلارنىڭ بىرى. مەن چۈشكەن قونالغۇنىڭ ئۇدۇلىدا تىلەك تىلەيدىغان بىر دەرەخ بار. شاخلىرىغا ھەر خىل رەڭدە، گۈللۈك لاتا پۇرۇچلار چىگىپ قويۇلىدىغان بۇ دەرەخنى يەرلىك

---

① بوردو ھارىقى— فرانسىيىنىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى بوردو شەھىرىدە ئىشلەپچىقىرىلىدىغان داڭلىق ئۈزۈم ھارىقى

كىشىلەر ”دەرتمەنلەر دەرىخى“ دەپ ئاتايدۇ. قەلبى يارىلانغان كىشىلەر ئىسمىنى بىر قەغەزگە يېزىپ، بۇ دەرەخنىڭ شېخىغا ئېسىپ، دەردىگە دەرمان تېپىش ئۈچۈن دۇئا قىلىشىدۇ.

ھەددىمىدىن ئاشمىغانلىمەن، ئەمما خېتىڭنى ئوقۇپلا تىلەك دەرىخىنىڭ يېنىغا بېرىپ، قىزىڭ بىلەن بولغان ئۇقۇشماسلىقنى تۈگىتىشىڭ ئۈچۈن دۇئا قىلدىم. ئىنسان ئۆز يېقىنلىرىغا ياخشى بولسۇن دەپ ئۇلارنىڭ ئىشىغا ئارىلىشىۋالىدۇ، ئەمما بۇنىڭ پايدىسىنى كۆرمەيدۇ. ئۆزەمنى ئېيتسام، باشقىلارنىڭ ئىشىغا ئارىلىشىۋالماي، ”تەۋەككۇل قىلغان“ چېغىمدا ئارام تېپىپ قالدىم، بىلەمسەن؟

تەۋەككۇل قىلىش كۆپلىگەن ئىنسانلارغا نىسبەتەن ئامالسىز قېلىش دېمەكتۇر. ھالبۇكى، ئىش دەل ئۇنىڭ ئەكسىچە. تەۋەككۇل قىلىش، ئىنسانلار قوبۇل قىلالايدىغان ھەم ماسلىشالايدىغان ئاخىرقى خۇشاللىقتۇر، ئۇ پاسسىپ ئەمەس، ئاكتىپتۇر. كائىناتتا بىز ئۆزگەرتەلمەيدىغان، سىرىنى تولۇق بىلەلمەيدىغان ھادىسىلەر يۈز بېرىپ تۇرىدۇ. تۇرمۇشتىكى ئىشلارمۇ شۇنىڭ ئىچىدە، بولۇپ ئۆتكەن بارلىق ئىشلارغا ئىشق-مۇھەببەت بىلەن يېقىنلىشىش مۇمكىن، ھېچ بولمىغاندا ئۇنى سىناپ باقالايمىز. رۇمى ئىشقنىڭ ئابىھايات سۈيى ئىكەنلىكىگە ئىشىنەتتى، ئەگەر شۇنداق بولسا ئۇنىڭ بىر قەترىسىمۇ زايە بولماسلىقى كېرەك.

مايا كالېندارىغا كۆرە، بۈگۈن پەۋقۇلئاددە بىر كۈن بولۇپ، ئۆزگىرىشلەردىن، يېپيېڭى، پاكلانغان قەلبتىن خۇشخەۋەر بېرىدىكەن. كۈن پېتىپ بۇ كۈن ئاياغلىشىپ بولغىچە بۇ خەتنى دەرھال سېلىۋېتەي، سېھرىي كۈچى يوقالمىسۇن.

دەرەخ شېخىدا لەپىلدەپ تۇرغان ئىسمىڭ رەڭگا رەڭ چېچەكلەرگە تولغاي، ئىشق-مۇھەببەت سەن ھېچ ئويلىمىغان، كۈتمىگەن بىر يەردىن ئالدىڭدا پەيدا بولىدۇ.

دوستانە تىلەكلىرىم بىلەن

ئەزىز

ئېللا خەتنى ئىككى قېتىم ئوقۇدى، ئاجايىپ ئادەم ئىدى ئەزىز. خەتنى شۇ قەدەر چىن كۆڭلىدىن يازغانىدى! بۇ ئايال قانداق بولۇپ ماڭا خەت يېزىپ قالدى دېمەستىن، ئەستايىدىللىق، سەممىيلىك بىلەن جاۋاب يازغانىدى. ئۇ ئېللانىڭ نېمىسى ئىدى؟ ئېللا تونۇيدىغان ھېچكىم ئۇنىڭغا بۇنداق خەت يازمايتتى.

ئەمەلىيەتتە، ئۇ ناتونۇش بىر ئادەمنىڭ دۇنيانىڭ ئۇ قېتىمدا تۇرۇپ ئۆزىگە دۇئا قىلىشىدىن تەسىرلەندى. كۆزىنى يۇمۇپ، ئىسمى يېزىلغان قەغەز پارچىسىنى ئويلىدى. ئۇ قەغەز شامالدا لەگلەكتەك ئۇچاتتى، شۇ قەدەر بەڭۋاش، ئەركىن، يەڭگىل، بەختىيار ئىدى...

بىر نەچچە مىنۇتتىن كېيىن ئۇ ئاشخانىنىڭ ئىشىكىنى ئېچىپ ئارقىدىكى باغقا چىقتى: سەھەرنىڭ مەيىن شامىلى بۇرنىنى غىدىقلىدى، ئۇ ئۇيقۇچان ھالدا بۇ ھاۋانى پۇراپ، كۆزىنى قىسىپ، پۈتۈن دىققىتى بىلەن شامالنىڭ تىۋىشلىرىغا قۇلاق سالدى.

باھارنىڭ ئاخىرقى پەيتىدە، ئامېرىكىدىكى كاتتا بىر ئۆينىڭ ئارقا بېغىدا، كۆكتە ئاي بىلەن بۇلۇت، يەردە ئېللا بىلەن ئىتى قاتار تۇرۇشتى.

ئەمەلىيەتتە، قېرى ئىت بىلەن ئۇنىڭ ئىگىسى كېچىنىڭ ۋەھىمىلىرىدىن، ھاياتنىڭ سىرلىقلىقىدىن قورقاتتى. ھەر ئىككىسى ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ، قورقۇنچ ھەم بىئاراملىق بىلەن قاراڭغۇلۇققا نەزەر سالدى.

چۆمەز

باغدات، 1242-يىل 4-ئاي

باش قازى بىلەن ئۇنىڭ ئادەملىرىنى ئىشىككىچە ئۇزىتىپ قويغاندىن كېيىن مەينەت قاچىلارنى يىغىشتۇرۇش ئۈچۈن ئۆيگە كىردىم. قارىسام بابا زامان بىلەن جاھانكەزدى دەرۋىش بايىقىدەك تۇرۇپتۇ، ھېچقايسىسىدىن بىر ئېغىز گەپ چىقمايتتى. ئىككىسىگە كۆزۈمنىڭ ئۇچىدا قاراپ قويدۇم، ئەجەبا ئاۋاز چىقارماي پاراڭلىشىش مۇمكىنمۇ؟ ئۇلارغا قىزىقىپ تۇرۇپ قالدىم، گەپ قىلارمىكىن دەپ ياستۇقلارنى ئوڭشىدىم، ئۆينى يىغىشتۇردۇم، گىلەمدىكى ئەخلەتنى بىرمۇ بىر تەردىم. ئاخىردا بۇ ئۆيدە تۇرۇشقا ھېچ باھانەم قالمىدى. ئۇلارنى ئۆيدە قالدۇرۇپ يېنىپ چىقىشقا مەجبۇر بولدۇم.

ئاشخانىغا ئالدىرىماي كىردىم، زالىم ئاشپەز قېرى مېنى كۆرۈپلا كەينى-كەينىدىن ئىشقا بۇيرۇپ كەتتى:

— نەگە كەتتىڭ لامزەللە؟ سۇپىرىنى دەرھال پاكىزلا، يەرلەرنى سۈپۈر! قاچا-قۇچىلارنى يۇي، ئوچاقنى تازىلا، تامدىكى ئىسنىڭ قارىسى، ياغ يۇقىنى سۈرتىۋەت، ئىشىك تۇۋگەندە قاپقانغا قاراپ بېقىشنى ئۇنتۇپ

قالما! قازناقتا بىلەكتەك يوغان چاشقانلارنى كۆردۈم. بىرىپ ئۇ مەينەتلەرنى تۇت! بولمىسا پىشلاقنىڭ ئورنىغا سېنى قويىمەن قاپقانغا!

بۇ دەرگاھقا كەلگىلى ئالتە ئاي بولدى، ئەمما كەلگەن كۈندىن باشلاپلا ئاشپەز قىرىنىڭ قولى ياقامدا. نېمە ئىش بولسىلا " پاكىزلىق ئىبادەتتۇر، ئىبادەت پاكىزلىقتۇر" دەپ تۇرۇۋالىدۇ زومىگەر قېرى! ئۇنىڭ مەجبۇرلىشى بىلەن ھەر كۈنى ئېشەكتەك ئىشلەيمەن. بۇ زۇلۇمنى تېخى "مەنىۋى تەربىيە" دەپ قويۇشى قىززىق! ياغلىشىپ كەتكەن قاچىلارنى يۇيۇش، يەرلەرنى سۈپۈرۈشتە قانداقمۇ مەنىۋىيەت بولسۇن؟

بىر كۈنى ئۇنىڭغا مىقتەك تىكىلىپ:

— پاكىزلىق ئىبادەت بولسىدى، باغداتتىكى خوتۇنلارنىڭ ھەممىسى پىر ئەۋلىيا مەرتىۋىسىگە يېتەتتى،—دېدىم.

ئاشپەز قېرى بېشىمغا ياغاچ قوشۇق ئېتىپ جېنىنىڭ بارىچە ۋارقىرىدى:

— ھەي گۇي، دەرۋىش بولماقچى بولساڭ شۇ ياغاچ قوشۇقتەك جىم تۇر. مەسە-كالاچتەك بىكار تۇرمايدىغان ئېغىزىڭ بىلەن دەرۋىش بولالمايسەن. زۇۋانىڭنى يىغىپ ئاز گەپ قىلساڭ بالدۇرراق ئادەم بولىسەن!

ئاچچىقىم كېلەتتى بۇ قېرىغا، ئەمما ئۇنىڭدىن شۇنچىلىك قورقاتتىمكى، تاكى مۇشۇ ئاشخانىغىچە گېپىدىن چىقماي كەلگەنىدىم...

بۇ نۆۋەت ئۇ قېرى كېتىشىگە ئاشخانىدىن قېچىپ چىقىپ، پۈتۈمنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ ھېلىقى دەرۋىش تۇرغان ئۆيگە يېقىنلاشتىم. تۇيۇقسىز كەلگەن بۇ دەرۋىشكە شۇنچە قىزىقىۋاتاتتىم. ئۇ كىم؟ قانداق ئادەم؟ قەلەندەرمۇ؟ بۇ يەرگە نېمە قىلغىلى كەلدى؟ كۆزىدە مەجنۇنلۇق، ھەر بىر قارىشىدىن سەركەشلىك، كەسكىنلىك، چاققانلىق، قورقۇمسىزلىق بالقىپ تۇرىدۇ. كەمتەرلىك بىلەن بېشىنى ئېگىپ تۇرغاندىمۇ كۆزىدىكى ئۇ ئىپادىلەر يوقالمايدۇ. شۇ قەدەر ئىسيانكار، قارام كۆرۈنىدىغان بىر ئىنسانكى، ئۇنى كۆرگەن ھەر كىشى ئۇنىڭغا زوقلىنىپ قالىدۇ ھەم ئۇنىڭدىن ئەيمىنىدۇ.

ئۆيگە كىرگەندە ئىشىك ئېتىكلىك ئىدى. بىر تۆشۈكتىن ماربىدىم. باشتا ھېچنېمىنى كۆرەلمىگەن بولسامۇ، كۆزۈم غۇۋا يورۇقتا كۆنگەندە ئۇلارنىڭ چىرايىنى كۆرەلىدىم.

بىر دەمدىن كېيىن بابا زامان شەمستىن بىر سوئال سوردى:

— قېنى ئېيتساڭچۇ، قانداق بولۇپ باغداتقا كېلىپ قالدىڭ؟ ياكى بۇ دەرگاھنى چۈشۈڭدە كۆردۈڭمۇ؟

دەرۋىش بېشىنى چايقىدى:

— ياق، بۇ يەرگە كېلىشىمگە چۈشۈم سەۋەب بولمىدى، مەن ئەزەلدىن چۈش كۆرمەيمەن.

— ھەر كىم چۈش كۆرىدۇ، — دېدى بابا زامان مۇلايىملىق بىلەن، — چۈشۈڭ ئېسىڭدە قالمىغان بولسا ئۇ باشقا، چۈشۈڭ ئېسىڭدە قالمىسا ئۇ چۈش كۆرمىگەنلىك بولمايدۇ.

— ئەمما مەن چۈش كۆرمەيمەن، — دېدى يەنە شەمس، — بۇ ئاللاھنىڭ ماڭا قىلغان لۇتفى كەرەمىنىڭ بىر قىسمى. بالىلىق چاغلىرىمدىلا كائىناتنىڭ بەزى سىرلىرى كۆز ئالدىمدا نامايەن بولاتتى. بۇلارنى ئاتا-ئانامغا دەپ بەرسەم خوش بولماقتا يوق، ئۇلارنى خىيالىڭدا كۆرۈپسەن دەيتتى. دوستلىرىمغا سۆزلەپ بەرسەم، ئۇلارمۇ مېنى ” خىيالپەرەس، يالغانچى“ دېيىشتى. ئۇستازلىرىمدىن پىكىر ئالدىم، ئەمما ئۇلارمۇ شۇنداق دەپ قارىدى. ئاخىردا شۇنى چۈشەندىمكى، ئىنسانلار پەۋقۇلئاددە بىر ئىشنى ئاڭلىسا ئۇنى خىيال ياكى چۈش دەپلا قارايدىكەن.

دەرۋىش سۆزلەۋېتىپ قانداقتۇر بىر تىۋىشنى ئاڭلىغاندەك جىمىپ قالدى. ئاندىن ئاجايىپ بىر ئىش بولدى، ئۇ قەددىنى رۇسلاپ، ئىشىككە بۇرۇلدى-دە، بارىدىغان يېرىنى بىلىدىغاندەك مەن تەرەپكە قاراپ ماڭدى، مېنىڭ بۇ يەردە تۇرۇپ ئۇلارنى ماراۋاتقانلىقىمنى كۆرۈۋاتقاندەك، مەن تۇرغان يەرگىلا قارايتتى. كۆزى ئىشىكنىڭ نېرىسىنىمۇ كۆرەلەيدىغاندەك قىلاتتى.

يۈرىكىم دۈپۈلدەپ سوقۇپ كەتتى، ئاشخانىغا قاچاي دەپ ئويلىدىم، ئەمما پۇت-قوللىرىم قېتىپ قالغاندەك مىدىرلىيالمىدىم. شەمسى تەبرىزىنىڭ ئۆتكۈر كۆزلىرى ئىشىكتىن ئۆتۈپ يىراقلارغا باراتتى. دەھشەت قورقۇۋاتاتتىم، ئەمما ۋۇجۇدۇم ئاجايىپ كۈچكە تولغانىدى. شەمس يېقىنلىشىپ كېلىپ، ئىشىكنىڭ قۇلپىسىغا قول ئۇزىتىپ، ئىشىكنى ئېچىپ مېنى نەق مەيداندا تۇتىۋالاي دېگەندە تۇرۇپ قالدى. ئۇ ئىشىككە بەك يېقىن تۇرۇۋالغاچقا تۆشۈكتىن ماراشنىڭ ھاجىتى يوق ئىدى. ئۇنىڭ يۈزىنى كۆرەلمىدىم، بۇنداق تۇرۇش ماڭا قەبرە ئازابىدەك تۇيۇلدى، ئۆپكەمنى بېسىپ چاندۇرماي تۇرۇۋالدىم. بۇ پەيتتە شەمس يەنە تۇيۇقسىز ئارقىغا بۇرۇلۇپ، ئىشىكتىن يىراقلىشىپ ھېكايىسىنى داۋام قىلدى:

— ئەڭ ئاخىردا ئاللاھتىن ئەمدى زادى چۈش كۆرمەسلىكنى تىلىدىم. شۇنداق بولغاندا قاچان بىر ئالامەتكە يولۇقسام ياكى ئۇ دۇنياغا كەشىف ئۇچۇن چىقسام بۇنىڭ چۈش ئەمەسلىكىنى ئېنىق بىلەلەيتتىم. ئاللاھ

تىلىكىمنى ئىجابەت قىلدى، چۈش پەرىشتىسىنى مەندىن ئايرىدى، شۇڭا مەن زادى چۈش كۆرمەيمەن.

شەمس ئۆيىنىڭ ئۇ تەرىپىدە بولۇپ، ئىچقىلىق دېرىزىنىڭ يېنىدا ئۆرە تۇراتتى. سىرتتا سىم-سىم يامغۇر يېغىۋاتاتتى. ئۇ يامغۇرغا قاراپ خىيالغا چۆكۈپ ئاندىن مۇنداق دېدى:

— ئاللاھ چۈش پەرىشتىسىنى مەندىن ئايرىۋەتكەن بىلەن بۇنىڭ ئورنىغا ماڭا باشقىلارنىڭ چۈشىگە تەبىر بېرىش ئىقتىدارىنى بەردى.

بابا زامان بۇ گەپلەرگە ئىشەنمەيدۇ، ماڭا ئازار بەرگىنىدەك ئۇنىڭغىمۇ شۇنداق ئازار بېرىدۇ دەپ ئويلىدىم. ئەمما ئۇ بېشىنى ئاستا ئېگىپ شۇنداق دېدى:

— ئاجايىپ ئادەمدەك قىلىسەن، قېنى ئېيتقىنا، ساڭا نېمە قىلىپ بەرسەك بولىدۇ؟

— بىلمەيمەن، راستىنى ئېيتقاندا، بۇنىڭ جاۋابىنى سىلەردىن كۈتىمەن.

— بۇ قانداق گەپ؟— دېدى بابا زامان چۈشەنمەي.

— قىرىق يىلدىن بېرى دەرۋىشمەن، قۇرت-قوڭغۇز، چۈمۈلە، ئۇچار جانىۋارلارنىڭ ھەممە تۈرىنى بىلىمەن. ئامالسىز قالسام ياۋايى ھايۋاندەك ئېلىشىمەن، ئەمما ھېچكىمگە چېقىلمايمەن. كۆكتىكى بۇرۇجلارنى، ئورماندىكى موگولارنى، يايلاقتىكى ئوت-چۆپلەرنى، دەريادا بېلىقلارنى ساناپ بېرەلەيمەن. ئاللاھ ئۆز سۈرىتىدە ياراتقان ئىنسانىنى گويا ئوچۇق كىتابتەك ئوقۇيمەن...

مۇرشىدىمىز قەندىلىنى يېقىپ بولغىچە شەمس بىر دەم تۇرىۋېلىپ سۆزىنى داۋام قىلدى: چۈنكى ئۇ قىرىق نىزامنىڭ بىرىدۇر. تۆتىنچى نىزام: كائىناتتىكى ھەر زەررىدىن ئاللاھنىڭ سۈپەتلىرىنى تاپالايسەن، چۈنكى ئۇ مەسچىت-جامەدە، چېركاۋدا، يەھۇدىي ئىبادەتخانىسىدا ئەمەس، ھەر ۋاقىت، ھەر جايدىدۇر. ئاللاھنى كۆرۈپ ياشايدىغانلار بولمىغىنىدەك، ئۇنى كۆرۈپ ئۆلگەنلەرمۇ يوق. كىم ئۇنى تاپسا ئۇنىڭ بىلەن ئەبەدىي قالىدۇ.

تىترەك، غۇۋا يورۇقلۇقتا شەمسى تەبرىزىنىڭ بويى تېخىمۇ ئېگىز كۆرۈنەتتى، چاچلىرى دولىسىغا دولقۇنسىمان چۈشۈپ تۇراتتى.

— ئەمما ئىلمى لەدۇن[①] بىر يەرگە تارالمىسا لوڭقىنىڭ ئاستىدىكى قىرتاق سۇغا ئوخشاپ قالىدۇ. ئىچىمگە توپلانغان ئىلىمدىن تەڭ بەھرىمەن بولالايدىغان بىر دوست تېپىش ئۈچۈن ئاللاھقا كۆپ دۇئا قىلدىم. ئاخىردا سەمەرقەند ئەتراپىدىكى بىر ئۆتەڭدە ماڭا پىچىرلىغان ئاۋاز ئاڭلاندى. تەقدىرىمنىڭ تەجەللىي بولۇشى ئۈچۈن باغداتقا بېرىشىم كېرەك ئىكەن. ئىشىنىمەنكى، ئەمدى نەگە بارىدىغانلىقىمنى سىلەر ئەتە-ئۆگۈن ئېيتىپ بېرىسىلەر.

تالادا قاراڭغۇ چۈشۈپ ئاي تۇغقان بولۇپ، دېرىزىدىن ئايئاق شولىسى كىرىۋاتاتتى. خېلىلا كەچ بولۇپ قالغانىدى، ئاشپەز قېرى مېنى ئىزدەپ چىققان بولۇشى مۇمكىن، ئەمما چاتىقىم بولمىدى. بىرەر قېتىم بولسىمۇ قائىدىنى بۇزىۋېتىش كارامەت ئىش ئىدى!

— مەندىن قانداق جاۋاب كۈتىسەن، بىلمەيمەن،— دېدى بابا زامان بوش ئاۋازدا،— ئەمما مەندە ساڭا بېرىدىغان مەلۇمات بولسىلا ۋاقتى كەلگەندە چوقۇم يەتكۈزىمەن. شۇ چاغقىچە مېھمىنىمىز بولۇپ، بىز بىلەن قالساڭ بولىدۇ.

شەمس ھۆرمەت بىلەن ئېگىلىپ سالام بېرىپ، بابا زاماننىڭ قولىنى سۆيدى. شۇ ئەسنادا مۇرشىدىم ئاجايىپ بىر سوئال سورىدى:

— بارلىق ئىلىمنى باشقا بىرىگە يەتكۈزىمەن دەيسەن، ئىچىڭدىكى بىلىملەرنى ئۈنچە-مەرۋايىتتەك ئېلىپ بىر زاتقا بەرمەكچى بولۇۋاتىسەن. لېكىن بىراۋنىڭ قەلبىگە مەنىۋىيەت نۇرى يەتكۈزمەك بەدەلسىز ئىشمۇ؟ ئۇنىڭ ئۈچۈن قانداق بەدەل تۆلەيسەن؟

دەرۋىشنىڭ جاۋابىنى ئۆمۈر بويى ئۇنتۇمايمەن. ئۇ بىر دەم تۇرىۋېلىپ:

— بېشىمنى— دېدى تەمكىنلىك بىلەن، — ئۇنىڭ ئۈچۈن بېشىم تەييار.

دۇمبەمدىن سوغۇق تەر ئاقتى، چۆچۈپ كەينىمگە داجىدىم. قايتا تۆشۈكنىڭ ئالدىغا كېلىپ مارىغىنىمدا مۇرشىدىمىزنىڭمۇ تىترەپ كەتكەنلىكىنى كۆردۈم.

بابا زامان ئېغىر تىنىپ:

— بۇگۈنكى سۆھبىتىمىز مۇشۇنچىلىك بولسۇن، ھېرىپ كەتتىڭ. بىزنىڭ قىزىل چۆمەزنى چاقىراي، ياتىدىغان جايىڭنى كۆرسىتىپ قويسۇن، پاكىز كىرلىك بىلەن سۈت ئەكىلىپ بەرسۇن.

[①] ئىلمى لەدۇن— ئاللاھنىڭ رەھمىتى، ھادىسىلەرنىڭ ماھىيىتى ۋە ھېكمىتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىلىم بولۇپ، تىرىشىش ئارقىلىق ئەمەس، ئىلاھىي ئىلھام بىلەن قولغا كېلىدۇ. خىزىر ئەلەيھىسسالام بۇ ئىلىمگە ئېرىشكەن.

شەمس بۇنى ئاڭلاپ ئىشىككە قارىدى، كۆز نۇرى بەدىنىمنى تېشىۋەتكەندەك بولدى. ئۇنىڭ كۆزلىرى گويا تامنىمۇ تېشىپ ئۆتەتتى، ئىشىكنىڭ نېرىسىنى ئەمەس، ئىچىمدىكى ھەممە نەرسىنى كۆرۈپ، خۇپىيانە سىرلىرىمنى مەندىنمۇ بەك بىلىدىغاندەك قىلاتتى. ئىچىمگە قورقۇنچ كىرىۋالدى، بەلكىم ئۇ سېھىر قىلىشنى بىلىدۇ. قۇرئاندا ئاگاھلاندۇرۇلغان، بابىلنىڭ ئىككى مەشھۇر پەرىشتىسى ھارۇت بىلەن مارۇت ئۇنىڭغا سېھىر ئۆگەتكەن بولۇشى مۇمكىن. ياكى ئۇنىڭدا تامنىڭ نېرىسىنى كۆرەلەيدىغان باشقا ئىقتىدار بار، ئىشقىلىپ، مېنى قورقىتىۋېتىپ باراتتى.

— قىزىل چۈمەزنى چاقىرىشنىڭ ھاجىتى يوق، — دېدى شەمس، — باياتىن بېرى ئۇنىڭ يېنىمىزدا تۇرۇپ، پاراڭلىرىمىزنى ئاڭلاپ تۇرۇۋاتقىنىنى تۇيۇپ تۇرۇۋاتىمەن.

ئىختىيارسىز ”ۋاھ“ دەۋەتتىم، چۆچۈپ ئورنۇمدىن قوپۇپ باغقا يۈگۈردۈم. ئەمما ئۇ يەردە كۈتۈلمىگەن پالاكەتكە يولۇقتۇم: ئاشپەز قېرى!

— سەن گۆي بۇ يەردىكەنسەنغۇ! — دېدى ئاشپەز قېرى ۋە قولىغا سۈپۈرگىنى ئېلىپ مېنى قوغلاشقا باشلىدى، — ۋۇي بالا تەگكۈر، پەيمانىڭ توشتى، بۇ ياققا كەل!

سۈپۈرگە تېگىپ بولغىچە باغدىن ئوقتەك ئېتىلىپ چىقىپ كەتتىم. دەرگاھتىن چوڭ يولغا چىقىدىغان چىغىر يولدا قېچىۋاتقاندا شەمسى تەبرىزىنىڭ چىرايى كۆز ئالدىمدىن كەتمەيتتى. ئۇلارنى ماراۋاتقانلىقىمنى نەدىن بىلگەندۇ؟ سېھىرگەرمىدى بۇ ئادەم؟ يۈگۈرۈپ خېلى ئۇزاپ كەتسەممۇ ئۆزەمنى زادى توختىتالمىدىم؛ ئۆپكەم ئاغزىمغا تىقىلىپ، ئاغزىم قۇرۇپ كەتتى. پۇتلىرىم بوشاپ، يۈرىكىم تىقىلىپ قالغىچە يۈگۈرۈپ كېتىۋەردىم...

ئېللا

بوستون، 2008-يىل 21-ماي

ئېللا كارىۋىتىدا ئۇخلاپ قالغان بولۇپ، بېشىدا قۇرۇقدالغان قەدەھ، قۇچىقىدا «ئىشق شەرىئىتى» تۇراتتى. ئەتىسى داۋىد ئۆيگە كەلگەندە ئۇنى مۇشۇ ھالەتتە كۆردى. كارىۋاتقا يېقىنلىشىپ، ئايالىنىڭ ئۈستىنى يېپىپ قويغۇسى كەلدىيۇ، بۇ خىيالدىن يېنىپ دەرھال مۇنچىغا كىرىپ كەتتى.

ئون، ئونبەش مىنۇتلاردىن كېيىن ئىبللا ئۆزى ئويغاندى، ئېرىنىڭ مۇنچىدا يۇيۇنۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ھەيران قالمىدى. داۋىد قەيەردىلا بولسا باشقا ئاياللارنىڭ ئۆيىگە بېرىپ، ھەتتا ئۇلار بىلەن بىللە بولالايتتى، ئەمما ھەر ئەتىگىنى چوقۇم ئۆزىنىڭ مۇنچىسىدا يۇيۇناتتى. ئىبللا كارىۋىتىدىن قوپماي، سۇنىڭ شاقىراپ چۈشۈۋاتقان ئاۋازىنى ئاڭلىدى. بىر دەمدىن كېيىن داۋىدنىڭ مۇنچىدىن چىققىنىنى تۇيۇپ، كۆزىنى يەنە يۇمۇپ ئۇخلىغان بولۇۋالدى. شۇنداق قىلىپ، ئېرىنىڭ ئاخشام نېمىشقا ئۆيگە كەلمىگەنلىكىنى سوراشنىڭ ھەمدە ئېرىنىڭ ئۇنىڭغا جاۋاب بېرىشىنىڭ ھاجىتى قالمىدى.

بىر سائەتچە ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن داۋىد بىلەن بالىلار سىرتقا چىقىپ كېتىپ، ئىبللا ئاشخانىدا يالغۇز قالدى. ھايات بۇرۇنقىدەك ئۆز يۆنىلىشىدە كېتىۋېرىدىغاندەك قىلاتتى. ئۇ ئۆزى ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان تاماق قوللانمىسى ئاچتى: ئەپچىل تاماق ئېتىش سەنئىتى. ئۇ بىر قانچە چۈشەندۈرۈشكە تەپسىلىي قاراپ، چۈشتە ئۆزىنى مەشغۇل قىلالايدىغان تاماق تۈرىنى تاللىدى:

زەپىران، ھىندىستان ياڭىقى، ئاپېلسىن، يەلپۈگۈچسىمان قۇلۇلە شورپىسى، موگو قىيامى قېتىلغان يېشىل كۆكتات، بەش خىل پىشلاق قېتىلغان چۆپ، ئاچچىقسۇدا قىزارتىلغان سامساق بىلەن پىشۇرۇلغان موزاي قوۋۇرغىسى، قايماق قېتىلغان چېچەكسەي سالاتاسى.

ئارقىدىن تاتلىق تۈرۈمدىن بىرىنى تاللىدى: قەھۋە تەملىك پېچىنە.

ئۇ تاماق ئېتىشكە شۇ قەدەر ئامراق ئىدى. چۈنكى ئۆزى يالغۇز، ۋايىغا يەتكۈزۈپ قىلالايدىغان ئىشى مۇشۇ ئىدى ھەمدە تاماق ئەتسە كۆڭلى ئارام تېپىپ قالاتتى. ئادەتتىكىچە نەرسىلەردىن لەززەتلىنىش، ئېسىل تائام ئېتىپ داستىخانغا قويۇش كىشىنى خۇشال قىلىدىغان ئىش ئىدى. ئاشخانىدا تاماق ئەتسە كۆندىلىك تۇرمۇشتىكى چەكلىمە ۋە ئىچ پۇشۇغىدىن قۇتۇلاتتى. ئاشخانا ئۇنىڭ تاشقى دۇنيادىن قېچىپ، ۋاقىتتىن ئۆزى بىلگەنچە پايدىلىنالايدىغان بىردىنبىر جايى ئىدى؛ بەلكى بەزىلەرنىڭ ئەر-خوتۇنلۇق تۇرمۇشتىن ئالىدىغان خۇشاللىقىنى ئىبللا تاماق ئېتىش ئارقىلىق، يەنە كېلىپ ئۆزى يالغۇز تاپالايتتى، ئۇنىڭغا پەقەت بىر ئاز ۋاقىت، ئەمگەك، لازىمەتلىكلەر كېتەتتى.

ئۇ تېلېۋىزوردىكى ئاشپەزلىك پروگراممىلىرىنى تولۇق كۆرسىمۇ، ئۇنىڭغا ئىشىنىپ كەتمەيتتى. بۇ پروگراممىغا چىققانلارنىڭ تاماق ئېتىشىنى ھە دېسە "خاسلىق"، "ئىجادىيلىق"،

ھەتتا ”ئەسەبىيلىك“ دەۋىلىشلىرى ئېللاغا غەلىتە تۇيۇلاتتى. ئاشخانا ھەرگىز تەجرىبىخانا ئەمەس - تە! ئالىملار تەجرىبە ئىشلىسۇن، سەنئەتچىلەر ئاجايىپ - غارايىپ بولسۇن! ئاشپەزلىك باشقا ئىش. ياخشى ئاشپەز بولۇش ئۈچۈن تەجرىبە ئىشلەش، ئەسەبىيلىشىش نە ھاجەت! تاماق ئېتىشنى ئۆگىنىدىغان ئادەم باشتا ئۇنىڭ ساۋاتلىرىنى ئۆگىنىشى كېرەك. تاماق ئېتىش سەنئىتى يىللار، ئەسىرلەر داۋامىدا مەيدانغا كەلگەن. ئادەملەر يېڭى تاماق ئىجاد قىلىشتىن ئاۋۋال ھازىر بارلىرىنى ھۆرمەت قىلىشى كېرەك. ھازىرقى جەمئىيەتتە ھېچكىم كونا ئادەتلەرنى ياكى ئەنئەنىۋى بىلىملەرنى ئالاھىدىلىك دەپ قارىمىغان بىلەن، ئېللا رۇبېنستېين ئاشخانىدا ئەنئەنىچى ئايال ئىدى.

ئېللا ئۆز تۇرمۇشىغا كۆنۈپ كەتكەنلەردىن بولۇپ، ھەر كۈنى ئوخشاش ۋاقىتتا ناشتىلىق تەييارلايتتى، ھەر ھەپتىنىڭ ئاخىرىدا شۇ بىرلا بازارغا باراتتى، ھەر ئاينىڭ تۇنجى يەكشەنبىسىدە قوشنىلىرى بىلەن كاۋاپ پىشۇرۇپ يەيتتى. داۋىد خىزمەت سەۋداسى بولغاچقا ئۆينىڭ پۈتۈن ئىشلىرىنى ئېللا باشقۇراتتى: ھېساب - كىتابنى ئۆزى قىلاتتى، ئۆي جاھازلىرىنى ئۆزى يېڭىلايتتى، لازىملىق نەرسىلەرنى ئۆزى ئېلىپ كېلەتتى، ئۆينىڭ بىر يېرىنى رېمونت قىلىش توغرا كېلىپ قالسا ئۇستىلارنى ئۆزى چاقىرىپ كېلەتتى. بالىلىرىنى بالېت، ۋاسكېتبول، چويلا توپ كۇلۇبلىرىغا ۋە تۇغۇلغان كۈنى ئولتۇرۇشلىرىغا ئۆزى ئاپىراتتى، تاپشۇرۇقلىرىغا ياردەم قىلاتتى ۋە بۇ ئىشلارنى ئاقسىتىپ قويماسلىق ئۈچۈن ۋاقتىنى زىچ ئورۇنلاشتۇراتتى.

ھەر پەيشەنبە ئاخشىمى ئېللا ئۆزىدەك ئۆي خوتۇنلىرى تەشكىللىگەن ئاشپەزلىك كۇلۇبىغا باراتتى (كۇلۇبنىڭ ئەزالىرى ھەر قايسى دۆلەتلەرنىڭ ئاشخانىلىرىنى تەتقىق قىلىپ، كونا رېتسېپلارنى يېڭى تەم بىلەن بېيىتىدىغان تاماق ئېتىش ئۇسۇللىرىنى ئۆگىنەتتى). ھەر جۈمە كۈنى ئۇ ئورگانىك مەھسۇلاتلار بازىرىدا سائەتلەپ ئايلىنىپ، دېھقانلار بىلەن مەھسۇلاتلار ھەققىدە پاراڭلىشىپ، شېكەر تەركىۋى تۆۋەن مۇرابباللارنى قانداق ياساشنى تەتقىق قىلاتتى، ياكى ئۆزىگە ئوخشاش تائام ھەۋەسكارلىرىغا ”كىچىك موگونى قانداق پىشۇرۇش كېرەك؟“ دېگەندەك ماھارەتلەرنى تەپسىلىي چۈشەندۈرەتتى. بازاردىن يېنىپ كەلگەندە ئەگەر بىر نەرسىنى ئېلىشنى ئۇنتۇپ قالغان بولسا يول بويىدىكى تاللا بازىرىغا كىرىپ ئالاتتى.

شەنبە كۈنى داۋىد ئىللانى سىرتتا تاماق يېگىلى ئېلىپ چىقاتتى، ئاساسەن تەيۋەن ياكى ياپون رېستورانلىرىغا باراتتى. ئۆيگە قايتىپ كەلگەندە ئىككىسى مەست ياكى كۆڭۈلسىز بولۇپ قالمىسىلا بىللە بولاتتى. قىسقا، ئالدىراپ سۆيۈشلەر، يېقىمسىز ئۇرۇنۇشلار، يالغاندىن سىلاپ قويۇشلار... بىر-بىرىگە ئىنتىلىپ ئەمەس، بىر-بىرىگە كۆيۈنۈپ بىللە بولىدىغان ئەر-خوتۇنلار ئىدى بۇلار. نىكاھ رىشتىسىنى تۇتۇپ تۇرغان جىنسىيەت خېلى بۇرۇنلا ئۆزىنىڭ سېھرىي كۈچىنى يوقاتقانىدى. ئارىلاپ بىللە بولغاننى ھېسابقا ئالمىغاندا بىر-بىرىگە زادى يېقىن كەلمەيتتى، بەزىدە ھەتتا ھەپتىلەپ، ئايلاپ بىللە بولمايتتى. ئىللا بۇنىڭدىن بەك ئاغرىنىپ كەتمەيتتى. بىر چاغلاردا شۇنچە ئىنتىلىدىغان جىنسىي تۇرمۇشقا ھازىر قىزىقماس بولۇپ قالغانلىقىنى چۈشىنەلمەي ئاۋارە ئىدى. شۇنداقتىمۇ توي قىلغىلى ئۇزۇن بولغاندىكىن ئۇنداق ھەۋەسنىڭ سۇسلىشىپ قېلىشىنى تەبىئىيلىك دەپ قارايتتى.

ئەمما ئېرى باشقىچە ئويلىشى مۇمكىن. داۋىد ئۆزىنىڭ خوتۇنىدىن سوۋۇپ كەتكەن بىلەن، باشقا خوتۇنلار بىلەن بىللە بولۇشقا رازى ئىدى. ئىللا بۇگۈنگىچە ئۇنىڭدىن ئۆزىنى ئالدىغان-ئالدىمىغانلىقىنى سورىمىدى، گۇمانىنى ئاشكارە ئېيتمىدى. داۋىدنىڭ ئەڭ يېقىن دوستلىرىنىڭمۇ ئۇ ئەھۋالنى بىلمەسلىكى ئۇلارنىڭ خۇپسەن گاس بولۇۋېلىشىغا ئاسانلىق يارىتىپ بەردى. شۇڭا داۋىد ھېچكىمگە ئۆزىنى چۈشەندۈرۈشكە مەجبۇر بولمىدى، ئۆزىنى رەسۋا قىلىدىغان خەۋەرلەر ياكى غەيۋەتلەردىن ئامان قالدى. ئىللا ئۇنىڭ قانداق ئويۇن ئويناۋاتقانلىقىنى بىلەلمىدى. ئەگەر ئۇ دائىم باشقا ئاياللار بىلەن، بولۇپمۇ كاتىپلىرى بىلەن ئاپاق-چاپاق بولۇپ يۈرگەن بولسا بۇ ئىشقىۋازلىقنى خۇپىيانە قىلىۋاتقانلىقى ئېنىق ئىدى. ئەمما ئۇ بۇنى قانچىلىك يوشۇرسۇن، ساداقەتسىزلىكنىڭ ئۆزىگە خاس پۇرىقى بار ئىدى، ئىللا بۇ پۇراقنى سېزىۋالاتتى.

ۋاھالەنكى، ئىللا ئۆتمۈشكە نەزەر سالسا ئىشنىڭ باش-ئاخىرىنى ئۇقالماي ئاۋارە بولاتتى. باشتا نېمە بولدى؟ ئېرى ئالدىغانلىقى ئۈچۈن ئۆز جىسمى بىلەن كارى بولماي، جىنسىي ھەۋىسى سۇسلاپ كەتتىمۇ ياكى ئۆزىگە ئەھمىيەت بەرمىگەچكە ئېرى باشقا ئاياللارغا قىزىقىپ كەتتىمۇ؟ بىلەلمىدى. ئىشقىلىپ نەتىجە ئوخشاش ئىدى: يىگىرمە يىل بىللە ياشاپ، ئۈچ-بالىلىق بولغاندىن كېيىن ئەر-خوتۇنلۇق تۇرمۇشىنىڭ مەززىسى قالمىغانىدى.

مۆلچەرلىگەن ئۈچ سائەت ئىچىدە ئېللا تۈرلۈك خىياللارنى سۈرۈپ، تاماققا تەييارلىق قىلدى. شوخۇلا توغرىدى، سامساق ئەزدى، پىياز قورىدى، ئەڭلىك ئوت توغرىدى، قىيام قايناتتى، ئاپېلسىن پوستىنى ئاقلىدى، خېمىر يۇغۇردى. داۋىد بىلەن توي قىلىدىغان چاغدا داۋىدنىڭ ئانىسى ئېيتقان دۇردانە نەسىھەتنى ئۇنتۇپ قالمىغانىدى:

— ياخشى پىشقان ناندىن بۆلەك ھېچقانداق نەرسە ئەر كىشىنى ئۆيگە باغلاپ تۇرالمايدۇ، — دېگەنىدى قېينانىسى، — ھەرگىز بازاردىن نان ئېلىپ سالما، ئۆز نېنىڭنى ئۆزەڭ پىشۇر، ئۇنىڭ كارامىتىنى كېيىن كۆرۈپ قالىسەن.

پۈتۈن چۈشتىن كېيىن ئىشلىگەن ئېللا ناھايىتى مول داستىخان ھازىرلىدى. سالفېتكىلارنى ئۈچ بۇرجەك قاتلاپ جوزىغا قويدى، خۇشپۇراق شاملارنى ياقتى؛ جوزىنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئاق، سېرىق گۈللەردىن چىرايلىق گۈلدەستە تىزىپ، ئارقىدىن رەخت سالفېتكىلارنى يۇمىلاق يۆگەپ پارقىراق كومزەك ئىچىگە قويدى. ھەممە ئىشى پۈتكەندە، تاماق ئۈستىلى گويا سۈرەتتەك چىرايلىق بولۇپ كەتكەنىدى. ئېللا ھارغىن، ئەمما مەمنۇن ئىدى.

ئۇنىڭ قىلىدىغان ئىشى قالماي، ئاشخانىدىكى تېلېۋىزورنى ئېچىپ يەرلىك خەۋەرلەرنى ئاڭلاشقا باشلىدى. مۇشۇ بىر كېچە-كۈندۈزدە بوستوندا ياش بىر دوختۇر ئۆيىدە پىچاقلانغان، بىر دوختۇرخانىدا توك سىمىدىن چاتاق چىقىپ ئوت كەتكەن، تاملارغا ۋە ھەيكەللەرگە قالايمىقان گەپلەرنى يېزىپ قويغان تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ تۆت ئوقۇغۇچىسى تۇتۇلغانىدى. ئېللا بۇ خەۋەرلەرنى ئاڭلاپ بىئارام بولدى. ئامېرىكىنىڭ ئەڭ بىخەتەر ھېسابلىنىدىغان شەھەر سىرتى رايونلىرىدىمۇ خاتىرجەملىك قالمايۋاتقاندا ئەزىز زەھرادەك ئادەملەر دۇنيانىڭ ئەڭ قالاق جايلىرىغىمۇ قورقماي كېتىۋېرىدىغان كۈچ ۋە جاسارەتنى نەدىن تاپىدىغاندۇ؟

تونۇش ھاياتنىڭ بۇنچە نائېنىق، دۇنيانىڭ بۇنچە غەلىتە ۋە ۋەھىمىلىك بولۇشى ئېللادەك ئىنسانلارنىڭ ئەنسىزلىك ئىچىدە ئۆيگە بېكىنىۋېلىشىغا سەۋەب بولسا، ئەزىزدەك ئىنسانلارغا ئەكس تەسىر كۆرسىتىپ، ئۇلارنى توختىماي ساياھەت قىلىشقا، سەرگۈزەشتىلەر ئىچىدە ياشاشقا ئۈندەپ تۇراتتى. ئېللا بۇنىڭدىن ئەجەبلەندى، نېمىشقا ئوخشاش بىر سەۋەبتىن ئىككى خىل نەتىجە ھاسىل بولىدۇ؟

روبىنستېن ئائىلىسى كەچ سائەت 7:30 دا سۈرەتتەك چىرايلىق راسلانغان تاماق شىرەسىگە جەم بولدى. يېنىۋاتقان شاملار شىرەگە تولىمۇ

ياراشقانىدى. ئەگەر بىرسى شۇ ئاندا دېرىزىدىن ئۇلارغا قارىسا بۇ ئائىلە شام يورۇغىدەك گۈزەل، كۆڭۈللۈك ئىكەن دەپ ئويلاپ قالاتتى. جېنىبتىنىڭ ئارىدا يوقلۇقىمۇ بۇ مۆكەممەل مەنزىرىگە نۇقسان يەتكۈزەلمىگەنىدى. ئورلى بىلەن ئاۋى مەكتەپتە بولغان ئىشلار ھەققىدە توختىماي پاراڭ سالدى. ئېللا بىر قېتىم بولسىمۇ-بۇ قوشكېزەكلەرنىڭ ۋاراڭ-چۇرۇڭ قىلىشلىرىدىن خۇشال بولدى. ئېرى بىلەن بولغان سوغۇقچىلىقنى بۇ باللارنىڭ چاندۇرمىغانلىقىدىن مىننەتدار بولدى.

ئۇ داۋىدنىڭ تەخسىدىكى چېچەكسىيگە ئارىنى چوقۇپ، ئېغىزىدىكى لوقمىسىنى ئاستا-ئاستا چايناشلىرىغا كۆزىنىڭ ئۇچىدا قارىدى، ئۆزى ئوبدان بىلىدىغان، تالاي قېتىم سۆيگەن تاتىراڭغۇ، ئىنچكە كالپۇكلىرىغا، رەتلىك ساپال چىشلىرىغا تىكىلىپ تۇرۇپ قالدى. ئۇنى باشقا بىر ئايال بىلەن سۆيۈشىۋاتقان ھالەتتە تەسەۋۋۇر قىلدى. خىيالىغا كەلگەن ئايال داۋىدنىڭ كاتىپى ئەمەس، بەلكى ھوللىۋود چولپىنى جۇلىيا روبېرتىسنىڭ كۆكسى يوغان ھالىتى ئىدى. خىيالىدا جانلانغان بۇ قوڭۇر چاچ ئايال ناھايىتى ساغلام، تەننناز بولۇپ، ئۆزىگە ئىشىنەتتى؛ تار كىيىنىپ، كۆكسىنى چىقىرىپ تۇراتتى، تىزىغىچە كېلىدىغان ئېگىز پاشنىلىق قىزىل ئۆتۈك كىيىۋالغانىدى؛ گىرىمنى بولۇشىغا قىلغان بولۇپ، يۈزىنى بەك مايلىۋالغانلىقتىن ئايدەك پارقىرايتتى. ئۇ داۋىدنىڭ بۇ ئايالنى ئالدىراپ-تېنەپ، ئەسەبىيلەرچە، ئاچكۆزلۈك بىلەن سۆيۈشلىرىنى خىيال قىلدى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ ئۆيىدىكىلىرى بىلەن جەم بولغان چاغدىكى زىللىقى، نازاكەتلىرىدىن ئەسەرمۇ قالمىغانىدى...

شۇ پەيت، شۇ ئورۇندا «ئەپچىل تاماق ئېتىش سەنئىتى» كىتابىدىن ئۆگىنىپ ئەتكەن تاماقنى يەۋېتىپ ئېرىنىڭ باشقا ئايال بىلەن قانداق سۆيۈشكەنلىكىنى ئويلاپ ئولتۇرغان ئېللانىڭ كاللىسىدا چاقماق چاقتى، سوغۇققانلىق بىلەن بىر ئىشنى چۈشەندى. شۇنداق، ئۇ قورقۇنچاق، دەرتمەن، ئۆيىگە مەھكەم باغلانغان بىر ئىنسان ئىدى. بەلكى مۇشۇ ۋاقىتچە ئۆز مەۋقەيىدە مۇستەھكەم تۇرۇشنى ئۆگىنەلمەي كەلگەنىدى، ئەمما كۈنلەرنىڭ بىرىدە ھەممە نەرسىنى، ھەممە ئادىمىنى تاشلىۋېتىپ كېتەلەيتتى: ئاشخانىسىنى، ئىتىنى، زەنجىۋىل سالغان پېچىنىلىرىنى، پۇراقلىق شاملىرىنى، باللىرىنى، چىرايلىق ئۆيىنى، قوشنىلىرىنى، دالا تامىقى زىياپەتلىرىنى، ئېرىنى، كىتاب جازىسىدىكى ئاشپەزلىك قوللانمىلىرىنى... ھەممىسىنى تاشلاپ، شۇ ئىشىكتىن بىر چامادان

بىلەن چىقىپ كېتەلەيتتى؛ تۆگىمەس قاباھەت ۋە قالايمىقانچىلىققا تولغان سىرتقى دۇنياغا شۇڭغۇپ كىرەلەيتتى.

شۇنداق، ئېللا رۇبىنىستېن بۇ ئاخشام شۇنى چۈشەندىكى، كۈنلەرنىڭ بىرىدە تۇيۇقسىز پارتىلاپ، يىللاردىن بۇيان قىزىقىش، غەم-ئەندىشە ۋە دائىم كۆرىدىغان خەۋەرلەردىكى ھادىسىلەر يۈز بېرىدىغان ئۇ قاينام-تاشقىنلىق دۇنيادا ئۆزىنى كۆرەتتى.

ئەپەندى

باغدات، 1243-يىل 11-ئاينىڭ 26-كۈنى

شەمسىنىڭ ئارمىزغا قېتىلغىنىغا 9 ئاي بولدى. باشتا ئۇنى كۈدە-كۆرپىسىنى كۆتۈرۈپ تۇيۇقسىز كېتىپ قالامدىكىن دەپ ئويلىدىم. ئۇنىڭ دەرۋىشخانىنىڭ قاتتىق تۈزۈملىرىدىن بىزار بولغىنى كۈندەك روشەن ئىدى. ئۇنىڭ ھەممەيلەن بىلەن بىرلا ۋاقىتتا يېتىپ-قوپۇشتىن، بەلگىلەنگەن ۋاقىتتا تاماق يېيىشتىن، باشقىلارنىڭ نىزامىغا بويسۇنۇشتىن ئۆلگىدەك سىقىلۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ تۇراتتىم. ئۇ يالغۇز بىر قۇشتەك يەككە-يىگانە، ھۆر ياشاشقا ئادەتلەنگەنىدى. دەرۋىشخانا ھاياتى ئۇنىڭ سەۋر-تاقىتىنى سىناۋاتاتتى. راستىنى ئېيتقاندا، ئۇنى قاچان قېچىپ كېتەركىن دەپ كۈتۈۋاتاتتىم. ئەمما ئۇ ھېچنەگە كەتمىدى. روھداشىنى تېپىش ئارزۇسى شۇنچىلىك كۈچلۈك ئىدىكى، نېمە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر بۇ يەردە قالدى ھەم سەۋر بىلەن كۈتتى. كۈنلەرنىڭ بىرىدە، ئۇ زارىقىپ كۈتكەن ئۇچۇرنى ئۇنىڭغا بېرىدىغانلىقىمغا، نەگە، كىمنىڭ ئالدىغا بارىدىغانلىقىنى ئېيتىدىغانلىقىمغا ئىشەنچى كامىل ئىدى.شۇ ئىشەنچ بولغاچقا ئۇ بىز بىلەن قالدى.

بۇ 9 ئايدىن بېرى ئۇنىڭغا دىققەت قىلىپ يۈردۈم. ئۇنىڭغا كۆرە ۋاقىت بۆلەكچە تېز، بەرىكەتلىك ئۆتۈۋاتقاندەك قىلاتتى. باشقا دەرۋىشلەر ھەپتىلەپ، ئايلاپ چۈشىنەلمەيدىغان مەسىلىلەرنى شەمس تەبرىزى بىر قانچە سائەت، بىر قانچە كۈن ئىچىدە چۈشىنىپ بولاتتى. يېڭى ۋە ئادەتتىن تاشقىرى نەرسىلەرگە ئاجايىپ قىزىقاتتى. ھەر ئەتىگىنى تالاغا چىقىپ ئايلىنىپ، تەبىئەت دۇنياسىنى ئۇزۇندىن ئۇزۇن تاماشا قىلاتتى. كۆپ ۋاقىتلاردا ئۇنى باغدا بىر ئۆمۈچۈك تورىغا ياكى كېچىدىن ئېچىلغان بىر گۈلدىكى شەبنەم تامچىلىرىغا قاراۋاتقان ھالەتتە تاپاتتىم. قۇرتلار، ئۆسۈملۈكلەر، كىرىستاللار، دەرەخ يىلتىزى، تىكەنلەر، ئىشقىلىپ

تەبىئەتتىكى بارلىق نەرسىلەر ئۇنىڭغا كىتاب ـ رىسالىلەردىن بەكرەك جەلىپكار، ئىلھامبەخش تۇيۇلاتتى. ئەمما ئۇنى كىتابخۇمار ئەمەس دەپ ئويلاپ يۈرگىنىمدە قارىسام قولىدا بىر قولىيازما، يېزىلغان ھەرپلەرنىڭ مەنىسىنى ئىشتىياق بىلەن ئوقۇپ بىرمۇ بىر يېشەتتى؛ تېخىمۇ كۆپ كىتاب ئوقۇش ئۈچۈن بەزىدە كېچە ياكى كۈندۈز ئۇيقۇسىز قالاتتى. كېيىن بىر قارىسام، كىتابنىڭ بىرەر بېتىنىمۇ ئېچىپ قويماي ھەپتىلەرنى ئۆتكۈزەتتى.

بۇنى ئۆزىدىن سورىسام شۇنداق جاۋاب بەردى: ” ئىنسان ئۆز ئەقلىنى ئاچ ۋە مۇھتاج بىر بوۋاقتەك كۆرۈپ، ئۇنى قوشۇق ـ قوشۇق بىلىم بىلەن تويغۇزۇشى كېرەك. ھالبۇكى، بەزى يېمەكلەر بوۋاققا ئېغىر كەلگەندەك، بەزى بىلىملەرمۇ ئەقىلگە ئېغىر كېلىدۇ، ئۇنى ئۇنتۇماسلىق كېرەك.

ئۇنىڭ قىرىق نىزامىنىڭ بىرى مۇشۇ ھەقتە ئىكەن.

بەشىنچى نىزام: ئەقىل ماددىسى بىلەن ئىشق ماددىسى باشقا ـ باشقا. ئەقىل تەمكىن نەرسە، قەدەملىرىنى ئاۋايلاپ باسىدۇ. ” ئۆزەڭنى ئاۋايلا“ دەپ تەنبىھ بېرىپ تۇرىدۇ. ھالبۇكى، ئىشقچۇ؟ ئۇ پەقەت: ”ئۆزەڭنى قويۇپ بەر، كېتىۋەرسۇن!“دەيدۇ.

ئەقىل ئاسانلىقچە يىقىلمايدۇ. ئىشق بولسا ئۆزىنى زەخىملەندۈرۈپ خاراپ قىلىدۇ. ھالبۇكى خەزىنىلەر، دەپنە ـ دۇنيالار خارابىلىك ئارىسىدا بولىدۇ. خاراپ قەلبتە ھەممە نەرسە بار!

شەمسنى بىلگەنچە ئۇنىڭ پاراستىگە، ئەدەپ ـ ئەخلاقىغا، چېچەنلىكىگە زوقمەن بولدۇم. ئەمما شۇنى بىلەتتىمكى، شەمسنىڭ ھېچكىمگە ئوخشىمايدىغان تەرەپلىرىنىڭ بولمىغۇر يەرلىرىمۇ بار ئىدى. مەسىلەن، گەپ ـ سۆزىگە دىققەت قىلمايتتى. مەن دەرۋىشلەرگە باشقىلارنىڭ خاتالىقلىرىنىمۇ ئەپۇ قىلىشنى، كەڭ قورساق بولۇشنى، باش كەتسىمۇ سىر بەرمەسلىكنى ئۆگەتكەنىدىم. ئەمما شەمس ھېچقانداق خاتالىقنى كەچۈرمەيتتى. خاتالىقنى كۆرگەن ھامان شۇ يەردىلا دەيتتى، ئىچىدىكىنى يوشۇرمايتتى ھەم گەپ يورغىلاتمايتتى. باشقىلارنى رەنجىتىپ قويىدىغانلىقىنى بىلسىمۇ ھېچكىمنى ئاۋايلىمايتتى. ھەتتا قارشى تەرەپ غەزەپلەنگەندە شەمس بۇ نالە ـ پەريادنى ئۆزى كۆرسۇن، چۈشەنسۇن دېگەندەك قىلىپ ئۇ ئادەمنى قەستەن تېرىكتۈرۈۋاتامدىكىن دەپ ئويلاپ قالاتتىم. ئۇنى ئادەتتىكى ئىشلارغا سېلىش ناھايىتى تەس ئىدى، كۈندىلىك مەسىلىلەردىن زېرىكەتتى. بىر ئىشقا ئەمدى كۆنۈپ قالاي دېگەندە ئۇنىڭغا قىزىقماي قوياتتى. قانداقتۇر بىرەر مەجبۇرىي ئەمگەككە

قاتناشقىن دېيىلسە، قەپەزگە سولانغان يىلپىزدەك قوپاللىشىپ كېتەتتى. داۋاملىشىۋاتقان بىرەر سۆھبەتتىن ئىچى سىقىلسا ياكى بىرسى ھاماقەتلەرچە گەپ قىلسا شۇئان قوپۇپ چىقىپ كېتەتتى. ئۇ ھەممە ئادەمگە ئوخشاش مۇئامىلە قىلاتتى، بىر كىم بىلەن قېرىشىپمۇ قالمايتتى. نۇرغۇن ئىنسان چوڭ بىلىدىغان راھەت-پاراغەت، ئورۇن-مەرتىۋە قاتارلىق نېمەتلەر ئۇنىڭ ئالدىدا ھېچنېمىگە ئەرزىمەيتتى، سۆزلەرگە ئېتىبار قىلمايتتى. بۇمۇ ئۇنىڭ نىزاملىرىدىن بىرسى ئىدى:

ئالتىنچى نىزام: بۇ دۇنيادىكى زىددىيەت، تەئەسسۇبىيەت (بىر تەرەپلىمىلىك) ۋە خۇسۇمەتلەرنىڭ كۆپىنچىسى تىلدىن كېلىدۇ. سەن سەن بول، سۆزلەرگە بەك كىرىشىۋالما. ئىشىق دىيارىدا تىل زاتەن ئەمەلدىن قالىدۇ. ئاشىق تىلسىز بولىدۇ.

ۋاقىت ئۆتكەنچە ئۇنىڭ سالامەتلىكىدىن ئەنسىرەيدىغان بولۇپ قالدىم. ئەلۋەتتە، تەقدىرىمىز ئاللاھنىڭ ئىلكىدە، مۆھلىتىمىزنىڭ قاچان، قانداق توشىدىغانلىقىنى پەقەت-ئاللاھ بىلىدۇ. شۇنداقتىمۇ، شەمسنىڭ ئۆپكىسىنى بېسىشقا، ئۇنى تېخىمۇ سالماق، تەرتىپلىك ياشاشقا كۆندۈرۈشكە قولۇمدىن كېلىشىچە تىرىشتىم. مۇشۇنداق قىلالايدىغانلىقىمغا بىر مەزگىل ئىشەندىم. ئەمما ئارقىدىن قىش كەلدى ۋە سوغۇق بىلەن تەڭلا يىراقتىن مەكتۇپ ئالغاچ كەلگەن بىر خەۋەرچى كەلدى. بۇ مەكتۇپ ھەممە ئىشنى ئاستى-ئۈستۈن قىلىۋەتتى.

مەكتۇپ
قەيسەرىيەدىن باغداتقا، 1243-يىل 2-ئاي

بىسمىللاھىر رەھمانىر رەھىم

مۆھتەرەم بابازامان، ئۇزاق بولدى كۆرۈشەلمىدۇق. بۇ مەكتۇپنىڭ سىزگە خۇشاللىق ئېلىپ كېلىشىنى ئاللاھتىن تىلەيمەن. سىز باغداتتا قۇرغان دەرۋىشخانا ھەققىدە ياخشى گەپلەرنى ئاڭلاپ تۇرۇۋاتىمەن. ئۇزاقتىن بېرى كاللامغا كىرىۋالغان، ئىككىمىزلا بىلىپ قالىدىغان بىر ئىشنى سىزگە ئېيتىش ئۈچۈن بۇ مەكتۇپنى يازدىم. گەپنى باشتىن باشلاي.

سىزگە مەلۇم بولغىنىدەك، مەرھۇم سۇلتان ئالائىدىن كەيقۇباد ھەزرەتلىرى مۇشەققەتلىك يىللاردا سەلتەنەت سۈرگەن ئېسىل زات بولۇپ، شائىرلار، سەنئەتكارلار، پەيلاسوپلار ھۇزۇر ئىچىدە ياشاپ بىمالال مېھنەت قىلالايدىغان بىر شەھەر قۇرۇشنى ئويلايتتى. دۇنيادا بۇنچە ئۆچمەنلىك ۋە

قالايمىقانچىلىق بولۇۋاتقاندا، بىر ياندىن ئەھلى سەلىپلەر، بىر ياندىن موڭغۇللار ھۇجۇم قىلىۋاتقان چاغدا بۇ خىيال كۆپلىگەن كىشىلەرگە ئەپسانىدەك تۇيۇلغانىدى. بۈگۈنگىچە نىمە ئىشلارنى كۆرمىدۇقكى: خرىستىئانلار مۇسۇلمانلارنى، خرىستىئانلار خرىستىئانلارنى، مۇسۇلمانلار خرىستىئانلارنى، مۇسۇلمانلار مۇسۇلمانلارنى ئۆلتۈرمىدىمۇ؟ دىنلار، مەزھەپلەر، قەبىلىلەر، ھەتتا قېرىنداشلار جەڭ-جېدەل قىلىشمىدىمۇ؟ شۇنداقتىمۇ، كەيقۇباد ئەقىللىق ھۆكۈمدار ئىدى. خىيالىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن كونيانى— نۇھ ئەلەيھىسسالام زامانىدىكى توپاندىن كېيىن تۇنجى بولۇپ سۇ يۈزىگە چىققان شەھەرنى تاللىدى.

ھازىر كونيادا بىر ئالىم ياشايدۇ، نامىنى ئاڭلىدىڭىز يا ئاڭلىمىدىڭىز. ئىسمى مەۋلانە جالالىدىن بولسىمۇ بەزىلەر ئۇنى رۇمى دەپ ئاتايدۇ. بەختىمگە يارىشا ئۇنىڭ بىلەن تونۇشتۇم، تونۇشۇپلا قالماي بەلكى ئۇنىڭ مۇئەللىمى بولدۇم، دادىسىنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن ئۇنىڭ مۇرشىدى بولدۇم ۋە نەچچە يىللاردىن كېيىن ئۇنىڭ تالىپى بولدۇم. تەلىيىمگە، ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئولتۇرۇپ ئىلىم تەھسىل قىلدىم. شۇنداق ئى بۇرادىرىم، مەن ئۆز ئوقۇغۇچۇمنىڭ تالىپى بولدۇم. ئۇ شۇنچە بىلىملىك، ھەممە دەرستە ئەلا ئىدىكى، ئاخىرىدا ئۇنىڭغا بېرەلىگۈدەك بىلىمىم قالمىدى. ئەمدى ئۇنىڭدىن ئۆگىنىشكە باشلىدىم. ئەلۋەتتە، ئۇنىڭ دادىسىمۇ مەشھۇر ئالىم ئىدى. ئەمما رۇمى ئالىملاردا ناھايىتى ئاز كۆرۈلىدىغان بىر ئالاھىدىلىككە ئىگە ئىدى: دىنىنىڭ تاشقى پوستىنى ئېلىۋېتىپ، ئۇنىڭ ئىچىدىكى ئالەمشۇمۇل ۋە ئەبەدىي جەۋھەرلەرنى تارتىپ چىقىرالايتتى.

شۇنى بىلىشىڭىز كېرەككى، بۇ پەقەت مېنىڭ قارىشىم ئەمەس. رۇمى ياش ۋاقتىدا مەشھۇر سوپى، كاتتا تېۋىپ پەرىددىن ئەتتار بىلەن تونۇشقاندا، پەرىددىن ئەتتار ھەزرەتلىرى: " كۆپ ئۆتمەي بۇ ئوغلان دۇنيادىكى ئاتەش قەلب كىشىلەرنىڭ يۈرەكلىرىگە ئوت سالىدۇ" دېگەنىدى؛ مۆتىۋەر پەيلاسوپ، ئەدىب، تەسەۋۋۇپچى ئىبنى ئەرابى ھەزرەتلىرى بىر كۈنى رۇمىنى دادىسىغا ئەگىشىپ كېتىۋاتقان ھالدا كۆرۈپ " سۇبھانالل‍ا. بىر ئوكيان بىر كۆلنىڭ ئارقىسىدىن كېتىۋاتىدۇ" دېگەنىكەن.

رۇمى 24 يېشىدىلا شەيخلىك مەقامىغا ئېرىشتى، شۇنىڭدىن 13 يىل كېيىن بۈگۈنكى كونيا خەلقى ئۇنى ئۆزلىرىنىڭ ئۈلگىسى قىلماقتا. ھەر جۈمە كۈنى كىشىلەر مەۋلانانىڭ جۈمە خۇتبىسىنى ئاڭلاش ئۈچۈنلا توپ-توپ بولۇپ شەھەرگە كىرىدۇ. زاتى ئالىيلىرى فىقھىدا، پەلسەپەدە، ئىلمى

نۇجۇمدا، خىمىيىدە، ھەتتا ئەلجەبىر (ئالگېبرا) دە تەڭدىشى يوق ئالىمدۇر. ھازىرغىچە ئۇنىڭ 11مىڭ مۇرىتى بار ئىكەن. مۇرىتلىرى ئۇنىڭ ئاغزىدىن چىققان ھەر بىر سۆزنى دۇردانە بىلىدۇ ھەمدە ئۇنى پەقەت ئىسلام تارىخىدىلا ئەمەس، دۇنيا تارىخىدىمۇ پايدىلىق بىر ئىسلاھاتقا باشلامچىلىق قىلىدىغان ئۇلۇغ ئەرباب ھېسابلايدۇ.

ئۇنىڭ بىلەن بىر مۇددەت ئىلگىرى قەيسەرىيىدە تونۇشتۇم، ئارىلىقىمىز يىراق بولسىمۇ ئۇنى ھەر قاچان ئۆز پەرزەنتىمدەك كۆرىمەن. مەرھۇم ئاتىسىغا ئۇنى دۇئالىرىمدا ياد ئېتىپ تۇرۇش ھەققىدە ۋەدە بەردىم. لېكىن ئۆمرۈم ئاياغلىشىش ئالدىدا تۇرىدۇ، بىر پۈتۈم گۆرگە ساڭگىلىدى.

رۇمى ھەر جەھەتتىن پىشىپ يېتىلگەن، ئىلىمدە كامالەتكە يەتكەن ئىنسان بولسىمۇ ئىچىدە ھېچكىم تولدۇرالمايدىغان بىر بوشلۇق بار. بۇ بوشلۇقنى ئۇنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرمۇ، مۇرىتلىرىمۇ تولدۇرالمايدۇ. ئۇ بىر قانچە قېتىم ماڭا كۆڭلىدىكىنى ئېيتقاندا شۇ ئەھۋالنى بىلدۈرۈپ قويدى. ”شۈبھىسىزكى، پىشىپ يېتىلدىڭ ھەم پاكلاندىڭ. ئەمما ئىشق ئوتىدا پىشمىدىڭ. قەدەھىڭ شارابقا لىق تولسا روھىڭغا شۇنداق بىر ئىشىك ئېچىشىڭ كېرەككى، تولغان قەترىلەر تاشسۇن“ دېدىم. ئۇ قانداق قىلىش كېرەك دەپ سورىغاندا، ” ساڭا بىر يولداش كېرەك“ دەپ، بىر ھەدىسنى ئېسىگە سالدىم: ”مۇئمىن مۇئمىننىڭ ئەينىكىدۇر“.

ئۇ مەسىلە ئاشكارىلانمىغان بولسا بەلكى ئۇ ئىشنى تامامەن ئۇنتۇپ كەتكەن بولاتتىم، كونيادىن ئايرىلىشتىن ئىلگىرى رۇمى ماڭا بىر چۈشىنى سۆزلەپ بەردى: ئۇ يىراق بىر دىياردا، ھەرە كۆنەكىسىدەك مىغ ـ مىغ شەھەردە بىر ئادەمنى ئىزدەۋاتقۇدەك. ئەتراپىدا ئەرەبچە سۆزلەر يېزىقلىق تۇرارمىش. ئادەمنىڭ نەپسىنى بوغىدىغان زاۋال ۋاقتىمىش، ئۇجمە دەرەخلىرىدە غوزىلىرىدىن چىقماي تۇرغان پىلە قۇرتلىرى بارمىش. ئاندىن كېيىن ئۇ ئۆز ئۆيىنىڭ ھويلىسىدا، قۇدۇق بېشىدا، بىر قولىدا پەنەر تۇتۇپ تۇرغان ھالەتتە تۇرىمىش. بىرىنىڭ ئارقىسىدىن يىغلاۋاتقۇدەك.

دەسلەپتە بۇ چۈشىنىڭ نېمىدىن بېشارەت بېرىدىغانلىقىنى ئۇقالمىدىم، ئېيتقانلىرىغا توغرا كېلىدىغان بىرەر ئىش يوق ئىدى. شۇ كۈنلەردە تەساددىپىي ھالدا بىر يىپەك قولياغلىق ھەدىيە ئېلىپ، ئۇ تېپىشماقنى يەشتىم. پىلە قۇرتلىرىغا نەقەدەر ئامراق ئىكەنلىكىڭىز يادىمغا كەلدى. دەرۋىشخانىڭىز ھەققىدە ئاڭلىغانلىرىمنى ئەسلىدىم. رۇمى ئۆزىنىڭ چۈشىدە كۆرگەن يەر سىزنىڭ دەرگاھىڭىز بولۇشى مۇمكىن دەپ

ئويلىدىم. گەپىنىڭ قىسقىسى، بۇرادىرىم، رۇمى ئىزدەۋاتقان دوست ـ ھەمراھ سىزنىڭ يېنىڭىزدا، شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ مەكتۇپنى يازدىم.

بۇنداق ئادەم دەرۋىشخانىڭىزدا بارمۇ ـ يوقمۇ، بىلمەيمەن، ئەمما بولۇپ قالسا ئۇنى كۈتۈۋاتقان بۇ مەكتۇپنى ئۇنىڭغا بىلدۈرۈش ـ بىلدۈرمەسلىك سىزگە ئامانەت. ئەگەر بۇ جۇشقۇن ئېقىنلارنى بىر ـ بىرىگە ئۇچراشتۇرۇپ، بىر دەريادا ئىلاھىي ئىشىق دېڭىزىغا ئېقىتىشقا، ئىككى ھەق دوستىنى تونۇشتۇرۇشقا ئازراق بولسىمۇ پايدىمىز تەگسە، ئىككىلىمىزگە ياخشى بولاتتى.

لېكىن شۇنىمۇ نەزەردە تۇتىشىمىز كېرەككى، رۇمى شۇنچە نوپۇزلۇق، ئېتىبارلىق، بەك ھۆرمەت تاپقان زات بولسىمۇ ئۇنىڭ مۇخالىپەتچىلىرى يوق. يەنە كېلىپ، روھانىي رەھبەرلىك سۈپىتىگە ئىگە بىر ئىنساننىڭ ئۆزگىرىپ كېتىشى بىز تەسەۋۋۇر قىلالمايدىغان كۆڭۈلسىزلىك ۋە ئىختىلاپلارنى پەيدا قىلىشى مۇمكىن. رۇمىنىڭ ئۆز دوستىغا بېرىلىپ كېتىشى ئائىلىسى ۋە يېقىنلىرى ئارىسىدا مەسىلە چىقىرىشى مۇمكىن. كۆپچىلىك ياخشى كۆرىدىغان بىر ئىنساننىڭ يېقىن دوستى يەنە ھەر كىمنىڭ يامان كۆزدە قارىشىغا دۇچار بولىدۇ.

بۇلارنىڭ ھەممىسى رۇمىنىڭ جان دوستىغا كۈتۈلمىگەن خەۋپ ـ خەتەر ئېلىپ كېلىشى مۇمكىن. يەنى بۇ دېمەككى بۇرادىرىم، كونياغا قەدەم باسقان كىشى ئىككىنچى قايتىپ كېلەلمەسلىكى مۇمكىن. شۇڭا رۇمىنىڭ جان دوستىنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى بىلمەي تۇرۇپ، بۇ مەكتۇپنى ئۇنىڭغا كۆرسىتىشتىن ئاۋۋال، بۇ مەسىلىنى ئالدىرىماي، ئۇزاق ئويلىنىپ باققايسىز.

سىزنى جاپاغا قويغان بولسام، ئەستەغفۇرۇللاھ. ئەمما ھەر ئىككىمىز بىلىمىزكى، ئاللاھ تائالا ئۆز بەندىلىرىنى تاقىتى يەتمەيدىغان ئىشلارغا زورلىمايدۇ. پېقىرنىڭ ساناقلىقلا كۈنلىرى قالدى. جاۋابىڭىز كەلگەندە بۇ دۇنيادىن كېتىپ قېلىشىم مۇمكىن. ئەمما نەتىجە قانداق بولسا بولسۇن، توغرا يولنى تاللايدىغىنىڭىزغا ئىشەنچىم كامىل.

ئاللاھ تائالا دەرۋىشخانىڭىزگە شەپقەت ۋە مەرھەمەت قىلغاي.

شەيخ سەئىد بۇرھانىدىن

شەمس
باغدات، 1243 9 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى

بىر ئىشلار بولۇۋاتىدۇ. ئۆتكەن قىشتا شامدىن كەلگەن بىر خەۋەرچىنى كۆرۈپ ھەممىمىز ئەجەبلەندۇق. يوللار قېلىن قارغا كۆمۈلىدىغان بۇ مەۋسۇمدە بۇ تەرەپلەرگە ئاسانلىقچە ياقا يۇرتلۇق ئادەم كەلمەيتتى. ئەگەر بىر خەۋەرچى قار ـ شىۋىرغانغا قارىماي مەكتۇپ ئېلىپ كەلسە بۇ پەقەت مۇنداق ئىككى خىل ئېھتىماللىقنى بىلدۈرەتتى: ناھايىتى مۇھىم بىر ئىش يۈز بەردى ياكى شۇنداق بىر ئىش يۈز بېرىش ئالدىدا.

خەۋەرچى كەتكەندىن كېيىن ھەممەيلەن ئۇ مەكتۇپتا نېمىلەرنىڭ يېزىلغانلىقى ھەققىدە خىلمۇ خىل پەرەزلەرنى قىلىشتى. بارلىق ياش دەرۋىشلەر بابا زامانغا كەلگەن خەۋەرگە شۇنچىلىك قىزىقاتتىكى! ئەمما مۇرشىد ھېچكىمگە بىر نەرسە دەپ بەرمىدى. چېھرى گويا تاقاقلىق ئىشىكتەك سىرلىق، ئويچان، خىيالچان ئىدى. ۋىجدانى بىلەن كۈرەش قىلىۋاتقان، ئەمما بىر قارارغا كېلەلمەيۋاتقان ئادەمدەك جىمىپ كەتكەنىدى.

بۇ كۈنلەردە بابا زاماننى يېقىندىن كۆزەتتىم؛ پەقەت قىزىقىپلا ئەمەس، ئەستايىدىللىق بىلەن شۇنداق قىلدىم. خەۋەرچى ئېلىپ كەلگەن مەكتۇپقا قىزىقىپ قالغىنىم بىلەن، ئۇنىڭ قانداق خەت ئىكەنلىكىنى بىلەلمەيۋاتاتتىم. ئاللاھنىڭ ماڭا يول كۆرسىتىشىنى تىلەپ كېچىلەپ تەسبىھ ئېيتىپ، ئاللاھنىڭ 99 ئىسىم ـ سۈپىتىنى زىكرى قىلدىم. ھەر قېتىمدا ئاللاھنىڭ ئىسىملىرىدىن بىرسى ئالدىغا چىقتى: ئەلقەييۇم ــ ئۇخلاپ ياكى مۈگدەپ قالمايدىغان، جىمى مەۋجۇداتلارنى باشقۇرىدىغان ۋە يېتەكلەيدىغان، ئەزەلي ۋە ئەبەدي تىرىك، ئويغاق بولغان...

شۇ كۈنلەردە دەرگاھتىكى ھەممەيلەن شۇ مەكتۇپ ھەققىدە پاراڭ سېلىشىپ تۇرغاندا مەن باغنىڭ بىر بۇلۇڭىدا، قار لىباسىغا چۈمكەلگەن تەبىئەتنى تاماشا قىلىپ يۈردۈم. ئاخىر بىر كۈنى ئەتىگىنى ئاشخانىدىكى مىس قوڭغۇراقنىڭ چېلىنغانلىقىنى ئاڭلىدۇق. ھەممىمىز مەجلىسكە چاقىرىلىۋاتاتتۇق. خانىقاغا كىرسەم كونا يېڭى دەرۋىشلەرنىڭ ھەممىسى يىغىلىپ بوپتۇ. ھەلقىنىڭ ئوتتۇرىسىدا مۇرشىد بار ئىدى؛ لېۋىنى چىڭ ھىمىرىپ، خىيالچان ھالدا قوللىرىغا قارايتتى. ھەممەيلەن جايىدا ئولتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن بابا زامان بېشىنى كۆتۈرۈپ مۇنداق دېدى:

— سىلەرنى نېمىشقا بۇ يەرگە چاقىرغىنىمغا قىزىقىۋاتقانسىلەر. ئويلىغىنىڭلاردەك، بۇ ئاشۇ مەكتۇب بىلەن مۇناسىۋەتلىك. مەكتۇپنىڭ كىمدىن كەلگەنلىكىنى سورىماڭلار. ئۇ مەكتۇپ ناھايىتى مۇھىم بىر مەسىلە ھەققىدە مېنى ئويلاندۇرۇپ قويىدى دېسەملا كۇپايە.

بابا زامان بىر دەم تۇرۇۋېلىپ، دېرىزىدىن سىرتقا قارىدى: سولغۇن، ھارغىن كۆرۈنەتتى. شۇ بىر قانچە كۈندە ئاجىزلىشىپ، قېرىپ كەتكەندەك قىلاتتى. ئەمما سۆزىنى داۋاملاشتۇرغىنىدا ئاۋازىدا توساتتىن قەتئىيلىك پەيدا بولدى:

— ئانچە يىراق بولمىغان بىر شەھەردە بىر ئەللامەئى جاھان ياشاۋاتقان بولۇپ، قۇرئاندا يېتۈك، تەقۋالىق ۋە ئىبادەتتە كامىل، ئىلىم-مەرىپەتكە توشقان ئادەم ئىكەن. نۇرغۇن كىشىلەر ئۇنى ياخشى كۆرىدىكەن ھەم ھۆرمەتلەيدىكەن: سۆزلىرىدىن نۇرغۇن كىشى ئىلھام ئالىدىكەن، ئەگەشكۈچىلىرى ناھايىتى كۆپ ئىكەن، ئەمما ئۇلار ئىلاھىي ئىشقا چۆكەلمىگەنلىكتىن شەخسىيەتچىلىك ئېڭىدىن پۈتۈنلەي قۇتۇلۇپ كېتەلمەپتۇ. سىلەرنىڭ ۋە مېنىڭ ئىشىمدىنمۇ مۇھىمراق بولغان بۇ سەۋەب تۈپەيلىدىن دەرۋىشخانىمىزدىن بىرەيلەننىڭ ئۇ يەرگە بېرىپ ئۇ زاتقا سىرداش دوست بولۇشىدا ياخشىلىق باردۇر.

بۇ گەپنى پۈتۈن دىققىتىم بىلەن ئاڭلىدىم، ئۆپكەمنى بېسىۋالدىم. شۈنچىلىك ھاياجانلاندىمكى، يۈرىكىم ئىچىمگە پاتماي قالغاندەك بولدى. قىرىق نىزامدىن بىرى يادىمغا كەلدى:

يەتتىنچى نىزام: بۇ ھاياتتا ئۆز ئالدىڭغا تەركى دۇنيا بولۇپ، ئۆزەڭنىڭ ئاۋازىنى ئۆزەڭلا ئاڭلاپ ھەقىقەتنى بايقىيالمايسەن. ئۆزەڭنى پەقەت باشقا بىر ئىنسانىنىڭ ئەينىكىدە تولۇق كۆرەلەيسەن.

بابا زامان سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

— بۇ ناھايىتى مۇشەققەتلىك مەنىۋىيەت سەپىرىدۇر. ئاراڭلاردىن مۇۋاپىق بىرسى چىقار دېگەن مەقسەتتە سىلەرنى بۇ يەرگە چاقىردىم. بىرىڭلارنى بۇ ئىشقا تەيىن قىلسامىمۇ بولاتتى، ئەمما بۇ ۋەزىپە سۈپىتىدە قىلىدىغان ئىش ئەمەس، بەلكى ئىشق ئۇچۇن، ئىشق بىلەن قىلىدىغان ئىش.

ياش بىر تالىپ ئىجازەت بىرلە سوئال سورىدى:

— سىز كېيىنى قىلغان بۇ ئالىم كىم بولىدۇ خوجام؟

— ئۇنىڭ ئىسمىنى پەقەت ئۇ يەرگە بېرىشنى خالايدىغان كىشىگە ئېيتىمەن.

بۇنى ئاڭلاپ بىر قانچە دەرۋىش ھاياجان، تاقەتسىزلىك بىلەن قولىنى كۆتۈردى، جەمئىي توققۇز كىشى ئۇ يەرگە بېرىشنى خالايتتى. مەنمۇ قېتىلىپ ئون بولدۇق. بابا زامان قولىمىزنى چۈشۈرۈشكە ئىشارە قىلىپ، بوش ئاۋازدا:

— سىلەر بۇ قارارغا كېلىشتىن ئاۋۋال شۇنىمۇ دەپ قوياي،— دېدى ۋە بۇ سەپەرنىڭ خىلمۇ خىل توسقۇنلۇق، جاپا - مۇشەققەت، خەۋپ - خەتەرگە تولغان سەپەر ئىكەنلىكىنى، ھەتتا قايتىپ كېلەلمەيدىغانلىقىنى ئېيتتى. شۇئان مەندىن باشقىلارنىڭ ھەممىسى قولىنى چۈشۈردى.

بابا زامان ماڭا بۇرۇلۇپ كۆزلىرىمگە تىكىلدى، كۆزىمىز ئۇچراشتى، چۈشەندىم. ئۇ مېنىڭ ئۇ يەرگە بېرىشنى خالايدىغان بىردىنبىر كىشى ئىكەنلىكىمنى باشتىلا بىلەتتى.

— تەبرىزلىك شەمس... — دەپ گۈڭگۈرلىدى گويا بۇ ئىسمىنى تەلەپپۇز قىلىش ئېغىر كېلىۋاتقاندەك،— بارىمەن دەپ چىڭ تۇرۇۋاتىسەن، بۇ قەتئىيلىكىڭگە قايىلمەن. ئەمما سەن بۇ دەرۋىشخانىنىڭ ئادىمى ئەمەس، سەن دېگەن مېھمان.

— بۇنىڭ نېمە پەرقى، خوجام؟ بۇ قانداقمۇ سەۋەب بولالىسۇن؟— دەپ چىڭ تۇرۇۋالدىم.

پىرىمىز بىر دەم جىمىپ كېتىپ، توساتتىن ئورنىدىن قوپۇپ مەجلىسنى تۈگەتتى:

— بۇ ئىش ھازىرچە تۇرۇپ تۇرسۇن، ئالدىراشنىڭ ھاجىتى يوق، باھار كەلگەندە يەنە پاراڭلىشارمىز.

يۈرىكىم سىقىلدى، ئىچىمدە ئىسيان كۆتۈردۈم. جان دوستۇمنى تېپىش ئۈچۈن باغداتقا كەلگەن تۇرسام بابا زامان نېمىشقا تەقدىرىمنىڭ تەجەللىيسىدىن مېنى مەھرۇم قىلىدۇ ؟

— پىرىم، تېزدىن يولغا چىقاي دەۋاتسام نېمىشقا ساقلاپ ئولتۇرىمەن؟ دېسىڭىزچۇ؟ ئۇ قايسى شەھەردە، قانداق ئالىم؟ دەپ بېرىڭ، ئۇ يەرگە بالدۇرراق ماڭاي.

ئەمما مۇرشىد ئادەتتە بىز كۆرۈپ باقمىغان قوپال، يات تەرزدە گەپنى تۈگەتتى:

— تالاشقۇدەك ھېچنېمە يوق، گەپ مەشەدە تۈگىدى!

* * *

ناھايىتى ئۇزۇن ھەم قاتتىق سوغۇق بىر قىش بولدى، باغلارمۇ مۇزلىدى. كېيىنكى ئۈچ ئايدا ھېچكىم بىلەن پاراڭلاشمىدىم. بىخ سۈرگەن بىرەر دەرەخ كۆرەرمەن دەپ ھەر كۈنى قاردا ئۇزۇن-ئۇزۇن ماڭدىم. قىش تولىمۇ بەتتەر كۆڭۈلسىز ئىدى، باھار ھېچقاچان بۇنداق كېچىكمەپ كەلمەس ئىدى. مېنى كۆرگەنلەر مېنى چۈشكۈن دەپ بىلسىمۇ ئىچىمدە دائىم ئۈمىد، مىننەتدارلىق تۇيغۇسى بار ئىدى. چۈنكى يەنە بىر نىزامنى ھەرگىز ئۇنتۇمايتتىم:

سەككىزىنچى نىزام: بېشىڭغا نېمە كەلسە كەلسۇن ھەرگىز چۈشكەنلەشمە. بارلىق ئىشىكلەر تاقالسىمۇ، ئاللاھ ساڭا باشقا ھېچكىم بىلمەيدىغان يەنە بىر يولنى ئاچىدۇ. ھازىر ئۇنى كۆرەلمەيسەن، ئەمما تار يوللار ئارقىسىدا نۇرغۇن جەننەت باغچىلىرى بار. شۈكرى قىل! تىلىگىنىڭگە ئېرىشكەن چېغىڭدا شۈكرى قىلماق ئاسان. سوپىلار ئارزۇسى ئەمەلگە ئاشمىغاندىمۇ شۈكرى قىلالايدىغانلاردۇر.

نىھايەت، بىر كۈنى سەھەردە كۆردۈمكى، كۆزنى قاماشتۇرىدىغان قېلىن قارنىڭ ئارىسىدا نازۇك، شېئىردەك گۈزەل بىر قار لەيلىسى ماراپ تۇراتتى. قەلبىم ئىلھام ۋە سائادەتكە تولدى. دەرۋىشخانىغا ئالدىراپ قايتىۋاتقاندا يولدا قىزىل باشلىق چۈمەزگە ئۇچراپ، ئۇنىڭغا خۇشاللىق بىلەن قول پۇلاڭلاتتىم. بۇ يىگىت نەچچە ئايدىن بېرى مېنى جىمغۇر، قاپىقى يامان كۆرۈپ كۆنۈپ قالغاچقىمۇ، ئاغزىنى ئېچىپ ھاڭۋېقىپ قالدى.

— كۈلمەمسەن يىگىت، — دېدىم ئۇنىڭغا، — كۈن ئىسسىۋاتىدۇ، باھار كېلەي دەپ قالدى، كۆرمەيۋاتامسەن؟

شۇ كۈندىن باشلاپ تەبىئەت تېز ئۆزگەردى، ئاخىرقى قارلارمۇ ئېرىدى، دەرەخلەر بىخ سۈردى؛ كۆچمەن قۇشلار بىر-بىرلەپ قايتىپ كەلدى، قۇشقاچلار تاللاردا گۈزەل نەغمىلىرىنى باشلىدى. ئەتراپنى باھار خۇش پۇراقلىرى قاپلىدى.

بىر كۈنى ئەتىگىنى يەنە قوڭغۇراق چېلىندى. بۇ قېتىم تۇنجى بولۇپ خانىقاغا مەن باردىم. ھەممىمىز يەنە پىرىمنى چۆرىدەپ ئولتۇردۇق. بابا زامان يېقىن جايدىكى شەھەردە ياشاۋاتقان ئىسلام ئالىمى ھەققىدە سۆزلەپ يەنە سورىدى:

— ئۇنىڭ قەلب ئىشىكىنى ئاچاي دېگەنلەر بارمۇ بۇ مەجلىستە؟

ئاندىن بۇنىڭ بارسا كەلمەس بىر يول ئىكەنلىكىنى قايتا ئېيتتى. نەتىجىدە يەنىلا مەن ئوتتۇرىغا چىقتىم.

— دېمەك، بۇ سەپەرگە ھازىرلانغۇچى پەقەت تەبرىزلىك شەمستۇر. لېكىن بىر قارارغا كېلىشتىن ئاۋۋال كۈزگىچە ساقلىساق دەيمەن.

ھەيران بولۇپ تۇرۇپ قالدىم. ئۈچ ئايلىق كېچىكتۈرۈشتىن كېيىن ئەمدى يولغا چىقاي دېگەندە ياشانغان پىر يەنە ئالتە ئاي ساقلىشىمنى تەلەپ قىلىۋاتاتتى. يۈرىكىم كۆكرىكىمدىن ئۈچۈپ چىقىپ كەتكەندەك بولدى. بابا زاماندىن ئۇ ئۇ ئالىمنىڭ ئىسمىنى سوراپ بىلىۋېلىشقا شۇنچە تىرىشتىم، ئەمما بولمىدى. ئۇ چىرايىمغا قاراپمۇ قويماي ئورنىدىن تۇرۇپ گەپنى تۈگەتتى.

شۇنداقتىمۇ بۇ قېتىمقى كۈتۈشنىڭ ئاسانراق بولىدىغانلىقىنى بىلەتتىم. قىشتىن باھارغىچە چىدىغاندىكىن، باھاردىن كۈزگىچىمۇ چىدايتتىم. بابا زاماننىڭ مېنى يەنە رەت قىلىشى ئىچىمدىكى ئوتنى ئۆچۈرمەكتە يوق، تېخىمۇ ئۇلغايتىۋەتكەنىدى.

توققۇزىنچى ئىزام: سەۋر قىلىش شۇ پېتى كۈتۈش دېگەنلىك ئەمەس، ئالدىن كۆرەلەيدىغان دانا بولۇش دېمەكتۇر. سەۋر-تاقەت نېمىدۇر؟ تىكەنگە قاراپ گۈلنى، كېچىگە قاراپ كۈندۈزنى خىيال قىلىش دېمەكتۇر. ئاللاھ ئاشىقلىرى سەۋر-تاقەتنى گۈلقەنتتەك تاتلىق-تاتلىق شورايدۇ، ھەزىم قىلىدۇ ھەمدە شۇنى بىلىدۇكى، ئاسماندىكى ھىلال ئاينىڭ تولۇن ئايغا ئۆزگىرىشى ئۈچۈن ۋاقىت كېرەكتۇر.

نىھايەت، كۈزنىڭ بىر سەھىرىدە قوڭغۇراق ئۈچىنچى قېتىم چېلىندى. بۇ قېتىم ئالدىرىماي، ئالدىدىمۇ بېرىۋالماي، سالماق ھەم ئۆزەمگە ئىشەنگەن ھالدا خانىقاغا باردىم. سەۋر-تاقىتىمنىڭ نەتىجىلىك بولىدىغانلىقىغا، ئىشلىرىمنىڭ ئوڭغا تارتىدىغانلىقىغا ئىشىنەتتىم. مۇرشىدىمىز ۋۇجۇدىدا ھېچ كۈچ قالمىغاندەك تېخىمۇ ئاجىز، جىمغۇر كۆرۈنەتتى. ئىلگىرىكى سۆزىنى تەكرارلىغاندىن كېيىن يەنىلا مېنىڭ قول كۆتۈرگىنىمنى كۆرۈپ ماڭا قاراپمۇ قويماي، گېپىنى ھەم ئېلىپ قاچماي، سالماق تەرزدە بېشىنى لىڭشىتتى:

— بوپتۇ شۇنداق بولسۇن شەمس، سەپەرگە چىقىدىغان كىشى سەن ئىكەنسەن، بۇنىڭغا شەكسىز ئىشەندىم. ئەتە كۈن ئولتۇرۇشتىن بۇرۇن دەرۋىشخانىمىزدىن ئايرىلساڭ بولىدۇ.

بېرىپ مۇرشىدىنىڭ قولىنى سۆيدۇم. نىھايەت، ئۆزەم ئىزدەۋاتقان جان دوستۇمنى تېپىپ، كېيىنكى ئۆمرۈمنى شۇ يەرگە ئۆتكۈزەتتىم؛ بەلكى بۇ دۇنيادىكى ئاخىرقى ھاياتىمنى شۇ يەردە باشلايتتىم.

بابا زامان شـــەپقەتلىك ۋە غەمكىن كۆزلىرىدە، گويا ئوغلىنى جەڭگە ئۇزىتىۋاتقان ئاتىدەك قايغۇلۇق، ئەمما شـــۇ قەدەر خۇرسـەنلىك، رازىلىق بىلەن ماڭا قارىدى. ئاندىن تونىدىن مۆھۈرلەنگەن بىر مەكتۇپنى چىقىرىپ ماڭا بەرگەندىن كېيىن خانىقادىن چىقىپ كەتتى. دەرۋىشـلەرمۇ بىر-بىرلەپ قوزغىلىپ ئۇنىڭغا ئەگىشىپ چىقىپ كېتىشتى. خانىقادا يالغۇز قالغىنىمدا شـام مۇھۈرنى قىرىپ خەتنى ئاچتىم، ئۇسـتا خەتتاتنىڭ قولىدىن چىققاندەك چىرايلىق يېزىلغان بۇ خەتتە ئىككى قىممەتلىك مەلۇمات ــ مەن باردىغان شەھەر ۋە تاپىدىغان كىشىنىڭ ئىسىملىرى بار ئىدى. دېمەك، كونيا دېگەن بىر شـەھەرگە بېرىپ مەۋلانە جالالىدىن رۇمى دەيدىغان مەشھۇر ئالىمنى تاپاتتىم.

بۇ ئىسـمنى ئىلگىرى پەقەت ئاڭلاپ باقمىغانىدىم. بەلكىم مەشـھۇر زاتتۇر ، ئەمما ئۇ مەن ئۈچۈن تامامەن سـىر ئىدى. ئىسـمنى تاكى ئۇ ئىسـم تىلىمغا رام بولغىچە "ھەق، ھۇۋە(ئۇ ئاللاھ)" ياكى "نان، سـۇ، سۈت، ھەسەل" دېگەن كەلىمىلەردەك قايتا ـ قايتا ئېيتتىم. . .

ئېللا

بوستون، 2008 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى

بۇ پەيشـەنبە كۈنى ئەتىگىنى ئېللا گېلى قىززىپ ئويغىنىپ كەتتى، كەيپىياتى ناھايىتى ناچار ئىدى. بىر قانچە كېچە تۈن تەڭگىچە ئولتۇرۇپ ۋاق يېتىپ قالغاچقا بەدىنىنىڭ رىتىمى بۇزۇلغانىدى. شـۇنداقتىمۇ ناشـتىلىقنى ۋاقتىدا تەييارلاپ ئېرى، باللىرى بىلەن بىر جوزىدا ئولتۇردى. قوشـكېزەك باللار مەكتەپتە ئەڭ ئېسـىل ماشـىنا قايسـى ئوقۇغۇچىنىڭ دېگەن مەسىلىنى تالىشىۋاتقاندا ئۇلارنىڭ گېپىنى ئاڭلىغان بولۇپ ئولتۇردى. كۆڭلىدە بولسا ياستۇقنى قىرلاپ بىر ئۇخلىۋالسام دەپلا ئويلايتتى.

شۇ ئەسنادا ئورلى بىر سوئال سورىدى:

ــ ئاچام ئەمدى ئۆيگە ھەرگىز قايتىپ كەلمىگىدەكمىش، ئاۋى شۇنداق دەيدۇ. راستمۇ ئانا؟

ئۇنىڭ تەلەپپۇزىدا گۇمان ھەم تەنقىد بار ئىدى.

ــ ئەلۋەتتە ئۇنداق ئەمەس، ئاچاڭ بىلەن ئازراق دېيىشـىپ قالدىم شـۇ. ھەممە ئۆيدە بۇنداق ئىشلار بولۇپ تۇرىدۇ، كېيىن ھەممىسى ئۆتۈپ كېتىدۇ،ــ دېدى ئېللا.

بۇ قېتىم ئاۋى گەپ قىلدى، سۆزلىرىدە تەنە-مەسخىرە چىقىپ تۇراتتى:

— راستىنلا سكوتقا تېلېفون قىلىپ ئۇنىڭغا ئاچامدىن ئايرىلىپ كېتىشنى ئېيتتىڭمۇ ئانا؟

ئېللانىڭ كۆزلىرى چەكچىيىپ، ئېرىگە كۆزىنىڭ ئۇچىدا قاراپ قويدى. داۋىد قاشلىرىنى ئېتىپ، قوللىرىنى كېرىپ، بالىلىرىغا بۇ گەپنى ئۆزىنىڭ دېمىگەنلىكىنى بىلدۈردى.

— ئۇنداق بولمىدى، — دېدى ئېللا ئانىلارچە سالماق تەلەپپۇزدا، — شۇنداق، سكوت بىلەن پاراڭلاشتىم، ئەمما ئۇنىڭغا جېنېتتىن ئايرىلىپ كەت دېمىدىم، مەن پەقەت ئۇلارنىڭ بەك بالدۇر توي قىلىشىنى خالىمىدىم.

— سەن غەم قىلما ئانا، مەن پەقەت توي قىلمايمەن، — دېدى ئورلى ئۆزىگە قالتىس ئىشەنگەندەك.

ئاۋى ئاغزىنى چىكىلداتتى:

— خۇددى يىگىتتىن بىرنى تاپقاندەك گەپ قىلىسەنغۇ؟

ئېللا قوشكېزەكلەرنىڭ بىر-بىرى بىلەن چېقىشىشلىرىنى ئاڭلاۋېتىپ مېيىغىدا سۇنئىي كۈلكە پەيدا بولغانلىقىنى ھېس قىلدى، كۈلمەي دېسىمۇ بولمىدى. ناشتىدىن كېيىن بالىلىرىنى مەكتەپتە ئۇزىتىۋاتقاندا، داۋىد بىلەن ئىشىك تۈۋىدە بىر نەچچە ئېغىز پاراڭلىشىۋاتقاندىمۇ ئۇ قاملاشمىغان كۈلكە ۋۇجۇدىنىڭ بىر يېرىگە ئورناپ كەتكەندەك ھېچ يوقالمىدى.

چىراي ئىپادىسى پەقەت ھەممەيلەن كېتىپ، ئاشخانىغا ئۆزى يالغۇز قايتىۋاتقاندا ئاندىن ئۆزگەردى، تەبەسسۇمى يوقىلىپ ئويچان ھالەتكە ئۆتتى. ھالسىز كۆزلىرى بىلەن ئەتراپقا نەزەر تاشلىدى. ئاشخانىنىڭ ھەممە يېرى قالايمىقان ئىدى، ئۇ يەپ يېرىم قالغان تۇخۇم ۋە قوناق پوشكىلى قاچىلىرىغا، مەينەتلىشىپ كەتكەن داستىخانغا قارىدى. "كۆلەڭگە"دەرھال تالاغا چىقىشىنى كۈتۈپ بىر بۇلۇڭدا قاراپ تۇراتتى. ئەمما ئېللا ئىككى پىيالە قەھۋە بىلەن كۆپ ئوزۇقلۇق ۋىتامىن ئىچمىلىكىنى ئىچىپمۇ ھارغىنلىقىنى تۈگىتەلمەي، ئىتى بىلەن ھويلىنىڭ بېغىچە بىللە بارالىدى.

ئۇ قايتىپ كىرگەندە تېلېفون خاتىرلىگۈچنىڭ قىزىل چىرىغىنىڭ يېنىپ ئۆچكەنلىكىنى كۆردى، كونۇپكىنى بېسىشىغا جېنېتنىڭ مۇلايىم ئاۋازى ئۆينى بىر ئالدى:

— ئاپا، ئۆيدىمۇسەن؟ ھە، يوق ئوخشايسەن، بولمىسا تېلېفوننى ئالاتتىڭ (قىقىلداپ كۈلگەن ئاۋاز). بىلەمسەن، ساڭا بەك ئاچچىقىم كەلگەن، لېكىن ھازىر ھەممە ئىش ئۆتۈپ كەتتى. قىلغانلىرىڭ خاتا ئەلۋەتتە، سكوتقا تېلېفون قىلمىساڭ بولاتتى. گەرچە نېمىشقا ئۇنداق قىلغانلىقىڭنى بىلسەممۇ، ئەمما ئاپا، ماڭا داۋاملىق يار-يۆلەك بولۇشۇڭنىڭ ھاجىتى يوق. بۇرۇن تۇغۇلۇپ قېلىپ، ئەينەك ساندۇقتا بېقىلغان بوۋاق ئەمدى چوڭ بولدى. كۆزۈمگە بۇنداق كىرىۋالما! ئۆز ئىشىمغا ئۆزەم ئىگە بولاي، بولامدۇ؟

ئېللانىڭ كۆزلىرىگە ياش كەلدى، جېنېتنىڭ دۇنياغا كۆز ئاچقان ۋاقىتتىكى ھالىتى يادىغا كەلدى. تۇغۇلغاندا ئۇ قىزىل قۇرتتەك كىچىك، كىچىككىنە يۈزى پۈرلىشىپ كەتكەن، بارماق ئۇچى سۈزۈك بىر بوۋاق ئىدى. ئۆپكىسى تېخى تەرەققىي قىلىپ بولالمىغاچقا نەچچە ھەپتىگىچە نەيچە ئارقىلىق سۈنئىي نەپەسلەندۈرۈلگەنىدى. بۇ دۇنياغا شۇنچە تەييارلىقسىز كەلگەنىدىكى، ئېللا تالاي كېچە ئۇيقۇسىز قالغانىدى. بۇرۇن تۇغۇلۇپ قالغان ئۇ بوۋاقنىڭ ھايات ياشىشىدىن خاتىرجەم بولۇش ئۈچۈن ھەر كۈنى، ھەر ھەپتە ئۇنىڭ نەپەس ئېلىشلىرىغا دىققەت قىلاتتى. ئاخىرىدا تەڭرىگە دۇئا قىلغانىدى.

ئۇچۇر ئاخىرلاشقاندا جېنېتنىڭ ئاۋازى كەلدى:

— ئاپا، سېنى سۆيىمەن، بۇنى ئۇنتۇما.

ئېللا كۈلۈمسىرىدى، ئەزىز زەھرا يازغان خەتنى ئويلاپ قالدى. دېمەك، گېۋاتىمالادىكى دەردمەنلەر دەرىخىنىڭ پايدىسى بولغان، ئەزىزنىڭ تىلىكى يېرىم بولسىمۇ ئەمەلگە ئاشقانىدى! جېنېت ئانىسىغا تېلېفون قىلىپ بۇ ئۇچۇرنى قالدۇرۇپ ئۆز بۇرچىنى ئورۇندىغانىدى. ئەمدى نۆۋەت ئېللاغا كەلگەنىدى.

ئۇ قىزىغا تېلېفون قىلىپ، ئۇنى كۈتۈپخانىدا ئۆگىنىش قىلىۋاتقاندا تاپتى.

— قىزىم، سۆزۈڭنى ئاڭلىدىم، ئۆتكەنكى ئىشلاردىن كۆڭلۈم بەك يېرىم، مېنى ئەپۇ قىل.

جېنېت يېنىك ئۇھ تارتتى:

— بولدى قايغۇرۇپ كەتمە ئاپا، ھېچ ئىش يوق.

— ياق، بار،— دېدى ئېللا گېپىنى داۋاملاشتۇرۇپ،— ھېسسىياتىڭنى ھۆرمەت قىلىشىم كېرەك ئىدى، شەخسىي ئىشىڭغا بۇنداق ئارىلىشىۋالسام بولمايتتى.

جىنىت ئۆز يېشىغا ماس كەلمىگەن تەمكىنلىك بىلەن:

ــ ئۇ ئىشلارنى ئۇنتۇپ كېتەيلى، بولامدۇ؟ــ دېدى،ــ ھەممە ئۆيدە بۇنداق ئىشلار بولۇپ تۇرىدۇ.

بۇنى ئاڭلىغان ئادەم ئۇنى ئانا، ئېللانى بولسا ئىسيانكار قىزى دەپ ئويلاپ قالاتتى.

ــ بولىدۇ،ــ دېدى ئېللا راھەتلىنىپ قالغاندەك.

شۇ ئەسنادا جىنىت ئالىدىغان جاۋابتىن قورقۇۋاتقاندەك ئىككىلىنىپ، خىجىل بولغاندەك، پەس ئاۋازدا سورىدى:

ــ ئاپا، شۇ كۈنى تېلېفون خاتىرىلىگۈچكە قالدۇرغان سۆزۈڭ ماڭا بەك تەسىر قىلدى. دېگەنلىرىڭ راستمۇ؟ سەن راستىنلا بەختسىزمۇ؟

ــ مەن بەختلىك ئەلۋەتتە، ئۇ گەپلەرنى شۇ چاغدىكى روھىي ھالىتىم بىلەن باغلاپ چۈشەن،ــ دېدى ئېللا چاندۇرماي،ــ ئۈچ ئېسىل بالىنى بېقىپ چوڭ قىلدىم، قانداقمۇ بەختسىز بولاي؟

ئەمما جىنىت بۇنىڭغا ئانچە ئىشەنمىدى:

ــ دېمەكچى بولغىنىم، دادام بىلەن ياشاپ بەختسىز بولۇپ قالدىڭمۇ؟

بۇنىڭغا ئۇستىلىق بىلەن يالغاننى توقۇيالمىغان ئېللا راستىمنى دەي دەپ ئويلىدى.

ــ داداڭ ئىككىمىز ئۇزۇن يىللاردىن بېرى ئۆي تۇتۇپ كېلىۋاتىمىز. شۇنچە يىل ئۆتۈپ ئەمدى مۇھەببەتلەشمەك تەس. بۇ ئەر-خوتۇننىڭ بېشىغا ھامان كېلىدىغان ئىشلار.

ــ چۈشىنىمەن،ــ دېدى جىنىت، ئەجەبلىنەرلىكى شۇكى، ئېللا تېخى ئۇنىۋېرسىتېتتا ئوقۇۋاتقان قىزىنىڭ ئۆزىنى ھەقىقەتەن چۈشىنىدىغانلىقىنى ھېس قىلدى.

ئۇ تېلېفوننى قويۇپ، نەچچە ۋاقىتتىن بېرى قىلمىغان، بەلكى دائىم ئەتىگە سۈرگەن بىر ئىشنى قىلدى: ھاياتىدا ئىشق-مۇھەببەتنىڭ بولۇشىنى تىلىدى. مۇھەببەت ئۇنىڭ ئالدىغا كەلمىسە، ئۇ مۇھەببەتنىڭ ئالدىغا باراتتى. لېكىن قانداق قىلىپ؟ ئۇ شۇنچە دەرت تارتقان، ئۆزىگە بولغان ئىشەنچى كۆچىيىۋاتقان ھالەتتە ئېرىنى قايتا ياخشى كۆرەلەرمىدى؟ يا باشقا بىرىگە ئاشىق بولالارمىدى؟ مۇھەببەتنىڭ چېچىلاڭغۇلارغا رىتىم، غايىسىزلارغا غايە، دەرتمەنلەرگە بىر دەملىك ھاياجان ۋە خۇشاللىق بېغىشلاشتىن بۆلەك نېمە پايدىسى بار بۇ دۇنيادا؟ سۆيگۈگە ئېرىشىش سەۋداسىدىن بۇرۇنلا ۋاز كەچكەنلەرچۇ... ئۇلارنىڭ ھالى نېمە بولماقچى؟

بۇ بىر كۈن ئۆتۈپ كېتىشتىن ئىلگىرى ئۇ ئەزىزگە خەت يازدى:

قەدىرلىك ئەزىز:

دەرتمەنلەر دەرىخىگە ئېسىپ قويغان تىلەك خېتىڭگە رەھمەت. بەلكى سىنىڭ سايەڭدە ئائىلىمىزدىكى مەسىلىنى ھەل قىلدۇق. چوڭ قىزىم بىلەن يارىشىپ قالدىم. سەن توغرا ھۆكۈم قىلغان ئوخشايسەن. دائىم ئىككى قۇتۇپ ئارىسىدا تېڭىرقاپ يۈرۈيمەن: بىر بولسا ھەممە ئىشقا ئارىلىشىۋالىمەن يا پاسسىپ بولۇپ قالىمەن. بىر بولسا جىگەر پارىلىرىمنىڭ ئىشىغا بەك ئارىلىشىۋالىمەن يا بولۇۋاتقان ئىشلارنىڭ سىرتىدا تاماشىبىن بولۇپ تۇرۇپ قالىمەن.

تەۋەككۈلچىلىك ھەققىدە سۆزلەپسەن. مەن بۇ ئۆمرۈمدە ھېچ تەۋەككۈلچىلىك قىلىپ باقمىدىم! ئېتىراپ قىلىشىم كېرەككى، سەن ئېيتقان ئۇ كۆڭۈللۈك تەسلىمىيەتنى ھېچ باشتىن كەچۈرۈپ باقمىدىم. مەندە ئەسلىدىلا سوپىلىقنىڭ ھۇجەيرىسى يوق. ئەمما شۇنى ھېس قىلدىم: مەن جېنېتنى زورلاپ ئەمەس، ئۇنىڭ ئىشىغا ئارىلىشىۋېلىشتىن ۋاز كەچكەندىن كېيىن ئاندىن ئارىمىز ياخشىلاندى. ئەگەر مۇشۇنى تەۋەككۈلچىلىك دېسەك، ئۇنداقتا بۇنىڭ پايدىسى بولدى.

مەنمۇ ساڭا دۇئا قىلىمەن، ئەمما تەڭرىنىڭ ئىشىكىنى چېكىپ باقمىغىلى شۇنچىلىك ئۇزاق بولدىكى، مېنى ئىچىگە كىرگۈزمەمدىكىن دەپ ئويلايمەن. ئەستا، رومانىڭدىكى لۇكچەك خانجىمدەك گەپ قىلدىم بەلكىم، ئەمما پەرىشان بولما، قەلبىم تېخى ئۇنچىلىك كىرلىشىپ كەتمىدى. تېخى ئۇنداق ئەمەس...

بوستوندىكى يېڭى دوستۇڭ: ئېللا

مەكتۇپ

باغداتتىن قەيسەرىيەگە، 1243-يىل، 9-ئاينىڭ 29-كۈنى

بىسمىللاھىر رەھمانىررەھىم،

مۇھتەرەم سەيىد بۇرھانىددىن بۇرادىرىم، مەكتۇبىڭىزنى تاپشۇرۇۋېلىپ، ھەقىقەت يولىغا ھەر ۋاقىت جان تەسەددۇق قىلىۋاتقانلىقىڭىزنى بىلىپ تولىمۇ تەسىرلەندىم. لېكىن شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئىككىلىنىپ قالدىم، بۇنى ئېتىراپ قىلىشىم كېرەك. چۈنكى رۇمغا جانجىگەر مەسلەكداش ئىزدەۋاتقانلىقىڭىزنى ئوقۇپلا كىمنى دەۋاتقانلىقىڭىزنى بىلدىم. ئەمما بۇندىن كېيىن نېمە قىلىش كېرەكلىكىنى بىلەلمەي قالدىم.

باشتىن سۆزلەي: تەكيەخانامدا قەلەندەر بىر دەرۋىش بار ئىدى. ئىسمى شەمس تەبرىزى. مەكتۇبىڭىزدىكى تەرىپلەشلەرگە دەل چۈشىدۇ. ئۇ رىيازات(ماتېماتىكا)دىن ئىلاھىيەتكىچە، فىقھىدىن خىمىيەگىچە تۈرلۈك ئىلىم ساھەسىدە مەن تونۇيدىغان ئەڭ بىلىملىك، ئەقىللىق ئىنسان. ئەمما ئىلاھىي ئىشقتىن باشقا ھەر قانداق نەرسىنى مۇھىم دەپ تۇرۇۋالساق، ئۇنى يوققا چىقىرىشقا تىرىشىپ، گاھىدا ساۋاتسىز، قارا قورساقتەك ئىش قىلىپ، كاللىنى قايمۇقتۇرىدۇ. شەمس بۇ دۇنيادىكى ئاخىرقى ۋەزىپىسىنىڭ بىر ئېسىل ئادەمگە ئۆز ئىچىدىكى قۇياشىنى كۆرسىتىش ئارقىلىق ئۇنىڭ قەلبىنى يورۇتۇش ئىكەنلىكىگە ئىشىنىدۇ، مۇرت ياكى مۇرشىد ئىزدىمەيدۇ. ئاللاھتىن تىلەيدىغىنى پەقەت جان دوست، قەلبداش تېپىش.

بىر قېتىم ئۇنىڭدىن نىمىشقا كۆپلىگەن ئىنسانغا ئىچىدىكى بىلدۈرۈشىنى خالىمايدىغانلىقىنى سورىۋىدىم، بۇ دۇنياغا ئادەتتىكى ئىنسانلار ئۈچۈن ئەمەس، پەقەت بىرلا ئىنسان ئۈچۈن كەلگەنلىكىنى ئېيتتى. ” بۇ دۇنيا ئاللاھنىڭ ’كۈن‘(بول)دېگەن سۆزى بويىچە بولدى، يەنى بىز ئاشۇ بىرلا سۆزدىن بارلىققا كەلدۇق. شۇڭا مەنمۇ ھەرپلەردىن كەلىمىلەرنى، كەلىمىلەردىن ھەقىقەتنى ئوتتۇرىغا چىقىرىدىغان ناتىق بىر كىشىگە ياردەم بېرىش ئۈچۈن كەلدىم“ دېدى.

مەكتۇبىڭىزنى ئوقۇپلا رۇمى بىلەن ئۇچرىشىدىغان ئادەمنىڭ شەمس ئىكەنلىكىنى بىلدىم. شۇنداقتىمۇ دەرگاھتىكى ھەر بىر دەرۋىشكە ئوخشاش پۇرسەت بېرىش ئۈچۈن ھەممىسىنى مەيدانغا توپلىدىم. باشقا ئىشلارنى دەپ يۈرمەي نەق گەپنىلا قىلدىم. بىر نەچچىسى بۇ سەپەرگە چىققۇسى بولسىمۇ ئىشنىڭ تەسلىكىنى بىلىپ ۋاز كەچتى. بۇ ئىشتا چىڭ تۇرغىنى شەمس بولدى. بۇ ئىشلار ئۆتكەن قىشتا يۈز بەردى. ئەتىياز ۋە كۈزدە ھەر بىر دەرۋىشنى قايتا سىنىدىم، نەتىجە يەنىلا ئوخشاش بولدى.

”نېمىشقا بۇنچە ساقلىدىڭ؟“ دېيىشىڭىز مۇمكىن. بۇنىڭغا بېرىدىغان جاۋابىم شۇ: ” شەمسكە بەك ئامراق بولۇپ قالغانىدىم، ئۇنى خەتەرلىك سەپەرگە يولغا سېلىشتىن قورقتۇم“.

خەتەرلىك دېيىشىمدە، شەمس كىشى بىلەن ئاسان چىقىشىپ ئۆتەلەيدىغان ئادەم ئەمەس. غۇرۇرى ناھايىتى كۈچلۈك، كۆڭلىدە نېمە بولسا شۇنى دەۋېرىدۇ. كۆچمەنلىك ھاياتىدا ئۇ ئۆزىنى ئىدارە قىلالىشى مۇمكىن، ئەمما بىر شەھەردە، بىر جايدا مۇقىم ئولتۇراقلاشقان ئىنسانلار ئارىسىدا ئۆزگە ئىش تېپىۋېلىشىدىن ئەنسىرەيمەن. جاھىللار ئۇنى

چۈشــەنمەيدۇ، ئەھلى ئىلىملەر ئۇنى كۆرەلمەيدۇ، چىدىمايدۇ. شـۇڭا ئۇنىڭ ســـەپىرىنى كىچىكتۇرۇشــكە تىرىشـــتىم، بىراق ھەر قانچە قىلســـاممۇ، ۋاقتىلىق كىچىكتۇرەلىدىم.

شـــەمس يولغا چىققان كۈننىڭ ئالدىنقى ئاخشـــىمى ئىككىمىز ئۇچمىلىك ئەتراپىدا ئايلاندۇق. يىپەكمۇ گويا ئاشىقتەك نازۇك ھەم گۈزەل، كىشىلەرنىڭ ئويلىغىنىدىنمۇ بەك چىڭ ھەم چىداملىق.

شەمسكە دېدىمكى، " قارا، پىلە قۇرتى غوزىدىن چىققاندا ئۆزى مىڭ تەستە توقۇغان يىپەكنى يىرتىپ تىتمۇېتىدۇ. شۇڭا دېھقانلار يا يىپەكنى يا پىلە قۇرتىنى تاللايدۇ، ئىككىسىنى بىللە ساقلاپ قالالمايدۇ. كۆپىنچە ھـالىلاردا ئۇلار يىپەكنى ئېلىۋېلىش ئۇچۇن پىلە قۇرتىنىــڭ جېنىنى ئالىدۇ. بىر يىپەك قولياغلىق ئۇچۇن يۈز تال پىلە قۇرتىنىڭ قۇربان بېرىدىغانلىقىنى بىلەمسەن؟".

شاماللار يېنىمىزدىن سىپاپ ئۆتتى، تىترەپ كەتتىم. ئادەم قېرىغاندا توڭغاق بولۇپ قالىدۇ، ئەمما بۇ تىترىشـــىم ســـوغۇقتىن ئەمەس ئىدى. چۈنكى شـۇئان بىلدىمكى، شـەمسـنى بۇ باغدا ئاخىرقى قېتىم كۆرۈشـۈم مۇشۇ بولۇپ قالاتتى، ئەمدى كۆرۈشەلمەيتتۇق. ئۇمۇ شۇنى سەزگەن بولسا كېرەك، كۆزلىرىدە غەمكىنلىك پەيدا بولدى.

قاراڭغۇ چۈشكەندە ئۇ قول سۆيۈپ خوشلاشقىلى كەلدى. قارىسام ئۇزۇن قارا چاچلىرىنى ئالدۇرۇپتۇ. ھەيران قالدىم، ئەمما سـەۋەبىنى سـورىمىدىم، ئۇمۇ دېمىدى. پەقەت شـــۇنى ئېيتتى: " بۇ ھېكايىدە مەن پىلە قۇرۇتىغا ئوخشايمەن، رۇمى بولسا يىپەكتۇر، بىر يىپ ـ بىر يىپتىن توقۇلىدۇ. ۋاقتى كەلگەندە يىپەكنىڭ قېلىشى ئۇچۇن پىلە قۇرۇتى ئۆلۈشى كېرەك"

شـــۇنداق قىلىپ ئۇ كونياغا قاراپ يولغا چىقتى. ئاللاھ ئۇنىڭ ياردەمچىسى بولسۇن. ئۇچرىشىشىدا نۇرغۇن ياخشىلىقلار بولغان ئىككى ئىنســاننى بىر يەرگە جەم قىلىپ توغرا قىلغانلىقىمىزغا ئىشــىنىمەن. ئەمما ئىچىمدە بىر دەرت بار، تەكيەخانىمىزغا قەدەم باســقان ئۇ ئەڭ جۈشـقۇن، ئەڭ يەڭگىلتەك، بەلكى ئەڭ مەجنۇن دەرۋىشـنى سېغىنىشـقا باشلىدىم.

ئاخىرىدا ھەممىمىز ئاللاھقا يۆلىنىمىز ۋە شەك ـ شۈبھىسىزكى ئۇنىڭ دەرگاھىغا قايتىمىز.

سالامەتلىك تىلەپ، بابا زامان

چۆمەز
باغدات، 9 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى

مەندىن سورىسىڭىز، تەكىيەخانىدا دەرۋىش بولماق ئاسان. قانچىلىك ئىش ئىدى ئۇ؟ ئەتىگەن ـ ئاخشامدا دۇئا قىلىدۇ، تەسۋى سېرىيدۇ، زىكرى ـ تەلقىن ئېيتىدۇ. خۇددى باللارنىڭ ئويۇنى! ئەڭ تەس ئىش چۆمەز (مەدىكار تالىپ) بولۇش! ھەممە ئادەم دەرۋىش بولۇشنىڭ مۇشەققىتى ھەققىدە پاراڭ سالىدۇ، ئەمما ھېچكىم بىز بىچارە تەرىقەتچىلەرنىڭ تارتقان جاپالىرىنى تىلغا ئېلىپ قويمايدۇ. بۇ يەرگە كەلگەندىن بېرى ئېشەكتەك ئىشلەۋاتىمەن. بەزى كۈنلىرى شۇنچىلىك ھېرىپ كېتىمەنكى، بېشىمنى ياستۇققا قويغاندا پۇت ـ قولۇمنىڭ ئاغرىقىدىن ئۇخلىيالمايمەن. ئىسمىمنىمۇ ھېچقايسىسى بىلمەمدىكىن دەيمەن، نام ـ نىشانىم يوقتىكىدەك، ”جاھىل تالىپ“ دەپ چاقىرىشىدۇ، تېخى ئارقامدىن ”قاپاق كاللا غاپىل تاز “ دەپ پىچىرلىشىدۇ.

ئەمما ئەڭ يامىنى، ئاشپەز قېرىنىڭ بويۇنتۇرۇقى ئاستىدا ئاشخانىدا ئىشلەش! بۇ قېرىنىڭ كۆكرەك قەپىزىدە يۈرەك ئەمەس، تاش بار. ئۇ تەكىيەخانىدا ئاشپەز بولماي، ئۇرۇش تارىخىنى ياراتقان موڭغۇل لەشكەرلىرىگە باشلىق بولسا بولاتتىكەن؛ ئاغزىدىن بىرەر قېتىم بىر ياخشى گەپ ئاڭلىغان بولسام ئوڭ قولۇمنى كېسىپ بېرىمەن؛ كۈلۈمسىرەشنى بىلىدىغانلىقىدىنمۇ گۇمانلىنىمەن.

بىر قېتىم ئۆزەمنى تۇتالماي، تەكىيەخانا كۆزەتچىسىدىن سورىدىم: ”بۇ تەكىيەخانىغا كەلگەن چۆمەزلەرنىڭ ھەممىسى خىرقا(يۇڭ چەكمەن) كەيدۈرۈلۈشتىن ئاۋۋال ئاشپەز قېرىنىڭ قىيىن سىناقلىرىغا ماڭا ئوخشاش تۇتۇپ بېرىلەمدۇ؟“.

كۆزەتچى مازاق قىلغاندەك كۈلدى: ” ھەممىسى ئەمەس، پەقەت ساڭا ئوخشاش گالۋاڭ، ئىشقا خام بولغانلار“.

ئىشقا خام، گالۋاڭ، كالۋا بولغانلار، شۇنداقمۇ؟ نېمىشقا باشقا چۆمەزلەردىنمۇ ئېغىر جاپا چېكىمەن؟ نەپسىم ئۇلارنىڭكىدىنمۇ چوڭ، ئۇلارنىڭكىدىنمۇ يامانمۇ ئەمدى؟

ھەر كۈنى ئەتىگەندە مەن ئەڭ بۇرۇن قوپۇپ، دەريادىن سوغا ـ سوغا سۇ توشۇيمەن، ئاندىن ئوچاققا ئوت قالاپ، يۈز ـ كۆزۈم ئىسلانغىچە نان ياقىمەن. ناشتىلىقتا ئىچىدىغان شورپىنى ھازىرلاشمۇ مېنىڭ ۋەزىپەم. ئەللىك كىشىلىك قازاندا ئاش ئەتمەك ئاسان ئەمەس. بۇ قازان شۇنچىلىك

چوڭكى، ئىچىگە بەش ئادەم كىرسىمۇ ئازادە يۈيۈنالايدۇ. ئاخىرىدا بۇ يوغان قازاننى كىم يۈيىدۇ؟ ئەلۋەتتە يەنىلا مەن! ئاشخانىنى مەينەت قىلغۇچىمۇ مەن، تازىلىغۇچىمۇ مەن، يۈيغۇچىمۇ مەن. ئاشپەز قىزى ئەتىگەندىن كەچكىچە مېنى ئىشقا بۇيرۇپلا تۇرىدۇ.

قاپاق كاللا، يەرلەرنى ئېيت! پەشخوننى سۈرت! پەلەمپەيلەرنى ئېرىغدا! ھويلىنى سۈپۈر! بىرىپ ئوتۇن كەس! تاختايلارنى سۈرتۈپ پارقىرات! كورىلارنى كەپشەرلە! مۇرابىا قاينات! تېتىتقۇ تەييارلا! تەرخەمەك، پىدىگەن توغرا، قىيام ھازىرلا، خام سەي چىلا ـ تۇزى كام يا ئارتۇق بولۇپ قالمىسۇن، سۇنى بىر تۇخۇم لەيلىگۈدەك قىلىپ قۇيساڭ بولدى...

ھەممە ئىشنى شۇ قىزىنىڭ دېگىنىدەك قىلمىسام ساراڭلىقى تۇتۇپ، ھىجىر، كوزا بولامدۇ، قولىغا نېمە چىقسا شۇنى كاللامغا ئاتىدۇ. بىكار قالساڭ قايتا قىل دەيدۇ. تېخى بۇنى ئاز كەلدى دەپ، ھەر ئىشتا كەينى ـ كەينىدىن دۇئا قىلىشىمنى بۇيرۇيدۇ. مەندىن ياخشىراق سىناق ئالسۇن دەپ دۇئانى يۇقىرى ئاۋازدا ئوقۇيمەن، بىر سۆزدىن ئاتلاپ كېتىپ قالسام، ھالىمغا ۋاي، جېنىمنى قاقشىتىدۇ. ئەھۋالىم مانا، خۇدانىڭ قۇتلۇق كۈنى بىر ياقتىن دۇئا يادلىسام، بىر ياندىن ھارماي ـ تالماي ئىشلەيمەن. ئاشخانىدىكى قىيىنچىلىقلارنى يېڭەلىسەم تەرىقەتتە تېخىمۇ پىشىپ يېتىلگۈدەكمىشمەن! ئاشپەز قىزى شۇنداق دەيتتى. ” قوڭىدا ئوت كۆيمىسە قازان قايىنامدۇ؟ نوقۇت پىشامدۇ؟ سەنمۇ ئوتنىڭ ئىچىدە ئاشۇنداق تولغىنىپ، پۇچۇلىنىپ، قايناپ ـ قايناپ پىشىسەن ئەلۋەتتە!“

قاراڭلار گېپىگە! مەن نوقۇتمىدىم؟ بىر قېتىم تاقەت قىلالماي ”ئۇغۇ بوپتۇ، لېكىن بۇ ئوت ئازابىغا تولغان ئىمتىھان قاچانغىچە داۋاملىشىدۇ؟“ دەپ سورىۋىدىم، ”مىڭ بىر كۈن، مىڭ بىر كېچە“دەيدۇ تېخى بۇ تاش يۈرەك قىزى! ئارقىدىن قاقۋاشلارچە گەپ قاتتى: ”چۆچەكلەردىكى شەھىرىزات ھەر ئاخشىمى بىر ھېكايە توقۇيالىسا، سەنمۇ شۇنچىلىك سەۋر ـ تاقەت قىلالايسەن ھەقىچان“.

بېشىنى يەيدىغان قىزى! مېنىڭ بۇ پەرىشان ھالىم بىلەن ئۇ مەدداھ شەھىرىزات ئوتتۇرىسىدا قانداق ئوخشاشلىق بولسۇن؟ ئۇ خېنىم پەقەت ماموق ياستۇق، ئەتلەس يوتقانغا يۆلىنىپ پۇتلىرىنى ئالماشتۇرۇپ ئولتۇرۇپ، بىر قولىدا زالىم پادىشاھقا خورما، ئەنجۈر، ئۈزۈم ئۇزاتقاچ، بىر ياندىن ئەسەبىي ھېكايىلەرنى توقۇيدۇ! بۇنىڭ نېمىسى تەس؟ ئۇ كېلىپ مەن تارتقان جاپالارنى تارتىپ باقسۇن، مىڭ بىر كېچە ئەمەس، بىر ھەپتە چىدىيالامدۇ يوق، كۆرۈپ باقايلى!

سىناقنىڭ ئاخىرلىشىشىغا تېخى خېلى ۋاقىت بار. بۇ كۈنلەرنى سانىغان ئادەم بارمۇ يوق، بىلمەيمەن. ئەمما مەن ھەر كۈنى تامنى جىجىپ قويىمەن: شەپەق 624.

بۇ تەكيەخانىدىكى دەسلەپكى 40 كۈنۈمنى تار، پاكار، قاراڭغۇ بىر ھۇجرىدا ئۆتكۈزدۈم. بۇ يەردە پۇت-قولنى سوزۇپ، كېرىلىپ ياتقىلى، ئوڭ-سول تەرەپكە ئۆرۈلۈپ ماڭغىلى بولمايدۇ. ھەر ۋاقىت تىزلىنىپ ئەمر كۈتۈپ ئولتۇرۇشقا مەجبۇرسەن. ماڭا پات-پات تەنبىھ بېرىشتى: ئەگەر قاراڭغۇدىن قورقساڭ، ئاچلىقتىن قورسىقىڭ كوكىراپ كەتسە ياكى شىرىن چۈشلەرنى كۆرۈپ بىرەر خوتۇننى ئارزۇلاپ قالساڭ، دەرھال تورۇستىكى قوڭغۇراقنى چېلىپ، مەنىۋى ياردەم ئىزدە!

ئۇ ھۇجرىدا 40 كۈن تۇردۇم، بىر قېتىممۇ قوڭغۇراق چالمىدىم. بۇ كاللامغا يامان خىياللارنىڭ كەلمىگەنلىكىدىن ئەمەس، ئاللاھ بىلىدۇكى، ئۇنداق خىياللار كەينى-كەينىدىن كەلدى، ئەمما تار يەردە قىستىلىپ، بارمىقىمنىمۇ مىدىرلىتالمىسام، ئۇنچىلىك يامان خىيالنىڭ نېمە زىيىنى بولاتتى؟

بۇ گۆندىخانىدىن قۇتۇلسام، بۇ قېتىم ئەمدى تەرىقەت رەھبىرى كېلىپ " ئەتى مېنىڭ، ئۇستىخنى سېنىڭ" دەپ مېنى ئاشپەز قېرىغا تاپشۇردى. ئاشخانىدا تارتىدىغان جاپا ئۇنىڭدىنمۇ بەتتەر ئىكەن. بۇنىڭدىن ھەر قانچە قاقشىسامىمۇ شەمسى تەبرىزى كەلگەنگە قەدەر ئاشپەز قېرىنىڭ قائىدە-تۈزۈملىرىدىن چىقىپ باقمىدىم. ئۇ كەلگەن كېچىدە ئاشپەز قېرى مېنى ئاشخانىدىن قېچىپ كەتتىڭ دەپ قاتتىق ئۇردى، دۈمبەمدە قىزىل-قىزىل تاياق ئىزلىرى قالدى. ئاندىن ئۇ ئاياغلىرىمنى ئېلىپ ئۇچىنى تالاغا قارىتىپ ئىشىكنىڭ ئالدىغا قويدى. مۇشۇ ئارقىلىق تەكيەخانىنىڭ قائىدىسىگە ئۇيغۇن ھالدا "يىگىت، كېتىدىغان ۋاقتىڭ كەلدى" دەۋاتاتتى.

— ئەگەر كۆڭلۈڭ تىنىمسىزلىقتا ئۆزەڭنى بىكار ئاۋارە قىلما، مېنىمۇ ھارغۇزما،— دەپ قاتتىق تەگدى ئۇ قېرى،— دەريا ئىشىكنىڭ ئالدىغا كەلمەيدۇ. سۇ ئىچمەكچى بولغان ئىشەك دەريانىڭ ئالدىغا ئۆزى بارىدۇ. تەسەۋۋۇپ ئۇنى قېنىپ-قېنىپ ئىچمەكچى بولغانلار ئۈچۈن دەريا-دېڭىزدۇر!

بۇ گەپچە مەن تەبىئىي ھالدا ئىشەك ئىدىم.

راستىنى دېگەندە، ئەگەر شەمسى تەبرىزى بولمىسا ئىدى بۇ يەردىن ئاللىبۇرۇن كېتىپ بولاتتىم. بۇ جاھانكەزدى دەرۋىش ماڭا شۇنچىلىك ئاجايىپ تۇيۇلىۋاتاتتىكى، ئۇنىڭغا بولغان قىزىقىشىم تۈپەيلىدىنلا بۇ يەردە

ئۇزۇن تۇرۇپ قالدىم. بۇنداق دەرۋىشنى ئىلگىرى ھېچ كۆرۈپ باقمىغانىدىم. ئۇ ھېچكىمدىن قورقمايتتى، ھېچكىمگە بويسۇنمايتتى. ئاشپەز قېرى جېنىدا ئۇنى ھۆرمەتلەيتتى. مەنمۇ ئىچىمدە شۇنداق نىيەت قىلدىم: بۇندىن كېيىن مەن تەلىم ئالىدىغان ئادەم شەمس بولغۇسى، مېنىڭ مۇرشىدىم بىزنىڭ گالۋاڭ قېرى سوپىمىز ئەمەس، بەلكى ئۆزىنىڭ جەلىپكارلىقى، ئۆتكۈر تىلى، باشباشتاقلىقى، ئىسيانكار مىجەزى بىلەن شەمس بولغۇسى.

شۇنداق، شەمس مېنىڭ قەھرىمانىم. ئۇنى كۆرگەندىن كېيىن ئۆزەمگە: ”نېمىشقا مەزلۇم مىجەز بىر دەرۋىش بولىمەن. ئەگەر ئۇنىڭ يېنىدا خۇشاللىق بىلەن قالسام مەنمۇ ئۇنىڭدەك يۈرەكلىك، ئىسيانكار بولىمەن“ دېدىم ۋە كۆز كېلىپ شەمسنىڭ كېتىدىغانلىقىنى بىلگەن ھامان، ئۇنىڭغا ئەگىشىپ كونياغا كېتىشنى قارار قىلدىم.

*　　　　*　　　　*

قارارىمنى بابا زامانغا بىلدۈرۈشۈم كېرەك ئىدى. مەن ئۇنى تاپقاندا ئۇ ھۇجرىسىدا ئولتۇرۇپ قەندىل يورۇقى ئاستىدا مەكتۇپ يېزىۋاتاتتى. مېنى كۆرۈپ خوش بولمىدى. خۇددى مەن ئۇنى زېرىكتۈرۈپ قويغاندەك ماڭا بىزارلىق بىلەن قاراپ:

ــ نېمە ئىشىڭ بار قىزىل چۆمەز؟ــ دەپ سورىدى.

ئارتۇق گەپ قىلماي دەردىمنى بىراقلا ئېيتتىم:

ــ شەمس تەبرىزى كېتىدىغاندەك تۇرىدۇ، مەنمۇ ئۇنىڭ بىلەن بىللە كېتەي دېگەن، يولدا بەلكىم ياردەمگە ئېھتىياجى باردۇر.

بابازامان ماڭا دىققەت بىلەن سەپسالدى.

ــ شەمس تەبرىزگە ياردەم قىلىش ئۈچۈن ئۇنىڭ بىلەن كېتەي دەۋاتامسەن ياكى ۋەزىپەڭدىن قاچماقچىمۇسەن؟ ئىمتىھانىڭ تېخى تۈگىمىدى، ھازىرچە سەن تېخى مۇرت ھېسابلانمايسەن.

ــ شەمستەك بىر كىشىگە يولدا ھەمراھ بولۇشمۇ بىر تۈرلۈك ئىمتىھان ئەمەسمۇ؟ــ دەپ سورىدىم.

ھەددىمدىن ئېشىپ كېتىۋاتقانلىقىمنى بىلەتتىم، ئەمما پىر ئۇستازنى قايىل قىلىش ئۈچۈن شۇنداق قىلماي بولمايتتى.

شەيخ بېشىنى ئېگىپ ئويغا چۆمدى. ئۇ جىمىپ كەتكەنچە مەنمۇ ئەنسىرەپ تۇرۇپ قالدىم. ئەمدى مېنى تىللايدۇ، ئاشپەز قېرىنى چاقىرىپ ماڭا ئوبدان كۆز-قۇلاق بولۇشنى تاپىلايدۇ دەپ ئويلىدىم. يۈرىكىم

ئاغزىمغا تىقىلىپ قالدى. ئەمما ئۇنداق بولمىدى. بابازامان ماڭا ئويچان قىياپەتتە باقتى، بېشىنى لىڭشىتتى.

— نەچچە ۋاقىتتىن بېرى سېنى سىناپ كېلىۋاتاتتۇق، مېۋە دەرەختىن كېيىن بارلىققا كەلسىمۇ، ھەقىقەتتە ئۇ باشتا كېلىدۇ. كىشىنىڭ قانداق دەرۋىش بولىدىغانلىقى ئۇنىڭ چۈمەزلىكىدىن مەلۇم بولىدۇ. بۇ يول ساڭا ماس كەلمەيدۇ. ھەر يىلى تەكىيەخانىغا كەلگەن يەتتە يىگىتتىن پەقەت بىرىلا تەرىقەتتە قېلىشقا نېسىپ بولۇۋاتىدۇ. مەنچە، دەرۋىش بولۇشقا تېخى شەرتىڭ توشمايدۇ، تەقدىر-قىسمىتىڭنى باشقا يەردىن ئىزدەپ باققىنىڭ ياخشى.

نېمە دېيىشىمنى بىلەلمەي يۇتقۇنۇپ تۇرۇپ قالدىم.

بابازامان ئاۋازىنى كۆتۈرۈپ سۆزىنى تاماملىدى:

— شەمس تەبرىزىگە ھەمراھ بولۇش مەسىلىسىگە كەلسەك، بۇنى مەندىن ئەمەس، ئۇنىڭ ئۆزىدىن سورىغىنىڭ ياخشى.

بۇ قەتئىي سۆزىدىن كېيىن پىر ئۇستاز ماڭا ئىشىكنى كۆرسىتىپ قويۇپ، مەكتۇبىنى يېزىشنى داۋاملاشتۇردى.

شۇنداق قىلىپ، تەكىياخانىدىن ھەيدەلگەن بولدۇم. پەرىشان ئىدىم، غۇرۇرۇم سۇنغانىدى، ئەمما راستىنى دېگەندە راھەتلىنىپ قالدىم، مەن ئەمدى قۇشلارغا ئوخشاش ھۆر، ئەركىن-ئازادە ئىدىم.

شەمس

باغدات، 1243-يىل، 9-ئاينىڭ 30-كۈنى

بۇ ئەتىگىنى ئوپئوق يورۇغاندا بابازامان بىلەن خوشلىشىپ يولغا چىقتىم. ئېتىمغا مىنگەنچە مېڭىپ كېتىۋەردىم. داۋانغا چىققاندا توختاپ تەكىيەخانىغا يىراقتىن ئاخىرقى قېتىم باقتىم. ئۈجمە دەرەخلىرى بىلەن قورشالغان كېسەك بىنا چىغ-قومۇش ئارىسىغا يوشۇرۇنغان قۇش ئۇۋىسىغا ئوخشايتتى. بابازاماننىڭ ھارغىن چىرايى خىيالىمدا چاقماقتەك چېقىپ ئۆچتى. ئۇنىڭ مەندىن ئەنسىرىگەنلىكىنى بىلەتتىم، ئەمما بۇنىڭ تۇتامغا چىققۇدەك سەۋەبى يوق ئىدى. مېنىڭ بىلىدىغىنىم، ئىشىقتا ئۇدۇل كېتىۋاتقانلاردىن ئەمەس، ئىشىقتىن يىراقلاشقانلاردىن ئەنسىرەش كېرەك ئىدى.

ئونىنچى نىزام: نەگەر بارساڭ بار، شەرق، غەرب، شىمال ياكى جەنۇب بولسۇن، باشلىغان ھەر سەپىرىڭنى ئىچ دۇنيايىڭغا قىلغان بىر قېتىملىق

سايائەت دەپ بىل! روھىيەت سەپىرىگە چىققان كىشى ئاخىرقى ھېسابتا يەر يۈزىنى ئايلانغان بولىدۇ.

كونيادا مېنى نېمىلەرنىڭ كۈتۈپ تۇرىدىغانلىقىنى بىلمەيتتىم. ئەمما ئۇ شەھەر ماڭا قانداق قىسمەت تەييارلىغان بولسا، ئۇنى بارلىق كۈلپەت-مۇشەققەتلىرى بىلەن بىللە قوبۇل قىلىشقا ھازىر ئىدىم.

ئون بىرىنچى نىزام: تۇغۇت ئانىلىرى بىلىدۇكى، تولغاق تۇتماي تۇرۇپ بالا تۇغۇلمايدۇ، ئانىنىڭ بالياتقۇسىدىن بوۋاققا يول ئېچىلمايدۇ. سەندىن يېپيېڭى ۋە ساپ بىر "سەن"نىڭ مەيدانغا كېلىشى ئۈچۈن قىيىنچىلىق ۋە ئازابلارغا تەييارلىنىشىڭ كېرەك.

* * *

تەكيەخانىدىن ئايرىلىشتىن بۇرۇنقى ئاخشىمى ھۇجرامنىڭ پۈتۈن دېرىزىلىرىنى ئېچىۋەتتىم، ئۆينىڭ ئىچى قاراڭغۇلۇقنىڭ ھىدى بىلەن تولدى. تىترەۋاتقان قەندىل يورۇقىدا بىر ئەينەك پارچىسىغا قاراپ چاچلىرىمنى كەستىم، يۆگەم-يۆگەم چاچلار تۆكۈلدى يەرگە. ئۇستىرا بىلەن بېشىمنى تامامەن چۈشۈردۈم. ئاندىن ساقال-بۇرۇتلىرىمنى ئالدىم، قاشلىرىمدىن قۇتۇلدۇم. ئىش تۈگىگەندە سۈرىتىمگە قارىدىم. تېخىمۇ ياشلىنىشىپ، پارقىراپ كەتكەنىدىم. بىرەر تال چاچ، تۈك-ساقىلىم قالمىۋىدى، نە يېشىم، ئىسمىم، جىنسىي پەرقىم قالدى؛ نە ئۆتمۈش، نە كېلەچەك قالدى، پەقەت مۇشۇ پەيتكىلا ئەبەدىي بەنت قىلىنۋېتىلگەنىدىم.

بابازامانىنىڭ ھۇجرىسىغا بېرىپ خوشلاشماقچى بولدۇم.

—سەپىرىڭ ھازىردىن باشلاپلا سېنى ئۆزگەرتكىلى تۇرۇپتۇ،— دېدى ئۇ بۇ يېڭى ھالىمنى كۆرۈپ،— ئەمما سەپىرىڭ تېخى باشلانمىدى.

ئون ئىككىنچى نىزام: ئىشق بىر سەپەردۇر، بۇ سەپەرگە چىققان ھەر يولۇچى خالىسۇن-خالىمىسۇن تامامەن ئۆزگىرىدۇ، بۇ يولغا كىرىپ ئۆزگەرمىگەن ئىنسان يوق.

بابازامان بىلىنەر-بىلىنمەس تەبەسسۇم بىلەن مېنى يېنىغا چاقىرىپ، تاۋار قاپلىق بىر قاپچۇقنى تۇتقۇزدى. قاپچۇقتا ئۈچ نەرسە بار ئىدى: كۈمۈش قاپلىق ئەينەك، نەپىس ئىشلەنگەن بىر يىپەك قولياغلىق ۋە كىچىككىنە بىر بىللۇر شىشە.

— بۇلارنىڭ سەپەردە ساڭا ياردىمى بولىدۇ، لازىم بولغاندا ئىشلەت. ئۆزەڭگە بولغان ئىشەنچىڭ تەۋرەپ قالسا بۇ ئەينەك ساڭا ئىچكى گۈزەللىكىڭنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ؛ نام-شەرىپىڭگە داغ تەگسە بۇ يىپەك

قولياغلىق ساڭا مۇھىم بولغان نەرسىنىڭ ئەسلىدە قەلب پاكلىقى ئىكەنلىكىنى ئەسلىتىدۇ. شىشىدىكى مەلھەم بولسا زاھىرىي ۋە باتىنىي يارىلىرىڭغا شىپا بولىدۇ.

ھەممە نەرسىنى بىر-بىرلەپ سىلاپ قويغاندىن كېيىن قاپچۇقنى ئېتىپ، بابازامانغا رەھمەت ئېيتتىم. ئۇندىن كېيىن دېگۈدەك گەپ قالمىدى.

قۇياش نۇر چېچىپ، قۇشلار سايراۋاتقاندا، غورىلار شاخلىرىدا ساڭگىلاپ تۇرغاندا ئېتىمغا مىنىپ، كونياغا قاراپ يول ئالدىم، ئۆزەمنى ئالالاھنىڭ تەقدىر-قىسمىتىگە تاپشۇردۇم. ئەتە-ئۆگۈن نېمە بولۇشۇمنى بىلمەستىن، بىلىشنىمۇ خالىماستىن توختىماي ئىلگىرىلىدىم.

چۆمەز
باغدات، 1243-يىل، 9-ئاينىڭ 30-كۈنى

ئاقىۋىتىنى ئويلىمايلا ئېغىلدىن سېمىز بىر ئاتنى ئوغرىلاپ، شەمس تەبرىزىنىڭ ئارقىسىغا چۈشتۈم. ئۇنىڭ بىلەن ئارىلىق ساقلاپ مېڭىشقا تىرىشقان بولساممۇ مەخپىي ئىز قوغلاپ مېڭىشىم ناھايىتى تەس بولدى. باغداتقا بارغاندا ئۇ بىر بازاردا توختاپ، سەپەر ئوزۇقى ئېلىۋېلىشقا ماڭدى، مەن "ئەمدى پۇرسىتى كەلدى" دەپ ئۇنىڭ ئالدىغا ئۆزەمنى ئاتتىم.

— قىزىل چاچلىق جاھىل يىگىت، نېمىشقا يەردە ياتىسەن؟— دەپ سورىدى ئۇ ئاتنىڭ ئۈستىدىن ئېڭىشىپ، قارىماققا ھەيران ھەم خۇشال ئىدى.

مەن يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ، تىلەمچىلەردەك قول قوشتۇرۇپ يالۋۇردۇم:

— سىلى بىلەن بىللە كېتەي دەيمەن، سىلى مېنىڭ قەھرىمانىم، مېنىڭ بېرىشىمغا يول قويسىلا.

— بوپتۇ، ئەمما نەگە بارىدىغانلىقىڭنى بىلەمسەن؟

ھودۇقۇپ تۇرۇپلا قالدىم، راستىنى ئېيتقاندا بۇنى ھېچ ئويلاپ باقمىغانىدىم.

— ياق، بىراق بىلمىسەم نېمە بوپتۇ؟ سىلىگە مۇرت بولسام دەيمەن، سىلىنى ئۇلگە قىلىمەن.

— يوق گەپ قىلما، مەن مۇرشىدمۇ، مۇرىتمۇ تەلەپ قىلمايمەن. ئۆزەم يالغۇز جاھان كېزىمەن. بىر كىمگە ئۇلگە بولالمايمەن،— دېدى شەمس گەپنى تەتۈر تولغاپ.

ئون ئۇچىنچى نىزام: بۇ دۇنيادا ئاسماندىكى يۇلتۇزلاردىنمۇ كۆپ ساختا ھاجى، خوجا، شەيخ بار. ھەقىقىي مۇرشىد سېنى ئۆزىگە چوقۇندۇرمايدۇ، بەلكى ئۆز قەلبىڭگە قاراشقا، نەپسىڭدىن ھالقىپ ئۆزەڭدىكى گۈزەللىكلەرنى بىرمۇ بىر بايقاشقا يېتەكلەيدۇ.

— رۇخسەت قىلسىلا نېمە بولىدۇ،— دەپ يالۋۇردۇم،— يەنە كېلىپ ھەر قانداق مەشھۇر سەيياھنىڭ يېنىدا چوقۇم شاگىرتلىق قىلىدىغان بىر ھەمراھى بولىدۇ، مەنمۇ سىلىگە شاگىرت بولىمەن.

شەمس ئويچان قىياپەتتە ئېڭىكىنى قاشلىدى، مېنى شۇ ئاندا بولسىمۇ قوبۇل قىلدى دەپ ئويلىدىم.

— قىزىل چۆمەز، ماڭا ھەمراھ بولۇشقا كۈچۈڭ يېتەمدۇ؟— دەپ سورىدى تۇيۇقسىز.

كۈچلۈك ئىستەك ۋە ناھايىتى چىۋەر-چاققانلىق بىلەن ئورنۇمدىن سەكرەپ قوپتۇم:

— ئەلۋەتتە يېتىدۇ، كۈچۈم بار.

— بوپتۇ ئەمىسە. ماڭا مۇرىت بولاي دېدىڭ، ئۇنداقتا تۇنجى ۋەزىپەڭ شۇ بولسۇن: ئەڭ يېقىن مەيخانىغا بېرىپ بىر كوزا شاراپ ئېلىپ كېلىپ نەق مەيداندا بېشىڭغا قۇيۇپ، بۇلدۇق-بۇلدۇق ئىچ!

ئاغزىمنى ئېچىپ قاراپ قالدىم. شۇنچە زاماندىن بېرى تەسەۋۋۇپ يولىدا پىشىپ يېتىلىش ئۈچۈن تارتمىغان جاپا-مۇشەققەت، چەكمىگەن دەرت-ئەلەملىرىم قالمىدى. يەرلەرنى كۈندە يۈز قېتىم ئېتەكلىرىم بىلەن سۈرتۈشكە؛ ئوتنىڭ بېشىدا ئۆزەم يالغۇز، كۆزۈمدىن ياش چىققىچە ئىشلەپ كورا، ساپلىق قازانلارنى قەلەي بىلەن قاپلاشقا، قاپقانلاردىن چاشقان ئۆلۈكلىرىنى تاپلاشقا، قىسقىسى ھەر تۈرلۈك مەجبۇرىي ئىشلارغا پىشىپ كەتكەنىدىم. مەنىۋىيىتىمنى كۈچلەندۈرۈش ئۈچۈن بىر ئولتۇرۇشتا يۈز تال پىياز توغراشقا، يوغان قازانلاردا ياغلىق پولو، ھەسەل قوشۇلغان خوشاف[1]لارنى ئېتىشكە، ئەتىگەندىن كەچكىچە ئېشەكتەك ئىشلەشكە كۆنۈپ كەتكەنىدىم. ئەمما ئادەملەر توپلاشقان بازاردا ھەممە ئادەمنىڭ كۆز

[1] خوشاف — قۇرۇق يەل-يېمىشلەرنى شېكەر سۈيى بىلەن قوشۇپ قاينىتىش ئارقىلىق ئېتىلىدىغان تاتلىق ئاش.

ئالدىدا شاراپ ئىچىشكە كەلسەك، مېنىڭ مەزھىپىم ئۇنىڭغا يول قويغۇدەك دەرىجىدە كەڭچىل ئەمەس ئىدى. دەھشەتكە چۆمۈپ تۇرۇپ قالدىم.

— تەۋبە، ئەستەغپۇرۇللاھ، — دېدىم، — دادام بۇنى ئاڭلايدىغان بولسا پاچىقىمنى چاقىدۇ، ئاتا-ئانام مېنى كاپىر بولۇش ئۈچۈن ئەمەس، ياخشى مۇسۇلمان قىلىش ئۈچۈن بابازامانىڭ تەكىيەخانىسىغا يوللاپ بەرگەن. بۇنداق قىلسام خەقلەر مېنى نېمە دەپ ئويلاپ قالىدۇ؟ قولۇم-قوشنىلار نېمە دەيدۇ؟

شەمس ئۆتكۈر كۆزلىرى بىلەن ماڭا نەزەر سالدى. ئاشۇ ئاخشىمى ئىشىكنىڭ كەينىدە تۇرۇپ ئۇنى كۆزىتىۋاتقىنىمدا ماڭا قاراۋاتقاندەك، ئۆتكۈر نەزەرى بىلەن ئىچىمنى ياقتى.

ئاخىرىدا مەن توغرۇلۇق قارار چىقىرىپ، ئېتىنىڭ تىزگىنىنى تارتتى.

— قىزىل چۆمەز، سەن ماڭا مۇرت بولالمايسەن، — دېدى ئۇ، — باشقىلار نېمە دەپ ئويلاپ قالىدىكىن دەپ ئۆزەڭنى ئۇپرىتىدىكەنسەن. شۇنى بىلگىنكى، باشقىلارنىڭ سېنى قوبۇل قىلىشى ۋە ھۆرمەت قىلىشىنى قانچىلىك ئارزۇ قىلساڭ، ئۇلارنىڭ تەنقىدى ۋە غەيۋەت-شىكايەتلىرىگە شۇنچىلىك قامىلىپ قالىسەن.

شەمسكە ھەمراھ بولۇش پۇرسىتىنى قولدىن بېرىپ قويغىنىمنى چۈشەندىم، شۇنداقتىمۇ ئاخىرقى غەيرىتىم بىلەن ئۆزەمنى ئاقلاشقا تىرىشتىم:

— شۇنداق، ئەمما سەن ماڭا "شاراپ ئېلىپ كەل" دېسەڭ، ئېتىقادىمنىڭ ساغلاملىقىنى سىناۋاتقان ئوخشايدۇ دەپ ئويلاپ قاپتىمەن. ئەمما مەندىن بۇنداق سىناق ئالمىغانلىقىڭنى نەدىن بىلەي؟ ئىمانىمنى سىناۋاتقان ئوخشايدۇ دەپلا ئويلاپتىمەن.

شەمس قوشۇمىسىنى تۈردى:

— بىراۋنىڭ ئېتىقادىنىڭ ساغلاملىقىنى سىناش بىز ئىنسانلارنىڭ ئىشى ئەمەس. بۇنداق قىلىش ئاللاھتىن ھوقۇق-ۋەزىپە ئوغرىلىغانلىق. بەندىنىڭ ئىمانىنى ئۆلچەش بەندىگە تالىق ئەمەس. بۇنى بىلمەمسەن؟

ئامالسىزلىقتىن ئىككى ياققا قاراپ تۇرۇۋالدىم. دەرۋىشنىڭ سۆزلىرىنى دەڭسەپ، ئۆلچەپ باقتىم، ئەمما ئۇنى تارازىنىڭ قايسى تەرىپىگە قويۇشنى بىلەلمىدىم. كاللام شۇ قەدەر ئېلىشىپ كەتتىكى، ئىككى چېكەم لوقۇلداپ ئاغرىيتتى. دېمىم سىقىلغاندەك بولۇپ، يلقا، ئېتەكلىرىمنى كەڭ ئېچىۋەتتىم.

شەمس يەنە ئېغىر-بېسىقلىق بىلەن سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

—قىزىل چۆمەز، تەسەۋۋۇپ ئوكيانىغا ئۆزەڭنى ئېتىشنى ئويلايسەن، ئەمما ئۇنىڭ ئۈچۈن بىرەر بەدەل تۆلەش نىيىتىڭ يوق. بۇ ئىش ھەرگىز ئۇنداق بولمايدۇ! بەزىلەر ئۈچۈن پۇل-مال، بەزىلەر ئۈچۈن شان-شۆھرەت، بەزىلەر ئۈچۈن ساقالنىڭ ھۆرمىتى، بەزىلەر ئۈچۈن تەننىڭ شەھۋىتى ئاساسلىق توزاق-قاپقاندۇر! ئىنسان تەسەۋۋۇپ يولىدا ماڭىمەن دەيدىكەن، بۇ دۇنيادا نېمىنى بەك قوغلاشسا ئاۋۋال شۇنىڭدىن قۇتۇلۇشى كېرەك.

شەمس تەبرىزى بۇنى دەپ بولۇپ، ئېتىنىڭ بوينىنى سىلىدى، سۆزىنى تۈگەتمەكچى بولغاندەك:

—مەنچە، باغداتتا قېلىپ، ئاتا-ئاناڭنىڭ يېنىغا قايتقىنىڭ ياخشى. ئىنساپلىق بىر ھۈنەرۋەننى تېپىپ، ئۇنىڭغا شاگىرتلىققا كىر. كۆڭلۈمدە بىر نەرسە شۇنداق دەيدۇكى، كەلگۈسىدە سەندىن چوڭ مۆۋەپپەقىيەتلەر قازىنىدىغان بىر سودىگەر دۇنياغا كېلىدۇ. ئەمما ھەرگىز ئاچكۆزلەردىن بولۇپ قالما! ماڭا ئەمدى ئىجازەت، يولۇمغا ماڭاي.

ئۇ ماڭا ئاخىرقى قېتىم سالام بېرىپ، ئېتىنى بېقىنداپ، ئۇچقۇر شامالدەك، تاشقىن دەريادەك تېز سۈرئەتتە ئۇزاپ كەتتى. دۇنيا ئۇنىڭ ئېتىنىڭ تۇياقلىرى ئاستىدا غايىب بولماقتا ئىدى. مەنمۇ ئېتىمغا مىنىپ ئۇنى باغداتنىڭ چېتىگىچە قوغلاپ باردىم، ئەمما ئارىمىزدىكى مۇساپە بارا-بارا يىراقلاپ كەتتى. ئاخىرىدا ئۇ ئۇپۇقتىكى كىچىككىنە چېكىتكە ئايلاندى.

كۈتتۈم. ئاللاھ بىلىدۇكى، شەمس ئۇپۇق سىزىقىدا تامچىدەك ئېرىپ غايىب بولغاندىن كېيىنمۇ ئۇنىڭ كۆز بېقىشلىرىنى ۋۇجۇدۇمدا، قەلبىمنىڭ قات-قېتىدا ھېس قىلىپ تۇردۇم.

ئېللا

بوستون، 2088-يىل، 5-ئاينىڭ 24-كۈنى

ئېللا ئەتىياز چىققىچە رۇبىنستېيىنلارنىڭ كاتتا ئۆيىدە ھەر كۈنى باشتا ئويغىنىپ، ئاشخانىغا كىرىپ ناشتىلىق ھازىرلىدى. ئېللا ناشتىلىقنىڭ ئەڭ پايدىلىق تاماق ئىكەنلىكىگە ئىشىنەتتى. ئاياللار ژۇرنىلىنىڭ بىرىدە شۇنداق دەپ ئوقۇغانىدى. تەتقىقاتلارغا كۆرە، ناشتىلىق قىلىپ تۇرىدىغان ئائىلىلەر ئەتىگەندىلا ئاچ، نائىلاج ھالدا تالاغا چىقىپ كېتىدىغان ئائىلىلەرگە باققاندا ئىناق، بەختلىك ياشايتتى.

ئېللا مۇشۇنداق بولىدىغانلىقىغا ئىشەنسىمۇ، ژۇرناللاردا تىلغا ئېلىنغان ئۇ لەزىز ناشتىلىقلارنى تېخى يەپ باقمىغانىدى. ئۆز ئۆيىدە قىلىدىغان ناشتىلىقمۇ بەك ئىناق كەيپىيات ئىچىدە بولمايۋاتاتتى. كۆپ ھاللاردا ھەممىسى ئۆزىنىڭ دۇمبىقىنى چېلىپ، بىر خىل يېمەكلىكتىن تەڭ ھۇزۇرلانمايتتى. بىرسى مېۋە قىيامى سۈرۈلگەن پىشلاق نېنى يەيمەن دېسە (جېنېت)، بىرسى ھەسەل قوشۇلغان قوناق ھالۋىسىنى قوشۇق بىلەن مالتىلايتتى (ئاۋى)، بىرسى ياغدا قىزارتىلغان تۇخۇمنى ئىسسىقىدا يەيمەن دېسە (داۋىد)، يەنە بىرى ھېچنېمە يېمەيمەن دەپ تۇرۇۋالاتتى(ئورلى). شۇنداقتىمۇ ئېللانىڭ نەزەرىدە ناشتىلىق مۇھىم ئىدى. ھەر كۈنى ئەتىگىنى زېرىكمەستىن ھەر بىرەيلەن ئۈچۈن ناشتىلىق تەييارلايتتى؛ شۇنداق قىلسا باللىرى مەكتەپتە ئالدىراپ-تېنەپ باشقا نەرسىلەرنى يەپ قالمايدىغانلىقىنى ئويلاپ، بىر ئانا بولۇش سۈپىتىدە ئۆز ئىشىدىن خۇرسەن بولاتتى.

بىراق بۇ قېتىم ئېللا ئاشخانىغا كىرگىنىدە، ئىلگىرىكىدەكلا ناشتىلىق تەييارلاپ، ئاپېلسىن سىقىپ، بولكا قىزارتىپ يۇرمەي، كىرىپلا ئاشخانا شىرەسىگە كېلىپ، خاتىرە كومپيۇتېرىنى ئاچتى. ئېلخەت ساندۇقىنى ئاچار-ئاچماس چېھرىگە تاتلىق كۈلكە يۈگۈردى، ئۇ كۈتكەن خەت كەلگەن، ئەزىز زەھرا جاۋاب يازغانىدى:

سۆيۈملۈك ئېللا، قىزىڭ بىلەن ئەپلىشىپ قالغىنىڭدىن سۆيۈندۈم. مەنمۇ بۈگۈن ئەتىگەن مومۇستېپىنانگو[1]دىن ئايرىلدىم. قىززىق ئىش، بۇ يەردە پەقەت بىر قانچە كۈن تۇرغان بولسامۇ كېتىدىغان چاغدا كۆڭلۈم يېرىم بولدى. گېۋاتىمالادىكى بۇ كىچىك يېزىنى بۇ دۇنيادا قايتا كۆرەلەرمەنمۇ؟ ناتايىن.

قاچانكى بىر جايدىن خوشلاشسام، ۋۇجۇدۇمنىڭ بىر پارچىسى چۈشۈپ قالغاندەك بولىدۇ. ئەمما مەيلى ماركو پولودەك جاھان كېزەيلى، ياكى بۆشۈكتىن تۆشۈككە ئۇدۇل يول ئالايلى، ھاياتلىق ھەممىمىز ئۈچۈن تۇغۇلۇش ۋە ئۆلۈش، باشلىنىش ۋە ئاخىرلىشىش جەريانى دېمەكتۇر. يېڭى بىر ”مەن“نىڭ بارلىققا كېلىشى ئۈچۈن، بۇرۇنقى ”مەن“سولۇپ، قۇرۇپ كەتمىسە بولمىغاندەك، بىر پەيتنىڭ تۇغۇلۇشى ئۈچۈن ئالدىنقى پەيت ئۆلۈشى كېرەك...

مومۇستېپىنانگودىن ئايرىلىشتىن ئاۋۋال روھىمغا چوڭقۇر چۆكۈپ، تەپەككۇر قىلدىم. سېنى، بوستونىدىكى يېڭى دوستۇمنى ئويلىدىم! ھەر

---

[1] مومۇستېپىنانگو — گېۋاتىمالانىڭ غەربىگە جايلاشقان بىر رايون.

ئىنساننىڭ ئەتراپىدا ھەر خىل رەڭلەردىن شەكىللەنگەن بىر نۇر ھالقىسى بولىدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن. كۆزلىرىمنى يۇمۇپ سېنىڭ رەڭلىرىڭنى تېپىشقا تىرىشتىم. ئۇزاق ئۆتمەيلا ئۈچ رەڭ پەيدا بولدى: ئىللىق سېرىق، خىجىلچان قىزغۇچ، چىدامىلىق سۆسۈن. مەنچە بۇلار سېنىڭ رەڭلىرىڭ. بۇلار ناھايىتى گۈزەل، ئايرىم-ئايرىم ھەم بىللە.

گېۋاتىمالادىكى ئاخىرقى بېكىتىم كاجۇل دەيدىغان كىچىك بازار، بۇ يەردە ئۆيلەر كېسەكتىن سېلىنغان، بالىلارنىڭ كۆزلىرى يوغان ھەم قاپقارا. كۆز بېقىشلىرى ياش قورامىدىنمۇ قېرى كۆرۈنىدۇ. ھەممە ئۆيدە ھەر ياشتىكى ئاياللار كىگىز قۇيىدۇ. مەن بىر مومايدىن ساڭا ئاتاپ كىگىز ئالدىم. مومايغا، بوستونلۇق بىر خانىم ئۈچۈن سوۋغاتلىق ئالىدىغانلىقىمنى، ماڭا ئۇنى تاللىشىپ بېرىشىنى ئېيتتىم. ئۇ بىر دەم ئويلانغاندىن كېيىن ئۆيىگە بېسىۋېتىلگەن كىگىزلەردىن بىرنى تارتىپ چىقاردى. قەسەم قىلىمەنكى، ئۇ يەردە ھەر خىل رەڭ ۋە نۇسخىدا قۇيۇلغان ئەللىكتىن ئارتۇق كىگىز تۇپلانغانىدى. ئەمما موماي سەن ئۈچۈن تارتىپ چىقارغان كىگىزدە پەقەت ئۈچلا رەڭ بار ئىدى: سېرىق، قىزغۇچ، سۆسۈن. دۇنيادا ئەلۋەتتە تەسادىپىيلىق دېگەن نەرسە بولسا، بۇ بىر تەسادىپىيلىق ئەمەسمۇ...

بىزنىڭ بۇ مەۋھۇم دۇنيادا ئۇچرىشىپ قېلىشىمىزنىڭمۇ بىر تەسادىپىيلىق ئەمەسلىكىنى ئويلاپ باقتىڭمۇ؟

سېنى سۆيۈپ، ئەزىز

ئىزاھات: خالىساڭ كىگىزنى ساڭا پوچتا ئارقىلىق ئەۋەتىپ بېرەي ياكى بوستوندا بىللە قەھۋە ئىچىپ قالساق يېنىڭغا ئالغاچ باراي...

خەتنى ئوقۇپ ئېللانىڭ ئىككى مەڭزى قىزىرىپ كەتتى. خەتنى نېمانچە ياخشى يازىدۇ-ھە، شۇنچە ئىللىق، سەممىي... ئۇ كۆزلىرىنى يۇمۇپ، بەدىنىنى ئورىۋالغان رەڭ ھالقىلىرىنى خىيال قىلدى. قىززىق، ئېللا ھازىر ئۆزىنى چوپچوڭ ئايال ئەمەس، يەتتە ياشلىق قىزدەك ھېس قىلىۋاتاتتى.

ئۇ ئۇنتۇپ كەتكىلى ئۇزۇن بولغان كۆڭۈلسىز ئىشلارنى خاتىرىلىدى، بالىلىقىنى، زېرىكىشلىكلىرىنى، يالغۇزلۇقىنى، ئانىسىنى ئەسلىدى. ئۇچىسىدا يېشىل پىستە رەڭگىدە پۆپۈكلۈك پەرتۇق، قولىدا يۇمىلاق، ئوتتۇرىسى تۆشۈك تورت قېپى، يۈزىدە كۈلرەڭ نىقاب، ئاشخانىنىڭ ئىشىكىدە بويۇن قىسىپ، چەكسىز قايغۇ-ئەلەم ئىلكىدە داڭقېتىپ تۇرۇپ قالغان ئېللا... ئەنە شۇ ھالدا دادىسىنىڭ جەسىتىنى

تۈنجى بولۇپ بايقىغانىدى. تورۇستىن يۇرەك شەكىللىك شارلار، توپلار، قاپچۇقلار ساڭگىلاپ، ھەممە يەر ۋىلىلداپ تۇراتتى. بۇ مىلاد بايرىمى كۈنى بولۇپ، بىر جانسىز بەدەن يېڭى يىلنى قۇتلۇقلاش ئۈچۈن ئېسىلغان زىننەتلەرگە قوشۇلماقچى بولغانىدەك، تورۇسنىڭ قاپ ئوتتۇرىدا ساڭگىلاپ تەۋرىنىپ تۇراتتى. دادىسى ئېسىلىپ ئۆلۈۋالغانىدى.

ياشلىق دەۋرى ئاخىرلاشقىچە ئىبللا دادىسىنىڭ ئۆلۈمىنى ئانىسىدىن كۆرۈپ كەلدى ۋە قىز چېغىدىلا ئۆزىگە شۇنداق ۋەدە بەردى: ئۇ ئانىسى ئۆتكۈزگەن خاتالىقلارنى ھەرگىز سادىر قىلمايدۇ، توي قىلغاندىن كېيىن ئېرىنى دائىم بەختلىك قىلىدۇ ۋە ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە بىللە ياشايدۇ، تۇتقان ئۆيى ئاتا-ئانىسىنىڭكىدەك قىسقا بولمايدۇ. بەلكى شۇ سەۋەبتىن بولسا كېرەك، باشقىچىرەك توي قىلىش ئۈچۈن ئۇ ئانىسىنى دورىماي، قانداقتۇر خىرىستىئان بىلەن ئەمەس، بەلكى ئېتىقادى ئوخشاش يەھۇدىيغا تەگمەكچى بولۇپ، داۋىدنى ئۆزىنىڭ ئېرى قىلىپ تاللىغانىدى.

ئىبللا خېلى ئۇزۇن زامانغىچە ئانىسى بىلەن يارىشىپ بولالمىدى. تېخى يېقىنقى يىللارغىچە ئانىسىغا لەنەت ئوقۇپ كەلدى، پەقەت بىر قانچە يىل ئىلگىرىلا ئۆتكەن ئىشقا سالىۋات قىلدى، ئاچچىقلىنىشىنىمۇ خالىمايدىغان بولۇپ قالدى. ئۆتكەن ئىشلارغا غەزەبلىنىش، ئادەم ئۈچۈن ئېغىر يۈك ئىدى.

— ئانا، ھەي ئانا!

...

— دۇنيادىن ئانامغا سالام! دۇنيادىن ئانامغا سالام! جاۋاب بەر !

— ......

ئىبللا ئاشخانىغا خىيالغا پېتىپ ئولتۇرغاندا ئارقىسىدىن بىر كىملەرنىڭ پىخىلداپ كۈلگىنىنى تۇيۇپ چۆچۈپ كەتتى. ئارقىسىغا قاراپ، ئۆزىگە تىكىلىپ تۇرغان تۆت جۈپ كۆزنى كۆردى: ئورلى، ئاۋى، جېنېت ۋە داۋىد. ھەممىسى بىرلا ۋاقىتتا ناشتىلىققا چۈشكەندەك قىلاتتى. ئەمدى بولسا يانمۇ يان تىزىلىپ، ئاجايىپ بىر نەرسىنى كۆزىتىۋاتقاندەك ئۇنىڭغا قاراپ تۇراتتى، قىياپىتى، چىراي ئىپادىلىرىدىن ئۆلارنىڭ باياتىن بېرى مۇشۇنداق دىققەت بىلەن قاراپ تۇرغانلىقى مەلۇم ئىدى.

— نېمە بولدى ئاپا، ئىككى سائەتتىن بېرى ساڭا گەپ قىلىۋاتىمىز، بىر ئېغىزمۇ تۇيمىدىڭغۇ؟ — دېدى ئورلى.

داۋىد كۆزلىرىنى قاچۇرۇپ:

— ئېكرانغا تىكىلىپ قېتىپ قاپسەنغۇ؟ — دېدى غۇدۇراپ.

ئېللا ئېرى تىكىلىپ قاراۋاتقان نۇقتىغا قارىدى، ئېكراندا ئەزىز زەھرانىڭ ئېلخەتى ئوچۇق تۇراتتى، بېرىپلا كومپيۇتېرنى ئېتىۋەتتى.

— نەشرىيات ئۈچۈن ھەر كۈنى بىر نەرسىلەرنى ئوقۇپ تۇرۇشۇم كېرەك،— دېدى ئېللا،— ئوبزۇرنى ۋاقتىدا تاپشۇرۇشۇم كېرەك. بىلىسەن، مەن شۇ رومان بىلەن ھەپىلىشىۋاتىمەن.

ئاۋۇ ناھايىتى ئەستايىدىل تۈستە سۆزگە كىرىشتى:

— ئەمما سەن ئوبزۇر يازماي، ئېلخەتلەرنى ئوقۇۋاتاتتىڭ!

ئېللا قىزىرىپ كەتتى. بۇ ياشتىكى بالىلار نېمىشقا چوڭلارنىڭ ئەيىب-نۇقسانلىرىنى تېپىشقا ئامراقدۇ؟ ئەمما باشقىلار بۇ پاراڭغا قىزىقمىغاندەك، بېشىنى بۇراپ قوپقورۇق ئەمبەل ۋە قازان-چۆمۈچكە قارىدى. ئورلى ھەيرانلىق بىلەن ئانىسىغا قاراپ، ھەممەيلەننىڭ كاللىسىغا كەلگەن سوئالنى سورىدى:

— ئاپا، بۇ ئەتىگەن بىزگە ناشتىلىق تەييارلىماپسەن، نېمە ئىش بۇ!

بۇ گەپ ئېللانى ھودۇقتۇرۇۋەتتى، ئەتراپىغا ئەمدى قارىدى، ئاشخانىدىن نە قەھۋە ھورى چىقسۇن، قازان بېشىدا نە تۇخۇم بولسۇن. بولكا قىزارتىش ماشىنىسى بوش تۇراتتى. ھەر كۈنى سەھەردە ماشىنا ئادەمدەك ئىشلەپ ناشتىلىق تەييارلايدىغان ئايال بۇ ئەتىگىنى بۇ ئىشنى قانداقسىگە ئۇنتۇپ قالدى؟

شۇ ئان ئېللا بىلدىكى، پۈتۈن پىكىر-خىيالى ئەزىزدە قالغانىدى. شۇ ئان بۇ كاتتا ئۆيدە ئەمەس، گىۋاتېمالادا، ئۇنىڭ يېنىدا بولۇش ئۈچۈن نېمىلەرنى قۇربان قىلماس ئىدىكى...

ئىككىنچى بۆلۈم

سۇ

ھاياتتىكى ئېقىشچان، قېيىشچان، ئۆزگىرىشچان نەرسىلەر. . .

رۇمى
كونيا، 1244 ـ يىل، 10 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى

بۇ كېچە چىققان ئاي شۇنچىلىك گۈزەل، پارلاق ئىدىكى، ئۈستىمىزدە گويا سىرلىق مەرۋايىتتەك تەۋرىنىپ تۇراتتى. ئورنۇمدىن قوپۇپ دېرىزىدىن سىرتقا، ئاي نۇرىغا چۆمگەن ھويلىغا قارىدىم. ئاي نەقەدەر گۈزەل بولسىمۇ يۈرىكىم ۋە قولۇمنىڭ تىترەشلىرىگە كار قىلمىدى. بۇ كېچىمۇ چۆچۈپ ئويغاندىم.

— باشقىچىلا تۇرىلا مەۋلانا، يەنە شۇ چۈشنى كۆردىلىمۇ نېمە؟— دەپ پىچىرلىدى كەررا،— بىر ئىستاكان سۇ ئەكىلەيمۇ؟

— ئەنسىرىمەي ئۇخلاۋەرگىن،— دېدىم.

قولىمىزدىن نېمە كېلەتتىكى، چۈشلىرىمىز تەقدىرىمىزدىن ئايرىم بولالامدۇ؟ تەقدىرىمىز ئەسلىدىلا ئۆز ئىلكىمىزدە ئەمەس. ئۇنىڭ ئۈستىگە كەينى ـ كەينىدىن ئوخشاش بىر چۈشنى كۆرۈشۈمنىڭ چوقۇم بىر سەۋەبى بولۇشى كېرەك دەپ ئويلايمەن. قىرىق كېچىدىن بېرى بۇ چۈشنى كۆرۈۋاتقان ئىكەنمەن، ئۇنىڭدىن نامايەن بولىدىغان ھېكمەتنى، كۆرگەنلىرىمنىڭ نېمىدىن بېشارەت ئىكەنلىكىنى بۈگۈن يا ئەتە بىلىمەن. چۈشۈمنىڭ بېشى ھەر كېچىسى ئۆزگىرىپ تۇرسىمۇ ئاخىرى ھامان ئوخشاش چىقاتتى. چۈشۈم گويا غايەت زور بىنا، مەن بولسام ھەر كېچىسى باشقا ـ باشقا ئىشىكتىن ئۇ يەرگە كىرەتتىم.

بۇ قېتىم چۈشۈمدە يەرگە ئىران گىلەملىرى سېلىنغان، ناھايىتى تونۇش بىر ئۆيدە راھلە[1]نىڭ ئالدىدا كىتاب ئوقۇۋاتاتتىم، ئۇدۇلۇمدا بىر دەرۋىش ئولتۇراتتى، بەدىنى ئورۇق، ئىگىز، يۈزى قېلىن رەخت بىلەن ئورالغانىدى. قولىدا بەش شام يېقىلغان شامدان بولۇپ، كىتابنى راھەت

[1] كىتاب ئوقۇيدىغان، خەت يازىدىغان، بەزىلىرى ئېچىپ قاتلىنىدىغان كىچىك شىرە. — ت

ئوقۇۋالسۇن دەپ ماڭا يورۇقلۇق تۇتۇۋاتاتتى. بىر دەمدىن كېيىن بېشىمنى كۆتۈرۈپ دەرۋىشكە قارىدىم. ئوقۇۋاتقان سەھىپىدە ”خەزىنەئى غەيب“ دېگەن بىر ئىزافەتكە ئۇچراپ قالدىم، بۇ سۆزنىڭ مەنىسىنى بېشەي دەپ تۇراتتىم، ھەيرەت ۋە دەھشەت ئىچىدە بىر نەرسىنى بايقىدىم: مەن شامدان دەپ ئويلىغان نەرسە دەرۋىشنىڭ ئوڭ قولى بولۇپ، بەش شامنىڭ ئورنىغا بەش بارمىقىنى ئۇزىتىپتۇ، بارماقلىرى يالقۇنلاپ كۆيۈپ تۇراتتى، دېمەك دەرۋىش ئۆزىنى كۆيدۈرۈپ ماڭا يورۇقلۇق ئاتا قىلىۋاتاتتى.

مەن جىددىيلىشىپ سۇ ئىزدىدىم، ئەمما ئەتراپىمدا بىر يۇتۇم سۇمۇ يوق ئىدى. كوزا، ئىۋرىق دېگەن نەرسىلەرمۇ كۆرۈنمەيتتى. تونۇمىنى سېلىپ ئوتنىڭ ئۇستىگە ئاتتىم، ئەمما تونىنى قولۇمغا ئالغاندا كۆردۈمكى، ئاستىدا ئىس چىقىرىپ تۇرغان شامداندىن باشقا ھېچ نەرسە يوق، دەرۋىش غايىب بولغانىدى.

چۈشىنىڭ بۇندىن كېيىنكى قىسمى ھەر كېچىسى ئوخشاش. ئۆيۈمدىن چىقمايمەن، ئۆيمۇ ئۆي ئىزدەپ ئۇ دەرۋىشنى تېپىشقا تىرىشىمەن، ئىزدىمىگەن يېرىم قالمايدۇ. ئاندىن ھويلىغا چۈشىمەن، پۈتۈن ئەتراپ پارلاق سېرىق گۈل دېڭىزى، ئوڭ-سولۇمغا قاراپ توۋلايمەن، ئەمما ئىزدەۋاتقان ئادىمىمى ھېچ چىقمايدۇ.

”كەتمىسەڭ نېمە بولىدۇ جانجىگەر دوستۇم، نەدە سەن؟“ دەپ يالۋۇرىمەن.

ئېچىنىشلىق بىر ئاۋاز ئاڭلىغاندەك بولۇپ چۆچۈپ، قۇدۇقنىڭ قېشىغا بارىمەن؛ چوڭقۇرلۇقتا دولقۇنلىنىۋاتقان قاراڭغۇ سۇغا قارايمەن، باشتا ھېچنېمىنى كۆرەلمەيمەن، ئەمما تولۇن ئاي ماڭا دەستە-دەستە نۇرلىرىنى چاچقاندا ھويلا بىردىنلا يورۇپ كېتىدۇ-دە، شۇ چاغدا بىر نەرسىنى پەرق ئېتىمەن. قۇدۇقنىڭ ئاستىدا بىر جۈپ قارا كۆز بار، ئۆلگەن كۆز، كۆزلىرىمگە تىكىلىپ بۇ دۇنيا بىلەن خوشلىشىدۇ.

”چاپسان بولۇڭلار، ياردەم قىلىڭلار، ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتتى!“ دەپ بىرسى توۋلايدۇ. بۇ ئادەم بەلكىم مەن بولۇشۇم مۇمكىن، ئىزتىراپ دەستىدىن ئاۋازى شۇنچىلىك ئۆزگىرىپ كەتكەن ئىدىكى، ئاۋازىمنى تونۇيالمايمەن. ۋاقىرايمەن، تەرگە چۈمۈلۈپ كەينى-كەيندىن ۋاقىرايمەن، تاكى ئايالىم ئويغىنىپ ماڭا چىڭ ئېسىلىپ، بېشىمنى كۆكسىگە قويۇپ، مېھرىبانلىق بىلەن ھال سورىغانغا قەدەر...ۋاقىرايمەن.

— نېمە بولدىلا مەۋلانا، يەنە شۇ چۈشنى كۆرۈپ قالدىلىمۇ نېمە؟

* * *

يېرىم كېچىدىن ئاشقاندا كەررار يەنە ئۇيقۇغا كەتكەندە ھويلىغا چىقتىم. جىمجىت كېچە، قۇدۇقنى كۆرۈپ شۈركۈنۈپ كەتتىم، ئەمما يېقىن بېرىپ ئۇنىڭ يېنىدا ئولتۇردۇم. دەرەخلەرنىڭ ئارىسىدىن چىققان مەيىن شامالدا ياپراقلار شىۋىرلىدى.

بۇنداق پەيتلەردە تەرىپلەپ بەرگۈسىز بىر قايغۇغا چۆكىمەن، سەۋەبىنى بىلەلمەيمەن. بولمىسا مېنىڭ ھاياتىم گۈزەل، بەختىم ئوچۇق، شارائىتىم ئېسىل. رەببىم ماڭا ئۆزەم ئەڭ مۇھىم دەپ بىلىدىغان ئۈچ نېمەتنى بەردى: ئىلىم، ئىرپان ۋە باشقىلارغا توغرا يول كۆرسىتىدىغان ئۇستازلىق.

37 يېشىمغا كەلگىچە ئاللاھ تائالا ماڭا ئۆزەم ئويلىغىنىمدىنمۇ كۆپ نېمەت بەردى. نەبىيلەر، ۋەلىيلەر، ئالىملارغىچە داۋام ئەتكەن ئىلمى كەشفى ئىلاھىي (ئاللاھنى تونۇش ئىلمى)دىن ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە خەۋەردار بولدۇم. مەرھۇم ئاتام قولۇمدىن تۇتتى؛ شۇ زاماندىكى ئەڭ ياخشى ئۇستازلاردىن دەرس ئالدىم، ” ئوقۇش، تىرىشىش ۋە باشقىلارنىڭ قەلبىنى يورۇتۇش بەندىنىڭ ئاللاھ ئالدىدىكى قەرزىدۇر“ دەپ ئويلاپ، مەنىۋىيىتىمنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش ئۈچۈن كۆپ ئوقۇدۇم، كۆپ تىرىشتىم.

ئۇستازىم خوجا بۇرھانىدىن دائىم ”شۈكرى قىل جالالىدىن، بۇنداق ئىش ھەر كىمگە نېسىپ بولمايدۇ“دەيتتى، خەلققە ھەقنى يەتكۈزۈش، كىشىلەرنىڭ توغرا-خاتانى ئايرىۋېلىشىغا ياردەم بېرىش دېگەندەك شەرەپلىك ۋەزىپىنى ئۈستۈمگە ئالغىنىم ئۈچۈن، مەن ئاللاھنىڭ ياخشى كۆرىدىغان بەندىسى ئىكەنمەن.

يىللاردىن بېرى مەدرىستە مۇدەررىسلىك قىلدىم، ئون نەچچە شەرىئەت ئالىمى بىلەن ئىلاھىيەت مەسىلىلىرىدە بەس-مۇنازىرە قىلدىم، فىقھى ۋە ھەدىس ئىلمىدە كۆپ ئۇزاپ كەتتىم. ھەر ھەپتىدە شەھەرنىڭ ئەڭ چوڭ جامەسىدە ۋەز-تەبلىغ قىلىمەن. مەن تەربىيىلىگەن تالىپلار شۇنچىلىك كۆپكى، ئىسىملىرى تۇگۇل سانىنىمۇ ئېسىمدە تۇتالماس بولدۇم. كىشىلەر يېنىمغا كېلىپ، سۆزلىرىمنىڭ ئۇلارغا راھەت، زوق بېغىشلاپ، توغرىلىققا يېتەكلەۋاتقانلىقىنى ئېيتقانلىرىدا، بىلىم ۋە قابىلىيىتىمنى ماختىغانلىرىدا سۆيۈنۈپ كېتىمەن. ئاللاھقا كۆپ شۈكرى، بەختلىك ئائىلەم، پاك ئابرۇيۇم، كونا دوستلىرىم، سادىق مۇرتلىرىم ۋە مەندىن زوقلىنىدىغان تالىپلىرىم بار. ئۆمرۈمدە پەقىرلىك، مۇھتاجلىق كۆرۈپ باقمىدىم.

تۇنجى ئايالىم ۋاپات بولغاندا بىشىمغا كۈن كەلدى، ئەمما ئاللاھ كەررادىن رازى بولسۇن، ئۇنىڭ ۋەسىلىسى بىلەن سۆيگۈ ۋە خۇشاللىقتىن يەنە بەھرىمەن بولدۇم. ھەر ئىككى ئوغلۇم بەختلىك مۇھىتتا ئۆسۈپ چوڭ بولدى، شۇنداقتىمۇ ئىككىسى بىر-بىرىگە پەقەت ئوخشىمايدۇ. بۇنىڭغا ھازىرغىچە ھەيرانمەن، گويا بىر تۇپراقتا يانمۇيان سېلىنغان ئوخشاش ئىككى ئۇرۇق، ئوخشاش كۈن نۇرى، ئوخشاش سۇ بېرىلگەن، ئەمما قارىسىڭىز تامامەن ئوخشىمايدىغان ئىككى گىياھ ئۆسۈپ چىققان. ئۆگەي قىزىمدىن پەخىرلەنگەندەك، بۇ ئوغۇللىرىمدىنمۇ پەخىرلىنىمەن، سۆيۈملۈك كىميا ھېچكىمگە ئوخشىمايدۇ، شۇنچە ئەقىللىق ۋە مېھىر-شەپقەتلىك. بىر ياندا ئەل-ئاۋام ئىچىدە بەختلىكمەن، بىر ياندا ئۆي ئىچىدە. ئۇ ھالدا ئىچىمدە نېمىشقا ئۆزەممۇ ئاڭقىرالمايدىغان، چۈشەندۈرەلمەيدىغان بىر بوشلۇق بار؟ بۇ بوشلۇق نېمىشقا كۈندىن كۈنگە چوڭىيىپ كېتىدۇ؟ چاشقاندەك تىمىسقىلاپ، يوشۇرۇنچە، ئاچكۆزلەرچە ھەربىكەتلىنىۋاتقان بۇ كەمتۈكلۈك تۇيغۇسى يۈرىكىمنى غاجىماقتا. نەگىلا بارسام بۇ بوشلۇق مەن بىلەن بىللە.

ئىنسان بۇنچە كامىل تۇرۇپ، ئۆزىنى يەنە كەمتۈك ھېس قىلامدۇ؟ ياكى شۇنچە بەختلىك تۇرۇپ، بەختسىزمۇ بولۇپ قالامدۇ؟ كۈندۈزى ۋاقىتلىرىم شۇنچە كاتتا، كۆڭۈللۈك، مۇكەممەل تۇرۇپ، مۇۋەپپەقىيەتتىن مۇۋەپپەقىيەتكە، مەرتىۋىدىن مەرتىۋىگە يۈكسىلىۋاتقان تۇرۇقلۇق، نېمىشقا ھەر ئاخشىمى چۈشۈمدە زارلىنىپ، بىرسىنى ئىزدەيمەن؟

گويا باشقىلاردىن ئەمەس، ئاساسلىقى ئۆزەمدىن مەخپىي تۇتۇلغان بىر سىرنى ساقلاۋاتىمەن. كۆنلەرنىڭ بىرىدە چۈشۈمدىكى دەرۋىشنى تاپسام، بۇ سىرنى ئۇنىڭدىن ئاڭلايمەن.

ئەگەر بۇ رېئاللىقتا بەرداشلىق بېرەلمىسەمچۇ؟ ئىشلار ماڭا ئېغىر كەلسىچۇ؟

قىززىق، مەن جالالىدىن ئۆزەمنى تېخى قورقۇنچ ياكى ۋەسۋەسىنىڭ نېمىلىكىنى بىلمەيدۇ دەپ چاغلايتتىم.

شەمس

كونيا، 1244 ـ يىل، 10 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى

بىر شەھەرگە بېرىشتىن ئاۋۋال ئىزچىل ئەمەل قىلىدىغان بىر ئادىتىم بار: شەھەر دەرۋازىسىدىن كىرىشتىن بۇرۇن بىر مەزگىل تەخىر

قىلىپ، ئۇ يەردىكى بارلىق ۋەلىلەرگە ئىچىمدە سالام بېرىمەن. ئۆلۈك بولسۇن، تىرىك بولسۇن، مەشھۇر بولسۇن، نام ـ نىشانسىز بولسۇن، شەھەردە ياشىغان ۋە ياشاۋاتقان بارلىق ۋەلىلەرگە باشتا سالام بېرىپ، ئۇلاردىن ئىجازەت سورايمەن. يىللاردىن بېرى ۋەلىلەرنىڭ ئىجازىتىنى ئالماي تۇرۇپ ھېچبىر شەھەر، بازار ياكى يېزىغا ئاياغ باسمىدىم. بارغان يېرىمدە مۇسۇلمانلار كۆپ بولسۇن ياكى خىرىستىئانلار، يەھۇدىيلار كۆپ بولسۇن ياكى مەجۇسىيلار (ئاتەشپەرەسلەر)، ئەھۋال ئوخشاش. ھەر جايدا چوقۇم بىر ۋەلى بار، ئۇلار دىن ۋە باشقا بارلىق جىسمانىي پەرقلەردىن ھالقىپ كەتكەن، ئۇلار كىشىلەرنىڭ رەھبىرىدۇر.

بۇ قېتىممۇ، يىراقتىن كونيانى كۆرۈپ بۇرۇنقى ئادىتىمگە ئەمەل قىلدىم. ئەمما ئاجايىپ بىر ئىش بولدى. شەھەرنىڭ ۋەلىلىرى قائىدە بويىچە سالامىمغا جاۋاب بەرمەكتە يوق، مازارلىقنىڭ چىقىق تاشلىرىدەك جىمىپلا كەتتى. سۆزۈمنى ئاڭلىماي قالغان ئوخشايدۇ دەپ تېخىمۇ يۇقىرى ئاۋازدا قايتا سالام بەردىم، ئەمما يەنە جىم. بىلدىمكى، كونيا ۋەلىلىرى ئاۋازىمنى ئاڭلىماي تۇرۇپلا تۇيغانىدى، مەن بىلمەيدىغان بىر سەۋەب تۈپەيلىدىن مېنى شەھەرگە تەكلىپ قىلماي ۋاتاتتى.

سۆزلىرىمنى ھەر تەرەپكە يەتكۈزۈش ئۈچۈن ئۇنى شاماللارغا تاپشۇردۇم: " ئەي كونيا ۋەلىلىرى، بۇ مۇساپىرغا نېمىشقا ئىجازەت بەرمەيسىلەر؟"

بىر دەمدىن كېيىن شامالالار بۇ جاۋابلارنى ئېلىپ قايتىپ كەلدى: "ئەي دەرۋىش، ئىجازەت بېرىمىز، ئەمما بىلىپ قالسەڭكى، بۇ شەھەردە سەن ئۈچۈن تۈپتىن زىت كېلىدىغان ئىككى نەرسە بار، ئوتتۇرىدا ھېچنېمە يوق. پاك ئىشىق(مۇھەببەت) ياكى كۈچلۈك نەپرەتكە دۇچ كېلىسەن، بۇنى ئوبدان ئويلا".

" ئۇنداقتا غەم قىلغۇدەك ئىش يوق،ــ دېدىم،ــ پاك ئىشىق بولسىلا كۇپايە"

كونيا ۋەلىلىرى بۇنى ئاڭلاپلا بىر ئېغىزدىن ئىجازەت بېرىشىپ، خەيرلىك دۇئاسى قىلىشتى. شۇنداقتىمۇ شەھەرگە دەرھال كىرگۈم كەلمەيۋاتاتتى. بىر تۆپىلىكتە قېرى دۇب دەرىخىنىڭ ئاستىدا ئولتۇردۇم. ئېتىم ئەتراپتىكى شالاڭ ئوت ـ چۆپلەرنى يەۋاتاتتى، مەن بولسام ئالدىمدا قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان شەھەرگە نەزەر سالدىم. كونيانىڭ مۇنارلىرى كۈن نۇرىدا چېقىق ئەينەك پارچىلىرىدەك پارقىرايتتى. ئىتلارنىڭ قاۋاشلىرى، ئېشەكلەرنىڭ ھاڭراشلىرى، باللارنىڭ قاقاخلاپ كۈلۈشلىرى ۋە زوۋانىنىڭ

بىرچە ۋارقىراۋاتقان دۇكاندارلارنىڭ ئاۋازىنى پات-پات ئاڭلاپ تۇراتتىم. مانا بۇلار قاينام-تاشقىنلىقتا چۆمگەن شەھەرنىڭ ساداسى. تاقالغان ئىشىكلەر، ئېتىلگەن دېرىزىلەر ئارقىسىدا نېمە ئىشلار بولۇپ، نېمە ھېكايىلەر يېزىلىۋاتقاندۇ؟ ناتونۇش بىر يەرگە قەدەم بېسىش ئالدىدا تۇراتتىم. بىر ئاز بىئارام بولدۇم، ئەمما قىرىق نىزامدىن بىرىنى دەرھال ئەسلىدىم:

ئون تۆتىنچى نىزام: ھەق تائالا سېنى دۇچار قىلغان ئۆزگىرىشلەرگە تاقابىل تۇرىمەن دېمەي ئۇنىڭغا تەسلىم بول. ھاياتىڭ ساڭا قارشى كەلمەي، بەلكى سەن بىلەن بىللە ئاقسۇن. ”تۇرمۇش تەرتىپىم بۇزۇلۇپ، پۈتۈنلەي ئاستىن-ئۈستۈن بولۇپ كېتىدۇ“ دەپ ئەندىشە قىلما. يامان كۈنلەرنىڭ ياخشى كۈنلەرگە باققاندا خەيرلىك بولمايدىغانلىقىنى نەدىن بىلىسەن؟

بىر ئاۋاز چىقىپ، مېنى خىيالىمدىن ئويغاتتى:

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم دەرۋىش!

بۇرۇلۇپ قارىسام، بىر كالا ھارۋىسىدا سېرىق بۇرۇتلۇق، قارامتۇل، تەمبەل بىر دېھقان ئولتۇرۇپتۇ. ھارۋىنى سۆرەۋاتقان ئۆكۈز ناھايىتى قېرى، ئاجىز بولۇپ، ئۆمرىنىڭ ئاز قالغانلىقى كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام،— دېدىم.

— نېمىشقا بۇ يەردە يالغۇز ئولتۇرىسەن؟ ئات چاپتۇرۇپ ھېرىپ قالغان بولساڭ كەل ھارۋامغا چىق، سېنى كونياغا ئاپىرىپ قوياي.

كۈلۈمسىرىدىم:

— خاتىرجەم بول، ئەمما پىيادە ماڭسام سېنىڭ ئۆكۈزۈڭدىن ئىتتىكرەك بارىمەن.

— ئۆكۈزۈمنى سەل چاغلىما،— دېدى دېھقان خاپا بولۇپ،— ئۇ قېرى، ئاجىز بولغان بىلەن، مېنىڭ ئەڭ سادىق دوستۇم.

بۇ سۆز ماڭا ئېغىر كەلدى، ئۆزەمنى رۇسلاپ ئۇنىڭ ئالدىدا ئېگىلدىم. ئاللاھنىڭ سان-ساناقسىز مەخلۇقاتلىرى ئىچىدىن بىرى بولغان مەن ئىنسان بولسۇن، ھايۋان بولسۇن، باشقا بىر جانلىقنى گەرچە چاقچاق بولسىمۇ، نېمىشقا كەمسىتىدۇ؟ نېمىشقا ناباپ گەپلەرنى قىلىدۇ؟ خاتا ئىش قىلىپ بىرىنى رەنجىتكەن ئىكەنمەن، كەچۈرۈم سورىشىم كېرەك.

— سەندىن ۋە ئۆكۈزۈڭدىن ئەپۇ سورايمەن،— خاتا قىلدىم، كەچۈرگىن!

دېھقان ئاغزىنى ئېچىپ ھاڭۋېقىپ قالدى، چىرايىدا ھەيرانلىق، مېنى چاقچاق قىلىۋاتامدۇ نېمە دەپ ئويلىغاندەك بىر دەم قاراپ كەتتى. ''ھېچكىم بۇنداق قىلىپ باقمىغان''دەپ، خىجىللىق ئىچىدە كۈلۈمسىرىدى.

— دېمەك، ھېچكىم ئۆكۈزۈڭدىن ئۆزۈر تىلىمىدى، شۇنداقمۇ؟

— ھە، ئۇمۇ بار ئەلۋەتتە. ئەمما ئۇنى دېمەكچى ئەمەسمەن. دېمەكچى بولغىنىم، ھېچكىم مەندىن كەچۈرۈم سورىمىدى. كۆپ ھاللاردا ئىش باشقىچە، باشقىلاردىن ئەپۇ سورايدىغان ئادەم دائىم مەن بولىمەن. گۇناھ باشقىلاردا بولسىمۇ، دائىم مەن ئەپۇ سورايمەن.

بۇنى ئاڭلاپ كۆڭلۈم يېرىم بولدى:

— يىگىت، قۇرئان كەرىمدە ئاللاھ ''بىز ئىنسانىنى ئەڭ گۈزەل شەكىلدە ياراتتۇق'' دەيدۇ. ئىنسان ئۇلۇغدۇر، قەدىرلىكتۇر، ئەرزىمەس ياكى ئاجىز ئەمەستۇر. ئاللاھنىڭ 99 گۈزەل ئىسىم سۈپەتلىرىدە ''ئاجىز'' دېگەن سۈپەت ئەسلا يوقتۇر. بۇمۇ قىرىق نىزامدىن بىرىدۇر،— دېدىم.

— قايسى نىزام؟— دەپ سورىدى ئۇ بېشىنى قاشلاپ.

ئون بەشىنچى نىزام: ئاللاھ تائالا بىزنى ھەر ۋاقىت ئىچىمىز ۋە تېشىمىزدىن كامالىغا يەتكۈزۈش بىلەن مەشغۇلدۇر. ھەر بىرىمىز تېخى تاماملانمىغان بىر سەنئەت ئەسىرى. بىز باشتىن كەچۈرگەن ھەر بىر ھادىسە، ئاتلاپ ئۆتكەن ھەر بىر پۇتلىكاشاڭ، ئەيىب-نۇقسانلىرىمىزنى تۈگىتىش ئۈچۈن پىلانلانغاندۇر. رەببىمىز بىزنىڭ نۇقسانلىرىمىز بىلەن ئايرىم-ئايرىم ھەپىلىشىدۇ، چۈنكى بەشەرىيەت(ئادەمزات) دېگەن بۇ ئەسەر نۇقسانسىزلىقنى نىشان قىلىدۇ.

دېھقان كۆزلىرىنى چىمچىقلاتتى.

—سەنمۇ ۋەز ئاڭلىغىلى كەلگەن ئوخشىمامسەن؟— دەپ سورىدى ئۇ،— ئۇنداقتا ھازىر ماڭغىنىڭ ياخشى. بۈگۈن يىغىلىدىغان ئادەملەر بۇرۇنقىدىنمۇ كۆپمىش. ئەمما قالتىس ئېسىل خاتىپ-دە!

ئۇنىڭ كىمنى دەۋاتقانلىقىنى بىلىپ يۈرىكىم توختاپ قالغاندەك بولدى.

— قېنى ئېيتقىنا، رۇمىنىڭ ۋەزلىرى سېنى نېمانچە جەلپ قىلىدۇ؟

دېھقان گەپ قىلماي، ئۇيۇق ئاسمىنىغا قاراپ بىر دەم تۇرۇپ كەتتى. كاللىسى ھەر يەردە، ھەم ھېچ بىر يەردە ئەمەستەك قىلاتتى. ئاندىن مۇنداق دېدى:

— بىزنىڭ يېزا ھەر تۈرلۈك ئاپەتلەرنى باشتىن كەچۈردى. ئاۋۋال قەھەتچىلىك يۈز بەردى، كېيىن موڭغۇللار كېلىپ بۇ يېزىنى كۆيدۈرۈپ ۋەيران قىلدى، شەھەردە قىلغانلىرى بۇنىڭدىن بەتتەر، ئەرزۈرۈم، سىۋاس، قەيسەرىينى بېسىۋالدى، ئەرلەرنىڭ كاللىسىنى ئېلىپ، ئاياللارنى قۇل قىلدى. مەن ئۆي-ئوچاق ياكى ياخشى كۆرگەن ئادىمىمدىن ئايرىلىپ قالمىدىم. ئەمما ناھايىتى مۇھىم بىر نەرسىنى يۈتتۈرۈپ قويغانىدەك بولدۇم. ئۆزەمنى دائىم ئەيىبلەيمەن، ئەمما بۇنى چۈشەندۈرۈپ بېرەلمەيمەن، ئىشقىلىپ، دائىم بەختسىزمەن.

— لېكىن بۇنىڭ رۇمى بىلەن نېمە مۇناسىۋىتى بار ؟— دەپ سورىدىم.

دېھقان بىر دەم ئويلىنىۋېلىپ ئاندىن دېدى:

— خوجا مەۋلانانىڭ ۋەزلىرىنى بىر نەچچە قېتىم ئاڭلىساڭ دەرتلىرىڭ يوقايمىش، ھەممە ئادەم شۇنداق دېيىشىدۇ.

خۇسۇسەن مەن غەمكىن بولۇشنى ئەيىب دەپ ھېسابلىمايتتىم. ئەكسىچە، رىيا ۋە ئويۇن كىشىلەرنى بەختلىك قىلاتتى، ھەقىقەتتىن خەۋەردار بولۇش بولسا كىشىلەرنى ئېغىرلاشتۇرۇپ، غەم-قايغۇغا سالاتتى. بۇ ھاياتتا كۆپرەك نەرسە بىلىدىغانلار تېخىمۇ ئېغىر-بېسىق بولاتتى. ئەمما بۇلارنى ئېيتماقنى لازىم كۆرمەي، ” كەل، كونياغىچە بىللە ماڭايلى، سەن ماڭا رۇمى ھەققىدە سۆزلەپ بەرگىن، بولامدۇ؟“ دېدىم.

ئېتىمنىڭ چۇلۋۇرىنى ھارۋىغا باغلاپ، دېھقاننىڭ يېنىدا ئولتۇردۇم. قېرى ئۆكۈز يۈكنىڭ ئېغىرلاشقانلىقىغا پىسەنت قىلماي، بۇرۇنقىدەك ئېغىر قەدەملىرى بىلەن پۇشۇلداپ كېتىۋاتاتتى. دېھقان ماڭا نان بىلەن ئۆچكە سۈتىدىن ياسالغان پىشلاقنى تەڭلىدى. ئۇنى يېگەچ پاراڭلاشتۇق. مۇشۇنداق مېڭىپ، قېنىق كۆك ئاسمان ئۈستىمىزدە تەخسىدەك پارقىرىغاندا شەھەر ۋەلىلىرىنىڭ نەزەرى ئاستىدا كونياغا قەدەم باستىم.

ھارۋىدىن چۈشۈۋېتىپ ” ئۆزەڭگە پۇختا بول دوستۇم“ دېدىم. ”ۋەز-تەبلىغنى چوقۇم ئاڭلا“ دېدى ئۇ زوقمەنلىك بىلەن. ” ھازىر ئەمەس، كېيىنچە. . .“ دەپ قولۇمنى پۇلاڭلاتتىم.

مەۋلانانىڭ خۇتبىسىنى ئاڭلاشقا شۇنچە تەقەززا بولغان، ئۆزىنى كۆرۈشكە شۇنچە ئىنتىلگەن بولساممۇ، باشتا قىلىۋالىدىغان بەزى ئىشلىرىم بار ئىدى: بۇ شەھەر بىلەن تونۇشۇپ، كونيا خەلقىنىڭ بۇ ئۇلۇغ ۋائىزغا قانداق قارايدىغانلىقىنى بىلىۋېلىشىم كېرەك ئىدى. روھداشىمنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرۈشتىن ئاۋۋال، ئۇ كۆرۈپ باقمىغان ئىنسانلار ئۇنىڭغا

قانداق باها بېرىدۇ، ئاڭلاپ بېقىشىم كېرەك ئىدى. شۇنداق قىلغاندا ئۇنىڭ ئىچ ـ تېشى مەلۇم بولاتتى...

تىلەمچى ھەسەن
كونيا، 1244 ـ يىل، 10 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى

ئۆمرۈم تۈگىمەس ئازاب ئىچىدە ئۆتتى، ھاياتلىق بىلەن ئۆلۈم ئارىسىدا سىنقىلىپلا ياشاۋاتىمەن، گويا جەننەت بىلەن دوزاخ ئارىسىدا قالدىم. ماخاۋ كېسەللى ئادەمنى مۇشۇنداق قىلىۋېتىدۇ، تىرىك تۇرغۇزۇپ مازارغا كۆمىدۇ. كوچىلاردا ئانىلار بالىلىرىنى قورقۇتۇش ئۈچۈن مېنى چىنەپ كۆرسىتىدۇ. بەڭۋاش باللار ماڭا تاش ئاتىدۇ، مېنى زاڭلىق قىلىدۇ. ھۈنەرۋەنلەر بولسا دۇكان ئىشىكىدىلا مېنى ھەيدىۋېتىدۇ، شۇملۇق ئېلىپ كېلىدۇ دەپ سۈرۈپ قوغلايدۇ. ھامىلدار ئاياللار ماڭا قاراپ قالسا باللىرى مېيىپ تۇغۇلۇپ قالىدىغاندەك، بېشىنى ئېلىپ قاچىدۇ. بۇ ئادەملەرنىڭ ھېچقايسىسى شۇنى بىلمەيدۇ: ئۇلار بىز ماخاۋلارنى كۆرمەسلىك ئۈچۈن ھەر نېمە قىلغىنى بىلەن، بىز تېخى ئۇلاردىن، ئۇلارنىڭ بىزگە ئىچ ئاغرىتىپ قاراشلىرىدىن يىراق تۇرۇشنى تىلەيمىز!

ماخاۋ كېسەللى بىر ئازابتۇر، ھەر كۈنى تېنىمنى، روھىمنى ئاز ـ ئازدىن غاجايدۇ. دەسلەپتە تەن ئۆزگىرىدۇ، تېرە قارىيىدۇ، كۆكىرىدۇ، ئاشلانغان قوي تېرىسىدەك قېلىنلىشىدۇ. مۇرە، تىز، قول، يۈزلەردە بۇزۇلغان تۇخۇم رەڭگىدە قات ـ قات قاسىراقلار شەكىللىنىدۇ. بۇ چاغدا داۋاملىق قىزىپ، بەدىنىڭ تىكەنلىشىشكە باشلايدۇ. كېيىن نېمىشقىدۇر ئازاب يېنىكلەپ، ئاغرىقلار ئازىيىپ، بەدىنىڭ ئارام تېپىشقا باشلايدۇ. شۇ چاغدا قاسىراقلار يوغىناپ، ئىششىپ، قېلىن قاپاراتمىلارغا ئايلىنىدۇ. قوللار كىرىشىپ كېتىدۇ، چىراي شۇنداق بۇزۇلىدۇكى، تونۇغىلى بولمايدىغان ھالغا كېلىدۇ.

بۇ كېچىدىمۇ تىلەمچىلىك قىلدىم، كۆزۈمنى يۇمالمىدىم، كۆزۈم مەندىن خەۋەرسىز يىغلايدۇ، ئاغزىمدىن داۋاملىق شۆلگەي ئاقىدۇ، تۇتالمايمەن. قولۇمدىن ئالتە تىرماق چۈشتى، يەتتىنچىسى يولدا. قىزىق يېرى، چېچىم بېشىمدا. ئۆزەمنى ھەر ھالدا تەلەيلىك ھېسابلىشىم كېرەك.

ئاڭلىسام رۇملۇقلار ماخاۋلارنى قەلئەنىڭ سىرتىغا چىقىرىۋېتەرمىش. ئۇلارنى قايتا كىرىۋالمىسۇن دەپ شەھەر دەرۋازىسىنى تاقاپ قويارمىش.

ھالبۇكى، كونيادا بۇنداق ئەمەس، بۇ يەردە بىر قوڭغۇراقنى ئېلىپ يۈرىمىز، شۇنداق قىلساق ئاھالىلەرنى ئاگاھلاندۇرغان مۇددەت ئىچىدە شەھەردە ئايلىنىپ يۈرسەك بولىدۇ. نېمىلا بولمىسۇن، تىلەمچىلىك قىلىشىمىزغىمۇ رۇخسەت قىلىدۇ، بولمىسا ئاچلىقتىن ئۆلگەن بولاتتۇق. ماخاۋ كېسەللى بولساڭ، تىرىك قېلىشىڭنىڭ ئىككى يولى بار: بىرىنچىسى، تىلەمچىلىك قىلىش، ئىككىنچىسى باشقىلارغا دۇئا قىلىش. ئىككىلىسىدە قارنىڭ تويىدۇ.

قانداقلا بولمىسۇن، ئاھالىلەر بىز ماخاۋلارنىڭ دۇئاسىنىڭ ئاسان مەقبۇل بولىدىغانلىقىغا، ئاللاھنىڭ بىزنى ئايرىم سىنايدىغانلىقىغا ئىشىنىدۇ. نېمىدېگەن بىمەنىلىك! ئۇنداق بولىدىغان بولسا بۇ ھالدا يۈرەمدۇق! ئەمما ئۇلار بۇنىڭغا ئىشىنىپ قاپتۇ. بىزدىن يىرگىنىدىپ تۇرسىمۇ، ئۇلار ئۇچۇن دۇئا قىلىپ قويۇشىمىزنى تىلەپ تۇرىدۇ. كېسەللەرگە، پالەچلەرگە، قېرىلارغا، دەرتمەنلەرگە دۇئا قىلىشىپ بېرىڭلار دەپ بىز ماخاۋلارنى چاقىرىدۇ. ئۇنىڭ ھەققىگە پۇل بېرىپ، قارنىمىزنى تويغۇزۇپ، دۈمبىمىزنى سىلاپ قويىدۇ. شۇ ئىنسانلارنى بىر چۈشەنسەم كاشكى! كوچىلاردا ماخاۋلارنى ئىتتىنىڭ ئورنىدا كۆرىدىغانلار قاچانكى ئېغىر كېسەللىك ياكى ئۆلۈم ۋەھىمىسىگە دۇچ كەلسە بىزنىڭ دۇئالىرىمىزدىن ئۈمىد كۈتىدۇ. كىشىلەر ئارىسىدا بىر پۇڭچىلىك قەدرىمىز يوق، ئەمما ئۆلۈم ئارىلاپ يۈرگەن ئۆيلەردە بىزلەر سۇلتان!

قاچانكى دۇئاغا تۇتۇلۇپ قالسام بېشىمنى ئېگىپ، ئەرەبچە چۈشىنىكسىز بىر نېمىلەرنى دەپ، قورقۇنچ ئىچىدە يالۋۇرغاندەك دۇئا قىلىمەن، ئەمىسە قانداق قىلاي؟ ھىيلىگەرلىك قىلماقتىن باشقا چارەم يوق، چۈنكى ئاللاھنىڭ بىز ماخاۋلارنىڭ سۆزىنى ئاڭلايدىغانلىقىغىمۇ ئىشەنمەيمەن. مېنى ئويغا سېلىپ، بۇنداق بولمايدىغانلىقىغا ئىشەندۇرىدىغان ھېچ قانداق ئىشنى باشتىن كەچۈرۈپ باقمىدىم.

پۇلغا دۇئا قىلغاندىن كۆرە، گەرچە پايدىسى ئاز بولسىمۇ، تىلەمچىلىكنى راۋا كۆردۈم. تىلەمچىلىك قىلسام ھېچ بولمىسا خەقنى ئالدىمايمەن. رامىزاننى ئايلارنىڭ ئەڭ ياخشىسى دېمىگەندە، جۈمە كۈنى ھەپتىنىڭ ئەڭ ئېسىل كۈنىدۇر. مۇبارەك رامىزان كەلگەن ھامان تىلەمچىلەرگە بايرام بولىدۇ، رامىزاننىڭ ئاخىرقى ئون كۈنىدە تىلەمچىلەرنىڭ يانچۇقى تولىدۇ. ئۇ كۈنلەردە نىجاتلىق تاپماس بېخىللار، يانچۇقىدا چايان باقىدىغان پىخسىقلارمۇ ھەر قانچە گۇناھ قىلساقمۇ مەغپىرەت قىلىنىمىز دەپ ئويلاپ، سەدىقە بېرىش ئۈچۈن مۇسابىقىلىشىدۇ.

رامىزان ئاخىرلىشىشتىن ئىلگىرى چوقۇم بىر ياخشىلىق قىلىشقا ئالدىراپ، قولىمىزغا نان-پان ياكى ئۈچ-تۆت كۈرۈش تەڭگە تۇتقۇزىدۇ. يىلدا بىر ئاي بولىسىمۇ كىشىلەر تىلەمچىلەردىن قاچمايدۇ، ئەكسىچە كوچىغا چىقىپ، بۇلۇڭ-پۇچقاقلاردىن تىلەمچى ئىزدەيدۇ، ھەتتا تېپىۋالغان تىلەمچى قانچە ئەبگا، بىچارە بولسا شۇنچە خوش بولىدۇ، ۋىجدانى شۇنچىلىك راھەتلىنىدۇ. نەقەدەر مەرت، ياخشى ئىنسان ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن بىر كۈن بولسىمۇ بىزدىن يىرگەنمەيدۇ.

راستىنى ئېيتقاندا، بۈگۈنمۇ ئامەت ياغىدىغاندەك قىلىدۇ. چۈنكى مەۋلانا بۈگۈن ۋەز سۆزلەش ھەم خۇتبە ئوقۇش ئۈچۈن مۇنبەرگە چىقىدۇ. جامائەت ئاللىبۇرۇن يىغىلىپ، سەپلەر توشۇپ بولدى. ئىچىدە ئورۇن تاپالمىغانلار ھويلىدا سەپ بولۇپ تىزىلدى. مەۋلانا قەيەردە ۋەز-تەبلىغ قىلسا شەھەرنىڭ بارلىق تىلەمچىلىرى ۋە يانچۇقچىلىرى ھەسەلگە ئولاشقان ھەرىلەردەك شۇ يەرگە توپلىنىدۇ. بۈگۈنمۇ ئۇلارنىڭ بۇ يەردە ماڭا ئوخشاش ھازىر ۋە نازىر بولۇپ ئولتۇرغانلىقى ئېنىق.

ئېرەن دەرىخىگە يۆلىنىپ، مەسچىت دەرۋازىسىنىڭ نەق ئۇدۇلىدا ئولتۇردۇم. يامغۇرنىڭ ساپ ھىدى يىراقتىكى بوستانلىقلاردىن كەلگەن خۇشپۇراقلارغا ئارىلىشىپ كەتكەنىدى. تاۋاقنى ئالدىمغا قويدۇم. مەن باشقا تىلەمچىلەردەك يىغلاپ-زارلاپ، يالۋۇرۇپ يۈرمەيمەن، گەپ قىلىشىمنىڭ ھاجىتى يوق، تاۋاقنى ئالدىمغا قويۇپ سەۋر قىلىپ كۈتۈپ ئولتۇرىمەن. ماخاۋ كېسىلىنىڭ پايدىسى بەلكىم مۇشۇ بولسا كېرەك. نالە قىلىپ، يالۋۇرۇپ، ياش تۆكۈپ، نەقەدەر شور پېشانە ئىكەنلىكىڭنى چۈشەندۈرۈشۈڭنىڭ ھاجىتى يوق، يۈزۈڭنى ئېچىپ بىرلا كۆرسىتىپ قويساڭ بولدى، ئۇن ئېغىز پاراڭ سالغانغا يارايدۇ.

بۈگۈنمۇ شۇنداق قىلدىم.

كۆپ ئۆتمەي تاۋىقىمغا بىر نەچچە تەڭگە چۈشتى. ھەممىسى تۆشۈكلۈك مىس تەڭگە. بىرەر ئالتۇن، كۈمۈش تەڭگە بولسىدى ئارىسىدا. بەلگىسى كۈن، ئاي، شىر، نېمە بولسا بولىۋېرەتتى. ئالائىددىن كەيقۇباد ھازىر يۈرگۈزۈۋاتقان قانۇنلارنى بوشاتقاندىن بېرى ھەلەب بەگلىرىنىڭ كۈمۈشى، فاتىمىيلەرنىڭ دىنارى، باغدات خەلىپىسىنىڭ تەڭگىسى، ھەتتا ئىتالىيە ئاقچىسىنى ئۆتىدىغان پۇل قىلىۋەتتى. كونيانىڭ ھۆكۈمرانلىرى بۇلارنى قوبۇل قىلغان يەردە، تىلەمچىلەر قوبۇل قىلماي قالامدۇ؟

پۇل بىلەن تەڭ بىر نەچچە غازاڭ چۈشتى قۇچىقىمغا ، ئۇستۇمدىكى دەرەخ قىزىل، سېرىق ياپراقلىرىنى تۆكۈۋاتاتتى. شامال چىقىپ، توپ-

توپ غازاڭلار تاۋىقىمغا چۈشۈۋاتقاندا ئويلىدىمكى، ئىرەن دەرىخى بىلەن ئوخشىشىدىغان تەرەپلىرىمىز كۆپ ئىكەن! كۈزدە ياپراقلىرىنى تۆكۈۋاتقان دەرەخ ھەر كۈنى بەدىنىدىن بىر نەرسە كېمىيىۋاتقان ماخاۋلارغا ئوخشىماسمۇ؟

مەنمۇ ياپيالىڭاچ بىر دەرەخ، تېرەم، ئەزالىرىم، يۈزۈم چېچىلىپ تۆكۈلمەكتە. ھەر كۈنى بەدىنىمنىڭ بىر پارچىسى مېنى تەرك ئېتىدۇ. ئەمما دەرەخنىڭ ئەكسىچە، مەن يوقاتقانلىرىمنى قايتۇرۇۋالالمايمەن. مەن ئۈچۈن قايتا بىخلىنىدىغان باھار پەسلى يوق. بۈگۈن يوقاتقان نەرسەمنى ئاخىرىغىچە يوقىتىمەن.

كىمكى تاۋىقىمغا پۇل تاشلىسا مەندىن قېچىۋاتقاندەك تېزلىك، ئالدىراشلىق بىلەن تاشلايدۇ؛ ماڭا قاراپ سالماي تۇرۇپ قىلىدۇ بۇ ئىشنى. كىشىلەر تىلەمچىلەرگە پۇل بەرگەندە نېمىشقا ئۇلارنىڭ يۈزىگە قارىمايدۇ؟ كۆزىمىزگە قارىسا نەزەرىمىزدىن بىر ئىللەت ياكى شۇملۇقنىڭ كېلىپ قېلىشىدىن قورقسا كېرەك. جەمئىيەتنىڭ نەزەرىدە بىز ئوغرىلار، قاتىللار، ئازغۇنلاردىن بەتتەر ئىنسانلار. جىنايەت سادىر قىلغانلار خەتەرلىك كۆرۈنسىمۇ، ھېچ بولمىسا ئۇلارنىڭ چىرايىغا قاراپ تۇرۇپ مۇئامىلە قىلىشىدۇ. بىراق بىزدەك ئادەملەرگە كەلگەندە، بىزگە قاراپمۇ قويمايدۇ. بىزگە قارىسىلا ئۆلۈمنى كۆرىدۇ ھەمدە ئۆلۈمنىڭ بۇنچىلىك يېقىن ۋە قاباھەتلىك بولىدىغانلىقىغا ئىشەنگۈسى كەلمەيدۇ. شۇڭا بىزدىن كۆزلىرىنى قاچۇرىدۇ، بىزگە پۇل بەرگەندە بىز يوقتەك مۇئامىلە قىلىدۇ.

خىيالغا پېتىپ ئولتۇرسام، ئارقامدا بىر يەرلەردە ئالا-تۇپىلاڭ چىقىپ كەتتى. بىرسىنىڭ ”كېلىۋاتىدۇ، كېلىۋاتىدۇ!“ دەپ توۋلىغىنىنى ئاڭلىدىم.

كەلگەن كىشى ئەلۋەتتە رۇمى ئىدى، كېلىشلىرى نەقەدەر ھەيۋەت! ئاستىدا سۈتتەك ئاق ئات، قەھرىۋا رەڭلىك تونىدىكى ئالتۇن مەشۇتلار ئۈنچە-مەرۋايىتتەك پارقىراپ تۇراتتى. ئارقىسىدا ئۇنىڭ مۇرشىدلىرى، مەستانىلىرى، ئەگەشكۈچىلىرى قىستاڭچىلىق پەيدا قىلىۋاتسا، ئۇ ئالدىدا مەغرۇر، ئالىملارچە ئېسىل سۈپەت بىلەن ئىلگىرىلەۋاتاتتى. ئۇنىڭدىكى جەلىپكارلىق، ئىشەنچ، پاراسەت ۋە توپنى يېرىپ كېلىشلىرىگە قارىسا ئالىمدىن كۆرە ھۆكۈمدارغا بەكرەك ئوخشايتتى: شامال، ئوت، سۇ ۋە تۇپراقنىڭ سۇلتانى ئىدى! ھەتتا ئېتىمۇ ئۆزىگە مىنگەن ئادەمنىڭ ھۆرمىتىنى بىلىدىغاندەك تىك، چەبدەس، سالماق ماڭاتتى.

تاۋىقىمىدىكى تەڭگىلەرنى دەرھال يانچۇقۇمغا تىقىپ، يۈزۈمىنىڭ يارىسىنى ئوچۇق قويغان ھالەتتە سەللەمنى چىڭ ئوراپ، جامىگە كىرىپ كەتتىم. مەسچىتنىڭ ئىچىدە ئادەم شۇنچىلىك كۆپ، سەپلەر زىچ ئىدىكى، ئورۇن تېپىش تۇرماق، ئەركىن نەپەس ئېلىشمۇ تەس ئىدى. ئەمما ماخاۋ كېسىلى بولۇشىنىڭ بىر ياخشى تەرىپى شۇكى، ئەڭ قىستاڭچىلىق ۋاقىتتىمۇ بىر يەرنى ئاسان تاپقىلى بولىدۇ! قەيەردىلا بولسام ھېچكىم مېنىڭ يېنىمدا ئولتۇرۇشنى خالىمايدۇ. مېنى كۆرگەنلەر كەينىگە چېكىنىپ، نەچچە قەدەم نېرىغا كېتىدۇ. كېسىلىمنىڭ سايىسىدە بىر بۇلۇڭدا ئورۇن تېپىپ ئولتۇردۇم.

بىر دەمدىن كېيىن ۋەز- تەبلىغ باشلاندى.

— مۆھتەرەم جامائەت،— دېدى رۇمى، ئاۋازى بەزىدە چىڭ، بەزىدە بوش كېلىۋاتاتتى،— بىز دائىم گۇمانغا چۈشۈپ قالىمىز، ئۆزىمىزنى كىچىك، بىچارە ھېس قىلىمىز، بۈيۈك كائىنات ئالدىدا بىز كىچىككىنە بىر نەرسە، بەدىنىمىز مۆشۈنچىلىك، ئەقىل- ئىدراكىمىز، ئىرادىمىز چەكلىك. بۇنىڭغا قاراپ بەزىلەر شۇنداق سوئال سورايدۇ: ئاللاھ ئۈچۈن بۇ فانىي جېنىمىنىڭ نېمە ئەھمىيىتى بار؟ مېنىڭ بۇ غايەت زور دۇنيادا نېمە قىممىتىم بولسۇن؟ بۇگۈنكى خۇتبىدە بۇ سوئالنىڭ جاۋابىنى بەرمەكچىمەن.

ئەڭ ئالدىدىكى سەپتە رۇمىنىڭ ئىككى ئوغلى، رەھمەتلىك ئانىسىغا ئوخشايدۇ دېيىلگەن چوڭ ئوغلى سۇلتان ۋەلەد بىلەن چىرايى تەمكىن، ئۇزۇن كىرپىك، بادام كۆزلۈك، پېشانىسى كەڭ، ئەمما ئەتراپىغا سوغۇق نەزەر سېلىپ ئولتۇرغان قېرىنداشى ئالائىددىن ئولتۇراتتى، ھەر ئىككىلىسى دادىسىدىن پەخىرلىنەتتى.

مەۋلانا بىر دەم تۇرىۋېلىپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

— ئادەم ئوغۇللىرى، ھەۋۋا قىزلىرى تاغۇ ئاسمان كۆتۈرەلمىگۈدەك شۇنداق كاتتا ئىلىمگە مۇشەررەپ بولدىكى، ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ: ”بىز ئۇ ئامانەتنى ئاسمانلارغا، يەرگە ۋە تاغلارغا تەڭلىدۇق، ئۇلار ئۇنى ئۈستىگە ئېلىشقا جۈرئەت قىلالمىدى، ئۇنىڭدىن قورقتى، شۇنىڭ بىلەن ئۇنى ئىنسان ئۈستىگە ئالدى“. مانا مۇشۇنداق ئالىي مەقام ۋە مەۋقى، مۇشۇنداق مۇھىم نىسبەت ۋە نېمەت بېرىلگەن ئىنسان نېمە ئۈچۈن ئاللاھ ئۇنىڭ ئۈچۈن تىلىگەندىنمۇ تۆۋەن، پەس نەرسىلەرنى غايە- نىشان قىلىدۇ؟ نېمە ئۈچۈن ئۆزىنى خارلاپ پەسلەشتۈرىدۇ؟ نېمە ئۈچۈن ئالىي مەقامدا تۇرۇپ ئۆزىنى رەسۋا قىلىدۇ؟

روھى دانە-دانە سۆزلەيتتى، كۆپ ئوقۇغان ئىنسانلارغا خاس بىر خىل خاتىرجەملىك بىلەن نادىر سۆزلەرنى تاللاپ ئىشلىتەتتى، نۇتقى شۇنچە راۋان بولۇپ، بىر قېتىم ئىشلەتكەن ئوخشىتىشنى ئىككىنچى ئىشلەتمەيتتى.

دېدىكى: ئاللاھ يەتتە قات ئاسمانىنىڭ ئۈستىدە بىر تەختتە ئولتۇرمايدۇ، بەلكى ھەر بىرىمىز بىلەن يېقىن دوست. تارتقان بارلىق ئازابلار، ئۇچرىغان بەختسىزلىك ۋە كۆلپەتلەر ئەسلىدە بىزنى ياراتقۇچى ئاللاھقا تېخىمۇ يېقىنلاشتۇرىدۇ.

قوللىرىمىزغا دىققەت قىلساڭلار، باماقلىرىمىز دائىم ئېچىلىپ يۇمۇلۇپ تۇرىدۇ، تۇتىمىز، قويۇۋېتىمىز؛ قويۇۋېتىمىز، تۇتىمىز. بىر ئىچىگە، بىر تېشىغا ئاچىمىز. مۇشتۇمىمىزنى تۈگكەندىن كېيىن چوقۇم ئاچىمىز. ئۇنداق بولمىسا ئىدى، پالەچتەك بولۇپ قالاتتۇق. مەۋجۇتلۇقىمىزمۇ شۇنداق. بىر دەم ئېچىلىپ، بىر دەم يېپىلىپ تۇرىمىز. يۇرىكىمىز گاھىدا سىقىلسا، گاھىدا يايراپ كېتىمىز. قارىمۇ قارشىدەك كۆرۈنگەن بۇ ئەھۋال مەۋجۇتلۇقىمىزنىڭ دەل ئۆزىدۇر. ئۇچۇۋاتقان قۇشلارغا قاراپ، قاناتلىرىنى قانداق ھەرىكەتلەندۈرۈۋاتقانلىقىغا دىققەت قىلىڭلار، بىر ئۈستىگە، بىر يۇقىرىغا قاقىدۇ قاناتلىرىنى. بىر قايغۇدىن كېيىن بىر بەخت، ھايات مانا مۇشۇنداق گۈزەل تەرتىپ، ماسلىق، تەڭپۇڭلۇق ئىچىدە داۋاملىشىدۇ.

باشتا ئاڭلىغانلىرىمنى ياقتۇردۇم، دېمەك، خۇشاللىق بىلەن ئازاب بىر قۇشنىڭ قاناتلىرىدەك بىر-بىرىگە باغلىق ئىدى، بىر-بىرىگە تايىناتتى. بۇنى ئويلاپ كۆڭلۈم تەسەللىي تاپتى. ئەمما باشقا بىر سوئال كاللامغا كىرىۋالدى. مەۋلانا مەھرۇمىيەت، ئازاب، بالايى ئاپەت ۋە قورقۇنچ دېگەنلەرنى بىلەمدۇ؟ ئۇ ئابرويلۇق بىر ئادەمنىڭ ئوغلى بولۇپ دۇنياغا كەلدى، دادىسى، يەتتە ئەجدادى ھەر زامان مۆتىۋەر ئائىلىلەردىن بولۇپ، ئۇ مۇشەققەتنىڭ نېمىلىكىنى بىلمەي، باياشات تۇرمۇش، راھەت-پاراغەتتە ياشاپ كەلدى. تۇنجى خوتۇنىنىڭ ئۆلۈمى ئۇنى قايغۇغا سالغاندۇ، ئەمما مېنىڭچە، ئۇنىڭدىن باشقا ھېچقانداق رىيازەت چېكىپ باقمىدى. تۇغۇلۇشىدىنلا بايلىق ئۈستىگە چۈشۈپ، ئېسىل ئادەملەر ئارىسىدا يېتىلىپ، ئەڭ ياخشى ئالىملارنىڭ قولىدا تەربىيىلەندى، دائىم سۆيۈلدى، ماختالدى، ئىززەتلەندى. شۇنداق تۇرۇپ نېمىشقا مەندەك ماخاۋ كېسىلىنىڭ ئالدىدا ئازاب چېكىشنىڭ ھەقىقىتى توغرۇلۇق سۆزلەيدۇ؟

ئىچىم ئاچچىققا تولۇپ، ئاغزىم قىرتاق بولۇپ كەتتى، دەرتنى ئىچىمگە يۇتالمىدىم.

ئىچىم سىقىلىپ، رۇمى بىلەن ئارىمىزدىكى پەرقنىڭ نەقەدەر قورقۇنچلۇق ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدىم. ئاللاھ نېمە ئۈچۈن زىتلىقلارنى ئوخشاشلىقتىن، ماسلاشماسلىقلارنى ئۇيغۇنلۇقتىن، ئادالەتسىزلىكلەرنى ئادالەتتىن بەكرەك ياخشى كۆرىدۇ؟ چەكتىن ئېشىپ كەتكەن ياكى سەل قارىغان. يا ئۇنداق، يا بۇنداق. ئۇ مەن ئۈچۈن نامراتلىق، مۇھتاجلىق، ئاچلىق، يوقسۇزلۇق، مۇسىبەت ھەققىدە سۆزلىگەن بولسا، ئۆزى ئۈچۈن باياشاتلىق، ئىرپان، سائادەت، سالامەتلىك ۋە مۇۋەپپەقىيەت...ھەققىدە سۆزلىدى. مەن كىشىلەرنىڭ قۇسقۇسىنى كەلتۈرمەسلىك ئۈچۈن يۈزۈمنى ئېتىۋالسام، ئۇ ئوتتۇرىغا چىقىپ، باھاسىز ئۇنچە ـ مەرۋايىتتەك چاقنايتتى.

مېنىڭ ئورنۇمدا مەۋلانا بولۇپ قالغان بولسا نېمە قىلار، نېمە بولۇپ كېتەر بولغىيدى؟ دەپ ئويلاپ قالدىم. ئۇ ئۆزىدەك ئىمتىيازلىق بىر ئەمىنلىك رەھبىرىنىڭمۇ كۈنلەرنىڭ بىرىدە پۈتلىشىپ، يىقىلىپ چۈشىدىغانلىقىنى ئويلاپ باقامدىغاندۇ؟ چەتكە قېقىلىش، خارلىنىش، بىر يەرگە ئايرىۋېتىلىش، ناھەق گەپ ئاڭلاش دېگەنلەر قانداق، بىلەمدىغاندۇ؟ بىر كۈن بولسىمۇ باشقىلارنىڭ زەھەردەك تىللىرىنى ئاڭلاپ باققانمىدى؟ ماڭا بېرىلگەن بۇ ھايات ئۇنىڭغا بېرىلگەن بولسىدى، مۇشۇنداق كاتتا مەۋلانا بولالارمىدى؟ كاللامغا كىرىۋالغان ھەر خىل سوئاللار بىلەن تەڭ ھەسەتخورلۇقۇم كۆپىيىپ كەتتى. ئاخىرىدا مەۋلاناغا بولغان ئاچچىقىم ئۇنىڭغا بولغان مەستانىلىقىمنى بېسىپ چۈشتى.

ئولتۇرالماي قالدىم، ئورنۇمدىن قوپۇپ جامائەتنى ئىتتىرىپ سوقۇپ يۇرۇپ تالاغا چىقتىم. بەزىلىرى ماڭا بىزارلىق بىلەن، بەزىلىرى ھەيرانلىق بىلەن قاراپ قويدى. بۇنچە كۆپ ئىنسان ۋەز ئاڭلاش ئۈچۈن جامەگە كىرىشكە ئىنتىلىۋاتسا، بىرسىنىڭ تالاغا مېڭىشىنى ھېچكىم چۈشەنمەيتتى.

شەمس

كونيا، 1244 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى

بۇ شەھەردە بېشىمنى تىقىدىغان بىر يەر تېپىشىم كېرەك.

دېھقان مېنى شەھەر مەركىزىگە چۈشۈرۈپ قويغاندا، قىلىدىغان تۇنجى ئىشىم تۇرىدىغان بىر يەرنى ئىزدەش بولدى. كۆرگەن مېھمانسارايلار ئىچىدە ناۋاتچى سارىيى ماڭا دەل ئۇيغۇن كېلىدىغاندەك قىلاتتى. سارايۋەن ماڭا تۆت ئۆينى كۆرسەتتى، ئەشيالىرى ئەڭ ئاز بولغىنىنى تاللىدىم: بىر بورا تۆشەك، كونىراپ كەتكەن يۇڭ ئەديال، پىلىكى ئىچىگە كىرىپ كەتكەن بىر قەندىل، ياستۇق قىلىش ئۈچۈن كۈن نۇرىدا قۇرۇتىلغان خىش، يەنە گۈزەل مەنزىرىسى بار ئىدى. دېرىزىدىن قارىغاندا پۈتۈن شەھەر ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى تۆپىلىك ئېتەكلىرىگىچە ئوچۇق كۆرۈنەتتى.

شۇنداق قىلىپ، يىللاردىن بېرى داۋاملاشتۇرۇپ كېلىۋاتقان جاھانكەزدىلىك تۇرمۇشۇمنى بىر كۈندىلا تاشلاپ، مۇقىم ھاياتقا ئۆتتۈم. سارايغا ئورۇنلىشىپلا، كونيا كوچىلىرىنى ئايلانغىلى چىقتىم. ھەر قەدەمدە بىر باشقا تىل، باشقا دىن، باشقا ئادەتلەرگە ئۇچرىدىم. سىگان چالغۇچىلىرىغا، ئەرەب سەيياھلىرىغا، خىرىستىئان مۇرتلىرىغا، يەھۇدىي سودىگەرلەرگە، بۇددىست راھىبلارغا، پەرەڭ شائىرلارغا، چىن ماچىندىن كەلگەن چامباشچىلارغا، ھىندىستانلىق يىلان ئويناتقۇچىلارغا، سېھىرگەر مەجۇسىيلارغا ۋە رىم پەيلاسوپلىرىغا يولۇقتۇم. قۇل بازىرىدا بەدىنى سۈتتەك ئاق چۆرىلەرنى ۋە شۇنچە زۇلۇملارنى كۆرۈپ تىلى تۇتۇلۇپ، ئاختا قىلىنغان قارا تەنلىك ھەرەم ئاغىلىرىنى كۆردۈم. قان ئالىدىغان ئۆتكۈر پىچاقلارنى كۆتۈرۈۋېلىپ، ئادەم كۈتۈۋاتقان سـ اتراچلارنى، بىللۇر تاقىۋالغان كاھىنلارنى، ئوت يۇتۇۋاتقان سېھىرگەرلەرنى ئۇچراتتىم. يوللاردا قۇددۇسقا كېتىۋاتقان ھاجىلار، ئەھلى سەلىپنىڭ ئاخىرقى ئۇرۇشىدىن قېچىپ كەلگەن ئەسكەرلەر بار ئىدى. ئاھالىلەر گېنوۋاچە①،فرانسوزچە، گېرىكچە، پارسچە، تۇركچە، كۇرتچە، ئەرەبچە، ئەرمەنچە، سۇريانچە، ئىبرانچە ۋە قايسى تىلغا تەۋەلىكىنى ئۇققىلى بولمايدىغان ھەر خىل تىللاردا پاراڭلىشاتتى. بۇ ئىنسانلار شۇنچە زور پەرقلىق بولغىنىغا قارىماي ھەممىسىدە ئورتاق بىر نەرسە بار ئىدى: تاماملانماسلىق ھالى، ھەر بىرى تېخىچە پۈتمىگەن بىرەر سەنئەت ئەسىرى ئىدى.

كونيا شەھىرى بابىل قەلئەسىگە ئوخشايتتى، ئىشلار دائىم ئۆزگىرىپ، بۆلۈنۈپ، ھەل قىلىنىپ، بۇزۇلۇپ، يېڭىلىنىپ، تەكرارلىنىپ، ئايدىڭلىشىپ، چەكتىن ئېشىپ، ھاياتىي كۈچى پەيدا بولۇپ ھەم يوقاپ تۇراتتى. كۆرگەنلىرىم دەل مۇرەككەپ ئىشلار، پاتپاراقچىلىق ۋە ئالدىراشچىلىق بولۇپ، ھەممىسىنىڭ دەردى بار ئىدى، ئەمما ھېچكىم

① گېنوۋا– ئىتالىيىنىڭ غەربىي شىمال قىسمىغا جايلاشقان بىر ئۆلكىسى.

ھېچكىمدىن ئاغرىنمايتتى! ئىنسانلارنى پەرقلەندۈرمەستىن ھەر كىشى ۋە ھەرجايغا تەكشى باقتىم، دەرتلىرىگە يىراق، ئەمما قەلبلىرىگە يېقىن تۇردۇم.

ئون ئالتىنچى نىزىم: ئاللاھ تائالا نۇقسانسىزدۇر، ئۇنى ياخشى كۆرۈش ئاسان. ئەمما پانىي ئىنسانلارنى ئۇلارنىڭ توغرا-خاتالىقلىرى بىلەن بىللە ياخشى كۆرۈش تەس. ئېسىڭدە بولسۇنكى، كىشى بىر نەرسىنى پەقەت ئۇنى ياخشى كۆرگەن دەرىجىدە بىلەلەيدۇ. دېمەككى، باشقىلارنى باغرىڭغا باسماستىن، يارىتىلغۇچىنى ياراتقۇچىنىڭ ئۇلۇغلۇقى سەۋەبىدىن ياخشى كۆرمەستىن ئاللاھنى ھەقلىق رەۋىشتە بىلەلمەيسەن ھەم ياخشى كۆرەلمەيسەن.

قېرى-ياش، ھەر كەسىپتىكى ھۈنەرۋەنلەر كۈن بويى تەر تۆكۈپ ئىشلەيدىغان كىچىك، زەي دۇكانلار جايلاشقان تار كوچىلارنى ئايلاندىم. ھەر بۇلۇڭدا بىر كىملەر چوقۇم مەۋلانا ھەققىدە پاراڭ سالاتتى. بۇنچە ياخشى كۆرۈلۈش قانداق ئىشتۇ؟ بۇنچە مەشھۇر بولۇش، دائىم ھۆرمەت-ئېتىبارغا ئېرىشىش ئىنساننى قانداق قىلىۋېتەر؟ دەپ ئويلاپ قالدىم. بۇ سوئاللارغا بېرىلىپ كېتىپ، رۇمى ۋەز-تەبلىغ سۆزلەيدىغان جامەگە ئەمەس، قارشى يۆنىلىشكە كېتىۋاتقانلىقىمنى سەزدىم. ئەتراپىمدىكى مەنزىرە ئۆزگىرىشكە باشلىدى. شەھەرنىڭ شىمال تەرىپىگە ماڭغانچە خاراب ئۆيلەر ، ۋەيرانە باغ-ۋارانلار ئالدىمغا چىقتى، كوچىلاردا جەڭگى-جېدەل قىلىپ ئويناۋاتقان نامرات، بەڭۋاش بالىلارغا ئۇچرىدىم. ئىچكىرىلەپ ماڭغانچە ئۆيلەر، ئادەملەرلا ئەمەس، پۇراقلارمۇ ئۆزگەردى ۋە بارا-بارا كۈچىيىپ كەتتى؛ دورا-دەرمەك، ياغ، سامساق پۇرىقى قويۇقلاشتى. ئاخىرىدا بىر تار كوچىغا كىردىم، بۇ يەردە ئۈچ پۇراق كۈچلۈك ئىدى: مۇشك-ئەنبەر، تەر ۋە شەھۋەت. دېمەك، كونيا شەھىرىنىڭ بۇزۇقچىلىقتا نامى چىققان بىر مەھەللىسىگە كېلىپ قالغانىدىم.

يولىغا تاش ياتقۇزۇلغان دۆڭ كوچىنىڭ بېشىدا ئاندىن-مۇندىن قوراشتۇرۇلغان، لاي تېمى قومۇش بىلەن پۇختىلانغان بىر ئۆي بولۇپ، ئۇنىڭ ئالدىدا بىر توپ ئايال پاراڭلىشىپ ئولتۇراتتى. مېنىڭ يېقىنلاپ بارغىنىمنى كۆرۈپ پاراڭنى توختىتىپ، ماڭا گۇمان بىلەن قاراشتى، چىرايلىرىنى بىزارلىق ۋە مەسخىرە قاپلىدى. ئاياللارنىڭ يېنىدا ئادەم زوقلىنىپ قاراپ قالغۇدەك چىرايلىق گۈللەرگە تولغان باغ بولۇپ، بۇنىڭ باغۋىنى كىم بولغىيدى دەپ قىزىقىپ قالدىم.

باغقا بېرىپ تۇرۇشۇمغا ئۆينىڭ ئىشىكى تاراقلاپ ئېچىلدى-دە، ئىگىز بوي، تەتۇر ئۇستىخان، چىرايىدىن مۇز ياغىدىغان، دېڭىز قاراقچىسىغا ئوخشايدىغان بىر ئايال تالاغا ئېتىلدى: ئېڭىكى قات-قات، كىندىكى يۇمىلاق بولۇپ بولۇپ، كۆزلىرى قىسىلسا سېمىز قاپاقلىرىنىڭ ئارىسىدا غايىب بولۇپ، ئىككى ئىنچكە سىزىق قالاتتى. ئېيىق يۈز، دورداي كالپۇك بولۇپ، كالپۇكىنىڭ ئۈستىدە قارا بۇرۇتى بار ئىدى. بىر قاراپلا ئۇنىڭ خۇنسالىقىنى، ئەر ھەم ئايال بولۇپ تۆرەلگەنلىكىنى بىلدىم.

— كىمسەن؟ نېمە قىلاي دەيسەن؟— دەپ سورىدى خۇنسا گۇمانسىراپ. تەلئەتى بىر ئۆرلەپ، بىر پەسىيىۋاتقان تاشقىندەك، تۇرۇپ ئەرگە ئايلانسا، تۇرۇپ ئايالغا ئۆزگىرىپ قالاتتى.

ئۆزەمنى تونۇشتۇرسام گەپ قىلمىدى. ئىسمىنى سورىدىم، ئەمما ئاڭلىمىغان بولۇۋالدى. بىر قولىدا پاشا-چىۋىن قوغلىغاندەك مېنى ھەيدەپ: ” بۇ يەر سەن كېلىدىغان يەر ئەمەس“ دېدى.

— نېمىشقا؟— دەپ سورىدىم.

— كۆرمەيۋاتامسىنا؟ بۇ دېگەن پاھىشخانا. سىلەر دەرۋىشلەر دائىم جەر سېلىپ، خوتۇن-قىزلارنى كۆرگەندە جىن-ئالۋاستىنى كۆرگەندەك قاچىسىلەرغۇ؟ نېمە ئىشىڭ بار بۇ يەردە؟ ساڭا دەپ قوياي، مېنى پاھىشىخانىنىڭ خوجايىنى، ئەخلاق دېگەن نېمە يوق، ئىشرەتۋازلىقتىن قول ئۈزمەيدۇ دەپ ئويلىشىدۇ، لېكىن ھەر يىلى زاكات ئايرىپ تۇرىمەن، رامىزاندا بۇ يەرنى تاقايمەن. ھازىر مانا سېنى گۇناھتىن قۇتقۇزۇۋاتىمەن. بىزدىن يىراق تۇر، بۇ يەر شەھەرنىڭ ئەڭ بەتتەر، مەينەت يېرىدۇر، بۇ يەرگە كەلمە!

— ھالبۇكى، ماڭا كۆرە ناپاكلىق ئادەمنىڭ سىرتىدا ئەمەس، ئىچىدە بولىدۇ،— دېدىم ئېتىراز بىلدۈرۈپ،— بۇمۇ بىر نىزام.

— قانداق نىزاملارنى دەۋاتىسەن سەن؟— دېدى ئۇ جىلە بولۇپ.

ئون يەتتىنچى نىزام: ناپاكلىق ئاساسەن تېشىمىزدا ئەمەس، ئىچىمىزدە، كىيىملىرىمىزدە ئەمەس، قەلبىمىزدە بولىدۇ. ئۇنىڭ سىرتىدىكى ھەر قانداق داغ قانچە سەت كۆرۈنسىمۇ يۇيغان ھامان پاكىزلىنىدۇ، سۇ بىلەن چىقىپ كېتىدۇ. يۇيۇپمۇ چىقارغىلى بولمايدىغان بىردىنبىر پاسكىنىلىق قەلبلەردە يىغىلىپ قالغان ھەسەت ۋە خائىن نىيەتتۇر.

ئەمما خۇنسا مېنىڭ بۇ دېگەنلىرىمنى ئاڭلىماسقا سالدى:

— دەرۋىشلەردە چىچىنى ساڭا ئوخشاش چۈشۈرىدىغانلار يوق. بىزنىڭ بۇ يەرگە ھەر تۈرلۈك ئادەملەر كېلىدۇ، ئەمما دەرۋىشلەر ئەسلا يېقىن يولىمايدۇ! بۇ يەردە چۆگىلەپ يۈرسەڭ ئاللاھ بۇ يەرنى كۆيدۈرۈپ يوق قىلىدۇ. بىر تەقۋا ئادەمنى ئازدۇردۇڭ دەپ بىزگە لەنەت ئوقۇپ، ماكانىمىزنى ۋەيران قىلىدۇ. شۇڭا بۇ يەردىن چاققان كەت!
كۈلدۈم:
— بۇنداق قالايمىقان گەپلەرنى نەدىن تاپىسەن؟ سېنىڭچە بولغاندا، ئاللاھ ئاسماندىن قاراپ تۇرغان ئاچچىقى يامان، زالىم بىر ئاتىمۇ؟ ھەر قېتىم خاتا ئىش قىلساق بېشىمىزغا تاش-چالما ياغدۇرىدۇ دەپ ئويلامسەن؟ ھەقتائالانى مۇنداقمۇ چۈشەنگەن بارمۇ؟
دەللال خۇنسا يېپىتەك بۈرۈتىنىڭ ئۇچىنى تولغاپ، ھازىرلا ئۆرۈۋېتىدىغاندەك غەزەپ بىلەن ماڭا قارىدى.
— ئەنسىرىمە، بۇ يەرگە پاھىشخانىنى كۆرگىلى كەلمىدىم،— دېدىم،— مەن شۇ گۈللۈك باغقا ھەيران قالدىم، ئۇنىڭغا قاراپ بېقىش ئۈچۈن كەلگەنىدىم.
— ھە، ئۇمۇ؟ — دەپ مۈرىسىنى سىلكىپ قويدى خۇنسا،— قىزلاردىن بىرسىنىڭ ئىشى بۇ. گۈل ئۆستۈرەيلى دەپ تۈرۈپلىۋالدى، گەپ قىلمىدىم. چۆل گۈلىنىڭ ئەقلىدىن پەيدا بولغان باغچە بۇ.
ئۇ نېرىقى تەرەپتە پاھىشەلەرنىڭ ئارىسىدا تۇرغان بىر قىزنى كۆرسەتتى. ئۇ ئېگىزەكلىرى يۇمىلاق، بەدەنلىرى سەدەپتەك سىلىق، كۆزلىرى تىنىق، ئەمما دەرتلىك، كۆرگەنلا ئادەمنىڭ ئەقلىنى ئالغۇدەك گۈزەل قىز ئىدى. ئۇنىڭغا قاراپ ئۇنىڭ ئىدىيىسىدە بۈيۈك ئۆزگىرىش بولۇۋاتقانلىقىنى سەزدىم.
بېشىمنى ئېگىپ، ھېچكىم تۇيمىغۇدەك ئاۋازدا خۇنسانىڭ قۇلىقىغا پىچىرلىدىم: بۇ قىز قەلبى پاك ئىنساندەك قىلىدۇ. ھامان بىر كۈنى بۈيۈك مەنىۋى سەپەرگە ئاتلىنىپ، بۇ مەينەت جاينى تاشلاپ كېتىدۇ. شۇ چاغدا سەن ئۇنىڭغا توسقۇن بولمەن دېمە.
خۇنسا كەينىگە چېكىنىپ، ماڭا غەزەپ بىلەن تىكىلدى:
— جەھەننەمگە ئوتۇن بولغايسەن، زەبانىيلار تىلىڭنى سۇغۇرۇۋالغاي!
سەن ئۆزەڭنى نېمە چاغلايسەن؟ بۇ قىزلار مېنىڭ سەرمايەم. كىمگە قانداق مۇئامىلە قىلىشنى ئۆزەم بىلىمەن، ئۇقتۇڭمۇ؟ بۇ يەرنىڭ خوجا ئاكىسى

مەن. يوقال بۇ يەردىن! ئىككىنچى كۆزۈم كۆرمىسۇن سېنى! بولمىسا چاكال كافانى[1] چاقىرىمەن!

ــ ئۇ كىم؟ــ دەپ سورىدىم.

خۇنسا بارماقلىرىنى ئوينىتىپ:

ــبىر بالاخور، ھەم ئۇنداق ـ مۇنداق يامانلاردىن ئەمەس، شۇڭا ئۇنىڭ ئالدىغا بېرىپ قالىمەن دېمە ــ دېدى.

ــ كىم بولسا بولسۇن،ــ دېدىم مۇرەمنى سىلكىپ،ــ كېتىمەن، ئەمما يەنە كېلىشىم مۇمكىن. مېنى بۇ يەردە قايتا كۆرۈپ قالساڭ ھەيران قالما. مەن پۈتۈن ئۆمرىنى جايناماز ئۈستىدە تەسۋى سىرىپ ئۆتكۈزىدىغان دەرۋىشلەردىن ئەمەسمەن. ئۇنداقلار قۇرئاننى كىتاب سەھىپىلىرىدىن ئوقۇيدۇ، مەن بولسام ھەر جايدىن، ھەر بىر باشاقتىن، چۈمۈلىلەردىن، بۇلۇتلاردىن ئوقۇيمەن، ئوقۇغىنىم نەپەس ئېلىۋاتقان قۇرئاندۇر.

ــ مەسىلەن قانداق؟ ئىنسانلارنى كىتاب ئوقۇغاندەك ئوقۇيسەن، شۇنداقمۇ؟ ــ دېدى دەللال خۇنسا قاقاخلاپ كۈلۈپ،ــ خېلى جۆيلۈپ قويىدىكەنسەن جۇمۇ!

ــــ ھەر ئىنسان بەئەينى ئوچۇق كىتابتۇر، ئوقۇلۇش ئالدىدا تۇرىدۇ. ھەر بىرىمىز ئەسلىدە مېڭىۋاتقان، نەپەس ئېلىۋاتقان بىر كىتاب، ئۆزىمىزنى بىلسەك، تونۇساق كۇپايە،ــ دېدىم، ــمەيلى پاھىشە ياكى باكىرە[2] بول، مەيلى خار ياكى ئەزىز بول، ئاللاھنى تېپىش ئارزۇسى ھەممىمىزنىڭ قەلبىدە مەۋجۇت، تۇغۇلغاندىن تارتىپ ئىشق جەۋھىرىنى ئىچىمىزدە ساقلاپ كېلىۋاتىمىز. ئۇ شۇ يەردە بايقىلىشنى كۈتۈپ تۇرىدۇ، بۇمۇ بىر نىزام.

بۇ قېتىم ئۇ قايسى نىزامنى دەۋاتقانلىقىمنى سورىمىدى، مەن سۆزۈمنى داۋاملاشتۇردۇم:

ئون يەتتىنچى نىزام: پۈتۈن كائىنات جىمى قاتلاملىرى ۋە مۇرەككەپلىكى بىلەن بىللە ئىنساننىڭ ئىچىگە يوشۇرۇنغاندۇر. شەيتان تاشقى دۇنيادا بىزنى قايىل قىلماقچى بولۇۋاتقان قورقۇنچلۇق مەخلۇق ئەمەس، بەلكى ئىچىمىزدىكى بىۋاستە ئاۋازدۇر. شەيتاننى سىرتتىن، باشقىلاردىن ئەمەس، ئۆزەڭدىن ئىزدە. ئېسىڭدە بولسۇنكى، ئۆزىنى تونۇغان ئادەم رەببىنى تونۇيدۇ. باشقىلار بىلەن ئەمەس، پەقەت ئۆزى

---

[1] چاكال كافا– ھىيلىگەر، پەسكەش، تۈگگۈز باش دېگەن مەنىدە.
[2] باكىرە ـ يۈزى ئېچىلمىغان قىز -ت

بىلەنلا كۈرەش قىلىدىغان ئىنسان ئەڭ ئاخىرىدا غەلىبە سۈپىتىدە ياراتقۇچىسىنى تونۇيدۇ.

خۇنسا بۇ قېتىم قوللىرىنى كېرىشتۇرۇپ، كۆزلىرىنى قىسىپ، تەھدىتكار قىياپەتتە ماڭا باشتىن ئاياغ سەپسالدى.

— پاھىشىلەرگە ۋەز ئېيتىمەن دەۋاتقان ساراڭ دەرۋىش!— دېدى ئاچچىقىدا بوغۇلۇپ،— نېمە ئادەم سەن، كونيادىن نېمە ئىزدەيسەن، بىلمەيمەن، ئەمما ھوشۇڭنى يىغىۋال! بۇ ئەتراپتا بىرەرسىنىڭ كاللىسىنى قايمۇقتۇرۇشۇڭغا يول قويمايمەن. پاھىشىخانامدىن يىراق تۇر، بولمىسا، قەسەم قىلىمەنكى، چاكال كافا كېلىپ تىلىڭنى كېسىدۇ، مەن ئۇنى تۇزلاپ ئىشتىھا بىلەن يەيمەن.

ئېللا

بوستون، 2008 ـ يىل، 5 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى

ئېللا بۈگۈن ئەتىگەن باشقىچە كەيپسىز قوپتى. ئەمما كەيپىياتىنى بەك ناچار دېگىلى بولمايتتى، بەلكى ئىستەكسىز، ھېسسىياتسىز، بەئەينى رەڭسىز بىر روھىي ھالەتتە ئىدى. گويا ئۆزى بېرىشنى خالىمايدىغان بىر ئىشىككە يېقىنلاشقانىدى، تۇرمۇشىدا ئۆزگىرىش بولۇۋاتاتتى، بۇنى سېزىۋاتاتتى ھەم شۇنى كۈتۈۋاتاتتى. ئاشخانىدا قەھۋە تەييارلاۋېتىپ، ئۆتكەندە يېزىپ تارتمىغا تاشلاپ قويغان قارارنامىسىنى تاپتى.

40 ياشقا بېرىشتىن ئاۋۋال چوقۇم قىلىشىم كېرەك بولغان ئون ئىش:

بۈندىن كېيىن تېخىمۇ تەرتىپلىك بولۇپ، ۋاقتىڭدىن تېخىمۇ ياخشى پايدىلان، ئۆزەڭگە يېڭى پىلان تۈز. (تامام)

تۈزۈمىڭنى ئىجرا قىل، ياغ، شېكەر، تۇزدىن قول ئۈزۈپ، مېنېرال ماددا ۋە ئانتى ئوكسىد تولۇقلا. (تامام)

ئورۇندۇقلارنىڭ ياپقۇچىنى ئالماشتۇر، مېھمانخانىغا يېڭى زىننەت گۈللىرى ئال، ياستۇقلارنى يېڭىلا. (تامام)

ھاياتىڭغا بىر نەزەر سال. (ھە، بۇنىمۇ تاماملاندى دېيىشكە بولىدۇ)

گۆش يېيىشنى تاشلا، ھەر ھەپتىدە ساغلاملىققا پايدىلىق تاماق تىزىملىكى تۈزۈپ، بەدىنىڭگە ھەقىقىي كۆڭۈل بۆلۈشكە باشلا. (تاماملاندى دېيىشكە بولىدۇ)

رۇمىنىڭ كىتابلىرىنى ئېلىپ، ھەر كۈنى ئەڭ ئاز بولغاندا ئىككى شېئىرىنى ئوقۇ. (تامام)

بالىلارنى برودۋاي تىياتىرخانىسىغا ئاپارغىن (تامام)

تاماق ئېتىش بىلىملىرى ھەققىدە كىتاب يېزىشقا باشلا. (تامام)

قەلبىڭنى مۇھەببەتكە ئاچ!

ئېللا بۇ قارارنامىنىڭ ئاخىرقى ماددىسىغا تىكىلىپ بىر ھازا تۇرۇپ قالدى. بۇنى يازغاندا نېمىنى ئويلىغان بولغىيدى؟ كاللىسىدا نېمە بار بولغىيدى؟ «ئىشق شەرىئىتى»نىڭ تەسىرىدىن ئوخشايدۇ دېدى ئۆز-ئۆزىگە. يېقىندىن بېرى ئەزىز زەھرانىڭ رومانىنى ئوقۇپ، ئىشق-مۇھەببەتنى كۆپ ئويلايدىغان بولۇپ قالغانىدى.

سۆيۈملۈك ئەزىز

بۈگۈن مېنىڭ تۇغۇلغان كۈنۈم. ئۆزەمنى بىر بۇرۇلۇش نۇقتىسىغا كېلىپ قالغاندەك سېزىۋاتىمەن. قىرىققا كىرگىنىڭدە قېرىپ قالغىنىڭنى ھېس قىلىسەن، بۇ ساڭا ئېغىر تۇيۇلىدۇ. بولۇپمۇ بىز ئاياللار ئۈچۈن شۇنداق. ئامېرىكىدىكى ئاياللار ژۇرنىلى ئىنسان ئۆمرىنىڭ ئۇزارغانلىقىنى، ئىلگىرىكى 30 ياشنىڭ ھازىر 40 ياش دەپ ھېسابلىنىدىغانلىقىنى(40 ياشنىڭ بولسا 60 ياشقا تەڭ كېلىدىغانلىقىنى) ئوتتۇرىغا قويۇشتى. ئەمما كىمنى ئالدايمىز؟ 40 ياش دېگەن 40 ياش. كۆپ نەرسىلەرگە ئېرىشتىم: تېخىمۇ بىلىملىك، تەجرىبىلىك، ئەقىللىق بولدۇم. ئەمما يۈزۈمگە قورۇقلار چۈشتى، چېچىم كىرلەشتى، تېخىمۇ سەپرا، ھارغىن بولۇپ كەتتىم...

تۇغۇلغان كۈنۈم مېنى ھەر قېتىم خۇشال قىلاتتى، ئەمما بۈگۈن ئەتىگەن قوپقاندا نېمىشقىدۇر ئىچىم سىقىلدى. ئۆمرۈمنىڭ مۇشۇنداق ئۆتۈپ كېتىۋېرىدىغانلىقىنى ئويلاپ، بۇ خىيالدىن شۈركىنىپ كەتتىم.

ئۇنداقتا ھاياتىمدا ئۆزگىرىش بولۇشىنى راستىتىنلا ئارزۇ قىلامدىمەن؟ ”شۇنداق“ دېسەم تېخى، ”ئۇنداق ئەمەس“ دېسەم تېخى. ھەر ئىككى نەتىجە مېنى چۆچۈتىدۇ.

مەندىن بەكرەك خۇشال بولۇشۇڭنى تىلەپ، دوستۇڭ ئېللا

ئىنزاھات: بۇ بىر ئاز كۆڭۈلسىز خەت بولدى بەلكىم، كەچۈرگىن. بۇ كۈنلەردە ئۆزەم بىلەن تولا ئېتىشىدىغان بولۇپ قالدىم. بەلكىم شۇ رومانىڭ تەسىرىدۇر، يا بولمىسا ئوتتۇرا ياشلىق دەرتلىرىدە قالغاندىمەن...

*　　　*　　　*

سۆيۈملۈك ئېللا،

تۇغۇلغان كۈنۈڭگە مۇبارەك بولسۇن!

ئەرلەر ئۈچۈنمۇ، ئاياللار ئۈچۈنمۇ 40 ياش ئەڭ گۈزەل ياشتۇر. مەنچە، 40 سىرلىق سان. دەرۋەقە، توپان بالاسى 40 كۈن داۋاملاشتى، ھەممە يەرنى سۇ باستى، ئەمما ھەممىنى يىقىتقان بۇ غايەت زور كەلكۈن بۇرۇنقى كىر، ئەخلەتلەرنى سۈپۈرۈپ تاشلاپ، يېڭى ھاياتلىق پۇرسىتى ئاتا قىلدى. ئىسلام تەسەۋۋۇپىدا 40 سانى بىر مەرتىۋە يۈكسىلىش ئۈچۈن كېتىدىغان ۋاقىتقا، مەنىۋى ئويغىنىشقا ۋەكىللىك قىلىدۇ. مەرىپەتنىڭ ئاساسلىق تۆت باسقۇچى باردۇر، ھەر بىرىدە 10 دەرىجە بولىدۇ، قوشۇلسا 40 بولىدۇ. ھەزرىتى ئىسا چۆلدە 40 كېچە-كۈندۈز رىيازەت چەكتى. ھەزرىتى مۇھەممەدكە 40 يېشىدا ۋەھىي كەلدى. بۇدساتتۋا پىكۇس دەرىخىنىڭ ئاستىدا 40 كۈن تەپەككۇر قىلدى. يەنە شەمسىنىڭ 40 نىزامى بار، بۇنى ئۇنتۇپ قالماسلىق كېرەك.

40 يېشىدا ئىنسان يېڭى ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئالىدۇ. مېنىڭچە سەن كاتتا يېشىڭغا كەلدىڭ! قىرىپ قالدىم دەپ كۆڭلۈڭنى ھەرگىز يېرىم قىلما. 40 شۇنداق قۇدرەتلىك سانكى، قورۇقلىرىڭ، چېچىڭدىكى ئاقلارمۇ ئەرزىمەس نەرسە بولۇپ قالىدۇ.

ئۆزەڭنى ئاسرىغىن، ئەزىز

پاھشە چۆل گۈلى

كونيا، 1244-يىل 10-ئاينىڭ 18-كۈنى

يىللاردىن بېرى بۇ مەينەت يولدا كېتىۋاتىمەن، بىر ئىشنى چۈشەنمەيمەن. ئادەملەر دائىم پاھىشىۋازلىققا قارشى تۇرىدىغانلىقىنى، پاھىشەلەرگە ئىچىنىدىغانلىقىنى ئېيتىشىدۇ، بىرەر پاھىشىنىڭ تەۋبە قىلىپ، ھاياتىنى يېڭىدىن باشلىشىۋېلىشىغا پۇرسەت بەرمەي، " پاتقاققا چۈشكەن ئىكەنسەن، مەڭگۈ شۇ يەردە قال" دەيدۇ. بۇنىڭ سەۋەبىنى بىلمەيمەن. بىلىدىغىنىم: بۇ دۇنيادا نۇرغۇن ئىنسان باشقىلارنىڭ نامراتلىقىدىن، ئاجىزلىقىدىن پايدىلىنىدۇ، يىقىلىپ چۈشكەن بىرىنىڭ ئورنىدىن قوپۇپ بېلىنى رۇسلىۋېلىشىنى خالىمايدۇ، دۇنيادا بىر ئاجىز بەندە ئازايسا بىئارام بولىدۇ. ئەمما كىم نېمە دېسە دېسۇن، شۇنى نىيەت

قىلدىمكى، يېقىندا بۇ پاھىشىخانىدىن ئايرىلىمەن، بۇ يەرنى تاشلاپ كېتىمەن.

بۈگۈن ئەتىگەندە ئويغانغىنىمدا خۇشاللىقىم ئىچىمگە سىغمايتتى. مەۋلانانىڭ ۋەز- تەبلىغىنى ئاڭلاشنى شۇنچىلىك ئارزۇ قىلاتتىمكى، كۆزۈمگە ھېچنېمە كۆرۈنمەيتتى. خوجايىندىن رۇخسەت سورىسام مېنى چوقۇم زاڭلىق قىلىپ، "پاھىشىلەر قاچاندىن بېرى ۋەز ئاڭلاش ئۈچۈن مەسچىتكە بارىدىغان بولۇپ قالدى؟" دەيتتى. مۇشۇنداق مەسخىرە قىلغان چاغدا توختىماي كۈلۈپ يۈزى پىدىگەندەك كۆكىرىپ كېتەتتى.

شۇڭا ئۇنىڭغا يالغان سۆزلەش نىيىتىگە كەلدىم. گۈل باغنى كىمنىڭ يېتىشتۈرگەنلىكىنى سورىغان ئۇ ئېگىز بويلۇق، چېچى يوق دەرۋىش كەتكەندىن كېيىن قارىسام، بىزنىڭ خۇنسا خىيالغا چۆكۈپ تۇرۇپ قاپتۇ. مۇشۇنداق چاغدا ئۇ خېلى ئوڭلۇق بولۇپ قالاتتى. پەيتى كەلدى دەپ ئويلاپ ئۇنىڭ يېنىغا باردىم.

— بازاردا قىلىدىغان بىر- ئىككى ئىشىم بار، رۇخسەت قىلساڭ،— دېدىم.

ماڭا ئىشەندى. نېمىلا بولسۇن توققۇز يىلدىن بېرى ئۇنىڭ يېنىدا ئىتتەك ساداقەتمەنلىك بىلەن ئىشلىگەچكە ئاز- تولا بولسۇن ئىشەنچلىك ھېسابلىناتتىم.

— ئەمما بىر شەرتىم بار،—دېدى خوجايىن، —سۇسام بىلەن بىللە بارىسەن.

بۇنىڭدا چاتاق يوق ئىدى، سۇسامنى ياقتۇراتتىم، ئۆزى ئاق كۆڭۈل، بويى ئېگىز بولغان بىلەن ئەقلى ئالتە ياشلىق بالىغا ئوخشايدىغان، ھېلىگەرلىكنىڭ نېمىلىكىنى بىلمەيدىغان ھايالىق ۋە ئىشەنچلىك بىر ئادەم ئىدى. ھېچكىم ئۇنىڭ ئەسلى ئىسمىنى بىلمەيتتى، بەلكىم ئۆزىمۇ بىلمەسلىكى مۇمكىن. ھالۋىغا بەك ئامراق بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇنى "سۇسام"[1] دەيتتۇق. پاھىشىخانىدىن بىرەر پاھىشە كوچىغا چىقماقچى بولسا سۇسام ئۇنىڭ ئارقىسىدىن سايىدەك ئەگىشىپ ماڭاتتى. ئۇنىڭدىن ياخشى مۇھاپىزەتچىنى تىلەپمۇ تاپالمايتتىم.

بوستانلىق ئارىسىدىكى توپا يولدىن بىللە ماڭدۇق. بىر دوقمۇشقا كەلگەندە سۇسامغا بىر دەم ساقلاپ تۇرۇشنى ئېيتىپ، بىر چاتقاللىقنىڭ ئارقىسىغا ئۆتۈپ، ئىلگىرى بۇ يەرگە يوشۇرۇپ قويغان بىر تاغار ئەرلەر كىيىمىنى چىقاردىم.

[1] سۇسام— كۇنجۇت دېگەن مەنىدە —ت

ئەمما كىيىمىمنى ئالماشتۇرۇپ ئەرەنچە ياسانماق ئويلىغىنىمدىنمۇ تەس بولدى. ئاۋۋال كۆكسۈمگە ئۇزۇن شارپىلارنى باغلاپ مەيدەمنى تۈزلىشىم كېرەك ئىدى. ئاندىن قوڭۇر رەڭلىك تامبال، يۇڭ جىلتكە، سۇس قوڭۇر رەڭلىك تون كىيدىم،ئاندىن بېشىمغا دەستار ئورىدىم. ئاخىرىدا ئۇلار مېنى ئەرەب سەيياھى دەپ قالسۇن دەپ يۈزۈمنىڭ يېرىمىنى رەخت بىلەن ئورىۋالدىم.

سۇسامنىڭ يېنىغا قايتىپ بارغىنىمدا ئۇنىڭ كۆزلىرى ھەيرانلىقتىن چەكچىيىپ كەتتى.

— يۇر، ماڭايلى،— دەپ ئۇنىڭ يېڭىدىن تارتسام جىم تۇرىدۇ، يۈزۈمنى ئېچىپ،— بۇ مەن، مېنى تونۇمىدىڭمۇ؟— دېدىم.

سۇسام بىر قولىنى ئاغزىغا ئاپىرىپ، ھەيرانلىقتا تۇۋلىدى:

— چۆل گۈلى، بۇ سەنمۇ؟ نېمىشقا بۇنداق كىيىندىڭ؟

— ئۇشش، ساڭا بىر ئىشنى دېسەم، مەخپىيەتلىكنى ساقلىيالامسەن؟

سۇسام "ئەلۋەتتە" دېگەن مەنىدە بېشىنى لىڭشىتتى.

— ياخشى،— دەپ پىچىرلىدىم،— ھېچكىمگە ئېيتما، بولۇپمۇ خۇنساغا بىر ئېغىز گەپ قىلىپ سالما! بىز ئەمدى بازارغا ئەمەس، جامىگە بارىمىز.

سۇسام قورقۇنچ ئىچىدە چىرايىمغا تىكىلدى.

— بۇ مەن ئۈچۈن بەك مۇھىم،— دەپ يالۋۇردۇم ئۇنىڭغا،— ئەگەر گېپىمگە كىرىپ، بۇنى ھېچكىمگە دېمىسەڭ ساڭا چوڭ بىر قاچا ھالۋا ئېلىپ بېرىمەن.

"ھالۋا" دەپ سۆزنى تەكرارلىدى سۇسام ۋە ئاغزىغا تاتلىق بىر نەرسە تەگكەندەك تىلىنى تامشىپ قويدى. مۇشۇنداق تاتلىق ئۈمىدلەر بىلەن مەۋلانا ۋەز سۆزلەيدىغان جامىگە قاراپ ماڭدۇق.

* * *

نىكىياغا① يېقىن كىچىك بىر يېزىدا تۇغۇلدۇم، ئانام دائىم "سەن ياخشى ماكاندا، ئەمما يامان زاماندا تۇغۇلۇپ قالدىڭ" دەيتتى. دەۋر زۇلمەتلىك ئىدى، ئەتە نېمە بولىدىغانلىقىنى بىلگىلى بولمايتتى. بىر يىلدىن يەنە بىر يىلغىچە ئىشلار ئۆزگىرىپ تۇراتتى. دەسلەپتە ئەھلى سەلىپلەرنىڭ قايتىدىغانلىقىنى ئاڭلاپ قايغۇردۇق، ئۇلارنىڭ كونستانتىنپولدا قىلغان زۇلۇملىرىنى ئاڭلىدۇق، ئۆي-ئىمارەتلەرنى

① نىكىيا—ھازىرقى ئىسمى ئىزنىك، تۈركىيە بۇرسا ۋىلايىتىنىڭ بىر ناھىيىسى —ت

ۋەيران قىلىپ، چوڭ-كىچىك چېركاۋلاردىكى ھەيكەللەرنى چېقىپتۇ. كېيىن كىشىلەرنىڭ ھەممىسى سەلجۇقىيلارنىڭ ھۇجۇمى ھەققىدە پاراڭ سېلىشقا باشلىدى. سەلجۇق ئەسكەرلىرى پەيدا قىلغان ۋەھىمە تۈگىمەي تۇرۇپلا ۋەھشى قالماقلارنىڭ ھۇجۇمى باشلاندى. دۈشمەنلەرنىڭ ئىسمى ۋە جىسمى دائىم ئالمىشىپ تۇراتتى، ئەمما بىزنىڭ ھالاك بولۇش قورقۇنچىمىز ئىدا تېغىنىڭ ئۈستىدىكى قار دۆۋىلىرىدەك جايىدا قېلىۋېرەتتى.

ئاتا-ئانام ناۋاي بولۇپ، ئىككىلىسى خىرىستىئان دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئېتىقادلىق ئىنسانلار ئىدى. ئوچاقتىن يېڭى چىققان ناننىڭ پۇرىقى بالىلىقىمدىن بېرى ئېسىمدە قالغان ئەڭ دەسلەپكى خاتىرىدۇر. بىزنى باي دېگىلى بولمايتتى، بالىلىق ۋاقتىمدىلا بۇنى ھېس قىلغانىدىم. ئەمما نامرات ئەمەسلىكىمىزنىمۇ بىلەتتىم. دۇكىنىمىزغا كېلىپ تىلەمچىلىك قىلىدىغان پېقىر پۇقرالارنىڭ تەلمۈرۈپ تۇرغان كۆزلىرىدىن بىلەتتىم ھالىمىزنى. ھەر ئاخشىمى ئۇخلاشتىن ئاۋۋال يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ دۇئا قىلىپ، بىزنى ئاچ قويمىغان تەڭرىگە رەھمەت ئېيتاتتىم، ئۇنىڭ بىلەن دوستانە پاراڭلىشاتتىم، چۈنكى ئۇ چاغدا رەببىم مېنىڭ دوستۇم ئىدى.

مەن يەتتە ياشقا كىرگەندە ئانامنىڭ بويىدا قالدى. ھازىر ئويلىسام، ئانام نەچچە قېتىم بويىدىن ئاجراپ كەتكەن بولسا كېرەك، ئەمما ئۇ چاغدا بۇ ئىشلارغا ئەقلىم يەتمەيتتى. شۇنچىلىك ساددا ئىدىمكى، بوۋاقلار بۇ دۇنياغا قانداق تۇغۇلىدۇ؟ دەپ بىرسى سورىسا، تەڭرى ئۇلارنى يۇمشاق، پاكىز خېمىردىن يۇغۇرىدۇ دېيىشىم مۇمكىن ئىدى.

ئەمما ئانامنىڭ قارنىدا يۇغۇرۇلغان خېمىر غايەت يوغان بىر نەرسىگە ئوخشايتتى، كۆپ ئۆتمەي ئانامنىڭ قورسىقى باداڭدەك يوغىناپ، ماڭالماس ھالغا كەلدى. ئەمما يېزىنىڭ تۇغۇت ئانىسى ئانامنىڭ تېنىدە سۇلۇق ئىششىق بارلىقىنى ئېيتتى، ئەمما نېمە دېمەكچى بولغىنىنى چۈشىنەلمىدىم؛ بۇنىڭ نېمىسى يامان بولغىيدى.

ئەمما ئاناممۇ، تۇغۇت ئانىسىمۇ ھېچنېمىنى بىلەلمىگەنىدى: ئانامنىڭ بالىياتقۇسىدا بىر ئەمەس، ئۈچ كېزەك بالا بولۇپ، ئۈچىلىسى ئوغۇل ئىدى. ئۇلار ئانامنىڭ قورسىقىدا سوقۇشماقتا ئىدى. تۇغۇتقا يېقىن ئۈچ كېزەكنىڭ بىرى يەنە بىرسىنى بالا ھەمرىيى بىلەن بوغۇۋالغان، بوغۇلغان بوۋاق بولسا ئۆچ ئالماقچى بولغاندەك بالىياتقۇنىڭ چىقىش ئېغىزىنى توسۇۋالغانىدى. شۇنداق قىلىپ بوۋاقلارنىڭ ھەممىسى

سىقىلىپ، بالىياتقۇدىن چىقالماس ھالغا كېلىپ قالغانىدى. ئانام بۇ ئۈچ كېزەكنى تۇغۇش ئۈچۈن تۆت كۈن كۈچەپ باقتى، تاكى نەپسى ئۈزۈلۈپ ئاۋازى توختىغىچە كېچە-كۈندۈز ئۈنىڭ دات-پەريادلىرىنى ئاڭلىدۇق.

تۇغۇت ئانىسى ئانامنى قۇتقۇزالمىغاندىكىن ئۈچ كېزەك ئىنىمنى قۇتۇلدۇرۇشقا تۇتۇندى، قولىغا قايچا ئېلىپ ئانامنىڭ قورسىقىنى يارغان بولسىمۇ ئاران بىرسىنى قۇتۇلدۇرالىدى. ئىنىم مانا مۇشۇنداق تۇغۇلدى. دادام بۇ پېشكەللىكنى ئۇنىڭدىن كۆرگەندەك قىلىپ، تۇغۇلغان كۈندىن ئېتىبارەن ئۇنىڭغا سوغۇق مۇئامىلە قىلدى، ھەتتا يۈيۈندۇرۇش مۇراسىمىغىمۇ قاتناشمىدى.

ئانام ئۆلۈپ كېتىپ، دادام قايىقىنى ئاچمايدىغان، قوپال، سەپرا ئادەمگە ئايلىنىپ كەتكەندىن كېيىن تۇرمۇشىمىز كۆڭۈلسىزلىككە پاتتى، ناۋايخانىنىڭ ئىشلىرى ئاقمىدى.كۈنلەرنىڭ بىرىدە ناۋايخانىغا كېلىدىغان تىلەمچىلەردەك بولۇپ قېلىشىمىزدىن ئەنسىرەيتتىم. كارىۋىتىمنىڭ ئاستىدا نان ساقلاشقا باشلىدىم، نانلار بۇ يەردە قۇرۇپ كۆكىرىپ قالاتتى. ئەمما ئىنىم ماڭا قارىغاندا كۆپ ئازاب چەكتى. ھېچ بولمىغاندا مەن بىر مەزگىل بولسىمۇ مېھىر-مۇھەببەت، غەمخورلۇققا ئېرىشكەنىدىم، ئىنىم بۇنىڭ ھېچ بىرىنى كۆرۈپ باقمىدى. ئۇنىڭ بۇنداق يامان مۇئامىلىگە ئۇچرىشى مېنى غەزەبلەندۈرەتتى. ئەمما راستىنى ئېيتقاندا، دادامنىڭ غەزىپىگە ئۇچرىغۇچى مەن بولمىغانلىقىم ئۈچۈن ئۆزەمنى تەلەيلىك ھېساپلايتتىم. ئىنىمغا تەڭ تۇرۇشۇپ بەرگەن بولسام، ھەممە ئىش باشقىچە بولاتتى. مەنمۇ بۇگۈن كونيادىكى بۇ پاھىشىخانىغا كىرىپ قالمىغان بولاتتىم. بۇ ھايات نېمىدېگەن غەلىتە-ھە!

بىر يىلدىن كېيىن دادام قايتا ئۆيلەندى. ئىنىمنىڭ ھاياتىدا بولغان بىردىنبىر ئۆزگىرىش شۇ ئىدىكى، ئىلگىرى ئۇ دادامدىنلا يامان مۇئامىلىگە ئۇچرىغان بولسا، ئەمدى دادامدىن ھەم ئۆگەي ئانامدىن تەڭلا زۇلۇمغا ئۇچراۋاتاتتى. ئۇ پۇرسەت تاپسىلا ئۆيدىن قاچاتتى، قايتىپ كەلسە يامانلار بىلەن دوست بولۇپ، خۇي-پەيلى تېخىمۇ ئەسكىلىشىپ كەتكەن ھالەتتە قايتىپ كېلەتتى. بىر قېتىم دادام ئۇنى شۇنچىلىك قاتتىق ئۇردىكى، تىرىك قېلىشى بىر مۆجىزە ئىدى. شۇندىن ئېتىبارەن ئىنىم پۈتۈنلەي ئۆزگىرىپ كەتتى، كۆزلىرىدە قەھر-غەزەپ، ئۆچمەنلىك ئورناپ قالدى، بىر نەرسىلەرنى ئويلاۋاتقاندەك قىلاتتى، ئەمما كۆڭلىگە شۇم نىيەتلەرنى پۈكۈۋاتقانلىقىدىن خەۋەرسىز ئىدى. بىلگەن بولسام ئىدى، ئۇ پاجىئەلەرنىڭ ئالدىنى ئالالىغان بولاتتىم.

ئۇزاق ئۆتمەي دادام بىلەن ئۆگەي ئانامنىڭ ئۆلۈكىنى تاپتۇق. بىرسى ئۇلار يەيدىغان نانىنىڭ ئۇنىغا چاشقان ئۆلتۈرىدىغان دورا ئارىلاشتۇرۇۋەتكەنىدى. بۇنى ئاڭلاپلا ھەممە ئادەم ئىنىمدىن گۇمانلاندى. پاششاپلار ئۇنى سوراق قىلىپ بولغىچە ئۇ قورقۇپ قاچتى. شۇندىن كېيىن ئۇنى كۆرمىدىم. بۇ دۇنيادا ئۆزەم يالغۇز قالغانىدىم. ئانام ئۆلگەن ئۆيدە تۇرالمىدىم، ناۋايخانىدىمۇ قالالمىدىم. كېيىن بۇ دۇنيالىقتا بىردىنبىر تۇغقىنىم بولغان ھاماچامنىڭ ئۆيىگە كېتىشنى قارار قىلدىم. ھاماچام تېخى ئەرگە تەگمىگەن قېرى قىز بولۇپ، كونستانتىنپولدا ياشايتتى. ئۆي بىلەن ناۋايخانىنى شۇنداقلا تاشلاپ ئۇنىڭ يېنىغا بېرىش ئۈچۈن يولغا چىقتىم، ئۇ چاغدا 13 ياشتا ئىدىم.

كونستانتىنپولغا بارىدىغان بىر كىرا ھارۋىسىغا چىقتىم. بۇ ھارۋىدىكى ئەڭ ياش يولۇچى مەن ئىدىم. يولغا چىقىپ بىر نەچچە سائەتتىن كېيىن باندىتلار يولىمىزنى توسۇپ، سومكا-چامادان، دوپپا-قالپاق، ئۆتۈك، كەمەر، جاۋاھىرات، ھەتتا ھارۋىكەشنىڭ ھېسسىبىلىرىدىن تارتىپ ھەممە نەرسىمىزنى ئېلىۋالدى. مېنىڭ بەرگۈدەك ھېچنېمەم بولمىغاندىكىن بىر بۇلۇڭدا ئۈن-تىنسىز قاراپ تۇردۇم؛ ماڭا ئۇلار زىيانكەشلىك قىلمايدۇ دەپ ئويلايتتىم.

ئەمما ئۇلار مېڭىپ تۇرۇشىغا باندىتلارنىڭ كاتتىبېشى ماڭا قاراپ: ” گۈزەل قىز، ماڭا قارا، سەن يۈزى ئېچىلمىغان قىزمۇ؟“ دېدى.

خىجىللىقتىن قىزاردىم. بۇنداق بىمەنە سوئالغا جاۋاب بەرمىدىم. شۇنداقتىمۇ مېنىڭ قىزىرىشىم ئۇنىڭغا بېرىلگەن جاۋاب ئىدى.

— ئەمدى كېتەيلى!— دەپ توۋلىدى كاتتىباش،— ئاتلارنىڭ ھەممىسىنى ئېلىڭلار، بۇ قىزنىمۇ ئېلىپ مېڭىڭلار!

مەن يىغلاپ زارلاپ شۇنچە تىركەشسەممۇ يولۇچىلارنىڭ ھېچقايسىسى ياردەمگە كەلمىدى. باندىتلار مېنى بىر چوڭ ئورمانلىققا ئېلىپ كەلدى. ئورمانلىقنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئۆزلىرىنىڭ بىر مەھەللىسى بولۇپ، ئۇ يەردە بىر توپ ئاياللار ۋە باللار بار ئىدى. ھەممىلا يەردە غاز-ئۆدەكلەر، ئۆچكىلەر، چوشقىلار ئەركىن ئايلاپ يۈرەتتى. ئەگەر بۇ يەردە قاراقچىلار ياشىمىغان بولسا، ھەر كىم جاھاندىكى ئەڭ چىرايلىق يېزا مۇشۇكەن دەپ قالاتتى.

ئۇزاق ئۆتمەي قاراقچىلار باشلىقىنىڭ مېنىڭ قىز ياكى قىز ئەمەسلىكىمنى نېمىشقا سورىغانلىقىنى بىلدىم. قاراقچىلارنىڭ بىر رەھبىرى بولۇپ، قارا كېزىككە گىرىپتار بوپتۇ، كېسىلى ئېغىر بولۇپ، ئۇزۇن ۋاقىتتىن بېرى ئورۇن تۇتۇپ ياتقانىمىش، ھەر خىل دورا، ئىلاجلارنى

قىلىپ بېقىپتۇ، ئەمما پايدىسى بولماپتۇ. كېيىن بىرسى بۇنىڭ سېھىرلىك داۋاسى ھەققىدە ئۇنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلاپ:" يۇزى ئېچىلمىغان بىر قىز بىلەن بىللە ياتسا ئاق كېسەللىك ئۇنىڭغا كۆچىدۇ-دە، سەن پاكلىنىپ شىپالىق تاپىسەن" دەپتۇ.

ئۆمرۈمدە ئەسلەشنى خالىمايدىغان بىر مۇنچە ئىشلار بار. ئورمانلىقتا ئۆتكۈزگەن كۈنلىرىممۇ بۇنىڭ ئىچىدە. ھازىرمۇ شۇ ئورمانلىقنى ئەسلەپ قالسام پەقەت قارىغايلارنى خىيال قىلىمەن. مەھەللىمىدىكى ئايالLارنىڭ يېنىدا تۇرغاندىن كۆرە دەرەخلەرنىڭ ئارىسىغا كىرىپ يالغۇز ئولتۇرۇپ يىغلايتتىم. بۇ يەردىكى ئاياللار قاراقچىلارنىڭ ئاياللىرى ياكى قىزلىرى ئىدى. يەنە ئۆزى خالاپ كەلگەن پاھىشىلەرمۇ بار ئىدى. بۇلارنىڭ نىيىتى بۇ يەرگە كېلىدىغانلىقىغا ئەقلىم يەتمەيتتى. مەن بولسام بۇ يەردىن ھامان قاچىمەن دەپ ئويلايتتىم.

مەن دائىم بۇ ئورمانلىقتىن ئۆتىدىغان ئات ھارۋىلىرىنى كۆرەتتىم، بۇلارنىڭ كۆپىنچىسى ئېسىلزادىلەرنىڭ ئىدى. بۇ ھارۋىلارنىڭ نىيىتىشقا بۇلاڭ-تالاڭغا ئۇچرىمايدىغانلىقىغا ھەيران ئىدىم. كېيىن بىلدىمكى، ھارۋىكەشلەر بۇ ئورمانلىقتىن ئۆتۈشتىن ئاۋۋال قاراقچىلارغا پارا بېرىپ ئاندىن خاتىرجەم ئۆتىدىكەن. بۇ ئىشلارنىڭ مەخپىيىتىنى ئۇقۇۋالغاندىن كېيىن بىر پىلان تۈزۈپ، چوڭ شەھەرگە بارىدىغان بىر ھارۋىنى توختىتىپ، ھارۋىكەشكە مېنى ئېلىۋېلىشىنى ئېيتىپ يالۋۇردۇم. ئۇ مېنىڭ پۇلۇمنىڭ يوقلۇقىنى بىلىپ تۇرۇپ يۇقىرى ھەق تەلەپ قىلىپ تۇرۇۋالدى، بۇنىڭ بەدىلىنى باشقا ئۇسۇل بىلەن تۆلىدىم.

كونستانتىنىپولغا بېرىپ بىر قانچە كۈن ياشاپ، ئورمانلىقتىكى پاھىشىلەرنىڭ نىيىتىشقا ئۇ يەرگە بېرىشنى تاللىغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى چۈشەندىم. شەھەر ئورمانلىقتىن ناچار ئىدى، ھامماچامنى ئىزدەپ بارغۇممۇ كەلمىدى. مەندەك بىچارىنى ھېچكىم ئۆيىدە تۇرغۇزمايتتى. يالغۇز ئىدىم، بۇ شەھەرنىڭ روھىي جەھەتتىن ماڭا زۇلۇم سېلىشى ئۇزاققا بارمىدى. كېيىن تامامەن باشقا بىر دۇنياغا- قوپاللىق، يامانلىق، باسقۇنچىلىق، زۇلۇم ۋە مەرەزنىڭ ئىچىگە كىرىپ قالدىم؛ كەينى-كەينىدىن، قانچە قېتىم بويۇمدا قالدى، ئازاب ۋە ئاغرىققا چىداپ نەچچە بالىنى ئالدۇرۇۋەتتىم. بەدىنىم كاردىن چىقتى، ھەيز توختىدى، ياش تۇرۇپلا تۇغماس بولدۇم.

ئۇ كوچىلاردا شۇنچە كۆپ ئىشلارغا شاھىت بولدۇمكى، بۇنى سۆزلەشكە تىل ئاجىزلىق قىلىدۇ. شەھەردىن ئايرىلىپ ئەسكەرلەر، جانبازلار،

سەنئەتچىلەر، كاھىنلار، سىگانلار ئارىسىدا يۈردۈم. ئۇلارنىڭ شەھۋەت نەپسى ئۈچۈن قۇل بولدۇم. كېيىن چاكال كافا دەيدىغان بىر زوراۋان لۈكچەك مېنى تۇتۇپ، كونيادىكى بۇ پاھىشخانىغا ئەكەلدى.

خۇنسا خوجايىن مەن كارغا كەلگەن مۇددەت ئىچىدە مېنىڭ نەدىن كەلگەنلىكىم بىلەن ھېسابلىشىپ ئولتۇرمىدى. تۇغماس ئىكەنلىكىمنى بىلىپ خۇش بولدى، مەندىن ھامىلدارلىق مەسىلىسى چىقمايتتى. تۇغماسلىقىمغا قاراپ ماڭا ”چۆل“ دەپ لەقەم قويدى، ئەمما بۇ لەقەمنى تۈز، قوپال دەپ ئويلاپ، يېنىغا ”گۈل“ نى قوشۇپ زىننەتلىدى. شۇنىڭ بىلەن ”چۆل گۈلى“ دەپ ئاتىلىپ قالدىم.

مەن ئۈچۈن ھەممىسى بەرىبىر ئىدى، قاقشىمىدىم، زارلىمىدىم، گۈللەرنى ياخشى كۆرەتتىم، يوقاتقۇدەك نېمەم قالدى؟

ئىمانىمنى يوشۇرۇن بىر گۈل باغچىسى دەپ ئويلايتتىم. پۇرسەت بولسىلا ئۇ باغچىنىڭ ئىچىدە ئايلىنىپ خۇش پۇراقلارنى قېنىپ پۇرايتتىم، ئەمما بىر كۈنى تۇيۇقسىز ئۆزەمنى سىرتتا، ”جەننەت“تىن قوغلانغان ھالدا كۆردۈم. تەڭرىنىڭ ماڭا قايتا قۇچاق ئېچىشىنى شۇنچىلىك ئارزۇ قىلاتتىم. بالىلىق ۋاقتىمدىكىدەك، ئۇنىڭغىلا يۆنەلسەم كاشكى. مۇشۇ ئارزۇ بىلەن ئىمان باغچىسىنىڭ ئەتراپىنى ئايلىنىپ، ئوچۇق بىر ئىشىكنى ئىزدەيتتىم، ئەمما تاپالمايتتىم.

* * *

شۇنداق قىلىپ سۇسام بىلەن جامىگە باردۇق. كۆزلىرىمگە ئىشەنمەي قالدىم. ھەر كەسىپ، ھەر ساھەدىكى كىشىلەر بۆلۈك ـ پۇشقاقلارنى تولدۇرۇپ ئولتۇرغانىدى. ئاياللار ناماز ئوقۇيدىغان يەرنىمۇ ئەرلەر ئىگىلىۋالغانىدى. ئاسمانغا يىڭنە ئاتسا يەرگە چۈشمەيدىغان بۇنداق قىستاڭچىلىقتا نەدىن جاي تاپالايمەن؟ جايدىن ئۈمىد ئۈزۈپ كەينىمگە ئۆرۈلۈپ ماڭاي دەپ تۇرسام، ئالدىمدىكى رەتتە ئولتۇرغان بىر تىلەمچى ئورنىدىن دەرھال قوپۇپ، توپنى يېرىپ جامىدىن چىقىپ كەتكىلى ماڭدى. دەرھال ئۇنىڭ جايىدا ئولتۇرۇۋالدىم. سۇسام تالادا قالدى.

شۇنداق قىلىپ، مەن چۆل گۈلى پۈتۈنلەي ئەرەنچە ياسىنىپ، ئۆزەمنى جامىدە كۆردۈم. ئەنسىرەپلا ئولتۇراتتىم، ئۇلار ئەرلەر ئارىسىدا ئەرەنچە ياسىنىپ ئولتۇرغان بىر ئايالنى بىلىپ قالسا نېمە قىلىشىدۇ؟ بۇنى ئويلاپ بولالمايۋاتقاندا، ئۇلارنىڭ تېخى ئۇ ئايالنىڭ پاھىشە ئىكەنلىكىنى بىلىپ قالسا نېمە بولۇپ كېتىدىغانلىقىنى كاللامغا

كەلتۈرۈشنىمۇ ئەسلا خالىمايتتىم. ھالبۇكى مەن بۇ يەرگە مەۋلانانىڭ تەبلىغىنى ئاڭلىغىلى كەلگەنىدىم، ماڭا توغرا يول كۆرسىتىدىغان سۆزلەرگە مۇھتاج ئىدىم. بارلىق خىيال، ۋەھىمىلەرنى قوغلاپ چىقىرىپ، ۋەزگە دىققەت قىلدىم.

رۇمى دانىمۇ دانە سۆزلەيتتى: ”ئاللاھ تائالا زىتلىقلاردىن بەخت-سائادەت تۇغۇلسۇن دەپ تەقدىرنى ياراتتى. بۇ دۇنيا بىكاردىن بىكار ”ئالەمى كەۋنۇل فەساد“ يەنى ”بولۇش، مەۋجۇت بولۇش ئالەمى“ دەپ ئاتالمىغان. دۇنيادا ھەممە نەرسە ئۆزىنىڭ زىتلىقى بىلەن زاھىر بولىدۇ. پەقەت پەرۋەردىگارنىڭلا زىتى يوقتۇر، شۇڭا ئۇ ھەر قاچان مەخپىي قالىدۇ“.

ۋائىز گەپ قىلىۋاتقاندا ئاۋازى تاغ بۇلاقلىرىدەك ھەيۋەت ئاقاتتى.

” ئۇستىدە ئاسمان، پەستە تۇپراق، دۇنيا مانا مۇشۇنداق. موللۇق بىلەن قەھەتچىلىك، تىنچلىق بىلەن ئۇرۇش... ھەممە شەيئىنىڭ چوقۇم بىر زىتى بار. ئۇنتۇماڭلاركى، ئاللاھ ھېچ نەرسىنى بىكار ياراتمىغان، ھەر بىر دانچە، زەررىنىڭمۇ ئىلاھىي نىزامدا ئورنى بار“.

چۈشەندىمكى، بۇ دۇنيادا ھېچ قانداق نەرسە تەسادىپىي ياكى ئارتۇق ئەمەس. ھەممە نەرسە بىر مەقسەت ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ. ئانامنىڭ بويىدا قېلىشى، ئۈچ ئىنىمنىڭ بالىياتقۇدا توختىماي ئېلىشىشى، ئىنىمنىڭ يالغۇزلۇقى، ئاخىرىدا ئۇنىڭ دادام ۋە ئۆگەي ئانامنىڭ قاتىلىغا ئايلىنىشى، ئورمانلىقتا ئۆتكۈزگەن ئۇ قاباھەتلىك كۈنلەر، كونستانتىنپول كوچىلىرىدىكى كۈلپەتلىرىم... بۇلارنىڭ ھەممىسى ۋە ھەر بىرى مېنىڭ سەرگۈزەشتىلىرىمنى پەيدا قىلغانىدى. ھەر بىر زوراۋانلىقنىڭ ئارقىسىدا ياكى نېرىسىدا باشقا بىر سىر، باشقا بىر سەۋەب بار ئىدى. بۇنى چۈشەندۈرەلمىسەممۇ ئىچىمدىن ھېس قىلاتتىم.

بۈگۈن چۈشتىن كېيىن ئادەمگە لىق تولغان بۇ جامەدە رۇمىنىڭ تەبلىغىنى ئاڭلاۋېتىپ راھەتلەندىم، تىنچلاندىم. بۇ شۇنداق گۈزەل تەسلىمىيەت ئىدىكى، ئانام ياققان ناندەك ئىسسىق، يۇمشاق ئىدى...

تىلەمچى ھەسەن

كونيا، 1244-يىل، 10-ئاينىڭ 18-كۈنى

بېشىغا ئىش كەلمىگەن، قورسىقى توق مەۋلانا ئازاب چېكىشنىڭ پەزىلىتىنى يۈزى قىزارماي تۈرۈپ قانداق سۆزلەيدىكىن، ئىنسان ئۆزى بىلمەيدىغان ئىشلاردىن ئەمەس، بىلىدىغان ئىشلاردىن گەپ ئېچىشى

كېرەك. قاراپ چىداپ تۇرالماي، ئۆزەمگە ئۆزەم غۇدۇرلىغىنىمچە جامەدىن چىقىپ، ئىرەن دەرىخىنىڭ تۈۋىگە قايتا بېرىپ ئولتۇردۇم. جامەدىكى جامائەت تارقالغىچە ھېچكىم ئالدىمدىكى تاۋاققا پۇل تاشلىمايدىغانلىقى ئۈچۈن ئەتراپقا مۇڭلۇق نەزەردە قاراپ ئولتۇراتتىم. كۆزۈم ئۇيقۇغا ئىلىناي دەپ تۇرۇشىغا، ئىلگىرى ھېچ كۆرۈپ باقمىغان بىر ئادەم كۆزۈمگە چېلىقتى. ئۇ باشتىن ئاياغ تولۇق كىيىنگەن بولۇپ، يۈزى كوسا، قولىدا ئۇزۇن ھاسا، بىر قۇلىقىدا كۈمۈش زىرە، تۇرقى ئاجايىپ ئىدىكى، كۆزلىرىمنى ئۇنىڭدىن ئۈزەلمەي قالدىم.

دەرۋىش ئىككى تەرىپىگە قاراپ، مېنى كۆردى. كىشىلەرنىڭ مېنى كۆرسىمۇ كۆرمەسكە سېلىشىغا شۇنچىلىك كۆنۈك ئىدىمكى، ئۇنىڭ ماڭا بۇرۇلۇپ قارىشىنى كۈتتۈم. ئەمما دەرۋىش ئوڭ قولىنى كۆكسىگە ئېلىپ، ماڭا كونا دوستلاردەك سالام بەردى. ھەيران قېلىپ، باشقىسىغا سالام بېرىۋاتقان ئوخشايدۇ دەپ ئويلاپ، ئىككى تەرىپىمگە ئىختىيارسىز قارىدىم، ئەمما بۇ يەردە پەقەت مەن ۋە ئىرەن دەرىخى بار ئىدى. دېمەك، سالام بېرىلگۈچىنىڭ ئۆزەم ئىكەنلىكىنى بىلىپ، مەنمۇ قولۇمنى كۆكسۈمگە ئېلىپ ئۇنىڭغا جاۋاب بەردىم.

ئۇ ماڭا ئاستا يېقىنلاپ كەلدى، بېشىمنى ئېگىپ، تاۋىقىمغا تەڭگە ياكى نان تاشلايدۇ دەپ ئولتۇردۇم. ئەمما دەرۋىش ئالدىمغا كېلىپ يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ ماڭا تىكىلىپ:

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، قېرىندىشىم، — دېدى.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام دەرۋىش، — دېدىم گاراڭ-گۇرۇڭ. ئاۋازىم ئۆزەمگە غەلىتە ئاڭلاندى. دېمەك، بىرسى بىلەن پاراڭلاشمىغىلى ئۇزۇن زامانلار بولغاچقا، ئاۋازىمنىڭ نېمىگە ئوخشايدىغانلىقىنى ئۇنتۇپ كەتكەنىدىم.

ئۇ ئۆزىنى تونۇشتۇردى، ئىسمى شەمسى تەبرىزىمىش. مېنىڭ ئىسمىمنى سورىدى.

كۈلدۈم:

— مېنىڭ ئىسمىم بولسا نېمە بوپتۇ، بولمىسا نېمە بوپتۇ؟

دەرۋىش ئېتىراز بىلدۈردى:

— ھەر ئادەمنىڭ بىر ئىسمى بولىدۇ. ئاللاھنىڭ سانسىز ئىسىم-سۈپىتى بار، بىز پەقەت بۇلارنىڭ توقسان توققۇزىنى بىلىمىز. ئويلاپ باقىنا، ئاللاھنىڭ بۇنچە كۆپ ئىسمى تۇرسا، ئۇ ئۆز روھىدىن جان بەرگەن بىر ئىنسان قانداقمۇ نام-نىشانسىز ياشايدۇ؟

بۇ سوئالغا نېمە دەپ جاۋاب بېرىشىمنى بىلمىدىم، جاۋاب بېرىپ باقاي دەپمۇ ئويلىمىدىم. راستىمنى ئېيتىپ ئىشنى تۈگەتتىم:

— ئىلگىرى مېنىڭ بىر ئانام ۋە ئايالىم بولۇپ، مېنى ھەسەن دەپ ئاتايتتى.

شەمس بېشىنى لىڭشىتىپ ”ئۇنداقتا مەن سېنى ھەسەن دەپ ئاتاي“ دېدى. ئاندىن مەن ئويلاپ باقمىغان بىر ئىشنى قىلدى، قوينىدىن بىر كۈمۈش ئەينەك چىقىرىپ ماڭا ئۇزىتىپ ”بۇنى ئال— دېدى،— بۇنى باغداتتىكى مۇبارەك بىر زات بەرگەنىدى، سېنىڭ رىسقىڭ چۈشكەن ئوخشايدۇ. ئەگەر ئۆزەڭنى ئۇنتۇپ قالغۇدەك بولساڭ، بۇ ئەينەك ساڭا ئىچىڭدىكى ئىلاھىي گۈزەللىكنى كۆرسىتىدۇ“.

— ماخاۋ كېسەللى بولغان بىر ئادەمگە ئەينەك بېرەي دەۋاتامسەن؟— دېدىم ھەيرەت بىلەن،— مەن شۇنداق سەت تۇرسام...

گېپىمنى داۋاملاشتۇرۇشقا پۇرسەت بولمىدى، ئارقىمىزدىن پاتپاراقچىلىق چىقتى. دەسلەپتە جامىدە بىرەر يانچۇقچى تۇتۇلغان ئوخشايدۇ دەپ ئويلىدىم، ئەمما ۋاقىراش ـ جاقىراشلار بارغانچە كۈچىيىپ كەتتى. بەلكى ئۇ يەردە ئۇنىڭدىنمۇ قورقۇنچلۇق بىر ئىش يۈز بەرگەنىدى. بىر يانچۇقچى ئۈچۈن بۇنچىۋالا غەلۋە ـ غوغا كۆتۈرۈلمەيتتى.

كۆپ ئۆتمەي نېمە ئىش بولغانلىقىنى بىلدۇق. بىر ئايال ئەرەنچە ياسىنىپ جامەگە كىرىشكە ئۇرۇنغانمىش، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ ئېپپەتلىك ئايال ئەمەس، بەلكى بىر پاھىشەمىش. ئۇنى تۇتۇۋالغان بولۇپ، قارىساق، بىر توپ ئادەم ئۇنى دۆشكەللەپ،ئىتتىرىپ تالاغا چىقىرىۋاتاتتى، كەينىدىن بىر توپ ئادەم غەزەپ بىلەن ۋاقىرايتتى:

— ئۇرۇڭلار بۇ يالغانچىنى، ئۇرۇڭلار بۇ جالاپنى!

غەزەب بىلەن ئېتىلغان ئاياقلار كوچىغا چىقتى. ئوتتۇرىدا ئەرەنچە ياسانغان بىر ئايالنى كۆردۈم، قورقۇنچتىن ھازىرلا ئۆلىدىغاندەك تاتىرىپ، ئاقىرىپ كەتكەنىدى. بادام كۆزلىرى دەھشەتلىك پىلدىرلايتتى. بۇگۈنگە قەدەر نۇرغۇن ئۆلۈم جازالىرىنى كۆردۈم، ھەر قېتىم ھەيران قالاتتىم. ئۆزى يالغۇز چاغدا شۇنچە كەمتەر، سەۋرچان، ھەتتا مۇلايىم كىشىلەر بىر توپ ئادەمنىڭ ئارىسىغا كىرگەندە ئۆزگىرىپ، قوپاللىشىپ، رەھىمسىزلىشىپ كېتەتتى. ھۈنەرۋەن، تىجارەتچى، دۇكاندار، ياغاچچى دېگەنلەر، ئۆمرىدە بىر تال چۈمۈلىنىمۇ دەسسىمەيدىغان شۇ ئادەملەر بىر گۇرۇھ بولۇپ ھەرىكەت قىلسا ۋەھشىيلىشىپ كېتەتتى، مەيداندا جازالاش ئادەتتىكى ئىشلار

ئىدى. بۇنداق ئىشلار كۆپىنچە قانلىق پاجىئە بىلەن ئاخىرلىشاتتى، جەسەتلەر ئىبرەت ئۈچۈن شۇ مەيدانغا ئېسىپ قويۇلاتتى.

”بىچارە ئايال“ دېدىم دەرۋىشكە، ئەمما قارىسام دەرۋىش يوق، ئولتۇرغان يېرىدە شامال ئۈچۈپ تۇراتتى. كۆردۈمكى، ئۇ شامالدەك قوزغىلىپ، ئوقيادىن ئېتىلغان ئوقتەك تېزلىك بىلەن شۇ ئادەملەرگە قاراپ كېتىۋاتاتتى! مەن دەرھال ئۇنىڭ كەينىدىن ئەگەشتىم، يېتىشىۋېلىش ھەرگىز مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

ئېتىلغان ئاياقلار ئۇ ئايالنىڭ كاللىسىغا تېگىپ بولغىچە شەمس ھاسىسىنى بايراقتەك كۆتۈرۈپ ئاۋازىنىڭ بارىچە توۋلىدى:

— توختاڭلار!

ئادەملەر دەۋرەپ كەتتى، ئۇلار ئايالنى ئىتتىرىشنى توختىتىپ، ئۆزلىرىنىڭ ئالدىنى توسقان بۇ قارا كىيىملىك تەلۋىگە قارىدى.

— نېمە ئىش بۇ، نومۇس قىلمامسىلەر؟— دەپ ۋاقىرىدى شەمس ۋە ھاسىسىنىڭ تۆمۈر ئۇچىنى يەرگە ئۇردى،— ئوتتۇز ئادەم بىر ئايال بىلەن ئېلىشىۋاتامسىلەر؟ بۇ ئىشىڭلار ئادىللىقمۇ؟

پور كۆتەك، ئېيىق يۈز، بىر كۆزى ئاجىز بىرسى ئالدىغا چىقىپ:

— بۇ ئايال جازالىنىشقا ھەقلىق،— دېدى،— گۇناھسىز بولسا جازالانمايدۇ.

بۇ ئەلپازىدىن ئۇ ئۆزىنى مۇشۇ بىر توپ ئادەمنىڭ باشلىقى دەپ ھېسابلايتتى، يېقىن بىرىپ ئۇنى تونىدىم، ئۇ بايبارىس دەيدىغان پاششاپ بولۇپ، كونيا شەھىرىنىڭ بارلىق تىلەمچىلىرى ئۇنىڭدىن بىزار ئىدى.

— بۇ ئايال جامائەتنى ئالداش ئۈچۈن ئەرەنچە ياسىنىپ جامەگە سوقۇنۇپ كىرىپ، نومۇس قىلماستىن ئەرلەرگە ئارىلىشىۋالدى،— دېدى بايبارىس سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ.

— يەنى سىېنىڭچە، بۇ ئىنسان جامەگە ۋەز-تەبلىغ ئاڭلاش ئۈچۈن كەلدى، بۇنىڭغا قانداق جازا بېرىشىمىز كېرەك، شۇنداقمۇ؟— دەپ سورىدى شەمس،— جۇمە نامىزىغا كېلىش قاچاندىن بېرى جىنايەت بولۇپ قالدى، دەپ بېقىڭلارچۇ؟

ئادەملەردىن ھېچ سادا چىقمىدى.

غەزەبتىن يۈزى قىزىرىپ كەتكەن بىر ئادەم:

— ئاياللارغا جۇمە پەرز ئەمەس، كەلمىسۇن!— دەپ ۋاقىرىدى نېرىدا تۇرۇپ،— ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ ئېپپەتلىك ئايال ئەمەس، بەلكى پاھىشە! بۇ مۇبارەك جامەدە ئۇنىڭ نېمە ئىشى بار؟

بۇنىڭ بىلەن ئارقىدا تۇرغان بىر نەچچە ئادەم ئىختىيارسىز ۋاقىرىشىپ كەتتى:
ــ پەسكەش، رەسۋا!
بۇ مالىمانچىلىققا قېتىلغان بىر يىگىت ئېتىلىپ بېرىپ ئۇ ئايالنىڭ سەللىسىنى قامالىلىدى. سەللە يېشىلىپ ئۇ ئايالنىڭ پارقىراق، ئۇزۇن، بۇغداي رەڭگىدىكى ساغۇچ چاچلىرى دولقۇنلاپ يېيىلدى. ھەممە ئادەمنىڭ دېمى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى، بۇ پاھىشەنىڭ ياشلىقى، گۈزەللىكى ھەممىنىڭ ئەقلىنى ئازدۇراتتى.
شەمس ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى مۇرەككەپ ھېسسىياتلارنى بىلگەن بولسا كېرەك، ھەممىسىگە قاراپ شۇنداق دېدى:
ــ بۇ ئايالنى ياخشى كۆرەمسىلەر يا يامان كۆرەمسىلەر، بىر نەرسە دەڭلار قېرىنداشلىرىم؟
شەمس شۇنداق دەپلا پاھىشەنىڭ قولىنى تۇتۇپ ئۆزىگە تارتىپ، ئاياقلارنىڭ ھۇجۇمىدىن ساقلاپ قالدى. ياش ئايال دەرۋىشنىڭ ئارقىسىغا يوشۇرۇنۇپ، ئانىسىنىڭ ئېتىكى ئاستىغا كىرىۋالغان كىچىك قىزدەك يەرگە ئولتۇرۇۋالدى.
بايبارس شەمسنىڭ ئالدىغا ماڭغاچ گۈكىرىدى:
ــ چوڭ خاتالىق ئۆتكۈزۈۋاتىسەن دەرۋىش، سەن بۇ شەھەرلىك ئەمەس، بىزنىڭ ئادەتلىرىمىزنى بىلمەيسەن، شۇڭا بۇ ئىشقا ئارىلاشما!
ــ سەن قانداق دەرۋىش؟ پاھىشەنى قوغداشتىن باشقا مۇھىم ئىشىڭ يوقمۇ؟ــ دېدى يەنە بىرى.
شەمس تەبرىزى بۇ قارشىلىقنى توغرا چۈشىنىۋاتقاندەك بىر دەم تۇرۇۋالدى، چىرايىدىن ھېچ ئاچچىقلانغانلىقى كۆرۈنمەيتتى، تەمكىن ۋە قەتئىي ئىدى:
ــ ئۇنداقتا سىلەر باشتا بۇ ئايالنى قانداق تونۇپ قالدىڭلار؟ دېمەك، سىلەر جامەگە بېرىپ ئوڭ-سولۇڭلارغا قاراپ ئولتۇردۇڭلار. ھەقىقىي مۇئمىن يېنىدىكى ئادەمنىڭ بىر يېرى ئوچۇق قالسىمۇ دىققەت قىلمايدۇ. كىمكى ئاللاھنى ھەقىقىي زىكرى قىلسا ئۇ ئاللاھتىن باشقا ھەممە نەرسىنى ئۇنتۇيدۇ. سىلەر بۈگۈن بۇ ئايالنى تۇتۇۋالمىدىڭلار، بەلكى ئۆزەڭلارنى رەسۋا قىلدىڭلار! ئۇنى تۇتۇۋېلىش ئارقىلىق ئەقلى-ھوشۇڭلارنىڭ باشقا يەردە ئىكەنلىكىنى ئاشكارىلىدىڭلار! ئەمدى جامەگە كىرىڭلار، ئىنشائاللا، بۇ قېتىم ھەقىقىي ئىمان ئېيتقايسىلەر.

كوچىنىڭ ئىچى جىمپىلا كەتتى، ئادەملەر ئۈستىدە ئۇچۇشۇپ يۈرگەن توپا ـ توزاندىن باشقا ھېچ نەرسە مىدىرلىمىدى.

ئاخىرىدا شەمس تەبرىزى ھاسىسىنى پۇلاڭلىتىپ " قېنى، ھەممىڭلار جامەگە، مەۋلانانىڭ تەبلىغىنى ئاڭلىغىلى مېڭىڭلار" دەپ كىشىلەرنى ھەيدىدى.

كۆزلىرىمگە ئىشەنمەي قالدىم، ھەممە ئادەم ھودۇقۇپ تۇرۇپ قېلىشقانىدى. ھېچكىم ئارقىسىغا يانمىدى، ئەمما كۆپىنچىسى بىر نەچچە قەدەم چېكىنگەنىدى. نېمە قىلىشلىرىنى بىلمەي ئەتراپىغا ھاڭۋېقىپ قاراۋاتقانلار كۆپ ئىدى. شۇ ئەسنادا پاھىشە دەرۋىشنىڭ ئارقىسىغا يوشۇرۇنۇۋالغان يېرىدىن ئۈركەك تاغ توشقىنىدەك ئېتىلىپ چىقىپ، ئۆزۈن ساغۇچ چاچلىرىنى پۇلاڭلىتىپ يۈگۈرگىنىچە يان كوچىغا كىرىپ، ھەش ـ پەش دېگۈچە كۆزدىن غايىب بولدى. ئىككى ئادەم ئۇنى قوغلىماقچى بولۇۋىدى، شەمس تەبرىزى ھاسىسىنى ئۇلارنىڭ پۇتىغا ئاتتى، ئىككىلىسى يەرگە دۈم چۈشتى. ئەتراپتىكىلەر كۈلۈشكە باشلىدى، مەنمۇ كۈلدۈم. ھودۇقۇپ بېشى قېيىپ كەتكەن كەتكەن ئىككىسى ئورنىدىن تۇرغاندا پاھىشە ئاللىقاچان ئۇزاپ كەتكەن، دەرۋىش بولسا، بۇ ئىشنى تۇگەتتىم دەپ ئويلاپ بۇ يەردىن كەتكەنىدى.

ھاراقكەش سۇلايمان

كونيا، 1244 ـ يىل، 10 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى

بېشىم ئېغىر، قوللىرىمنىڭ جېنى يوق، كۆزۈمنى يۇمدۇم. ئۇخلاپ قالاي دېگەندە تالادا چىققان ئوپۇر ـ توپۇردىن سەكرەپ قوپتۇم، قورقۇپ كېتىپ:

ــ نېمە بولدى؟ــ دەپ ۋاقىرىدىم.ــ موڭغۇللار باستۇرۇپ كەلدىما؟

بىرلىرى پىخىلداپ كۈلۈشۈپلا كەتتى، قارىسام باشقا ھاراقكەشلەر مېنى مازاق قىلغىلى تۇرۇپتۇ. قارا بۇ ساراڭلارغا!

ــ قورقما، سۇلايمان زابوي!ــ دەپ توۋلىدى مەيخانىنىڭ خوجايىنى خىرىستوس،ــ كوچىدىن كېلىۋاتىدۇ بۇ پاتپاراق ئاۋازلار، مەۋلانا ۋەز ـ تەبلىغىنى تۈگىتىپ قايتىۋاتىدۇ، مۇخلىسلىرى كەينىدىن ئەگىشىپ كېتىپ بارىدۇ.

دېرىزىگە كېلىپ قارىدىم، ئەھۋال دەرۋەقە ئۇنىڭ دېگىنىدەك ئىدى، مەۋلانا ئاتنىڭ ئۈستىدە، مۇخلىسلىرى ئۇنىڭ كەينىدە ئۆزۈن بىر سەپ

بولۇپ كوچىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتاتتى. رۇمى توپىنىڭ ئوتتۇرىسىدا، ئاتنىڭ ئۈستىدە قەددىنى تىك تۇتۇپ ئولتۇراتتى.

دېرىزىنى ئېچىپ، بەلگىچە ئېگىلىپ بۇ قاينام ـ تاشقىنلىقنى تاماشا قىلىشقا باشلىدىم. كىشىلەر قوشۇغۇزدەك ئاستا كېتىۋاتاتتى، ئۇلارغا شۇنچىلىك يېقىن ئىدىمكى، قولۇمنى ئۇزاتسام بىرسىنىڭ بېشىنى تۇتالايتتىم. كاللامغا تۇيۇقسىز قىتىغۇر بىر خىيال كەلدى: بىر نەچچىسىنىڭ سەللىسىنى ھېچكىمگە تۇيدۇرماي ئالماشتۇرۇپ قويسامچۇ!

دەرھال بېرىپ خىرىستوسنىڭ ياغاچ دەستىلىك قاشلىغۇچىنى ئېلىپ كەلدىم، بىر قولۇمدا دېرىزىنى تۇتۇپ، يەنە بىر قولۇمدا قاشلىغۇچنى ساڭگىلىتىپ، ئالدىمغا تازا ئېگىلىپ، بىر ئادەمنىڭ سەللىسىنى ئالاي دېگەندە توپىنىڭ ئىچىدىن بىرسى يۇقىرىغا قاراپ، مېنى كۆرۈپ قالدى.

ــ ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم،ــ دېدىم يۈزى قىپقىزىللىق بىلەن.

ــ شۇپاڭخاندىن سالام قىلىۋاتامسەن تېخى، ھۇ ئەخلاقسىز! مۇسۇلمانمىش تېخى! نومۇس قىل، نومۇس،ــ دەپ ۋاقىرىدى ئۇ،ــ شاراپ ئىچمەك شەيتاننىڭ ئىشى، بۇنى بىلمەمسەن؟

بىر نەرسە دەي دەپ تۇراتتىم، كاللامدىن بىر نەرسە ”ۋىڭ“ قىلىپ ئۇچۇپ ئۆتۈپ كەتتى، نېمە بولغىنىنى بىلىپ قورقۇپ كەتتىم، بىرسى ماڭا تاش ئاتقانىدى، ئاخىرقى پەيتتە ئېڭىشىۋالمىغان بولسام كاللامنى يېرىۋېتەتتى. ئۇچۇق دېرىزىدىن كىرگەن تاش بېشىمنى سىيپاپ ئۆتۈپ ئارقامدا ئولتۇرغان ئىرانلىق گىلەم سودىگىرىنىڭ جوزىسىغا تاققىدە چۈشكەنىدى. نېمە بولغىنىنى بىلەلمىگۈدەك دەرىجىدە چالا مەست بولۇپ كەتكەن سودىگەر ئۇ تاشنى قولىغا ئېلىپ كۆزىتىۋاتاتتى.

خىرىستوس ئەنسىرەپ توۋلىدى:

ــ سۇلايمان، دېرىزىنى چاپسان تاقاپ، جايىڭدا ئولتۇر!

ــ نېمە بولغىنىنى كۆردۈڭمۇ؟ــ دەپ سورىدىم ھاياجاندىن دىر ـ دىر تىترەپ، ھاراق شىرەسىگە يېنىپ كەلدىم،ــ بىرسى ماڭا تاش ئاتتى، ئۆلگىلى تاس قالدىم!

خىرىستوس بىر قېشىنى ئاتتى:

ــ ئۇلارنى نېمە قىلىدۇ دەپ ئويلىغانىدىڭ؟ ئۇلارنىڭ مەيخانىدا بىر مۇسۇلماننى كۆرسە ئۆچ كۆرىدىغانلىقىنى بىلمەمتىڭ؟ سەنمۇ مەست بوپسەن، ئاغزىڭدىن ھاراق پۇرىتىپ، بۇرنۇڭنى ئوتقاشتەك قىزارتىپ يۈرسەڭ، شۇنداق بولماي قانداق بولاتتى؟

— مەيلى، گۇناھ مەندە، خەقنىڭ نېمە ئىشى،— دەپ غۇدۇرلىدىم،— مەن ئىنسان ئەمەسمۇ؟

— بۇنچە نازۇك بولۇپ كەتمە سۇلايمان!— دېدى خىرىستوس دۇمبەمنى سىلاپ.

— بولۇشۇم شۇ، بۇ مۇتەئەسسىپلەردىن بەك بىزار بولدۇم. تەڭرىنىڭ يېنىغا بېرىۋالغانلىرىغا شۇنچىلىك ئىشىنىدۇكى، باشقىلارنى كۆزىگە ئىلمايدۇ.

خىرىستوس جاۋاب بەرمىدى. ئۇ دىندار ئادەم بولسىمۇ، مەست خېرىدارلىرىنى رازى قىلىشنىمۇ بىلىدىغان ماھىر مەيخانىچى ئىدى. بىر دەمدىن كېيىن ئۇ ئالدىمغا بىر قەدەھ قىزىل شاراپ قويىدى. مەن ئۇنى كۆتۈرۈپ ئىچىۋاتقاندا ئۇ بىر چەتتە ماڭا قاراپ تۇردى. سىرتتا غۇر-غۇر شامال چىقتى، ئۇنىڭ نېمە دەۋاتقانلىقىنى بىلمەكچى بولغاندەك بىر دەم دىققەت بىلەن ئاڭلىدۇق.

— مۇشۇ شاراپنىڭ ھاراملىقى كاللامدىن ھېچ ئۆتمەيدۇ،— دەپ غۇدۇرلىدىم،— شاراپ ناچار نەرسە بولسا نېمىشقا جەننەتتە چەكلەنمەيدۇ؟ جەننەتتە چەكلەنمىگەن ئىكەن، نېمىشقا بۇ يەردە چەكلىنىدۇ؟

خىرىستوس ماڭا نەزەر تاشلىدى.

— بولدى، يەنە گەپ باشلىما،— دېدى ئۇ،— بۇنچە كۆپ سوئال سورىمىساڭ تۇرالمامسەن؟

— ئەلۋەتتە، ئەگەر ئويلىنىپ سوئال سوراپ تۇرمىساق، تەرخەمەك، كاللەك بەسەيدىن نېمە پەرقىمىز قالىدۇ؟ خۇدا بىزگە ئويلانسۇن دەپ بۇ ئەقىلنى بەرگەن.

— سۇلايمان، دوستۇم، بەزىدە سەندىن ئەنسىرەپ قالىمەن.

— مەندىن غەم قىلما،— دېدىم گەپنى تۈگىتىپ.

ئەمما خىرىستوسنىڭ گېپى تېخى تۈگىمىگەنىدى:

— بىز كونا تونۇش، سېنى خېرىدارىم ئەمەس، دوستۇم دەپ تونۇيمەن. ئۆزەڭ ھەربىي ئادەمسەن، بىر كىمگە يامانلىق قىلغىنىڭنى كۆرمىدىم، ئەمما گەپكە دىققەت قىلمايسەن. شۇڭا سەندىن ئەنسىرەيمەن. كونىيادا ھەر خىل ئادەملەر بار، مۇسۇلمانىنىڭ ھاراق ئىچىشىدىن يىرگىنىدىغانلار بار. كىشىلەر بىلەن ئارىلاشقاندا دىققەت قىل، سۆزۈڭگە دىققەت قىل، ئۆزەڭنى ئاۋايلا...

مەن بۇ گەپلەرنى ئىختىيارسىز بېسىقتۇردۇم:

— قېنى، ھەييامنىڭ بىرەر روبائىيسىنى ئوقۇپ پاراڭلارنى ئەۋجىگە كۆتۈرەيلى.

خىرىستوس يەنە بىر نەرسە دەپ بولغىچە، بايا پارىڭىمىزنى ئاڭلاپ ئولتۇرغان ئىرانلىق سودىگەر:

— ياشاپ كەت! ھەيياملىڭ روبائىيسىنى ئاڭلايمىز!— دېدى.

باشقا خېرىدارلارمۇ ئۇنى تەلەپ قىلماي قالارمىدى؟ ئۆزەمنى تۇتالماي شىرەنىڭ ئۈستىگە چىقىپ روبائىي ئوقۇشقا باشلىدىم:

شاراپ ئىچمەك كەيىپتىن ئەمەس،

دىن يا ئەخلاقىي ئەيىبتىن ئەمەس.

ئىرانلىق سودىگەر ھاياجانلىنىپ ۋاقىرىدى:

— شۇ ئەمەسمۇ، كۆڭلىمىزدىكىنى دەپتۇ!

بىر ئان يوقىتىشچۇن خۇدىمىزنى،

ئىچىپ-ئىچىپ بولدۇق مەست-ئەلەس.

شۇنچە يىللاردىن بېرى ئىچىپ كېلىۋاتىمەن، تەبىئىتىم شۇنداق، قانداق قىلىمەن؟ بىلمىدىغىنىم، ھەر كىم ئۆز مىجەزىگە بېقىپ ئىچىدۇ. بەزىلىرى ھەر ئاخشىمى چىلاشقۇدەك ئىچىپ يەنە ھېچكىمگە زىيان سالمايدۇ. پەقەت چالا مەست بولۇپ غەزەل توۋلاپ، ئاخىرىدا غىپپىدە تىكىۋېتىدۇ. بەزىلىرى بىر قەدەھ ئىچىپلا ھايۋانغا ئايلىنىپ، ئۇنىڭ-بۇنىڭغا نوچىلىق قىلىدۇ، ئادەم ئۇرىدۇ. دېمەك، مەسىلە، ھاراقتا ئەمەس، بىزدە.

كۆپ ئىچسەم بارغانچە يوقايدۇ ئەقلىم،

ئىچمىسەم بارغانچە قاچىدۇ كەيپىم.

ساق ياكى مەست ئەمەس ھالىمىز بارغۇ،

شۇ ھالدا ياشىغان ئەڭ ياخشى بەلكىم.

ئالقىش ساداسى ياڭرىدى، خىرىستوسمۇ ئۆزىنى تۇتالماي چاۋاك چالدى. كونيانىڭ يەھۇدىي مەھەللىسىدە، بىر خىرىستىئاننىڭ مەيخانىسىدا، ھەر خىل ئېتىقاد، ھەر خىل مىجەزدىكى پۈتۈن ھاراقكەشلەر خۇشاللىق بىلەن قەدەھلىرىمىزنى كۆتۈردۇق. بىر دەم بولسىمۇ ئارىمىزدا ئايرىم، غەيرىي ئادەملەر قالمىدى، شۇنداقلا ھەممىمىز، شۇنچە ئەيىب-نۇقسانلىرىمىز بولسىمۇ ئاللاھنىڭ بىزنى كەچۈرگەنلىكىنى، ھەتتا بىزنى

ئۆزىمىزدىنمۇ بەك ياخشى كۆرگەنلىكىنى گەپ-سۆزدىن ئەمەس، يۈرىكىمىزدىن ھېس قىلدۇق.

ئېللا

بوستون، 2008-يىل 5-ئاينىڭ 30-كۈنى

«ئۆي ئايالىرى بىلىشكە تېگىشلىك بىلىملەر» ناملىق بىر ئىنتېرنېت توردا مۇنداق يېزىلغانىدى:"بۇ يىپ ئۇچلىرىغا دىققەت قىلىڭ: ئېرىڭىز ئۆيگە كەلگەندە ئۇنىڭ چاپىنى، كۆينىكىنى تەكشۈرۈڭ. يات ئەتىر پۇرىقى ياكى گىرىم داغلىرىنى بايقىسىڭىز ئۇنىڭدىن گۇمانلانسىڭىز بولىدۇ، بولۇپمۇ لەۋسۇرۇخقا بەك دىققەت قىلىڭ!".

5-ئاينىڭ ئاخىرقى كۈنلىرى، ئېللا رۇبىنستېين ئۆيىدە «ئىشق شەرىئىتى»نى ئوقۇپ دەم ئېلىش ئارىلىقىدا تەسادىپىي زىيارەت قىلغان بىر تور بېكىتىدە ئۇچراتقان: "ئېرىڭىزنىڭ سىزنى ئالدىغان-ئالدىمىغانلىقىنى ئون سوئال ئارقىلىق قانداق بىلىسىز؟" دېگەن سوئاللارغا جاۋاب بېرىۋاتاتتى. سوئاللار شۇنچە ئاددىي، كونا بولسىمۇ، ئۇنىڭغا جاۋاب بەرمەي تۇرالمىدى. ئەر-خوتۇن مۇناسىۋەتلىرىگە دائىر سىناق سوئاللىرى شۇنچە مۇھىم ھەم شۇنچە بىمەنە سوئاللار بولسىمۇ، ئېللا بۇ ھاياتنىڭ بەزىدە ئاشۇنداق ئاددىي بولىدىغانلىقىنى بىلەتتى، تۇرمۇش تەجرىبىلىرى بۇنى ئىسپاتلايتتى.

ئېللا سوئاللارغا جاۋاب بېرىپ بولغاندىن كېيىن، نومۇرلارنى توپلاپ نەتىجىگە قاراپ باقسا بولاتتى، ئەمما ئۇنداق قىلمىدى. سوئاللارغا جاۋاب بەرگۈسى بولسىمۇ، ئېرىنىڭ ئۆزىنى ئالدىغانلىقىنى باشقا بىرسىنىڭ ئاغزىدىن، يەنە كېلىپ بىر تور بېكىتىدىن بىلىشنى خالىمايتتى. بۇ ھال ئۇنىڭ بۇ مەسىلىدە داۋىد بىلەن پاراڭلىشىشنى خالىمىغانلىقىغا ئوخشايتتى. ئېللا ئۇنىڭ ئۆيگە كەلمىگەن ئاخشىمى نەدە قونغانلىقىنى تېخى سورىمىغانىدى. كۆپىنچە ۋاقتىنى «ئىشق شەرىئىتى»گە تەقرىز يېزىش بىلەن ئالدىراش ئۆتكۈزەتتى. ئۆزى تۇرمۇشى بىلەن كىچىككىنە ئالاقىسىمۇ بولمىغان بۇ تەسەۋۋۇر ئۇنى ئاجايىپ بىر ھالەتتە ئورىۋالغانىدى. زاھارا يازغان روماننى ئوقۇغاندا بىر بۇلۇڭغا كىرىۋېلىپ، بېشىنى قوچىغان مەسىلىلەرنى ئويلىماي، تىنچلىق، خاتىرجەملىك بىلەن ھېكايىدىن ھوزۇرلىنىپ ئولتۇراتتى.

ئۆنىڭ بۆنىڭدىن باشقا كۆندىلىك تۇرمۇشى تەكرارلىقتىن ئىبارەت ئىدى، بالىلىرى يېنىدىكى چاغدا بىر-بىرىگە ھەممە ئىش نورمالدەك مۇئامىلە قىلىشىپ، رولنى تەبىئىي ئالاتتى. ئىككىسى يالغۇز قالغاندا بولسا يىرىكلەشكەن مۇناسىۋەتلىرى دەرھال چىرايىغا چىقاتتى. ئېللا بەزىدە داۋىدنىڭ ئۆزىگە دىققەت بىلەن، ھەتتا ھەيرەت بىلەن قاراۋاتقانلىقىنى بايقايتتى، بىر ئايال ئېرىنىڭ كېچىدە نەدە قونغانلىقىنى نېمىشقا سورىمايدۇ؟ ئۇ گويا بۇنىڭ جاۋابىنى تېپىشقا تىرىشىۋاتقاندەك قىلاتتى.

ھالبۇكى ئېللانىڭ ئۆنىڭدىن بۇنداق سوئال سورىماسلىقىنىڭ سەۋەبى بار ئىدى: ئېرىنىڭ جاۋابىنى قانداق بىر تەرەپ قىلىشنى بىلمەيتتى. ئادەمنى بىرەر ئىش قىلىشقا باشلىيالمىغان بىلىمنىڭ نېمە پايدىسى؟ بىلمەكچى بولغان ئىشلىرىڭنى قانچىلىك ئاز بىلسەڭ شۇنچە ئاز دەرت تارتىسەن، باغرىڭ ئازراق قانايدۇ. بۇنىڭدىن قارىغاندا، جاھىلىيەتمۇ ئەسلىدە ئۇنچە يامان ئىش ئەمەس ئىدى.

بۇ ساختا بەختنىڭ نىقابىنى يىرتىدىغان ھادىسە ئۆتكەن يىلى يىل بېشىدا يۈز بەرگەنىدى. بىر كۈنى ئەتىگىنى ئېللا ئۆيگە كەلگەن خەتلەرنىڭ ئارىسىدىن بىر مېھمانخانىنىڭ بەلگىسى چۈشۈرۈلگەن كونۋېرتنى كۆرۈپ قالدى. ئۇنى ئېچىپ كۆتۈلمىگەن بىر ئۇچۇرنى كۆردى. ئەتراپتىكى مېھمانخانىلارنىڭ بىرىنىڭ خېرىدارلار خىزمىتى مۇدىرى داۋىد رۇبىنستېيندىن بۇ مېھمانخانىدا قونغانلىقىغا رازى بولغان-بولمىغانلىقىنى سوراپ، ئۇنىڭ تولدۇرۇشى ئۈچۈن بىر مەمنۇنىيەت كارتىسى ئەۋەتكەنىدى. ئېللا ھېچ ئىش بولمىغاندەك، ئۇ كونۋېرتنى شىرەنىڭ ئۈستىگە تاشلاپ قويدى. ئاخشىمى داۋىد ئۇ خەتنى ئېچىپ ئوقۇغاندا ئېللامۇ ھېچ گەپ قىلماستىن، سوئال سورىماستىن، چۈشەنچە بەرمەستىن ئۇنى بىر ياندىن كۆزىتىپ تۇردى.

— مۇشۇ نەرسىلا كەم قالغان، خۇددى باشقا ئىشىم يوقتەكمىدەك!— دېدى داۋىد خەتنى بىر يانغا تاشلاپ، ئاندىن بۇنى چۈشەندۈرۈپ قويۇشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ھېس قىلىپ، دەرھال گەپ باشلىدى،— ئۆتكەن يىلى بۇ مېھمانخانىدا چىش مۇتەخەسسىسلىرى ئىلمىي يىغىنى ئۆتكۈزگەنىدۇق. دېمەك، ئۇلار بۇ يىغىنغا قاتناشقۇچىلارنى خېرىدارلار تىزىملىكىگە ئېلىۋالغان گەپ.

ئېللا ئۇ گەپكە ئىشىنىشنى خالىغانلىقى ئۈچۈن ئىشەنگەنىدى. سۆزۈك سۇنى لېيىتىشتىن ئەنسىرەپ، ئۇنىڭ چۈشەندۈرۈشىنى دەرھال قوبۇل قىلغانىدى. ئەمما تولۇق قانائەت تاپمىغان، كۆڭلىنىڭ بىر يېرىدە

گۇمان قالغانىدى. بۇنىڭدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن، قوللانمىدىن ئۇ مېھمانخانىنىڭ تېلېفونىنى تېپىپ، باش مۇلازىمەتچىگە تېلېفون قىلىپ، ئۇلاردىن ئۆزى پەرەز قىلغاندەك جاۋابقا ئېرىشكەنىدى. يەنى بۇ يىلمۇ، ئۆتكەن يىلمۇ ئۇ مېھمانخانىدا ھېچ قانداق چىش مۇتەخەسسىسلىرى ئىلمىي يىغىنى ئۆتكۈزۈلمىگەنىدى.

ئالدىنىش ئېللادا ئۆزىنى كەمسىتىش ھەم گۇناھ تۇيغۇسى پەيدا قىلدى، ئۆزىگە ئاچچىقى كەلدى، ئەمدى ئۇنىڭ ياشلىقى، جەزبىسى قالمىغانىدى. مۇشۇ ئالتە يىل مابەينىدە كۆپ سەمرىپ، ئۆزىنى تاشلىۋەتكەنىدى. ئايلار ئۆتكەنچە جەلپ قىلىش كۈچى تۆۋەنلەپ، جىلۋىسى بىر ئاز يوقالغانىدى. ھەپتىدە بىر قېتىم قاتنىشىدىغان ئاشپەزلىك دەرسلىرى ئۇنىڭ ئورۇقلىشىنى تەسلەشتۈرۈۋەتكەنىدى. گەرچە كۇرستا ئۇنىڭدىن كۆپ تاماق ئېتىدىغان ۋە كۆپ يەيدىغان، ئەمما ھېچ سەمرىمىگەن بىر توپ ئاياللار بولسىمۇ، ئۇ باشقا-دە.

ئۇ بالىلىق ۋە ياشلىق دەۋرىنى ئەسلەپ قالسا ئۆزىنىڭ ھېچقاچان بەڭۋاش ئەمەسلىكى يادىغا يېتەتتى، مىجەزى پىلىكتەك يۇمشاق، مۇلايىم، ئوڭلۇق ئىدى. ئەڭ شاش قىز ۋاقىتلىرىدىمۇ دوستلىرى بىلەن مەخپىي يىغىلىپ تاماكا چېكىپ، قاۋاقخانىلارغا بېرىپ كەيپ-ساپا قىلىپ يۈرمىگەنىدى، بىرسىنى ئېزىپ-تېزىپ ياخشى كۆرۈپ قالمىغان، بىرسى بىلەن ئاقىۋەت پۇشايمان قىلغۇدەك يۈرۈپ باقمىغان؛ ئەسەبىيلەرچە جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈپ ئارقىدىن چۆچۈپ ئويغىنىپ، ھامىلدارلىقتىن ساقلىنىش دورىسى يەيدىغان ھالغا چۈشۈپ قالمىغان، ھەتتا تەڭتۇشلىرىنىڭ بېشىغا دائىم كېلىدىغان بالا-قازا ۋە پالاكەتلەر ئۇنىڭغا يېقىن يولىمىغان بولۇپ، بىرەر قېتىممۇ قاتتىق قورقۇپ ياكى غەزەبلىنىپ باقمىغان، نېرۋىنى تىنچلاندۇرۇش دورىلىرىنى يەپ باقمىغانىدى. شۇنچىلىك ئىتائەتچان ئىدىكى، ئانىسى ياكى ئوقۇتقۇچىسىغا پەقەت يالغان ئېيتمىغان ، بىر قېتىممۇ دەرس قالدۇرۇپ باقمىغانىدى. تولۇق ئوتتۇرىنىڭ ئاخىرقى يىلىدا كۆپلىگەن دوستلىرىنىڭ بويىدا قېلىپ، بالىسىنى ئالدۇرۇۋەتكەندە ئۇلارنى يوقلاپ بارغان، ياكى ئۇلار بالىلىرىنى خەققە بېرىۋەتكەندە بۇ تراگېدىيىلىك ئىشلارنى تەكشۈرۈپ خاتىرىلىۋاتقاندەك، ھەممىگە سىرتتىن شاھىد بولۇپ تۇرغانىدى. تەڭتۇشلىرىنىڭ دەرت-ئەلەملىرىگە شاھىد بولماق تېلېۋىزوردىن ئېفوپىيەدىكى قەھەتچىلىكنى كۆرۈۋاتقاندەك بىر ئىش ئىدى. ئۇ ئۇلارنىڭ بېشىغا كەلگەن ئىشلارغا قايغۇراتتى، ھەتتا ئۆزىمۇ بەزىدە ھەر خىل

ئىشلارغا ئۇچراپ بېقىشنى ئويلايتتى، ئەمما ئويلاپ ئاخىر ئۆزىنىڭ ئۇلاردىن پۈتۈنلەي باشقىچە بىر دۇنيادا ياشاۋاتقانلىقىغا ئىشىنەتتى.

ئۇ ئەسەبىي ئويۇن ـ تاماشا يىغىلىشلىرىغا بارمايتتى، قىز ۋاقىتلىرىدىن بېرى جۈمە كۈنلىرى سىرتقا چىقىپ باشقىلار بىلەن ئارىلىشىپ يۈرۈشنىڭ ئورنىغا، راھەتلىنىپ ئولتۇرۇپ ئېسىل بىر كىتاب ئوقۇيتتى.

مەھەللىدىكى ئانىلار قىزلىرىغا دائىم ” نېمىشقا ئېللادەك بولالمايسەن؟ قارا، ئۇ شۇنچە ئېغىر ـ بېسىق ھەم كەمتەر. ئۇنىڭ بىرەر چاتاق چىقارغىنىنى كۆردۈڭمۇ؟“ دەپ سوئال قوياتتى.

ئانىلار ئېللانى چوڭ بىلگەنچە، تەڭتۇشلىرى ئۇنىڭغا ئۆچلۈك قىلاتتى. ئۇلارچە ئېللا ئوقۇشنىلا بىلىپ، كۆڭۈل ئېچىشنى بىلمەيدىغان بىر ئىنەك ئىدى، شۇنچە تىرىشىپمۇ مۇنەۋۋەر ئوقۇغۇچى بولالمىغانىدى. ھەتتا بىر قېتىم بىر ساۋاقدىشى ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ ” ئۆزەڭنىڭ نېمە دەردى بارلىقىنى بىلەمسەن؟ شۇنچىلىك ئېھتىياتچان ئىكەنسەنكى، روھىڭ ئاللىبۇرۇن قېرىپ كەتكەن“ دېگەنىدى.

ئۇ نەچچە يىللارغىچە چاچ پاسونىنى ئۆزگەرتىپ باقمىغانىدى، چېچى ئۇزۇن، تۈز، بال رەڭگىدە بولۇپ، كۆپ ھاللاردا ئۇنى تۈگۈۋالاتتى ياكى ئارقىدىن ئۆرۈپ قوياتتى، گىرىمنىمۇ بىلىنەر ـ بىلىنمەس قىلاتتى، ئۆزىگە بەك ئىشىنىپ كېتىشنى خالىمايتتى. ئىشلىتىدىغىنى پەقەت قىزغۇچ قەھۋە رەڭلىك لەۋسۇرۇخ بىلەن سۇس يېشىل كۆز قەلىمى ئىدى (ھازىر چوڭ قىزى كۆزلىرىنى نامايەن قىلىشنىڭ ئەكسىچە ئۇنى يۇمۇپ يۇشۇرۇۋالىدۇ). ئېللا تا ھازىرغىچە كۆز قەلىمى بىلەن كۆزىگە بىر ـ بىرىگە ماس سىزىقلار سىزىپ باققىنى يوق، بىر كۆزىنى ھەمىشە خاتا ھالدا قېنىق بوياپ قوياتتى.

ئۇ قانداقتۇر بىر ئىشنى خاتا قىلدىم دەپلا ئويلايتتى، ئەتراپىدىكىلەرنىڭ ئىشىغا تولا ئارىلىشىۋالاتتى (خۇددى جېنىپتىنىڭ توي ئىشىغا ئارىلىشىۋالغانىدەك) ياكى پاسسىپ، رايىش بولۇۋالاتتى (خۇددى ئېرىنىڭ يوشۇرۇن ئىشلىرىغا كۆزىنى يۇمۇۋالغانىدەك)، بىر بولسا باشقىلارنىڭ كۆزىگە كىرىۋالىدىغان ئېللا، بىر بولسا يۇۋاش، پاسسىپ ئېللا. قايسى ئېللانىڭ قاچان مەيدانغا چىقىدىغانلىقىنى ئۆزىمۇ بىلمەيتتى.

يەنە تېخى ھەممە ئىشنى ياندىن كۆزىتىپ تۇرغان، ھەر ئىشنىڭ بىر پەيتىنى كۈتۈپ تۇرغان ئۈچىنچى ئېللامۇ بار ئىدى. ھازىر مانا يوشۇرۇنغان

يېرىدە قىمىرلاشقا باشلىغان، ئۆزىنى ئاشكارىلاشقا تەييارلىنىۋاتقان ئېللا دەل مۇشۇ ئېللا بولۇپ،” مۇشۇنداق كېتىۋېرىدىغان بولساڭ قۇرۇۋالغان پۈتۈن سىستېماڭ بۇزۇلىدۇ“ دەپ ئۆزىنى ئاگاھلاندۇرۇپ تۇراتتى، بۇنىڭ پەقەت ۋاقىت مەسىلىسى ئىكەنلىكىنى ئۆزى بىلەتتى.

ئېللا 5-ئاينىڭ ئاخىرقى كۈنلىرىدە بۆلارنى ئويلاپ ئولتۇرۇپ خېلىدىن بېرى قىلمىغان بىر ئىشنى قىلدى: دۇئا قىلدى. ” تەڭرىم، ئىشىكىڭنى چەكمىگىلى خېلى ئۇزاق بولدى، بۇنى بىلىمەن. تىلەكلىرىمنى يەنە ئاڭلايدىغان ياكى ئاڭلىمايدىغانلىقىڭغا ئىشەنچ قىلالمايمەن. ئەمما بۇ ھالىمنى كۆرۈۋاتىسەن، ئىچىم سىقىلىۋاتىدۇ. بۇنىڭدىن قۇتۇلۇشۇم ئۈچۈن ماڭا ھەقىقىي بىر ئىشق-مۇھەببەت ئاتا قىل؛ ياكى مېنى شۇنداق ھېسسىياتسىز بىر مەخلۇق قىلىۋەتكىنكى، بۇ ئۆمرۈمدە ئىشق-مۇھەببەت دېگەن نەرسىدىن قىلچە تامايىم بولمىسۇن“.

ئۇ بىر دەم تۇرىۋېلىپ، بىر نەرسىنى يۇتقاندەك بولۇپ، پەس ئاۋازدا دۇئايىنى داۋاملاشتۇردى: ”قايسىسىنى تاللىساڭ تاللا، چاققانراق بولغايسەن. ساڭا مەلۇم، قىرىق ياشقا قەدەم قويدۇم، ياش ئەمەسمەن، بۇ مېنىڭ ئاخىرقى پۇرسىتىم“. ” ماڭا يا مۇھەببەتنى ياكى مۇھەببەتسىز ياشاشقا ئېچىنماسلىقنى ئۆگەتكىن“.

پاھشە چۆل گۈلى

كونيا، 1244-يىل 10-ئاينىڭ 18-كۈنى

مېنى ئۇ جامەدىن خۇددى ھايۋانغا ئوخشاش قوغلاپ چىقىرىشتى، ئۆلارنىڭ قولىدىن قۇتۇلۇپلا تار كوچىلارنى بويلاپ قاچتىم، ئارقامغا قاراشتىنمۇ قورقتۇم. ئاخىرىدا ئادەملەر قايناپ تۇرغان بازارغا كېلىپ، بىر تامنىڭ كەينىگە ئۆتۈپ، شۇ يەردە يوشۇرۇنۇپ ئۆپكەمنى باستىم. پەقەت شۇ چاغدىلا ئارقامغا قاراشقا جۈرئەت قىلالىدىم-دە، ھېچكىمنىڭ مېنى قوغلاپ كەلمىگەنلىكىنى كۆرۈپ ھەيران ھەم خۇشال بولدۇم. ئارقامدىن كېلىۋاتقىنى بىچارە سۇسامنىڭ ئاياغ ئاۋازىلا ئىدى. ئۇ ئاخىر يېنىمغا كېلىپ يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ قالدى، مەيدىسى كۆرەكتەك بىر ئۆرلەپ بىر پەسىيىپ تۇراتتى، چىرايىدا ھەيرانلىق، نېمە ئىش بولغانلىقىنى، نېمىشقا بۇنداق كوچىمۇ كوچا ساراڭدەك چېپىپ چىقىپ كەتكەنلىكىمنى بىلەلمەي قالغانىدى.

ھەممە ئىش شۇنچىلىك تېز يۈز بەردىكى، بولغان ئىشلار ئەمدى ئېنىق ئېسىمگە كەلدى. جامەدە پۈتۈن دىققىتىم بىلەن ۋەز-تەبلىغ ئاڭلاپ ئولتۇراتتىم، مەۋلانىنىڭ ھەر بىر سۆزى ياقۇتتەك قىممەتلىك ئىدى. ۋەزگە بەك بېرىلىپ كېتىپ، يېنىمدىكى ياش بالىنىڭ يۈزۈمنى ئورېۋالغان يۈڭ ياغلىقنىڭ ئۈچىنى تارتقانلىقىنى بىلمەي قاپتىمەن. قانداق بولدى،-ياغلىق ئېچىلىپ، سەللە چۇۋۇلۇپ، يۈز-كۆزۈم كۆرۈنۈپ قالدى. بىرسى بۇ ھالىمنى كۆرۈپ قالمىسۇن دەپ ئۆزەمنى دەرھال ئوڭشىۋالدىم. ئەمما بېشىمنى كۆتۈرۈشۈمگە ئالدىنقى سەپتىكى بىرىنىڭ ماڭا تىكىلىپ قاراۋاتقانلىقىنى كۆردۈم. سەت، سوغۇق تەلئەتى، كۆك كۆزلىرىدىن مۇز يېغىپ تۇراتتى. دەرھال تونۇدۇم، تونۇماي قالامتىم؟ ئۇ بايبارس ئىدى.

بايبارس پاھىشىخانىدىكى ھېچ بىرى بىللە بولۇشنى خالىمايدىغان ئوسال خېرىدارلاردىن ئىدى. بەزى ئەرلەرنىڭ پاھىشەلەرگە ئامراق تۇرۇپ يەنە نېمىشقا ئۇلاردىن نەپرەتلىنىدىغانلىقىنى چۈشەنمەيمەن. بايبارس دەل شۇنداق ئادەم ئىدى، پاھىشەلەرگە قوپال چاقچاق قىلاتتى، ئېغىزىنى بۇزۇپ تىللايتتى، قەستەن قۇسۇر ئىزدەپ ئاچچىقىنى چىقىراتتى. بىر قېتىم ئۇ بىر قىزنى قاتتىق ئۇرۇۋەتتىكى، پۇلغا بۇتقا چوقۇنغاندەك چوقۇنىدىغان خوجايىنىمۇ ئۇنىڭغا تاقەت قىلالماي ” بولدى كەت، ئىككىنچى كەلمە“ دەپ ئۇنى يولغا سالدى. ئەمما بايبارس يەنە كەلدى. كېيىن بىر قانچە ئايدىن بېرى نېمىشقىدۇر كەلمەس بولدى، شۇنىڭدىن كېيىن ئۇنى كۆرمىدىم. ئەمما ھازىر ئۇ جامەدە ئولتۇراتتى، سوپىلاردەك يۆگىمەچ ساقال قويۇۋالغان بولسىمۇ كۆز بېقىشلىرى بۇرۇنقىدەكلا بولۇپ، كۆز قارىچۇقىدا يەنە شۇ ۋەھشى ئۇچقۇنلار چاقناپ تۇراتتى. كۆزۈمنى ئۇنىڭدىن قاچۇرغان بولسامۇ ئۈلگۈرەلمىدىم، ئۇ مېنى تونۇپ قالغانىدى.

بايبارس يېنىمدىكى ئادەمگە بىر نېمىلەرنى دەپ پىچىرلىدى، ئاندىن ئىككىسى ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ ماڭا سوغۇق نەزەردە سەپسالدى. شۇ ئەسنادا ئۇلار ئۈچىنچى بىر ئادەمگە مېنى ئىشارەت قىلدى، ئاندىن باشقىلىرىغا... شۇنداق قىلىپ ئۇ سەپتىكى پۈتۈن ئادەملەر ماڭا قارىغىلى تۇردى. يۈزۈم ئوت ئېلىپ، يۈرىكۈم دۈپۈلدەپ سوقۇپ كەتتى، ئەمما جايىمدىن مىدىرلىيالمىدىم. باللارچە ساددا ئۈمىد بىلەن، كۆزۈمنى يۇمسامالا ھەممە ئىش ئۆتۈپ كېتىدىغاندەك جىممىدە ئولتۇردۇم.

ئەمما كۆزۈمنى ئېچىپ شۇنداق قارىسام، بايبارس جامائەت توپىنى يېرىپ ئۆتۈپ ماڭا قاراپ كېلىۋېتىپتۇ! ئىشىككە قاراپ ماڭغان بىلەنمۇ

ئادەم دېگىنىدىن قۇتۇلۇش مۇمكىن ئەمەس ئىدى، بايىقى ماڭا بىردەمدە يېتىشىۋېلىپ قولۇمدىن تۇتتى، ماڭا شۇنچىلىك چاپلاشتىكى تىنىقى بۇرنۇمغا پۇراپ تۇراتتى.

— ھۇ رەسۋا، سەندەك بۇزۇقنىڭ بۇ يەردە نېمە ئىشى بار؟ — دېدى ئۇ.— نومۇس دېگەن زادى يوقمۇ سەندە؟

— مېنى قويۇۋەت، بۇ يەردىن كېتەي...— دېدىم كېكەچكەپ، ئەمما ئۇ بۇنى ئاڭلىمىدى.

شۇ پەيتتە ئۇنىڭ ھەمراھلىرىمۇ كەلدى، ئۇلار بىر-بىردىن ئۆتە ئاچكۆز، سەپرا، قوپال ئادەملەر بولۇپ، غەزەب ئاچچىقتىن پۇشۇلداپ تۇراتتى. ئۇلار جامەدە تۇرغانلىقىمىزنى ئۇنتۇپ قالغاندەك، ئەتراپىمنى قورشاپ ماڭا تىل-ھاقارەت ياغدۇرۇشقا باشلىدى. ھەممە ئادەم بىزگە ھەيرانلىق بىلەن قارىدى، بىر قانچىسى ''مېڭىڭلار، چىقىڭلار، چىقىڭلار'' دەپ ئەيىبلىگەن بولسىمۇ، ھېچكىم بۇ ئىشقا ئارىلاشمىدى. بەدىنىم خېمىردەك ئەيلىنىپ، پۇتلىرىم بوشاپ كەتتى. ئۇلار مېنى ئىتتىرىپ تالاغا چىقىرىۋەتتى. كوچىغا چىققان ھامان سۇسام ماڭا ياردەمگە كېلىدۇ، بىر يولنى تېپىپ قاچىمەن دەپ ئويلىغانىدىم، ئەمما ئۇنداق بولمىدى. كوچىغا چىقىپلا ئۇلار تېخىمۇ يامان، زوراۋان، ۋەھشى بولۇپ كەتتى. دەھشەت ئىچىدە شۇنى ھېس قىلدىمكى، ئۇلار جامەدە ئىمام ۋە جامائەتنىڭ ھۆرمىتىنى ساقلاپ زۇۋانىنى چىقارمىغانىكەن، ئەمما كوچىدا ئۇلارنى توسۇپ قالىدىغان ھېچنېمە يوق ئىدى.

ئۆمرۈمدە كۆپلىگەن ئازابلىق پەيتلىرىم بولدى، ئەمما ھېچقايسىسى بۇ قېتىمقىدەك تەسىر قىلمىغانىدى. نەچچە يىللار ئۆتۈپ، يامان يولدا ماڭغىنىمغا تەۋبە قىلىشىنى ئويلاپ، تەڭرىگە يېقىنلىشىش ئۈچۈن ئۆزلۈكىمدىن، ئۆزلۈك قەدرىم ئۈچۈن بۇ قەدەمنى باسقانىدىم. ئەمما ئۇ بۇنىڭغا قانداق جاۋاب بەردى، مېنى ئۆز ئۆيىدىن مۇشۇنداق ئىتتىرىپ قوغلاپمۇ؟

— جامەگە زادى بارمىسام بوپتىكەن!— دېدىم ئۆز-ئۆزەمگە ئۈنلۈك ئاۋازدا، — خەقلەر توغرا دەيدۇ، مەندەكلەرنىڭ ئۇ مۇقەددەس يەردە نېمە ئىشى بار؟ جامەمۇ، چېركاۋمۇ مېنى ئۆزىگە سىغدۇرمايدۇ!

— ئۇنداق دېمە،— دېدى بىر ئاۋاز.

كەينىمگە بۇرۇلۇپ كۆزلىرىمگە ئىشەنمەي قالدىم، چاچ-ساقىلى يوق ھېلىقى دەرۋىش قاراپ تۇراتتى! ئورنۇمدىن دەرھال تۇرۇپ ئۇنىڭ قولىنى سۆيگىلى تەمشەلدىم، ئەمما ئۇ مېنى توسۇپ قويدى.

— ئەستاغپۇرۇللا، بىر كىمگە قول سۆيدۈرمەيمەن،— دېدى ئۇ قەتئىي، سالماق تەلەپپۇزدا.
— مەن سىزگە جان قەرزدار،— دەپ پىچىرلىدىم.
— سەن ماڭا قەرزدار ئەمەس،— دېدى ئۇ ھەيران بولۇپ، — بىز پەقەت ئاللاھقىلا قەرزدار. ھالبۇكى، ئۇ قۇرئاندا نېمە دەيدۇ، بىلەمسەن؟ ‹ماڭا قەرزىي ھەسەنە (ياخشى قەرز) بېرىڭلار› دەيدۇ. شۇنچە ئۇلۇغ پەرۋەردىگار ئۆز بەندىلىرىدىن نېمىشقا قەرز سورايدۇ، بۇنى ئويلاپ باقتىڭمۇ؟
ھاڭۋېقىپ قاراپ تۇردۇم.
— ئىمان ئېيتماق ئۇنىڭغا ياخشى قەرز بېرىش دېمەكتۇر. ئەگەر سەن بۇ قەرزنى چىن قەلبىڭدىن بەرسەڭ، ئۇ ساڭا قەرزىڭنى ھەسسىلەپ قايتۇرىدۇ.
دەرۋىش بۇلارنى دەپ بولۇپ ئۆزىنى تونۇشتۇردى، ئىسمى شەمس تەبرىزى ئىكەن. ئۇ قاپقارا كۆزلىرىنى ماڭا تىكىپ، ئۆمرۈمدە ئاڭلاپ باقمىغان ئاجايىپ بىر گەپ قىلدى:
— بەزى ئىنسانلار تۇغۇلۇشىدىنلا نۇرلۇق، پارلاق بولۇپ، ئەتراپىغا نۇر چېچىپ تۇرىدۇ. ئەمما ۋاقىت ئۆتكەنچە رەڭگى سۇلىشىپ، خۇنۇكلىشىدۇ. سەن ئەنە شۇنداق ئىنسان. بىر چاغدا ئەتراپىڭدىكى نۇر كۈمۈشتەك ئاق، پارلاق بولۇپ، ئارىلىقتا ئۇنىڭغا سېرىق، قىزغۇچ داغلار قېتىلىۋاپتۇ. ئەمدى بولسا ۋۇجۇدۇڭنىڭ ئەتراپىدا بىغىر رەڭلىك نۇر لېنتىسى بار. ساڭا ئۆۋال ئەمەسمۇ؟ ھەقىقىي رەڭلىرىڭنى سېغىنمىدىڭمۇ؟ ئۆزەڭ بىلەن بىرلىشىشنى خالىمامسەن؟
ئاغزىمنى ئېچىپ قالدىم، ئۇنىڭ گەپلىرىدىن خۇدۇمنى يوقىتىپ قويغانىدىم.
— نۇرۇڭ يوقاپ كېتىپتۇ، چۈنكى ئۆزەڭنى ئوسال، مەينەت دەپ ئويلاپ، شۇنىڭغا ئىشىنىپ يۈرۈپسەن.
لېۋىمنى چىشلىدىم.
— ئەمما، مەن شۇنداق، پاسكىنا...— دېدىم تۆۋەن ئاۋازدا،— ئۇلار مېنىڭ قانداق ئادەملىكىمنى ئېيتتىغۇ، نېمىگە تايىنىپ كۈن كەچۈرۈۋاتقانلىقىمنى بىلەمسىز؟
شەمس جاۋاب بەرمەي كۆزلىرىنى يىراققا تىكتى، ”خالىساڭ ساڭا بىر ھېكايە ئېيتىپ بېرەي“ دەپ تۆۋەندىكى ھېكايىسىنى بايان قىلدى:
بۇرۇنقى زاماندا بىر پاھىشە يولدا كېتىۋېتىپ بىر لالما ئىتقا ئۇچراپ قاپتۇ. بۇ جانىۋار كۈننىڭ ئىسسىقىدا شۇنچىلىك ئۇسساپ كەتكەن بولۇپ،

تىلى تاڭلىيىغا چاپلىشىپ قالغانمىش. پاھىشە شۇ ھامان ئايىغىنى سىلىپ، شارپىسىغا چېگىپ يېقىن ئەتراپتىكى بىر قۇدۇقتىن ئىتقا سۇ تارتىپ بېرىپ، يولىنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ.

ئەتىسى ئۇ ئىلمگە توشقان بىر سوپىغا ئۇچراپ قاپتۇ، سوپى ئۇ ئايالنى كۆرۈپلا قولىغا ئېسىلىپ، ھۆرمەت بىلەن سۆيۈپتۇ. پاھىشە ھەيران قاپتۇ ھەم خىجىل بوپتۇ. ئۆمرىدە ھېچكىم ئۇنىڭ قولىنى سۆيۈپ باقمىغان ـ دە! سوپىدىن نېمىشقا مۇشۇنداق قىلغىنىنى سورىغىنىدا، سوپى " تۈنۈگۈن سەن ئۇ ئۇسساپ كەتكەن ئىتقا ھەقىقەتەن رەھىم قىلدىڭ، شۇنىڭ بىلەن پەرۋەردىگار سېنىڭ پۈتۈن گۇناھلىرىڭنى كەچۈرۈۋەتتى، سەن ئەمدى قاردىنمۇ ئاق ۋە پاك" دەپتۇ.

چوڭقۇر تىنىدىم، شەمس تەبرىزىنىڭ نېمە دېمەكچى بولغانلىقىنى چۈشەنگەندىم. چۈشەندىم، ئەمما ئۇنىڭغا نېمىشقىدۇر ئىشەنگۈم كەلمەيۋاتاتتى.

ــ بۇ ھېكايىڭىز تەسىرلىككەن، ئەمما ئىشەنسىڭىز، كونيادىكى بارلىق ئىتلارنىڭ قارنىنى تويدۇرسامۇ گۇناھلىرىمغا كاپارەت بولالمايدۇ.

ــ ئۇنى سەن بىلەلمەيسەن،ــ دېدى شەمس، ــ ئۇنى پەقەت ئاللاھ بىلىدۇ. يەنە بۇگۈن سېنى جامەدىن چىقىرىۋەتكەن ئادەملەرنىڭ ئاللاھقا سەندىنمۇ بەك يېقىن ئىكەنلىكىنى نەدىن بىلىسەن؟

ــ ئۇنداق بولسا بۇنى شۇ ئادەملەرنىڭ ئۆزىگە ئېيتىڭ،ــ دېدىم ئىچىم سىقىلىپ.

ئەمما دەرۋىش بېشىنى چايقىدى.

ــ ياق، پەلەكنىڭ چاقى بۇنداق چۆگىلىمەيدۇ. ئەگەر ئۇلارغا بۇنى ئېيتىدىغان كىشى چىقسا، ئۇ چوقۇم سەن.

ــ بۇ قانداق گەپ؟ خۇددى ئۇلار سۆزۈمنى ئاڭلايدىغاندەك! ئۇلار مەندىن نەپرەتلىنىدۇ، ئۆلتۈرۈۋەتكىلى تاس قالدى، كۆرمىدىڭىزمۇ؟

ــ ئاڭلايدۇ!ــ دېدى شەمس قەتئىيلىك بىلەن،ــ چۈنكى "مەن" دەيدىغان بىر نەرسە بولمىغاندەك، "ئۇلار" دەيدىغان ئايرىم مەۋجۇداتلارمۇ يوق. شۇنى ئۇنتۇپ قالما: كائىناتتىكى ھەممە نەرسە بىر ـ بىرىگە مۇناسىۋەتلىك. ئىنسان، ھايۋان، ئۆسۈملۈك، جانسىز جىسىم...لار بىر ـ بىرىدىن پەرقلىق، خىلمۇ خىل مەخلۇقلار ئەمەس، بەلكى ھەممىسى بىر.

ئۇنىڭ نېمە دېمەكچى بولغىنىنى چۈشەنمىدىم، چۈشەندۈرۈشىنى كۈتتۈم. ئەمما ئۇ زوق ـ شوخ بىلەن سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

بۇمۇ نىزاملاردىن بىرى. ئون توققۇزىنچى نىزام: باشقىلاردىن ھۆرمەت، ئېتىبار ياكى مۇھەببەت كۈتسەڭ، ئاۋۋال شۇ تەرتىپ بويىچە ئۆزەڭگە قەرزدارسەن. ئۆزىنى سۆيمەيدىغان ئادەمنىڭ سۆيۈلۈشى مۇمكىن ئەمەس. سەن ئۆزەڭنى سۆيگەن ھالەتتە دۇنيا ساڭا تىكەن يوللىغان بولسا بۇنىڭدىن خۇشال بولغىن. چۈنكى ئۇ يېقىندا ساڭا گۈل تەقدىم قىلىدۇ.

ھېچنەرسە دېيەلمەي قاراپ تۇردۇم. بىر ياقتىن بۇ گەپلەرنى تازا چۈشەنەلمەي تۇرسام، بىر ياقتىن ئاڭلىغانچە ھۇزۇرلىنىپ، بۇ ماددىي دۇنيادىن غايىب بولۇپ كېتىۋاتاتتىم.

— سەن ئۆزەڭنى ياخشى مۇئامىلىگە لايىق كۆرمىسەڭ، باشقىلار ماڭا ياخشى مۇئامىلە قىلمىدى دەپ ئۇلاردىن ئاغرىنىپ يۈرەلمەسەن؟— دېدى شەمس.

بۈگۈنگىچە مەن بىللە بولغان ئەرلەرنى— ئۇلارنىڭ پۇراقلىرى، نەپەسلىرى، كۈچلۈك قوللىرىنى، يۇقىرى پەللىگە چىققاندا ھاياجانلىنىپ ۋاقىراشلىرىنى... ئويلىدىم. بۇ ئۆمرۈمدە ئاجايىپ ئۆزگىرىشلەرگە شاھىد بولدۇمكى، پاكىز چوڭ بولغان بالىلارنىڭ كارىۋاتتا غالجىرلىشىپ كەتكىنىنى، ۋەھشى ھايۋاندەك كۆرۈنگەن ئادەملەرنىڭ كۆڭلىنىڭ نەقەدەر يۇمشاق، كۆيۈمچان ئىكەنلىكىنى كۆردۈم.

قوپال، سوقۇشقاق بىر خېرىدارىم بولىدىغان، ھەر قېتىم جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزگەندە يۈزۈمگە تۈكۈرۈشنى ئادەت قىلىۋالغانىدى: "پاسكىنا!- دەپ ۋاقىرايتتى ھەر قېتىم،— پاسكىنا بۇزۇق!".

ھالبۇكى، قاپقارا كىيىنگەن بىر دەرۋىش ئالدىمغا كېلىپ مېنىڭ تاغ بۇلاقلىرىنىڭ سۈيىدەك پاكىز ئىكەنلىكىمنى ئېيتىۋاتاتتى. چاقچاق قىلىۋاتقاندەك قىلاتتى، كۈلەي دەپ تۇرۇشۇمغا گېلىمغا بىر نەرسە تۇرۇلگەندەك بولۇپ، ھەلقۇمۇمنى يۇتالمىدىم.

شەمس مېنىڭ نېمە ئويلاۋاتقانلىقىمنى بىلگەندەك يېقىملىق كۈلۈمسىرىدى:

— ئۆتمۈش گويا قايىنام، سېنى بىلىندۇرمەي ئىچىگە سۆرەيدۇ،—دېدى،— ھالبۇكى ساڭا لازىم بولغىنى پەقەت ھازىرقى پەيت، ئادەم ئەسلىدە شۇ پەيتنى قەدىرلەپ ياشىشى كېرەك.

ئۇ بۇنى دەپ بولۇپ، يانچۇقىدىن بىر يىپەك قولياغلىق چىقىرىپ ماڭا ئۇزاتتى.

ــ ئال بۇنى،ــ دېدى،ــ باغداتتا مۇبارەك بىر زات بەرگەنىدى، سېنىڭ رىسقىڭ ئىكەن. بۇ قولياغلىقنى پاكىز تۇت، ئۆزەڭدىن گۇمانلىنىپ قالغان ۋاقتىڭدا بۇ ياغلىق سېنىڭ پاك، پاكىز ئىكەنلىكىڭنى ئەسلىتىدۇ.

شەمس سۆزىنى تۈگىتىپ ھاسىسىنى ئېلىپ ماڭغىلى قوپتى.

ــپاھىشىخانىدىن بۇرۇنراق چىقىپ كەت، ئىككىنچى قايتىپ بارما! سەن ئەنقا تۇرۇپ، ئەخلەتخانىدا نېمە ئىش قىلىسەن؟ ماڭ كەتكىن، ئارقاڭغا قارىما.

ــ لېكىن نەگە كېتەلەيمەن؟ بارىدىغان يېرىم يوق. مېنى ھامان تۇتۇۋالىدۇ، پاھىشىخانىدىن قاچقان قىزلار ياخشى ئاقىۋەت كۆرمەيدۇ.

ــ كېيىن نېمە بولىدىغانلىقىمىزنى بىز بىلمەيمىز،ــ دېدى شەمس، "يوللارنىڭ ئاخىر نەگە بارىدىغانلىقىنى ئويلاش بىھۇدە ئاۋارىچىلىق، سەن پەقەت دەسلەپكى قەدەمنى قانداق ئېلىشنى ئويلىساڭلا بولدى، قالغىنى ئۆزلۈكىدىن كېلىدۇ".

بېشىمنى لىڭشىتتىم، ئېنىقكى، بۇمۇ شەمسنىڭ نىزاملىرىدىن بىرى بولۇپ، ئۇنى سوراشنىڭ ھاجىتى يوق ئىدى.

ھاراقكەش سۇلايمان

كونيا، 1244 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى

قەدەھتىكى ھاراقنىڭ ھەممىسىنى بىر كۆتۈرۈپلا ئىچىۋېتىپ، يېرىم كېچە بولاي دېگەندە مەيخانىدىن ئايرىلدىم. خىرىستوس مېنى ئىشىككىچە ئۇزىتىۋېتىپ " گېپىمنى ئۇنتۇما سۇلايمان، سۆزۈڭگە دىققەت قىل" دەپ قايتا ـ قايتا ئاگاھلاندۇردى.

بېشىمنى لىڭشىتتىم، بىر تۇرۇپ ئىچ ـ ئىچىمدىن سۆيۈندۈم، ئىنساننىڭ ئۆزى ئۈچۈن قايغۇرىدىغان بىر دوستىنىڭ بولغىنى ياخشى ئىش ئىدى. ئۆزەمنى تەلەيلىك ھېسابلىدىم، ئەمما قاراڭغۇ كوچىغا چىقىپلا بايا ھېس قىلمىغان بىر ھارغىنلىق باستى مېنى، يېنىمدا بىر كوزا ھاراق بولسىدى، بىر يۇتۇم ئىچىپلا جانلىنىپ كېتەتتىم.

يولدا كەشىمدىن تاراق ـ تۇرۇق ئاۋاز چىقىرىپ كېتىۋېتىپ، مەۋلانانىڭ ئەگەشكۈچىلىرى بىلەن بىللە كوچىدا ئۇتتۇشلىرى يادىمغا كەلدى. داڭلىق ۋائىزنىڭ ئىخلاسمەنلىرىنىڭ مېنى ئەيىبلىشى ئىچىمنى سىقىپ، دىلىمنى ئاغرىتقانىدى. مېنى تونۇيتتى، ئەمما مەيخانىدا ھاراق

ئىچتى دەپلا مېنى مۇناپىققا چىقىرىۋەتكەنىدى. بۇ دۇنيادا مېنى ئەڭ بىزار قىلىدىغان نەرسە ئاشۇنداق تەكەببۇر ئىنسانلار ئىدى. ھەر كىم گۇناھ قىلسا ئۆزىگە قىلسا، ھەر كىم ئۆز گۇناھىغا ئۆزى مەسئۇل تۇرسا، ئۇلار نېمىشقا شۇنداق قىلىدۇ؟ بۇنى ھېچ چۈشەنمەيمەن! بۇ يېشىمغىچە قانداق يامان كۈن كۆرسەم شۇنداق پاك ياشايدىغانلاردىن كۆردۈم، ئۇلار تەرىپىدىن شۇنچە چەتكە قېقىلدىمكى، ئويلىساملا بەدەنلىرىم تىكەنلىشىپ كېتىدۇ.

مانا مۇشۇنداق خىياللار بىلەن ئېتىشىپ دوقمۇشتىن قايرىلىپ يان كوچىغا كىردىم. ئوڭ ـ سول تەرىپىمدە ئەرۋاھلاردەك قاتار تۇرغان دەرەخلەرنىڭ كۆلەڭگىسىدىن بۇ يەر تېخىمۇ قاراڭغۇ ئىدى. بۇنى ئاز كەلدى دەپ، ئاي بىردىنلا بۇلۇتنىڭ كەينىگە ئۆتۈۋېدى، ئەتراپ زۇلمەت قاراڭغۇلۇققا ئايلاندى. بۇنداق بولمىغان بولسا يېقىنلاپ كېلىۋاتقان ئىككى قاراۋۇلنى بۇرۇنراق پەرق ئېتەلەيتتىم.

ــ ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم،ــ دېدىم ئۇلارنى كۆرۈپ.

ئەمما قاراۋۇللار سالامغا جاۋاب بەرمەي، كېچىنىڭ بۇ ۋاقتىدا بۇ يەردە نېمە ئىش قىلىپ يۈرگەنلىكىمنى سورىدى.

ــ ھېچ ئىش قىلمىدىم، ئۆيگە كېتىۋاتاتتىم،ــ دېدىم كېكەچلەپ.

قارىشىپ تۇردۇق، ئارىمىزنى سوغۇق جىمجىتلىق باستى. يىراقتا قاۋاۋاتقان ئىتلارنىڭ ئاۋازىلا بۇ جىمجىتلىقنى بۇزۇپ تۇراتتى. شۇ چاغدا بىرسى ماڭا بىر قەدەم يېقىنلىشىپ ئەتراپىنى پۇرىدى:

ــ پۇف، نېمانچە سېسىق پۇرايدۇ بۇ يەر!ــ دېدى ئىشىنى كۆپتۈرۈپ ھەم ماڭا مەسخىرىلىك تىكىلىپ.

يەنە بىرىمۇ گەپكە قېتىلدى:

ــ شۇنداق، لەشتەك سېسىق ھاراق پۇرۇۋاتىدۇ!

بۇنىڭغا كۆرە مەنمۇ گەپ ئوينىتماقچى بولدۇم:

ــ ئەنسىرىمەڭلار، بۇ پۇراق يالغان. ھاراقنىڭ ئۆزى ھارام، ئەمما مەجازىي مەيلەر مۇباھتۇر، ئۇنداقتا سىلەر پۇراۋاتقان بۇ پۇراقمۇ مەجازىي بولسا كېرەك.

ياشراق قاراۋۇلغا بۇ جاۋاب ياقمىدى.

ــ نېمە دەپ جۆيلۈۋاتىسەن جەھەننەم تۇۋۇرۇكى! ــ دېدى ئۇ ۋارقىراپ.

شۇ ئەسنادا ئاي بۇلۇتلار ئارىسىدا پەيدا بولۇپ، ھەممىمىزنى يورۇتتى. ئالدىمدىكى قاراۋۇلنى ئەمدى ئېنىق كۆرەلىدىم. توڭ چىراي، ئېڭىكى ئۇچلۇق، كۆك كۆز، قوش بۇرۇن بىرسى ئالدىمدا تۇراتتى، بىر كۆزى ئالغاي ھەم توڭ قاپاق بولمىسا، خېلى كېلىشكەن ئادەم دېيىشكە بولاتتى.

قاراۋۇل يەنە سورىدى:

ــ بۇ كېچىدە كوچىدە نېمە ئىش قىلىسەن؟ نەدىن كەلدىڭ؟ نەگە بارىسەن؟

ــ نەدىن كەلدىڭ، نەگە بارىسەن ؟ــ دېدىم ئۇنىڭ سۆزىنى شاتۇتىدەك تەكرارلاپ،ــ يىگىت، بۇلار بەك چوڭ تېما، ئەگەر بۇنىڭ جاۋابىنى بىلگەن بولسام، كاتتا ئۆلىما بولۇپ كېتەتتىم.

ــ ھۇ پەس كەش ئوغرى، ماڭا چاقچاق قىلىۋاتامسەن تېخى!ــ دېدى قاراۋۇل قاپىقىنى تۈرۈپ.

مەن نېمە بولغىنىنى بىلمەيلا ئۇ قولىغا قامچا ئېلىپ ھاۋادا قارسىلداتتى.

ئىختىيارسىز كۈلدۈم. ئۇ بىر باھانە ئىزدەۋاتاتتى، ھەرىكەتلىرى شۇنچە قىلىقسىز، ئويۇن ئويناۋاتقاندەكمۇ قىلاتتى. ئەمما مەيدەمگە ئۇشتۇمتۇت تەگكەن قامچىدىن چۆچۈپ كەتتىم، بۇ زەربە شۇنچىلىك تۇيۇقسىز كەلدىكى، تەڭپۇڭلۇقۇمنى يوقىتىپ يەرگە يىقىلدىم.

ــ ياخشى گەپ ئاڭلىمىغاننىڭ جازاسى مانا...ــ دېدى قاراۋۇل ۋە قامچىنى يەنە بىر قولىغا ئالدى،ــ ھاراق ئىچىشنىڭ گۇناھلىقىنى بىلمەمسەن؟

ئاغزىم ئىسسىق، تۇزلۇق بولۇپ كەتكەندى، ئۆزەمنىڭ قېنىنى تېتىۋاتقانلىقىمنى بىلدىم. بۇ ئىشنىڭ يوغىناپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن ئاغزىمنى يۇمۇۋالدىم كېرەك ئىدى، ئەمما ئوغلۇمدەك بىر يىگىتتىن تاياق يېيىشنى غۇرۇرۇم كۆتۈرمىگەچكە، ئۆزەمنى تۇتالمىدىم.

ــ ئەگەر جەننەتكە سەندەكلەر بارىدىغان ئىش بولسا، مەن بارمىسامىمۇ بولىدۇ،ــ دېدىم،ــ ھارىقىمنى ئىچىپ گۇناھىمنى كۆپەيتسەم تېخىمۇ ياخشى.

ــ دەيۈز ئوغرى!ــدەپ گۈكىرىدى قاراۋۇل، ئاندىن مېنى قامچىلاشقا باشلىدى. يۈزۈمنى قولۇم بىلەن توسۇۋالسامىمۇ پايدىسى بولمىدى. قامچە ھەر بىر ئۇرۇلغاندا بىر ۋاقىرايتتىم. ئەمما شۇ ئەسنادا كونا، شوخ بىر خەلق ناخشىسى يادىمغا كېلىپ قالدى-دە، غىڭشىپ ئوقۇشقا باشلىدىم:

ئەي يارىم، جان يارىم، بۇ جانىم ساڭا قۇربان،

سەن مەي، مەن قەدەھ، تولدۇر ياندىن شۇئان.

مەن بۇ ناخشىنى ئوقۇغانچە قاراۋۇلنىڭ غەزىۋى ئۆرلەپ، مېنى تېخىمۇ قاتتىق قامچىلاشقا باشلىدى. مەنمۇ جان ئاچچىقىمدا تېخىمۇ ۋاقىراپ

ناخشا توۋلايتتىم. بىر-بىرىمىز بىلەن دۈشمەنلەرچە قىرىشتۇق، مەن ۋاقىرىغانچە ئۇ تىللايتتى؛ ئۇ تىللىغانچە مەن ۋاقىرايتتىم. قولى تالدىمىكىن دېسەم ھېچ تالمىدى، ئاجايىپ ئىش، دېمەك ئىنساننىڭ غەزىۋى بېسىلمايدىكەن!

ئاخىردا ئاۋازىم بوغۇلدى، بىر نۇر دەستىسى كۆز ئالدىمدىن قېيىپ، ھەممە نەرسە بىردىنلا قاراڭغۇلىشىپ كەتتى. يەنە بىر قاراۋۇلنىڭ ئاۋازىنى بوش ئاڭلىدىم:

— بايبارس، بولدى قىل! توختاپ قال!

قامچا زەربىسى توختىدى. بىر نەرسىلەر دېمەكچى بولدۇم، ئاخىرقى گەپنى ئۆزەم قىلىمەن دەپ ئويلىغانىدىم، ئەمما ئاغزىمغا لىق قان تولۇپ كەتكەچكە سۆزلىيەلمىدىم. كۆڭلۈم ئېلىشىپ ئۆزەمگە قۇستۇم.

— قارا شۇ ھالىڭغا! ئېسىت سەندەك ئادەمگە، ھەر كىم ساڭا ئېچىنىدۇ،— دېدى بايبارس، — ئەمما ئۆزەڭگە ئۆزەڭ قىلدىڭ!

ئەمدى ئۇلارنىڭ مەن بىلەن جېدىلى تۈگىگەن بولۇپ، كەينىگە بۇرۇلۇپ كېتىشتى، يىراقلىشىۋاتقان ئاياغ ئاۋازلىرىنى ئاڭلىدىم.

ئۇ يەردە ئون مىنۇت ياكى بىرەر سائەت، قانچىلىك ياتقانلىقىمنى بىلمەيمەن، ۋاقىت خۇددى تۇمان پەردىسىدەك شالاڭلىدى. ئاسماندىكى ئاي بۇ ھالىمنى كۆرۈشنى خالىمىغاندەك بۇلۇت ئارىسىغا مۆكتى. تېنىم، ئاڭ-سەزگۈلىرىم ھاياتلىق بىلەن ئۆلۈم ئارىسىدىكى بەرزەخ ئالەمدە ئۈزۈپ كېتىۋاتاتتى. شۇ ئەسنادا ۋۇجۇدۇمنى قورشىغان مەستلىك يوقىلىپ، تېنىمنىڭ ھەر بۆلىكى زىڭىلداپ ئاغرىشقا باشلىدى. يارىلانغان ھايۋاندەك شۇ يەردە ئىڭراپ ياتتىم.

بىر ھازادىن كېيىن بىرسىنىڭ يېقىنلاپ كەلگىنىنى تۇيدۇم، دەسلەپتە قورقۇنچتىن تاشتەك قېتىپ قالدىم، بىرەر ئوغرى-بۇلاڭچى بولسىچۇ؟ ئاندىن كۆڭلۈم كەلدى، قاراۋۇللاردىن تاياق يەپ بولغان تۇرسام، ئوغرى-قاراقچىدىن قورقامتىم؟

سايىلەر ئىچىدىن ئىگىز، ئورۇق بىر دەرۋىش چىقىپ، ماڭا يېقىن كېلىپ سالام بەردى، ئورنۇمدىن قوپۇشۇمغا ياردەملەشتى، ئۆزىنى تونۇشتۇردى، ئىسمى شەمس تەبرىزى ئىكەن، مېنىڭ ئىسمىمنى سورىدى.

— كونيالىق سۇلايمان مەست، ئەمرىڭىزگە تەييارمەن. سىزدىن شەرەپ ھېس قىلدىم،— دېدىم.

شەمس تەبرىزى يۈزۈمدىكى قانلارنى سۈرتۈشكە باشلىدى.

ـ ياردارسەن،ـ دېدى ئۇ پىچىرلاپ،ـ باتىنەن ھەم زاھىرەن، ئىچىڭدىن ھەم تېشىڭدىن.

ئۇ تونىنىڭ يانچۇقىدىن بىللۇر شىشە چىقىرىپ ” بۇ مەلھەمنى ياراڭغا سۈرت،ـ دېدى،ـ بۇ باغداتتىكى بىر مۇبارەك زاتنىڭ ھەدىيەسى ئىدى، ساڭا نېسىپ بوپتۇ. ئىچىڭدىكى ياراڭ تېشىڭدىكىدىن ئېغىر“.

ـ رەھمەت...ـ دەپ كېكەچلىدىم، ئۇنىڭ شەپقىتىدىن تەسىرلەنگەنىدىم،ـ مېنى قامچىلىغان ئادەم دېدىكى، مەندەكلەر بۇ زېمىنغا ئارتۇق يۈكمىش.

بۆلارنى دەۋېتىپ ئاۋازىم تىترەپ كەتتى، يىغلىۋېتەي دېدىم، ئەمما ئاجىزلىقىمدىن نومۇس قىلدىم.

ـ خاتا دەپتۇ،ـ دېدى شەمس،ـ ھەر بىر ئادەم ناھايىتى مۇھىم ھەم ۋاز كېچىلمەستۇر. بۇ دۇنياغا تەسادىپىي ياكى ئارتۇق كېلىپ قالغان بىرمۇ نەرسە يوق. نىزاملارنىڭ بىرى شۇ.

قايسى نىزام دەپ سورىسام، مۇنداق دېدى:

”يىگىرمە بىرىنچى نىزام: بىز ھەر خىل سۈپەتلەر بىلەن سۈپەتلەندۈرۈلدۇق. ئەگەر ئاللاھ تائالا ئادەملەرنى بىر ـ بىرىگە يۈزدە يۈز ئوخشايدىغان قىلىپ ياراتماقچى بولسىدى، جەزمەن شۇنداق قىلاتتى. خىلمۇ خىللىقنى ھۆرمەتلىمەسلىك، ئۆزىنىڭ قاراشلىرىنى باشقىلارغا تېڭىشقا ئۇرۇنۇش ھەقتائالانىڭ مۇقەددەس نىزامىنى كۆزگە ئىلمىغانلىقتۇر“.

ـ ئېيتقانلىرىڭ بەلەن گەپلەر، ئەمماـ دېدىم تەسەللىكتە،ـ مەن ھەممە نەرسىدىن گۇمانلىنىمەن، ھەتتا تەڭرىدىن.

شەمس تەبرىزى ھارغىن كۈلۈمسىرىدى:

ـ شەك قىلىش يامان ئىش ئەمەسقۇ، شەك ـ شۈبھە ئىچىدە ياشاۋاتىسەن، دېمەك تېخى تىرىكسەن، ئىزدىنىش ئىچىدە تۇرۇۋاتىسەن.

ئۇ كىتابتىن بىر نەرسە ئوقۇۋاتقاندەك جانلىق تەرزدە سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

ـ ئىنسان بىر كېچە ئۇخلاپ قوپۇپلا ئىمان ساھىبى بولالمايدۇ، سۈلايمان. ئىنسان ئۆزىنى ئىمانىم بار دەپ ئويلايدۇ، ئەمما كېيىن بېشىغا كۈتۈلمىگەن بىر ئىشلار كېلىدۇ ـ دە، ئىككىلىنىپ، نېمە قىلىشىنى بىلەلمەي قالىدۇ. ئاندىن قايتا ئۆزىنى ئوڭشايدۇ، ئىمانى كۈچىيىدۇ، ئارقىدىن يەنە گۇمان ھاڭلىرىغا دومىلايدۇ...بۇ مۇشۇنداق داۋاملىشىدۇ. ئېنىق بىر پەللىگە كېلىپ بولغىچە بىر دەم ئۇياقتا، بىر دەم بۇ ياقتا تەۋرىنىمىز، گاھ مۇئمىن، گاھ كاپىر، گاھ مۇتەرەددىت (تەرەددۇت

قىلغۇچى، ئىككىلەنگۈچى)، گاھ جەننەتلىك، گاھ جەھەننەملىك، پەقەت مۇشۇ بويىچە ئىلگىرىلەيمىز. ھەر قەدەمدە ھەقتائالاغا بىر ئاز يېقىنلىشىمىز. گۇمان بولماي تۇرۇپ ئىمان بولمايدۇ.

— خىرىستوس بۇنداق دېگىنىڭنى ئاڭلىسا ھودۇقۇپ، سۆزۈڭگە دىققەت قىل دەپ سېنى ئاگاھلاندۇرىدۇ،— دېدىم،— ئۇ ماڭا دائىم ”بىر سۆز ھەممە قۇلاققا ياقماس“ دەپ نەسىھەت قىلىپ تۇرىدۇ.

شەمس تەبرىزى كۈلۈپ ” ھە، ئۇنىڭ دېگىنىمۇ توغرا“ دەپ ئورنىدىن دەس تۇردى.

— سېنى ئۆيۈڭگە ئاپىرىپ قوياي، ياراڭنى تاڭايلى، ئاندىن ئۇخلىشىڭ كېرەك.

ئۇ قولتۇقۇمدىن يۆلەپ ئۆزەمنى رۇسلىۋېلىشىمغا ياردەملەشتى. ئەمما ماڭالمىغۇدەك ھالدا ئىدىم. بۇ چاغدا دەرۋىش ئىككىلەنمەيلا مېنى ھاپاش قىلدى، ئۆز پۇرىقىم بۇرنۇمغا پۇرىدى، خىجىل بولدۇم.

— مېنى كۆتۈرمە، لەشتەك بەدبۇي پۇرايمەن،— دېدىم.

— بۇنى ئويلىماي، ئۆيۈڭگە بارىدىغان يولنى كۆرسىتىپ بەرسەڭلا بولدى.

شۇنداق قىلىپ، شەمس تەبرىزى ئۇستۇمدىكى قان، سۈيدۈك، قۇسۇقلاردىن يىرگىنمەي مېنى كونيانىڭ تار كوچىلىرىدا يۈدۈپ ماڭدى. ئېغىر ئۇيقۇدا ياتقان ئۆيلەر، دۇكانلار، غېرىب كۆلبىلەرنىڭ يېنىدىن ئۆتتۇق. باغ تاملىرىنىڭ ئارقىسىدىكى ئىتلار قاۋىدى.

— مەن دائىم بىلەلمەي كېلىۋاتقان بىر نەرسە بار،— دېدىم،— سوپىلار مەدھىيىلەيدىغان مەي ھەقىقىي مەيمۇ ياكى بىر مەجازىي ۋاستىمۇ؟

شەمس باللار بىلەن پاراڭلىشىۋاتقاندەك مېھرىبانلىق بىلەن كۈلۈمسىرىدى:

— يا ئاللا، سۇلايمان، بۇنىڭ نېمىسىنى سورايسەن؟ ئىككىسىنىڭ نېمە پەرقى؟ — دېدى.

ئۆيۈمنىڭ ئالدىغا كېلىپ قالغانىدۇق. ئۇ مېنى دۈمبىسىدىن ئاۋايلاپ چۈشۈرۈپ بولۇپ، مۇنداق دېدى: ” يىگىرمە ئىككىنچى نىزام: ئاللاھنىڭ ھەقىقىي ئاشىقى بىر مەيخانىگە كىرگەن ھامان ئۇ يەرمۇ ئۇنىڭغا نامازگاھ بولىدۇ. ئەمما ھاراقكەش شۇ نامازگاھقا كىرسە ئۇ يەر ئۇنىڭغا مەيخانە بولىدۇ. بۇ ئۆمرىمىزدە نېمە قىلساق قىلايلى، ئىشىمىز ۋە نەتىجىمىز شەكىل ياكى بەلگىمىزگە قاراپ ئەمەس، نىيىتىمىزگە قاراپ بولىدۇ“.

شەمس مېنى ئۆيۈمگە ئاپىرىپ قويغاندىن كېيىن ئۇزۇن ۋە ھارغىن كېچە ئاخىرلىشىپ تاڭ يوراي دېگەندە كارىۋىتىمدا ئوڭدا ياتتىم. ئاغرىقلىرىم دەستىدىن ئۇخلاش مۇمكىن بولمىسىمۇ، ئىچىمنىڭ بىر يەرلىرىدە ئۆزەم بىلمەيدىغان بىر خىل ھۇزۇر ۋە تەسلىمىيەت بار ئىدى.

ھەممە يېرىم ئاغرىۋاتاتتى، ئەمما شۇنىسى ئاجايىپكى، جېنىم ئۇنچە قاقشاپ كەتمىدى.

ئېللا

بوستون، 2008 ـ يىل، 6 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى

ئىيۇننىڭ دەسلەپكى كۈنلىرىدە ئۇنىڭ بېشىغا بىر مۇنچە ئىشلار كەلدىكى، ئوڭ ـ سولىنى بىلەلمەي قالدى. بولۇپمۇ "كۆلەڭگە"نىڭ ئاشخانىدا ئۆلۈپ قالىدىغانلىقىنى زادىلا ئويلاپ باقمىغانىدى، گەرچە ئۇنىڭ قېرىپ ئۆمرىنىڭ تۈگەپ قالغانلىقىنى بىلسىمۇ، نەچچە ۋاقىتتىن بېرى ئۆزىگە ھەمراھ بولۇپ كەلگەن يېقىن مەخلۇقىدىن ئايرىلىپ قېلىش ئۇنى ناھايىتى ئازابلىدى. ئارقىدىن ئورلىنىڭ مەكتەپ مۇدىرىدىن بىر خەت تاپشۇرۇۋالدى، خەتتە قىزىنىڭ بىر دەردى بارلىقى، بىرەر پسىخىكا دوختۇرىغا كۆرۈنسە ياخشى بولىدىغانلىقى يېزىلغانىدى. ئۇنىڭ سىنىپىدىكى بالىلارنىڭ ھەممىسى بۇنى بىلەتتى، ئېللا بۇ ئىشتىن خەۋەر تېپىپ ئېغىر گۇناھ تۇيغۇسىغا چۆمدى. ئۆز بالىسىنىڭ بۇنداق روھىي كىرزىسقا دۇچ كەلگەنلىكىنى نېمىشقا بىلەلمەيدۇ؟ نېمىشقا كۆز ئالدىدا تۇرغان مەسىلىنى ۋاقتىدا بايقىيالمايدۇ؟ گۇناھ تۇيغۇسى ئېللا ئۈچۈن يېڭى نەرسە بولمىسىمۇ، ئۆزىنىڭ ئانىلىق سۈپىتىدىن گۇمانلىنىشى يېڭىلىق ئىدى.

بۇ كۈنلەردە ئېللا ھەر كۈنى ئەزىز زاھارا بىلەن خەت يېزىشىپ تۇردى. بىر كۈندە ئىككى ـ ئۈچ، ھەتتا بەزىدە بەش ـ ئالتە ئۇچۇر يېزىشقان ۋاقىتلىرى بولدى. ئۇ ئۆز خىيالىغا كەلگەن، ئىچىنى سىققان ھەر قانداق ئىشنى ئەزىزگە ئېيتاتتى، ئەزىزمۇ دەرھال جاۋاب قايتۇراتتى. ئۇنىڭ توختىماي ساياھەت قىلىپ، دۇنيانىڭ ئەڭ چەت جايلىرىدا ئايلىنىپ يۈرسىمۇ تور ئالاقىسىنى يوقىتىپ قويمىغانلىقى ئېللاغا سىرلىق بىر تېپىشماق ئىدى. ئۇ ئۆزىمۇ بىلىپ بىلمەي ئەزىزنىڭ خېتىگە خۇمار بولۇپ قالغانىدى.

ئۇ ئەتىگەندە ئورنىدىن قوپقان ھامان، ناشتىدىن كېيىن، ئەتىگەندە مېڭىپ چېنىقىشتىن قايتقاندا، چۈشتە تاماق ئېتىۋاتقاندا، سىرتقا چىقىشتىن ئاۋۋال دائىم ئېلخەت ساندۇقىغا قارايتتى، ھەتتا كوچىدا بىر نەرسە ئېلىۋاتقاندا تورخانىلارغا كىرىپ خېتىگە قاراپ باقاتتى. ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان تېلېۋىزيە تىياتىرلىرىنى كۆرۈۋاتقاندا، ئاشپەزلىك بىرلەشمە كۇلۇبىدا شوخۇلا توغراۋاتقاندا، قوشنىلىرى بىلەن تېلېفوندا سۆزلىشىۋاتقاندا ياكى قوشكېزەك بالىلىرىنىڭ مەكتەپتە ۋە ئۆيدە ئىشلىگەن تاپشۇرۇقلىرىنى ئاڭلاۋاتقاندا خاتىرە كومپيۇتېرى ھەمىشە يېنىدا، ئېلخەت ساندۇقى دائىم ئوچۇق ئىدى. ئەزىزدىن يېڭى خەت كەلمىسە كونىلىرىنى باشتىن ئوقۇيتتى. قاچانكى يېڭى بىر خەت كەلسە ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ مەجنۇن قىزلىرىدەك ھاياجانلىنىپ تۇرالمايتتى. چۈنكى ئۆز كۆڭلىگە ئايان ئىدىكى، بۇ خەت يېزىشلار پەقەت ئادەتتىكى دوستلۇقتىن ئىبارەت ئەمەس ئىدى.

ئەزىز بىلەن بولغان خەت-ئالاقىسى كۈچەيگەنچە ئېللا ئۆزىنىڭ بۇرۇنقى ھالىتىدىن يىراقلاپ كېتىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلاتتى. رەسسامنىڭ كۇلرەڭ، ساغۇچ رەڭلەرگە تولغان ماتاسىغا ئوخشايدىغان ھاياتىغا ئەمدى پارلاق، كۈمۈشتەك ئاق، كۆركەم سۈسۈن رەڭلەر قوشۇلماقتا ئىدى. بۇ رەڭلەرگە بېرىلىپ كەتمەي دەيتتى، ئەمما ئۇنىڭغا مەپتۇن بولماي تۇرالمايدىغانلىقىنى بىلەتتى.

ئەزىز تاغدىن-باغدىن خەت يازىدىغان ئادەم ئەمەس ئىدى، قەلبىنى يولباشچى قىلمىغان، ئىشق-مۇھەببەتكە تەسلىم بولمىغان ئادەم ئەزىزگە كۆرە ئۈسۈملۈكتىن پەرقسىز ئىدى. ئەزىز بىرەر گەپ قىلىۋېلىش ئۈچۈنلا خەت يازمايتتى، بەلكى ھەممە خېتىگە ئېتىبار بېرىپ، ئۆلۈم ۋە ھاياتلىق، ئېتىقاد ۋە پەلسەپە، يەنە مۇھەببەت دېگەندەك ئاساسلىق مەسىلىلەر ھەققىدە يازاتتى. ئېللا بۇنداق چوڭ تېمىلاردا پىكىر يۈرگۈزۈشكە ئادەتلەنمىگەن تۇرۇپ، ئۇنىڭغا كىرىشىپ قېلىۋاتاتتى.

بۇ مۇناسىۋەتنىڭ بىر يېرىدە يوشۇرۇن مۇھەببەت بار دېيىلسە، دېمىسىمۇ بار ئىدى، ئېللا ئۇنىڭ پاك مۇھەببەت ئىكەنلىكىگە ئىشىنەتتى. تور دۇنياسىدىن ئىبارەت بۇ مەۋھۇم بوشلۇقتا تەساددىپىيلىقلارغا تولغان سىرلىق ئوردىنىڭ ئىككى بۇلۇڭىدىن بىر-بىرى بىلەن ئىش-پەش تارتىشىپ قالسا نېمە بوپتۇ؟ مۇشۇ ئارقىلىق توي قىلغاندىن بېرى يوقىلىپ بېرىۋاتقان ئۆزلۈك ئىشەنچىنى قايتا تېپىۋالالايتتى، يەنە بىر تەرەپتىن، ئوتتۇرا ياشلىق، ئۆي-ئوچاقلىق بىر ئامېرىكىلىق ئايالنىڭ

ياخشى كۆرۈشكە ئىرىشىش بەلكى ئەزىزنىمۇ خۇشال قىلاتتى. ئەزىز ھەر قانداق ئەھۋالدا كەم تېپىلىدىغان ئىنسان بولۇپ، بىر ئايالنىڭ كۆڭلىنى ئۇتتۇۋالغىنىنى بىلىپلا ئىشىۋېلىپ، بۆرىدەك ھۇجۇم قىلىدىغان ئەرلەردىن ئەمەس ئىدى.

ئىرى، بالىسى تۇرۇپ يات ئەر بىلەن كېچە-كۈندۈز خەت-ئالاقە قىلىپ ئاپاق-چاپاق بولۇش ئېللانىڭ ۋىجدانىنى ئازابلايتتى، ئەمما بۇ مۇناسىۋەت ھەر قانچە بولسىمۇ جىسمانىي يېقىنچىلىق دەرىجىسىگە بارمايتتى، پەقەت كۆڭۈلدە غايىۋى مۇھەببەت بولۇپ ساقلىنىپ قالاتتى.

"پاك" گۇناھ، "پاك" قاباھەت ئىدى بۇ مۇھەببەت...

ئېللا

بوستون، 2008-يىل، 6-ئاينىڭ 5-كۈنى

ئالدىنقى خېتىڭدە "توغرا قارار چىقىرىش، پىلانلار تۈزۈش ئارقىلىق تۇرمۇشىمىزنى بىر ئىزغا سالالايمىز دەپ ئويلايمىز، ھالبۇكى بىلىق ئۆزى ئۈزۈۋاتقان ئوكيياننى كونترول قىلالامدۇ؟ ئۇنىڭ پەيدا قىلىدىغىنى پەقەت قۇرۇق خىيال ۋە ئاچچىق زىيان" دەپ يېزىپتىكەنسەن.

مېنىڭ تۇرمۇشۇم دائىم پىلان، تەرتىپ بويىچە ئۆتىدۇ ئەزىز، ئائىلىمىزنىڭ ھەممە ئىشىغا مەن مەسئۇل، ئەڭ كىچىك ئىشلارنىمۇ مەن كونترول قىلىمەن. مېنى تونۇيدىغانلاردىن سورىساڭ ھەممىسى شۇنداق دەپ بېرىدۇ. قائىدە-يوسۇنلۇق ئايالمەن. ئۆز قائىدىلىرىمدىن چىقىپ كېتىشنى خالىمايمەن (مېنىڭ قائىدە-نىزاملىرىم شەمس تەبرىزىنىڭ نىزاملىرىدەك جەلپ قىلارلىق ئەمەس، ئەلۋەتتە). بىر قېتىم كىچىك قىزىم ماڭا ئاچچىقلىنىپ، پارتىزانلارچە تاكتىكا قوللىنىپ تۇرمۇشىمىزغا ئارىلاشتىڭ دېگەنىدى. ئۇلار بىلەن تۈزۈك پاراڭلىشىپ، بىراقلا سوقۇشۇشنىڭ ئورنىغا "تۇرمۇشىغا سىڭىپ كىرىش" چارىسىنى قوللىنىپتىمىشمەن.

"Que sera sera" (مۇزاينىڭ يۈگۈرۈشى سامانلىقىقچە) دەيدىغان بىر ناخشا ئېسىڭدىمۇ؟ ئۇ مېنىڭ ناخشام ئەمەس، ئۆزەمنى پەقەت ئەركىن قويۇۋېتەلمەيمەن. سەن دىندار ئادەم، ئەمما مەن ئۇنداق ئەمەس. گەرچە ھەر ھەپتە ئائىلە بويىچە شەبىتى[1] كۈنىنى تەبرىكلەيمىز، ئەمما بۇ بىز

[1] يەھۇدىيلارنىڭ جۈمە كۈنى كۈن پېتىشتىن سەل بۇرۇن باشلاپ ئەتىسى شەنبە كۈنى ئاخشامغىچە بىر كۈن دەم ئالىدىغان قۇتلۇق كۈنى. — ت

ئۈچۈن دىنىي زۆرۈرىيەتتىن كۆرە ئۆرپ-ئادەت تۈسىنى ئالغان بىر پائالىيەت. ئۇنىۋېرسىتېتتا ئوقۇۋاتقان چاغلىرىمدا بىر مەزگىل شەرق مىستىتسىزمىگە قىزىقىپ، بۇددىزم ۋە تەرىقەتچىلىكنى خېلى تەتقىق قىلىپ باققانىدىم. ھەتتا بىر قىز دوستۇم بىلەن بىللە ھىندىستانغا بېرىپ ھىندى دىنى ئىبادەتخانىسىدا ئىستىقامەت قىلىش پىلانلىرىنىمۇ تۈزۈپ قويغاندۇق. ئەمما ئۇ ئىشلار ئۇزۇن داۋاملاشمىدى. ئۇ ۋاقىتلاردا مىستىك تەلىماتلار ھەر قانچە ئاجايىپ بولسىمۇ زامانىۋى ئىنسانلارنىڭ مەنىۋى تەلەپلىرىنى قاندۇرۇپ بولالمايدۇ دەپ ئويلىغانىدىم.

دىنغا بۇنداق سۇس قارىشىم كۆڭلۈڭگە كەلمىگەندۇ دەپ ئويلايمەن. ساڭا ھەر ۋاقىت دۇرۇس مۇئامىلە قىلىشنى ئويلىغانلىقىم ئۈچۈن بۇلارنى يېزىۋاتىمەن. بۇنى ئۆز پەيتىدە قىلىنغان ئېتىراپ دەپ بىل.

سېنى كۆرمەي تۇرۇپ سېغىنغان ئېللا

سۆيۈملۈك پارتىزان ئېللا، ئامىستىردامدىن مالاۋىگە كېتىۋېتىپ خېتىڭنى تاپشۇرۇۋالدىم. ئەيدىز كېسىلى كەڭ تارالغان، ئۈچتىن ئىككى قىسىم بالىلار يېتىم قالغان بىر يېزىنىڭ سۈرىتىنى تارتىش ئۈچۈن كېتىۋاتىمەن. ئىشلار جايىدا بولسا تۆت كۈندىن كېيىن ئۆيۈمگە قايتىمەن. بۇنى ئۈمىد قىلالايمەنمۇ؟ ئەلۋەتتە، ئەمما كونترول قىلالايمەنمۇ؟ ياق.

قىلالايدىغان بىردىنبىر ئىشىم خاتىرە كومپيۇتېرىنى ئېلىۋېلىپ، تورغا چىقىشقا تىرىشىش ۋە بۇ ئۆمرۈمدە بىر كۈن ئارتۇقراق ياشاشنى ئۈمىد قىلغاچ ھەرىكەتلىنىشتۇر. قالغىنى مېنىڭ ياكى سېنىڭ ئىلكىڭدە ئەمەس.

بىز كونترول قىلالمايدىغان شۇ قىسىمنى سوپىلار "بەشىنچى ئۇنسۇر" دەپ ئاتايدۇ. ئوت، ھاۋا، شامال ۋە سۇ بىلەن بىرلىكتە بۇ دۇنيانى شەكىللەندۈرگەن بەشىنچى ئۇنسۇر: بوشلۇق. ئۇ چۈشەندۈرگىلى، كونترول قىلغىلى ھەم شۇ سەۋەبتىن پارتىزانلارچە تاكتىكا ئىشلەتكىلى بولمايدىغان بىر ئۇنسۇر. بىز ئىنسانلار ئۇنى تولۇق چۈشىنىپ كېتەلمىسەكمۇ ئەمما ئۇنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى بىلىمىز.

تەسلىمىيەتنى بىلمەيمەن دەپسەن، ئەگەر بۇ گېپىڭدىن ھېچ ئىرادەم يوق، تىرىشمايمەن، پىكىر بايان قىلالمايمەن دېمەكچى بولغان بولساڭ، بۇنىڭغا ئىشەنمەيمەن. مەن تەسلىمىيەتنى بەشىنچى ئۇنسۇرغا رىئايە قىلىش دەپ چۈشىنىمەن.

تەسەۋۋۇپنى بىلگىنىمدە پەرۋەردىگارنىڭ ئالدىدا ۋەدە قىلدىم، توغرا يولدىن ئايرىلماسلىق ئۈچۈن كۈچۈمنىڭ بارىچە تىرىشىشقا، ئۆز نەپسىمگە بويسۇنماسلىققا، قالغان ئىشنىڭ ھەممىسىنى پەقەت ئۇنىڭغا تاپشۇرۇشقا قەسەم قىلدىم. ئۆزەمدىن ھالقىغان ئىشلارنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكىگە ئىقرار بولدۇم. قىسقىسى، ئۇنىڭغا ئىشەندىم، ئېتىقاد مۇھەببەتكە ئوخشايدۇ، پاكىت تەلەپ قىلمايدۇ، مەنتىقىلىق چۈشەندۈرۈشنىڭ ئەسلا ھاجىتى يوق. ئۇ بار ياكى يوق.

مېنى دىندار دەپ قارايسەن، ئەمما مەن دىندار ئەمەس. دىندار بولۇش بىلەن ئېتىقادلىق بولۇش ئىككى ئىش. بۇ ئىككى ئۇقۇم ئارىسىدىكى پەرق ھېچقاچان بۈگۈنكىدەك ئېنىق ئايرىلمىغانىدى. بۈگۈنكى دۇنيادا بارغانچە زورىيىۋاتقان بىر قاتماللىق بار. دىندىن، دۆلەتتىن، جەمئىيەتتىن مۇستەسنا ھالدا ”ئەقلىيەتچىلەر“نىڭ ھۆرلۈكىنى ئاساس قىلغان بىر سىستېما قۇردۇق. يەنە بىر تەرەپتىن ئىنسانىيەت تېخى ئۆزىنىڭ مەنىۋى ئىزدىنىشلىرىدىن ۋاز كەچمىدى. ئەقلىنىڭ يەنە بىر تەرىپىنى بىلسەك دەيمىز. شۇنچە زاماندىن بېرى ئەقىلگە تايانغاندىن كېيىن زېھنىمىزنىڭ چەكلىك ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىشقا باشلىدۇق.

بۈگۈن زامانىۋىلىق ئەڭ مودا بولغاندەك، مەنىۋىيەتكە كۆڭۈل بۆلۈشمۇ باشقىچە جانلىنىپ كەتتى. دۇنيادا تېخىمۇ كۆپلىگەن ئىنسان تېز، ئالدىراش كېتىۋاتقان تۇرمۇشىغا مەنىۋى ئاراملىق ئىزدەشكە تىرىشماقتا. ئەمما روھانىيلىق يېڭى ”ھەۋەس“ ئەمەس، ھاياتىمىز ۋە خاراكتېرىمىزدە ئۆزگىرىش ھاسىل قىلماي تۇرۇپ ئۇنى بىلگىلى بولمايدۇ.

تاماق ئېتىشكە ئامراقمەن دېگەنىدىڭ. شەمس تەبرىزى بۇ دۇنيانى داشقازانغا ئوخشىتاتتى، ئۇنىڭ ئىچىدە ناھايىتى مۇھىم بىر تاماق پىشىۋاتىدۇ. قىلغان-ئەتكەنلىرىمىز، ھېس قىلغانلىرىمىز، سۆزلىگەنلىرىمىز، ھەتتا ئويلىغانلىرىمىزدىن تارتىپ ھەممە نەرسە ئۇ قازانغا خورۇچ بولۇپ كىرىدۇ. ئۇنداقتا بۇ دۇنياۋى ئاشقا نېمە قاتتۇق؟ كۆڭۈلسىزلىك، غەزەپ-نەپرەت، قان دەۋالىرى، ئۇرۇش-جېدەل قاتتۇقمۇ ياكى مۇھەببەت، ئېتىقاد ۋە ئىناقلىق قاتتۇقمۇ دەپ ئۆزىمىزدىن سورىشىمىز كېرەك.

سەنچۇ سۆيۈملۈك ئېللا؟ ئادىمىيلىك دېگەن بۇ شورپىغا سەن نېمىلەرنى قېتىۋاتىسەن؟ ھەر قېتىم سېنى ئويلىسام دۇنياغا كۈلكە-

تەبەسسۇم قېتىۋاتقاندەك تۇيۇلىسەن. سەن بىلەن كۆرۈشمەي تۇرۇپ سېنى سېغىنماقتىمەن...

سېنى سۆيۈپ، ئەزىز

ئۈچىنچى بۆلۈم

شامال

ھاياتتىكى تەرك ئېتىدىغان، كۆچىدىغان، يۆتكىلىدىغان نەرسىلەر...

مۇتەئەسسىپ
كونيا، 1244-يىل 10-ئاينىڭ 19-كۈنى

كوچىدىكى ئىتلارنىڭ تۇيۇقسىز قاۋاشلىرىنى ئاڭلاپ ئورنۇمدىن تۇرۇپ كەتتىم. ئىتلار يېقىن ئەتراپتا ئۆيگە كىرىشكە ئۇرۇنۇۋاتقان بىرەر ئوغرى ياكى يولدىن ئۆتۈۋاتقان بىرەر مەسنىڭ ھىدىنى پۇراپ قالغان بولسا كېرەك. بۇ كۈنلەردە پاك ئىنسانلارغا خاتىرجەم ئۇيقۇ ھارام بولدى. ھەممە جاينى ئەيش-ئىشرەت، چۈشكۈنلۈك قاپلىدى. ئىلگىرى كونيا مۇشۇنداقمىدى؟ تېخى بىر نەچچە يىل ئىلگىرى بۇ شەھەر خاتىرجەم، پاكىز يەر ئىدى. ئەمما ئەخلاقىي بۇزۇلۇش دەپ ئاتىلىدىغان بۇ ئىللەت لاي-پاتقاققا ئوخشاش نەرسە بولۇپ، تېگىپلا كەتسەڭ يۇقىدۇ ياكى سېنى ئىچىگە سۆرەيدۇ. بۇ شۇنداق بىر مۇسىبەتكى، ئادەملەرنى باي-كەمبەغەل، قېرى-ياش دېمەستىن ئۆز ئىلكىگە ئېلىۋالىدۇ. بىر چاغدا قارىساڭ، ئۇ شامالدا ئۇلغىيىپ كەتكەن ئوتتەك تۆت تەرەپنى قورشىغان. مانا بۇ شەھىرىمىزنىڭ بۈگۈنكى شەرىئەت ئەھۋالى... مەدرىستە مۇدەررىسلىك قىلمىغان بولسام ئەتىگەنلىرى ئاساسەن ئۆيدىن تالاغا چىقمىغان بولاتتىم.

دەۋر بۇزۇلغان، ئەمما خەلق نىزامى رەھبەرسىز، مۇداپىئەسىز قالغىنى يوق. جامائەتنىڭ مەنپەئەتىنى شەخسىي مەنپەئەت ئۈستىگە قويۇپ، ئەتىگەن-ئاخشاملىرى تەرتىپ ساقلاۋاتقانلار بار. مەسىلەن، جېيەنىم بايبارس! خوتۇنۇممۇ، مەنمۇ ئۇنىڭدىن پەخىرلىنىمىز. بايبارس ۋە باشقا مۇھاپىزەتچىلەر كېچىنىڭ شۇ زۇلمەت ۋاقىتلىرىدا گۇناھكارلار لاغايلاپ يۈرمىسۇن دەپ، بىزلەرنى تۆشەكلىرىمىزدە راھەت ئۇخلىسۇن دەپ ئەتراپنى چارلاپ يۈرىدۇ.

بىر قانچە يىل بۇرۇن ئىنىمنىڭ ئەجىلى توشۇپ بۇ دۇنيادىن كەتكەندە بايبارسنىڭ ۋەلىسى بولۇپ، ئۇنى ئۆز ئوغلۇمدەك بېقىپ چوڭ قىلدىم. ئۆزى قارام ۋە جەسۇر بولۇپ، بۇنىڭدىن ئالتە ئاي ئىلگىرى مۇھاپىزەتچى

بولدى. خەقنىڭ گېپىگە قارىغاندا، مەن مەدرىسىدە مۇدەررىس بولمىغان بولسام بايبارس ئىش تاپالماسكەن. قىپقىزىل يالغان! بايبارس بۇ ۋەزىپىنى ئورۇنلاشقا لايىق ئەقىل ۋە جاسارەتكە ئىگە. ئەگەر خالىسا قالتىس ئەسكەر بولالايتتى. ئەمما باشتا قۇددۇسنى ئېلىش ئۈچۈن كېتىۋاتقان ئەھلى سەلىپ قوشۇنلىرىغا-دىنىمىزنىڭ دۈشمەنلىرىگە قارشى ئورۇشقا ئاتلىنىشقا تەييار تۇرسىمۇ ئۇنىڭ بۇ يەردىن كېتىپ قېلىشىنى مەنمۇ، ئايالىممۇ خالىمىدۇق. مەشەددە قېلىپ ئۆي-ئوچاقلىق بول، ئەمدى ئۆيلىنىدىغان ۋاقتىڭ كەلدى دېدۇق.

— ئوغلۇم، مەرت، مەردانىسەن، تۇتقىنىڭنى يۇلۇپ ئالالايسەن. بىز بۇ يەردە ساڭا مۇھتاج،— دېدىم ئۇنىڭغا،— مەقسىتىڭ جىھاد قىلىش بولسا بۇ شەھەردىمۇ سەن جىھاد قىلغۇدەك نۇرغۇن ئىشلار بار.

دېمىسىمۇ شۇنداق. ئەتىگەندە ئايالىمغا ” قىيىن كۈنلەرنى باشتىن كەچۈرۈۋاتىمىز خوتۇن، ئەل-ئاۋام بۇزۇلۇپ كېتىۋاتىدۇ“ دېدىم.

ھەر كۈنى بىر يەردە پاجىئە يۈز بېرىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاۋاتىمىز. بۇ تەسادىپىيلىق ئەمەس. ئەگەر موڭغۇللار بۇنداق غەلىبە قازانسا، خىرىستىئانلار دىن دەۋاسىنى چىڭغا چىقارسا، ئىسلام دۈشمەنلىرى يېزىمۇ يېزا، شەھەرمۇ شەھەر كىرىپ مۇسۇلمانلارغا ھۇجۇم قىلسا بۇلارغا ئاللاھنىڭ ئارغامچىسىغا مەھكەم ئېسىلمىغانلار سەۋەبچى! ئەگەر بىر جاينىڭ ئاھالىسى توغرا يولدىن چىقسا مانا مۇشۇنداق نىجاتلىق تاپالمايدىغان ھالغا كېلىدۇ. موڭغۇللار بىزنىڭ گۇناھلىرىمىزنىڭ كاپارىتى، شۇ سەۋەبتىن ئۇلار بىزگە ئەۋەتىلگەن بالا-قازا بولدى. موڭغۇللار بولمىغان بولسا يەر تەۋرەش، قەھەتچىلىك، كەلكۈن دېگەندەك بالايى-ئاپەتلەر كېلەتتى. گۇناھكارلارنىڭ بۇلاردىن ئىبرەت ئېلىپ تەۋبە قىلىشى ئۈچۈن يەنە قانچىلىغان مۇسىبەتلەرگە ئۇچرايمىز؟ بېشىمىزغا پەقەت تاش ياغمىغىنىلا قالدى، ئەگەر مۇشۇنداق كېتىۋەرسەك بۇ ئاپەتمۇ كېلىدۇ. سودوم شەھىرىدە ئۆتكەن سودوم ۋە گومورە[1] دە ياشىغان رەزىللەرنىڭ يولىدىن ماڭىدىغان بولساق، ھەممىمىز يەر يۈزىدىن تازىلىنىمىز.

شۇ مەنمەنچى، تەلۋە سوپىلار ھەممە ئادەمنى يامان يولغا باشلاۋاتىدۇ. مۇسۇلمانغا ياراشمايدىغان بىمەنە گەپلەرنى قىلىپ تۇرۇپ يەنە دىنىدىن، ئىمانىدىن سۆزلەيدۇ ئەمەسمۇ، بۇنىڭغا غەزىۋىم كېلىدۇ. ئاقماس گەپلىرىنىڭ قايىل قىلىش كۈچىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن پەيغەمبەر

---

[1] سودوم ۋە گومورە— ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام زامانىسىدا لۇت كۆلى ۋادىسىدا جايلاشقان شەھەرلەر بولۇپ، شەھەر ئاھالىسى زىنا، بەچچىۋازلىقتا ھەددىدىن ئېشىپ كەتكەچكە ئاللاھ ئۇلارنى يەر بىلەن يەكسان قىلغان. —ت

ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇبارەك ئىسمىنى ئېغىزىغا ئالغانلىقىغا قارىنىم كۆپىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇرۇشتىن قايتىپ كېلىپ خەلققە: "كىچىك جىھادنى ئاياغلاشتۇردۇق، ئەمدى چوڭ جىھادقا ئاتلىنىمىز" دېگەنمىش. سوپىلار بۇنى تۇتىۋېلىپ " ئەمدى بىزنىڭ بىردىنبىر دۈشمىنىمىز ئۆز نەپسىمىز، ھېچكىم بىلەن ئۇرۇش قىلمايلى!" دېمەكتە. بەلكى بەزىلەرگە بۇ گەپ خوشياقىدۇ، ئەمما پىچاق سۆڭەككە يېتىپ، كاپىرلار، مۇلھىدلار بىلەن ئۇرۇش قىلىشقا توغرا كەلگەندە بۇ گەپنىڭ نېمە پايدىسى بار؟

تەسەۋۋۇپ ئەھلى دېگەنلەر ئىشنى چوڭايتىپ " ئالدىمىزدا شەرىئەت، مەرىپەت، تەرىقەت، ھەقىقەت دېگەن تۆت ئىشىك بار، بۇنىڭغا قەدەممۇ قەدەم يېقىنلاشقىلى بولىدۇ" دەيدۇ. ئارقىدىن بەزىلىرى قوشۇمچە قىلىپ "شەرىئەت پەقەت بىر مەنزىلدۇر" دەيدۇ، ئۇلاردىن سورايمەنكى، ئۇ نېمىنىڭ مەنزىلىكەن؟

يەنە بىرى تېخى تەپ تارتماستىن " تۆتىنچى ئىشىككە بارغۇچىنى بىرىنچى ئىشىكنىڭ قائىدىلىرى چەكلىيەلمەيدۇ، ھەقىقەت ئەھلى شەرىئەت قائىدىلىرىگە ئەمەل قىلمىسىمۇ بولىدۇ". ۋاھ! ئۇلار ئۆزلىرىنى ئۇلۇغ مەرتىۋىلەرگە ئېرىشتۇق دەپ ئويلايدۇ، شۇنداقمۇ؟ ھەممىسى قۇرۇق گەپ! ئۇلارغا كۆرە ھاراق ئىچىش، ئۇسسۇل ئويناش، ساز چېلىش، شېئىر يېزىش، رەسىم سىزىش...دىنىي مەجبۇرىيەتلەردىنمۇ بەك مۇھىم. ئۇلار توختىماي ۋەز ئېيتىپ " ئىسلامدا دەرىجە-مەرتىۋە يوق، ھەر ئادەمنىڭ ئۆز خۇداسىنى تېپىۋېلىش ھەققى بار" دېيىشىدۇ. بۇ گەپلەر توغرىدەك، ھېچقانداق مەسىلە يوقتەك تۇيۇلىدۇ، ئەمما مەن بىلىمەنكى، ئۇلارنىڭ تەبلىغىدە" ئايەت-ھەدىسلەرنى ئاڭلىماڭلار، ئۇنىڭ نېمە كېرىكى بار!" دەيدىغان شۇم نىيەت بار ، ئەسلىدە ئۇلار بىز بىلەن قېرىشماقتا.

سوپىلاردىن سورىساڭ، ئۇلار "قۇرئان كەرىم سىرلىق سىمۋول ۋە بەلگە-ئىشارەتلەرگە تولغان" دېيىشىدۇ، ئايەتلەرنى ھەرپلەر بويىچە ئەبجەد ھېسابىغا قويۇپ يوشۇرۇن مەنىلەرنى ئىزدەيدۇ. ھەر بىر كەلىمىنىڭ زاھىرىي ۋە باتىنىي مەنىسى بارمىش، شۇ سەۋەبتىن ئۇلار ھەر بىر ئايەتكە نەچچە ھەسسە دىققەت بىلەن قارايدۇ. غاپىللار! ئاللاھ ھېچقانداق سۆزىنى يوشۇرمىغان، ئوچۇق-ئوچۇق بايان قىلغان تۇرسا، ئىزدەيدىغان نېمە بار؟ سوپىلار ئايەتلەردىكى يوشۇرۇن خاسلىقلار، مەخپىي بەلگىلەرنى تاپىمىز دەپ كاللىسىدىن كېتىپ قالغاچقا ئاللاھ تائالانىڭ روشەن سۆزلىرىنى چۈشىنىشكە نېسىپ بولالمايدۇ.

بەزى سوپىلار ”ئىنسان بەئەينى سۆزلەۋاتقان قۇرئاندۇر“ دەپ تۇرۇۋالىدۇ، تەۋبە ئەستاغپۇللاھ! ئۇ قانداق گەپ؟ بۇ سېپى ئۆزىدىن كۇپۇرلۇق! ئازغۇن ۋە ئاۋارە ئابداللار قەلەندەرى، هەيدەرى، جامى، گەيلانى... دېگەندەك كۇرمىڭ ئىسىملار بىلەن جاهان كېزىپ يۈرمەكتە... ئەڭ بەتتەرلىرى شۇلارمىكىن دەيمەن. بىر يەرگە بىرەر تال كۆچەت تىكەلمەيدىغان ئادەمنىڭ جامائەتكە نېمە پايدىسى بار؟ تەۋەلىك تۇيغۇسى كەم، شامالدا قالغان غازاڭدەك هەر تەرەپكە ئۇچۇپ يۈرۈيدىغان، پۈتۈن دۇنيانى ”ئۆيۈم“ دەيدىغان ئادەم شەيتانمۇ ئىزدەپ تاپالماي يۈرگەن هەمراهدۇر.

پەيلاسوپلارمو سوپىلاردىن قېلىشمايدۇ، چەكلىك ئەقلى بىلەن شۇ چەكسىز كائىناتنى بىلەلەيدىغاندەك داۋاملىق ئويلىنىدۇ. هوقۇشمۇسەن زاتى مۇبارەك؟ پەيلاسوپلار بىلەن سوپىلار ئۈزۈم شارابى ئىشلىگۈچى بىلەن ياما چىقارغۇچىغا ئوخشايدۇ، ئۇلارغا ئائىت بىر هېكايە بار:

بىر كۈنى پەيلاسوپ يولدا كېتىۋېتىپ دەرۋىشكە ئۇچراپ قاپتۇ. ئىككىلىسى بىر-بىرىنى كۆرۈپ پاراڭلاشقۇسى كەپتۇ، نەچچە كۈن مۇڭدىشىپتۇ، بىرى گەپ باشلىسا يەنە بىرى ئۇنى تاماملاپتۇ. ئاخىرىدا ئۇلار خوشلاشقاندا ئەتراپتىكىلەر هەر ئىككىسىدىن نېمىشقا بۇنچە قىزغىن پاراڭلىشىپ كەتكەنلىكىنى سوراپتۇ. پەيلاسوپ: ” پاراڭلىشىپ بىلدىمكى، مەن بىلگەن هەممە نەرسىنى ئۇ بۇرۇنلا كۆرۈپ يەتكەنىكەن“ دەپتۇ. سوپى بولسا:” پاراڭلىشىپ بىلدىمكى، مەن كۆرگەن هەممە نەرسىنى ئۇ ئەسلىدىلا بىلىدىكەن“ دەپتۇ.

دېمەك، غاپىل سوپى ئۆزىنى كۆردۈم دەپ ئويلىسا، غاپىل پەيلاسوپ ئۆزىنى بىلدىم دەپ ئويلايدىكەن. هالبۇكى ئۇ هېچنېمىنى بىلمىگەن، سوپىمۇ هېچنېمىنى كۆرمىگەن. كاللىسى ئاددىي، چەكلىك ۋە بۇ دۇنياغا ۋاقىتلىق كەلگەن بىز ئىنسانلارنىڭ ئۆزىمىزدىن هالقىغان ئىشلارغا كۈچىمىز يەتمەيدىغانلىقىنى ئۇلار نېمىشقا ئېتىراپ قىلمايدۇ؟ ئىنسان دېگەن مەخلۇق هەر قانچە تىرىشسىمۇ تەقدىرىنى قانچىلىك ئۆزگەرتەلەيدۇ؟ ئۇ ئۆز يولىدىن بىر قەدەممۇ نېرى كېتەلمەيدۇ. قادىر ئاللاھ پېشانىمىزگە نېمە پۈتكەن بولسا شۇنى كۆرىمىز. بىزنىڭ ۋەزىپىمىز ياراتقۇچىنىڭ ئەمرىلىرىنى چۈشەندۈرۈش ئەمەس، چۈشىنىشكە ئۇرۇنۇشمۇ ئەمەس، بەلكى نېمە دېگەن بولسا شۇنى قىلىشتۇر!

بايبارس ئۆيگە كەلسۇنچۇ قېنى، مۇشۇ هەقتە بىر-بىرلەپ پاراڭلىشىمىز. بۇنداق سۆهبەتلەر بىزنىڭ ئادىتىمىزگە ئايلىنىپ قالدى. هەر ئاخشىمى ئۇ ئۆيگە هېرىپ-ئېچىپ كەلگىنىدە تونۇر بېشىدا ئولتۇرۇپ

مۇڭدىشىمىز. ئۇ ئايالىم ھازىرلىغان شورپىغا نان سېلىۋاتقاندا بىر ياندىن ھازىرقى ئەھۋال ۋە شەرىئەت ھەققىدە پاراڭغا چۈشۈپ كېتىمىز، ئىشتىھالىق سۆھبەت بۇ. ئۇ نېمىلا دېگەنبىلەن قىززىق قان يىگىت، كۆچ ـ قۇۋۋىتى جايىدا، ئۇنىڭدەك ياش، جەسۇر، پاك ئىنسانىنىڭ بۇ دىنىمىز شەھەردە قىلىدىغان نۇرغۇن ئىشى بار. كاپىر بولسۇن، پاسىق بولسۇن، جازاغا تارتىدىغان بەك كۆپ ئىنسان بار، بەك كۆپ!

شەمس

كونيا، 1244 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى

مۇزدەك سوغۇق كېچە، ھالۋىچىخانىنىڭ بالكونىدا ئولتۇراتتىم. مەۋلانا بىلەن تونۇشۇشۇمغا ئاز قالغانىدى. تەپەككۇر قاينىمىغا چۆكتۈم. ئاللاھ ”قايسى تەرەپكە ماڭساڭ ماڭ، مېنى ئىزدە، مېنى تاپ“ دەپ ياراتقان كائىناتنىڭ چەكسىزلىكى ئالدىدا قەلبىمىز سۆيۈنۈش ۋە سۆيگۈگە تولۇشى كېرەك ئىدى، ئەمما بۇنداق مىننەتدارلىق تۇيغۇسىدا ياشايدىغان ئىنسان تولىمۇ ئاز.

كونياغا كەلگىنىمدىن بېرى تونۇشقان ئىنسانلارنى ئەسلىدىم: تىلەمچى ھەسەن، مەست سۇلايمان، پاھىشە چۆل گۈلى. باشقىلار تەرىپىدىن كەمسىتىلگەن، ئېزىلگەن بۇ ئىنسانلار ”مەنىلىك گۇمانى“دىن ئىبارەت كەڭ تارالغان كېسەللىككە گىرىپتار بولۇپ، جەمئىيەت تەرىپىدىن چەتكە قېقىلغانىدى. ئۇلار ئاپئاق قەسىرلىرىدە ئولتۇرغان ئالىملارنىڭ نەزەرىگە چېلىقمىغان ئىنسانلار ئىدى. مەۋلانانىڭ ئۇلار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى قانداقتۇ؟ دەپ ئويلايتتىم. ئەگەر مەۋلانا تۆۋەن تەبىقىدىكى كىشىلەرگە تېخى باغرىنى ئاچمىغان بولسا ئۇنىڭغا ياردەم قىلىپ، ئۇنىڭ بىلەن شۇ كىشىلەر ئوتتۇرىسىدا كۆۋرۈك بولسام دەيمەن.

شەھەر ئاخىر ئۇيقۇغا چۆمدى، كېچە ھايۋانلىرىمۇ بۇ تىنچلىقنىڭ پەيزىنى بۇزالمايدىغان ۋاقىتلار يېتىپ كەلدى. بىر شەھەرنىڭ ئۇيقۇسىنى تۇيماق كىشىگە تەرىپلىگۈسىز ئازاب ھەم تەرىپلىگۈسىز شادلىق ئاتا قىلىدۇ. تاقالغان ئىشىكلەرنىڭ ئارقىسىدا نېمە ئىشلار يۈز بېرىۋاتقاندۇ؟ ئۆمرۈمدە باشقا بىر يولنى تاللىغان بولسام بېشىمغا نېمە ئىشلار كېلەر بولغىيدى دەپمۇ ئويلاپ قالىمەن، ئەمما بىلىمەنكى، مەن بۇ يولنى تاللىمىدىم، بەلكى بۇ يول مېنى تاللىدى.

بىر ئابدال شەھەرگە كىرىپتۇ، بۇ يەرنىڭ ئاھالىسى ياتلارغا پەقەت ئىشەنمىگەچكە دەرۋىشكە "سىزنى ھېچقايسىمىز تونۇمايمىز، بۇ يەردىن يوقال!" دەپ ۋاقىراپتۇ. دەرۋىش تەمكىنلىك بىلەن: "مەن ئۆزەمنى تونۇيمەن ئەمەسمۇ، مۇھىم بولغىنى شۇ، ئەگەر سىلەر مېنى تونۇغان بىلەن مەن ئۆزەمنى تونۇمىسام، چاتاق بولاتتى". كونىيا خەلقى مېنى تونۇمىسا مەيلى، ئۆزەمنى تونۇغانلىقىم ئۈچۈن ئىشلىرىم جايىدا. ئۆزىنى بىلگەن ئادەم رەببىنى تونۇيدۇ.

يىگىرمە ئۈچىنچى نىزام: ھاياتىمىز قولىمىزغا ۋاقىتلىق تۇتقۇزۇلغان رەڭگارەڭ ئويۇنچۇقتىن ئىبارەت، بەزىلەر ئۇ ئويۇنچۇقنى شۇنچىلىك چوڭ بىلىدۇكى، ئۇنىڭ ئۈچۈن يىغلايدۇ، پەرىشان بولىدۇ. بەزىلەر ئۇنى قولىغا ئېلىپلا مىجىيدۇ، ئاتىدۇ، تاشلايدۇ. بىر بولسا ئۇنى شۇنچىلىك قەدىرلەيمىز، بىر بولسا ئۇنىڭ قىممىتىنى بىلمەيمىز. چەكتىن ئېشىپ كەتمە. سوپىلار چەكتىن ئاشمايدۇ ھەم سەل قارىمايدۇ، بەلكى دائىم ئۇنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇرىدۇ...

ئەتە ئەتىگەن مەن جامائەتكە قېتىلىپ چوڭ جامەگە بېرىپ رۇمىنىڭ تەبلىغىنى ئاڭلايمەن. ئۇ باشقىلارنىڭ دېگىنىدەك ئۇستا ۋائىز بولۇشى مۇمكىن، شۇنداقتىمۇ ھەر خاتىپنىڭ گېپىنىڭ چوڭقۇرلۇقى ئۇنى ئاڭلىغۇچىلارنىڭ نىيىتى چۈشەنگەنلىكى بىلەن ئۆلچىنىدۇ. كىشىلەر ۋەز ئاڭلىغاندا ئۆزلىرىنىڭ ئاڭلىماقچى بولغانلىرىنى ئاڭلايدۇ. ھالبۇكى ئەسلىدە قۇلاققا ياقمايدىغان سۆزلەردە كارامەت باردۇر. مېنىڭچە، مەۋلانانىڭ ۋەزلىرى چاقچاق ئوتى، بوغساق ئوتى، سۈپۈرگە ئوتلىرى بىلەن قاپلانغان تەبىئىي باغقا ئوخشايدۇ. ئۇ يەرگە كىرگەنلەر كۆزىگە چىرايلىق كۆرۈنگەن گۈللەرنى ئۈزۈپ، باشقا ئوتلارغا قاراپمۇ قويمايدۇ. تىكەنلىك، كۆرۈمسىز ئۆسۈملۈكلەرنى ياخشى كۆرىدىغانلار تولىمۇ ئاز. ھالبۇكى نۇرغۇن كېسەللەرنىڭ شىپاسى ئەنە شۇنداق ئۆسۈملۈكلەردىن تېپىلىدۇ.

ئىشق باغچىسىمۇ شۇنداق ئەمەسمۇ؟ پەقەت ياخشى نەرسىگە، ئاسان بولغىنىغا ئېسىلىپ، تەس، قىيىن بولغانلىرىنى تاشلىساق ئۇ "ئىشق" بولامدۇ؟ گۈزەلنى سۆيۈپ، سەتنى نېرى تۇر دەپ ئىتتىرىۋېتىش بەك ئاسان. مۇھىمى، ياخشى-يامان دەپ ئايرىماي ئۇلارنى تەڭ سۆيۈشنى بىلىش. پەقەت ئۆزىمىز ياخشى كۆرگەن نەرسىگىلا شۈكرى قىلىش نېمىگە ئەرزىيدۇ؟ بەلخنىڭ ئىتلىرىمۇ شۇنداق قىلىشنى بىلىدۇ: سۆڭەك تاشلاپ بەرسەڭ خوش بولۇپ قۇيرۇقلىرىنى شىپاڭلىتىدۇ. شۈبھىسىزكى، ئىنسان بۇنىڭدىن كۆپ ئىشلارنى قىلالايدۇ. ياخشى-يامان نەرسىلەردىن ھالقىش

تامامەن مۇمكىن! يەنە كېلىپ باشقا بىر يەر، بارلىق سۆپەتلەر ئۆز مەنىسىنى يوقاتقان باشقا بىر دائىرە بار.

ئەتە رۇمىنى كۆرىمەن.

كەلىمىلەر، ھەرپلەر، مەنە ئالىمىنىڭ خوجىسى، دۇنيانىڭ شەرىپى بولغان ئەي رۇمى! مېنى كۆرۈپ تونۇيالامسەن؟ مېنى كۆر، مېنى كۆر!

رۇمى

كونيا، 1244 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى

جېنىم تېنىمدىلا بولسا شەمس تەبرىزى بىلەن تونۇشقان شۇ كۈننى ئۇنتۇمايمەن. جەمادىيەل ئەۋۋەلنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرى ئىدى، يازغا يېقىن ساپ، ئىللىق، غۇر ـ غۇر شامال چىقىپ، ئاخىرقى باھارنىڭ پۇتۇن كۈچى بىلەن ئىلگىرلەۋاتقانلىقىدىن خۇش خەۋەر بېرىپ تۇراتتى.

جامەدە بۇرۇنقىدەكلا ئادەم كۆپ، سەپلەر زىچ ئىدى. ھەر قېتىم بۇنچە كۆپ ئادەمگە ۋەز سۆزلەش توغرا كەلگەندە جامائەتنى بەك ئويلاپ كەتمەيمەن، ئويلىمايمۇ قالمايمەن، ئوتتۇرىغا پاسىل قويىمەن، ئاڭلىغۇچىلارنى ئونلىغان، يۈزلىگەن ئىنسان ئەمەس، بەلكى بىر ئىنسان دەپ قارىساقلا ئىش ھەل بولىدۇ. ھەر ھەپتىدە نەچچە يۈز ئادەم مېنىڭ تەبلىغىمنى ئاڭلىغىلى كېلىدۇ، ئەمما مەن بىر ئادەمگىلا خىتاب قىلىمەن، پەقەت شۇ ئادەملا گېپىمگە قۇلاق سېلىۋاتىدۇ دېگەن تۇيغۇدا سۆزلەيمەن.

ۋاز ئاياغلاشقاندىن كېيىن جامەدىن چىقىپ قارىسام ئېتىم تەييار، يايلى ئالتۇن يىپ بىلەن ئۆرۈلۈپ، بوينىغا كۈمۈش قوڭغۇراقلار ئېسىلىپتۇ. ئات ھەر بىر قەدەم ماڭغاندا قوڭغۇراقنىڭ بىلىنەر ـ بىلىنمەس جىرىڭلىشىغا خۇشتار ئىدىم، ئەمما ئەتراپتا ئادەم كۆپ، يول قىستاڭ، قانداق تېز ماڭغىلى بولسۇن! ئالدىمدا مەن ۋە تالىپلىرىم، ئارقىمىزدا بىر توپ ئەگەشكۈچىلەر ئېغىر ـ ئېغىر قەدەم ئېلىپ، كەپە ئۆيلەر، كىچىك ـ كىچىك دۇكانلارنىڭ ئالدىدىن ئۆتتۇق.

ئەتراپىم شۇنچىلىك پاتپاراق، شاۋقۇن ـ سۈرەن ئىدىكى، يولدا قاتار تۇرغانلارنىڭ ئالقىش سادالىرى دەرتمەنلەرنىڭ شىكايەتلىرىگە، بالىلارنىڭ قاقشاشلىرى ۋە ئاتا ـ ئانىلارنىڭ ئەيىبلەشلىرىگە، ساتارمەنلەرنىڭ ۋاقىراش ـ جاقىراشلىرى ۋە تىلەمچىلەرنىڭ نالە ـ پەريادىغا ئارىلىشىپ كەتكەنىدى. بۇ ئىنسانلارنىڭ كۆپىنچىسى ئۆزلىرى ئۈچۈن دۇئا قىلىپ قويۇشۇمنى ئۈمىد

قىلسا، بىر قىسمى پەقەت قول تۇتۇپ كۆرۈشۈشلىك ياكى يېنىمدا بىللە مېڭىشنى ئارزۇ قىلاتتى. يەنە ئۇنىڭدىنمۇ چوڭ ئىشلارنى، ئەجەللىك كېسەللىكلەرگە شىپالىق ئاتا قىلىشىمدىن تارتىپ سېھىر بۇزۇپ بېرىشىمنى تەلەپ قىلىدىغانلار كېلەتتى، مانا بۇلار مېنى پاراكەندە قىلاتتى. ئۇلار ئۇقامدۇ؟ مەن كارامەت كۆرسىتىدىغان پەيغەمبەرمىدىم ياكى كېسەللەرگە شىپالىق بېرىدىغان لوقمان ھېكىممىدىم؟

شۇنداق خىيال سۈرۈپ كېتىۋاتاتتىم، دوقمۇشتىن قايرىلىپ ھالۋىچىخانىغا يېقىنلاشقاندا بىر دەرۋىشنىڭ ماڭا ئۆتكۈر نەزەردە تىكىلىپ، توپنى يېرىپ ئالدىمغا كېلىۋاتقانلىقىنى كۆردۈم. ھەرىكەتلىرىدىن بىر ئىشقا ئاتلانغان كىشىگە خاس قەتئىيلىك، تۇرقىدىن ئەتراپىمدىكى ئادەملەر ۋە باشقا ھەممە نەرسىگە ئوخشىمايدىغان ھالىتى چىقىپ تۇراتتى. ئۆزى يالغۇز بولۇپ، پەقەت مۇشۇ پەيتتىلا ئەمەس، پۈتۈن ئۆمرىدە يالغۇز ياشىغاندەك قىلاتتى. چېچى، ساقال-بۇرۇتى، قېشى يوق ئىدى، بىر ئىنساننىڭ يۈزى ھەر قانچە بولسا مۇشۇنچىلىك ئوچۇق بولار، ئەمما چىراي ئىپادىسى سىرلىق، بىلگىلى بولمايتتى.

مەن ئۇنىڭ سىرتقى قىياپىتىدىن ھەيران قالمىدىم، كونيا شەھىرى جاھانكەزدى ئابداللار تولا كېلىدىغان جاي بولۇپ، ئاللاھنى ئىزدەپ يۈرگەن ھەر تۈرلۈك دەرۋىشلەر بۇ يەرگە كېلىپ-كېتىپ تۇراتتى. قوللىرىغا ھەر خىل گۈل چەكتۈرۈۋالغان، بۇرۇن، قۇلاقلىرىغا قاتار ھالقا سېلىۋالغان، بويۇنلىرىغا بۇرغا، مۈڭگۈز ئېسىۋالغان دەرۋىشلەرنى كۆپ كۆردۈم. شۇڭا بۇ دەرۋىشنى دەسلەپتە كۆرگىنىمدە ئۇنىڭ تۇرقىغا ھەيران قالمىدىم، بەلكى كۆزلىرىگە تىكىلىپ تۇرۇپ قالدىم.

ئۇ ئادەمگە خەنجەردەك ئۆتكۈر نەزەردە قارايتتى، كوچىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئىككى قولىنى قاناتتەك كېرىپ، ماڭا شۇنداق بىر نەزەر سالدىكى، مېنى ۋە ئارقامدىن كېلىۋاتقانلارنى ئەمەس، بەلكى مۇشۇ پەيتنى توختىتىپ قويماقچىدەك قىلاتتى. ۋۇجۇدۇم بىردىنلا تىترەپ، يۈرىكىم ئاغقاندەك بولدى. ئېتىم خۇيلىنىپ ئاچچىق كىشنىگىلى تۇردى، بۇ ھايۋاننى بېسىقتۇراي دېسەممۇ بولمىدى، ئالدى پۇتىنى كۆتۈرۈپ مېنى يەرگە ئېتىۋەتكىلى تاس قالدى.

دەل شۇ پەيتتە دەرۋىش ئېتىمغا قاراپ كەلدى-دە، ئۇنىڭ قۇلىقىغا بىر نەرسىلەرنى پىچىرلىدى. ئات شۇ ھامان جىمىپ، ئېغىر-ئېغىر نەپەس ئېلىشقا باشلىدى. ئەتراپىمىزدىكى كىشىلەر كۆز ئالدىدا بولۇۋاتقان بۇ

ئىشلارغا دىققەت بىلەن قاراپ تۇراتتى، ئۇلارنىڭ پىچىرلاشقانلىرىنى ئاڭلىدىم:

— بۇ ئادەم سېھرىگەر ئىكەن، ئاتقا سېھىر قىلدى!

دەرۋىش بولسا ئەتراپىدىكىلەردىن خەۋەرسىزدەك، دىققىتىنى ئەمدى ماڭا ئاغدۇرۇپ، چىرايىمغا سىرلىق تىكىلىپ تۇراتتى.

— ئەي ئەللامەئى جاھان رۇمى، شەرق ۋە غەربتە تەڭدىشى يوق مەۋلانا، سەن توغرۇلۇق گۈزەل ماختاشلارنى ئاڭلىدىم، رۇخسەت قىلساڭ، سەندىن سوئال سوراش ئۈچۈن شۇنچە يىراقتىن كەلدىم.

— ئەلۋەتتە بولىدۇ،— دېدىم مۇلايىملىق بىلەن.

— ئۇنداقتا ئاۋۋال ئاتتىن چۈشۈپ ئالدىمغا كەل!

بۇنى ئاڭلاپ جىددىيلىشىپ ئاغزىمنى ئاچالماي قالدىم. يېنىمدىكىلەرمۇ ھەيران قالدى. بۈگۈنگە قەدەر ھېچكىم ماڭا بۇنداق گەپ قىلىشقا جۈرئەت قىلالمىغانىدى.

يۈزۈم قىزاردى، ئىچىم سىقىلدى، ھەتتا غەزەبلەندىم، ئەمما نەپسىمگە ھاكىم بولۇپ ئاتتىن چۈشتۈم. ئاڭغىچە دەرۋىش كەينىگە بۇرۇلۇپ مەندىن يىراقلىشىشقا باشلىدى.

— ھەي توختا، سوئالىڭنى ئاڭلاپ باقاي، — دېدىم ئۇنى دەرھال توختىتىپ.

دەرۋىش شاپىدە توختاپ ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ كۈلۈمسىرىدى:

— سېنىڭچە، شۇ ئىككى كىشىدىن قايسىسى ئۇلۇغراق؟ ھەزرىتى مۇھەممەدمۇ ياكى سوپى بەيازىدى بەستامىمۇ؟

— بۇ قانداق سوئال؟— دەپ تېرىكتىم،— ئاخىرقى پەيغەمبەر رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىر سوپىنى قانداق تەڭلەشتۈرىسەن؟

گېپىمىزگە ھەيرانلىق بىلەن قۇلاق سېلىپ تۇرغان كىشىلەر ئەتراپىمىزغا توپلاندى، ئەمما دەرۋىش ھېچكىمنىڭ دىققىتىنى جەلپ قىلىشنى خالىمىغاندەك، چىرايىنى ھېچ ئۆزگەرتمەستىن سۆزىنى داۋام قىلدى:

— ئويلاپ باق، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ” ئى رەببىم، سېنى ئۇلۇغلايمەن. سېنى ئۆز لايىقىدا بىلەلمىدىم“ دېمىگەنمىدى؟ ھالبۇكى بەيازىدى بەستامى ” مەن ئۆزەمنى ئۇلۇغلايمەن، مېنىڭ شان-شەرىپىم يۈكسەك، چۈنكى خىرقامدا[1] ئالLاھ بار“ دېدى. بىرى ئالLاھقا كۆرە ئۆزىنى

[1] خىرقا— دەرۋىشلەرنىڭ يۇڭ ياكى ماتادىن تىكىلگەن تونى. - ت

كىچىك، ئاجىز ھېس قىلسا، يەنە بىرى ئاللاھنى ئۆزىدە ئېلىپ يۈرىدۇ، سەنچە بۇ ئىككىسىدىن قايسىسى ئىلگىرى كەتكەن؟

دىمىمنى ئالالماي قالدىم، ھەلقۇمۇمنى يۇتتۇم. دەسلەپتە ئاڭلىغاندا بىمەنە تۇيۇلغان بۇ سوئال بىردىنلا باشقىچە مەنىگە ئىگە بولدى، پەردە قايرىلىپ، ئاستىدىن ئاجايىپ تېپىشماق چىققاندەك بولدى. دەرۋىشنىڭ چىرايىدا غىل-پال تەبەسسۇم پەيدا بولۇپلا يوقالدى. ئالدىمدا قاراپ تۇرغان ئادەمنىڭ ئازغۇن ئەمەسلىكىنى بىلدىم، ئۇ مەندىن راستچىللىق بىلەن بىر نەرسىنى — ئىلگىرى ھېچ ئويلاپ باقمىغان بىر سوئالنى ئويلاپ بېقىشىمنى تەلەپ قىلىۋاتاتتى.

— نېمە دېمەكچى بولغىنىڭنى چۈشەندىم،— دېدىم، — بۇ ئىككى سۆزنى سېلىشتۇرۇپ، بەستامىنىڭ سۆزىنىڭ ھەر قانچە دەبدەبىلىك بولسىمۇ، ئەسلىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزىنىڭ ئۇنىڭدىن چوڭقۇرراق ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈشكە تىرىشىمەن.

— خوش، قۇلىقىم سەندە،— دېدى دەرۋىش.

— ئىلاھىي ئىشىق دەريا، دېڭىزغا ئوخشايدۇ. ھەر كىم ئۇنىڭدىن ئۆزىگە چۈشلۇق سۇ ئالىدۇ. شۇغىنىسى، كىمنىڭ قانچىلىك سۇ ئېلىشى سۇ ئالىدىغان نەرسىنىڭ قانچىلىك چوڭلۇقىغا باغلىق. بەزىلىرى تۇڭغا ئالسا، بەزىلىرى كوزىغا، بەزىلىرى تۇلۇمغا ئالسا، بەزىلىرى سۇدانغا ئالىدۇ.

مەن سۆزلىگەنچە دەرۋىشنىڭ چىرايىدىكى ئىپادە ئۆزگىرىشكە باشلىدى، ئۆز پىكرىنىڭ ئىنكاسىنى باشقىسىنىڭ ئاغزىدىن ئاڭلاۋاتقان ئادەمدەك مۇلايىم، دوستانە قىياپەتتە ماڭا قارىدى.

— بەستامىنىڭ سۇ قاچىسى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭكىگە باققاندا كىچىك ئىدى، بىر ئوچۇم ئىچىپلا قاندى ۋە شۇنىڭ بىلەن بەختتىن مەست بولدى. نەقەدەر گۈزەل، ئۇ ئۆزىدە ئىلاھىي مەۋجۇتلۇقنىڭ ئىزناسىنى بايقىدى. ئەمما شۇ پېتى قېلىش شۇ يەردە توختاپ قېلىش دېگەنلىك ئەمەس. ئۇ شۇ دەرىجىگە يەتكەن ھالەتتىمۇ ئاللاھ بىلەن باشقا-باشقا. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بولسا ئاللاھنىڭ سۆيۈملۈك بەندىسى، ئۇنىڭ قاچىسى ئاسان تولمايدۇ. شۇڭا ئاللاھ قۇرئان كەرىمدە ”سېنىڭ قەلبىڭنى كەڭ قىلمىدۇقمۇ؟“ دەيدۇ. قەلب بۇنداق كېڭەيگەنچە، يەنى قاچا يوغانىغانچە ئۇنىڭ ئىچىدە قانماس ئۇسسۇزلۇق پەيدا بولىدۇ، شۇڭا ”سېنى لايىقىدا بىلەلمىدۇق“ دەيدۇ. ھالبۇكى، ئاللاھ تائالانى ئۇنىڭدەك بىلەلىگەن ئىنسان يوق.

دەرۋىش تەمكىنلىك، خاتىرجەملىك بىلەن كۈلۈمسىرەپ، باش ئېگىپ سالام بەردى، ئاندىن مىننەتدار بولغان تەرزدە قولىنى كۆكسىگە قويۇپ بىر دەم تۇردى، ماڭا قايتا قارىغىنىدا باشقىچە زوق، قىزىقىش بىلەن تىكىلدى.

ئۇ ئالدىمدا ھۆرمەت بىلەن ئېگىلدى، مەنمۇ ئۇنىڭ ئالدىدا ھۆرمەت بىلەن ئېگىلدىم. قانچىلىك مۇشۇنداق تۇردۇق، بىلمەيمەن، ئاسمان كۆكۈش رەڭگە تولدى. ئەتراپىمىزدىكى كىشىلەر بىئاراملىقتا تولغىنىپ غۇلغۇلا قىلىشىپ، غۇدۇرلىشىپ كەتتى. ئۇلار ئارىمىزدا بولغان ئىشلارغا دەسلەپتە قىزىقىش، كېيىنچە ھەيرانلىق بىلەن دىققەت قىلىشىپ تۇراتتى، ئەمما ئاخىرىدا بۇ ھەيرانلىقىنى نارازىلىق بېسىپ كەتتى. چۈنكى ھېچكىم مۇشۇ ۋاقىتچە مېنىڭ بىر كىمگە ئېگىلگىنىمنى كۆرۈپ باقمىغانىدى. مۇرىتلىرىم ئادەتتىكى بىر ئابدالنىڭ ئالدىدا ئېگىلگىنىمنى ياقتۇرمىدى.

دەرۋىش كىشىلەرنىڭ بىئارام بولۇشقىنىنى سەزگەن بولسا كېرەك، ماڭا پىچىرلىغاندەك قىلىپ ” مېنىڭ ئەمدى كەتكىنىم ياخشى، مۇخلىسلىرىڭدىن ئايرىلىپ قالمىغىن“ دېدى.

بۇ گەپتە بىر ئاچچىق، ھەتتا تەنە-مەسخىرە بارمۇ قانداق، بىلەلمىدىم. ئەمما ئۇ مېڭىشى ھامان ئېتىرازىمنى بىلدۈرۈپ ” توختا، بۇ يەردىن كەتمە“ دېدىم.

ئۇ ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ ماڭا دىققەت بىلەن قارىدى، كۆزلىرىدىن بىر بۇلۇت ئۇزۇپ ئۆتتى، بىر گەپنى دەي دەپ دېيەلمەيۋاتقاندەك لېۋىنى چىشلىدى. شۇ پەيت، شۇ سۈكۈتتە ئۇنىڭ ئەسلىدە مەندىن سورىماقچى بولغان مەخپىي سوئالىنى بىلدىم:

سەنچۇ، ئۇلۇغ خاتىپ؟ سېنىڭ قاچاڭ قانچىلىك چوڭ؟

دەرۋىشكە قاراپ بىر قەدەم مېڭىپ، ئۇنىڭ قارا كۆزلىرىدىكى ئۆتكۈر نۇرلارنى پەرق ئېتەلىگۈدەك يېقىنلاشتىم ۋە تۇساتتىن غەلىتە تۇيغۇغا كېلىپ قالدىم. مۇشۇ پەيتنى ئىلگىرى بىر ئەمەس، ئون ياكى قىرىق قېتىم باشتىن كەچۈرگەندەك قىلاتتىم، پارچە-پۇرات كۆرۈنۈشلەر زېھنىمدە توپلاندى، ئىگىز، ئورۇق، يۈزىنى ئورۇۋالغان، بارماقلىرى يالقۇنلاپ كۆيۈۋاتقان بىر ئادەم... شۇ ئان بىلدىمكى، ئالدىمدىكى دەرۋىش چۈشۈمدە كۆرگەن ئادەمنىڭ دەل ئۆزى ئىدى.

جان جىگەر دوســـــتۇمنى تاپقىنىمنى بىلىپ، ھاياجاندىن تىزلىرىم تىترەپ كەتتى. ئەمما بۇ ئۆمرۈمدە ھېچبىر بەختنى بۇنچە ئازابلىق، كۆڭلى يېرىم ھالدا باشتىن كەچۈرۈپ باقمىغانىدىم.

شادلىق ئىلكىدە ئىچىمنى قورقۇنچ باستى...

ئېللا

بوستون، 2008 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى

باھار كېتىپ ياز كىرگەندە ئەزىز بىلەن ئېللانىڭ خەت ئالاقىسى كۆپىيىپ قالدى. ئېللا كۆڭلىدىكى مەخپىيەتلىكتەك ساقلاپ كەلگەن بۇ ئىشنىڭ تەرەققىياتىدىن ھەيران ئىدى، ئىككىسى قايسى جەھەتتىنلا بولسۇن ئىككى دۇنيا تۇرۇقلۇق بىر ـ بىرىگە يېزىشقۇدەك شۇنچە گەپلەرنى نەدىن تاپىدىغانلىقىنى بىلمەيتتى. بىرسى كېلىپ ‹‹نېمە ئورتاقلىقىڭلار بار؟›› دەپ سوراپ قالسا نېمە دەپ جاۋاب بېرىشلىرىنىمۇ ئۇقمايتتى.

ئېللانىڭ نەزەرىدە ئەزىز زاھارا گويا ئېللا بىر ـ بىرلەپ ئۆز جايىغا قويۇشقا تىرىشىۋاتقان رەسىم پارچىلىرى ئىدى. ئۇ ئەزىز زاھارادىن كېلىۋاتقان يېڭى پوچتا كارتىلىرى ئارقىلىق ئۇ توغرۇلۇق تېخىمۇ يېڭى ئۇچۇرلارغا ئىگە بولۇپ، قولىدىكى تېپىشماق رەسىمنىڭ بىر پارچىسىنى ئۆز جايىغا قوياتتى. رەسىمنىڭ پۈتۈن كۆرۈنۈشى يەنىلا تېپىشماق بولسىمۇ، ئېللا ھېچ بولمىسا «ئىشق شەرىئىتى»نىڭ ئاپتورى ھەققىدە خېلى بىلىملەرگە ئىگە بولۇپ قالدى. مەسىلەن، ئۇ ئەزىزنىڭ كەسپىي فوتوگرافچى ئىكەنلىكىنى بىلەتتى، ئۇ بۇ كەسىپنى قىلغانلىقى ئۈچۈن كۆپ ساياھەت قىلامدۇ؟ ياكى ساياھەت قىلىشقا ئامراق بولغانلىقتىن بۇ كەسىپنى تاللىغانمۇ؟ دەپ ئويلايتتى. ئەزىز جاھانكەزدى ئادەم ئىدى. دۇنيانىڭ ئەڭ چەت جايلىرىغا بېرىش ئۇنىڭ ئۈچۈن يېقىن ئەتراپتىكى باغچىغا بارغاندەك ئىش ئىدى. ئەڭ مۇشەققەتلىك سەپەرمۇ ئۇنى قورقۇتالمايتتى، گويا دۇنيانى دۈمبىسىگە ئارتىپ كېتىۋاتقان غايەت زور تاشپاقىدەك چىدامىلىق سەيياھ ئىدى. سىبىرىيە، شاڭخەي، كۆلكۈتتا، كاسابلانكا... دۇنيانىڭ قەيەرىگىلا بارسا ئۆزىنى ئۆز ئۆيىدە تۇرغاندەك ھېس قىلاتتى، يولغا چىققاندا پەقەت بىر بوخچا بىلەن نەي ئېلىۋالاتتى، ئېللا خەرىتىدىنمۇ تاپالمايدىغان يەردە ئۇنىڭ كونا دوستلىرى بولۇپ، ئۇ بارمىغان يەر ئاساسەن قالمىغانىدى. يات جايغا بېرىشنىڭ جاپاسى، قوپال، ئىنساپسىز تاموژنا خادىملىرى، چىركىلىشىپ كەتكەن ھۆكۈمەت

تاماقلىرىدىن ۋىزا ئېلىشنىڭ تەسلىكى، ئىچىملىك سۇلاردىكى پارازىتلار، يېمەكلىكتىن زەھەرلىنىش، ئاشقازان بۇزۇلۇش، بۇلاڭچىلىققا ئۇچراش...قىسقىسى سەپەر، ساياھەتتىكى ھەر تۈرلۈك قىيىنچىلىق ۋە پېشكەللىكلەر ئەزىزغا نىسبەتەن ئادەتتىكى ئىشلار ئىدى. ئېللا دۇنيانى "خاتىرجەم ياۋروپا دۆلەتلىرى" ۋە "قالاق، قورقۇنچلۇق دۆلەتلەر" دەپ ئايرىسا، ئەزىز ئۇچۇن شەرق، غەرب، جەنۇپ، شىمال ھەممىسى ئوخشاش ئىدى. ئېللانىڭ ھاياتى توختام كۆل بولسا ئەزىزنىڭ تاشقىن دەريا ئىدى، ئېللا ئېھتىيات بىلەن قەدەم ئالسا ئەزىز يەلتاپاندەك ماڭاتتى. ئېللا قەدەم ئېلىشتىن ئاۋۋال مىڭ قېتىم ئويلانسا، ئەزىز ئاۋۋال قەدەم بېسىپ بولۇپ ئاندىن ئويلىناتتى، ئويلانسا تېخى. ئۇ شۇ قەدەر جانلىق، قىزىقچى، غايە-ھەۋەسلىرىگە ئاشىق ئىنسان بولۇپ، ئىسمىمۇ تولا ئىدى ۋە ھەر بىر ئىسمىغا ئائىت ئۇزۇن ھېكايىسى بار ئىدى.

ئېللا ئۆزىنى ئۇنىڭغا ئەركىنلىكنى ياقلىغۇچى، پىكرى ئوچۇق، دېموكراتىيەچى، ئىشلارغا زىل، مەدەنىي، "دىنىي جەھەتتىن ئەمەس، ئۆرپ-ئادەت جەھەتتىن" يەھۇدى ۋە كۆڭلەرنىڭ بىرىدە گۆش يېمەيدىغانلار قاتارىغا ئۆتمىدىغان ئايال دەپ تونۇشتۇراتتى. بارلىق نەرسە ۋە جىمى ئادەمنى " ياخشى كۆرىدىغانلىرىم"، "نەپرەتلىنىدىغانلىرىم" دەپ ئىككى تۈرگە ئايرىۋالاتتى. ئۇنى بىلگىلى بولماسلىق نەزەرىيەسىنى ياقلىغۇچى دېگىلىمۇ بولمايتتى، نېمىلا بولسۇن، ئۆيىدىكىلەر بىلەن بىللە بەزى دىنىي قائىدىلەرنى بەجا كەلتۈرۈپ تۇراتتى. ئەمما ئېللا دىن ۋە دىندارلارنى بەك ياقتۇرۇپ كەتمەيتتى. تارىختا يۈز بەرگىنىدەك، بۈگۈنكى دۇنيادىمۇ ئەڭ قورقۇنچلۇق، ئەڭ قانلىق توقۇنۇشلار دىن تۈپەيلىدىن بولۇۋاتىدۇ دەپ ئويلايتتى. دىنىنىڭ ئىنسانلارنى ئۆزئارا قىرغىنچىلىققا سېلىشتىن باشقا نېمە رولى بولسۇن؟ ئېللا قايسى دىن بولسا بولسۇن، مۇتئەسسىپلىككە ئۆچ ئىدى. يەنە تېخى (بۇنى ئەزىزنىڭ ئالدىدا ئېتىراپ قىلمىسىمۇ) ئىسلام دىنىنىڭ خىرىستىئان دىنى، يەھۇدىي دىنى دېگەندەك ساماۋى دىنلارغا باققاندا تېخىمۇ خەتەرلىك ئىكەنلىكىگە ئىشىنەتتى. بارلىق ساماۋى دىنلار بىر-بىرىگە ئوخشايدۇ، ئەمما ئىسلامىيەت تېخىمۇ چىڭ، تېخىمۇ بېكىنمە دىن ئەمەسمۇ؟ بولۇپمۇ ئاياللار ئۇچۇن. ئوچۇقىنى ئېيتقاندا، ئېللا رۇبىنستېن مۇسۇلمان ئاياللارغا ئىچ ئاغرىتاتتى، ھەممىسىنى ئوخشاش بىچارە كۆرەتتى ۋە ئۆزىنىڭ مۇسۇلمان ئايال بولۇپ قالمىغىنىدىن پەخىرلىنەتتى.

ئەزىز بولسا دىن، ئېتىقاد مەسىلىلىرىگە ئەستايىدىل قارايدىغان، مەنىۋي جەھەتتىن كۈچلۈك ئىنسان ئىدى. كۈندىلىك سىياسەت مەسىلىلىرىدىن مۇمكىنقەدەر يىراق تۇراتتى، ئۆمرىدە نەپرەتلەنگەن ھېچقانداق نەرسە يوق بولۇپ، ”نەپرەت“ سۆزىنى ئۆز لۇغىتىدىن چىقىرىۋەتكەنىدى. گۆش يېمەيدىغانلاردىن ئەمەس ئىدى، گۆشكە ھەم ئامراق ئىدى، گېپىگە قارىغاندا، ياخشى پىشقان كاۋاپنى ئوبدان يەيتتى.

ئەزىز شوتلاندىيەلىك بولۇپ، 1970 ـ يىللارنىڭ ئوتتۇرىسىدا كۈچلۈك ئاتېئىزمچى ۋاقتىدا مۇسۇلمان بولغانىدى. ئۇ چاقچاق قىلىپ ” مەن كېرىم ئابدۇجاپپاردىن كېيىن، يۈسۈپ ئىسلامدىن بۇرۇن مۇسۇلمان بولدۇم“ دەيتتى. ئۇ شۇ ۋاقىتتىن بېرى ھەممە دۆلەتتە ھەر خىل دىن ۋە مەدەنىيەتتىكى دىندارلار بىلەن ھەمسۆھبەت، ھەمداستىخان بولغانىدى. ئۇ ئۆزىنى تونۇغاندىن باشلاپ تىنچلىقنى سۆيۈپ، ئۇرۇشقا قارشى تۇردى. بۇ دۇنيادا بولۇۋاتقان توقۇنۇش، ئۇرۇش ـ جېدەللەرنىڭ ”دىن مەسىلىسى“دىن ئەمەس،”تىل مەسىلىسى“دىن ئىكەنلىكىگە ئىشىنەتتى. ئىنسانلار دائىم بىر ـ بىرىنى خاتا چۈشىنىپ، بىر ـ بىرلىرىگە خاتا ھۆكۈم قىلاتتى. ”خاتا تەرجىمىلەر“ ئىچىدە ياشاۋاتاتتۇق. بۇنداق دۇنيادا بىرەر ئىشتا چىڭ تۇرۇۋېلىشنىڭ نېمە ئەھمىيىتى بولسۇن؟ ئۆزىمىز ئەڭ ئىشەنگەن نەرسىمۇ ناھايىتى ئاددىي ۋە خاتا چۈشەنچىدىن كېلىپ چىققان بولۇشى مۇمكىن. دېمىسىمۇ بۇ دۇنيادا بىر ئىشتا چىڭ تۇرۇۋېلىشنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق ئىدى، چۈنكى ياشاش دېمەك داۋاملىق ئۆزگىرىش دېمەك ئىدى.

ئەزىز بىلەن ئېللا ئەمەلىي ھەرىكەت ۋە مەجازىي مەنىدە ئوخشىمىغان ۋاقىت ئىلكىدە ياشايتتى. ئېللاغا نىسبەتەن ۋاقىت ”كەلگۈسى“دىن ئىبارەت بولۇپ، كۈندىلىك ۋاقىتنىڭ بىر قىسمى كېيىنكى يىل، كېيىنكى ئاي، كېيىنكى كۈن، ھەتتا كېيىنكى پەيتنى پىلانلاش بىلەن ئۆتەتتى. سودىلىق قىلىش، قاچا يۇيۇش ماشىنىسىنى رېمونت قىلىش دېگەندەك ئۇششاق ئىشلارمۇ شۇ پىلانىنىڭ ئىچىدە بولۇپ، يىپىدىن يىڭنىسىغىچە پىلانلانغان ئىشلار ۋە ئۇنى ئورۇنلاش ۋاقتى كالېندار شەكلىدە تۈزۈلەتتى ھەم بۇ قەغەز ئۇنىڭ سومكىسىدىن ئايرىلمايتتى.

ھالبۇكى ئەزىزغا نىسبەتەن ۋاقىت دەل مۇشۇ پەيت ئىدى، ”ھازىر“دىن باشقا ھەممە نەرسە يېڭىلىشتىن ئىبارەت ئىدى. شۇڭا ئۇ ئىشق ـ مۇھەببەتنىڭ ”كەلگۈسى پىلان“ ياكى ”ئۆتمۈش خاتىرىلىرى“ بىلەن ھېچقانداق مۇناسىۋىتى يوقلۇقىغا ئىشىنەتتى، ئىشق پەقەت ھازىرنىڭ ئۆزىدە، دەل مۇشۇ يەردە ئىدى. بىر قېتىم خېتىمدە ئۇ ” مەن سوپى،

ۋاقىتتىنىڭ ئوغلى، ھازىرنىڭ بالىسى...“ دەپ يازغانىدى. ئىللا مۇنداق جاۋاب بەرگەنىدى: ” سىنىڭ بۇ گىپىڭ ئۆتمۈشنى خاتىرىلەپ، كەلگۈسىنى ئەتراپلىق پىلانلاشقا ئادەتلەنگەن بىر ئايالغا غەلىتە تۇيۇلىدىكەن...“.

ئالائىددىن

كونيا، 1244 ـ يىل، 12 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى

دادامنىڭ ئالدىغا ئۇ غەلىتە دەرۋىش چىققان كۈنى مەن ئۇ يەردە يوق ئىدىم، بىر قانچە دوستۇم بىلەن ئوۋغا چىققان بولۇپ، ئەتىسى ئاندىن ئۆيگە قايتىپ بارالىدىم. كونياغا بارسام دادام بىلەن دەرۋىشنىڭ كۆرۈشۈشى پۈتۈن شەھەرگە پۇر كېتىپتۇ. ئۇ قانداق ئادەم بولغىيدى؟ مەۋلانىدەك ئالىم نېمىشقا ئۇنى چوڭ بىلىپ، ئۇنىڭ ئالدىدا ئېگىلدى؟

كىچىكىمدىن بېرى باشقىلارنىڭ دادامنىڭ ئالدىدا ئېگىلگىنىنى كۆرۈپ كۆنۈپ كەتكەچكە، ئەمدىلىكتە دادامنىڭ باشقا بىرىگە ئاشۇنداق ھۆرمەت بىلدۈرۈشى كاللامدىن ھېچ ئۆتمەيۋاتاتتى. دادام پەقەت بىر ھۆكۈمدار ياكى باش ۋەزىرنىڭ ئالدىدا تىزلىناتتىكى، بۇنىڭدىن تۆۋەن ئادەملەرنىڭ ئالدىدا ئېگىلمەيتتى. شۇڭا ئاڭلىغانلىرىمغا ئىشەنمىدىم. ئەمما ئۆيگە كەلگىنىمدە كەررا ئۇ ئىشنىڭ راستلىقىنى ئېيتتى. ئۆگەي ئانامنىڭ بوگۈنگىچە يالغان سۆزلىگىنىنى ياكى مۇبالىغە قىلغىنىنى كۆرمىگەچكە ئۇنىڭغا ئىشىنىشكە مەجبۇر بولدۇم. دېمەك دادام كوچىدا، خەقلەرنىڭ كۆز ئالدىدا بىر يالاڭتۆش دەرۋىشنىڭ قولىنى سۆيگەنىدى. ئۇنى ئاز كەلدى دەپ، شەمس تەبرىزى دېگەن بۇ يۇزى قېلىن مېھمان، كەررانىڭ ئېيتقىنىغا قارىغاندا، بۇندىن كېيىن بىز بىلەن تۇراتتى.

دادامنىڭ ئالدىغا ئاسماندىن چۈشكەندەك پەيدا بولۇپ، تۇرمۇشىمىزغا سوقۇنۇپ كىرگەن بۇ يوچۇن ئادەم زادى كىم؟ ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرۈپ باقسام دەيتتىم. ”بۇ ئادەم نېمىشقا بىزگە ئۇچرىمايدۇ؟“ دەپ سورىدىم كەررادىن.

—— ئۇشش، جىم بول،— دەپ پىچىرلىدى كەررا ئەنسىزلىك بىلەن،— داداڭ بىلەن ئىككىسى كۇتۇبخانىغا بېكىنىدى.

ئۇلارنىڭ گۇدۇڭلاشقان ئاۋازىنى ئاڭلايتتىم، ئەمما نېمە دېيىشىۋاتقانلىرىنى بىلگىلى بولمايتتى. ئۇ يەرگە ئالدىراپ مېڭىۋىدىم، كەررا يولۇمنى توستى:

— بىر ئاز كۈتۈپ تۇرغىنىڭ ياخشى ئالائىدىن، ئۇلار ھازىر بىر كىمنىڭ دەخلى قىلىشىنى خالىمايدۇ.

ئۇلار كۆنبويى كۈتۈپخانىدىن چىقمىدى، ئەتىسىمۇ، ئۆگۈنىمۇ شۇنداق بولدى... بۇنچە ئۇزۇن پاراڭلىشىپ نېمە قىلىدىغاندۇ؟ دادامدەك ئادەم بىلەن بۇ ئادەتتىكى دەرۋىشنىڭ نېمە ئورتاقلىقى بولماقچىدى؟

بىر ھەپتە ئۆتتى، ئارقىدىن يەنە بىر ھەپتە... كەررا ھەر كۈنى ئەتىگەندە ناشتىلىق تەييارلاپ، ئۇنى پەتنۇسقا ئېلىپ ئۇلارنىڭ ئىشىكى ئالدىغا قويۇپ قوياتتى. ھەر كۈنى تېخىمۇ لەززەتلىك يېمەكلىكلەر تەييارلانغان بولسىمۇ، دادام بىلەن شەمس بىر بۇردا بۇغداي نېنى بىلەن بىر پىيالە ئۆچكە سۈتىدىن باشقا ھېچنېمىنى يېمىدى.

ئۆيدىكى تەرتىپىمىز ئاستىن ـ ئۈستۈن بولدى، ھەر بىر كۈنىمىز ئالدىنقى كۈنگە باققاندا تېخىمۇ بۇزۇلدى؛ ئەسكىلىشىپ كېتىۋاتقانلىقىمنى بىلەتتىم، ئەمما ئاچچىقىمنى باسالمايۋاتاتتىم. كۈندە نەچچە قېتىم ئىشىكنىڭ تۆشۈكىنى ماراپ كۈتۈپخانىنىڭ ئىچىنى كۆزىتەتتىم، ئۇلار ئىشىكنى ئاچسىلا ئوغرىلىقچە پاراڭ تىڭشاۋاتقانلىقىمنى كۆرەتتى، ئەمما بۇنىڭ بىلەن چاتىقىم بولمىدى. ھەر كۈنى ئۇلارنى زېرىكمەي كۆزەتسەممۇ تۇزۇك بىر نەرسە بىلەلمىدىم. پەردە سەل چۇشۇرۇپ قويۇلغانلىقتىن ئۆينىڭ ئىچى غۇۋا ئىدى، ئاندا ـ ساندا بىرەر سۆز ئاڭلاپ قالىمسام، ئاڭلايدىغىنىم ئاساسەن ئۇلارنىڭ پىچىرلاشلىرى ئىدى، كۆرگۈدەك، ئاڭلىغۇدەك بىر نەرسە تاپالمىغانچە كاللامغا ھەر خىل خىياللار كەلدى.

بىر قېتىم كەررا مېنى قۇلىقىمنى ئىشىككە يېقىپ گەپ تىڭشاۋاتقاندا تۇتۇۋالدى، ئەمما ئاچچىقلىنىمىدى، ئەيىبلىمىدى. ئۇمۇ ماڭا ئوخشاش ھەيرانلىق ئىچىدە، ئۆيدە نېمە گەپ ـ سۆزلەرنىڭ بولۇۋاتقانلىقىغا ئوتتەك قىزىقاتتى. ئاياللار ئاساسەن قىزىقىشچان خەق، بۇ ئۇلارنىڭ تەبىئىتى.

ئەمما بىر كۈنى ئاكام مېنى نەق مەيداندا تۇتۇۋېلىپ:

— باشقىلارنى مارايدىغانغا نېمە ھەددىڭ،—دېدى ئەيىبلەپ،— يەنە كېلىپ ئۆز داداڭنى مارىساڭ قانداق بولىدۇ؟“.

ئۇنى سىلكىۋەتتىم:

— دادىمىز كېچە ـ كۈندۈز بىر يات ئادەم بىلەن پاراڭلىشىپ، ئائىلىسى بىلەن كارى بولمىسا چاتىقىڭ يوق، مەن گەپ تىڭشاپ تۇرسام نېمە بوپتۇ؟

دادامنى كۆرمىگىلى بىر ئايدىن ئاشتى، مۇشۇنداق تاشلىۋېتىلسەڭ ئازابلانمامسەن؟

——— دادام ھېچكىمنى تاشلىۋەتمىدى!— دېدى ئاكام كەسكىنلىك بىلەن،— دادىمىز يىللاردىن بۇيان ئىزدەۋاتقان دوستى، قەلبىدىشى، سەپدىشىنى تاپتى. باللاردەك داتلاپ غەلۋە قىلىپ يۇرمەي ئۇنىڭ ئۇچۇن خۇشال بول، ئەگەر بىر ئىنساننى ھەقىقەتەن ياخشى كۆرسەڭ، ئۇنىڭ بەختلىك بولۇشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

مانا قارا، پەقەت ئاكامغىلا يارىشىدىغان سادا، چىرايلىق گەپ بۇ! ئۇ ھەممە نەرسىنىڭ سۈتتەك ئاق، ھەممە ئادەمنىڭ پاك بولۇشىنى تىلەيدۇ. ئۇ كىچىكىدىنلا مۇشۇنداق، دادامنىڭ كۆز قارىچۇقى، تەربىيەلىك، كامىل ئوغلان. مەن بولسام يارىماس، قىنىغا پاتماس، مىجەزى تەتۈر بالا. بۇ دۇنيادا بەلكىم ھەر كىمنىڭ ئوينايدىغان رولى بار، بارلىق روللار ئۆزىنى كۆرسىتىشتىن مەھرۇم قالسىمۇ سەن ئۆز رولۇڭنى ئويناۋېرىسەن، بۇ سېنىڭ مەيلىڭگە باغلىق ئەمەس. چوڭلىرىمىزنىڭ بىردىنبىر ۋەلى ئەھدىسى، دادامنىڭ تۇنجى يۈرەك پارىسى بولۇش ئاكامنىڭ رىزقى بولۇپ، قالغان ناچار سۈپەتلەر مېنىڭ پېشانەمگە پۈتۈلگەنىدى.

*　　　　*　　　　*

دادام بىلەن شەمس كۈتۈبخانىگە بېكىنىپ 40 كۈندىن كېيىن بۇ ئەتىگەندە ئاجايىپ ئىش بولدى. ئىشىككە يەنە قۇلىقىمنى يېقىپ ئۆينىڭ ئىچىدىكى جىمجىتلىقنى تىڭشاپ تۇرىۋىدىم، دەرۋىشنىڭ ئاۋازى كەلدى:

— ئەمدى بۇ ئۆيدىن چىقىدىغان ۋاق بولدى مەۋلانا، كۆڭلى كۆكسى كەڭ، روھى جەۋلان قىلىدىغان سوپىلارنىڭ 40 نىزامىنى ھەر كۈنى بىر-بىرلەپ تەپەككۇر قىلدۇق. بۈگۈن ئاخىرقى نىزامنى تۈگەتتۇق، ئەمدى كىشىلەر ئارىسىغا چىققىنىمىز ياخشى. ئائىلەڭ سېنىڭ يوقلۇقۇڭدىن ئەنسىراۋاتقان ئوخشايدۇ.

دادام دەرھال ئېتىراز بىلدۈردى:

— غەم قىلما، خوتۇن-بالىلىرىم مېنىڭ يوقلۇقۇمنى توغرا چۈشىنىدىغان، يېتىشكەن ئىنسانلار.

— ئايالىڭنى بىلمەيمەن، ئەمما ئىككى ئوغلۇڭ ياز بىلەن قىشتەك پەرقلىق،— دېدى شەمس،— ھەدىس شەرىپتە دېيىلگەنكى، ئوغۇل ئاتىنىڭ سىرىدۇر. ئەمما قايسى ئوغۇل؟ چوڭ ئوغلۇڭ سېنىڭ ئىزىڭدىن بېسىپ

كېلىۋاتىدۇ، ئەمما كىچىك ئوغلۇڭ باشقا ياققا كېتىۋاتىدۇ. ھەسەت، گۇمان، ئەيىبلەشلەر ئۇنىڭ يۈرىكىنى قارايتىۋېتىپتۇ.

بۇلارنى ئاڭلاپ قىزىرىپ كەتتىم، ۋاي ئالجوقا دەرۋىش، مېنى تونۇماي تۇرۇپ نېمىشقا مەن توغرۇلۇق بۇنداق گەپلەرنى قىلىدىغاندۇ؟

كاللامدىن بۇ سوئاللار كېچىپ تۇرۇشىغا، شەمس خۇددى بۇنىڭغا جاۋاب بېرىۋاتقاندەك سۆزىنى داۋام قىلدى:

ــ كىچىك ئوغلۇڭ مېنى ئۆزىنى تونۇمىلىدۇ دەپ ئويلايدۇ، ئەمما مەن ئۇنى تونۇيمەن. چۈنكى ئۇ 40 كۈندىن بېرى ئىشىككە قۇلىقىنى يېقىپ، تۆشۈكتىن بىزنى ماراۋاتقاندا مەنمۇ ئۇنى كۆرۈپ تۇردۇم.

بەدەنلىرىم تىكەنلىشىپ، كۆزۈمنى يۇمۇپلا ئىشىكنى يوغان ئېچىپ ئۆيگە ئۇدۇللا كىردىم، دادامنىڭ كۆزلىرى ھەيرانلىقتىن چەكچىيىپ كەتتى. بىر لەھزە ئۆتە-ئۆتمەي ھەيرانلىقىنىڭ ئورنىنى ئاچچىق ئىگىلىدى:

ــ نېمە قىلىۋاتىسەن ئالائىدىن؟ نېمىدېگەن ئەدەبسىزلىك بۇ؟ ساراڭ بولدۇڭمۇ؟ــ دەپ ۋاقىرىدى،ــ بىزگە دەخلى قىلىشقا قانداق پېتىندىڭ؟

بۇ گەپلەرنى ئاڭلىمىغانغا سېلىپ، بىگىز بارمىقىمنى شەمسكە قاراتتىم. ۋاقىرىماي دېگەنىدىم، ئەمما غەزەپتىن تىترەپ تۇرغاندا ئاۋازىمنى باسالىدىم:

ــ ماڭا گەپ قىلماي، ماۋۇ ئوغرىدىن بىر سوراپ باققىنا، نېمىشقا مېنىڭ ئۈستۈمدىن گەپ قىلىدۇ؟

دادام گەپ قىلماي ئېغىر تىندى، مەن گويا ئۇنىڭ بوينىغا ئارتىلغان تۈگمەن تېشى ئىدىم. ئۇ شۇ تەرزدە تۇرۇپ ئاندىن ماڭا قارىدى، چىرايى تۆمۈر ئىشىكتەك تاقالدى.

ــ دادا، كەررا سىزنى بەك سېغىندى، تاليىلىرىڭىزمۇ سىزنى كۆرگۈسى كەلدى. بۇ ئېلىپ قاچار دەرۋىشكە بۇنچە ۋاقتىڭىزنى ئىسراپ قىلىپ، يېقىنلىرىڭىزدىن نېمىشقا يۈز ئۆرۈيسىز؟

بۇ گەپلەر ئېغىزىمدىن چىققان ھامان پۇشايمان قىلدىم، ئەمما نە پايدا؟ دادامنىڭ چىرايى ساغىرىپ، كۆزلىرى دەرت-پىغانغا تولدى. ئۇنى ھېچقاچان بۇ ھالدا كۆرۈپ باقمىغانىدىم.

ــ ئالائىدىن، بۇ ئۆيدىن دەرھال يوقال،ــ دېدى ئۇ،ــ ئېلىشىپ قاپسەن، بىر بۇلۇڭغا كىرىپ جىم ئولتۇرۇپ قىلغان خاتالىقلىرىڭنى ئويلا، ئوبدان ئويلىنىپ، پۇشايمان قىلمىغىچە ئۇ يەردىن قوپما. گۇناھىڭنى تونۇمىغىچە يېنىمغا كەلمە.

— ئەمما دادا. . .

— ماڭ يوقال!— دېدى دادام بۇ قېتىم تېخىمۇ ئاچچىقى بىلەن.

پۇت-قولۇم تىترەپ، ئۆزەمنى تالاغا ئاتتىم، ئالقىنىم تەرلەپ، تىزلىرىم بوشاپ كەتكەنىدى.

بۇ ئىش ماڭا تۇيۇقسىز زەربە بولدى. شەمس تەبرىزى تۇپەيلىدىن تۇرمۇشىمىز ئاستىن-ئۈستۈن بولۇپ كەتتى. بۇندىن كېيىن ئىشلار بۇرۇنقىدەك بولمايتتى. يىللار ئاۋۋال، تېخى بالا ۋاقتىمدىلا ئانامدىن ئايرىلغانىدىم، ئەمدى دادامدىن ئايرىلىش ئازابىنى تارتىۋاتاتتىم. بىر كىمنىڭ دادىسى ھەم تىرىك، ھەم ئۆلگەن بولامدۇ؟ دېمەك، شۇنداق بولۇپمۇ قالىدىكەن. . .

رۇمى
كونيا، 1247-يىل 12-ئاي

قوپقۇرۇق ئىدى بۇ دۇنيا، چوڭ كوچىلار، بۇلۇتسىز ئاسمان ۋە پۈتۈن كونيا. شەمس تەبرىزى ئالدىمغا چىقىپ مەندىن شۇ سوئالنى سورىغاندا جىمى ئادەم، جىمى نەرسە بىر لەھزە بولسىمۇ يوقالغاندەك بولدى. بۇ شەھەردە پەقەت ئىككىمىزلا قالدۇق: سورىغۇچى ۋە جاۋاب بەرگۈچى.

" ئېيتقىن، بەستامى ئىلگىرى كەتكەنمۇ ياكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاممۇ؟". بۇ سوئالنى رەت قىلىش ياكى ئۆتكۈزۈۋېتىش ئاسان؛ سورىغۇچىغا ئاچچىقلىنىپ ئۇنى جىمىقتۇرۇش ئاسان. تەس بولغىنى، ئۇنىڭ نېمىنى سوراۋاتقانلىقىنى چۈشەنمەك ھەمدە جاۋابىنى تاپماق.

ئىنسان ھاياتى دائىملىق سەپەر، بۆشۈكتىن تۆشۈككىچە سەپەر قىلىمىز. ئالدىمىزدا يەتتە باسقۇچ، يەتتە داۋان بار. بىلمىدىغانلار ھەر مەنزىلگە بىر نام قويغان. نەپسىمىز بۆلاردىن بىر-بىرلەپ ئۆتمەي تۇرۇپ، ئۆزىنى ئايرىم مەۋجۇدات دەپ ئويلاشتىن ۋاز كەچمەي تۇرۇپ، ئۆز سەپىرىنى تاماملاپ ھەقتائالا بىلەن بىرلىشەلمەيدۇ. ئىنسان يالغانچىلىق ئىچىدىدۇر، زىياننىڭ ئىچىدىدۇر، گۇمان ئىچىدىدۇر. يەتتە داۋاندىن چىقماي تۇرۇپ ھەقىقەتكە يېتەلمەيدۇ.

تۇنجى مەرتىۋىنىڭ نامى نەفسى ئەممارە. ئاينىغان، پىشمىغان ۋە دائىم باشقىلارنى ئەيىبلەيدىغان نەفس باسقۇچى. ئەپسۇسكى، نۇرغۇن ئىنسان ئۆمۈر بويى مۇشۇ داۋانغا قاپسىلىپ قالىدۇ، قىسىلچاقتىن چىقالمايدۇ. دۇنيا ئىشلىرىدىن باشقىنى ئويلىمايدىغان، پۇل، ھوقۇق،

ئابرۇي تەمە قىلىدىغان، پور سېمىز "مەن" لىك مەستخۇشلۇقىدا ياشايدىغان ئىنسان بۇ مەقامدىدۇر. بۇ مەقامدا تۇرۇپ قالغان كىشىلەرنى دەرھال تونۇۋالىسەن، دائىم باشقىلارنى ئەيىبلەيدۇ، تەنقىدلەيدۇ، چېقىشتۇرىدۇ، نەپەس ئېلىۋاتقاندەك تەبىئىيلىك بىلەن غەيۋەت قىلىدۇ، تۆھمەت قىلىدۇ، ئۆزلىرىدىن ھەرگىز ئەيىب ئىزدىمەيدۇ. باشقىلارغا تون پىچىدۇ، شەك-شۈبھە، تەكەببۇرلۇق بىلەن ياشايدۇ. ئۇلارنى بىلىسەن، ئىچىڭدىن تونۇيسەن. چۈنكى بىز ئىنسان، ئىنساننىڭ ھەممىسى ئازغۇچى بولغاچقا، نەپسى ئەممارىگە چۈشمىگەن ئىنسان يوقتۇر. مۇھىمى، ئۇ قىسىلچاقتىن تېز قۇتۇلۇش.

ئەگەر ئۇ كىشى نەفسانىي ئارزۇلىرىنى، كۆڭلىدىكى چاتاقلىرىنى، خاتالىقلىرىنى پەرق ئېتىپ ئۇنى تۈزىتىشكە نىيەت قىلسا، ئۇ چاغدا مەنىۋى سەپەرگە چىققۇچى بولىدۇ-دە، تاشقى دۇنياغا كۆز تىكمەي، ئۆز قەلبىگە قارايدىغان بولىدۇ. نەتىجىدە ئۇنىڭدىن كېيىنكى مەقامغا قەدەممۇ قەدەم يېقىنلىشىدۇ. بۇ مەقام ئالدىنقى مەقامنىڭ دەل ئەكسىدۇر. بۇ مەقەمدا كىشى باشقىلارنى ئەيىبلىمەي ئۆزىدىن ئەيىب ئىزدەيدۇ. قىلغان ھەر ئىشىدا ئۆزىدىن ھېساب ئالىدۇ. بۇ "ئالەم گۈزەل، مەن بەدبەشىرە" دەيدىغان باسقۇچتۇر. بۇ باسقۇچتىكى نەفس نەفسى لەۋۋامە، يەنى ئۆزىگە مالامەت قىلىدىغان، ئۆزىنى ئەيىبلەيدىغان نەفستۇر.

ئۈچىنچى مەرتىۋىدە كىشى بىر ئاز پىشىپ يېتىلىپ، نەفسى مۇلھىمەگە ئېرىشىدۇ. بۇ باسقۇچتا ئىنساننىڭ نەفسى ئىلھامغا ئېرىشىپ تۇرغاچقا دۇنيادا كۆرگەن ھەممە نەرسە ۋە ھەممە ئادەمدىن تەسىرلىنىدۇ. تەسلىمىيەت دېگەن ھالنىڭ قانچىلىك ئەركىنلىك ئىكەنلىكىنى ھەر جەھەتتىن ھېس قىلىشقا باشلايدۇ. نېسىپ بولسا ئىلىم شەھىرىگە قەدەم باسىدۇ. بۇ مەقام بەزى-بەزىدە ئىزتىراپ، بېسىم پەيدا قىلسىمۇ، كۆپ ھاللاردا قەلبنى راھەتكە چۆمدۈرۈپ، كۆڭۈلنى خۇش قىلىدىغان گۈزەل مەقامدۇر. ئۇنىڭ جەزبىسى ئۆز نۆۋىتىدە ئۇنىڭ خەتەرلىك تەرىپىدۇر. چۈنكى بۇ مەقامغا يەتكەنلەرنىڭ كۆپىنچىسى بۇ ھالدىن چىقىشنى خالىمايدۇ، مەنزىلىمگە يەتتىم دەپ ئويلايدۇ، ھالبۇكى يول تېخى ئۇزۇن ھەم مۇشەققەتلىكتۇر.

بۇ مەقام كۆڭۈللۈك، جەزبىلىكتۇر، قانچىلىغان ئىنسان تېخىمۇ ئىلگىرىلەش ئۈچۈن ئەقىل، ئىرادە، جاسارەتكە كېلەلمەيدۇ. شۇڭا ئۈچىنچى مەقام جەننەت باغلىرىدەك ھەر قانچە گۈزەل بولسىمۇ، ئۇلۇغلۇقنى كۆزلىگەنلەر ئۈچۈن بىر تۇزاقتۇر.

بۇنىڭ نىرىسىغا ئۆتۈشكە مۇۋەپپەق بولالىغانلار ئىلىم شەھرىدىن ئاتلاپ نەفسى مۇتمەئىن مەنزىلىگە يېتىدۇ. شۇڭا ئۇ ”رازى بولغان قەلب“ دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ مەنزىلدە كىشى يۇقىرى ئاڭغا ئىگە بولىدۇ، كۆز-قارنى توق، كۆڭلى-كۆكسى كەڭ بولۇپ، مال-دۇنيا، شان-شۆھرەت، ھوقۇق-مەرتىۋە تالاشمايدۇ. باشقىلار بىلەن ئىناق ئۆتىدۇ، پەقەت ناماز ئوقۇغاندىلا ئەمەس، ھەر ۋاقىت قەلب ھوزۇرى ئىچىدە تۇرىدۇ. دائىم ناماز ئوقۇيدۇ. ھېچكىمگە ئازار بەرمەيدۇ، بەندىلەرنىڭ ھەققىنى يېيىشتىن ساقلىنىدۇ، بىراۋنىڭ ئەيب-نۇقسانىغا قارىمايدۇ، ھەتتا باشقىلارنىڭ ئەيىبىنى ياپىدۇ. مال-مۈلكىنى پادىشاھلارنىڭ پادىشاھى بولغان ئاللاھقا تاپشۇرىدۇ.

بۇنىڭ نىرىسى تەۋھىد شەھرىدۇر. ئاخىرقى ئۈچ مەرتىۋە كامىللىق مەرتىۋىسى دېيىلىدۇ. ئۇنىڭغا يېتەلىگەن ئىنسان ھەقىقەتەن ناھايىتى ئازدۇر. ئاللاھ ئۇلارنى قايسى ھالدا قويغان بولسۇن، ئۇلار ھەر زامان پاك، ئاق كۆڭۈل، شۈكرى قىلغۇچى ئىنسانلاردۇر. ئاخىرقى ئۈچ مەنزىلنىڭ بىرىنچىسى بولغان نەفسى رازىيەگە ئېرىشكەنلەر دۇنيا ئىشلىرىغا بېرىلمەيدۇ ھەم ئالدانمايدۇ.

ئۇنىڭدىن كېيىنكى مەقام نەفسى مەرزىيەدۇر. بۇ مەقامغا يەتكەنلەردىن ئاللاھ رازى بولغانلىقى ئۈچۈن ”رازىلىققا ئېرىشكەن نەفس“ دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بۇ مەنزىلگە يەتكەن كىشى باشقىلارغا چىراغ بولىدۇ، كىمنى خالىسا شۇنى يورۇتىدۇ، ھەقىقىي يۇلتۇز، ئۆچمەس چىراغدەك نۇر چاچىدۇ. بەزىدە شىپالىقمۇ بېرەلەيدۇ. ئىش-ئەمەللىرىدە چەكتىن ئاشۇرۇۋېتىش ياكى سەل قاراشتىن ساقلىنىدۇ. ھېچقانداق مەسىلىدە ئاشقۇنلۇق قىلمايدۇ، بەلكى ئىختىلاپلاشقانلارنى بىرلىككە كەلتۈرىدۇ، دۈشمەنلەرنى ياراشتۇرىدۇ، كىشىلەر ئارىسىنى تۈزەيدۇ. گويا قەھرىتاندا چىققان ئىللىق شامالغا ئوخشايدۇ.

يەتتىنچى ۋە ئاخىرقى مەقامدا كىشى نەفسى كامىلەگە ئۇلىشىدۇ. بۇ مەقەمدا ”مەنلىك“ ئېڭى كۆپۈككە ئايلىنىدۇ. ئەمما بۇ مەقامنى بىلىدىغان، بىلسىمۇ ئۇ ھەقتە پاراڭلىشىدىغانلار بولمىغاچقا، ئۇ مەنزىلدىن قارىغاندا دۇنيانىڭ قانداق كۆرۈنىدىغانلىقىغا دائىر مەلۇماتىمىز چەكلىك.

ھەق يولىدىكى مەقاملارنى بىر-بىرلەپ رەتكە تۇرغۇزۇش ئاسان، ئەمما ئەمەل قىلماق تەس. ھەر مەنزىلنىڭ ئۆزىگە خاس دوقاللىرى ئاز كەلگەندەك، تۆپتۈز سىزىق ھالىتىدە ئىلگىرلىمەك ھەم مۇمكىن ئەمەس. تۇنجى مەقامدىن ئاخىرقى مەقامغىچە ماڭىدىغان يول تۈپتۈز ئەمەس،

بەلكى ئەگرى ـ توقايدۇر. يەنە كېلىپ، ئالىي مەقاملارغا يەتكەن كىشى شۇ مەقامدا مەزمۇت تۇرمەن دېيەلمەيدۇ. ”مەن ئەمدى پەزىلەتكە توشتۇم، يۈكسەك مەقامغا يەتتىم، بۇ يوللارنىڭ سىرىنى يەشتىم“ دەپ ئويلاپ، يۇقىرىدىن تۆۋەنگە موللاق ئاتىدىغانلارمۇ باردۇر. شۇ ۋەجىدىن ئۆتكەن ۋە كېلىدىغان، ياشىغان ۋە ياشايدىغان شۇنچە كۆپ ئىنسان ئارىسىدا ناھايىتى ئاز ئىنسان ئاخىرقى مەقامغا ئۇلىشالايدۇ، ئۇلاردىنمۇ پەقەت ھەر ئەسىردە ئاران بىرسى چىقىدۇ.

مانا شۇ سەۋەبتىن شەمس ماڭا ھەزرىتى مۇھەممەد ۋە سوپى بەستامى ھەققىدە سوئال سورىغاندا مەندىن پەقەت كىتابىي سېلىشتۇرما تەلەپ قىلمىغانىدى. بەلكى ئۆز نۆۋىتىدە ماڭا، يەنى مېنىڭ شەخسىيىتىمگە سوئال قويغانىدى. ”جانابى ھەقتە يوق بولۇش ئۈچۈن نەفسىڭنى تامامەن يوق قىلىشقا تەييارمۇسەن؟“ دەپ مېنى ئويلاندۇرماقچى ئىدى. تۇنجى سوئالىغا ئىككىنچى سوئالىمۇ يوشۇرۇنغانىدى.

— بەلكى سەنچۇ، ئۇلۇغ خاتىپ؟— دەپ سوراۋاتاتتى ئۇ،— قېنى سەن يەتتە مەقامنىڭ قايسىسىدا؟ يەتكەن مەرتىۋەڭدىن رازىمۇسەن؟ ئېيت، قېنى سېنىڭ كوزاڭ قانچىلىك چوڭ؟

— ئاخىرقى مەنزىلگىچە بىرىشقا يۈرىكىڭ چىدامدۇ؟

كەررا
كونيا 1244 ـ يىل 12 ـ ئاي

بۇ كۈنلەردە شۇنچە كۆڭۈلسىز، شۇنچە سەۋرسىز ئىدىمكى، مەۋلانا بىلەن شەمس كېچە ـ كۈندۈز بېكىنىپ پىچىرلىشىپ سۆھبەت قىلغانسېرى تېخىمۇ جىمىپ كېتەتتىم. مەنمۇ فىقھى، ھەدىس، پەلسەپە، تارىخ ۋە مەنتىقە ئىلمىدە بىلىملىك بولسام ئىدى كاشكى، بەزىدە ئايال بولۇپ يارىلىپ قالغىنىمغا ئىسيان كۆتۈرگۈم كېلەتتى. بۇ دۇنياغا قىز بولۇپ تۆرەلگەندىن باشلاپ ئۇلارغا تاماق ئېتىش، ئۆي سۈپۈرۈش، كىر يۇيۇش، دەريادىن سۇ توشۇش، كونا پايپاقلارنى ياماش، ياغنى سۈتتىن ئايرىپ سۈزمە قىلىش، خېمىر يۇغۇرۇش... دېگەندەك ئىشلارنى ئۆگىتىدۇ، ھەممىگە بىر ـ بىرلەپ پىشىپ چىقىسەن. بەزى ئاياللار بۇلارنى بىلىشتىن تاشقىرى يەنە ناز ـ كەرەشمە قىلىپ ئەرلەرنىڭ كۆڭلىنى ئېلىشنى ئۆگىنىدۇ. يىغىپ كەلسە ھەممىسى شۇ ئەرلەر ئۈچۈن خىزمەت قىلىش. ھېچكىم ئاياللارنىڭ قولىغا كىتاب بەرمەيدۇ، بولمىسا مەن مەۋلانانىڭ مەن

بىلەن خۇددى شەمس بىلەن پارالاشقاندەك قىزغىن پارالىشىشىنى، ماڭمۇ ئەقىل ئۆگىتىشىنى نەقەدەر ئارزۇ قىلاتتىم ـ ھە!

توي قىلغان تۇنجى يىلىمىز ئىدى، ئۇ چاغدا مەن يالغۇز قالساملا ئېرىمنىڭ كۇتۇپخانىسىغا كىرەتتىم. مەۋلانا كۆرگەن كىتابلار ۋە قول يازمىلىرىنىڭ ئارىسىدا ئولتۇرۇپ، كونا كىتابلارنىڭ پۇرىقىنى پۇراپ، ئۇنىڭ ئىچىدە نىمە سىرلارنىڭ يوشۇرۇنغانلىقىنى خىيال قىلاتتىم. مەۋلانا كىتابلىرىغا ناھايىتى ئامراق ئىدى، كۇتۇپخانىسى بىر ـ بىرىدىن قىممەتلىك قول يازمىلار بىلەن تولغان بولۇپ، كۆپىنچىسى ئاتىسىدىن مىراس قالغانىدى. بۇ كىتابلار ئارىسىدا كۆز قارىچۇقى بولغان «مائارىف»نى قۇرمۇ قۇر يادا بىلەتتى، بەزىدە تاڭ ئاتقىچە ئۇنى ئوقۇيتتى، ھالبۇكى ئۇ بۇ كىتابنى نەچچە قېتىم ئۆتكۈزۈپ بولغانىدى. ئوقۇپ بولغان كىتابنى بىر كىم قايتىدىن قىزىقىپ ئوقۇمدۇ؟

ــ ماڭا بىر تاغار ئالتۇن بەرسىمۇ ئاتامنىڭ كىتابلىرىنىڭ بىر ۋارىقىغىمۇ تېگىشمەيمەن،ــ دەيتتى مەۋلانا،ــ بۇ بىباھا كىتابلار ئاتا ـ بوۋىلىرىمدىن قالغان، مەن ئۇلارنى دادامدىن تاپشۇرۇۋالدىم، كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئوغۇللىرىمغا مىراس قالدۇرىمەن.

ئەپسۇس، مەۋلانانىڭ ئۇ كىتابلىرىنى قانچىلىك قەدىرلەيدىغانلىقىنى خېلى يىللار ئىلگىرى ئېغىر دەشنام يەپ ئاندىن بىلدىم. تۇرمۇش قۇرغىلى بىر يىلمۇ بولمىغانىدى، ئۆيدە يالغۇز ئىدىم، كاللامغا بىر خىيال كەلدى، قولۇمغا لاتا، بىر چىلەك سۇ ئېلىپ كۇتۇپخانىغا كىردىم. ئېرىمنىڭ كىتابلىرىنى بىرمۇ بىر سۈرتۈپ تازىلاپ ئۇنى تۇيۇقسىز خوش قىلىۋېتەي دەپ ئويلىدىم. بارلىق كىتابلارنى جازىدىن چۈشۈرۈپ، پاختا رەختنى گۈل سۈيىدە نەمدەپ، كىتابلارنى پاكىز سۈرتتۈم. بۇ يەردىكى كىشىلەرنىڭ قارىشىچە، كىتابقا ئامراق، كىتاب غاجاشتىن ھوزۇرلىنىدىغان بىر لالما جىن بولۇپ، ئىسمى كېبىكەچمىش! بۇ جىننى قوغلاش ئۈچۈن كىتابلارنىڭ بېشىغا چوقۇم ” ئەي كېبىكەچ! بۇ كىتابتىن نېرى قاچ، ئوقۇسىلاڭ بولمايدۇ“ دەپ يېزىپ قويۇش كېرەككەن. مەن كىتابلارنى سۈرتىۋېتىپ، شۇ خەتكە قاراپ كۈلۈمسىرەيتتىم.

ئۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن كۇتۇپخانىدىكى بارلىق كىتابلارنى سۈرتۈپ تازىلىدىم. تازىلاۋېتىپ بىر ياندىن ئىمام غەززالىنىڭ «دىنىي ئىلىملەرنى بەرپا قىلىش» ناملىق كىتابنى ۋاراقلاپ، ئۇنى چۈشىنىشكە تىرىشاتتىم. ساۋادىم بار ئىدى، ئەمما بۇ كىتابلارنى ھەزىم قىلىش ئۈچۈن خەت بىلىشلا

كۆپايه قىلمايدۇ ـ ده! شۇ تەرزده ئۆزەم بىلەن هەپىلىشىپ قانچىلىك ۋاقىت ئۆتكىنىنى سەزمەي قاپتىمەن، بىر چاغدا قوپال بىر ئاۋازنى ئاڭلىدىم:

ــ خوتۇن، بۇ يەرده نېمه ئىش قىلىۋاتىسەن؟

ئارقامغا بۇرۇلۇپ مەۋلانا بىلەن دوقۇرۇشتۇم. ئۇ ئۆيگه قاچان كەلگەن بولغىيدى؟ ئاياغ تىۋىشلىرىنىمۇ ئاڭلىمىغانىدىم. تىنچ ـ ئامان كەپسىز مەۋلانەم دېدىم، ئەمما جاۋاب بەرمىدى، چىرايى غەلىته بولۇپ، ئۆز ئېرىمنى ئەمەس، باشقا ئەرنى كۆرۈۋاتقاندەك بولدۇم. توي قىلغاندىن بۇيان ئۇ ماڭا تۇنجى رەت قاتتىق تەگدى.

ــ كىتابلارنى سۇرتۇپ قويايلا دېگەن،ــ دېدىم بوش ئاۋازدا،ــ سىزنى خوش بولار دەپتىكەنمەن.

ــ ئەمما خوش بولمىدىم،ــ دېدى مەۋلانا،ــ نىيىتىڭ دۇرۇس، ئەمما بۇنىڭدىن كېيىن كىتابلىرىمغا قول تەگكۈزمە. سۇرتىدىغان ئىش بولسا ئۆزەم سۇرتىمەن، بۇنىڭدىن كېيىن بۇ ئۆيگه كىرمىگىن ھەم ھېچكىمنى كىرگۈزمىگىن.

شۇنىڭدىن كېيىن ئېرىمنىڭ كىتابلىرىغا قول تەگكۈزمىدىم، ئۆيده ھېچكىم يوق چاغدىمۇ كۇتۇبخانىغا كىرمىدىم. كۇتۇبخانىنىڭ ئىشىكى ماڭا تاقاغلىق ئىدى.دېمەك، كېبىكەچلا ئەمەس، مەنمۇ ئېرىمنىڭ كىتابلىرىدىن يىراق تۇرمىسام بولمايتتى، ئۇ كىتابلارنى ئوقۇسام بولمايتتى!

يۈرىكىم زېده بولسىمۇ ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بۇنىڭغا كۆنۈپ كەتتىم، ھەتتا ئۇنتۇپمۇ كەتتىم، شەمس تەبرىزى ئۆيىمىزگه كەلگەنگه قەدەر شۇنداق ئىدى.شەمس بىلەن مەۋلانا كۇتۇبخانىغا 40 كۈن بېكىنىۋالغاندىن كېيىن كونا ئىشلار ئېسىمگه كەلدى. دېمەك، مېنىڭ كىرىشىم چەكلەنگەن ئۇ ئۆي شەمس تەبرىزگه داغدام ئوچۇق ئىدى. چىدىمىدىم، ئىچىمده بىر يەرده ھېلىقى يارا يەنه قاناشقا باشلىدى.

كىميا

كونيا، 1244 ـ يىل 12 ـ ئاي

مېنى ئۇلار بېقىۋالغاندا 12 ياشتا ئىدىم. ئۆز ئاتا ـ ئانام ئاددىي دېھقانلار ، ئەتىگەندىن كەچكىچه ئېتىزدا، باغدا ئىشلەپ، مەزگىلسىز قېرىپ كەتكەن كىشىلەر ئىدى. كىچىك بىر ئېغىزلىق ئۆيده ياشايتتۇق، سىڭلىم بىلەن مەن ئۆينىڭ بىر بۇلۇڭىدا ياتاتتۇق، يېنىمىزدا ئادەتتىكى

كېسەللىك تۈپەيلىدىن كەينى-كەينىدىن ئۆلۈپ كەتكەن بەش بوۋاق، بەش قېرىندىشىمىزنىڭ روھى ئۇخلايتتى. ئۆيدە پەقەت مەنلا ئۇلارنىڭ روھىنى كۆرەلەيتتىم. ئۇ كىچىك روھلارنىڭ نېمە ئىشلارنى قىلىۋاتقانلىقىنى ئۆيدىكىلەرگە ئېيتسام سىڭلىم قورقۇپ، ئانام يىغلاشقا باشلايتتى. چۈشەندۈرۈشكە تىرىشاتتىم، ئەمما نېمە پايدىسى؟ ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭدا قورققىدەك، ئازابلانغۇدەك ئىش يوق ئىدى. چۈنكى ئۇ كىچىك روھلارنىڭ هېچ قايسىسى بەختسىز ياكى قورقۇنچلۇق كۆرۈنمەيتتى. ئەمما بۇنى ئۆيدىكىلەرگە پەقەت چۈشەندۈرەلمەيتتىم.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە مەھەللىمىزگە بىر بوۋاي كەلدى، ئۆزى هارغىن، كېسەلجان، ئاچ قورساق ئىدى. چېچى بىلەن ساقىلى بىر-بىرىگە كىرىشىپ كەتكەنىدى. كۆزى ئاپتاپتىن تولا قىسىلغاچقا يۈزىگە يول-يول قورۇقلار چۈشكەنىدى. ئاتام ئۇنى بىر دەم ئارام ئېلىۋالسۇن دەپ ئۆيىمىزگە تەكلىپ قىلدى. ئۇ كېچە ھەممىمىز ئوچاق بېشىدا ئولتۇرۇپ، بوۋاينىڭ يىراق دىيارلار ھەققىدىكى ئاجايىپ-غارايىپ ھېكايىسىنى ئاڭلىدۇق. ئۇ رېتىملىق هالدا ھېكايە سۆزلەۋاتقاندا مەن كۆزۈمنى يۇمۇپ، ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئەرەب چۆللىرىدە، ئافرىقىنىڭ شىمالىدىكى بەدەۋىيلەرنىڭ چېدىرلىرىدا، سۇلىرى كۆپكۆك ئوتتۇرا دېڭىزدا ساياھەت قىلدىم. بوۋاي قەيەرنى سۆزلىسە، مەن شۇ يەرنى خىيالەن زىيارەت قىلدىم. بىر قۇملۇقتا يوغان شەيتان مۇنارى تېپىپ، يانچۇقۇمغا سالدىم. قۇملۇقنىڭ بۇ بېشىدىن ئۇ بېشىغا تۈيۈقسىز ماڭدىمكى، بۇرنۇمغا بىر پۇراق كەلدى، ئامالسىز توختاپ كۆزۈمنى ئاچتىم.

ئۆزەمنى يەردە كۆردۈم، هوشۇمدىن كەتكەنىدىم، چۈش كۆرۈۋاتاتتىم. ئۆيدىكى ھەممەيلەن باش ئۈستۈمدە ماڭا ئەنسىزلىك بىلەن قاراپ تۇراتتى. ئانام بىر قولىدا بېشىمنى تۇتۇپ، يەنە بىر قولىدا يېرىم پىيازنى بۇرنۇمغا تەڭلەپ، بۇنى پۇرىغىن دەپ زورلاۋاتاتتى.

سىڭلىم خۇشاللىقتىن ئالقىنىنى كىرىشتۈردى: هوشىغا كەلدى، بارىكاللا، كىميا تىرىلدى!

ئانام چوڭقۇر ئۇھ تارتىپ، ”خۇداغا شۈكرى“ دېدى. ئاندىن بوۋايغا قاراپ ئەھۋالنى چۈشەندۈردى: ”كىميا كىچىكىدىنلا مۇشۇنداق ئاجىز، تۇرۇپ-تۇرۇپ هوشىدىن كېتىدۇ“.

بوۋاي گەپ-سۆز قىلماي، ئىچىمدىكىنى بىلمەكچى بولغاندەك ماڭا دىققەت بىلەن قارىدى. ئەتىسى ئەتىگەندە ئۇ ھەممىمىزگە رەھمەت ئېيتىپ

خوشلاشتى، يولغا چىقىشقا تەييارلاندى، ئەمما مېڭىشتىن ئاۋۋال دادامنى يېنىغا تارتىپ مۇنداق دېدى:

— سېنىڭ قىزىڭ ئالاھىدە بىر قىز، ئاللاھ تائالا ئۇنىڭغا بۈيۈك قابىلىيەت بېرىپتۇ، بۇنداق ھەدىيە قەدىرلەنمىسە ئىسراپ بولىدۇ. ئۇنى چوقۇم ئوقۇشقا ئەۋەتىڭلار...

پاراڭغا قۇلاق سېلىۋاتقان ئانام دەرھال گەپكە ئارىلاشتى:

— قىز بالا ئوقۇپ قانداق قىلىدۇ؟

بوۋاي تەمكىنلىك بىلەن:

— ئاللاھ تائالا سېنىڭ بالاڭ قىز دەپ تۆۋەن كۆرمەي ئۇنىڭغا ئالاھىدە قابىلىيەت بېرىپتۇ. سىلەر ئاللاھتىنمۇ بەك ياخشى بىلەمسىلەر قىزىڭلارنى؟ — دەپ سوئال قويدى،— ئەگەر مەدرىس بولمىسا قىزىڭلارنى بىر ئالىمغا بېرىڭلار.

ئانام ”بۇ مۇمكىن ئەمەس“ دېگەندەك قىلىپ بېشىنى چايقىدى. ئەمما دادام ئويلىنىپ قالغانىدى، بوۋاينىڭ سۆزلىرىدىن تەسىرلەنگەنلىكى ئېنىق ئىدى، ئۇ ئىلىمنى، بىلىملىك كىشىلەرنى چوڭ بىلەتتى، مېنى ھەم ياخشى كۆرەتتى.

— بىز بىرەر ئالىمنى تونۇمايمىز، نەدىن تاپىمىز؟— دەپ سورىدى دادام.

شۇ چاغدا ئۇ بوۋاي ھاياتىمنى تۈپتىن ئۆزگەرتىۋېتىدىغان بىر تەكلىپ بەردى:

— كونيا شەھىرىدە مەۋلانا جالالىدىن رۇمى دەيدىغان بىر زات بار، كىمىيادەك بىر قىزنى تەربىيىلەشكە رازى بولۇشى مۇمكىن، قىزىڭنى شۇ يەرگە ئاپىرىپ بەر، پۇشايمان قىلمايسەن.

بوۋاي كەتكەن ھامان ئانام ”سۇبھانەللا“ دەۋاتقاندەك قوللىرىنى ئىككى يانغا كەڭ ئېچىپ، كوتۇلداشقا باشلىدى:

— بويۇمدا بار، كىميا ماڭا يېقىن تۇرمىسا بولمايدۇ. قىز بالا دېگەن كىتاب ئوقۇپ نېمە قىلىدۇ؟ ئوقۇپ نېمە ئىش قىلالايدۇ؟ ئۆيدە ئولتۇرۇپ بالا بېقىشنى ئۆگەنسۇن...

ئانام ئۇ يەرگە بېرىشىمغا باشقا سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن قارشى چىققان بولسا، ماڭا چىدىمايدىغانلىقىنى، قىسقا ۋاقىت بولسىمۇ باشقا ئائىلىگە بېرىۋېتىشكە رازى ئەمەسلىكىنى ئېيتقان بولسا، مەنمۇ بۇ ئىشقا قىزىقماي مەھەللەمدە قالغان بولاتتىم. ئەمما ئانام ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسىنى دېمىدى. ئۇ پەقەت ئۆيدە ياردەمگە مۇھتاج بولغاچقا بۇ ئىشقا قارشى

چىققانسېرى مەنمۇ ئۇ يەرگە بارىمەن دەپ چىڭ تۇرىۋالدىم. بۇ ئارىدا ئاتام مېنى ئېلىپ ئۇ بوۋاي گېپىنى قىلغان ئالىمنى زىيارەت قىلىش قارارىغا كەلدى.

شۇنداق قىلىپ ئانچە ئۇزۇن ئۆتمەي ئاتام ئىككىمىز يولغا چىقىپ كونياغا كەلدۇق. مەۋلانا دەرس بېرىدىغان مەدرىسىنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئۇنى ساقلىدۇق. شۇ كۈنى ئۇستازىمنى تۇنجى قېتىم كۆردۈم، ئۇ شاگىرتلىرى بىلەن بىللە سىرتقا چىقىۋىدى، نېمە قىلىشىمنى بىلەلمەي تۇرۇپ قالدىم، بېشىمنى كۆتۈرۈپ يۈزىگە قارىيالماي، قوللىرىغا قارىدىم، ئۇنىڭ نازۇك بارماقلىرى ئىنچىكە، ئۇزۇن ئىدى؛ ئالىمدىن كۆرە سەنئەتكارنىڭ بارماقلىرىغا بەكرەك ئوخشايتتى.

دادام مەۋلانانىڭ ئالدىغا كېلىپ مېنى كۆرسەتتى.

— ھەزرىتىم، قىزىم كىميا ئالاھىدە قىز، ئەمما ئانىسىمۇ، مەنمۇ ئاددىي ئىنسانلار، ئۇنى لايىقىدا تەربىيەلىيەلمەيمىز. بۇ دىيارنىڭ ئەڭ كاتتا ئالىمى سىز ئىكەنسىز، كىميانى شاگىرتلىققا قوبۇل قىلارسىزمۇ؟

كۆزۈمنىڭ ئۇچىدا مەۋلاناغا قارىدىم، بۇ گەپتىن ھەيران قالغاندەك ئەمەس، قارىغاندا بۇنداق تەلەپلەرگە كۆنۈك ئىدى.

— كەل قېنى كۆرۈپ باقايلى،— دېدى مەۋلانا. — ئاتاڭنىڭ دېيىشىچە ئوقۇش ۋە يېزىشنى ئۆزلۈكۈڭدىن ئۆگىنىپسەن. ئۆزگىچە قابىلىيىتىڭ بار ئىكەن ھەم ئوقۇشنى بەك ياخشى كۆرىدىكەنسەن. قېنى ئېيتقىنا، كىتابلارنىڭ نېمىسىنى ياخشى كۆرىسەن؟

بوغۇزۇمغا بىر نېمە كەپلىشىپ تىلىم تۇتۇلۇپ قالدى، جاۋاب بېرەلمىدىم.

— قېنى قىزىم، ھەزرىتىمگە دەپ بەرگىنە،— دېدى دادام تېخىمۇ قىستاپ، ئۇ مەۋلانانى رەنجىتىپ قويۇشتىن ئەنسىرەۋاتقاندەك قىلاتتى.

مەۋلاناغا قارىدىم:

— ئۇستازىمىز، سىزنىڭ يېنىڭىزدا تەربىيىلىنىش مەن ئۈچۈن شەرەپ، ئوقۇشنى ياخشى كۆرىمەن، چاپادىن قورقمايمەن. ئىلىمگە ھېرىسمەن قىزمەن، ياخشى تالىبە بولالايدىغىنىمغا ئىشەنسىڭىز بولىدۇ.

مەۋلانانىڭ كۆزلىرى چاقناپ كەتتى، ”ناھايىتى ياخشى“ دېدى، ئەمما ئارقىدىن ئېغىر تىندى. كاللىسىغا كۆڭۈلسىز بىر ئىش كەلگەندەك قىلاتتى.

— بىراق، سەن قىز بالا، تىرىشىپ ئۆگىنىپ ئۆرلەپ ئوقۇساڭمۇ ئۇزاق ئۆتمەي ئەرگە تېگىسەن، بالاڭ بىلەن بولۇپ كېتىسەن. شۇنچە ئوقۇغانلىرىڭ بىكار كېتىدۇ.

نېمە دېيىشىمنى بىلەلمىدىم، كۆڭلۈم يېرىم بولدى. ئاتاممۇ ئوڭايسىزلىنىۋاتقاندەك قىلاتتى، پۈتىدىكى كەشىگە تىكىلىپ جىمجىت تۇراتتى.

— بوپتۇ، بۇ يەردە تۇرۇۋالماي ئۆيگە بارايلى،— دېدى مەۋلانا،— بىللە تاماق يەپ كىميانىڭ ئىستىقبالى ھەققىدە پاراڭلىشايلى. ئۇنىڭ ياخشى تالىبە بولۇشىغا ئىشىنىمەن، ھەتتا نۇرغۇن ئوغۇللاردىن ئېشىپ چۈشىدۇ بۇ.

مەۋلانامۇ، داداممۇ كۈلۈمسىرىدى، بايىقى ئەنسىرەشتىن ئەسەرمۇ قالمىدى. شۇئان بىلدىمكى، مەۋلانا بىلەن بولغان بۇ مۇناسىۋىتىم تېخىمۇ چوڭقۇرلىشىدۇ، ئانام بىلەن ئىزچىل ياخشى ئۆتەلمەي كەلگەندىم، ئەمدى رەببىم كۆڭلۈمدىكى بۇ بوشلۇقنى تولدۇرۇش ئۈچۈن ماڭا ئىككى ئاتا بەرگەندەك بولدى: ئۆز ئاتام ۋە ئۇستاز ئاتام.

سەككىز يىل ئاۋۋال مەۋلانانىڭ ئۆيىگە كېلىش ھېكايەم مانا يۇقىرىقىدەك. بۇ يەرگە كەلگەندە ئىلىمخۇمار، ئىچ مىجەز، تارتىنچاق قىز ئىدىم، ئەمما يېڭى مۇھىتقا تېزلا كۆنۈپ قالدىم. كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن كەررا ئۆز ئانامدىن چارە بولۇپ كەتتى. ماڭا ھەر زامان مېھرىبان، كۆيۈمچان ئىدى. مەۋلانانىڭ ئوغۇللىرى مېنى قارشى ئالدى، بولۇپمۇ چوڭ ئوغلى ماڭا ھەقىقىي ئاكا بولدى. ئالائىدىن مېنى باشقىچە ياخشى كۆرەتتى، بىر نەرسە دېمىسىمۇ بۇنى ھېس قىلاتتىم. ئەمما مەن ئۇنى پەقەت ئاكامدەك كۆرەتتىم.

ئاخىرقى ھېسابتا، مەھەللىمىزگە كەلگەن دانىشمەن بوۋاينىڭ سۆزى راست چىقتى. دادام بىلەن قېرىنداشلىرىمنى ھەر قانچە سېغىنساممۇ كونياغا كېلىپ مەۋلانانىڭ ئائىلىسىگە قوشۇلۇشتىن قىلچە پۇشايمان قىلمىدىم، بۇ ئۆيدە بىرەر قېتىممۇ رەنجىپ باقمىدىم.

شەمسى تەبرىزى بۇ ئۆيگە كەلگەنگە قەدەر شۇنداق بولدى، ئۇ كەلگەندىن كېيىن ئىشلار بۇرۇنقىدەك بولمىدى، بولالمىدى.

ئېللا

بوستون 2008 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى

ئېللا ئادەتتە يالغۇز قېلىشنى خالىمايتتى، بىراق ھازىر، بەلكىم ئۆمرىدە تۇنجى قېتىم ئۆيدە يالغۇز قېلىشقا باھانە ئىزدەشكە باشلىدى. پۇرسەت تاپسىلا «ئىشق شەرىئىتى»نى ئوقۇپ، رومان ھەققىدە يېزىۋاتقان ئوبزورىنى تاماملاشقا تىرىشتى، مىچېلغا تېلېفون قىلىپ يەنە بىر ھەپتە ۋاقىت بېرىشىنى تەلەپ قىلدى، ئەسلىدە بىر ئاز چىدىۋەتكەن بولسا ئۇنى ۋاقتىدا يېزىپ پۈتتۈرەلەيتتى، ئەمما بۇنى خالىمىدى. زاھارانىڭ رومانى ئۇنى ئۆزلۈك دۇنياسىغا غەرق قىلىۋەتكەن بولۇپ، مۇشۇ باھانىدە ئۆيدىكى ئىشلار ۋە ئۇزاقتىن بۇيان ئەنسىرەپ كېلىۋاتقان ئەر-خوتۇنلۇق جېدىلىدىن قېچىۋاتاتتى. بۇ ھەپتە تۇنجى قېتىم ئاشپەزلىك كۇلۇبىغا كېچىكىپ باردى. ھازىر تۇرمۇشىدا گاڭگىراپ قالغان بىر ئەھۋالدا كونا پەدىدە ياشاۋاتقان 15 ئايال بىلەن بىرلىكتە تاماق ئېتىش ئۇنىڭغا ئېغىر كېلىۋاتاتتى.

بۇ ئارىلىقتا ئېللا ئەزىز بىلەن خەت يېزىشىپ يۈرگەنلىكىنى مەخپىي تۇتتى. قىززىق، ئەمدىلىكتە ئۇنىڭ بىر تالاي مەخپىيەتلىكى پەيدا بولغانىدى: مەسىلەن، ئەزىز ئېللانىڭ رومان ھەققىدە ئوبزور يېزىۋاتقانلىقىنى بىلمەيتتى. نەشرىيات بولسا ئېللانىڭ رومان ئاپتورى بىلەن داۋاملىق خەت ئالاقە قىلىپ تۇرۇۋاتقانلىقىنى بىلمەيتتى. يەنە بىر تەرەپتىن، بالىلىرى بىلەن ئېرى ئۇنىڭ يالغۇز قالغان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ رومانغا ئەسەبىيلىك بىلەن بېرىلىپ، ئاپتورى بىلەن يېقىنلىشىپ كەتكەنلىكىنى بىلمەيتتى. بىر قانچە ھەپتە ئىچىدە ئۇ بىر خىللا ياشايدىغان سالماق ئايالدىن پەرۋاسىز، مەككار، سىرلىق ئايالغا ئايلاندى، چاتاق يېرى، بۇنىڭدىن ھېچ ئازابلانمايتتى، ئاجايىپ جىمغۇرلىشىپ كېتىۋاتاتتى. بىر ئىشلارنىڭ يۈز بېرىشىنى سەۋرچانلىق بىلەن كۈتۈۋاتاتتى، بۇ يېڭى روھىي ھالىتىنى ئەيىبلىمەيتتى، بەلكى ئۇنىڭ ئەكسىچە، ئۇزۇن زاماندىن بېرى يۈرىكىنىڭ ھاياجانلىق دۈپۈلدەشلىرىنى تۇنجى رەت ھېس قىلىۋاتاتتى.

كېيىنچە ئېلخەت يېزىشىش كۇپايە قىلماي، تېلېفوندا سۆزلىشىشكە باشلىدى. شۇ دەرىجىگە باردىكى، يەتتە سائەت ۋاقىت پەرقىگە قارىماي ھەر كۈنى دېگۈدەك پاراڭلىشاتتى. پاراڭلاشقاندا ئېللا سىلىق، جاراڭلىق سۆزلەيتتى، كۈلگەندە كۈلكىگە تويمايدىغاندەك قاقاخلاپ كۈلەتتى، ئۆمرىدە ئۆزىنى ھېچ قويۇۋېتىپ باقمىغان، دائىم باشقىلارنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ، ئۆزىنى چەكلەپ، ئۆزىنى تەكشۈرۈپ كەلگەن بىر ئايالنىڭ قاقاخلاپ كۈلۈپ بېقىشلىرى ئىدى بۇلار.

بۇ ئارىلىقتا ئېللانىڭ ئۆيىدە بىر قانچە ئىش بىرلا ۋاقىتتا كەپلىشىپ كەلدى. ماتېماتىكا دەرسىدە ئارقا-ئارقىدىن تەنبىھ بېرىلگەن ئاۋى ئايرىم دەرس ئاڭلاشقا باشلىغانىدى. ئورلىنىڭ ئېچى ئارتىپ قالغانلىقتىن بىر پسىخولوگقا كۆرۈنۈۋاتاتتى. ئۇ ئايلاردىن بېرى بۇ سەھەردە تۇنجى قېتىم تۇخۇم قاتلىمىنىڭ يېرىمىنىمۇ يەپ بولالماي، ئارقىدىن ئۆزىنىڭ قانچە كىلو سەمرىپ كەتكەنلىكىنى ھېسابلاپ تۇرۇپمۇ، يېگەنلىرىدىن قىلچە پۇشايمان قىلمىدى، ئۆزىنى ئاچلىققا كۆندۈرەي دېمىدى... ئۇنى ئاز كەلدى دەپ، جېنېت بىلەن سكوت ئايرىلىپ كەتكەنلىكىنى جاكارلاپ، ھەممەيلەننىڭ كاللىسىنى قوچۇۋەتتى. "نېمە ئىش بولدى" دەپ سورىغۇچىلارغا ئۆزلىرىنىڭ بىر مەزگىل يالغۇز يۈرۈپ باققۇسى كەلگەنلىكلىرىنى ئېيتتى. ئەمما ئېللانىڭ كۆرگىنىدەك، قىزى بەك يالغۇز قالمىدى. بۇرۇن بولغان بولسا ئېللا قىزىنى دەرھال ئەيىبلەيتتى، ئىشلىرىغا ئارىلىشاتتى، غەزەبلىنەتتى. ئىنسانلارنىڭ مۇناسىۋەت باغلاش ۋە مۇناسىۋەتنى بۇزۇشتىكى چاققانلىقى ئۇنى ئىلگىرى ھېچ كۆرۈلۈپ باقمىغان دەرىجىدە ئويلاندۇرۇۋاتاتتى. ئەزىز بىلەن يېقىنلىشىشىمۇ بۆگۈن بولسا، ئەتە يوق، ئاشۇنداق تۇترۇقسىز ئىشلارمىدۇ؟ رومانغا ئوبزور يېزىش ئاياغلاشقان ھامان بۇ مۇناسىۋەت ئۈزلۈكىدىن ئاياغلىشامدۇ؟... ئۇ مۇشۇلاردىن ئەنسىرەيتتى.

ئۇ باللىرىنى بەك باشقۇرۇۋېلىشتىن ئۆزىنى تارتتى. ئەزىز بىلەن خەت ئالاقە قىلىش ئارقىلىق ئۆگەنگەن نەرسە شۇ بولدىكى، بۇرۇنقىدەك قاتتىق قوللۇق ۋە ئۆزىنىڭكىنى توغرا دەيدىغان جاھىللىقتىن ۋاز كېچىپ، سالماق، تەمكىن بولغانچە، باللىرى ئۇنىڭغا كۆڭلىدىكىنى دەيدىغان بولدى.

ئىلگىرى ئۇ ئۆزىنى ئائىلىنىڭ يۈرىكى ھېسابلايدىغان، ھەممەيلەننى بىرمۇ بىر نازارەت قىلىپ باشقۇرۇپ تۇرمىسام ئائىلە تەرتىپى بۇزۇلۇپ كېتىدۇ دەيدىغان بەكمۇ زىل ئايال ئىدى، پۈتۈن ئائىلە ۋە ئۆيدىكى ھەممە نەرسىنىڭ تەڭپۇڭلۇقىنى ساقلاپ تۇرىدىغان مەركىزىي كۈچ ئىدى! ئەمدىلىكتە ھەممىگە ئارىلىشىۋېلىشتىن ۋاز كەچكەن، سەۋرچان، تەمكىن نازارەتچىگە ئايلانغان بولۇپ، ھەر كۈنى بولۇۋاتقان ئىشلارنى ياندىن كۆزىتىپ تۇراتتى، كونترول قىلالمايدىغان ئىشلار ئۈچۈن ئۆزىنى ئۇپراتماي، تېخىمۇ ئېغىر-بېسىق، تەنھا، ھوشيار ئايالغا ئايلانغانىدى.

داۋىد خوتۇنىدا بولۇۋاتقان ئۆزگىرىشلەرنى سەزدى، شۇ سەۋەبتىن ئۇنىڭ بىلەن كۆپرەك بىللە بولۇشنى خالايدىغان بولۇپ قالدىمۇ ئەيتاۋۇر

ئۆيگە بۇرۇن كېلىدىغان بولدى، ئېللا ئۇنىڭ باشقا ئاياللاردىن بىر مەزگىل يىراق تۇرۇۋاتقانلىقىنى پەرەز قىلدى.

— ياخشى تۇرۇۋاتامسەن سۆيۈملۈكۈم؟ ئىشلار جايىدىمۇ؟— دەپ سورايتتى داۋىد كۈندە نەچچە رەت.

ئېللا ھەر قېتىم ئوخشاشلا:

— ناھايىتى جايىدا،— دەپ جاۋاب بېرىپ كۈلۈمسىرەيتتى.

ئېللا بىر بۇلۇڭغا چېكىنىپ ئۆزىگە خاس دۇنيا يارىتىشقا باشلىغاندىن بېرى ئائىلىسىنى ناھايىتى گۈزەل، بەختلىك كۆرسىتىۋاتقان رەڭ-جۇلا ئۆچۈشكە باشلىغانىدى. ئائىلىدە رول ئېلىشتىن ۋاز كەچكەندىن بېرى ھەر ئىككىيلەننىڭ ئەيىب-نۇقسانلىرىنى ئوچۇق كۆرەلىدى، ”قوي“دەك ياشاۋېرىشنى خالىمىدى. كۆڭلىدە داۋىد بۇنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىدى دەپ ئويلايتتى.

ئۇلارنىڭ دېيىشىدىغان جىق گېپى قالمىغانىدى، ئەتىگەن-ئاخشىمى باللىرى بىلەن بىرگە تاماق يېگەندە بىر نەچچە ئېغىز پاراڭلىشىپ قوياتتى، خالاس. ئاندىن بۇ ئەمەلىيەتكە تەن بەرگەندەك جىمىپ كېتەتتى. بەزىدە ئېللا ئېرىنىڭ ئۆزىگە دىققەت بىلەن قاراۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالاتتى، داۋىد ئۇنىڭدىن بىر نەرسىلەرنى سورىماقچىدەك قىلاتتى، ئەگەر ئېللا باشتا ئېغىز ئاچسا ھەممىنى ئېتىراپ قىلىشقا تەييار ئىدى. بۈگۈنگىچە بولغان ئاشىندارچىلىقى ۋە ساداقەتسىزلىكلىرىنى ئېيتىشى مۇمكىن ئىدى. پەقەت ئېللانىڭ گەپ سورىشىنى كۈتۈپلا تۇراتتى، ئەمما ئېللا ئۇنىڭدىن ھېچنېمە سورىمىدى.

ئىلگىرى ئۇ تۇرمۇشىمىز بۇزۇلمىسۇن دەپ ئۆزىنى تۇتىۋېلىپ، ھەممە ئىشنى بىلمەسكە سېلىپ، ھېچ ئىشتىن خەۋىرى يوقتەك يۈرگەن بولسا، ئەمدىلىكتە مەخپىيەتلىكنى بىلىسىمۇ كارى يوقتەك يۈرۈۋاتاتتى، بەلكى خاراكتېرىدىكى بۇ ئۆزگىرىش، بۇ پەرۋاسىزلىق، ئېرىدىن ئۆزىنى قاچۇرۇش ۋە تەمكىنلىك ئېرىنى قورقۇتۇۋاتاتتى... ئېللا ئۆزىنى ھېچقاچان بۇنداق كۈچلۈك ھېس قىلىپ باقمىغانىدى، بولمىسا پەقەت بىر ئاي ئىلگىرىكى ھالىتى ھازىرقىغا زادى ئوخشىمايتتى. ئۇ چاغدا داۋىد ئائىلىسىنى قوغداش ئۈچۈن كىچىككىنە بىر ئىش قىلىپ قويسىمۇ خۇشاللىقتىن بېشى ئاسمانغا تاقىشاتتى. ئەمما ھازىر ئۇنداق ئەمەس، قانداقسىگە بۇنداق بولۇپ قالدى؟ ئۈچ بالىنىڭ ئانىسى بولغان بۇ ئايال قانداق بولۇپ ئۈمىدسىزلىككە پېتىپ، ئۆزىگە دادىل يۈزلەندى؟

ئۇ تېلېفوندا جېنېتقا ئېيتقانىدەك بەختسىز ئىدى، ئەمىسە نېمىشقا تەلەيسىز خوتۇنلاردەك مۇنچىغا كىرىۋېلىپ زوڭزىيىپ يىغلاپ ئولتۇرمايدۇ؟ ئاشخانىدا تاماق ئېتىۋېتىپ كۆز يېشى تۆكمەيدۇ؟ نېمىشقا ئۆيدىن قېچىۋاتقاندەك تالاغا چىقىپ ئايلىنىپ كىرمەيدۇ ياكى غەزەبلىنىپ ئەينەك قاچىلارنى يەرگە ئېتىپ چاقمايدۇ؟

ئېللا ئاجايىپ جىمىپ كەتتى، ھەر كۈنى ئەتىگەندە ئەينەككە قاراپ، چىرايىدىكى ئۆزگىرىشلەرنى ئىزدەيتتى. بىر قارىسا، تۇرمۇشىدا ھېچ ئۆزگىرىش يوق، ئائىلىسى يەنە شۇ ئائىلە، ئۆزى ھەم بۇرۇنقى ئۆزى؛ بىر قارىسا، ھېچقانداق ئىش بۇرۇنقىسىغا ئوخشىمايتتى، دېمەك، ئۇ ئۆزگىرىشلەرنىڭ دەل ئوتتۇرىسىدا تۇرۇۋاتاتتى.

كەررا

كونيا، 1245 ـ يىل، 5 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى

شەمس تەبرىزى كەلگەندىن بېرى ئاي ئالتە قېتىم تولۇپ، ئالتە قېتىم غايىب بولدى. بۇ ئارىلىقتا ئېرىم خۇددى ھىلال ئايدەك ھەر كۈنى ئۆزگىرىپ مەندىن ۋە ئوغۇللىرىدىن يىراقلاپ، باشقىچە ئادەم بولۇپ قالدى. دەسلەپتە بۇ ئۆتكۈنچى ئەھۋال، كېيىنچە بىر ـ بىرىدىن زېرىكىدۇ دەپ ئويلىغانىدىم، ئەمما ئۇنداق بولمىدى. بەلكى بىر ـ بىرىگە تېخىمۇ باغلىنىپ كەتتى. ئىككىسى بىرگە بولسا غەلىتە سۈكۈتكە چۆمەتتى ياكى پىچىر ـ پىچىر پاراڭلىشاتتى. نېمىشقا ئۇزۇندىن جىمىپ كېتىدىغانلىقلىرىغا، شۇنچە گەپلەرنى نەدىن تاپىدىغانلىقىغا ھەيرانمەن، مەۋلانا ھەر قېتىم شەمس بىلەن سۆھبەتلەشكەندىن كېيىن ئۆزگىرىپ، بىرگە شۇنچە يات، ئويچان، ئۆزى بۇ يەردە، ئەمما خىيالى باشقا يەردە ئادەمگە ئايلىنىپ قالاتتى.

ئۇلارنىڭ دۇنياسى ئىككى كىشىلىك دۇنيا بولۇپ، ئۈچىنچى ئادەم ھەرگىز سىغمايتتى. ئۇلار بىر سۆزگە دەل شۇ پەيتتە، شۇ تەرزدە جاۋاب قايتۇراتتى؛ يەنە بىرلا چاغدا ھەسرەتلىنىپ، چوڭقۇر خىياللارغا چۆكەتتى، قەلبى بىر ـ بىرىگە باغلىنىپ كەتكەنىدى. ئۇلار بەزى كۈنلىرى شامالدا تەۋرىنىۋاتقان بۆشۈكتەك سالماقلىق بىلەن ئولتۇرۇپ يەپ ـ ئىچەتتى؛ بەزى كۈنلىرى شاۋقۇنلۇق دەريادەك تىنماي سۆزلىشىپ، كىتاب ئوقۇپ، بىللە ئايلىناتتى. سەككىز يىللىق ئېرىم، بالىلىرىنى ئۆز بالامدەك بېقىپ چوڭ قىلغان ھەم بىللە پەرزەنت كۆرگەن بۇ ئادەم ھازىر يات ئادەمگە ئايلاندى.

ئۇ پەقەت ئۇخلاۋاتقاندىلا مېھرىگە قانىمەن، كېچىلىرى ئۇخلىماي يېنىدا يېتىپ نەپەسلىرىنى تىڭشايمەن. ئۇ پەقەت كۆڭلى يۇمشاقلىق بىلەن مېنى ئۆزىنىڭ خوتۇنىدەك كۆرگەندىلا بىز يەنىلا بۇرۇنقىدەك ئەر-خوتۇن بولالايمىز دەپ ئۆزەمگە تەسەللىي تاپىمەن.

دائىم ئۈمىدلىك بولۇپ، ھەممە ئىش ئوڭشىلىپ كېتىدۇ دەپ ئۆزەمنى ئىشەندۈرۈشكە تىرىشىۋاتىمەن. شەمس ھامان بىر كۈنى كېتىدۇ، ئۇ دېگەن بەرىبىر جاھانكەزدى دەرۋىش. مەۋلانا بۇ يەردە يەنىلا مەن بىلەن قالىدۇ. ئۇ بۇ شەھەرگە، جامائەتكە، تالىپلىرىغا مەنسۇپ. سەۋرچانلىق بىلەن كۈتۈش كېرەك، سەۋر قاچام توشاي دېگەندە ئۆتكەن كۈنلەرنى، رۇمى يېنىمدا تۇرغان ۋاقىتلارنى سېغىنىمەن.

رۇمى ئىككىمىزنىڭ توي قىلىدىغانلىق خەۋىرى تارقالغاندا بەزىلەر ”كەررا ئەسلىدە خىرىستىئان، رىملىقلار نەسلىدىن؛ ھەق دىنغا كىرگەن تەقدىردىمۇ ئۇنىڭغا قانداق ئىشىنىسەن؟ ئۇ بىزگە تەۋە ئەمەس. سەندەك بىر ئىسلام ئالىمى ئەسلىدە مۇسۇلمان ئائىلىنىڭ قىزىنى ئالسا بولاتتى“ دېيىشكەندى. ئەمما مەۋلانا ئۇلارنىڭ سۆزىگە قۇلاق سالمىدى. شۇندىن بېرى تا ھازىرغىچە مەۋلاناغا رەھمىتىم بار.

ئاناتولىيە دىنلار، مەزھەپلەر، ئۆرپ-ئادەت، ھېكايە-رىۋايەتلەر ئارىلىشىپ كەتكەن دىيار، ئوخشاش تاماق يەپ، ئوخشاش ناخشىلاردىن مۇڭلىنىپ، ئوخشاش خۇراپاتلىقلارغا ئىشىنىپ، كېچىدە يەنە ئوخشاش چۈشلەرنى كۆرەلەيدىغان تۇرساق نېمىشقا بىللە ياشىيالمىغۇدەكمىز؟ ئىسا پەيغەمبەرنىڭ ئىسمى قويۇلغان مۇسۇلمان بوۋاقلار بار، مۇسۇلمان ئىنىكئانىلىرى ئېمىتكەن خىرىستىئان بوۋاقلارمۇ بار. سۈزۈك ئېقىنغا ئوخشايدۇ بۇ دىيار، ھېكايىلەر بىر-بىرىگە ئارىلىشىپ كەتكەن، ئەگەر خىرىستىئانلار بىلەن مۇسۇلمانلار ئوتتۇرىسىدا توساق بولسا، بۇ توساقنىڭ ئىككى تەرەپتىكى جاھىللار ئېيتقاندەك، ئۆتكىلى بولمايدىغان توساق ئىكەنلىكىگە ئىشەنمەيمەن.

مەۋلانادەك داڭلىق ئۆلىمانىڭ خوتۇنى بولغاچقا كىشىلەر مېنى ئالىملارنى بەك ھۆرمەتلەيدۇ دەپ ئويلايدۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇنداق ئەمەس. ئالىملار جىق نەرسىنى بىلىدۇ، ئەمما ئېتىقاد دېگەن نەرسە ئەقلەن ۋە نەقلەن ئايدىڭلىشامدۇ ياكى ئۇنىڭغا ھەقىقىي ئەمەل قىلىش ئارقىلىق نامايەن بولامدۇ؟ ئۇستازلار بەزىدە چۈشەنمەك تەس گەپلەرنى قىلىدۇكى، نېمە دەۋاتقانلىقىنى بىلەلمەي قالىمەن. خىرىستىئانلار ”ئۈچ بىرلىك“ تەلىماتىنى قوبۇل قىلغانلىقى ئۈچۈن مۇسۇلمان ئالىملار ئۇلارنى

ئەيىلەيدۇ: مۇسۇلمانلار "قۇرئان مۇكەممەلدۇر" دېگىنى ئۇچۇن خىرىستىئان ئالىملىرى ئۇلارنى تەنقىدلەيدۇ. ئىككى دىن مۇخلىسلىرى گويا بۇ ئىككى دىن بىر-بىرىدىن ئاسمان-زېمىن يىراقلىشىپ كەتكەندەك پىكىرلىشىدۇ. دىنىي ئالىملار ئۆزئارا تارتىشىپ تۇرغان بىلەن، ئاناتولىيىدە ياشاۋاتقان ئاۋام خىرىستىئانلار بىلەن مۇسۇلمانلارنىڭ بىرلىككە كېلەلەيدىغان تەرەپلىرى كۆپ بولۇپ، بىر ئاسماننىڭ تېگىدە ياشاۋاتقان بىر زېمىننىڭ بالىلىرىدۇر.

ئۇلار دەيدۇكى، خىرىستىئان دىنىغا كىرگەن مۇسۇلمانلارغا ئەڭ تەس كېلىدىغىنى "ئۈچ بىرلىك" تەلىماتىنى قوبۇل قىلىشتۇر. شۇنداقلا بۇ دىندىن چىقىپ كەتكەن مۇسۇلمانلار ئۇچۇنمۇ ئەڭ تەس بولغىنى "ئۈچ بىرلىك" تەلىماتىنى رەت قىلىشتۇر. ئۆزەمنى ئېيتسام، ئىسانىڭ ئاللاھنىڭ ئوغلى ئەمەس، بەندىسى ئىكەنلىكىگە خېلى ئاسان ئىشەندىم. قۇرئاندا ھەزرىتى ئىسا ھەققىدە نېمە دېيىلگەن؟ شۈبھىسىزكى، مەن ئاللاھنىڭ بەندىسى، ئاللاھ ماڭا كىتاب نازىل قىلدى ۋە مېنى پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتتى. مۇسۇلمان بولغان چېغىمدا بۇنى باشتىلا قوبۇل قىلدىم. ماڭا تاس كەلگىنى ھەزرىتى مەريەمنى تاشلىۋېتىش بولدى. بۇنى ھېچكىمگە، ھەتتا مەۋلاناغىمۇ دېيەلمىدىم.

گەپنى راستىنى قىلغاندا، شەمسىدىن تەبرىزى ئۆيىمىزگە كەلگەندىن بېرى كاللام جايىدا ئەمەس، ھەزرىتى مەريەمنى بەك ياد ئېتىدىغان بولۇپ قالدىم. ئۇنىڭغا دۇئا قىلماي دېسەممۇ كۆڭلۈم ئۇنىمايدۇ. بۇنداق چاغدا گۇناھ تۇيغۇسى مېنى ئىچ-ئىچىمدىن تۇگەشتۇرىۋېتىدۇ. مەريەمنى زىكرى قىلىپ يېڭى دىنىم ئىسلامىيەتتىن يۈز ئۆرۈۋاتىمەنمۇ نېمە؟ مەۋلانادىن سوراي دەيتتىم، ئەمما دىدارلىشىشىمۇ تەس بولۇۋاتقاندا بۇنداق سەزگۈر سوئالنى قانداق سورايمەن؟

بۇ سىرنى ھېچكىم، ھەتتا بىز ھەممە گەپنى دېيىشىدىغان قوشنام سەفىيەمۇ بىلمەيدۇ، چۈشەنمەيدۇ. دەردىمنى ئېرىمگە ئېيتاي دەيمەن، قانداق ئېيتىمەن؟ ئۇنى ئۆزەمدىن تېخىمۇ يىراقلاشتۇرۇۋېتىشتىن ئەنسىرەيمەن. ئىلگىرى مەۋلانا بارلىقىم ئىدى، ھازىر سايەمگىلا ئوخشاپ قالدى.

ئەمدى بىلدىمكى، بىر ئەر بىلەن بىر ئۆيدە ياشاپ، بىر كارىۋاتتا يېتىپمۇ ئۇنىڭ ۋىسالىغا يەتكىلى بولمايدىكەن. دېمەك، ئىنسان بىرىنى يىراقتىن ئەمەس، يېقىندىنمۇ سېغىنىدىكەن. بىر ياستۇققا نەچچە يىل

باش قويغان ئىرىنىڭ بىر ئەتىگىنى تۇيۇقسىز يات ئادەمگە ئۆزگىرىپ قالالايدىكەن.

شەمس
كونيا، 1245 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى

نېمە تولا قورقۇنچ، ۋەھىمە ۋە چەكلىمە... شۇنداق ئىنسانلار باركى، ھەر يىلى رامىزاندا روزا تۇتىدۇ، ھەر ھېيتتا گۇناھىنىڭ كاپارىتى ئۈچۈن قۇربانلىق قىلىدۇ، ھەجگە، ئۆمرىگە بارىدۇ، كۈندە بەش ۋاق ناماز ئوقۇپ سەجدە قىلىدۇ، ئەمما قەلبىدە سۆيگۈ، ۋاپادىن ئەسەر يوق. ئۇ ھالدا بۇ ئىنسان نېمىگە جاپا تارتىدۇ؟ ئىشقسىز ئېتىقاد بولامدۇ؟ سۆيمەي ۋە سۆيۈلمەي تۇرۇپ دائىم بىر نەرسىلەردىن قاقشاپ كوتۇلداپ تۇرۇپ ئىمان ئېيتىش مۇمكىنمۇ؟ ئىشق بولمىسا ”ئىبادەت“ قۇرۇق سۆز، يانمۇ يان تىزىلغان ئالتە تاۋۇش، تېشى پال ـ پال، ئىچى غال ـ غال نەرسىدۇر. ئىنسان ئاللاھ ۋە ئىنسانغا بولغان كۈچلۈك مۇھەببىتىنى چىن يۈرىكىدىن ھېس قىلىپ، ئىشق بىلەن، ئىشق ئوتىدا ئىمان ئېيتىشى كېرەك.

ئىنسانلار ئاللاھنى قانداقتۇر ئاسماندا ياكى يەردە دەپ ئويلايدۇ، بەزىلىرى ئۇنى مەككە، مەدىنەدىن ياكى مەھەللىسىدىكى مەسچىتتىن ئىزدەيدۇ! ئاللاھ بىر ماكانغا سىغامدۇ؟ بۇ نەقەدەر بۇيۇك غەپلەت! ئۇ پەقەت بىرلا يەردە ـ ئاشىقلارنىڭ كۆڭلىدە. شۇڭا ئاللاھ تائالا:” مېنى ئاسمان ـ زېمىن سىغدۇرالمايدۇ، مەن پەقەت ئىمان ئېيتقان بەندىلىرىمنىڭ قەلبىگە سىغىمەن“ دېگەن ئەمەسمۇ.

قارا شۇ ئەخمەقلەرگە، ئاللاھ بىلەن سودىلىشىشقا ئۇرۇنىدۇ. يەنى سەن خىلمۇ يامانلىقلارنى ئويلاپ، ئۇنىڭ ـ بۇنىڭ غەيۋىتىنى قىلىپ، بىراۋنىڭ خوتۇن ـ قىزلىرىنى ھاقارەتلەپ، قولۇڭ ئىشتا، كۆزۈڭ زىنادا، مەسچىتتىن چىقىپلا ئوقۇغان نامىزىڭنى ئۇنتۇپ، ئاندىن ئىككى قوينى قۇربانلىق قىلىپ، تۆت ـ بەش دۇئانى ئوقۇپ قويساڭ ھەممە ئىش ھەل بولغان بولامدۇ!؟ ئەگەر ئاۋۋال قەلبىڭنى پاكلاشنى بىلمىسەڭ تاھارەت ئالمەن دەپ ئاۋارە بولما. مېنىڭ رەببىم سەندەكلەر بىلەن سودىلىشىدىغان تىجارەتچى ئەمەس، مېنىڭ رەببىم دەپتەرنىڭ بىر تەرىپىگە گۇناھ، بىر تەرىپىگە ساۋاپ يېزىپ، بىر قولىدا تارازا، بىر قولىدا قەلەم تۇتۇپ ئۇنىڭ ھېسابىنى چىقىرىدىغان باققال ئەمەس... مېنىڭ رەببىم ئۇنداق ئۇششاق

ھېسابلاردىن بىھاجەت، ئۇ غايەت ئۇلۇغ گۈزەللىك، پۈتمەس ـ تۈگىمەس نۇر، چەكسىز مەرھەمەت ۋە رەھمەتتۇر.

نېمىشقا مەن بۇتقا ياكى باشقا ئىلاھقا چوقۇنغىدەكمەن؟ مېنىڭ رەببىم دائىم تىرىكتۇر، ئىسمى ھەييۇن (مەڭگۈ تىرىك). نېمىشقا جازا، چەكلىمىلەر، گۇمان ۋە ھېسابلاردىن قۇتۇلالمايمەن؟ مېنىڭ رەببىم سۆيگۈچى ۋە سۆيۈلگۈچى ھەق زاتتۇر، ئىسمى ۋەدۇد (مېھرىبان)، ئاللاھنىڭ ھەر ۋاقىت ھەممە گەپنى ئاڭلاپ تۇرىدىغانلىقىغا ئىشىنىدىغان تۇرسام نېمىشقا باشقىلارنىڭ كەينىدىن غەيۋەت قىلىمەن؟ ئۇنىڭ ئىسمى راقىب (كۆزەتكۈچى)دۇر. تىزىم بوشاپ ماغدۇرۇم كەتكىچە، نەپسىم توختاپ، يۈرىكىم سوقۇشتىن توختىغىچە ئۇنى مەدھىيىلەش ئۈچۈن ناخشا ئېيتىپ، ئۇسسۇل ـ ساما ئوينايمەن. ئۇ ماڭا ئۆز روھىدىن جان (نەپەس) بەرگەنىكەن، مەنمۇ ھەر نەپەستە ئۇنى ياد ئېتىمەن. چەكسىزلىكتە بىر زەررە، ئىشق ئوتىدا بىر يالقۇن ۋە ئۇ ياراتقان پۈختا بىنانىڭ تۇپىسىنىڭ تۇپىسى بولغىچە نەپسىمنى كۇكۇم ـ تالقان قىلىمەن. ماڭا رىزىق قىلىپ بەرگەنلىرى ئۈچۈنلا ئەمەس، ماڭا بەرمىگەنلىرى ئۈچۈنمۇ شۈكرى قىلىمەن، چۈنكى ماڭا نېمىنىڭ پايدىلىق ئىكەنلىكىنى پەقەت ئۇ بىلىدۇ.

يىگىرمە تۆتىنچى نىزام: ئىنسان شەرەپلىك مەخلۇق، يەنە مەۋجۇداتلارنىڭ ئەڭ شەرەپلىكى بولغانىكەن، ماڭغان ھەر قەدىمىدە ئۆزىنىڭ ئاللاھنىڭ يەر يۈزىدىكى خەلىپىسى(ئىزباسارى) ئىكەنلىكىنى ئويلاپ، شۇنىڭغا مۇناسىپ ھەرىكەت قىلىشى كېرەك. ئىنسان نامراتلىشىپ كەتسىمۇ، تۆھمەتكە ئۇچرىسىمۇ، تۈرمىگە كىرسىمۇ، ھەتتا ئەسىرگە چۈشسىمۇ خەلىپە بولۇشقا لايىق مەغرۇر، جەسۇر، خاتىرجەم روھىدىن ۋاز كەچمەسلىكى كېرەك.

شەرىئەت ”سېنىڭكى سېنىڭ، مېنىڭكى مېنىڭ“ دەيدۇ، تەرىقەت بولسا ”سېنىڭكى سېنىڭ، مېنىڭكىمۇ سېنىڭ“ دەيدۇ.

ئۇ جاھىللار ئاللاھ ئىشقىدا ئۆزىنى يوق قىلىپ، نەفسى بىلەن جىھاد قىلماقتا يوق، ھە دەپ باشقىلار بىلەن سوقۇشۇپ، ئەۋلادمۇ ئەۋلاد ئۆچ ـ ئاداۋەت تارقىتىدۇ. ئەگەر ئىنساننىڭ كۆزىدە كېسەل بولسا ھەممە نەرسە خىرە كۆرۈنىدۇ. بىر جايدا يەر تەۋرەپ، قۇرغاقچىلىق بولسا ياكى باشقا ئاپەتلەر يۈز بەرسە ئاللاھنىڭ غەزىپى كەلدى دەپ بىلىدۇ. ھالبۇكى ئاللاھ ”رەھمىتىم غەزىپىمدىن غالىپ كەلدى“ دېمىگەنمىدى؟ شۇنداق دەۋاتسىمۇ ئاللاھنىڭ ئۆزلىرىدىن ئۆچ ئېلىشىنى كۈتۈپ قاراپ تۇرۇشىدۇ،

ھاياتىنى قارامىلىق ۋە ئۆچ ـ ئاداۋەت بىلەن ئۆتكۈزىدۇ، قوپاللىق ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدىنى ئورىۋالغان قارا بۇلۇتتۇر.

يالغۇز دەرەخكە قاراپ ئورمانىنى كۆزدىن قاچۇرما، ئۇ ئايەت، بۇ ئايەتلەرگە تاقىشىپ قالما، ئايەتلەرنى بىر پۈتۈن قۇرئاننىڭ نۇرىدا ئوقۇش كېرەك، ھەممە نەرسە ئۇنىڭ ئۆزىگە يوشۇرۇنغان.

جاھىللار مۇقەددەس قۇرئان كەرىمنىڭ ئۆزىنى، پۈتۈن قىسمىنى مۇتالىئە قىلماي، بىر ـ ئىككى ئايەتلىرىگىلا ئېسىلىپ، ئۇرۇشخۇمار ئىدىيىسىگە ماس كېلىدىغان ئەمر ـ بۇيرۇقلارغا مەھكەم يېپىشىپ، ئادەملەرگە توختىماي ۋەز سۆزلەيدۇ: " قىيامەت كۈنى قىلدىن ئىنچىكە، قىلىچتىن ئىتتىك سىرات كۆۋرۈكىدىن ئۆتۈشكە مەجبۇر بولىمىز. كۆۋرۈكتىن ئۆتەلمىگەن گۇناھكارلار ئاستىدىكى جەھەننەمگە غۇلاپ چۈشۈپ، زەبانىيلەر(جازالىغۇچى پەرىشتىلەر)نىڭ قولىدا مەڭگۈ ئازاب چېكىدۇ. ئىمان بىلەن ياشىغان پەزىلەتلىك كىشىلەر بولسا كۆۋرۈكتىن ئۆتۈپ، خورما ۋە ھۆر قىزلار بىلەن مۇكاپاتلاندۇرۇلىدۇ". ئۇلارنىڭ ئاخىرەت ھەققىدە بىلىدىغانلىرى شۇنچىلىك، يا جەھەننەمدىن قورقىدۇ ياكى جەننەتنى تەمە قىلىدۇ. ھالبۇكى، ئەسلى ھەقىقەت ئاللاھنىڭ ئىشقىدۇر، بۇنى ئۇلار ئۇنۇتقان!

يىگىرمە بەشىنچى نىزام: جەننەت بىلەن جەھەننەمنى كەلگۈسىدىن ئىزدىمە، ھەر ئىككىسى ھازىر مۇشۇ يەردە. قاچانكى بىرىنى سەممىي، خالىس، چىن نىيەتتە ياخشى كۆرەلىسەك، بىز جەننەتتە؛ ئەگەر بىر كىملەر بىلەن ئۇرۇشساق، نەپرەت، ھەسەت، ئۆچ ـ ئادەۋەتكە كىرىشىپ قالساق، شۇئان جەھەننەمگە غۇلاپ كېتىمىز.

ئىلگىرى ئېغىر گۇناھ قىلىپ، ئەمدى ۋىجدانى ئۇنىڭ يۈرىكىنى چاشقاندەك غاجاۋاتقان بىر ئادەمنىڭ چېكىۋاتقان ئازابىدىن بەتتە جەھەننەم بولامدۇ؟ ئۇ ئادەمدىن سوراپ باق، جەھەننەمنىڭ نېمىلىكىنى ساڭا ئېيتىپ بەرسۇن. ئىنسانلارغا ماددىي، مەنىۋى جەھەتتىن پايدىسى تېگىۋاتقان، كىشىگە ئازار بەرمەي بەلكى تەسەللىي بېرىدىغان، چەكسىز مۇھەببەت زەنجىرىنىڭ بىر ھالقىسى بولالىغان ۋە كائىنات سىرلىرىنى ئازراق بولسىمۇ ھېس قىلالىغان كىشىنىڭ خاتىرجەملىكىدىن ئۆتە جەننەت بولامدۇ؟ ئۇ ئادەمدىن سوراپ باق، جەننەتنىڭ نېمىلىكىنى ساڭا ئېيتىپ بەرسۇن.

ئۆلۈمدىن كېيىنكى ئىشلارنى نېمانچە ئويلاپ كېتىسەن؟ ھاياتىمىزدا ئىشق بىلەن ياشىيالايدىغان ياكى ياشىيالمايدىغان، توغرا ياشىيالايدىغان

بىردىنبىر پۇرسەت ھازىرقى زاماندۇر. ئاشىقلارغا جەھەننەمدە ئازاب چېكىش قورقۇنچى ياكى جەننەتتە مۇكاپاتلاندۇرۇلۇش ئارزۇسى رەھبەرلىك قىلالمايدۇ. ئۇلار ئاللاھ تائالانىڭ دەرگاھىدا— چەكسىزلىك دېڭىزىدا ئۈزىدۇ، سوپىلار ئاللاھنى ياخشى كۆرىدۇ، بۇ بىۋاستە، تەمەسىز، خالىس سۆيگۈدۇر.

ئاھ ھەممە نەرسە ئىشقتىن، ئىشقتىن ئاۋۋال، ئىشقتىن كېيىن...ئىشق زېمىندىكى ئەڭ قەدىمىي، ئەڭ كۈچلۈك ئەنئەنىدۇر. ئىشق چەتكە قېقىلىدۇ ئەمما چەتكە قاقالمايدۇ. ئىشق ئازار يەيدۇ، ئەمما چۈمۈلىگىمۇ ئازار بەرمەيدۇ؛ بۇنى سەن ئاشىق بولغاندىلا چۈشىنىسەن، يۈرىكىڭ گويا كۈمۈش يىپ كاللىكى سېلىنغان پەي خالتىغا ئايلىنىدۇ، سەن بۇ نازۇك كۆڭلۈڭ بىلەن ھېچكىمنى رەنجىتىشنى خالىمايسەن، ئۆلۈپ كەتكەن ۋە ياشاۋاتقان ئاشىقلارنىڭ قاتارىغا قېتىلىسەن، قورقما! ئىشقتا يوق بولغان ھامان زاھىرىي سۈپەتلەر، كاللىدىكى قاتمال چۈشەنچىلەر كۆپۈككە ئايلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن ”مەن“ دېگەن نەرسە قالمايدۇ، بارلىق ”مەن“لىك نۆلگە تەڭ بولىدۇ، ئۇ يەردە شەرىئەت، تەرىقەت، مەرىپەت دېگەنلەر قالمايدۇ، پەقەت ھەقىقەتلا قالىدۇ...

ئۆتكەندە مەۋلانا بىلەن بۇ مەسىلىنى ئويلاۋاتقاندا ئۇ توساتتىن كۆزىنى يۇمۇپ، تۆۋەندىكى مىسرالارنى ئوقۇدى:

مەن خرىستىئان ئەمەس،
يەھۇدىي، پارىس يا مۇسۇلمان ئەمەس؛
مەن غەربلىك يا شەرقلىق ئەمەس،
ئايرىملىقنى تاشلىغان ھامان،
ئىككى ئالەمنىڭ بىرلەشكەنلىكىنى كۆردۈم.

مەۋلانا ”مەن شائىر بولالمايمەن، شېئىرنىمۇ بەك ياخشى كۆرۈپ كەتمەيمەن“ دەيدۇ، ئەمما ئۇنىڭ ئىچىدە سىرتقا چىقىشقا تەييارلىنىۋاتقان شائىر، بەلكى ناھايىتى بۈيۈك شائىر بار! ئۇ ئايرىملىقنى بۇرۇندىن تەرك ئەتكەن بولۇپ، باشقىلارغا ئايرىم-ئايرىم كۆرۈنگەن نەرسە ئۇنىڭغا بىرلا نەرسە بولۇپ كۆرۈنىدۇ.

شۇنداق، مەۋلانا توغرا دەيدۇ، ئۇ شەرقلىق ياكى غەربلىك ئەمەس، ئۇ باشقا دۇنيادىن كېلىۋاتىدۇ ھەم باشقا مەنبەدىن— ئىشق شەرىئىتىدىن ئوزۇق ئېلىۋاتىدۇ.

ئېللا
بوستون، 2008 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى

ئېللا «ئىشق شەرىئىتى» نى ئوقۇپ، تەقرىز يازىدىغان ئىشنى ئاخىر تۈگەتتى، ئۇ رومان ھەققىدىكى چۈشەنچىلىرىنى ئەزىز بىلەن ئورتاقلىشاي دېسىمۇ، كەسىپ جەھەتتىن توغرا بولماي قالارمۇ دەپ ئويلاپ ئۆزىنى تۇتۇۋالدى. ئىش بىلەن ئىشق ئارىلىشىپ قالماسلىقى، ئاۋۋال ئۆزىگە بېرىلگەن ۋەزىپىنى تاماملىشى كېرەك ئىدى. ئۇ ھەتتا كىتابپۇرۇشلاردىن رۇمى ھەققىدە قانداق كىتاب ئۇچرىسا ئالغانلىقىنى، ھەر ئاخشىمى ئۇخلاشتىن بۇرۇن «مەسنەۋى»دىن بىر نەچچە بەت ئوقۇيدىغانلىقىنى ئەزىزگە ئېيتمىدى. روماننىڭ ئاپتورى بىلەن رومانىنى ئارىلاشتۇرۇپ قويمىدى. ئەمما 12 ـ ئىيۇن كۈنى شۇنداق بىر ھال يۈز بەردىكى، ئىش بىلەن ئىشق ئارىسىدىكى چەك ـ چېگرىنى بۇزۇۋەتتى.

ئېللا رۇبىنستېين مۇشۇ ۋاققىچە ئەزىزنىڭ كىمگە ئوخشايدىغانلىقىنى بىلمەيتتى، ئۇنىڭ بىرەر پارچە رەسىمىنىمۇ كۆرۈپ باقمىغان تۇرسا نەدىن بىلسۇن؟ ئۇ تورغا يوللاپ قويغان رەسىملىرىگە ئۆزىنىڭ رەسىمىنى قىستۇرمىغانىدى. راستىنى ئېيتقاندا، ئۆزى بىلەن خەت يېزىشقان ئادەمنىڭ چىرايىنى كۆرمەسلىك ئېللاغا دەسلەپتە قىززىق تۇيۇلغانىدى. ئۇنىڭ تەققى ـ تۇرقى مۇھىم ئەمەس ئىدى، ئۇنىڭ رەسىمىنى كۆرۈپ باققۇسى، ئۆزىنىڭ رەسىمىنىمۇ ئەۋەتىپ بەرگۈسى كەلمىگەنىدى. مۇشۇنداق بولسا تېخىمۇ ياخشى، تېخىمۇ سىرلىق بولاتتى. ئەمما ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ ئۇنىڭ كىمگە ئوخشايدىغانلىقىغا قىزىقىشقا باشلىدى، تاپشۇرۇۋالغان خەتلەردە ئۇنىڭ بىرەر پارچە رەسىمىنىڭ بولۇشىنى ئۈمىد قىلىدىغان بولۇپ قالدى، ئۇنىڭ ئۆزىدىن رەسىم تەلەپ قىلمىغىنىغا سەل ھەيران ئىدى. ھەممە نەرسە ئۆز سۈرىتى بىلەن نامايەن بولۇۋاتقان بۇ دۇنيادا بىر ئىنساننىڭ تۇرقى ـ سىياقىنى كۆرمەي تۇرۇپ ئۇنىڭ بىلەن دوستلاشقىلى، يېقىنلاشقىلى بولامدۇ؟

شۇنداق قىلىپ ئېللا بىر كۈنى تۇرۇپلا ئەزىزگە ئۆزىنىڭ بىر پارچە كونا رەسىمىنى يوللىدى. رەسىمدە ئۇ كەڭ بالكوندا ئولتۇراتتى، يېنىدا سۆيۈملۈك ئىتى، ئۇچىسىدا مارجان رەڭلىك نەپىس كىيىم، بەختىيار ھەم مەيۈس ھالەتتە كۈلۈمسىرەپ تۇراتتى. ئىتقا تايىنىپ تۇرغاندەك، ئۇنىڭ تاسمىسىنى چىڭ تۇتۇۋالغانىدى، ئۈستىدىكى كۆك ئاسمان گويا ياماقلىق داستىخاندەك كۈلرەڭ، سۆسۈن، سېرىق رەڭدە ئېچىلغانىدى. بۇ ئۇنىڭ

ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان رەسىمى بولمىسىمۇ، ئۇنىڭدا بىر خىل سىرلىك كەيپىيات بار ئىدى، ھېچ بولمىسا ئۆزى مۇشۇنداق ھېس قىلاتتى. ئۇ بۇ رەسىمنى ئېلىخەتكە قوشۇپ يوللىدى، بۇ ئارقىلىق ئەزىزدىنمۇ بىر رەسىم تەلەپ قىلغان بولدى.

ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەي ئەزىزنىڭ رەسىمى كەلدى، ئېللا ئۇنىڭ ئەمدى كىمگە ئوخشايدىغانلىقىنى كۆردى.

بۇ سۈرەت يىراق شەرقتە تارتىلغاندەك قىلاتتى، سۈرەتتە چېچى قارا، كۆزى قىسماق، چوڭ-كىچىك 10 نەچچە بالا، ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا كاناپتىن قارا يەكتەك، قارا ئىشتان كىيىۋالغان ئەزىز قاراپ تۇراتتى، بۇرنى ئۇزۇن، قاڭشارلىق، ئەمما چىرايىدىن مۇلايىملىقى، مېھرىبانلىقى چىقىپ تۇراتتى. ئىككى مەڭزى دۈڭ، پېشانىسى كەڭ، ئۇزۇن قارا چاچلىرى مۈرىسىگە يېيىلىپ چۈشكەن، كۆزلىرى توق يېشىل بولۇپ، ئىچ-ئىچىدىن بىر ئىشەنچ ۋە خاتىرجەملىكى بالقىپ تۇراتتى. ئوڭ قولىقىغا ھالقا تاقاپ، بويىنغا قۇياش شەكىللىك زۇننار ئېسىۋالغان، ئارقا تەرىپىدىكى كۇمۇشرەڭ كۆل ئەينەكتەك پارقىراپ تۇراتتى، سۈرەتكە كىرمىگەن، بەلكى ئۇ يەردە يوق بىرىنىڭ سىرلىق كۆلەڭگىسى يەردە ئەلەڭگىيتتى.

ئېللا سۈرەتتىكى ئادەمگە سىنچىلاپ قاراۋېتىپ، ئۇنى بىر يەردە كۆرگەندەك ھېس قىلدى، قىززىق ئىش، بۇرۇن تونۇشىدىغاندەكلا-ھە! ئۇ بىردىنلا ئېسىگە كېلىپ، ئۇنى كىمگە ئوخشاتقانلىقىنى بىلدى. شۇ ئەمەسمۇ! ئەزىز زاھارا شەمس تەبرىزگە ھەيران قالارلىق دەرىجىدە ئوخشايتتى.

رومىدا شەمس تەبرىزى رۇمى بىلەن كۆرۈشۈش ئۈچۈن كونياغا بېرىشتىن ئىلگىرى قانداق تەسۋىرلەنگەن بولسا ئەزىز زاھارا ئەينەن شۇنداق ئىدى، ھېچ بولمىسا سىماسى ئوخشايتتى. ئېللا خىيالغا چۆكتى: ئەزىز زاھارا كىتابىدىكى باش پېرسوناژنى مەقسەتلىك ھالدا ئۆزىگە ئوخشىتىپ قويىدىمۇ؟ سوپىلارنىڭ ئېيتقىنىدەك، تەڭرى ئىنسانلارنى ئۆز سۈرىتىدە ياراتقىنىدەك، ئەزىز زاھارامۇ پېرسوناژلىرىنى ئۆزىگە ئوخشىتىپ يازغان بولۇشى مۇمكىن.

ئەمما يەنە بىر ئېھتىماللىق بار ئىدى: ئەگەر ھەقىقىي شەمس تەبرىزى رومىدا تەسۋىرلەنگىنىدەك بولسىچۇ؟ ئۇ ھالدا، 800 يىل زامان پەرقى بولغان بۇ ئىككى ئەر ئارىسىدىكى ئوخشاشلىق كىشىنى ئەجەبلەندۈرەتتى. ئەجەبا بۇ ئوخشاشلىق يازغۇچىنىڭ مەلۇماتى ياكى ئىختىيارسىز شۇنداق

يېزىپ قىلىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىكمۇ؟ ئېللا بۇ مەسىلىنى ئويلىغانچە، شەمس تەبرىزى بىلەن ئەزىز زاھارا ئارىسىدا ئادەتتىكى ئەدەبىي ئويۇننىڭ سىرتىدا قانداقتۇر بىر يېقىنلىق باردەك ھېس قىلىشقا باشلىدى.

ئېللا بايقىغان ئوخشاشلىق كۆتۈلمىگەندە ئۇنىڭدا ئىككى خىيال پەيدا قىلدى. بىرىنچىسى، «ئىشق شەرىئىتى»نى ۋەقەلىك نۇقتىسىدىن ئەمەس، باشقىچە نەزەردە، شەمس تەبرىزگە يوشۇرۇنغان ئەزىزنى، يەنە باش پېرسوناژغا يوشۇرۇنغان يازغۇچىنى ئىزدەش مەقسىتىدە ئوقۇماقچى بولدى.

ئىككىنچىسى، ئەزىزنىڭ خاراكتېرى ئۇنى تېخىمۇ قىزىقتۇرۇشقا باشلىدى. ئۇ زادى كىم؟ قانداق ئىشلارنى باشتىن كەچۈرگەن؟ دەسلەپكى خېتىدە ئۆزىنى شوتلاندىيەلىك دەپ يەزەتتى، ئۇنداقتا نېمىشقا ئۆزىگە «ئەزىز» دەپ شەرق مۇسۇلمانلىرىنىڭ ئىسمىنى قويىۋالىدۇ؟ ئەسلى ئىسمى نېمە؟ «زاھارا» نىڭ باشقا مەنىسىمۇ بارمۇ؟ يەنە كېلىپ، سوپى دېگىنى نېمىسى؟ سوپىلىق زادى قانداق ئىش؟

ئۇنىڭ كاللىسىنى قوچۇۋاتقان يەنە بىر نەرسە بار ئىدى: ئارزۇ!

ئۇنىڭ بىر ئەركەكنى ئارزۇلاپ باقمىغىنىغا، ئۆزىنى ئايالدەك ھېس قىلىپ باقمىغىنىغا ئۇزۇن بولغان بولۇپ، بۇ تۇيغۇنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنىمۇ ئۇنتۇپ كەتكەنىدى. شۇڭا ئۆزىگە سوئال قويۇشقىمۇ شۇنچە كېچىككەنىدى. ئەمما ھازىر دەل شۇ ھەقىقەت كۈچلۈك ھېسسىيات، قۇتراتقۇچى ئىستەك، ئىسيانكار جەزبە ئالدىدا تۇراتتى. ئېللا رەسىمدىكى ئادەمگە قارىغانچە ئۇنىڭغا شۇنچە ئىنتىلىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى.

بۇ شۇنچە تۇيۇقسىز، شۇنچە بىئارام ئارزۇ ئىدىكى، رەسىمدىكى ئادەم گويا ئۇنىڭ ھاياتىغا سىڭىپ كىرىدىغاندەك ياكى ئۇنىڭ قولىدىن تۇتۇپ يېنىغا ئېلىپ كېتىدىغاندەك تۇيۇلۇپ، كومپيۇتېرنى دەرھال ئېتىپ، ئاشخانىدىن چىقىپ كەتتى.

جەڭگىۋار بايبارس

كونيا، 1245 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى

باشلار ئاياغ بولدى، ئاياغلار باش! تاغام ياسىن "دۇنيا بارغانچە خاراپلىشىپ كېتىۋاتىدۇ. ئەسرى سائادەتتىن كېيىن مەدەنىيەت تارىخى زاۋاللىققا يۈزلىنىدۇ" دەيدۇ. تاغامنى ھۆرمەتلەيمەن، ھەممە گېپىنى ئاڭلايمەن. ئەمما بۇ گەپنى توغرا قىلمىدى دەپ ئويلايمەن. مېنىڭچە،

ئىنسان بارلىكى يەردە ئۇرۇش ـ جېدەل تۈگىمەيدۇ، بەلكى كۆپىيىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام زامانىسىدىمۇ شۇنداق ئەمەسمىدى؟ ئۇ دەۋردە ئۆچ ـ ئادەۋەتلەر يوقمىدى؟ ئۇرۇش ـ جەڭ مۇشۇ ھاياتنىڭ ئۆزىدىلا مەۋجۇت. تەبىئەتكە باق، شىر كىيىكنى يەيدۇ، ئاشقىنىنى قوزغۇنلار تالىشىپ، ئاپئاق سۆڭىكىنى قويىدۇ. تەبىئەت زالىم، كۆز يېشىڭغا باقمايدۇ. ئاسماندا، دېڭىز ۋە قۇرۇقلۇقتا ھەر ئان ھەر يەردە چوڭى كىچىكىنى، كۈچلۈكى ئاجىزىنى يۇتىدۇ. شۇ سەۋەبتىن، جېنىڭنى قوغداشنىڭ بىرلا يولى بار: دۈشمىنىڭدىنمۇ ھىيلىگەر ۋە كۈچلۈك بولۇش! بېشىم ساق قالسۇن، يۇرتىم جايىدا سوقسۇن دېسەڭ، توختىماي ئۇرۇش، ئىش شۇ قەدەر ئاددىي.

بىزمۇ ھەم سوقۇشۇۋاتىمىز، بۈگۈن بۇ دەۋردە ئەڭ ساددا، دۆت ئادەممۇ شۇنى بىلىدۇكى، بۇنىڭدىن باشقا يول يوق. بەش يىل ئاۋۋال چىڭگىزخاننىڭ سۇلھى ـ سالاغا ئەۋەتكەن يۈز ئەلچىسى ئۆلتۈرۈلگەن كۈندىن باشلاپ ئىشلار مۇرەككەپلىشىپ كەتتى. چىڭگىزخان غەزەبتىن يېرىلىپ، ئىسلامغا ئۇرۇش ئاچتى. ئەلچىلەرنىڭ نېمىشقا ئۆلتۈرۈلگەنلىكى ھازىرغىچە سىر، ھېچكىم بىلمەيدۇ. بەزىلەر ”چىڭگىزخان ئەلچىلەرنى ئۆزى ئۆلتۈرگەن“ دەيدۇ، شۇ ئارقىلىق ئۇرۇشقا باھانە ئىزدىگەنمىش. ئۇنىڭ نېرىسىنى بىلمەيمەن، بىلىدىغىنىم پەقەت موڭغۇللار خۇراسانغا ئاتلىق باستۇرۇپ كىرىپ ئىشغال قىلغان بەش يىل ئىچىدە تاش ئۈستىدە تاش، مۈرىنىڭ ئۈستىدە باش قالمىدى. ئۇنى ئاز كەلدى دەپ، كوساتاغدا سەلجۇق قوشۇنلىرىنى مەغلۇب قىلىپ، بۈيۈك سۇلتانىنى ئۆزلىرىگە بويسۇنۇپ باج تۆلەشكە مەجبۇرلىدى. موڭغۇللارنىڭ بىزنى پۈتۈنلەي قىرىۋەتمەسلىكىدىكى سەۋەب بىزنى ياخشى كۆرگەنلىكىدىن ئەمەس، بەلكى بىزنى قۇل قىلىشنى ياخشى كۆرگەنلىكىدىن.

تا ئەزەلدىن بېرى، يەنى قابىل ھابىلنى ئۆلتۈرگەندىن باشلاپ ئۇرۇش مەۋجۇت. ئەمما شۇ قانغا تويماس موڭغۇل قوشۇنىدەك قوشۇننى كۆرۈپ باقمىدۇق. ئۇلار ئۇرۇش تاكتىكىسىنى پىششىق بىلىدۇ: ھەر بىرى ھەر خىل مەقسەتتە ئوخشىمىغان قورال ئىشلىتىدۇ، ھەر بىرى ساۋۇت ـ دوبۇلغا كىيىپ، كالتەك ـ توقماق، پالتا، نەيزە بىلەن قوراللانغان، يەنە دوبۇلغىنى تېشىپ، زەھەر سانچىپ، بەدەندىكى ئەڭ قاتتىق سۆڭەكنىمۇ چېقىۋېتىدىغان ئوقلىرى بار، بىر قوشۇندىن يەنە بىر قوشۇنغا ئاۋاز ئارقىلىق بەلگە بېرىدىغان ئوقلارنىمۇ ياسىغان. ئۇلارنىڭ ئۇرۇش ماھارەتلىرى شۇنچىلىك تەرەققىي قىلغانكى، ئالدىغا ئۇچرىغاننى چەيلەپ

ماڭىدۇ. بۇخارادەك يېڭى شەھەرلەرمۇ ۋەيران بولدى، يەنە كېلىپ بىزنىڭ دۈشمىنىمىز موڭغۇللارلا ئەمەس، ئەھلى سەلىپلەر بىر ياندىن، رىملىقلار بىر ياندىن تەھدىت سالىدۇ؛ يەنە سۈننىي، شىئە رىقابىتى بار. ھەر تەرىپىمىزنى دۈشمەنلەر قورشىۋالغان تۇرسا، تىنچلىق، خاتىرجەملىكتىن سۆز ئاچالايمىزمۇ؟

مانا شۇ سەۋەپتىن مەۋلانادەك ئادەملەر كەيپىمنى ئۇچۇرىدۇ. خەقلەر ئۇنى قانچىلىك ھۆرمەتلەپ، ياخشى كۆرۈپ كەتسە كەتسۇن، مېنىڭ نەزەرىمدە ئۇ بىر توخۇ يۈرەك. ئىلگىرى ئىبىل ئالىم بولسا قانداقكىن، ھازىر ئۇ شەمسىنىڭ كەينىگە كىرىپ كەتتى. ئىسلام دۈشمەنلىرى بېشىمىزدا ئالۋاستىدەك دىۋەيلەپ تۇرسا رۇمى ياشلارغا نېمە دەپ نەسىھەت قىلىۋاتىدۇ؟ پاسسىپلىق، قورقۇنچاقلىق!

دەرت نەدە بولسا داۋا شۇ يەردە،
يوقسۇزلۇق نەدە بولسا نېمەت شۇ يەردە،
سوئال نەدە بولسا جاۋاب شۇ يەردە،
كېمە نەدە بولسا، سۇمۇ شۇ يەردە...

ئۇنداقتا بىز نېمىشقا تىرىشىپ ـ تىرمىشىپ ياشايمىز؟ مەۋلانانىڭ جاۋابى تەييار: سەۋر قىلىش. گەدىنىمىزگە ئۇرسا، ئاغزىمىزدىكى لوقمىنى تارتىۋالسىمۇ سەۋر قىلامدۇق؟ مەۋلانا مۇسۇلمانلارغا تەسلىمىيەتچىلىكنى ئۆگىتىپ، ئۇلارنى ئاجىز، نەگە باشلىسا شۇ ياققا ماڭىدىغان قوي پادىسىغا ئايلاندۇرماقچى. دەيدۇكى، ھەر مىللەتنىڭ بىر پۇرسىتى ۋە رىزقى بار. بۇ نېمە گەپ، بىز ئەمدى شۇ پۇرسەتنى كۈتۈپ ئولتۇرىمىزمۇ؟

"ئىشق"تىن باشقا ئۇنىڭ دائىم دەيدىغان سۆزى "سەۋر، ئىناقلىق، ھۇزۇر، ئۈمىدۋارلىق، تەۋەككۇل.." ۋاھاكازا، تاغ دېسە باغ دەيدىغان، شېكەر ـ شەربەت قۇرۇق گەپ! ئۇنىڭچە بولسا، ھەممىمىز ئۆيدە ئولتۇرۇپ دۈشمەنلەرنىڭ بېشىمىزنى ئېلىشىنى كۈتۈپ ئولتۇرۇشىمىز كېرەك. ئىشىنىمەنكى، شۇ چاغدىمۇ ئۇ مۆكۈۋالغان يېرىدىن چىقىپ، كۆز ئالدىدىكى ۋەيرانلىقنى كۆرۈپ " قانداق قىلىمىز، تەقدىر شۇنداقكەن، بۇنىڭغىمۇ شۈكرى" دەيدۇ. يەنە تېخى ئۇ توغرۇلۇق بەزى گەپلەرنى ئاڭلىدىم، "مەسچىت، مەدرىسلەر يىقىلسۇن" دەپ جۆيلۈپتىمىش، بۇ قانداق گەپ ئەمدى؟

رۇمى بالىلىق ۋاقتىدا ئائىلىسى بىلەن بىللە ئافغانىستاندىن قېچىپ ئاناتولىيىدە پاناھلانغانىكەن. ئۇ زاماندىكى چوڭ بايلار سەلجۇق سۇلتانىنىڭ دەۋەت قىلىشىغا مۇيەسسەر بولغانىمىش، رۇمىنىڭ ئاتىسىمۇ

شـۈلارنىڭ بىرسـىمىش. قورسـىقى توق، كـىيىمى پۈتۈن، بىر قولى ياغدا، بىر قولى بالدا، ئافغانىســتاندىكى مالىمانچىلىقتىن قۇتۇلۇپ كونيادىكى گۈزەل باغلارنىڭ بىرىدە ماكان تۇتقانمىش. ئۆتمۈشـى شــۇنداق بولغان ئادەمنىڭ ”ھەممە نەرسىنى ياخشى كۆر“ دېيىشىدىن ئاسان ئىش بارمۇ؟

ئۆتكەنـدە شــەمس تەبرىزىنـىڭ بـازاردا كـىشـىلەرگە بىر ھېكـايە سۆزلەۋاتقانلىقىنى ئاڭلىدىم. ئېيتىشلەركى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىز باسـارى، ئەسـھابە كىراملار ئىچىدىن چىققان كۆيئوغلى ھەزرىتى ئەلى بىر كۈنى بىر كاپىر بىلەن مەيدانغا چۈشـۈپ قاپتۇ. ئەلى زۇلپىقارىنى ئۇ كاپىرنىڭ يۈرىكىگە تىقاي دەپ تۇرۇشىغا كاپىر تۇيۇقسىز بېشىنى كۆتۈرۈپ ئەلىنىڭ يۈزىگە غەزەپ بىلەن تۈكۈرۈپتۇ. ئەلى دەرھال قىلىچىنى قىنىغا سېلىپ، ئۇلۇغ كىچىك تىنىپ ئۇ يەردىن كېتىپتۇ. كاپىر ھەيران قېلىپ، ئەلىنىڭ ئارقىسىدىن يۈگۈرۈپ ” توختا، مېنى نېمىشقا قويۇۋەتتىڭ؟“ دەپ سوراپتۇ.

ــ چۈنكى ساڭا قاتتىق ئاچچىقىم بار،ــ دەپتۇ ھەزرىتى ئەلى.

كاپىر تېخىمۇ ھەيران بولۇپ سوراپتۇ:

ــ ئەمىسە مېنى نېمىشقا ئۆلتۈرمەيسەن؟

ــ سـەن يۈزۈمگە تۈكۈرۈۋېدىڭ غۇرۇرۇمغا تەگدى، قاتتىق غەزەبلەندىم. ئۆزەمنى تۇتۇۋالالماي سـەندىن ئىنتىقام ئالماقچى بولدۇم. ئەگەر سـېنى ئۆلتۈرگەن بولسـام نەپسـىمگە يېڭىلگەن بولاتتىم ـ دە، خاتالىق سـادىر قىلاتتىم.

شـۇنداق قىلىپ ئەلى بۇ ئادەمنى ئازاد قىلىۋېتىپتۇ. كاپىر شـۇنداق تەسىرلىنىپتۇكى، شۇ كۈندىن باشلاپ ئۆزىنى ئەلىنىڭ خىزمىتىگە ئاتاپتۇ، كۆنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۆز ئارزۇسى ۋە ئىرادىسى بىلەن مۇسۇلمان بوپتۇ.

شـەمس تەبرىزى مانا مۇشـۇنداق ھېكايىلەرنى ئېيتىشـنى ياخشـى كۆرىدۇ. ئۇنداقتا بۇ ۋەزخانلىقىنىڭ تېگىدە زادى نېمە گەپ بار؟ كاپىرلار، مۇنكىرلەر، مۇناپىقلار سـىزنى بېسـىۋېلىپ يۈزىڭىزگە تۈكۈرسـىمۇ مەيلى، سـىز يۇۋاشـلىق بىلەن يول قويۇڭ. ئۇلار بېغىڭىزغا ئەنجۈر دەرىخى تىكسۇن! دېمەكچى.

ئۇنداق ئىش يوق! كاپىر بولسـۇن يا باشـقا بىرى بولسـۇن، ھېچكىم مېنىڭ يۈزۈمگە تۈكۈرەلمەيدۇ.

ئېللا

بوستون، 2008 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى

بۇ سوئالدىن ئەجەبلىنىدىغانسەن، ئەمما سورىماي تۇرالمايمەن: ئەزىز، سەن شەمسىمۇ يا؟ رومانىڭدا بايان قىلغان پېرسوناژدا سەنمۇ بار، شۇنداق ئەمەسمۇ؟ سېنى سۆيۈپ: ئېللا

*　　　*　　　*

سۆيۈملۈك ئېللا،

ئۆز ۋاقتىدا بابا سەمەد ماڭا مۇنداق دېگەنىدى: بۇ دۇنيادا شەمس تەبرىزى بىر قېتىم ئەمەس، يۈزلەرچە قېتىم ياشاپ ئۆتتى. ھەر ئەسىردە ئۇلار يېڭىدىن كېلىدۇ. ئەمما شەمسنى كۆرەلەيدىغان، كۆرۈپ قەدرىگە يېتەلەيدىغان رۇمىدەكلەر بولمىغاندىكىن، ئۇنىڭ نېمە پايدىسى؟ شۇڭا سەن رۇمىدەك ئىنسانلارنى ئىزدە!

خېتىڭنى ئوقۇپ، كونىلارنىڭ بۇ نەسىھەتى يادىمغا كەلدى.

مۇھەببەت بىلەن: ئەزىز

*　　　*　　　*

قەدىرلىك ئەزىز،

بابا سەمەد دېگەن كىم؟

سېنى سۆيۈپ: ئېللا

*　　　*　　　*

سۆيۈملۈك ئېللا،

بۇ ئۇزۇن ھېكايە، ئاڭلاشنى راست خالامسەن؟

باقى سۆيگۈ بىلەن: ئەزىز

*　　　*　　　*

سېنىڭ ئۇچۇن ۋاقتىم بار، ئېيتىپ بەرسەڭچۇ. . .

ھەسرەت بىلەن: ئېللا

رۇمى
كونيا، 1245 ـ يىل، 8 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى

ياشاۋاتقىنىڭ مۇكەممەل بىر ھاياتتۇر، ياكى شۇنداق ئويلايسەن. كۆنۈپ كەتتىڭ، تۇرمۇشۇڭنى تەكرارلايسەن. ھازىرغىچە قانداق ياشىغان بولساڭ، يەنە شۇنداق ياشايمەن دەپ ئويلايسەن. كېيىن تۇيۇقسىز بىرسىگە ئۇچراپ قالىسەن، ئۇ ئەتراپىڭدىكى ھېچكىمگە ئوخشىمايدۇ. ئۆزەڭنى بۇ يېڭى ئىنساننىڭ ئەينىكىدە كۆرۈشكە باشلايسەن، سەندە بار بولغىنىنى ئەمەس، كەم بولغىنىنى كۆرسىتىدىغان سېھىرلىك ئەينەكتۇر ئۇ. شۇندا سەن نەچچە ۋاقىتتىن بېرى كەمتۈكلۈك تۇيغۇسىدا ياشاپ كەلگىنىڭنى، قانداقتۇر بىر نەرسىگە ھەسرەت چەككىنىڭنى ھېس قىلىسەن، ھەقىقەت گويا يۈزۈڭگە شاپىلاقتەك تېگىدۇ. ئىچىڭدىكى بوشلۇقنى ساڭا كۆرسىتىدىغان بۇ كىشى پىر، ئۇستاز، دوست، ھەمراھ، ئەر ياكى خوتۇن، بەزىدە كىچىك بالا بولۇشى مۇمكىن. مۇھىمى، سېنى تاماملايدىغان روھنى تېپىش. پەيغەمبەرلەرنىڭ ئۆگۈت ـ نەسىھەتى شۇدۇر: ساڭا ئەينەك بولالايدىغان ئىنساننى تاپ!

مېنىڭ ئەينىكىم شەمستۇر.

ئىنسان نەچچە يىل ھەپىلىشىپ، ئۆز لۇغىتىنى تۈزۈپ، مۇھىم بىلگەن ئۇقۇملىرىنى چۈشەندۈرىدۇ. «ھەقىقەت، بەخت، گۈزەللىك، شەرەپ، ئېتىبار، ساداقەت...» ھاياتىڭنىڭ مۇھىم نۇقتىسىغا كەلگەندە بۇ لۇغىتىڭگە قاراپ باقىسەن. ئۆز ۋاقتىدا چۈشەندۈرگەن ئۇقۇملىرىڭدىن ئاسانلىقچە ھېساب ئالالمايسەن. شۇ چاغدا بىرسى كېلىپ، ئۇ قىممەتلىك لۇغىتىڭنى ئېلىپ چۆرۈۋېتىدۇ.

ھازىرغىچە نېمىشقا دەپ سوئال قويۇلمىغان ئۇ چۈشەندۈرۈشلىرىڭ قايتا يېزىلىدۇ، بىلگەن نەرسىلىرىڭنى ئۇنتۇيدىغان ۋاقىت كەلدى، دەيدۇ.

شەمس ماڭا شۇنداق قىلدى. قانائەت تاپقان بىلىملىرىمنى يوقاتتى، ئۇستازلىقتىن تالىپلىققا چۈشۈرۈپ قويدى، بىرسىنى شۇ قەدەر ياخشى كۆرگەن چېغىڭدا ئائىلەڭ، دوستلىرىڭ، ئەڭ يېقىنلىرىڭنىڭمۇ بۇ سۆيگۈدىن بەھرىمەن بولۇپ، ئۇنى ياخشى كۆرۈشىنى تىلەيسەن، ئۇلارنىڭ سېنى چۈشىنىشىنى ئۈمىد قىلىسەن، ئەگەر ئۇنداق قىلالمىسا، ھەيران قالىسەن، ئاغرىنىسەن، جىلە بولۇپ قالىسەن.

قانداق قىلسام ئائىلەمدىكىلەر شەمسنى مەن كۆرگەن كۆزدە كۆرىدىغان بولار؟ تەرىپلىگۈسىز ئىنساننى قانداق تەرىپلەش كېرەك؟

شەمس مېنىڭ رەھمەت دېگىنىم، لۇتفى قۇياشىم. ئارىمىزدىكى دوستلۇقنىڭ چوڭقۇرلۇقى قۇرئاننىڭ تۆتىنچى ئوقۇلۇشىدەك تىرەن؛ ئېچىدە تۇرساڭ غەرق بولىسەن، تېشىدا تۇرساڭ نەدە تۇرغىنىڭنى بىلەلمەيسەن. زاھىرەن چۈشەنمەك تەس، ياشىساڭ بىلەلەيسەن.

ئەمما تولا ئادەم قۇلاق موللىسى بولۇۋېلىپ، باشقىلارنى ئەيىبلەيدۇ. ئۇلارچە بولغاندا، شەمس بىر ئاسىي دەرۋىش، ئىسيانكار، ئازغۇن، نېمە قىلىدىغىنىنى بىلگىلى بولمايدىغان، ئىشەنگىلى بولمايدىغان بىر مەخلۇق. يالغانچىلىق ۋە ھىيلە-مىكىرگە كۆنۈپ كەتكەنلەر شەمسنىڭ ئۆتكۈر، دۇرۇس تىلىنى قوبۇل قىلالمايدۇ. باشقىلار ياسالمىلىق قىلىدىغان سورۇندا شەمس كەسكىن، توغرا گەپ قىلىدۇ، گەپ بولسا ئالدىدا دەيدۇ، مەن ئۇنىڭ ھېچكىمنىڭ كەينىدىن گەپ قىلغىنىنى كۆرمىدىم. شەمس ماڭا كائىناتنى باشقۇرۇۋاتقان بىر تىلسىم كۈچنىڭ نامايەندىسىدەك كۆرۈنىدۇ. ئۇنىڭ قەلبى ئاۋات كارۋانساراي، ھۇجرىلىرىدا غېرىپ يولۇچىلار ياتىدۇ، ئۇ ھېچكىمنى چەتكە قاقمايدۇ.

مەن شەمسنى، روھداشىمنى تاپتىم. بۇنداق تېپىشىش ھاياتتا پەقەت بىر قېتىم، ئوتتۇز يەتتە يىلدا بىر قېتىم بولىدۇ! ھەممە ئادەم شەمسنى نېمىشقا بۇنچە ياخشى كۆرىدىغانلىقىمنى سورايدۇ، دېمەك، ئۇلار چۈشەنمەيدۇ؛ كىمكى بۇنى چۈشىنىدىكەن، بۇنداق سوئالنى ھەرگىز سورىمايدۇ.

خەلىپە ھارۇن رەشىدنىڭ ھېكايىسى ئېسىمگە كەلدى. مەجنۇننىڭ لەيلىنى ساراڭلارچە ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى ئاڭلىغان خەلىپەنىڭ لەيلىنى بىر كۆرگۈسى كەپتۇ.

«مەجنۇننى شۇنچە مەجنۇن قىلىۋەتكىنىگە قارىغاندا لەيلى ھېچكىمگە ئوخشىمايدىغان قىز بولسا كېرەك، - دەپتۇ خەلىپە ئۆز-ئۆزىگە،- يەنى، باشقا قىزلاردىن نەچچە ھەسسە گۈزەل، جەزىبىلىك...». خەلىپىنىڭ قىزىقىشى بارغانچە كۈچىيىپتۇ، لەيلىنى بىر قېتىم بولسىمۇ كۆرۈش ئۈچۈن بارلىق چارە-ئاماللارنى قوللىنىپتۇ.

چاپارمەنلەر ئاخىر لەيلىنى تېپىپ، خەلىپىنىڭ ھۇزۇرىغا ئەكىلىپ، ئۇنى ياساندۇرۇپ خەلىپىگە كۆرسىتىپتۇ. ئەمما لەيلى رومىلىنى قايرىشىغا، خەلىپە ھارۇن رەشىدنىڭ خىيالى بەربات بوپتۇ. لەيلىنى سەت، مېيىپ ياكى قېرى دەپ ئويلاپ قالماڭلار، ئۇ پەقەت ھېچقانداق جەزىبىسى يوق، ئادەتتىكى قىزكەن. باشقا نۇرغۇن ئاياللارغا ئوخشاش، ئەيىب-نۇقسانلىرى بار بىچارىكەن.

خەلىپە بۇ كۆڭۈلسىزلىكنى يوشۇرالماي، «لەيلى، لەيلى دېگەنلەرى مۇشۇمۇ؟ مەجنۇن بۇنىڭ نەرىگە ئاشىق بولغاندۇ؟ ئادەتتىكى بىر خوتۇنكەنغۇ، باشقىسىدىن نېمە پەرقى؟» دەپتۇ.

بۇنى ئاڭلىغان لەيلى كۈلۈپ، « شۇنداق، مەن لەيلى، ئەمما سەن مەجنۇن ئەمەسسەن،- دەپ جاۋاب بېرىپتۇ،- ئەگەر سەن مېنى مەجنۇننىڭ كۆزىدە كۆرەلىسەڭ، ئىشقنىڭ نېمىلىكىنى بىلەلەيسەن».

ھارۇن رەشىد چۈشەنمىگەن نەرسىنى ئائىلەم، دوستلىرىم، تالىپلىرىم چۈشىنەلەمدۇ؟ شەمسنىڭ نەقەدەر ئۆزگىچە ئىنسان ئىكەنلىكىنى كۆرەلمىگەنلەرگە ئۇنى قانداق تەرىپلەپ بېرەلەيمەن؟ ئۇنى كۆرۈش ئۈچۈن، ئالدىن كۆڭۈككەن كۆزلىرىنى بىر ياققا قايرىپ، مەجنۇننىڭ كۆزلىرى بىلەن كۆرۈشى كېرەكلىكىنى قانداق چۈشەندۈرۈپ بولالايمەن؟

ئاشىق بولمىغانلارغا ئىشق يالغانچىلىق ۋە سەپسەتىگە تولغان قۇرۇق گەپتۇر. ئاشىق بولمىغانلار بۇنى چۈشەنمەيدۇ، ئاشىق بولغانلار بۇنى چۈشەندۈرۈپ بېرەلمەيدۇ. ئۇنداقتا ئىشقنى سۆز ئارقىلىق (بۇنداق سۆزلەر ئاقمىغان يەردە) قانداق ئىپادىلىگىلى بولىدۇ؟

ئىلگىرى مېنى تىل ماھىرى، سۆز ئۇستىسى، ئۇستاز خاتىپ، ئۇستاز كاتىپ(يازغۇچى)، مەنە دېڭىزىنىڭ كاپتانى دېيىشەتتى، ئاجايىپكى، كۆڭۈلدە ئويلىغانلىرىمنى شۇ قەدەر بىمالال چۈشەندۈرەتتىم ۋە يازاتتىم. ۋەز ئېيتىشقا، كىتاب يېزىشقا، نۇتۇق سۆزلەشكە كۆنۈپ كەتكەنىدىم، ھازىر سۆزلەرگە ئارتۇق ئىشەنچىم قالمىدى...

كىميا

كونيا، 1245-يىل 8-ئاينىڭ 17-كۈنى

بىرلىكتە دىنىي ئەمگەك قىلمىغىلى، قۇرئان ئوقۇمىغىلى شۇنچە ئۇزاق بولدىكى، مەۋلانانى كۆرگۈم كەلدى. ئۆزەمنى تاشلىۋېتىلگەندەك ھېس قىلىسامۇ، ئۇنىڭغا خاپا بولمىدىم. بەلكى رۇمىنى ئۇنىڭدىن رەنجىمىگىدەك دەرىجىدە ياخشى كۆرگىنىمدىن، بەلكى شەمس تەبرىزىنىڭ شۇ قەدەر سېھرىي كۈچى بارلىقىنى بىلەلىگىنىمدىن بولسا كېرەك، ئېھتىمال مەن ئۇنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىدىم.

ئاپتاپپەرەس دائىم قوياشقا باققاندەك، رۇمىنىڭ كۆزىمۇ دائىم شەمستە. سۆھبەتلىرى شۇنچە چوڭقۇر، شۇنچە روشەن ئىدىكى، بىر كىم يېنىدا تۇرسا ئۆزىنى ئارتۇقچە ھېس قىلىپ قالاتتى. ئۆيدىكى ھەممەيلەن

بۇ ئەھۋالدىن نارازى ئىدى. بولۇپمۇ ئالائىدىن، ئۇنىڭ نەچچە قېتىم شەمسكە غەزەپ بىلەن قاراۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالدىم. كەررامۇ بۇ ھالدىن بىئارام، ئەمما چىش يېرىپ بىر نەرسە دېيەلمەيدۇ، مەنمۇ نېمە بولدۇڭ دەپ سورىيالمايمەن. ھەممىسى بەتلەكلىك ئوقتەك تەقەززالىق بىلەن كۈتۈپ تۇرۇشىدۇ. بەكلا غەلىتە! بۇ كۆڭۈلسىزلىكنىڭ باش سەۋەپچىسى بولغان شەمس خۇددى ھېچ نېمە بولمىغاندەك، بۇ ئەھۋالنى بىلمەيدىغاندەك ياكى قېتىغىمۇ ئېلىپ قويمايدىغاندەك يۈرۈۋاتىدۇ.

بىر تۈرۈپ ئۇنىڭغا ئاچچىقىم كېلىدۇ، مەۋلانانى ئالدىغىنى ئۈچۈن ئۇنى كەچۈرەلمەيمەن. ئەمما بىر تۈرۈپ، ئۇنىڭ سېھرىي كۈچىدىن ئۆزەمنى تارتالمايمەن، ئۇنى ياخشىراق بىلىپ بېقىش ئۈچۈن ئىنتىلىمەن، مۇشۇنداق ئارىسالدى بولۇپ يۈرگىنىمگە خېلى بولدى. ئەپسۇس، بۈگۈن تۇتۇلدۇم.

ئەسىر نامىزىدىن كېيىن قۇرئاننى ئۇيۇقتىن ئېلىپ، ئۆز ئالدىمغا ئىشلەشكە تۇتۇندۇم. ئىلگىرى، يەنى شەمس بۇ ئۆيگە كېلىشتىن ئاۋۋال مەۋلانا بىلەن ھەپتىدە ئۈچ ـ تۆت كۈن بىللە ئىشلەيتتۇق، ئايەتلەرنى ئۇلارنىڭ نازىل بولۇش تەرتىپى بويىچە تەھلىل قىلاتتۇق. ھازىر ئۇستازىم بولمىغاندىكىن، ئىشلار ئاستىن ـ ئۈستۈن بولۇپ كەتكەندىكىن، ئايەتلەرنى يەنە بىر رەت كۆرۈۋېتىش زۆرۈرىيىتىنى ھېس قىلىمىدىم. شۇڭا ئۇدۇل كەلگەن بىر بەتنى ئېچىپلا، بارمىقىمنى قويغان يەردىكى تۇنجى ئايەتنى ئوقۇدۇم. بۇ سۈرە نىسانىڭ ئايەتلىرى ئىدى، ئاجايىپكى، بۇ بۇيۇك كىتابتىن، ماڭا ئېغىر تۇيۇلىدىغان بىر ئايەتنى ئاچقانىدىم. سۈرە نىسانىڭ ئايەتلىرى ئايالللارغا قاتتىق تەلەپ قوياتتى، شۇڭا ئۇنى نېمىشقىدۇر قوبۇل قىلىپ كېتەلمەيۋاتاتتىم. ئايەتلەرنى قايتا ئوقۇۋېتىپ، ئۇستاز ئاتامدىن ياردەم سورىغۇم كەلدى. مەۋلانا ماڭا دەرس ئۆتمىگەن بىلەن، ئۇنىڭدىن بىر نەرسە سورىشىم چەكلەنمىگەن ـ دە، قۇرئاننى ئالغىنىمچە ئۇنىڭ ھۇجرىسىغا ماڭدىم.

مەۋلانا ھۇجرىدا يوق، ئۇنىڭ ئورنىدا شەمس ئولتۇراتتى. قولىدا تەسبىھ، دېرىزىنىڭ يېنىدا مەغرىبكە قاراپ تۇراتتى، پېتىۋاتقان قۇياشنىڭ نۇرلىرى يۈزىنى سىپايتتى، بۇ نۇردا ئۇ شۇنچىلىك سېھىرلىك، سىرلىق كۆرۈنەتتىكى، كۆزلىرىمنى قاچۇرۇشقا مەجبۇر بولدۇم.

ـ ھە... كەچۈرۈڭ، ـ دېدىم ھاياجاندىن كېكەچلەپ، ـ ئۇستازىمغا قاراپ باقاي دېۋىدىم، كېيىن كېلەي.

- توختاپ تۇر، نېمىگە ئالدىرايسەن؟ بىر دەم ئولتۇر،- دېدى شەمس،- بىر نەرسە سورىماقچىدەك قىلىسەن، بەلكىم ساڭا ياردىمىم تېگىپ قالار.

ئويلىغىنىمنى ئۇنىڭغا ئېيتماسلىقنى باھانە تاپالمىدىم.

-قۇرئان كەرىمدىكى بىر سۈرىنى چۈشىنىشتە قىينىلىۋاتىمەن،- دېدىم ئىككىلىنىپ.

شەمس ئۆزىگە ئۆزى گەپ قىلىۋاتقاندەك پەس ئاۋازدا جاۋاب بەردى:

- قۇرئان پاك، گۈزەل كېلىنگە ئوخشايدۇ كىميا، ئۇنى ئوقۇماقچى بولغان كىشى ئۇنىڭغا قايىللىق بىلەن يېقىنلاشمىسا، ئۇمۇ بېكىنىۋېلىپ، ھېچكىمگە دىدارىنى كۆرسەتمەيدۇ.

ئۇنىڭ نېمە دەۋاتقانلىقىنى چۈشىنىشكە تىرىشىۋاتقاندا ئۇ تۇيۇقسىز سوراپ قالدى:

- قايسى سۈرە ئۇ سېنى قىينىغان؟

- سۈرە نىسا،- دېدىم ئاستاغىنە،- بۇ سۈرىدە مەن تازا قوبۇل قىلالمايۋاتقان بىر نەچچە نۇقتا بار، بەزى يەرلەردە ئەرلەرنىڭ ئاياللاردىن ئۈستۈن ئىكەنلىكى بايان قىلىنغان، ھەتتا ئەرلەرنىڭ ئۆز ئاياللىرىنى ئۇرسا بولىدىغانلىقى ئېيتىلغان...

- شۇنداقمۇ؟ ئوبدان قارا!

شەمس بۇنىڭدىن ئاجايىپ ھەيرەتتە قالغاندەك جاۋاب بەردى، راست دەۋاتامدۇ ياكى مېنى مەسخىرە قىلىۋاتامدۇ، بىلەلمىدىم. بىر دەم گەپ قىلىشماي تۇرۇپ قالدۇق. ئاندىن شەمس تەبرىزى مۇناسىۋەتلىك ئايەتنى يادا ئوقۇشقا باشلىدى:

- ئەرلەر ئاياللارغا ھاكىمدۇر، چۈنكى ئاللاھ ئەرلەرنى ئاياللاردىن ئۈستۈن ياراتتى ۋە ئۇلارنى ئاياللارنىڭ تۇرمۇشىنى قامدايدىغان قىلدى. شۇ سەۋەبتىن، ياخشى ئاياللار ئىتائەتكار ئاياللاردۇر، ئۇلار ئاللاھ مۇھاپىزەت قىلىشقا بۇيرۇغان نەرسىلەرنى ئەرلىرى يوق ۋاقتىدىمۇ قوغدايدۇ. سىلەر سەركەشلىك قىلىشلىرىدىن ئەنسىرەيدىغان ئاياللارغا كەلسەك، ئاۋۋال ئۇلارغا نەسىھەت قىلىڭلار، ئۇنىمىسا ياتاق ئايرىپ ئايرىم يېتىڭلار، بۇنىڭغىمۇ ئۇنىمىسا ئۇرۇڭلار. ئۇلار ئىتائەت قىلغان بولسا، ئۇلارنى بوزەك قىلىش ئۈچۈن باھانە ئىزدىمەڭلار، چۈنكى ئاللاھ ھەممىدىن ئۇلۇغدۇر.

شەمس ئايەتلەرنى ئوقۇپ بولۇپ كۆزىنى ئېچىپ ماڭا قارىدى، بىلىنەر-بىلىنمەس تەبەسسۇم قىلدى ۋە يەنە بىر ئايەتنى باشلىدى:

ئەرلەر ئايالLارنىڭ هامىيلىرىدۇر، چۈنكى ئالLاھ ئىنسانلارنىڭ بەزىسىنى بەزىسىدىن ئۈستۈن قىلدى، ئەرلەر ئائىلە ئۈچۈن پۇل-مال سەرپ قىلىدۇ. ياخشى، پاك ئايالLار هۆرمەتلىكتۇر. ئالLاھ ئۇلارنى قوغدىغاندەك، ئۇلارمۇ ئۆزىنىڭ ئىپپەت-نومۇسىنى قوغدايدۇ. سىلەر ۋاپاسىزلىق قىلىپ، ئىپپىتىنى ساقلىيالماي قېلىشىدىن قورقىدىغان ئايالLارغا نەسىھەت قىلىڭلار، ئۇنىمىسا ياتاق ئايرىپ ئۇلارنى يالغۇز قويۇڭلار، بەك بولمىسا ئۇلارنى ئۆيدىن ھەيدەپ چىقىرىڭلار (تۇرۇۋاتقان يېرىدىن باشقا يەرگە ئەۋەتىۋېتىڭلار)، ئەگەر سىلەرگە هۆرمەت بىلەن مۇئامىلە قىلسا، ئۇلارغا قارشى باشقا يول ئىزدىمەڭلار. ئالLاھ چەكسىز ئۇلۇغدۇر.

-بۇنىڭغا نېمە دەيسەن كىمىيا؟ سەنچە بۇ ئىككى ئايەت ئارىسىدا پەرق بارمۇ؟- دەپ سورىدى شەمس.

- ئەلۋەتتە بار،- دېدىم،- ئوخشاش بىر ئايەتنىڭ ئىككى خىل چۈشەندۈرۈشىنى ئوقۇدۇڭ. ئۇلارنىڭ مەزمۇنى ئوخشىمايدۇ، بىرىنچىسىدە، توي قىلغان ئەرلەرنىڭ ئۆز ئايالLىرىنى ئۇرۇشىغا يول قويۇلغان؛ ئىككىنچىسىدە، ئەڭ بولمىغاندا ئايالىڭدىن يىراقلاش ياكى ئۇنى يىراققا ئاپىرىۋەت دېيىلگەن. ئارىدا خېلى پەرق بار، نېمىشقا مۇشۇنداق بولىدۇ؟

- نېمىشقا بۇنداق بولىدۇ، نېمىشقا بۇنداق؟- دەپ تەكرارلىدى شەمس ۋە بىردىنلا باشقا گەپكە كۆچتى،- ئېيتقىنا كىمىيا، بۇ ئۆمرۈڭدە بىرەر دەريادا سۇ ئۈزۈپ باققانمۇ؟

شۇئان بالىلىق دەۋرىم، توروس تاغلىرىنىڭ مۇزدەك سۇلىرى ئېسىمگە كەلدى، كۈندۈزلىرى چۈشتىن كېيىن سىڭىللىرىم بىلەن تاغ بۇلاقلىرىدا سۇ ئۈزۈپ، قىيا-چىيا كۈلۈشۈپ، ئويناشقانىدۇق. كۆزۈم تاشقا تولدى، يۈزۈمنى ئەپقاچتىم، شەمسنىڭ بۇ ئاجىزلىقىمنى كۆرۈۋېلىشىنى خالىمايتتىم.

-دەرياغا يىراقتىن قارىسا كىشى ئۇنىڭدا پەقەت بىرلا ئېقىن بار دەپ ئويلاپ قالىدۇ،-دېدى شەمس،- ئەمما سۇغا چۈشكەن چېغىڭدا ئۇنىڭدا بىر نەچچە ئېقىننىڭ بارلىقىنى بايقايسەن، ئېرىق-ئۆستەڭلەردە نەچچە ئېقىن يوشۇرۇن بولىدۇ، ھەممىسى بىر يۆنىلىشكە قاراپ ئاقىدۇ، ئەمما ئايرىم-ئايرىم ماڭىدۇ.

شەمسى تەبرىزى سۆزلىگەچ يېنىمغا كېلىپ، ئېڭىكىمنى تۇتۇپ بېشىمنى كۆتۈردى-دە، مېنى ئۇ تەگسىز، قاپقارا، روھلۇق كۆزىگە قاراشقا مەجبۇرلىدى. يۈرىكىم سوقۇشتىن توختاپ قالغاندەك بولۇپ، نەپەس ئالالماي قالدىم.

— قۇرئان شاۋقۇنلۇق بىر دەريادۇر، - دېدى ئۇ، - يىراقتىن قارىغانلارغا بىرلا ئېقىندەك، ئىچىدە ئۈزىدىغانلارغا تۆت ئايرىم ئېقىندەك كۆرۈنىدۇ، بېلىق تۇرلىرىنى ئويلا كىميا، بەزى بېلىقلار سۇ ئۈستىدە، بەزىلىرى سۇنىڭ تېگىدە ياشايدۇ. بىز ئىنسانلارمۇ شۇنىڭغا ئوخشايمىز، يارىتىلىشىمىزغا، زېھنىي قۇۋۋىتىمىزگە كۆرە ئۇنداق ياكى بۇنداق قاتلاملاردا قالىمىز- دە، شۇ يەردە ئۈزۈپ ئوينايمىز.

— تازا چۈشەنمىدىم، - دېدىم، ئەمما چۈشىنىشكە باشلىغانىدىم.

— قىرغاقتا يېقىن سۇدا ئۈزۈشكە ئامراق كىشىلەرگە قۇرئاننىڭ زاھىرىي مەنىسى كۇپايە، ئەپسۇس، ئىنسانلارنىڭ كۆپىنچىسى مۇشۇ خىلغا تەۋە. ئايەتلەرنى پەقەت ئۇنىڭ سۆز مەنىسىگە قاراپلا چۈشىنىدۇ. بەزىلىرى، سۈرە نىسانى ئوقۇپ، ئەرلەر ئاياللاردىن ئۈستۈن يارىتىلىپتىكەن دەيدۇ. نېمىنى كۆرمەكچى بولسا شۇنى كۆرىدۇ.

— ئۇنداقتا ئۇنىڭ باشقا ئېقىنلىرىچۇ(مەنىلىرىچۇ)؟- دەپ سورىدىم.

شەمس بىر دەم تۇرۇۋالدى، كۆزۈم ئىختىيارسىز ئۇنىڭ ئاغزىغا كېلىپ توختاپ قالدى، كالپۇكلىرى قىزغۇچ، چىرايلىق بولۇپ، ئېغىزى گويا مۇھاپىزەت قىلىنىدىغان گۈزەل باغچە ئىدى.

— يەنە ئۈچ ئېقىن بار، ئىككىنچىسى بىرىنچىسىدىن چوڭقۇردۇر، ئەمما يەنىلا تېيىزرەك، ئىنساننىڭ ئېڭى يۈكسەلگەنچە قۇرئاننى تېخىمۇ ياخشى ئاڭقىرالايدۇ. ھالبۇكى، بۇنىڭ ئۈچۈن ئايەتلەرنىڭ چوڭقۇرلۇقىغا چۆكۈش كېرەك، دەرياغا بېلىقتەك شۇڭغۇش كېرەك!

ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلاۋېتىپ ئىچىم قوپقۇرۇق بولۇپ قالغاندەك ھەم يېڭى ھېسسىياتقا تولغاندەك بولدى.

— ئۇنىڭغا چۆكسە قانداق بولىدۇ؟ - دەپ سورىدىم.

— ئۈچىنچى ئېقىن باتىنىي قاتلامدۇر، سۈرە نىسانى كۆڭۈل كۆزۈڭ ئوچۇق ھالەتتە ئوقۇساڭ، ئايەتلەرنىڭ ئەرلەر بىلەن ئاياللار ھەققىدە ئەمەس، بەلكى ئەرلىك ۋە ئاياللىق ھەققىدە كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرىسەن، تەسەۋۋۇپتا پانىيلىق بىلەن باقىيلىق ئاياللىق بىلەن ئەركەكلىككە سىېلىشتۇرۇلىدۇ. ھەر بىرىمىز، بۇنىڭ ئىچىدە مەنمۇ، سەنمۇ بار، ئاياللىق ۋە ئەركەكلىك ھالەتلىرىنى ئوخشىمىغان دەرىجىدە ۋۇجۇدىمىزدا يوشۇرۇن ئېلىپ يۈرىمىز. قاچانكى، ئىككىلىسىگە باغرىمىزنى ئاچساق، تىنچ ھالدا بىرلىشەلەيمىز.

— ئۇنداقتا، مەندە ئەركەكلىك بارمۇ؟

— ئەلۋەتتە، ئاياللىقمۇ بار، ئەركەكلىكمۇ بار.

كۆلكىدىن ئۆزەمنى تۇتۇۋالالىمىدىم.

— ئۇنداقتا، مەۋلاناچۇ؟

شەمسىنىڭ يۈزى تەبەسسۇمدىن يورۇپ كەتتى:

— ھەر ئەردە ئاز دېگەندە بىر مىسقال ئاياللىق، ھەر ئايالدا كىچىككىنە بولسىمۇ ئەركەكلىك مەۋجۇتتۇر.

— ئۇنداقتا لۈكچەك ئەرلەرچۇ؟ — دەپ سورىدىم، — قوپال ئادەملەردە ئاياللىق خۇلق بولامدۇ؟

شەمس ماڭا سىر بەرمەكچى بولغاندەك كۆزىنى قىسىپ قويۇپ،

— ئەلۋەتتە، ئۇلاردىمۇ شۇنداق خۇلق بولىدۇ كىمىيايىم، — دېدى، — ماڭا ئىشەن، ئەڭ چوڭ ئەركەكلىك شۇنداق قوپال ئەرلەردە بولىدۇ.

كىچىك قىزلاردەك ۋىلىقلاپ كۈلۈۋېتەي دەپ ئۆزەمنى تۇتىۋېلىپ لېۋىمنى چىشلىدىم. شەمس ماڭا شۇنچە يېقىن تۇرغاچقا، يۈرىكىم دۈپۈلدەپ سوقاتتى. ئۇ ئاجايىپ ئادەم ئىدى، ئاۋازى بەكلا يېقىملىق، قوللىرى ئىنچىكە، نازۇك بولۇپ، كۆزى بەئەينى قۇياشتىن چىققان بىر دەستە نۇردەك، نەگە باقسا شۇ يەرنى جانلاندۇراتتى. يېنىمدا تۇرغاندا ئۇنىڭ ياش ۋۇجۇدىنى يېقىندىن ھېس قىلىپ، ۋەسۋەسىلەرگە تولماقتا ئىدىم، ئۇنى ئاسراشنى، كۈتۈشنى خالايتتىم، ئەمما بۇنى قانداق قىلالايتتىم، نېمىشقا ئۇنداق قىلاتتىم، ئۆزەممۇ بىلمەيتتىم.

شەمس قولىنى مۈرەمگە قويدى، يۈزى يۈزۈمگە شۇنچە يېقىن ئىدىكى، ئىللىق نەپىسى تېنىمگە ئارام بېغىشلايتتى. كۆز بېقىشلىرى ئەمدى بايىقىغا ئوخشىمايتتى، ماڭا چۈش كۆرۈۋاتقاندەك قارايتتى. قولىنى ئەكىلىپ مەڭزىمگە ئاستا تەگكۈزدى، بارماق ئۇچى يېنىۋاتقان شامدەك قىززىق ئىدى، ھودۇقۇپ، تىلىم بوغۇزىمغا كەپلىشىپ قالدى. ئۇ بارمىقىنى مەڭزىمدىن چۈشۈرۈپ ئاستىنقى لېۋىمگە ئەكەلدى، بېشىم قايدى، كۆزۈمنى يۇمۇۋالدىم، ھاياجاندىن تىترەپ كېتىۋاتاتتىم. ئەمما شەمس بارمىقىنى لېۋىمگە تەگكۈزە-تەگكۈزمەيلا قولىنى تارتىۋالدى.

— ئەمدى كەتسەڭ بولارمىكىن كىمىيا، — دېدى ئۇ بوش ئاۋازدا، ئىسمىمنى بىچارە سۆزدەك تەلەپپۇز قىلدى.

تالاغا يۈگۈرۈپ چىقىپ كەتتىم، بېشىم تېخىچە قېيىپ، مەڭزىلىرىم ئوتتەك يېنىپ تۇراتتى.

ھۇجرامغا كىرىپ، كارىۋىتىمدا ئوڭدا يېتىپ، كۆزلىرىمنى ئايۋانغا تىكىپ، ئەگەر شەمس مېنى سۆيگەن بولسا قانداق بولۇپ كېتەتتىم دەپ ئويلاپ ھاياجان ئىچىدە تاڭ ئاتقۇزدۇم. شۇنچىلىك ھوشۇمنى

يوقىتىپتىمەنكى، دەريادىكى تۆتىنچى ئېقىنغا، قۇرئاننىڭ تېخىمۇ چوڭقۇر قاتلىمىغا قانداق بېرىش كېرەكلىكىنى سوراشنىمۇ ئۇنتۇپ قالغانىدىم.

ئۇ قانداق قاتلام بولغىيدى؟ ئىنسان ئۇنداق چوڭقۇرلۇققا قانداق يېتەر بولغىيدى؟ ئۇنىڭغا يەتكەنلەر ئاخىر قانداق بولاتتى؟ ئۇ چوڭقۇرلۇقتىن قايتىپ چىقالماسمىدى؟

سۇلتان ۋەلەد

كونيا، 1245 ـ يىل، 9 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى

ئالائىدىن دائىم ئالدىراقسان، ھاكاۋۇر، تېرىككەك بولسىمۇ، ئۇنىڭ ھالىدىن ئەنسىرەشكە باشلىدىم. ئۇ كىچىكىدىلا ئاچچىقى يامان بالا ئىدى، يېقىندىن بېرى قاتتىق خاپا، بىر جايدا ئولتۇرالماي قېلىۋاتىدۇ. تۇيۇقسىز غەزەبلىنىدۇ، بىرەر كىمدىن چاتاق تېپىشقا، ئاچچىقىنى چىقىرىشقا ئۇرۇنۇپلا يۈرىدۇ. كىچىككىنە بىر ئىشقىمۇ چېچىلىدۇ. شۇ قەدەر ئەسەبىيكى، كوچىدىكى بالىلارمۇ ئۇنى كۆرسە قاچىدۇ. ئەمدى تېخى 17 ياشقا كىرگەن بولسىمۇ، دائىم قاپىقىنى تۈرۈپلا يۈرگەچكە يۈزىگە قورۇق چۈشۈپ كەتكەندى، تېخى بۇ ئەتىگەندە ئاغزىنىڭ ئەتراپىدا بىر قورۇقنى بايقىدىم، دائىم ئاغزىنى پۈرۈشتۈرۈپ يۈرگەچكە شۇنداق بولسا كېرەك.

بۈگۈن ئۆز ئىشىمغا بېرىلىپ، دادامنىڭ ئەسەرلىرىنى ئاققا كۆچۈرۈۋاتاتتىم، ئارقامدا بىرسى گەپ قىلغاندەك قىلدى. قارىسام، ئالائىدىن، ئاستىنقى لېۋىنى چىشلەپ، يازغانلىرىمغا كۆزىنىڭ ئۇچىدا قاراپ تۇراتتى، قاچاندىن بېرى ئارقامدا تۇيدۇرماي قاراپ تۇرغانلىقىنى بىلمىدىم. جىلە بولغاندەك قاراپ مەندىن نېمە ئىش قىلىۋاتقانلىقىمنى سورىدى.

— دادامنىڭ كونا بىر رىسالىسىنى كۆپەيتىۋاتىمەن، ـ دېدىم، ـ دادامنىڭ بارلىق سۆھبەتلىرىنى ئاققا كۆچۈرۈپ كۆپەيتمەكچى بولۇۋاتىمەن.

ئالائىدىن مەسخىرىلىك باقتى.

— ئۇنىڭ نېمە پايدىسى؟ ـ دەپ سورىدى ئۇ، ـ بىلمىدىڭمۇ؟ دادام دەرس بېرىش، ۋەز سۆزلەشنى تەرك ئەتتى، ئەمدى مەدرىستە مۇدەررىسلىك قىلمايدۇ، بارلىق مەسئۇلىيەتلىرىنى بىر ياققا چۆرۈۋەتتى، سەن ئاقمايدىغان ئىش قىلىۋاتىسەن.

— ئۆتكۈنچى بىر ئەھۋال بۇ، ـ دېدىم كەسكىن ھالدا، ـ ۋاقتى كەلسە دادام يەنە قايتا دەرس بېرىدۇ.

— سەن ئۆزەڭنى ئالداپ يۈرىۋەر، كۆرمەيۋاتامسەن، دادامنىڭ شەمستىن باشقا ئادەمگە ۋاقتى يوق، شەمس دادامنى ئالداپ، ئۆيىمىزگە ماكانلىشىۋالدى.

ئالائىدىن مەسخىرىلىك كۈلدى، مېنىڭمۇ ئۇنىڭ بىلەن تەڭ كۈلۈشىمنى ئۈمىد قىلغاندى، ئەمما مېنىڭ كۈلمىگىنىمنى كۆرۈپ دەرھال جىم بولۇپ، ئۆيدە ئۇياقتىن بۇياققا مېڭىشقا باشلىدى.

— سۆز-چۆچەكلەر يامراپ كەتتى، خەلقى ئالەمنىڭ ئاغزى خالتا ئەمەس، بوغۇپ قويىدىغان،- دېدى ئۇ قايناپ،- ھەممە ئادەم شۇنداق دېيىشىۋاتىدۇ، بۇ قەلەندەر قانداق بولۇپ شۇنچە چوڭ ئالىمنى كولدۇرلىتىۋاتىدۇ؟ ھازىر دادامنىڭ ئىناۋىتى چۆلدىكى بىر تال قار دانىسىدەك قالدى، ئەگەر ئۆزىنى دەرھال ئوڭشىۋالمىسا قولىدا بىر تالمۇ قالمايدۇ. ھېچكىم ئۇنى ئۇستاز دېمەيدۇ، يەنى ئۇنىڭ ئۇنداق سالاھىيىتى يوق.

ئۇنىڭغا قارىدىم، بۇرۇتلىرىنى يېڭى ياساتقان، ئەمما قىلىق-قىياپەتلىرى، گەپ قىلىشلىرى ۋە باشقا ھەر ئىشلىرىدا ئەركەكلىكىمنى كۆرسىتىمەن دەپلا تۇراتتى. ئۆتكەن يىلدىن بېرى ئۇ باشقىچىلا ئادەم بولۇپ قالغان، ئىشق سەۋداسىغا چۈشكەنلىكىنى، بىرسىگە يوشۇرۇن ئاشىق بولغىنىنى بىلەتتىم، ئەمما كىم ئىكەنلىكىنى سورىيالمايتتىم. ئۇنىڭ ئەڭ يېقىن دوستلىرىنىڭ ئاغزىنى تاتىلاپ باقتىم، ئەمما ئۇلاردىنمۇ ھېچ ئۇچۇر ئالالمىدىم.

— ئالائىدىن، بىلىمەن، سەن شەمسكە ئۆچ، ئەمما ئۇ ئۆيىمىزدە مېھمان، مېھماننى ھۆرمەتلەش كېرەك، يەنە كېلىپ سەن نېمىشقا خەقنىڭ گەپلىرىگە ئىشىنىپ يۈرىسەن؟ تۇغمىنى تۆگىدەك كۆرسىتىشنىڭ ئورنى يوق.

بۇ گەپلەرنى دەپلا پۇشايمان قىلدىم، دېمەيدىغان گەپ ئىدى، ئەمما ئاغزىمدىن چىققاننى قايتۇرىۋالالمىدىم، ئالائىدىن خۇددى قۇرۇق ساماندەك ئوت ئالدى.

— تۇغمىنى تۆگىدەك كۆرسىتىۋاتىمەنمۇ تېخى!- دېدى ئۇ،- بېشىمىزغا كېلىۋاتقان بۇ پالاكەتلەرنى پىتچىلىك كۆرۈۋاتامسەن تېخى، كۆزۈڭ نېمانچە كور سېنىڭ؟

ئالدىمغا يەنە بىر سەھىپە ئېچىپ بەتنى ئوڭشىدىم، دادامنىڭ سۆزلىرىنى كۆپەيتىپ، بۇ ۋەسلە بىلەن ئۇنىڭ ئۆمرىنىڭ ئۇزاق بولۇشىغا ياردەمچى بولالىغىنىمدىن خۇشال ئىدىم، ئاردىن بىر ئەسىر ئۆتسىمۇ

كىشىلەر دادامنىڭ ھېكمەتلىك سۆزلىرىنى ئوقۇپ زوقلىناتتى. بۇ سۆزلەرنىڭ ئەۋلادتىن ئەۋلادقا يەتكۈزۈلۈشىگە ئازراق بولسىمۇ ھەسسە قوشالىغىنىمدىن پەخىرلىنەتتىم.

ئالائىدىن يېنىمغا ئاستا كېلىپ، قىلىۋاتقان ئىشىمغا ئۈمىدسىزلىك، بىزارلىق بىلەن قاراپ تۇردى، بىر ئان بولسىمۇ دادا مېھرىگە تەشنا بىر بالىنى كۆردۈم. شۇ ئان ئۇنىڭ ئەمەلىيەتتە شەمسكە ئەمەس، دادامغا ئاچچىقى بارلىقىنى ھېس قىلدىم.

ئالائىدىن دادامدىن نارازى ئىدى، دادامنىڭ مەن بىلەن ئانچە كارى يوق دەپ ئويلايتتى، دادامنىڭ شۇنچە ئابرۇيلۇق تۇرۇپ، ياشلا ئۆلۈپ كەتكەن ئانىمىزغا كەلگەن ئەجەلنىڭ ئالدىدا بىچارە بولۇپ قالغىنىغا ھەيران ئىدى.

— ھەممە ئادەم دادىمىزنى شەمس تەرىپىدىن سېھىرلەندى، دېيىشىۋاتىدۇ، - دېدى ئالائىدىن گۇدۇڭلاپ، - شەمسنى ھەششاشىيەلەر ئەۋەتكەنمىش.

— ھەششاشىيەلەرمىش! - دېدىم تەڭ تۇرۇپ، - سەنمۇ بۇ پىتنە-پاساتقا ئىشەندىڭ، شۇنداقمۇ؟

ھەششاشىيە مول مىقداردا مەجۇن، زەھەر ئىشلىتىپ، سۇيىقەست پىلانلاش بىلەن نام قازانغان، كىشىلەرگە تەھدىت سالىدىغان بىر مەزھەپ ئىدى. خەلق ئارىسىدا قورقۇنچ پەيدا قىلىش ئۈچۈن مەشھۇر كىشىلەرنى نىشانلاپ، ئوچۇق-ئاشكارە قەتلى قىلاتتى؛ ھەتتا سالاھىدىن ئەييۇبى ھەزرەتلىرىنىڭ چېدىرىغا كىرىپ، يېنىغا زەھەرلىك پىرەنىك قويۇپ قويۇش دەرىجىسىگە بارغانىدى. پىرەنىك يېنىغا بىر كومپاس قويۇپ «كۆزىمىز ھەر قاچان سەندە» دېيىشكەندى. سالاھىدىن ئەييۇبى، يەنى ئەھلى سەلىپلەرگە قارشى جەسۇرلۇق بىلەن ئېلىشىپ، قۇددۇسنى قايتۇرۇۋالغان ۋە ھېچكىمدىن قورقمىغان ئۇ كاتتا قوماندانمۇ ھەششاشىيەلەر بىلەن ئېلىشىشقا جۈرئەت قىلالمىغان، ئۇلارنىڭ تەلۋى بويىچە ئىش قىلغان. شەمسنىڭ ئۇلار بىلەن ئالاقىسى بارلىقىنى خەقلەر قانداق ئويلاپ تاپقاندۇ؟

قولۇمنى ئالائىدىننىڭ مۈرىسىگە قويدۇم:

— يەنە كېلىپ، ھەششاشىيەلەرنىڭ بۇرۇنقىغا ئوخشىمايدىغانلىقىنى بىلمەمسەن؟ ئۇلار ئاللىقاچان تارقىلىپ كەتتى، پەقەت ئىسمىلا قالدى، دەۋر ئۆزگەردى.

ئالائىدىن بۇ ئېھتىماللىقنىمۇ ئويلىدى.

— شۇنداق، بىراق ھەسەن ساباھىنىڭ ئۈچ قوماندانى زىنداندىن قېچىپتۇدەك، ئالمۇد قەلئەسىدىن ئوغرىلىقچە چىقىپ، نەگە بارسا شۇ يەرنى ۋەيران قىلىشقا قەسەم قىلىپتۇدەك، ئۇلاردىن بىرسى كونياغا كەپتۇدەك، مېنىڭچە ئۇ چوقۇم شەمس.

سەۋر- تاقىتىم تاشتى:

— تۇزۇك گەپ قىل، شەمس ھەششاشىيەلەرنىڭ باشلىقى بولسا، نېمىشقا دادام بىلەنلا قالىدۇ؟

— چۈنكى ئۇلار ئابرۇيلۇق كىشىلەرگە نەپرەتلىنىدۇ، خەقنىڭ كۆزىنى بوياشقا ئامراق، دادام نوپۇزلۇق ئادەم ئەمەسمۇ؟ ھېچ بولمىسا، بىر زامانلار شۇنداق ئىدى،- دېدى ئالائىدىن يەنە تەتۈرلۈك قىلىپ.

ئۇ گۇمان، تۆھمەت ۋە ھىيلە- مىكىرلەرگە شۇنچىلىك ئالدانغان ئىدىكى، ئۆز گېپىدىن ئۆزى تەسىرلىنىپ، يۈزلىرى ئۆپكىدەك قىزىرىپ كەتكەنىدى.

ئۇنىڭغا گەپ قىلغاندا قاتتىق دىققەت قىلسام بولغۇدەك، دەپ ئويلىدىم.

— ماڭا قارا قېرىندىشىم، خەقلەر ئاغزىغا كەلگەننى دەۋېرىدۇ. بۇنداق سۆز- چۆچەكلەرگە ئىشىنىپ كەتمە. گۇمان ۋە يامان غەرەزنى كاللاڭدىن چىقىرىۋەت، ئۇلارنىڭ سېنى زەھەرلەۋاتقانلىقىنى كۆرمەيۋاتامسەن؟

ئالائىدىن تېرىكىپ، پۈشۈلداپ تۇرسىمۇ بىر نەرسە دېمىدى.

— شەمسنى ياقتۇرغىنى دېمەيمەن ، ئەمما دادىمىزنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن بولسىمۇ ئۇنى بىر ئاز ھۆرمەتلە،- دېدىم قوشۇمچە قىلىپ.

ئالائىدىن ماڭا سىنچىلاپ، ئەلەم بىلەن قارىدى. ئېھتىمال ئۇ پەقەت شەمسكىلا ئۆچ ئەمەس، دادامغىمۇ ئاچچىقى يوق، خىيالىدا، مەن ئۇنى ئۈمىدسىزلەندۈردۈم؛ ئۇنىڭچە بولغاندا، شەمسنى چوڭ بىلىشىم ئاجىزلىق ۋە پەسلىك، دادامنىڭ كۆزىگە ياخشى كۆرۈنۈش ئۈچۈن ئاق- قارىنى پەرق ئەتمەي، كۆتۈرمىكەشلىك قىلىۋاتاتتىم. بەلكىم ئارتۇق ئويلاپ كەتكەندىمەن، ئەمما كۆڭلۈم يەنىلا غەش بولۇۋاتاتتى.

شۇنداقتىمۇ ئۇنى ئەيىبلىيەلمەيتتىم. نېمىلا دېگەن بىلەن ئىنىم ئىدى. گاھىدا ئۇنىڭغا قارىسام، تار كوچىلاردا مۈشۈك قوغلايدىغان، يامغۇر سۈلىرىغا كېچىپ ئايىغىنى مەينەت قىلىۋېتىدىغان، ئەتىگەندىن كەچكىچە قاتتىق نان غاجىلاپ يۈرىدىغان بىر بالا ئېسىمگە كېلەتتى. سەل دوغىلاق، يېشىغا كۆرە بويى پاكارراق بۇ بالا ئانىسىنىڭ ۋاپات بولغىنىنى ئاڭلىغاندا بىر تامچە ياشمۇ تۆكمىگەن، چاترىقىدىن خىجىل بولغاندەك

بېشىنى ئېگىپ، پۈتىغا قاراپ ئۈمچىيىپ تۇرغانىدى، دات-پەرياد چېكىپ يىغلىغان، ھەممە نەرسىنى ئىچىگە ئېلىۋالمىغان بولسىدى كاشكى!

— ئېسىڭدىمۇ، بىر قېتىم سەن كوچىدا باللار بىلەن سوقۇشۇپ قالدىڭ، - دېدىم ئۇنىڭغا، - يىغلىغان پېتى ئۆيگە كەلدىڭ، بۇرنۇڭدىن قان ئېقىۋاتاتتى، رەھمەتلىك ئاناڭ شۇ چاغدا ساڭا نېمە دېگەنىدى؟

ئالائىدىننىڭ چىرايى بىر ئاز ئېچىلدى، ئەمما جاۋاب بەرمىدى.

— ئاناڭ مۇنداق دېگەن، بىر كىمگە غەزەبلەنسەڭ ياكى چېچىلساڭ، ئۇنىڭ چىرايىنى ئۆزەڭ ياخشى كۆرگەن بىرسىنىڭ چىرايىغا ئالماشتۇر، قېنى، سەن شەمسنىڭ چىرايى بىلەن ئانىمىزنىڭ چېھرىنى ئالماشتۇرۇشقا ئۇرۇنۇپ باقتىڭمۇ؟ شۇنداق قىلساڭ ئۇنىڭدا ياخشى كۆرۈشكە ئەرزىيدىغان نەرسىلەرنى تاپالايسەن.

ئالائىدىن غەلىتە كۈلۈمسىرىدى، مېيىغىدا بىر تەبەسسۇم قېتىپ قالدى. تەسىرلىنىپ ئۇنى قۇچاقلىدىم. ئۇمۇ ئۇزۇن زاماندىن بېرى تۇنجى رەت مېنى چىڭ قۇچاقلىدى. شۇ چاغدا، ھەممە ئىشلار ئوڭشىلىپ كېتىدۇ، بۇ ئىنىم شەمس بىلەن چىقىشىپ قالىدۇ، ئۆيىمىز بۇرۇنقىدەك ئىناقلىققا چۆمىدۇ دەپ ئويلاپتىكەنمەن.

ئەمما بەك ساددىكەنمەن، ھېچنېمىنى بۇنچىلىك خاتا ئويلاپ باقماپتىكەنمەن.

كەررا

كونيا، 1245-يىل، 10-ئاينىڭ 22-كۈنى

نېمە دېيىشىۋاتقانلىرىنى بىر ئاللاھتىن باشقا ھېچكىم بىلمەيدۇ. ئۆتكەندە ئۇلارغا ھالۋا سۇنۇپ بېرىش ئۈچۈن بارسام شۇنداق قىزغىن سۆھبەتلىشىۋېتىپتىكەن، مېنى ھېچ تۇيمىدى. مېنىڭ مەۋجۇتلۇقۇم شەمسنى ئېغىز ئاچماسلىققا ئۈندەيدىغاندەك، ئوتتۇرىدا مەن بولسام گەپ قىلماي تۇرۇۋالاتتى، داستىخاننى مول قىلسامۇ، قورۇق نان بەرسەممۇ ئوخشاشلا رەھمەت دەيتتى، تاماقنى چىشىنىڭ كاۋىكىنى تولدۇرغىدەك دەرىجىدە ئاز يەيتتى، ئەمما بۇ قېتىم تاۋاقتىكى ھالۋىنىڭ تەمىنى تېتىپ بېقىپ كۆزلىرى ئويناپ كەتتى.

— بۇ ھالۋا نېمىدېگەن لەززەتلىك كەررا، قولۇڭغا دەرت كەلمىسۇن، قانداق ئەتتىڭ بۇنى؟ - دېدى ئۇ.

بۇ چاغدا ماڭا نېمە بولدىكىن بىلمىدىم، ماختاشلىرىدىن خوش بولماقتا يوق، ئاچچىقىم كەلدى:

— نېمىشقا سورايسەن؟ ساڭا دېسەممۇ بۇنى بۇنداق ئوخشىتىپ ئېتەلمەيسەن!

شەمس بۇ گەپكە قايىل بولۇپ بېشىنى بوش لىڭشىتتى، بىر نەرسە دەمدىكىن، تېرىكەمدىكىن دېگەنىدىم، ئەمما ئۇنداق قىلماي بىر دەم تۇرۇپ كەتتى.

بىر دەمدىن كېيىن ئۆيدىن چىقىپ ئۇلارنى يالغۇز قويدۇم. بۇ ئىشنى ئەسلى ئۇنتۇپ كەتكەنىدىم، ئەمما بۇ ئەتىگەندە شۇنداق بىر ئىش يۈز بەردىكى، ئۆتكەن ئىشلارنى بار باشتىن ئەسلىدىم.

* * *

ئوچاق بېشىدا تەڭنىدە سارماي قىلىۋاتاتتىم، هويلىدىن غەلىتە ئاۋازلار كەلدى. سىرتقا چىقىپ ئاجايىپ بىر مەنزىرىنى كۆردۈم. ھەممە يەر كىتاب، كىتابلار كۈنۈس شەكلىدە ئۈستى ـ ئۈستىلەپ تىزىلغان بولۇپ، ھازىرلا ئۆرۈلۈپ چۈشۈپ كېتىدىغاندەك قىلاتتى. ئوتتۇرىغا يۈزلەرچە كىتاب ۋە قوليازمىلار چېچىلغان، يەنە بىر قىسمى هويلىغا چۆرۈۋېتىلگەن. رەڭلىرى چىقىپ كەتكەچكە هويلىدىكى تەرەت ئالىدىغان سۇ كۆك رەڭگە كىرىشكە باشلىغانىدى.

شەمس كۆز ئالدىمدىكى كىتاب دۆۋىسىدىن بىر كىتاب ئېلىپ، مۇنداقلا بىر ۋاراقلاپ قويۇپ سۇغا ئاتتى. قارىسام، دىۋانۇل مۇتەنەببى دېگەن كىتاب. كىتاب سۇ ئۈستىگە لەيلەپ چىقار چىقماس، ئۇ باشقا بىرىنى ئالدى، بۇ پەرىدۇن ئەتتارنىڭ «ئەسرارنامە» دېگەن كىتابى ئىدى.

دەهشەتكە چۆمدۈم، ئۇ ئېرىم ئەڭ ئەتىۋارلايدىغان كىتابلارنى بىر ـ بىرلەپ ۋەيران قىلىۋاتاتتى! شۇ قاتاردا رۇمىنىڭ دادىسىدىن قالغان «قامۇس ئالەم» ناملىق كىتابمۇ بار ئىدى. رۇمىنىڭ دادىسىغا زوقمەنلىكىنى، بۇ كونا قوليازمىغا بەكلا ئامراقلىقىنى بىلگەچكە، ئۇنىڭغا پات ـ پات قاراپ قويدۇم.

بىراق رۇمى بىر چەتتە جىممىدە قاراپ تۇراتتى. تومۇرلىرى كۆپۈپ، قوللىرى تىترەپ تۇرسىمۇ لام ـ جىم دېمەيتتى. بۇ ئىش قەتئىي كاللامدىن ئۆتمىدى. ئەينى چاغدا كىتابلىرىنى سۈرتۈپ قوياي دېسەممۇ كۆڭلۈمگە ئازار بەرگەن بۇ ئادەم ئەمدى كۆتۈۋېتىپ كۇتۇپخانىسىنى ۋەيران قىلىۋاتقان ساراڭنىڭ تاماشاسىنى كۆرۈۋاتقان بىر ئادەمگە ئايلانغان بولۇپ، بىر ئېغىزمۇ گەپ

قىلماي قاراپ تۇراتتى! بۇ ئىغىر ناھەقچىلىق ئىدى. رۇمى بۇنىڭغا گەپ قىلمىسا، مەن گەپ قىلاتتىم.

— نېمە قىلىۋاتىسەن؟ - دەپ ۋاقىردىم شەمسكە، - بۇ ناھايىتى قىممەتلىك كىتابلار تۇرسا، نېمىشقا ئۇنى سۇغا چۆرىۋېتىسەن؟ ساراڭ بولدۇڭمۇ سەن؟

شەمس ماڭا جاۋاب بەرمەي رۇمىغا قارىدى.

— سەنمۇ شۇنداق دەپ ئويلامسەن؟ - دەپ سورىدى.

رۇمى لېۋىنى يىمىرىپ، بىلىنەر-بىلىنمەس كۈلۈمسىرىدى، ئەمما ھېچنېمە دېمىدى.

— نېمىشقا گەپ قىلمايسەن؟ - دەپ ۋاقىرىدىم ئېرىمگە.

رۇمى يېنىمغا كېلىپ، قولۇمنى چىڭ تۇتتى:

— ئۆزەڭنى بېسىۋال كەررا، شەمسكە يۈزدەيۈز ئىشىنىمەن، ئۇنىڭ بۇنداق قىلىشىنىڭ چوقۇم بىر سەۋەبى بار.

شەمس ماڭا مۇرىسىنىڭ ئۈستىدىن بىر قاراپ قويدى، يەڭگىل، ئازادە كۆرۈنەتتى، دېمەك ئۆزىگە تولۇق ئىشىنەتتى. ئۇ تونىنىڭ يېڭىنى تۈرۈپ، قولىنى سۇغا تىقىپ، سۇدىكى كىتابلارنى بىر-بىرلەپ سۇزدى. ھەيرانلىقتىن داڭقېتىپ تۇرۇپ قالدىم، چۈنكى سۇدىن چىقارغان بۇ كىتابلارنىڭ ھەممىسى قۇپقۇرۇق تۇراتتى.

— بۇ سېھىر ياكى ئەپسۇنمۇ؟ قانداق قىلدىڭ بۇنى؟ - دەپ سورىدىم.

بۇ چاغدا شەمس ناھايىتى تەمكىنلىك بىلەن ماڭا قاراپ مۇنداق دېدى:

— بۇنى نېمىشقا سورايسەن؟ چۈشەندۈرسەممۇ بۇنى مەندەك قىلالمايسەن.

ئاچچىقىمدىن تىترەپ ئۇلارنى ھويلىغا تاشلاپ قويۇپ، ئاشخانىغا قايتتىم. بىردىنبىر پاناھلىنىدىغان يېرىم مۇشۇ ئاشخانا ئىدى، بۇ يەردە، ئون نەچچە كورا، ساپلىق، بىر دۆۋە پاسار ۋە دورا-دەرمەك ئارىسىدا يەردە ئولتۇرۇۋېلىپ توختىماي يىغلىدىم.

رۇمى

كونيا، 1245-يىل 12-ئاي

تاڭ ئاتار-ئاتماس شەمس بىلەن ئۆيدىن چىقىپ، ئېتىمىزنى بولۇشىغا يورغىلىتىپ، چىملىق، كۆكتاتلىق، بۇلاقلار ئارىسىدىن ئۆتتۇق،

تاڭ شاملىنىڭ يۇزىمىزنى ئىللىق سىپاشلىرىدىن ھۇزۇرلاندۇق. قارانچۇقلار بۇغداي ئېتىزلىقى ئارىسىدىن بىزگە سالام بەردى؛ بىر دېھقانىنىڭ ئۆيىنىڭ ئالدىدىكى ئارغامچىغا يېيىقلىق ئىچ كىيىملەر شامالدا لەپەڭلىدى.

شەمس ئاتنىڭ تىزگىنىگە ئېسىلىپ، يىراقتىكى بىر دۆب دەرىخنى كۆرسەتتى. بىللە بېرىپ ئۇ دەرەخنىڭ ئاستىدا ئولتۇرۇپ، ساغۇچ رەڭگە كىرگەن ئاسماننى تاماشا قىلدۇق. يىراقتىن بامدات نامازغا ئەزان چىققاندا شەمس تونىنى يەرگە سالدى، بىللە ناماز ئوقۇدۇق. نامازدىن كېيىن دۇئا قىلغاندا پەقەت ئۆزىمىز ئۈچۈنلا ئەمەس، بارلىق ئىنسانلارغا ياخشىلىق تىلىدۇق.

يىگىرمە ئالتىنچى نىزام: كائىنات بىر ۋۇجۇت، يەككە بارلىقتۇر. ھەممە نەرسە ۋە ھەممە ئادەم كۆرۈنمەس رىشتە بىلەن بىر-بىرىگە باغلانغاندۇر. بىر كىمنىڭ قارغىشىنى ئېلىپ قالما؛ بىراۋنى، سەندىن ئاجىز كەلگەنني قاقشاتما، ئېسىڭدە بولسۇنكى، دۇنيانىڭ ئۇ چېتىدىكى بىر ئىنساننىڭ ئازابى بارلىق ئىنسانلارنى بەختسىز قىلىدۇ. شۇنداقلا بىر ئىنساننىڭ بەختى بارلىق ئىنسانلارغا خۇشاللىق ئېلىپ كېلىدۇ.

— كونياغا تۈنجى كەلگەندە بۇ دەرەخنىڭ تۈۋىدە ئولتۇرغانىدىم،- دېدى شەمس گەپ باشلاپ،- بىر بىچارە دېھقان بىلەن تونۇشتۇم، ساڭا چوقۇناتتى، ۋەزىلىرىڭنىڭ دەرت-ئەلەمگە شىپا بولىدىغانلىقىنى ئاڭلاپتىكەن.

— مېنى سۆز خەزىنىلىرىنىڭ ئىگىسى دېيىشەتتى،-دېدىم،- ئەمما ئۇ ئەمدى بۇرۇنقى ئىشلار، ئەمدى ۋەز ئېيتىشقىمۇ، خۇتبە سۆزلەشكىمۇ رايىم يوق، دېگۈدەك سۆزۈممۇ قالمىدى.

— سەن يەنە سۆز خەزىنىلىرىنىڭ خوجىدارى بولىسەن،-دېدى شەمس،- ئەمما بۇرۇنقىغا سەل ئوخشىمايسەن، ئىلگىرى ۋەز ئېيتىدىغان ئاقىل ئىدىڭ، ئەمدى يۈرىكىڭ ناخشا ئېيتىدۇ.

ئۇنىڭ نېمە دېمەكچى بولغىنىنى بىلمىدىم ھەم سورىمىدىم. تاڭ ساباسى كېچىنىڭ چاڭ-توزانلىرىنى تازىلاپ ئاسمانغا ساغۇچ پەردە تارتتى. كۆز ئالدىمىزدىكى شەھەر ئويغىنىۋاتاتتى. قارغىلار كۆكتات ئېتىزلىرىغا كىرىۋالغان، ئوچاقتا ئوتلار يېقىلغان، باللار يۈزىنى يۇيۇۋاتقان، ھەممە ئادەم يېپيېڭى بىر كۈنگە تەييارلىق قىلىۋاتاتتى.

شەمس بوش ئاۋازدا:

— دۇنيانىڭ ھەممە يېرىدا ئىنسانلار بەختلىك بولۇش ئۈچۈن تىرىشىدۇ، مۇكەممەل ھاياتقا ئىنتىلىدۇ. ئەمما ئۇلار مەنىۋى بىر يولباشچىدىن مەھرۇم، - دېدى، - سېنىڭ سۆزلىرىڭ ئۇلارغا ياردەم بېرىدۇ، ئۇلارنىڭ دىلىنى يورۇتىدۇ، مەنمۇ بۇ يولدا سېنىڭ خىزمەتكارىڭ بولىمەن.

— ئۇنداق دېمە، - دەپ ئېتىراز بىلدۈردۈم، - سەن مېنىڭ دوستۇم.

شەمس بۇ ئېتىرازىمغا پەرۋا قىلماي سۆزىنى داۋام قىلدى:

— ئەنسىرەيدىغىنىم، سېنى يوشۇرغان نىقاپ، مەشھۇر ۋە مۆھتەرەم ئىنسانسەن، ئەتراپىڭنى ساڭا چوقۇنىدىغانلار ئورىۋالغان، ئەمما ئادەتتىكى ئىنسانلارنى قانچىلىك بىلىسەن؟ ۋەيران بولغانلارنى، چەتكە قېقىلغانلارنى چۈشەنمەي تۇرۇپ، بۇ جەمئىيەتنى چۈشىنىش مۇمكىن ئەمەس، مەستلەرنى، تىلەمچىلەرنى، ئوغرىلارنى، پاھىشىلەرنى، قىمارۋازلارنى... تەسەللىي ئاڭلاپ باقمىغانلارنى، نەزەردىن ساقىت قىلىنغانلارنى، شۆھرەت قازانغانلارنى... ئاللاھ ياراتقان ھەر قانداق مەخلۇقنى ياخشى كۆرەلەيمىزمۇ؟ بۇ ناھايىتى ئېغىر سىناقتۇر ھەم بۇنىڭغا ناھايىتى ئاز كىشى قاتنىشالايدۇ.

سۆزلىگەنچە ئۇنىڭ چىرايىدا ئاتىلارچە مېھرىبانلىق پەيدا بولدى.

ئۇنىڭ سۆزى توغرا ئىدى.

— راست، مەن ھەر زامان قوغدىلىپ، ئېتىبار ئىچىدە ياشىدىم، جەمئىيەتتىكى ئاجىز كىشىلەرنىڭ قانداق ياشايدىغانلىقىنىمۇ بىلمەيمەن.

شەمس يەرگە ئېڭىشىپ بىر ئوچۇم توپا ئېلىپ ئۈۋىدى، ئاندىن سۇنۇپ كەتكەن تەمەچنى ئېلىپ، ئورنىدىن قوپۇپ، دۇب دەرىخىنىڭ ئەتراپىغا كەڭ چەمبەر سىزىشقا باشلىدى. سىزىپ بولۇپ، گويا كۆرۈنمەس بىر كىمنىڭ ئۆزىنى ھەرىكەتلەندۈرۈشىنى كۈتۈۋاتقاندەك قولىنى ئاسمانغا كۆتۈرۈپ، ئاللاھنىڭ گۈزەل ئىسىملىرىنى سانىغاچ چەمبەرنىڭ ئىچىدە ئايلىنىشقا باشلىدى. ئاۋۋال ئاستا - ئاستا، ئېھتىيات ۋە دىققەت بىلەن، ئارقىدىن ئۆزىنى ئۇنتۇغان ھالدا، بارغانچە تېزلىشىۋاتقان بىر ئۇدارغا ئەگىشىۋاتقاندەك، مۆجىزىۋى بىر قۇدرەت بىلەن توختىماي ئايلاندى. پۈتۈن كائىنات، جۈملىدىن ئاي - يۇلتۇزلارمۇ ئۇنىڭ بىلەن بىللە ساماغا چۈشتى. بۇ ئاجايىپ ئۇسسۇلنى كۆرۈپ كۆز ياشلىرىمنى توختىتىۋالالماي قالدىم، بۇ يۈكسەك ھاياجانغا پۈتۈن ۋۇجۇدۇم بىلەن بېرىلدىم.

ئاخىرىدا شەمس ئاستىلاپ، توختىدى. دەممۇ دەم نەپەسلىنىپ، غەيبەتىن ۋەھىي ئېلىۋاتقاندەك بوغۇق ئاۋازدا سۆز باشلىدى: كۆنلەرنىڭ

بىردە سېنى ئىشىق شائىرى دەپ ئاتىشىدۇ، دۇنيانىڭ تۆت تەرىپىدە ياشايدىغان، سېنى كۆرۈپ باقمىغان كىشىلەرمۇ سېنىڭ سۆزۈڭدىن ئىلھام، زوق، مەدەت ئالىدۇ.

بۇنىڭغا ئىشىنىش تەس ئىدى.

— بۇ قانداق شۇنداق بولىدۇ؟ - دەپ سورىدىم.

— بۇ دەرس ياكى ۋەز - تەبلىغ بىلەن ئەمەس، شېئىر ئارقىلىق بولىدۇ.

— شېئىر بىلەنمۇ؟ - دېدىم ئۆندەرەپ، - مەن ئادەتتە شېئىر يازمايمەن، شائىر ئەمەسمەن، ئۆلىما كىشىمەن، مېنىڭ ئىشىم سەنئەت ئەمەس، ئىلىم - ئىرپان.

شەمس لېۋىنى بوش چىشلىدى.

— دوستۇم، سەن بۇ دۇنيانىڭ ئەڭ ئۇلۇغ شائىرى بولىسەن.

ئۇنىڭ بىلەن تالاش - تارتىش قىلغۇدەك ھالىم يوق ئىدى.

— ئەگەر دېگەنلىرىڭ راست بولسا، نېمە ئىش قىلساق تەڭ قىلىمىز، - دېدىم.

بۇ چاغدا شەمس جىمىپ كەتتى، ئارىمىزنى كۆڭۈلسىز سۈكۈت باستى، ئۇ كۆزلىرىنى مەندىن قاچۇردى. "نېمە بولدى" دەپ سوراۋەرگىنىمدىن كېيىن ئاخىرىدا بىر نەرسىنى ئېتىراپ قىلغاندەك تەسلىكتە گەپ قىلدى:

— بۇ يولدا ساڭا ئاخىرىغىچە ھەمراھ بولغۇم بار ئىدى، ئەمما ئۇنداق قىلالمايمەن. مېنىڭ مەنزىلىم ئېنىق، يېنىڭدا تۇرۇپ بولالمايمەن، كېتىشىم كېرەك.

— بۇ قانداق گەپ؟ نەگە كېتىسەن؟ - دەپ سورىدىم جىددىيلىشىپ، - ھېچنەگە كېتەلمەيسەن.

شەمس لېۋىنى چىشلىدى.

— بۇ مېنىڭ ئىلكىمدىكى ئىش ئەمەس، - دېدى ئۇ.

تۇيۇقسىز شامال چىقىپ يېنىمىزنى سىيپاپ ئۆتتى، ھاۋا توساتتىن سوۋۇدى. شۇ ئان ئۇ يەردە پىچاقتا كېسىۋېتىلگەندەك، كۈز مەۋسۇمى ئاخىرلاشتى. سۈزۈك، پاك ئاسماندىن ئۈستىمىزگە ئىللىق يامغۇر تامچىلاشقا باشلىدى. شۇ ئان، شەمسنىڭ ھامان بىر كۈنى مەندىن ئايرىلىدىغانلىقىدەك شۇم خىيال تۇنجى رەت كاللامدىن ئۆتتى.

بۇ خىيال مېنى شۇنچىلىك ئازابلىدىكى، قاتمۇ قات ئېغىر يۈك ئاستىدا قالغاندەك تۇنجۇقۇپ، يۈرىكىم ئاغرىپ كەتتى. ئۇنىڭغا بۇرۇلۇپ، كۆزىگە تىكىلىپ قارىيالمىدىم.

سۇلتان ۋەلەد
كونيا، 1245 ـ يىل 12 ـ ئاي

پىتنە ـ پاساتلار يۈرىكىمنى داغلىماقتا، خەقلەر ئۆزى تونۇمايدىغان ئادەم ھەققىدە نېمىشقا بۇنچە كۆپ گەپ قىلىشىدۇ؟ گەپلىرى ھەقىقەتكە يېقىنمۇ كەلمەيدۇ! ئۇلار دادام بىلەن شەمس ئوتتۇرىسىدىكى مەنىۋى رىشتىنىڭ قانچىلىك كۈچلۈك ئىكەنلىكىنى بىلىشمەيدۇ. قۇرئان كەرىمنى ئوقۇمايدىغانلىقىمۇ ئېنىق، بولمىسا قۇرئاندا بۇنداق مەنىۋى رىشتىگە ئائىت قىسسىلەرنىڭ بارلىقىنى بىلگەن بولاتتى. مەسىلەن، مۇسا ئەلەيھىسسالام بىلەن خىزىر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەمراھلىقى ئەنە شۇنداق.

كەھف سۈرىسىدە ئېنىق تۇرمامدۇ؟! مۇسا ئەلەيھىسسالام مۆجىزىۋى يولباشچى، مەرتىۋىلىك ئىنسان بولۇش بىلەن بىرگە، كۆنلەرنىڭ بىرىدە پەيغەمبەر بولالىغۇدەك ئېسىل سۈپەتكە ئىگە كىشى ئىكەن. ئەمما كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇ ئۆزىنىڭ قەلب كۆزىنى ئاچىدىغان بىر دوستقا مۇھتاج بولۇپ، شۇنداق كىشىنى تېپىش ئۈچۈن ئاللاھقا دۇئا قىلىپتۇ، دۇئاسى ئاخىر ئىجابەت بوپتۇ، بۇ دوست، بېشىغا كۈن چۈشكەنلەرنىڭ يېنىدا ھازىر بولىدىغان خىزىر ئەلەيھىسسالام ئىكەن.

خىزىر ئەلەيھىسسالام مۇسا ئەلەيھىسسالامغا مۇنداق دەپتۇ:

— مەن ئۆمۈر بويى جاھان كېزىپ يۈرىمەن. سەن يولدا ماڭا ھەمراھ بولىمەن دەيسەن، ئەمما بۇنىڭ ئۈچۈن بىر شەرتىم بار: بىرەر ئىش قىلسام ئۇنىڭ سەۋەبىنى سورىمايسەن. سەپەردە ماڭا گەپ قىلماي ماڭالامسەن؟ ماڭا ئىشىنەلەمسەن؟

— ئەلۋەتتە، ـ دەپتۇ مۇسا، ـ سەن بىلەن ماڭاي، ۋەدە بېرەيكى، سەندىن ھېچنېمە سورىمايمەن.

شۇنداق قىلىپ ئۇلار يولغا چىقىپ، شەھەرمۇ شەھەر كېزىپتۇ. ئەمما مۇسا ئەلەيھىسسالام يولبويى خىزىر ئەلەيھىسسالامنىڭ قىلغان ئىشلىرىنى كاللىسىدىن ئۆتكۈزەلمەپتۇ. قارىسا، بىر ياخشى ئادەمنىڭ كېمىسىنى سۇغا پاتۇرۇۋېتەكەن، بىر ئوبدان ئائىلىدە ئۆسكەن ئوغۇلنى ئۆلتۈرۈۋېتەكەن، ئارقىدىن، ئەسكى ئادەملەرنىڭ تېمىنى يۆلەپ قويۇۋاتقان... بۇ ئىشلار ئادالەتكە ۋە مەنتىقىگە ھېچ ئۇيغۇن كەلمىگەن. شۇنىڭ بىلەن، ئۆزىنى تۇتالماي سوراپتۇ:

— بۇ ئىشلىرىڭنى ھېچ چۈشەنمىدىم، نېمىشقا بۇنداق قىلىسەن؟

— مەندىن سوئال سورىما دېمىدىمۇ ساڭا مۇسا، نېمىشقا گېپىڭدە تۇرمايسەن؟ ـ دەپتۇ خىزىر ئەلەيھىسسالام.

ئۇلار يولىنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ. بىراق مۇسا ئەلەيھىسسالام ھەر قېتىم گېپىدە تۇرماي سوئال سوراۋېرىپتۇ. ئاخىرىدا خىزىر ئەلەيھىسسالام قىلغان ئىشلىرىنىڭ سەۋەبىنى بىرمۇ بىر بايان قىلىپتۇ. شۇئان مۇسا ئەلەيھىسسالام چۈشىنىپتۇ: ئەسلىدە قورقۇنچلۇق كۆرۈنگەن ئىشلارنىڭ ئارقىسىدا بىز بىلمەيدىغان سەۋەبلەر، ھەر يامانلىقنىڭ ئارقىسىدا بىر ياخشىلىق بار ئىكەن. خىزىر ئەلەيھىسسالام بىلەن بولغان يولداشلىقى سايىسىدە ئۇنىڭ قەلب كۆزى ئېچىلىپ، ئىلگىرى بىلمىگەن قانۇنىيەتنى بىلىشكە باشلاپتۇ.

بۇ مەسىلىدە يۈز بەرگىنىدەك، بۇ دۇنيادا ئادەتتىكى ئىنسانلارنىڭ كاللىسىدىن ئۆتمەيدىغان، ئەمما چوڭقۇر ئىلمگە قۇچاق ئاچقان دوستلۇقلار مەۋجۇتتۇر، شەمسنىڭ دادامنىڭ ھاياتىدىكى ئورنى ئەنە شۇنداق.

ئەمما كىشىلەر بۇنى مەندەك چۈشەنمەيدۇ، شۇڭا ئەنسىرەيمەن. يەنە كېلىپ، شەمس بۇ ئوتنى ئۇلغايتىۋاتىدۇ. ئۇ باشقىلارغا ياخشى كۆرۈنۈشكە قىلچە ئۇرۇنمىغاندەك، باشقىلار ئالدىدىمۇ ھەرگىز يۈز ئايىمايدۇ. بەزى كۈنلىرى دادامنىڭ ئىشىكىنىڭ تۈۋىگە كېلىۋېلىپ، كېلىپ كېتىۋاتقانلارنى قاراقچىدەك تەكشۈرىدۇ. كىمكى دادام بىلەن كۆرۈشمەكچى بولسا شەمس ئۇنىڭ ئالدىغا چىقىپ گەپ سوراپ تۇرۇۋالىدۇ.

— زاتى ئۇلۇغ بۇ مەۋلانا بىلەن نېمىشقا كۆرۈشىسەن؟ ـ دەپ سورايدۇ، كەلگەن ئادەم نېمە دېسە دېسۇن، ياقتۇرمايدۇ. ئاندىن: ئۇنداقتا سەن ئۇنىڭغا قانداق ھەدىيە ئەكەلدىڭ؟ دەيدۇ.

كەلگەنلەر نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي دۇدۇقلاپ تۇرۇپ قالىدۇ، شەمس ئۇلارنى ھەيدىۋېتىدۇ.

بۇ زىيارەتچىلەرنىڭ بىر قىسمى بىر نەچچە كۈندىن كېيىن كىشمىش، ئەتلەس يوتقان، يىپەك گىلەم، پاقلان...دېگەندەك پۇللۇق نەرسىلەرنى كۆتۈرۈپ كېلىدۇ، شەمس بۇنى كۆرۈپ تېخىمۇ غەزەبلىنىپ كېتىدۇ.

بىر كۈنى، دادام بىلەن كۆرۈشمەكچى بولغان، ئەمما شەمستىن زادىلا قۇتۇلالمىغان بىر ئادەم غەزەب بىلەن ۋاقىرىدى:

— بولدى قىل! مەۋلانانىڭ ئىشىكى ئالدىغا كەلگەننى قوغلايدىغان سەن نېمە ئادەمتىڭ؟ ھەممە ئادەمدىن، مەۋلاناغا نېمە ئەكەلدىڭ دەپ سورايسەن؟ سەنچۇ، سەن نېمە ئەكەلدىڭ ھەزرىتى مەۋلاناغا؟

— مەن ئۆزەمنى ھەدىيە قىلدىم،- دېدى شەمس تەمكىنلىك بىلەن،- مەن ئۇنىڭ يولىغا باش قويدۇم.
ئۇ ئادەم بۇنى ئاڭلاپ تاترىپ، نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي تۇرۇپ قالدى-دە، بۇ يەردىن سالپىيىپ كېتىپ قالدى.

* * *

شۇ كۈنى شەمسنىڭ يېنىغا بېرىپ، شۇنچە كۆپ ئادەم سېنى خاتا چۈشەنسە ئازابلانماسەن، ساڭا شۇنچە دۈشمەنلىك قىلىشىۋاتسا، كارىڭ يوق يۈرەمسەن؟ دەپ سورىدىم.
شەمس نېمە دەۋاتقانلىقىمنى چۈشەنمىگەندەك، ماڭا ئەجەبلىنىپ قارىدى. «مېنىڭ دۈشمىنىم يوق» دېدى ئۇ مۇرىسىنى سىلكىپ قويۇپ، «بىزنى تەنقىد قىلىدىغانلار چىقىدۇ، رەقىبىمىزمۇ، بىزگە ياقمايدىغانلارمۇ بولىدۇ. ئەمما ئاللاھ ئاشىقلىرىنىڭ دۈشمىنى بولمايدۇ. بىز ئۈچ-ئاداۋەت ساقلىمايمىز ئوغلۇم».
يىگىرمە يەتتىنچى نىزام: بۇ دۇنيا تاغقا ئوخشايدۇ، ئۇنىڭغا قانداق ۋاقىرىساڭ ئۇ شۇنداق ئەكس سادا قايتۇرىدۇ. ئاغزىڭدىن ياخشى گەپ چىقسا، ياخشى گەپ، يامان گەپ چىقسا يامان گەپ يانىدۇ. شۇڭا، كىمكى سەن توغرۇلۇق يامان گەپ قىلسا، سەن ئۇ ئادەم توغرۇلۇق قىرىق كۈن، قىرىق كېچە ياخشى گەپ قىل. قىرىق كۈندىن كېيىن كۆرىسەنكى، ھەممە ئىش ئۆزگەرگەن. سېنىڭ كۆڭلۈڭ ئۆزگەرسە، دۇنيامۇ ئۆزگىرىدۇ.
— ئەمما سەن خەقلەر بىلەن تالىشىپ، ھەتتا سوقۇشۇپ يۈرۈۋاتىسەن،- دېدىم.
شەمس كۈلۈمسىرىدى:
— مەن ئۇلار بىلەن ئەمەس، روھى بىلەن سوقۇشۇۋاتىمەن.
— بوپتۇ، لېكىن ئۇلار كېيىن سەن توغرۇلۇق قالايمىقان گەپ قىلىشىدۇ. ھەتتا ئىككى ئەركەك بۇنداق يېقىن دوست بولالمايدۇ. ئەگەر دوست بولسا ئىككىسىنىڭ ئارىسىدا ئېغىزغا ئالغىلى بولمايدىغان بىر چاتاق بار دېيىشىتىنمۇ يانمايدۇ. ئۇلارنىڭ بۇنداق رەزىللىكى ۋە پىتنىخورلۇقىغا شۇنچىلىك غەزىۋىم كېلىدۇكى...
شەمس بۇنى ئاڭلاپ ھەسرەتلىك تىندى-دە، ماڭا بىر ھېكايە سۆزلەپ بەردى.
ئىككى سەيياھ بىر شەھەردىن يەنە بىر شەھەرگە مېڭىپتۇ. يولدا سۇلىرى تېشىپ تۇرغان بىر دەريا ئۇچراپتۇ. دەريادىن كېچىپ ئۆتەيلى دەپ

تۇرۇشىغا، سەل نېرىدا سۇدىن قورقۇپ تىترەپ تۇرغان يالغۇز چوكاننى كۆرۈپتۇ. ئۇلاردىن بىرى دەرھال چوكاننىڭ يېنىغا بېرىپ، ئۇنى ھاپاش ئېتىپ، ئېقىن سۇدىن بۆسۈپ ئۆتۈپ، قارشى قىرغاققا قويۇپ، ئۇنىڭغا ئامانلىق تىلەپ يولىنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ.

ئەمما يولنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا يەنە بىرى زادى گەپ قىلماپتۇ، چىراي ئاچماپتۇ، قاپىقىنى تۈرۈپ مېڭىۋېرىپتۇ. بىر قانچە سائەت مۇشۇنداق ماڭغاندىن كېيىن تۇيۇقسىز زۇۋان ئېچىپتۇ: سەن نېمىشقا ئۇ ئايالغا ياردەم قىلىسەن؟ تېخى ئۇنىڭغا بەدىنىڭ تەگدى. ئۇ سېنى خىيالغا سېلىپ، ئازدۇرىدۇ ئەمەسمۇ! ئەر بىلەن ئايال بۇنداق تېگىشسە قانداق بولىدۇ؟ نومۇس ئەمەسمۇ! بولمايدۇ بۇ، بۇنداق ئىش بىزگە ياراشمايدۇ!

ئايالنى ھاپاش قىلغان سەيياھ سەۋرچانلىق بىلەن كۈلۈمسىرەپ: ئۇغۇ شۇنداق، مەن ئۇ چوكاننى دەريانىڭ قارشى تەرىپىگە ئۆتكۈزۈپ قويۇپ يېنىپ كەلسەم، سەن نېمىگە تېخىچە قايناپ يۈرسەن؟ ـ دەپتۇ.

—بەزى ئادەملەر مانا مۇشۇنداق، ـ دېدى شەمس، ـ ئۆز ئەندىشىلىرى ۋە بىر تەرەپلىمە قاراشلىرىنى باشقىلارغا تاڭىدۇ ۋە ئۇنىڭدا مەسىلە بار دەپ تۇرۇۋالىدۇ. ھەممە بېسىم مانا شۇنىڭدىن كېلىدۇ. ئۇلارنىڭ كاللىسى گۇمانغا تولۇپ كەتكەچكە، ئېغىر روھىي بېسىم ئاستىدا ئېزىلىدۇ. داداڭ بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىمنىڭ چوڭقۇرلۇقىنى چۈشەنمەيۋاتقانلارغا ئېيت، ئاۋۋال ئۆزىنىڭ كاللىسىدىكى غەللە ـ غەشلەرنى تازىلىسۇن.

ئېللا

بوستون، 2008، ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى

ئۆتكەنكى خېتىڭدە «رومانىڭنى ئىككى قېتىم ئوقۇپ، شەمس بىلەن شۇنچە كۆپ ئوخشاشلىقىڭ بارلىقىنى كۆرۈپ، كەچمىشلىرىڭگە قىزىقىپ قالدىم. قانداق بولۇپ سوپى بولۇپ قالغانلىقىڭنى سۆزلەپ بېرەمسەن؟» دەپتىكەنسەن، بۇرۇنقى ئىشلار ھەققىدە گەپ قىلىشنى ئانچە خالىمايمەن ئېللا، ئەمما ساڭا سۆزلەپ بېرەي.

مەن شوتلاندىيەنىڭ كىنلوچبېرۋى دەيدىغان بېلىقچىلار كەنتىدە تۇغۇلدۇم. ئۆيدىكىلەر ماڭا كراگ رىچاردسون دەپ ئىسىم قويۇپتىكەن. بالىلىقىمدىن ئەڭ ئېسىمدە قالغىنى بېلىقچىلار كېمىسى، تارتىلغان بېلىق توردىن يېشىل يىلاندەك ساڭگىلىغان تال ـ تال يوسۇنلار، ساھىل بويلاپ قۇرت چوقۇلاۋاتقان بېلىقئالغۇچلار، كۆز كۆرمىگەن يەردە بوي تارتىپ

ئۆسۈپ كەتكەن ياۋا گۈللەر، دېڭىزنىڭ ئۆتكۈر، تۇزلۇق ھىدى، ياپيېشىل تاغلار ۋە ئۇرۇشتىن كېيىن ياۋرۇپادا ھۆكۈم سۈرۈۋاتقان غەلىتە جىمجىتلىق... مەن مۇشۇلارنىڭ ئارىسىدا چوڭ بولدۇم.

ئارقىدىن پۈتۈن دۇنيا چوقان-سۈرەن ئىچىدە 1960-يىللارنىڭ توپان بالاسىغا قالدى. ئوقۇغۇچىلار ھەرىكىتى، ئايروپىلان بۇلاڭچىلىقى، يېڭى ئىنقىلاپلار... مەن بۇلارنىڭ ھەممىسىدىن خالىي خىلۋەت ماكانىمدا ياشاۋاتقان بولۇپ، تەڭتۇشلىرىم كىرىپ قالغان ئىنقىلاپ دولقۇنىدىن خەۋەرسىز ئىدىم. دادامنىڭ كونا كىتاب ساتىدىغان بىر دۇكىنى بار ئىدى، ئانام بولسا يۇڭى قىممەت قويلارنى يېتىشتۈرەتتى. شۇڭا مەن بالىلىقىمدىن بېرى پادىچى ئانامنىڭ يالغۇزلۇقى بىلەن كىتابپۇرۇش دادامنىڭ ئىچ مىجەزلىكىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان بولسام كېرەك. كۈنبويى دەرەخكە يامىشىپ چىقىپ يىراقتىكى مەنزىرىلەرنى تاماشا قىلاتتىم، ئۆمۈر بويى مۇشۇ يەردە ياشاشنى ئويلايتتىم. بەزىدە ئۆيدىن ئايرىلىپ، جاھان كۆرۈپ بېقىش خىيالىغىمۇ كېلىپ قالاتتىم، ئەمما كىنلوچىبېرۋىنى ياخشى كۆرەتتىم، تۇرمۇشۇمدىن رازى ئىدىم، مەشەدە تۇغۇلدۇم، مەشەدە ئۆلىمەن دەپ ئويلايتتىم. ئەمما ئاللاھنىڭ مەن ئۈچۈن يازغان ھېكايىسى تامامەن باشقا ئىكەن.

20 يېشىمدا ھاياتىمنى پۈتۈنلەي ئۆزگەرتىۋەتكەن ئىككى نەرسىگە يولۇقتۇم. بىرىنجىسى، سۈرەتچىلىك ئاپپاراتى. سۈرەتچىلىك كۇرسىغا تىزىملاتقانىدىم. دەسلەپتە ھەۋەس بىلەن كىرىپ قالغان بۇ ئىشنىڭ ئاخىر ئۆمۈرلۈك قىزىقىشىم بولۇپ قالىدىغانلىقىنى نەدىن بىلەي. ئىككىنچىسى، بىر ئايال بىلەن تونۇشۇپ قالدىم. ئۇ دوستلىرى بىلەن بىللە ياۋروپانى ساياھەت قىلىپ، يېزىمىزغا تاسادىپىي كېلىپ قالغان گوللاندىيەلىك ئايال بولۇپ، ئىسمى مارگوت ئىدى.

ئۇ مەندىن سەككىز ياش چوڭ بولۇپ، ناھايىتى چىرايلىق، ئېگىز بويلۇق، جەزىبىلىك، ئوچۇق ئايال ئىدى. جاھانكەزدى، ئىدىئالىست، رادىكال، زىيالىي، شەرەنداز، سولچى، ئەركىنلىكنى قوغدىغۇچى، ئانارخىست، ئەنئەنە مەدەنىيىتى تەرەپدارى، ئاياللار ھوقۇقىنى قوغدىغۇچى... مارگوتنىڭ بۇ سۈپەتلىرىنىڭ مەنىسىنىمۇ تولۇق بىلمەيتتىم. بىلىدىغىنىم پەقەت، ئۇ ئىككى ياققا تەۋرىنىپ تۇرىدىغان ئايال ئىدى.

بىر قارىسا، شۇنچە خۇشال، ئەسەبىي، كاللىسىدا ئۇمىدۋارلىققا تولغان مول پىكىرلەر، ئىشلارنى پىلانلاپ ئالدىراش يۈرگەن؛ بىر قارىسا،

سالپىيىپ، كۆزىنىڭ نۇرى ئۆچكەن. ئۇنىڭ كەيپىياتىنى ئالدىن بىلىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ياۋروپا تۇرمۇشىنى ئىگىلىۋالغان «بۇرژۇئازىيە باياشاتلىقىنىڭ ئىككى يۈزلىكىمىلىكى» گە ئەزەلدىن ئۆچ ئىدى. دائىم بىر ئىشلارنى زىغىرلاپ، تەنقىدلەپ كېتەتتى. مەندەك ئىغىر بېسىق، يۇۋاش ئادەمنىڭ مارگوتتەك ئەسەبىي ئايالدىن نېرى قاچمىغىنى ھازىرغىچە ئۆزەممۇ بىلمەيدىغان بىر تېپىشماقتۇر. ئۇنىڭدىن قاچمىدىم، بەلكى كۆزۈمنى يۇمۇپلا ئۇنىڭ قوينىغا ئۆزەمنى ئاتتىم. ئۇنىڭغا ئاشىق بولغانىدىم.

مارگوت ئاجايىپ ئايال ئىدى، كاللىسى ئىنقىلاۋى يېڭى پىكىرلەر، ئۆتكۈر تەنقىدلەر بىلەن تولغان بولۇپ، جەسۇر، مۇستەقىل، ئىسيانكار، شۇنىڭ بىلەن بىرگە كىرىستال گۈلدەك نازۇك ئىدى. بەزىدە، بىرەر ناچار گەپتىن تېرىكىپ بوغۇلۇپ كېتەتتى. ئۇنى دۇنيانىڭ رەھىمسىزلىكىدىن ھەم روھىي دۇنياسىدىكى ئەجەللىك ئاجىزلىقتىن قوغدىشىم كېرەك دەپ ئۆزەمگە ۋەدە بەردىم. ئەجىبا ئۇ مېنى مەن ئۇنى ياخشى كۆرگەندەك ياخشى كۆردىمۇ؟ ياق، ئېللا. ئۇ ماڭا سادىق ئىدى دەپمۇ قارىمايمەن. ئەمما شۇنى بىلىمەنكى، ئۇ ھېچكىمنى ياخشى كۆرمىسىمۇ، مېنى ياخشى كۆردى، يەنى ئۆزىگە خاس ئۇسلۇب بىلەن، قەدرىمنى قىلالىغىنىچە، ياخشى كۆرەلىگىنىچە، ئۆزىمۇ ھەيران قالغۇدەك دەرىجىدە ياخشى كۆردى...

شۇنداق قىلىپ، مارگوتنىڭ كەينىگە كىرىپ گوللاندىيەگە كەتتىم. ئۇ يەردە توي قىلدۇق، مارگوت بۇ يەردە بىر ئاز دېمىنى ئېلىۋالدى. ئاندىن سىياسىي ياكى ئىقتىسادىي سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ياۋرۇپادا پاناھلىق تىلىمەكچى بولغانلارغا ياردەم بېرىشكە ئاتلاندى. پاناھلىق تىلىگۈچىلەرنىڭ ئېھتىياجى ئۈچۈنلا خىزمەت قىلىدىغان بىر تەشكىلاتتا ئىشلەپ، دۇنيانىڭ ئەڭ ئاپەتلىك جايلىرىدىن گوللاندىيەگە قېچىپ كەلگەن ئائىلىلەرگە يېتەكچىلىك قىلاتتى. گويا ئۇلارنىڭ پەرىشتىسى ئىدى. شۇ دەرىجىدە ئىدىكى، ھىندونېزىيە، سومالى، ئارگېنتىنادىن، پەلەستىندىن كەلگەن بىر قانچە ئائىلە قىزلىرىغا ئۇنىڭ ئىسمىنى قويىدى.

مەن ئۇنداق ئىدىيالىستىك تەلەپلەرگە كۆڭۈل بۆلمەيدىغان ئالدىراش ئادەم ئىدى، ماددىيەتچى بولسام كېرەك، ئىشلىگەن يېرىدە نەتىجە قازىنىشقا ئىنتىلىدىغان ياشلاردىن بولۇش سۈپىتىم بىلەن تېخىمۇ يۇقىرى ئۆرلەش ئۈچۈن تىرىشاتتىم. كېيىن بىر خەلقئارا شىركەتتە ئىشلەشكە باشلىدىم، كەسپىم ياكى مائاشىم بىلەن مارگوتنىڭ كارى يوق

ئىدى، ئەمما مەن بۇلارغا بارغانچە ئەھمىيەت بەردىم، باي، قۇدرەتلىك بولۇشنى ئارزۇ قىلاتتىم.

مەن پۈتۈن ھاياتىمنى ئىنچىكە پىلانلىغانىدىم. ئىككى يىلدا بالىلىق بولاتتۇق، تەسەۋۋۇرۇمدىكى بەختلىك ئائىلە كۆرۈنۈشىدە ئىككى قىزىم بار ئىدى. كېلەچىكىمىزنىڭ پارلاق بولىدىغانلىقىغا ئىشىنەتتىم. نېمىلا دېگەنبىلەن، ياۋروپاغا كۆچمەنلەرنى ئېقىتىۋاتقان، بۇزۇق تۇرۇبىدەك ئۇ ۋەيرانە دۆلەتلەردە ئەمەس، دۇنيانىڭ ئەڭ تىنچ يېرىدە ياشاۋاتاتتۇق. ياش، ساغلام ئىدۇق. بىرەر ئىشنىڭ خاتا بولۇپ قېلىشىغا يول قويمايتتۇق. ھازىر بۇ قۇرلارنى يېزىۋاتقاندىمۇ ھەيران قېلىۋاتىمەن. ھازىر 54 ياشقا كىردىم، مارگوت بولسا ئاللىبۇرۇن دۇنيادىن كەتتى.

ھالبۇكى، ئۇ مەندىن ساغلام، مۇلايىم، ئاقكۆڭۈل ئىنسان ئىدى. ياشىسا ئۇ ياشىسا بولاتتى. چۈنكى يېمەك-ئىچمەككە بەك دىققەت قىلاتتى، دائىم چېنىقاتتى، ناچار ئادەتلەردىن يىراق تۇراتتى، ناھايىتى زىل، پۇختا ئىدى. ئارىمىزدا ياش پەرقى بولسىمۇ، مەندىن ياش تۇراتتى.

ئۇ تۇيۇقسىز ئۆلۈپ كەتتى. بىر كۈنى كېچىسى، گوللاندىيەگە پاناھلىق تىلەپ كەلگەن بىر رۇس مۇخبىرنى كۆرگىلى كەتكەنىدى. قايتاشىدا يۇقىرى سۈرئەتلىك تاشيولدا ماشىنىسى بۇزۇلۇپ قاپتۇ. قاتناش قائىدىلىرىگە ھەر ۋاقىت رىئايە قىلىدىغان ۋە مېنىمۇ دائىم ئاگاھلاندۇرۇپ تۇرىدىغان مارگوت، يولدا سىگنال چىرىغىنى يېقىپ كۈتۈپ تۇرماي، كاللىسى چۆگىلەپ قالغاندەك، ماشىنىسىدىن چىقىپ، يېقىن ئەتراپتىكى بىر يېزىغا قاراپ مېڭىپتۇ. قاراڭغۇلۇققا سىڭىپ كېتىدىغاندەك، توق قەھۋە رەڭلىك يامغۇرلۇق كىيىمى، قارامتۇل ئىشتان كىيىۋاپتىكەن... يۈز مېتىر ماڭغاندا ناھايىتى تېز كەلگەن بىر ماشىنىغا سوقۇلۇپتۇ. يۇگوسلاۋىيەنىڭ نومۇر تاختىسىنى ئاسقان يۈك ماشىنىسىكەن، شوپۇر ئۇنى كۆرمەي قالغانمىش.

سۆيۈملۈك ئايالىمدىن ئايرىلىپ پۈتۈنلەي ئۆزگىرىپ كەتتىم. بېلىقچىلار كەنتىدىكى يىگىتلىك ساددىلىقىممۇ، شىركەتتىكى ئۇتۇق قازىنىش قىزغىنلىقىممۇ قالمىدى. ئىچىمدە يوشۇرۇنۇپ ياتقان، پۇت-قولى چۈشەپ قويۇلغان ھايۋان ئوتتۇرىغا چىقتى.

بەك تېز ئۆزگەردىم، بۇزۇلۇپ، ئايىنىپ كەتتىم، نىھايەت، چۈشكۈنلۈكتىن قۇتۇلدۇم. 1970-يىللارنىڭ بېشى ئىدى. بۇ ئۆمۈر مەنزىلىمنى سوپى سۆزىدىكى س ھەرپى بىلەن تونۇشقان مەزگىلىم دەيمەن.

كەچمىشىم مانا شۇ، ئىچىڭ سىقىلدى بولغاي ئىللا، بىر ئاز ئۇزۇن يېزىۋەتتىم. سېنى سۆيۈپ، ئەزىز

پاھىشە چۆل گۈلى
كونيا، 1245 ـ يىل 1 ـ ئاي

ئىش تېرىپ قويغىنىم ئۈچۈن جازالاندىم. خۇنسا دەللال مېنى ئەمدى ھېچيەرگە چىققىلى قويمايدۇ. بۇنىڭغىمۇ مەيلى. راستىنى ئېيتقاندا، خۇشاللىق نېمە، ئازاب نېمە، ئۇنداق تۇيغۇلاردا بولۇپ باقمىغىلى ئۇزاق بولدى. كۇنلەر يەنە ئاستا ئۆتمەكتە. ھەر كۈنى ئەتىگەندە ئەينەككە قارىسام، چىرايىم بارغانچە سولغۇن ۋە ھالسىز. چېچىمنى تاراپ پەردازمۇ قىلمايمەن، يۈزۈمگە ئەڭلىك ھەم سۈرمەيمەن. باشقا قىزلار چىرايىمغا قاراپ ئەيىبلىشىدۇ، خېرىدارلارنى قاچۇرۇۋاتقۇدەكمىشمەن. بەلكىم شۇنداقتۇر، ئەمما ھېچكىمنى جەلپ قىلىشنى خالىمايمەن. ئەركەكلەرگە چىرايلىق كۆرۈنۈشتىن بىزار بولدۇم، خورلاندىم. ھېچكىمنىڭ دىققىتىنى جەلپ قىلمىسام، بىر بۇلۇڭدا جىمجىت قېرىپ ئۆلۈپ كەتسەم دەيمەن...

بۇلارنى ئويلاپ يۈرگىنىمدە، ئۇلۇشكۈن ئاخشام بىر خېرىدارنىڭ مېنى كۆرمەن دەپ تۇرۇۋالغانلىقىنى ئاڭلاپ ھەيران قالدىم، بېرىپ قارىسام، بايبارس! ھەيرانلىقىمنى قورقۇنچ بېسىپ كەتتى...

مەن ـ ئالدىدا، ئۇ ئارقىدا، ئۈستى قەۋەتتىكى پاكار ياتاقلارنىڭ بىرىگە كىردۇق. يالغۇز قالار ـ قالماي ئىچىم سىقىلىپ سورىدىم:

— سەن پاششاپ ئەمەسمۇ؟ جەمئىيەتنىڭ تەرتىپى ۋە ئەخلاقىنى قوغداش سېنىڭ ۋەزىپەڭ ئىدىغۇ؟ پاھىشخانىدا نېمە ئىش قىلىسەن؟

— قارا بۇنىڭ گېپىگە، ـ دېدى بايباس مەسخىرە قىلىپ، ـ ئەمىسە سەندەك پاھىشەگە ئۇ كۈنى جامەدە نېمە بار؟ سەن ئۇ يەرگە بارساڭ بولىدىكەنۇ، مەن بۇ يەرگە كەلسەم بولمامدىكەن؟

— ئۇ كۈننىڭ گېپىنى قىلما، سېنىڭ دەستىڭدىن ئۇ كۈنى ئۆلگىلى تاس قالدىم. ھەممە ئادەمنى ماڭا قارشى كۈشكۈرتتۇڭ. سەن بۇ پاھىشخانىنىڭ چاپارمەنى ئەمەسمىدىڭ؟ بۇ قانداق گەپ؟ ـ دېدىم ۋە بۇنىڭغا ئۈلاپلا، ـ ئەگەر شەمس بولمىغان بولسا، ئاللىقاچان ئۆلگەن بولاتتىم. ئاللاھ ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن، ـ دېدىم.

— ماڭا قارا، مېنىڭ ئالدىمدا شۇ ئوغرىنىڭ گېپىنى قىلما، نەق كاپىر ئۇ!

بايبارىستەك زوراۋان بىلەن گەپ تالىشىپ قالسام بولمايتتى، ئەمما گېپىمنى دەۋەتتىم:

— مەن شەمس تەبرىزىگە ئىشىنىمەن، ئۇ سەن دېگەندەك ئەسكى ئادەم ئەمەس، ئۇ نەچچە قېتىم مېنى كۆرگىلى كەلدى.

— بىر پاھىشە ماختاۋاتقان ئادەمدىن نېمە ياخشىلىق كەلسۇن؟ ـ دېدى ئۇ سەت ھىجىيىپ، ـ مانا، مانا، دېمەك ئىش باشقا! پاھىشىخانىغا بىر دەرۋىش كەلسە، نېمىشقا ھەيران قالمىغۇلۇق؟

— سەن دائىم بۇزۇق خىياللارنى قىلىپ يۈرگەچكە باشقىلارنىمۇ ئۆزەڭدەك چاغلاپ قالىسەن! بىراق ئۇ سەن ئويلىغاندەك ئەمەس، ـ دېدىم، ـ شەمس ماڭا ياردەم قىلىۋاتىدۇ، بۇ يولدىن مېنى قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن تىرىشىۋاتىدۇ. ئۇ دەيدۇكى، بىر كىشى بەختسىز بولۇپ قالسا، خارلانسا بۇنىڭ ۋابالى پۈتۈن شەھەرگە بولىمىش. بۇ ئۆمرۈمدە تۇنجى قېتىم بىرسى مېنى بەدىنىمدىن پايدىلىنىدىغان مال قاتارىدا ئەمەس، ئادەم قاتارىدا كۆرۈۋاتىدۇ. مەندىكى ھىدايەتنى كۆرەلىگەنلىكى ئۈچۈن ماڭا ياردەم قولىنى سۇنۇۋاتىدۇ.

— سەندە ھىدايەت نېمە ئىش قىلسۇن پاسكىنا؟ ـ دېدى بايبارس ئاچچىقلاپ، ـ بۇ كەچتە مېنى تېرىكتۇرمە، گۇناھكار قىلىسەن ئادەمنى!

— بىرەر ياخشى گەپ قىلغىنىڭنى ئاڭلىمىدىم... ـ دەپ غۇدۇڭشىدىم.

بۇ ھەقتە ھېچكىمگە تىنمىغانىدىم، ئەمدى كېلىپ بۇلارنى نېمىشقا بايبارسقا دەپ يۈرگىنىمنى ئۆزەممۇ بىلمىدىم. شەمس ئۆتكەنكى ئايلاردا ھەپتىدە بىر قېتىم مېنى كۆرگىلى كەلگەنىدى. قانداق قىلىپ باشقىلارنىڭ كۆزىگە چېلىقماي، خۇنسا دەللالغا تۇتۇلۇپ قالماي يېنىمغا كىرىدىغانلىقىغا ھەيران ئىدىم، ئىشقىلىپ كىرەتتى. باشقىلارغا دېسەم، "سېھىرۋازلىق بۇ" دېيىشى ئېنىق. ئەمما مەن بۇنىڭ سېھىرۋازلىق ئەمەسلىكىنى بىلەتتىم، شەمستە ئاللاھ ئاتا قىلغان ئالاھىدە ئىقتىدار بولۇپ، تامنىڭ، ئىشىكنىڭ نېرىسىنى كۆرەلەيتتى. خالىسا ئۆزىنى يوشۇرالايتتى. «ھازىرلىقىڭ پۈتكەن بولسا بۇ پاھىشىخانىدىن چىقىپ كەت، ئارقاڭغا قارىما» دەيتتى ماڭا. بۇ ئۆمرۈمدە بىر ئانام، بىر مۇشۇ شەمس ئىنسانىنىڭ ئىنسانىنى غەرەزسىز، تەمەسىز، خالىس سۆيەلەيدىغانلىقىنى كۆرسەتتى، بۇ جەھەتتىنلا، ئۇنىڭدىن ناھايىتى مىننەتدارمەن.

ئۇ مېنى، نېمە بولسا بولسۇن، بەدبەخت بولۇپ قالماسلىققا چاقىراتتى. «ئۈمىدسىزلەنمە چۆل گۈلى، ئۆزەڭنى تەسەۋۋۇپقا ئاتىماقچى

بولساڭ، ئارزۇيۇڭ ھەقىقىي بولسا، شۇنى بىلگىنكى، بىزنىڭ تەرىقىتىمىزدە ئۈمىدسىزلىككە ئورۇن يوق، ئۆزەڭنى چارىسىز ھېس قىلما. ھەقتائالانىڭ سۈپەتلىرى ئارىسىدا ئاجىزلىق، ئۈمىدسىزلىك دېگەن نەرسە يوق...» دەيتتى.

چۈشكۈنلىشىپ قالغىنىمدا، تەقدىرىمنىڭ مۇشۇنداق ئىكەنلىكىنى، قولۇمدىن ھېچنېمە كەلمەيدىغانلىقىنى ئېيتقىنىمدا ئۇ قىرىق نىزامىدىن بىرسىنى دەپ بەردى:

يىگىرمە سەككىزىنچى نىزام: ئۆتمۈش ئىچىمىزنى قاپلىۋالغان تۇماندىن ئىبارەت. كېلەچەك بولسا پۈتۈنلەي خىيال پەردىسى. كەلگۈسىنى بىلەلمەيمىز، ئۆتمۈشنى ھەم ئۆزگەرتەلمەيمىز. سوپىلار دائىم مۇشۇ پەيتنىڭ ھەقىقىتىدە ياشايدۇ.

مەن بۇلارنى خىيال قىلىۋاتقىنىمدا بايبارس ھەر بىر ھەرىكىتىمگە، چىراي ئىپادەمگە سىنچىلاپ قارايتتى. ئۇنىڭ تەرەپتىكى ئالغاي كۆزى ماڭا، ئارقامدىكى بىر نۇقتىغا تىكىلگەن بولۇپ، ئۇ يەردە گويا مەن كۆرەلمەيدىغان بىر نەرسە باردەك چەكچىيىپ، مېنى قورقۇتىۋېتىپ باراتتى.

بايبارسنىڭ شەمستىن نەپرەتلىنىدىغانلىقىنى بىلدىم. گەپنى بۇراش ئۈچۈن كېتىپ، ئىككى قەدەھ شاراپ ئەكەلدىم. قولۇمدىن ئېلىپلا كۆتۈرىۋەتتى، ئىككىنچى، ئۈچىنچى قەدەھنىمۇ شۇنداق تېز ئىچىپ تۈگەتتى، تۆتىنچى قەدەھنى ئىچىپ بولۇپ، زۇۋانى ئېچىلىشقا باشلىدى:

— دېگىنە قېنى، سېنىڭ ھۈنىرىڭ نېمە؟ ـ دەپ سورىدى بايبارس تىلىنى چايناپ، ـ بۇ پاھىشىخانىدىكى ھەر بىرىڭنىڭ بىردىن ماھارىتى بارمىش، سېنىڭ نېمە؟ ئۇسسۇل ـ پۇسسۇل ئويناامسەن ياكى كارىۋاتتا كۆرسىتەمسەن ھۈنىرىڭنى؟

— مەندە ھۈنەر يوق، ـ دېدىم، ـ ئەگەر كۆڭۈل ئاچىمەن دېسەڭ باشقا قىزلارنىڭ يېنىغا كىر، مەن سېنى خۇشال قىلالمايمەن.

ھەتتا مەندە يۇقۇملۇق جىنسىي كېسەللىك بار دەپ يالغان ئېيتتىم. خېرىدارغا مۇشۇنداق دېگىنىمنى بىلسە خۇنسا دەللال پاچىقىمنى چاقاتتى، ئەمما قورقۇپ قالمىدىم. بايبارسنىڭ مەندىن ۋاز كېچىشى ئۈچۈن كاللامغا كەلگەن بارلىق چارىلەرنى ئىشقا سالدىم.

ئەمما ئۇ كەتمىدى، نېمىلا دېسەم دولىسىنى چىقىرىپ قاراپ تۇردى. ھېچنېمىگە پەرۋا قىلمايدىغانلىقىنى ئېيتىپ، قوينىدىن بىر كۆن خالتا چىقىرىپ، ئىچىدىن قىزغۇچ دورا تۆكۈپ، ئاغزىغا كاپ ئېتىپ، مەززە قىلىپ چايناشقا باشلىدى. سەنمۇ چاينامسەن دەپ سورىدى.

— ياق ،- دېدىم بېشىمنى چايقاپ، ئۇنىڭ ئاغزىدىكى نەرسىنىڭ نېمىلىكىنى، بۇنىڭغا خۇمار بولغانلارنىڭ قانداق بولۇپ كېتىدىغانلىقىنى بىلەتتىم...

بايبارس قېلىنلىق بىلەن ھىجايدى:

— نېمە بولاتتى دەيمەن؟ قارىسام بەك ئەدەبلىك كۆرۈنىسەن. نېمىدىن مەھرۇم قالغىنىڭنى بىر بىلسەڭ، ئادەمنى لەيلىتىپ ئۇچۇرتىدۇ بۇ كاساپەت!

ئۇ ئوڭدا يېتىپ، تورۇستىكى ئۆمۈچۈك تورىنى جىمجىت كۆزەتتى. ئاندىن دەھشەتلىك ئىشلارنى، بۇگۈنگە قەدەر جەڭ مەيدانلىرىدا كۆرگەنلىرىنى بىر- بىرلەپ سۆزلىدى.

— چىنگىزخان ئۆلۈپ، توپىسى كۆككە سورۇلدى، ئەمما ئۇنىڭ روھى موغۇل ئەسكەرلىرىنىڭ قەلبىدە ھازىرغىچە ھايات،- دېدى بوغۇق بىر ئاۋازدا. ياۋۇز ئەرۋاھلاردەك باستۇرۇپ كەلگەن موغۇل ئەسكەرلىرىنىڭ كارۋانلارنى بۇلاپ، يېزىلارنى ۋەيران قىلىپ، ئۇچرىغانلا ئادەمنى ئەر، ئايال دېمەي چېپىپ ئۆلتۈرگەنلىكىنى ئېيتتى. «ئەمما موغۇللار كەلمىگەن بولسىمۇ، باشقا ئىشلار چىقاتتى، چۈنكى ئىنسانلار ياشايدىغان يەرنىڭ ھەممىسىدە ئۇرۇش بولىدۇ» دېدى.

ئارقىدىن: «سوغۇق قىش كېچىسى، نەچچە يۈز ئادەم ئۆلۈپ ياكى يارىلانغان جەڭ مەيدانىدا، بەزىلەر روھىنى تەسلىم قىلىۋاتقان، بەزىلەر جان تالىشىۋاتقاندا، ئارىدا شۇنداق بىر رەھىمدىللىك، نازۇكلۇق ھۆكۈم سۈرىدۇ، ھەر تەرەپ كىشى ئىشەنگۈسىز دەرىجىدە ھۇزۇرغا چۆمۈلىدۇ، بۇنى بىلەمسەن؟» دەپ سورىدى.

ئەندىكىپ كەتتىم، نەدىن بىلەتتىم؟ جاۋاب بېرەلمىدىم.

— قاچانكى بىر يەردە زور بالايى- ئاپەت يۈز بېرىپ، نۇرغۇن ئادەم ئۆلۈپ كەتسە، ئارقىدىنلا ئېغىر جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈرىدۇ. بۇ جىمجىتلىق ئەسلىدە دۇنيانىڭ ئەڭ مۇكەممەل سادادۇر،- دېدى بايبارس سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ، شاراپتىن كۆرە، ئۆز گېپىدىن بەكرەك مەست بولۇپ كەتكەندەك قىلاتتى.

— نېمىدېگەن ئېچىنىشلىق،- دېيەلىدىم پەقەت.

بايبارس كۈلدى:

— ئېچىنىشلىق دەمسەن؟ ئېچىنغۇدەك ئىش يوق قىزچاق! دۇنيا مۇشۇنداق، چوڭ بىلىق كىچىك بېلىقنى يەيدۇ، زالىم مەزلۇمنى خارلايدۇ!

ياشاشنىڭ بىرلا يولى بار، ئۇ بولسىمۇ جەڭ قىلىش، ـ دېدى ئۇ. ـ ئۇنداقتا سەن قانداق قىلىشىڭ كېرەك؟ كىچىك بېلىق بولمايمەن دېسەڭ، سەندەك خوتۇنلارغا بۇنىڭ بىرلا يولى بار: كۈچلۈك ئەرنىڭ قوينىغا كىرىش، ئۇ چاغدا ئۇ ئەر سېنى قوغدايدۇ.

نېمە دەۋاتقانلىقىنى چۈشەنمىگەن بولۇپ تۇرۇۋالدىم، ياخشى بولسۇن، يامان بولسۇن، بىر ئېغىز ئارتۇق گەپ قىلمىدىم. دېيىشىدىغان باشقا گەپ يوق ئىدى. ئۇ قولۇمدىن تۇتۇپ، مېنى يەرگە ئېتىپ، كىيىملىرىمنى سالدۇردى، قوپال، ياۋايى، ئاچكۆز ئىدى، ھەرىكىتىنى ئاستىلىتىشقا ئۇرۇنساممۇ، دورا ۋە شارابنىڭ كۈچىدىن خۇدىنى يوقاتقان بولۇپ، كۆزلىرى قانغا تولۇپ، ئاۋازى بوغۇلۇپ كەتكەنىدى: ئاغزىدىن مەجۇن، تەر، سېسىق گەپ چىقاتتى. ئۇ بىرلا چىڭقىلىپ ئىچىمگە كىردى، بەدىنىمنى تولغاپ ئاغرىق ئازابىنى پەسەيتمەكچى بولدۇم، ئەمما ئۇ پۈتۈن كۈچى بىلەن بېسىۋالدى، شۇنچىلىك قاتتىق باستىكى مىدىرلىغۇدەك ھالىم قالمىدى. ئۇ كۆرۈنمەس يىپ تەرىپىدىن ھەرىكەتلەندۈرۈلۈۋاتقان قونچاقتەك ئالدى ـ كەينىگە توختىماي مىدىرلاشقا باشلىدى، شەھۋەتى بوشالغاندىن كېيىنمۇ توختىمىدى، تېخى قانائەتلەنمىگەن بولسا كېرەك، ئاۋۋالقى ئاچكۆزلۈكى بىلەن ھەرىكىتىنى داۋاملاشتۇردى. تېخىمۇ قۇتراپ كېتىشىدىن ئەنسىرىگەنىدىم، توساتتىن، ئۆزلۈكىدىن ھېرىپ جىمىپ قالدى، تېخىچە ئۈستۈمدە ئىدى. بىر مىنۇت ئىلگىرى خارلانغان بەدىنىم ئەمدى ئۇنى يىرگەندۈرۈۋاتقاندەك، چىرايىمغا نەپرەت بىلەن قارىدى.

ئاخىرىدا بىر يانغا ئۆرۈلۈپ «قوپ، ئۈستىبېشىڭغا بىر نېمە كىي» دەپ بۇيرۇدى.

ئورنۇمدىن قوپۇپ بىر چەتتە ئالدىراش كىيىنىۋاتقىنىمدا ئۇ ئاغزىغا يەنە مەجۇن ئېتىپ، مېنى تاماشا قىلدى. «بۇندىن كېيىن باشقا ئەرگە يېتىپ بەرمەيسەن، سېنى ئاشنا قىلىۋالىمەن» دېدى.

خېرىدارلارنىڭ بەزىدە كەلسە ـ كەلمەس خىياللارغا كېلىشى، پاھىشەلەرنى ئىگىلىۋالماقچى بولۇشى ئادەتتىكى ئىشلار ئىدى. بۇنداق سەزگۈر مەسىلىلەرنى قاقباشلىق بىلەن بىر تەرەپ قىلىشنى، «نوچى ئەرسەن، سېنىڭ ئۈچۈنلا خىزمەت قىلىمەن» دەپ ئۇلارنى شىلاپ قويۇشنى، «ئەمما مېنى كىيىندۈرۈپ ياساندۇرۇشۇڭ، كۆپ پۇل خەجلىشىڭ، بولۇپمۇ خۇنسا دەللالنى رازى قىلىشىڭ كېرەك» دەپ يامان يەردىن تۇتىۋېلىشنى

بىلەتتىم. ئەمما ئەمدى يالغان سۆزلەپ بىر كىمنى ئالدىغۇم يوق ئىدى، بۇنداق ئويۇنلارغا تويۇپ كەتكەنىدىم.

— بولمايدۇ، ــ دېدىم، ــ مەندەك پاھىشە ساڭا ئاشنا بولمايدۇ. يەنە كېلىپ مەن يېقىندا بۇ يولنى پۈتۈنلەي تەرك ئېتىمەن، پاھىشىخانىدىن ئايرىلىپ، ئۆزەمنى ئىبادەتكە بېغىشلايمەن.

بايبارس ئۆمرىدە بۇنداق قىززىق گەپ ئاڭلاپ باقمىغاندەك، قاقاخلاپ كۈلۈپ كەتتى، شۇنچىلىك قاتتىق كۈلدىكى، كۆزلىرىدىن ياش چىقىپ كەتتى.

— ئىبادەت قىلىمىش تېخى، ۋاي ما سېكىلەكنى، ــ دېدى گەپ قىلالىغۇدەك ھالغا كېلىپ، ــ نەگە بارسەن بايقۇش، بىر دەم ئولتۇرساڭچۇ!

بايبارسقا گەپ قىلغانىنىڭ پايدىسى يوقلۇقىنى بىلەتتىم، ئەمما ئىختىيارىم ئىلكىمدە ئەمەس ئىدى.

— ئۆزەڭچە مېنى پەس كۆرۈۋاتىسەن، ئەمما ئىككىمىزنىڭ چوڭ پەرقى يوق، دېدىم ــ ئىككىلىمىز ئۆتكەن ئىشلارغا، قىلغان گۇناھلىرىمىزغا پۇشايمان قىلىمىز. ئەمما سەن، تاغاڭ سالامەت بولغاي، پاششاپ بولدۇڭ. مېنىڭ ئارقا تېرىكىم بولمىغاچقا، بۇ يەردە ياشاۋاتىمەن.

بايبارسنىڭ چىرايى ئۆزگىرىپ، قاپىقى تۈرۈلۈپ كەتتى. چەكچىيىپ تۇرغان كۆزلىرى غەزەپكە تولدى ــ دە، كېلىپلا چېچىمغا ئېسىلدى:

— نېمە دېدىڭ؟ ھە دەپ قويسام ھەددىڭدىن ئېشىۋاتامسەن تېخى بۇزۇق! نېمەڭگە مېنى ئۆزەڭگە سېلىشتۇرىسەن؟

بىر نەرسە دەي دەپ بولغىچە تۇيۇقسىز تەگكەن مۇشتتىن ئۇجۇقۇپ كەتتىم، يۈزۈمگە تەگكەن مۇشتنىڭ ئاغرىقىنى تارتىپ بولغىچە، پالاق ــ پۇلۇق قىلىپلا تامغا ئاتتى، قاتتىق زەربىدىن بېشىم پىقىراپ كەتتى، ئەمما باشتىن ئاخىر غىڭ قىلمىدىم، قارشىلىق كۆرسەتمىدىم.

بۇنداق ئىشلار بۇرۇنمۇ يۈز بەرگەن، خېرىدارلارنىڭ تىل ــ ھاقارىتى، تاياق ــ دۇمباسى، خورلاشلىرىغا تالاي قېتىم ئۇچرىغانىدىم.

* * *

بايبارس قورسىقىمغا، بېقىنىمغا قاتتىق تېپىشكە باشلىدى. يەردە سوزۇلۇپ ياتاتتىم، دەل شۇ پەيتتە، شۇ يەردە، چۈشەندۈرگىلى بولمايدىغان ئاجايىپ ھال يۈز بەردى: روھىم گويا تېنىمدىن ئايرىلدى، شۇنداق دېسە ئىشەنمەيتىكەنمەن، روھ خۇددى لەگلەككە — قۇيرۇقلۇق، رەڭدار، نازۇك، چىرايلىق لەگلەككە ئوخشايدىكەن... ئۇ ئۆزىنىڭ ئېغىرلىقىدىن قۇتۇلۇپ

ھاۋاغا ئۆرلەۋەردى. ئەركىنلىك نىمىدىگەن گۈزەل ـ ھە! شۇنچە يەڭگىل، كۆركەم، چەكسىز... بىر ماكانغا، بىر ئادرىسقا، بىر تەنگە چۈشىلىپ قالماسلىق ئەسلىدە نەقەدەر زور بەخت...

ئاسماندا ئۇچۇشقا باشلىدىم، قاياققا ئۇچۇشۇمدىن قەتئىينەزەر ئارامبەخش بوشلۇققا ئۇچۇرتۇلغانىدىم، چىڭ تۇرۇشنىڭ، كۈچەشنىڭ ھاجىتى يوق، لەرزان ئۇچاتتىم. كۈچ سەرپ قىلىشىمۇ كەتمەيتتى، چەكسىزلىكنى يۇتۇپ، چەكسىز بولغانىدىم. لەگلەك دېرىزىدىن چىقىپ يۇقىرى ئۆرلەشكە باشلىدى. خامان قىلىنغان پۇرچاق ئېتىزلىرىنىڭ ئۈستىدىن ئۆتتۇم، يېزىلىق قىزلار غىڭشىپ ئېيتقان خەلق ناخشىلىرىنى ئاڭلىدىم، كەچ كىرگەندە ئاپئاق نۇر چاقنىتىپ يېنىپ ئۆچۈپ تۇرغان ماي قوڭغۇزلىرىغا قاراپ كۈلۈمسىرىدىم، بىر يەرگە چۈشۈپ كېتىۋاتاتتىم، ئەمما مېنى يەر ئەمەس، بەلكى ئاسمان پەلەك ئۆزىگە تارتىپ كېتىۋاتاتتى.

ئۆلۈم ئەگەر مۇشۇ بولسا، ئۇنىڭدىن قورقمىسىمۇ بولغۇدەك، بارلىق دەرت ـ ئەلەم، غەم ـ قايغۇ، قورقۇنچلىرىم يوقالدى. يەر بىلەن ئاسمان كېسىشكەن جايدا ئىدىم، مېنى ھېچنېمە قورقۇتالمايتتى؛ شۇ چاغدا بىر ھەقىقەتنى چۈشەندىم: مەن شۇنچە يىلدىن بېرى خۇنسا دەللال ياكى ئۇ دېۋدەك يوغان چاكال كافادىن قورقۇپلا، بۇ پاھىشىخانىدىن كېتەلمىگەنىدىم. قاچسام مېنى تېپىۋېلىپ ئۇرىدۇ، زەخىملەندۈرىدۇ ياكى ئۆلتۈرىدۇ دەپ ئويلاپ، يىللاردىن بېرى نېمە دېسە ماقۇل دەپ تېنىمنى سېتىپ قۇلدەك ياشىغانىدىم. ئەمدىلىكتە ھەقتائالا ماڭا روھىمنىڭ لەگلەكتەك ئۇچالايدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ، ھېچنېمىدىن قورقماسلىقنى بىلدۈرۈۋاتاتتى. ماڭا بىر بايىبارس بالاسىنى بېرىپ، مېڭ بايىبارسقا باش بولۇشنىڭ يولىنى كۆرسىتىۋاتاتتى.

قورقۇپ تۈگۈلىۋېلىپ، بىر ئۆمۈر توشقاندەك ئۈۋىسىدىن چىقماي ياشاپ، ئاندىن بۇنىڭغا قانداق قىلاي، تەقدىرىم شۇنداقكەن دېگەننىڭ پايدىسى يوق. ئەگەر مەن، چۆل گۈلى، ساقىيىپلا قالسام، ئارقامغا قارىماي بۇ يەردىن كېتەتتىم. قالغان ھەممە نەرسە سودىدا تاماملىنىدۇ، شۇنداق، شەمس تەبرىزىنىڭ گېپى توغرا، مەينەتلىك بىلەن كىر، جۇنۇپلۇق بىلەن جاراھەت... بۇنىڭغا نېمە دېسەك دەيلى، يوشۇرۇن بولىدۇ، يەنى ئىچىمىزدە بولىدۇ. قالغان ھەممە نەرسە سۇدا يۇيۇلۇپ پاكىزلىنىدۇ.

كۆزلىرىمنى يۇمۇپ، ئۆزەمنىڭ باشقا ھالىنى تەسەۋۋۇر قىلدىم: ئۇ مەندىن ياش، گۈزەل، پاك، دۇئاگۈي، داۋاملىق تەۋبە قىلىدىغان قىز

بولۇپ، پاھىشخانىدىن قېچىپ، يېپيېڭى ھاياتنى باشلىغىنىمدا ئۈمىدۋار ھەم سەمىمىي، چەبدەس ھەم ئەقىللىق ئىدى. يۈزىدىن نۇر يېغىپ تۇراتتى، قەلبى ئىشەنچ ۋە ئۈمىدكە تولغانىدى. بۇ شۆنچىلىك راست، خىيالىمۇ شۇنچىلىك شىرىن ئىدىكى، تەبئىيلا كۈلۈمسىرىدىم.

— نېمىگە ھىجىيىسەن پاسكىنا؟ - دېدى بايبارس يەنە بىرنى تېپىپ، ئاغرىق دەستىدىن تۈگۈلۈپ قالدىمىۋ، يەنە كۈلۈمسىرىدىم.

— كېسىلىڭ تۇتتىمۇ سەن بۇزۇقنىڭ! نېمىگە ھىجىيىسەن دەۋاتىمەن؟ ياكى ماڭا كۈلۈۋاتامسەن؟ - دەپ سوراقلىدى ئۇ تىللىغاچ.

—ساڭا كۈلمەيۋاتىمەن، -دېدىم تەسلىكتە، -مېنى ئۆلۈم قورقۇنچىدىن قۇتقۇزدۇڭ. سېنىڭ باھانەڭدە بۇ پاھىشخانىدىن قۇتۇلىدىغان بولدۇم، رەھمەت.

بۇ چاغدا بايبارس ماڭا كۆزلىرى چىقىپ كەتكۈدەك چەكچىيىپ بىر دەم تۇرۇپ قالدى.

—بېشىڭنى يەيدىغان بۇزۇق... -دەپ غۇدۇڭشىدى. ئۆيدە جىن كۆرگەندەك ئۇياق-بۇياققا ماڭدى. تىترەپ تۇرغان قوللىرىدا ئىشىكنى ئېچىپ، مېنى يەردە تاشلاپ قويۇپ، سېھىرلىك تايىقى، سىرلىق كۆن خالتىسى، كىيىملىرىنى ئېلىۋېلىشنىمۇ ئۇنتۇپ، بىر كىم قوغلىغاندەك پەلەمپەيدىن چۈشۈپ، پاھىشخانىدىن كەتتى.

كىميا

كونيا، 1245 - يىل، 1 - ئاي

شەمس بىلەن كۆرۈشكىلى، يالغۇز پاراڭلاشقىلى بىرەر باھانە چىقامدىكىن دەپ كۈنلەپ، ھەپتىلەپ ساقلىدىم، پۇرسەت كۈتتۈم. بىر ئۆيدە ياشاۋاتقان بىلەن مەن دائىم ھەرەمخانا تەرەپتە بولغاچقا، يولىمىز پەقەت ئۇدۇل كەلمەيۋاتاتتى. لېكىن بۈگۈن ئەتىگەندە ھويلىدا غازاڭلارنى سۈپۈرۈۋاتسام شەمس توساتتىن يېنىمدا پەيدا بولدى، يالغۇز ئىدى.

—قانداقراق كېتىۋاتىسەن سۆيۈملۈك كىميا، -دەپ ھال سورىدى نېمىدىندۇر خۇشال بولغاندەك.

—ياخشى، -دېدىم روملىمنى تۈزەشتۈرۈپ، خىجىل بولۇپ كۈلۈمسىرەپ.

ئۇ ئۇيقۇدىن ئەمدى ئويغانغاندەك، كۆزلىرى خامۇش كۆرۈنەتتى. يا شۇنداق، يا بولمىسا بۇ دۇنيادىن باشقا دۇنياغا بېرىپ كەلگەنىدى. بۇ

كۆڭلەردە ئۇنىڭ ئۇ دۇنياغا پات-پات بېرىپ-كېلىپ تۇرىدىغانلىقىنى بىلەتتىم. بۇ دۇنيادىكى چەكلىمىدىن يىراقلاشسا، قايتىپ كەلگىنىدە بەزى ئالامەتلەرنى ئېلىپ كېلەتتى. چىرايىدا ئويچانلىق، كۆزلىرى ئەينەك تۇسۇقنىڭ ئارقىسىدىن قاراۋاتقاندەك خۇنۇك ۋە ھالسىز. نەچچە ۋاقىتتىن بېرى شەمسنىڭ چىراي ئىپادىسى، ھەربىكىتىگە بەك دىققەت قىلغاچقا، ئۇنىڭ روھىي ھالىتىدىكى ئۆزگىرىشلەرنى پەرق ئېتەلىگۇدەك بولغانىدىم، ئەمما، بۇنى ئۇنىڭغا بىلدۇرۇپ قويمىدىم، ئەلۋەتتە.

شەمس بېشىنى كۆتۈرۈپ ئاسمانغا كۆزىنى قىسىپ قارىدى.

-شۇئرغان چىقىدۇ كىميا،-دېدى ئۇ،- ھاۋا پات ئارىدا بۇزۇلىدىغاندەك قىلىدۇ.

دەل ئۇستىمىزدە، گويا ئىككىمىزنىڭلا ئۇستىدە بوز رەڭلىك قار پارچىلىرى ئۇچۇۋاتاتتى. يېڭى يىلدىكى تۇنجى قار توساتتىن، جىمجىت ياغماقتا ئىدىكى، ئۇزاقتىن بېرى سوراي دەپ يۈرگەن سوئالىمنى ئەمدى سوراشنى نىيەت قىلدىم:

ئۆتكەندە ماڭا ھەر كىمنىڭ قۇرئاننى ئۆزىنىڭ قۇدرىتى يەتكىچە ئوقۇيدىغانلىقىنى ئېيتقانىدىڭ،-دېدىم،- قۇرئاننىڭ تۆتىنچى خىل ئوقۇلۇشىنى سورايمەن دەپ پەقەت پۇرسەت بولمىدى.

شەمس ماڭا ئاستا بۇرۇلۇپ، چىرايىمغا تەمكىنلىك بىلەن قارىغىنىدا ۋۇجۇدۇم ئېرىپ، پۇل-قوللىرىم كالۋالىشىپ كەتتى.ئۇ قوشۇمىسىنى سەل تۇرۇپ، تۇمشۇقىنى چىرايلىق ئۇچلاپ تۇرۇپ قالدى؛ چىرايى سىرلىق تۇس ئالدى. مۇشۇنداق چاغلاردا ئۇ ئۆزىنىڭ نەقەدەر كېلىشكەن سىياقتا كىرىپ قالىدىغانلىقىنى بىلسىدى!

—قۇرئاننى تۆتىنچى خىل ئوقۇشىنى تىل بىلەن ئىپادىلىمەك تەس، -تىلنىڭمۇ چەكلىنىپ قالىدىغان يېرى بار، ئىشق مەنزىلگە قەدەم قويغان ھامان، تىلنىڭ ھاجىتى قالمايدۇ.

—كۆنلەرنىڭ بىرىدە مەنمۇ ئىشق مەنزىلگە يەتسەم...-دېدىم توساتتىن ۋە ئارقىدىن قىزىرىپ كەتتىم؛ سۆزۈمنى ھاپىلا-شاپىلا تۈزىتىشكە تىرىشتىم،-يەنى مەجازى ئىشقنىڭ! ئىلاھىي ئىشقنىڭ! قۇرئاننى تېخىمۇ چوڭقۇر چۈشىنىپ ئوقۇش ئۈچۈن...

شەمس كۆلگىنىمنى كۆرۈپ قالمىسۇن دەپ باشقا ياققا قارىۋالدى.

— ئەگەر تەبىئىتىڭدە شۇ نەرسە بولسا، مەنزىلگە يېتىسەن؛ قۇرئاننى تۆتىنچى خىل ئوقۇشتا، ئېقىنغا شۇڭغۇپ كىرىسەن، سۇ بولىسەن، دەريا بولىسەن، جۇش ئۇرۇپ ئاقىسەن كىميايىم.

ئۇلۇغ كىچىك تىنىدىم، كۆكسۈم بىر ئۆرلەپ، بىر پەسەيدى. پەقەت شەمسلا مېنى ھاياجاندىن كالۋالاشتۇرۇپ، ئىچىمدە غەليان قوزغىيالايتتى. ئۇنىڭ يېنىدا تۇرغىنىمدا ھەممە نەرسىنى يېڭىباشتىن ئۆگىنىۋاتقان كىچىك قىزغا ئايلىناتتىم، ئۆزەمنى مېھرىبان ئانىدەك ھېس قىلاتتىم ھەم ھاياتبەخش كۆچكە ئىگە نىلۇپەر گۈلىدەك ئېچىلاتتىم، ئايال بولاتتىم.

—تەبىئىتىڭدە بولسا دېگەن نېمە گەپ؟- دەپ سورىدىم،- تەقدىرىڭدە بولسا دېمەكچىمۇسەن؟

__ شۇنداق دېسىمۇ بولىدۇ،-دېدى شەمس بېشىنى لىڭشىتىپ.

__ مەن تەقدىر مەسىلىسىنى چۈشەنمەيمەن،-دېدىم، ھالبۇكى دېمەكچى بولغىنىم باشقا ئىدى، ئۇنىڭدىن «مېنىڭ تەقدىرىمدە ئەجىبا سەن بارمىدىڭ؟- دەپ سورىماقچىدىم،- ئەگەر بولمىساڭ بۇنى بىلىپ قالاي، سەن توغرۇلۇق قۇرۇق خىياللارنى سۈرۈپ يۈرمەي».

__ تەقدىرنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرەلمەيمەن،-دېدى شەمس،- ئەمما نېمە ئەمەسلىكىنى دەپ بېرەلەيمەن.

تەقدىر، ھاياتىمىزنىڭ ئالدىن بېكىتىۋېتىلىشى دېگەنلىك ئەمەس، شۇڭا، «قانداق قىلاي، تەقدىرىمىز شۇنداقكەن» دەپ بويۇن ئەگمەك جاھىلىيەتنىڭ ئىپادىسىدۇر. تەقدىر، يولنىڭ ھەممىسىنى ئەمەس، بەلكى يول ئاچاللىرىنى بېرىدۇ، قارارگاھلار ئېنىق، ئەمما دوقمۇش ۋە قايرىلىدىغان يوللار يولۇچىغا باغلىق. ئۇ ھالدا، سەن ئۆز ھاياتىڭغا ھاكىم ئەمەسسەن ياكى چارىسىز قالىدىغان قۇل ئەمەسسەن. يىگىرمە توققۇزىنچى نىزام بۇنى چۈشەندۈرىدۇ.

شەمس مېنىڭ قاراپلا تۇرغىنىمنى كۆرۈپ، بۇ گەپنى يەنە چۈشەندۈرۈپ قويغۇسى كېلىپ، قاپقارا كۆزلىرىنى چاقنىتىپ «خالىساڭ ساڭا بىر مىسال كەلتۈرۈپ بېرەي» دېدى.

كۇنلەرنىڭ بىرىدە بىر چوكان بىر دەرۋىشتىن تەقدىرنىڭ قانداق ئىش ئىكەنلىكىنى سوراپتۇ. دەرۋىش: مەن بىلەن ماڭ، بىللە كۆرەيلى، دەپتۇ. ئۇلار بىر دەم مېڭىپ سازايىچىلار توپىغا ئۇچراپتۇ، كىشىلەر بىر قاتىلنى دارغا ئېسىش ئۈچۈن جازا مەيدانىغا ئېلىپ كېتىۋاتقۇدەك.

دەرۋىش ئۇ چوكانغا دەپتۇ: ئەمدى بۇلار بۇ ئادەمنى ئۆلتۈرىدۇ، بۇ ئىشقا سەۋەب بولغان ئىش زادى نېمىدۇ؟ بىرسى بۇ ئادەمگە پۇل بەردى، ئۇ پۇلنى ئېلىپ جىنايەت قورالى سېتىۋالدى. ئۇنىڭ دارغا ئېسىلىشىغا ئەمدى بۇ ئىش سەۋەب بولۇپ قالدىمۇ؟ ياكى ئۇ جىنايەت ئۆتكۈزۈۋاتقاندا بىرسى

كېلىپ توسۇۋالمىغاچقا، دار مەيدانىغا قاراپ كېتىۋاتامدۇ؟ ياكى جىنايەت ئۆتكۈزۈپ بولغاندا تۇتۇلۇپ قالغىنى ئۈچۈنمۇ؟ ئۇنىڭ ئۆلۈمىگە سەۋەبچى بولغان نەرسە ئىشنىڭ جەريانىدىمۇ، ئەۋۋىلىدىمۇ ياكى ئاخىرىدىمۇ؟

—كاللامنى ئىلىشتۇرۇۋاتىسەن،ـ دەپ شەمسىنىڭ گېپىنى بۆلدۈم،ـ ئۇ ئادەم قاتىل بولغاچقا، يەنى قورقۇنچلۇق جىنايەت ئۆتكۈزگەچكە دارغا ئېسىلىدۇ، قىلمىشىنىڭ جازاسىنى تارتىدۇ، سەۋەبمۇ شۇ، نەتىجىمۇ شۇ. ياخشى ئەمەل بىلەن يامان ئەمەل تۈپتىن پەرقلىنىدۇ.

__ نېمە دەۋاتقانلىقىڭنى بىلىمەن،ـ دېدى ئۇ روھى چۈشۈپ كەتكەندەك، ئاۋازىنى بىردىنلا پەسلىتىپ،ـ ئەمما بۇ دۇنيادا ئايرىم نەرسىلەرنىڭ چەك ـ چېگرىسىنى سىزماق ئۇنچە ئاسان ئەمەس. ئەگەر سەن ئويلىغاندەك، ئاق ـ قارا، ياخشى ـ يامان ئېنىق ئايرىلمىغان بولسىچۇ؟ ياكى ئۇنىڭ سۆزلەرمۇ تولۇق ئىپادىلەپ بېرەلمەيدىغان باشقا تەرەپلىرى بولسىچۇ؟

__ بولمايدۇ، ئاللاھ تائالا بۇ ئايرىملىقنى ئېنىق پەرقلەندۈرۈشىمىزنى تەلەپ قىلىدۇ. بولمىسا، هالال، هارام دەيدىغان گەپمۇ بولمايتتى. چۈنكى ئاللاھ تائالا ئىنسانلارنى دوزاختىن ئاگاهلاندۇرۇپ، جەننەتكە قىزىقتۇرمىغان بولسىدى، ئىنسانلار تاپتىن چىقىپ، دۇنيا پاجىئەگە تولاتتى. بىز قورقۇتۇلۇشقىمۇ، مۇكاپاتلاندۇرۇلۇشقىمۇ ئېھتىياجلىق.

يېنىمىزدىن كۈچلۈك شامال ئۆتتى، قارلار ئۇدۇل كەلگەن يەرگە ئۇچتى. شەمس ماڭا بىر قەدەم يېقىنلىشىپ، دۈمبەمدىكى شارپىنى ئوڭشاپ، مۈرەمنى يېپىپ قويدى. ئۇ ماڭا شۇ قەدەر يېقىن ئىدىكى، ھىدىنى پۇرىۋالدىم. ئۇنىڭدا سەندەل ياغىچى، ئىپار ـ ئەنبەر ۋە يامغۇردىن كېيىنكى تۇپراقنىڭ ئارىلاش ھىدى بار ئىدى. ئىچىم ھاياجانغا تولۇپ، پاچاقلىرىمغا شىرىن تىترەك ئۇلاشتى. دېمەك، بىر ئەركەككە تەشنا بولۇش ئەسلىدە مۇشۇنداق ئىش ئىدى، كىشىنى خىجىل قىلاتتى ھەم غەلىتە قىلىپ قوياتتى. ئەمما بۇنىڭدا ئىزا تارتىپ كەتكۈدەك ئىش يوق.

شەمس كۆيۈمچانلىق ۋە قىزىقچىلىق بىلەن چىرايىمغا تىكىلدى:

__ئەقىل بىلەن مەنتىقىنىڭ چەك ـ چېگرىسى ناھايىتى ئېنىق بولۇشى مۇمكىن، ئەمما ئىشقتا بارلىق چەك ـ چېگرا ۋە ئايرىملىق غۇۋالىشىپ كېتىدۇ.

شەمس ساماۋى ئىشق توغرۇلۇق سۆزلەۋاتامدۇ ياكى ئەر-ئايال مۇھەببىتى ھەققىدە سۆزلەۋاتامدۇ؟ ياكى ئىككىمىزنى دەۋاتامدۇ؟ گېپىدە بىز دېگەن سۆز بارمۇ؟

شەمس مېنىڭ ئويلىغانلىرىمدىن خەۋەرسىز ھالدا سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

— ھالال- ھارام دەيسەن، شۇنداق ئىنسانلار باركى، پەقەت جەھەننەم ئازابىدىن قورقۇپ ياكى جەننەت نېمىتىنى تىلەپ ئىمان ئېيتىدۇ. ئۇنداق ئىمان ئېيتقاندىن ئېيتمىغان ياخشى! بۇ يەردە كىم كىمنى ئالداۋاتىدۇ؟ ھەتتا ئوقۇغان نامازلىرىنى ساناپ ئولتۇرىدۇ. بىز بولساق دائىم ناماز ئىچىدە، دائىم ھۇزۇر ئىچىدە. زاھىدلىقنى نېمە قىلىمەن؟ ماڭا قويۇپ بەرسە، بىر كوزا سۇ ئېلىپ جەھەننەم ئوتىنى ئۆچۈرۈپ، جەننەتنىمۇ كۆيدۈرۈۋېتەتتىم-دە، ئاخىرىدا پەقەت ساپ ئىشقلا قالاتتى، قالغىنى بىكار!

— ئەمما بۇنداق گەپلەرنى كىشىلەر بار يەردە دەپ سالما. ئۇلار بۇرۇنقىلارغا ئەگىشىدۇ، سېنى خاتا چۈشىنىپ قالىدۇ، گەپنى چۈشەنمەي تۇرۇپ ئۆسەك سۆز تارقىتىدۇ،-دېدىم ئۇنىڭ ھالىغا قايغۇرۇپ،- بىر كىملەرنى غەزەبلەندۇرۇپ قويىسەن.

شەمس كۈلۈمسىرەپ، بىلىكىمنى قاماللاپ، قولۇمنى تۇتتى. ئۆزەمنى قويۇۋەتتىم، بولسا ئۇنىڭ تەپتى ۋۇجۇدۇمغا ئۆتسۇن، مېنى ئۆزىگە شەيدا ھەم ئەسىر قىلسۇن. گەپ قىلغاندا ئاۋازى مۇلايىم ئىدى:

— ئاللاھ «بىز ئۇلارنىڭ كۆزلىرىنى پەردىلىدۇق، قۇلاقلىرىنى مۆھۈرلىدۇق» دېمىگەنمۇ كىميا؟ مۆھۈرلەنگەن قۇلاقلارغا نېمىلا دېسەڭ، ئۇلار گۇناھ ھېسابلايدۇ. قانداق قىلاي؟ ئىشق دەيسەن، ئۇنىمۇ خاتا چۈشىنىدۇ ئۇلار.

— بىراق سەن نېمىلا دېسەڭ ماڭا ھەسەلدەك بىلىنىدۇ،-دېدىم تۇيۇقسىز!

يا پەرۋەردىگار! تىلىمنى چىشلىدىم، ئاغزىمدىن چىققان گەپكە ئىشەنمەي قالدىم. قانداقسىگە بۇنداق گەپنى دېيەلىدىم؟ ھوشۇمنى يوقاتتىممۇ؟ ئىچىمگە شەيتان كىرىۋالغان ئوخشايدۇ.

دەرھال ئۆزەمنى ئوڭشاپ، شەمسنىڭ چىرايىغىمۇ قارىماي، شارپامنى چىڭ ئوراپ غۇدۇڭشىدىم:

— ھە... ۋاخ بولۇپ كەتتى، ئاشخانىدا ئىشىم بار، مەن ماڭاي...

يۈزۈم خىجىللىق ۋە ھاياجاندىن قىزىرىپ كەتكەن، دېيىشكەن ۋە دېيىشەلمىگەن پاراڭلىرىمىزنىڭ ھەممىسى تىلىمنىڭ ئۇچىدا شىرىن تەم

قالدۇرغان، يۈرىكىم دۈپۈلدەپ سوققان ھالدا ھويلىدىن چىقىپ، ئۆيگە ئۇدۇل كىرىپ كەتتىم. شۇ يۈگۈرگەنچە شەمستىن يىراقلىشىپ، بىر بوسۇغىدىن ئاتلىغىنىمنى بىلىمەن، شۇندىن تارتىپ، ئۆزەم دەسلەپتىلا بىلگەن بىر ھەقىقەتنى قوبۇل قىلىشقا مەجبۇر بولدۇم.

شۇنداق، مەن كىميا، مەۋلانانىڭ مەنىۋى قىزى، ئۆزى بىر قوللۇق يېتىشتۇرگەن تالىبەسى، شەمس تەبرىزىنى كۆرگەن كۈندىن باشلاپ، ئۇنىڭغا ئاشىقى بىقارار بولغانىدىم.

شەمس
كونيا، 1246 ـ يىل، 1 ـ ئاي

شۇم ئىبغىزلار ھە دەپ گەپ سېتىشماقتا. ئۇلارنىڭ مىجەزى شۇنداق. كونياغا كەلگىنىمدىن بېرى ئۇستۇمدىن شۇنچە كۆپ سۆز ـ چۆچەك پەيدا بولدىكى، ھەممىسىنى كۈلۈپ ئۆتكۈزۈۋەتتىم. غەيۋەت ناھايىتى چوڭ گۇناھتۇر، ئەمما ئىنسانلارنىڭ تولىسى بۇنى بىلمەيدۇ. بىلسىمۇ بىلمەسكە سېلىۋالىدۇ. ھالبۇكى، ئاللاھ تائالا بىر كىم ھەققىدە غەيۋەت قىلىشنى «ئۆلۈك قېرىندىشىنىڭ گۆشىنى يېيىش»كە ئوخشاتتى. بۇنىڭدىنمۇ دەھشەتلىك ئوخشىتىش بولامدۇ؟ بۇمۇ كار قىلمىدى. ئىنسان زىيان ـ زەخمەت، گۇمان ئىچىدىدۇر، غەيۋەتتىن ۋاز كەچمەيدۇ. ھالبۇكى، بىر ئادەم ھەققىدە قىلغان يامان سۆز، يالغانچىلىق، تۆھمەت، قارا سۈركەش... ئايلىنىپ كېلىپ، شۇ گەپنى دېگەن كىشىنىڭ ئۆزىگە تۈيۈقسىز ھەم كۈتۈلمىگەن يەردىن يانىدۇ.

شۇنىسى ئاجايىپكى، ئۇلار غەيۋەتتىن بۆلەك بارلىق چوڭ گۇناھلارنى سۈرۈشتۈرىدۇ ، ھاراق ئىچكەننى سۆرەپ ئۇرۇپ، زىنا قىلغانلارنى تاش ئېتىپ جازالاشنى بىلىدۇ؛ ئالدامچىلىق قىلغان، يېتىمنىڭ ھەققىنى يېگەن، ئوغرىلىق قىلغان، قوشنىسىنىڭ ئايالىغا كۆز تىككەن...لەرنىڭ جازاسىنى ھەقلىق ھېسابلايدۇ، ئەمما باشقىلار ھەققىدە ئاشكارا غەيۋەت قىلغانلار بىلەن كارى يوق. ھالبۇكى، غەيۋەت قىلىش، شۇ سورۇندا يوق بىرى ھەققىدە شىكايەت قىلىش، ئۇ توغرۇلۇق بىلىپ ـ بىلمەي قالايمىقان گەپ قىلىش ۋە ئەيىبلەشلەر جازاسى ئېغىر گۇناھتۇر، بۇنى ئۇلار بىلمەمدۇ؟

بىر كۈنى بىر ئادەم سوپىنىڭ ئۆيىگە ئالدىراش كېلىپ، ھاسىراپ ـ ھۆمىدەپ مۇنداق دەپتۇ:

— كۆردۈڭمۇ؟ كوچىدا بىر توپ خىزمەتكار يوغان لىگەنلەرنى كۆتۈرۈپ كېلىۋاتىدۇ!

— ئۇنداق بولسا نېمە بوپتۇ،- دەپتۇ سوپى تەمكىنلىك بىلەن،- مېنىڭ نېمە چاتىقىم.

— ئۇغۇ شۇ، لېكىن ئۇ لىگەنلەرنى سېنىڭ ئۆيۈڭگە ئېلىپ كېلىۋاتىدۇ.

— ئۇنداقتا سېنىڭ نېمە چاتىقىڭ؟- دەپتۇ سوپى،- كارىڭ بولمىسۇن.

ئەپسۇس، بۇ دۇنيادا تولا كىشىلەرنىڭ كۆزى باشقىلارنىڭ لىگەنىدە. خەقنىڭ قانچىلىك پۇلى، قانچىلىك مېلى بولۇشى بىلەن سېنىڭ نېمە كارىڭ، ئۆزەڭنىڭ ئىشىنى قىل. سېنىڭ يولۇڭ ئۆزەڭنىڭ، مېنىڭ يولۇم ئۆزەمنىڭ. قايسىمىزنىڭ يولىنىڭ ئەڭ ياخشى يول ئىكەنلىكىگە ھۆكۈم قىلىش ئاخىرقى ھېسابتا سېنىڭ ياكى مېنىڭ ئىشىم ئەمەس.

مەن توغرۇلۇق چىققان گەپلەرنى ئاڭلاپ، ئىنسانلارنىڭ خىيال كۈچىنى كۆرۈپ يەتتىم. مېنى خائىن، پىدايى دېگۈچىلەرمۇ بوپتۇ. ھەششاشىيەنىڭ مەخپىي قوماندانى ئىكەنلىكىمگە ئىشىنىدىغانلارمۇ بار ئىكەن. ھەتتا بەزىلىرىنىڭ گېپىچە، دادام ئالامۇتتىكى ئىسمائىلىيە مەزھىپىنىڭ ئاخىرقى ئىمامى بولۇپ، ماڭا سېھىر ئىشلىتىشنى ئۆگەتكەنمىش. ئاجايىپ سېھىرلىرىم بارمىش، كىمنى قارغىۋەتسەم ئۇ شۇئان ئۆلىمىش. رۇمنى مەن سېھىرلەپ قويغان بولۇپ، ھەر كۈنى ئەتىگەندە ئۇنىڭغا كىرپە تىكىنى، يىلان تېرىسى، شەپەرەڭ ئۇچەيلىرىنى قايىنتىپ ئەتكەن شورپىنى ئىچۈرگىدەكمەن. ئاقىۋەت ئۇ مەن نېمىنى دېسەم شۇنى قىلغۇدەك.

بۇنداق پىتنە-پاساتلارنى تولا ئاڭلىغانمەن، كۈلۈپ ئۆتكۈزۈۋېتىمەن. بولمىسا قانداق قىلاي؟ ئەتراپ سىلكىنىپ تەۋرەپ كەتسىمۇ سوپى ھېچنېمە بولمايدۇ. دۇنيانى سۇ بېسىپ كەتسىمۇ ئۆردەكلەرگە نېمە غەم؟

ئەمما ئەتراپىمدىكىلەر مەندىن ئەنسىرەپ يۈرۈشىدۇ، بولۇپمۇ سۇلتان ۋەلەد. ئۇنى ياخشى كۆرىمەن. ناھايىتى مەرت يىگىت. كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇنىڭ دادىسىغا ياردەمچى بولىدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن. يەنە كىميا بار، ئاھ، سۆيۈملۈك كىميا... مەندىن غەم قىلىۋاتقانلىقىنى بىلىمەن. ئەمما غەيۋەت-شىكايەتلەر رۇمىنى بەكرەك ئازابلىشى مۇمكىن. ئۇمۇ تۆھمەت ۋە سۇيىقەستلىك بەتناملارغا ئۇچرايدۇ. مەنغۇ ئەيىبلەش ۋە قارا سۈركەشلەرگە كۆنۈك، ئەمما ئۇ كۆنەلەمدۇ؟ ئۇنىڭ جاھىللارنىڭ سۆز-چۆچەكلىرىدىن

غەزەبلەنگىنىنى كۆرسەم ئازابلىنىمەن. ئۇ شۇنچە ھەققانىيەتچى، شۇنچە ئېسىل ئادەم. مېنىڭ ئىچىمدە بولسا گۈزەللىك ھەم خۇنۈكلىك تەڭ مەۋجۇت. مەن تۈپتۈز كەتكەن، پەرۋاسىز بىر ئادەم، شۇڭا مەن باشقىلارنىڭ ناچارلىقىغا ئاسان چىدايمەن. ئەمما مەۋلانا گويا نۇر، ئۇنىڭدەك كاتتا ئالىم، جاھىللارنىڭ سۆزىگە قانداق چىداپ تۇرالىسۇن؟

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام " بۇ دۇنيادا ئۈچ كىشىگە ئىچ ئاغرىتىڭ، بىرى، بىر مىللەتنىڭ ئىناۋەتتىن چۈشۈپ كەتكەن كاتتا ئادىمىگە، بىرى، نامراتلىشىپ كەتكەن بېيىغا، يەنە بىرى جاھىللارغا ئەخمەق بولغان ئالىمىغا" دەپ بىكار ئېيتمىغان.

شۇنداقتىمۇ بۇ پىتنە-ئىغۋالارنىڭ كېيىنچە مەۋلاناغا پايدىلىق ئىكەنلىكىنىمۇ ئويلىماي تۇرالمايمەن، خەقنىڭ سۆز-چۆچەكىگە قالماق كىشىنىڭ غۇرۇرىغا تەگسىمۇ، ئازابلىسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ چوغدەك تاۋلىنىپ، تېزرەك پىشىپ يېتىلىشىگە ئىمكانىيەت يارىتىپ بېرىدۇ. مەۋلانا ئۆمۈر بويى ھۆرمەتلەندى، كۆتۈرۈلدى، تەقلىد قىلىندى، ئالىم، فەقىھ، زاھىد بولدى. باشقىلار تەرىپىدىن خاتا چۈشىنىلىش، پەس كۆرۈلۈش، تەنقىد قىلىنىشنىڭ نېمىلىكىنى بىلمەيدۇ، بىرەر قېتىم بولسىمۇ چەتكە قېقىلىپ، غۇرۇرى ئازار يەپ باقمىدى، ئەمما ئۇلار بولمىسا بولامدۇ؟ غەيۋەت تاشلىرى ئىنساننىڭ غۇرۇرىغا تېگىپ، كۆڭلىگە ئازار بەرسىمۇ، ھەقىقەت ئەھلى ئۇنى گۈل غۇنچىسىدەك قوبۇل قىلىدۇ.

ئوتتۇزىنچى نىزام: ھەقىقي سوپى شۇنداق كىشىكى، باشقىلار تەرىپىدىن ھاقارەتلەنسە، ئەيىبلەنسە، غەيۋەت قىلىنسا، ھەتتا تۆھمەتكە ئۇچرىسىمۇ، بىر كىم توغرۇلۇق بىر ئېغىز يامان گەپ قىلمايدۇ. سوپى ئەيىب ئىزدىمەيدۇ، بەلكى ئەيىبلەرنى ياپىدۇ.

ئېللا

بوستون، 2008-يىل 6-ئاينىڭ 17-كۈنى

بۇ خەتنى يېزىش تەس كېلىۋاتىدۇ ئېللا، چۈنكى ئۇ ۋاقىتلارنى ئەسلەشنى خالىمايتتىم. ئەمما سوراپ تۇرۇۋالغىنىڭ ئۈچۈن، ھېكايەمنىڭ داۋامىنى بايان قىلاي.

ماگروت ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن تۇرمۇشۇم پۈتۈنلەي ئۆزگىرىپ كەتتى. ئۆزەمنى ۋە نىشانىمنى يوقاتتىم. ئامىستىردامنىڭ ئىلگىرى مەن كۆرۈپ باقمىغان يەرلىرىنى بايقىدىم، كېچىچە داۋاملىشىدىغان

سورۇنلارنىڭ، ھەممە نەرسە بەدەن ۋە ھۇزۇرلىنىشقا مەركەزلىشىپ قالغان كەچلىك كۇلۇبلارنىڭ دائىملىق مېھمىنى بولدۇم، شەپەرەڭدەك كېچىسىلا ياشايدىغان مەخلۇققا ئايلاندىم، ئازغۇن ئىنسانلار بىلەن ئارىلاشتىم، باشقا ئاياللارنىڭ كارىۋىتىدا تاڭ ئاتقۇزدۇم. سالامەتلىكىمدىن چاتاق چىقىشقا باشلىغان بولسىمۇ كارىم بولمىدى، بىر قانچە ئايدا 17 كىلو ئورۇقلاپ كەتتىم.

تۇنجى قېتىم خىروئىن چەككەندە بىر مەزگىل ئىشتىپىرىس بىلەن ئەمەس، بۇرنۇمدىن چەكتىم. دەسلەپتە قاتتىق زىيان قىلدى؛ ھەر قېتىم كۆڭلۈم ئېلىشىپ ئاغرىپ قالاتتىم. تېنىم مېنى خۇمار قىلغان بارلىق نەرسىلەرنى رەت قىلىۋاتاتتى، بۇ بىر سىگنال ئىدى، ئەمما ئۇنى بايقىغۇدەك ھالىم يوق ئىدى. ئارقىدىن مەست قىلغۇچ دورا، كىراك (خىروئىننىڭ بىر تۈرى)، كىسلاتا، كوكائىن... دېگەن نەرسىلەرنى كۆرۈپ باقتىم، ئەڭ ئاخىرىدا ئوكۇل ئۇرىدىغان ھالغا كەلدىم. قولۇمغا نېمە چىقسا سىناپ باقاتتىم ۋە ھەر قېتىم ئۇنىڭ مىقدارىنى كۆپەيتەتتىم.

كاللام ساق چاغدا پۈتۈن كىشىلەرنى ھەيران قالدۇرغىدەك شەكىلدە ئۆلۈۋېلىشنىمۇ ئويلىدىم، سوقراتتەك زەھەر ئىچىپ ئۆلۈۋېلىشنىمۇ سىناپ باقتىم، ئەمما تەسىرى بولمىدى. ۋە ياكى، جۇڭگولۇقلار ئاچقان كىچىك ئاشخانىنىڭ ئارقا ئىشىكىدە زەھەرلىك ئوت دەپ سېتىۋالغان نەرسەم ئادەتتىكى ئوت ـ چۆپ ئىدى، ئۇلار ماڭا يېشىل چاي سېتىپ بېرىپ، ئارقامدىن كۈلۈشكەن بولسا كېرەك.

نەچچە سەھەر ئۆزەم بىلمەيدىغان يەردە ئويغاندىم. بىر كۈنۈم بىر كۈنۈمگە ئوخشىمايدىغان رەۋىشتە تېز ياشىدىم، ئەمما ئىچىمنى سىقىدىغان بوشلۇق شۇ پېتى قالدى. ئاياللار ماڭا كۆڭۈل بۆلدى، بەزىلىرى مەندىن ياش، بەزىلىرى مەندىن قېرى، بەزىلىرى توي قىلمىغان، بەزىلىرىنىڭ ئۆيى بار ئىدى. ئۇلارنىڭ ئۆيىدە تۇردۇم، ماشىنىلىرىنى ئىشلەتتىم، يازلىق ئۆيلىرىگە يوشۇرۇندۇم، ئەتكەن تاماقلىرىنى يېدىم، ئەرلىرىنىڭ كىيىملىرىنى كىيدىم، بانكا كارتىلىرى بىلەن سودا ـ سېتىق قىلدىم، ئەمما مەندىن تەلەپ قىلغان ھەم تامامەن ھەقلىق بولغان مۇھەببەتنى ئۇلارغا بەرمىدىم، ھېچكىمنى ياخشى كۆرمىدىم ھەم بۇنى بىر تۈرلۈك ماھارەت دەپ ئويلىدىم.

ئاقىۋەت ئۆزەم ماڭغان بۇ يولنىڭ دەردىنى تارتتىم، خىزمىتىمدىن، دوستلىرىمدىن، ئەڭ ئاخىرىدا مارگوت بىلەن بىللە ياشىغان ئۇ ئۆيۈمدىن ئايرىلدىم. بۇرۇنقى شارائىتىمنى ساقلاپ قالالمايدىغانلىقىمنى ھېس

قىلىپ، كونا ئۆيلەردە پاناھلىنىشقا باشلىدىم. روتتېردامدىكى بىر كونا ئۆيدە ئون بەش ئايدىن كۆپ تۇردۇم، بىنانىڭ تېشىدا ھەم ئىچىدە، ھەتتا مۇنچىدىمۇ ئىشىك يوق ئىدى، ھەممە نەرسىدىن، ناخشىلاردىن، گىتارلاردىن، كىتابلاردىن، پارچە پۇللاردىن، پىلاستىنكىلاردىن، زەھەرلىك چېكىملىكلەردىن، يېمەكلىكلەردىن، كارىۋاتلاردىن تەڭ بەھرىمەن بولاتتۇق، بەھرىمەن بولالمايدىغان بىرلا نەرسىمىز، دەرت-ئەلەم بولۇپ، ھەركىمنىڭ دەردى ئۆزىگە يېتىپ ئاشاتتى.

مۇشۇنداق تۆت يىل ياشىغاندىن كېيىن پۈتۈنلەي تۈگىشىپ كەتتىم. يولدا تاسادىپىي ئۇچرىشىپ قالغان دوستلىرىممۇ مېنى تونۇمايتتى. شۇنچىلىك ئۆزگىرىپ كەتكەنىدىم، ئەرۋاھقىلا ئوخشايتتىم. بىر كۈنى ئەتىگىنى ساقىلىمنى ئېلىۋېتىپ ئەينەككە قاراپ قالدىم، چىرايىم شۇنچىلىك زەئىپ، چۈشكۈن، بىچارە ئىدىكى، كىچىك بالىدەك يىغلاپ كەتتىم. شۇ كۈنى ماگروتتىن قالغان نەرسىلەرنى، يىغىپ قويغان قەغەز يېشىكلەرنى رەتلىدىم، كىتابلار، كىيىملەر، ئەلبۇملار، چاچ بوغقۇچ، خاتىرىلەر، سۈرەتلەر. . . ئۇنىڭدىن نېمە قالغان بولسا ھەممىسىدىن خوشلاشتىم، ھەممە نەرسىنى يېشىككە قاچىلاپ، ئۇ ھايات چېغىدا ياخشى كۆرگەن كۆچمەن ئائىلىلەرگە تارقىتىپ بېرىۋەتتىم. بۇ 1975-يىلى ئىدى.

مەن يەنىلا ياخشى فوتوگراف ئىدىم، تەلىيىم ئوڭدىن كېلىپ، خېلى داڭلىق بىر ساياھەت ژۇرنىلىدا ۋاقىتلىق ئىش تاپتىم. بىر ئاي ئۆتمەيلا مېنى شىمالىي ئافرىقىغا، بەدەۋىلەر ھەققىدە يېزىلىدىغان چاتما خەۋەرنىڭ سۈرەتلىرىنى تارتىپ كېلىشكە ئەۋەتتى. شۇنداق قىلىپ، بىر قولۇمغا چامادان، بىر قولۇمغا مارگوتنىڭ سۈرىتىنى ئېلىپ، سەپەرگە چىقتىم. بەلكىم ئۆزەمدىن قېچىۋاتاتتىم.

ئۇ يەرگە بېرىپ ئۇزاق ئۆتمەي، سەھرايى كەبىر چۆلىدە پاراڭخۇمار، بىلىملىك بىر ئىنگلىز ئىنسانشۇناس بىلەن تونۇشۇپ قالدىم. بىر كۈنى مەن بىلەن شاھمات ئويناۋېتىپ ئاجايىپ گەپتىن بىرنى قىلدى، دېدىكى، تارتقان سۈرەتلىرىڭنى كۆردۈم، ياخشى سەنئەتكار ئىكەنسەن، ھېچكىمدىن قورقمايدىكەنسەن. بۇگۇنگە قەدەر بىرەر غەربلىك فوتوگراف مۇسۇلمانلارنىڭ مۇقەددەس شەھەرلىرىگە كىرىپ سۈرەتكە تارتىپ باقمىدى. سەن بۇنى قىلالايسەن. مەشھۇر بولىسەن.

دېگەنلىرىنى تامامەن قوبۇل قىلدىم، ماڭا چۈشەندۈردى. سەئۇدى ئەرەبىستاننىڭ قانۇنى بار ئىكەن، مۇسۇلمان ئەمەسلەرنىڭ مەككە،

مەدىنەگە كىرىشى قەتئىي چەكلىنىدىكەن، خىرىستىئان ۋە يەھۇدىيلارنى كىرگىلى قويمايدىكەن. تۇتۇلۇپ قالسام تۈرمىگە تاشلىنىدىكەنمەن، ھەتتا ئۇنىڭدىنمۇ ئېغىر جازاغا تارتىلىدىكەنمەن.

بۇ ئىنسانشۇناسنىڭ گېپىگە قىزىقىپ قالدىم. دېمىسىمۇ، ئۇ كۈنلەردە چەكلەنگەن، خەتەرلىك ئىشلارنى قىلغۇم كېلىپلا تۇراتتى. پۇل-مال، شان-شۆھرەت ۋەسۋەسىسىمۇ بار ئىدى ئەلۋەتتە... بۇ گەپ ماڭا ھەسەلدەك ياقتى.

ئىنسانشۇناسنىڭ ئېيتىشىچە، بۇ يالغۇز ئۆزەملا قىلىدىغان ئىش ئەمەسكەن، ياردەمگە ئادەم تېپىشىم كېرەككەن. سوپىلار بىلەن تونۇشسالىڭ بولمامدۇ، -دېدى ئۇ.- سېنى ياخشى كۆرىدۇ، سەندە بىرەر ئۈمىد ئۇچقۇنلىرىنى كۆرسە ياردەم قىلىدۇ.

سوپى دېگەن نېمە، كىملەر سوپى، ھېچنېمە بىلمەيتتىم، ئەمما ئارتۇق ئويلاپ كەتمىدىم. بۇ ئىشقا نىيەت قىلغانىدىم، مەككە، مەدىنەگە تۇنجى بولۇپ كىرگەن خىرىستىئان فوتوگراف بولاتتىم ھەمدە بۇ ئىشقا كىم ياردەم قىلسا شۇنى تاپاتتىم. سوپىلار پەقەت ئۆتكۈنچى ۋاستە ئىدى. ئۇ كۈنلەردە ھەممە ئادەم، ھەممە نەرسە مەن ئۈچۈن پايدىلىنىدىغان نەرسىلەر ئىدى.

ھايات شۇنچىلىك ئاجايىپكى ئىللا، بىلەمسەن؟ نەتىجىدە مەن مەككەگىمۇ، مەدىنەگىمۇ بارمىدىم. ئۇ ۋاقىتتىمۇ، ئۇنىڭدىن كېيىنكى ۋاقىتلاردىمۇ، ھەتتا ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىنمۇ بارمىدىم. كەچمىشىم مېنى پۈتۈنلەي باشقا يولغا باشلىدى. ھەر دوقمۇشتا ئۆتمۈشۈمدىن تېخىمۇ يىراقلاشتىم، سەپەردىن كېيىن ھېچ يەرگە بارمىدىم، يول مېنى ئۆزگەرتتى.

سوپىلىققا كەلسەك... دەسلەپتە مەن ئۈچۈن پەقەت ۋاستە بولغان نەرسىنىڭ بۈگۈنگە كېلىپ مەقسەت بولۇپ قالىدىغانلىقىنى نەدىن بىلەي؟ مەن سوپىلاردىن ئۆز مەقسىتىم ئۈچۈن پايدىلىنىمەن دەپ ئويلىغانىدىم، ئەمما ئۇلار بىلەن تونۇشقاندىن كېيىن «مەن» دېگەن بىر نەرسە قالمىدى.

ئۇنىڭدىن كېيىنكى ھاياتىم سوپى سۆزىدىكى «ئۇ» بىلەن تونۇشۇش دەۋرى بولدى. باقى سۆيگۈ بىلەن، ئەزىز

پاھشە چۆل گۈلى
كونيا، 1246 ـ يىل، 2 ـ ئاي

كونيادا «بەردى ئاجۇز» دېيىلىدىغان قاتتىق سوغۇق بولۇۋاتاتتى. پاھىشخانىدىن قاچقان كۈنۈم 40 يىل ئىچىدىكى ئەڭ سوغۇق كۈن ئىدى. تار، يىلان باغرى كوچىلار قار ئاستىدا قالغان، ئۆگزىلەردىن ساقىغان مۇزلار خەنجەردەك ئۇچلۇق ۋە ئۆتكۈر بولۇپ، بۇ گۈزەللىكلىرى تولىمۇ ۋەھىمىلىك ئىدى. چۈشتە سوغۇق شۇنچە كۈچىيىپ كەتتىكى، كوچىلاردىكى مۈشۈكلەر توڭلاپ قالغان، ئاغزى ئوچۇق، بۇرۇتلىرى تال ـ تال مۇز ئىدى... بىر قانچە كونا ئۆينىڭ قار ئاستىدا قېلىپ ئۆرۈلۈپ چۈشكەنلىكىنى ئاڭلىدىم. مۈشۈكلەردىن كېيىن، كونيادىكى ئۆيسىز كىشىلەر سوغۇقتىن نېسىۋىسىنى ئالدى. كوچىلارنىڭ ئارىسىدا توڭلاپ قالغان جەسەتلەر تېپىلدى، ئۇلار بالىياتقۇدىكى بوۋاقتەك تۈگۈلۈپ قالغان بولۇپ، تېخىمۇ گۈزەل، ئىللىق يەرگە كېتىدىغانلىقىنى بىلىدىغاندەك، چىرايلىرىدا بىلىنەر ـ بىلىنمەس تەبەسسۇم قېتىپ قالغانىدى...

چۈشتىن كېيىن پاھىشخانىدا ھەممىسى ئۇخلاپ قالغاندا، ياتاقتىن ئاستا چىقتىم، يېنىمدا كىچىك بوغجۇما، ئىچىدە پەقەت بىر نەچچە قۇر كىيىم بار ئىدى، خاس خېرىدارلار ئۈچۈن كىيىدىغان كىيىملىرىمنى، پەرداز بۇيۇملىرىنى جايىغا تاشلاپ قويدۇم، پاھىشخانىنىڭ نەرسىلىرى پاھىشخانىدا قېلىشى كېرەك ئىدى.

پەلەمپەيدىن چۈشۈۋېتىپ، ئىشىك تۈۋىدە مىسكىنلەرچە ئولتۇرغان مانولىيانى كۆردۈم، ئۇ ئەپيۇن چېكىۋاتاتتى، ئۇ پاھىشخانىدىكى سەتەڭلەرنىڭ ئەڭ قېرىسى بولۇپ، تېرىسى تۇيۇقسىز قىزىرىدىغان بولۇپ قېلىپ قاقشاپ يۇرەتتى. كېچىلىرى كارىۋىتىدا ئۆرۈلۈپ ئۇخلىيالمايدىغانلىقىنى ئاڭلايتتىم، بارغانسېرى تۈگىشىپ كېتىۋاتاتتى. ياش سەتەڭلەر چاقچاق قىلغان بولۇپ، ساڭا ھەۋەسمىز كېلىدۇ، ھەيز كۆرمەيسەن، بويۇڭدا قالمايدۇ، بالا چۈشۈرىدىغان ئىشىمۇ يوق. ھەر كۈنى كىمنى خالىساڭ شۇنىڭ بىلەن بىللە ياتىسەن، دەپ قوياتتى. ئەمما ھەممىمىزگە ئايان ئىدىكى، پاھىشەلەر قېرىسا سەت قېرىپ كېتەتتى، قېرى ھەم كېسەلمەن پاھىشە ئەمەلىيەتتە ئۆلۈك پاھىشە ئىدى، بۇنداقلار جان باقالمايتتى، ئۇزۇن ياشىيالمايتتى.

مانولىيانى كۆرۈپ بىلدىمكى، ئالدىمدا ئىككى يول بار: قېچىشتىن ۋاز كېچىپ، ياتاققا قايتىش؛ ياكى ئۇ ئىشىكتىن ئۇدۇل چىقىپ كېتىش،

بۇنىڭ ئاقىۋىتىگە ئۆزەم مەسئۇل بولاتتىم. كۆڭلۈم ئىككىنچىسى تاللىدى.

— سالام مانولىيا، قانداق ئەھۋالىڭ ئاچا، خېلى ياخشى بوپ قالدىڭمۇ؟ ـ دېدىم ئۇنىڭغا.

مانولىيانىڭ چىرايى ئېچىلدى، ئەمما قولۇمدىكى بوغجۇمنى كۆرۈپ رەڭگى ئۆچتى. ھىيلە ـ نەيرەڭ ئىشلىتىشنىڭ پايدىسى يوق ئىدى، خۇنسا دەللال پاھىشىخانىدىن چىقىش ئۇ ياقتا تۇرسۇن، ياتىقىمدىن چىقىشىنىمۇ چەكلىۋەتكەنىدى، بۇنى مانولىيا بىلەتتى.

— نەگە ماڭدىڭ؟ ـ دېدى ئۇ پىچىرلاپ.

ھېچنېمە دېمىدىم، تاللاش نۆۋىتى ئۇنىڭغا كەلگەنىدى. يا ئالدىمنى توسۇپ ۋاقىراپ ـ جاقىراپ، ئەتراپقا ئادەم توپلايتتى ياكى گەپ قىلماي چىقىپ كەت دەيتتى.

— ياتىقىڭغا كىرىپ كەت چۆل گۈلى، ـ دېدى مانولىيا. ـ خۇنسا دەللال ئارقاڭدىن چاكال كافانى ئەۋەتىدۇ. ئۈچ يىل ئاۋۋال پاھىشىخانىدىن قاچقان بىچارە قىزنى ئۇنتۇپ قالدىڭمۇ؟ نېمىلەر كەلمىدى بېشىغا؟

ئۇ قالغان گەپنى دېمىدى، بىزدىن ئىلگىرىكى پاھىشىلەرنىڭ بېشىغا كەلگەن پاجىئەلىك ئىشلارنى تىلغا ئېلىشنى خالىمايتتۇق، ئۆتمۈش ھەققىدە گەپ بولۇپ قالسا، گۆرىدە خاتىرجەم ياتسۇن دەپ ھېچكىمنىڭ ئىسمىنى چىقارمايتتۇق. دېمىسىمۇ، ئۇلارنىڭ ھاياتى جاپا ـ مۇشەققەت، خورلۇق ئىچىدە ئۆتكەنىدى، ئۆلگەندە بولسىمۇ راھەت ياتسۇن ـ دە.

— ماقۇل، قاچالىدىڭمۇ دەيلى، ئۇنىڭدىن كېيىنچۇ؟ نەدە، قانداق جان باقىسەن؟ ئاچ قېلىپ سۆرۈلۈپ يۈرۈيسەن، بىرەر بەندە چىقىپ بىزدەكلەرگە ھەرگىز ياردەم قىلمايدۇ.

مانولىيانىڭ كۆزلىرىدە غەم، ئەمما شۇئان كاللامغا غەلىتە پىكىر كەلدى: ئۇ مېنىڭ تۇتۇلۇپ قېلىشىمدىن ئەمەس، تۇتۇلۇپ قالماسلىقىمدىن ئەنسىرەۋاتاتتى. ئۇ ئۇزۇندىن بېرى بۇ يەردە ئىشلەۋاتاتتى، ئۆمرىنى بۇ يەردە ئۆتكۈزۈپ، ھاياتىنى نابۇت قىلغانىدى. ئەمدى مەن بۇ يەردىن قېچىپ، ھاياتىمنى يېڭىدىن باشلىماقچى بولسام، ئۇ قىلالمىغان، قىلىشقا كۆزى يەتمىگەن بىر ئىشنى قىلغان بولاتتىم. مېنىڭ ئەركىنلىكىم ئۇنىڭغا ئېغىر كېلەتتى. قېچىشقا جۈرئەت قىلالىغانلىقىم ئۈچۈن ماڭا تۇرۇپ ھەۋەسلەنسە، تۇرۇپ مېنى ئاگاھلاندۇرۇۋاتاتتى. بىئارام بولدۇم، ئەگەر مۇشۇ پەيتتە شەمس تەبرىزىنىڭ «قورقما!» دېگەن سۆزى كاللامدا پەيدا بولمىغان بولسا، ئارقامغا يېنىپ كېتەتتىم.

__ مالونيا ئاچا، قويۇپ بەر، مەن كېتەي،-دېدىم،- بۇ يەردە بىر ئۆمۈر قالغاندىن، تالادا ئازراق ياشىساممۇ ئىنساندەك ياشايمەن.

بايىبارستىن تاياق يېگەن شۇ كۈندىن باشلاپ ئىچىمدە بىر نەرسە مۇستەھكەملەنگەن، چېكىنىدىغان يولۇم قالمىغانىدى. نېمە بولسام بولاي دەپ ئويلايتتىم. ئۆمرۈمدە قانچە كۈن قالغان بولسا، ھەممىسىنى ئاللاھ تائالا ئۈچۈن ئاتايتتىم. شەمس تەبرىزى: ئېتىقاد ۋە ئىشىق ئىنساننى ئادەتتىكىدىنمۇ بەك جەسۇر قىلىۋېتىدۇ، دەپ توغرا دەپتىكەن. ئۇ ئىككى نەرسە كىشىنىڭ روھىدىكى قورقۇنچ ۋە ۋەسۋەسىلەرنى يوق قىلىۋېتەلەيدىكەن.

شەمسىنىڭ نېمە دېمەكچى بولغىنىنى چۈشىنىشكە باشلىدىم.

قىززىق بولغىنى، مانوليا بۇ ئىشتا چىڭ تۇرىدىغانلىقىمنى كۆرۈپ، ھارغىن تەبەسسۇم بىلەن چىرايىمغا قاراپ، بىر تەرەپكە ئاستا سۈرۈلۈپ، يولۇمنى ئاچتى.

__ ئىشىڭ ئوڭدىن كەلسۇن چۆل گۆلى،-دېدى ئۇ،- بىز قىلالمىغاننى سەن قىلارسەن.

ئېللا

بوستون، 2008-يىل 6-ئاينىڭ 19-كۈنى

ئۆتكەندە بايان قىلغان كەچمىشلىرىمنىڭ ساڭا تەسىر قىلغانلىقىنى، داۋامىغا قىزىقىۋاتقانلىقىڭنى ئېيتىپسەن. مەنمۇ سېنى تەقەززا قىلىشنى خالىمايمەن، ئېللا. خەتتە يازغانلىرىمنى باشقىلارغا بىلدۈرۈش توغۇل، ئۆزەممۇ ئاللىبۇرۇن ئۇنتۇپ كەتتىم دەپ ئويلايتتىم.

1975-يىل يازدا ماراكەشتە، سوپىلارنىڭ ئارىسىدا يۈردۈم. ئۆمرۈمدە تۇنجى قېتىم بىر تەكيەخانا كۆردۈم. ھۇجرام ئاق، كىچىك، پاكار، ئاددىي بولۇپ، ئەڭ ئاساسلىق ئېھتىياجنى قاندۇراتتى، خالاس. ئىچىدە بىر كارىۋات، گاز لامپىسى، كەھرىۋا تەسۋى، دېرىزىدە تەشتەك گۈل، تامدا فاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ قولىنى كۆرسىتىدىغان قاپارتما، تارتمىسىغا جالالىدىن رۇمىنىڭ مەسنىۋىلىرى سېلىپ قويۇلغان، ياغاچ ياغىچىدىن ياسالغان ئۈستەل بار ئىدى. بارى-يوقى مۇشۇلا بولۇپ، تېلېفون، تېلېۋىزور، تام سائىتى، رادىيو دېگەندەك نەرسىلەر كۆرۈنمەيتتى. مەيلى دېدىم، نەچچە يىل سالپا-ساياقلار بىلەن بىللە كونا بىنادا پاناھلاندىم، بۇ تەكيەخانىدىمۇ راھەت ياشىيالايمەن دەپ ئويلىدىم.

بابا سەمەد دېگەن كىشى بۇ روھانىي ماكاننىڭ رەھبىرى بولۇپ، ناھايىتى بىلىملىك، كۆپنى كۆرگەن، ئېسىل ئادەم ئىدى. مەندىن نېمىشقا مەككە، مەدىنەگە بارىدىغانلىقىمنى سورىغاندا دەرھال جاۋاب بەردىم: ئىسلام دۇنياسى بىز ئۈچۈن پېچەتلەنگەن قۇتا، ئىنسان ئۆزى بىلمەيدىغان نەرسىلەردىن قورقىدۇ. ئوتتۇرا شەرقنى بىلمەسلىكىمىز بىزدىكى قورقۇنچ ۋە قاتمال قاراشلارنى كۈچەيتىۋاتىدۇ. غەربلىك بىر فوتوگراف ئىسلامنىڭ مۇقەددەس شەھەرلىرىگە بېرىپ، ئۇ يەردىكى كىشىلەر بىلەن پاراڭلاشسا، سۈرەتكە تارتسا، ئاندىن بۇ سۈرەتلەر ۋە خەۋەرلەرنى پۈتۈن دۇنياغا تاراتسا، دىنلار ئوتتۇرىسىدىكى تىنچلىق ۋە دىئالوگ ئۈچۈن خىزمەت قىلىشنىڭ تۈنجى قەدىمى بېسىلغان بولماسمۇ؟ دېدىم. بابا سەمەد كۈلۈمسىرىدى ۋە مەن ھېچقانداق جاۋاب بەرمىگەندەك، بايىقى سوئالنى يەنە سورىدى: بىزدىن ياردەم تەلەپ قىلىۋاتىسەن، ئەمما باشتا شۇنى ئېيت، مەككە، مەدىنەگە نېمىشقا بارماقچى بولۇپ قالدىڭ؟

بۇ پەيتتە ئۇنىڭغا ھەم ئۆزەمگە راست گەپ قىلىش كېرەكلىكىنى ھېس قىلدىم:

— چۈنكى مۇشۇنداق قىلالىسام تارتقان سۈرەتلىرىمنى قىممەت باھادا ساتالايمەن، دۇنياغا مەشھۇر بولالايمەن.

بابا سەمەد بېشىنى ئاستا لىڭشىتىپ مۇنداق دېدى:

— چۈشەندىم، ئىشىك ئالدىمىزغا كېلىپ بىزدىن ياردەم سورىغان ئىكەنسەن، سېنى قۇرۇق قول ياندۇرالمايمىز. ئەمما سېنى مەغرۇرلانسۇن دەپ ئەمەس، ماڭىدىغان يولىغا كۆڭۈللۈك ماڭسۇن دەپ ياردەم قىلىمىز. ئاللاھ تائالا ئۆزى ياخشى كۆرگەن بەندىلىرىنى سۇ تاپقاندا سۇنىڭ قەدرىنى بىلسۇن دەپ چۆلدە ئازدۇرۇشنى خالايدۇ. ئاللاھ خالىسا تىلىكىڭ ئىشقا ئاشىدۇ، نەتىجىدە سەن شان-شۆھرەت ئۈچۈن ئەمەس، ئىشق ئۈچۈن كەئبىگە، ئۆز ئىچىڭدىكى كەئبىگە، يەنى قەلبىڭگە بارىسەن.

ئۇنىڭ نېمە دەۋاتقانلىقىنى چۈشەنمىدىم، چۈشەندۇرۇپ قويۇشىنىمۇ ئۈمىد قىلمىدىم. روھانىي كىشىلەر مۇشۇنداق چۈشىنىكسىز پاراڭ قىلىدۇ دەپ ئويلىدىم. ئىشقىلىپ، ماڭا ياردەم قىلىسىلا، باشقىسى بىلەن كارىم يوق ئىدى. بابا سەمەد مەككىگە بارغىچە ئارىلىقتا مەشھەدە ئۆز ئۆيىدە تۇرغاندەك تۇرۇشۇمنى ئېيتتى، ئەمما بىر شەرتى بار ئىدى: زەھەرلىك چېكىملىك چېكىشكە قەتئىي بولمايتتى.

خاتا ئىش قىلىۋېتىپ تۇتۇلۇپ قالغان بالىدەك ھودۇقۇپ كەتتىم، ئەجەبا ئۇلار مەن سىرتتا تۇرغاندا سومكامنى ئاختۇرغانمىدۇ؟ بابا سەمەد بۇ

خىيالىمنى بىلىپ قالغاندەك، ئېسىمدىن چىقماس گەپتىن بىرنى قىلدى: زەھەر چېكىدىغانلىقىڭنى بىلىش ئۈچۈن نەرسە-كېرەكلىرىڭنى ئاختۇرۇشىنىڭ ھاجىتى يوق، چېكىدىغانلىقىڭ كۆزلىرىڭدىنلا چىقىپ تۇرامدۇ؟

قىززىق يېرى، يېقىندىن بېرى زەھەردىن يىراق تۇرغان، زەھەرگە خۇمار ئىكەنلىكىمنى ئېتىراپ قىلماي كەلگەنىدىم. زەھەر مېنى ئەمەس، مەن زەھەرنى چېكىۋاتىمەن، كونترول قىلىش ھوقۇقى مەندە دەپ ئويلايتتىم.

— دەردىڭ بولسا مەنچىلىك باردۇر، ئەمما دەردنى مەست قىلىش باشقا، داۋالاش باشقىدۇر، -دېدى بابا سەمەد. -زەھەرنىڭ كۈچى تۈگىگەندىن كېيىن مەستلىكمۇ يوقايدۇ، قەيېرىڭ ئاغرىسا، ئۇ ئاغرىق ھەسسىلەپ كۈچىيىدۇ.

ئۇ راست دەۋاتاتتى، بۇنى مەنمۇ بىلەتتىم. زەھەردىن يىراق تۇرىمەن دەپ ۋەدە بەردىم، يېنىمدىكى ئۈيقۇ دورىسىدىن تارتىپ بارلىق خىمىيىلىك نەرسىلەرنى ئۇنىڭغا تاپشۇردۇم. ئەمما ئۇزاق ئۆتمەي بەدىنىم سىقىراپ ئاغرىشقا، ئىرادەم تەۋرىنىشكە باشلىدى. تەكىياخانىدا تۇرغان تۆت ئايدا نەچچە قېتىم قەسىمىمنى بۇزدۇم، تاپتىن چىقتىم.بېشىمنى ئېلىپ نەگە كەتسەم ئوخشاش، ئۇ نەرسە بەرىبىر مېنى تېپىۋالدى، ئىزدەشىنىڭمۇ ھاجىتى قالمىدى. موللا موللىنىڭ، ھاراقكەشنىڭ دوستى بولغاندەك، ئەخمەقمۇ ئەخمەقنىڭ دوستى ئىكەن.

بىر كۈنى ئاخشىمى يەنە قېچىپ، تەكىيەخانىغا غەرق مەست، كۆزلىرىم ئەلەس كەلدىم. ئەمما تاشقىرىقى ئىشىك قۇلۇپلاقلىق ئىدى. باغدا ئۇخلاشقا مەجبۇر بولدۇم، ئەتىسى سەھەردە مېنى تۈگۈلۈپ ياتقان يەردىن تېپىۋېلىشتى. بابا سەمەد ماڭا ھېچنېمە دېمىدى، مەنمۇ گەپ قىلمىدىم. بۇ ئىشلارنى ھېسابقا ئالمىغاندا، سوپىلار بىلەن ناھايىتى ياخشى كېتىۋاتاتتىم. تەكىيەخانىنىڭ تىنچلىقى ماڭا ناھايىتى ياقتى، شۇنچە زاماندىن بېرى تۇنجى قېتىم كۆڭلۈم ئارام تاپتى. ئامېستىردامدا بىر تۈركۈم يات خەقلەر بىلەن بىللە ياشاپ كۆنگەچكە، خاتىرجەم يالغۇزلۇقنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى تۇنجى رەت ھېس قىلىۋاتاتتىم.

قارىماققا بۇ يەردە بىر خىل كوممۇنىزملىق تۇرمۇش ھۆكۈم سۈرەتتى، بارلىق دەرۋىشلەر بىرلىكتە يەپ-ئىچىپ، بىرلىكتە دۇئا ۋە زىكرى قىلىپ، بىرلا ۋاقىتتا ئۇخلايتتى. ئەسلىدە ئۇلار ئۆزىگە، ئۆز قەلبىگە يۈزلىنىشى كېرەك ئىدى. سوپىلىققا قىزىققان كىشى ئاۋۋال بىر توپ ئادەمنىڭ

ئىچىدە يالغۇز قېلىشنى، ئاندىن ئۆز قەلبىدىكى كىشىلەرنى بىرلەشتۈرۈشنى ئۆگىنىشى كېرەك ئىدى.

ئاۋۋال "دۇنيادا پەقەت مەنلا بار" دەيتتىڭ،

ئاندىن " مەندە بىر دۇنيا بار" دەيتتىڭ،

ئاخىرىدا "مەنمۇ يوق، دۇنيامۇ يوق!" دەيتتىڭ.

ماراكەشتىكى سوپىلار مېنى قاچان مەككىگە يولغا سالار دەپ كۈتۈپ ئولتۇرۇپ، قىلغىلى ئىش تاپالماي ئىچىم پۇشۇپ، ئاندىن بارا-بارا سوپىلىققا قىزىقىپ، تەسەۋۋۇپ پەلسەپىسىگە ئائىت كىتابلارنى ئوقۇشقا باشلىدىم. ئاغزىڭغا بىر يۇتۇم سۇ ئالغىنىڭدا ئۆزەڭنىڭ نەقەدەر ئۇسساپ كەتكەنلىكىڭنى ھېس قىلىسەنغۇ، مەنمۇ شۇنداق بولدۇم، سوپىلىققا ئائىت نېمە تاپسام قانماي ئوقۇدۇم. ئۇزۇن ياز پەسلى چىقىپ كەتكىچە ئوقۇغان ئون نەچچە ئەسەرنىڭ ئىچىدە ماڭا ئەڭ تەسىر قىلغىنى جالالىدىن رۇمىنىڭ مەسنىۋىلىرى بولدى.

شۇ كۈنلەردە بابا سەمەد ماڭا بىرسىگە ئوخشايدىغانلىقىمنى ئېيتتى، ئۇ ماڭا ئوخشاتقان كىشى شەمس تەبرىزى دەيدىغان جاھانكەزدى دەرۋىش ئىدى. بەزىلەر ئۇ توغرۇلۇق ھەر خىل گەپلەرنى قىلىشقانىدى، ئەمما رۇمىدىن سورىساڭ، ئۇ ئاي ھەم قۇياش ئىدى. بۇنى ئاڭلىغانچە ئۇ ئادەمگە قىزىقىپ قالدىم، بۇ ئۇنداق-مۇنداق قىزىقىش ئەمەس ئىدى. بابا سەمەد ماڭا ئۇ توغرۇلۇق سۆزلىگەندە، ئۇنى بىر يەردە كۆرگەندەك، تېنىم جۇغۇلداپ كەتتى.

مەن ئۆزەم بىلىدىغان بۇ ئىشنى تېخى ھېچكىمگە تىنمىدىم، ئېللا. ئەمما ئاللاھ ھەممىنى كۆرۈپ تۇرغۇچى. بابا سەمەد ماڭا شەمس تەبرىزى ھەققىدە سۆزلەپ بېرىۋاتقان تۈنجى ئاخشىمى ھۇجرىدا بىزدىن باشقا يەنە بىرى — جىسمى يوق تەن، سېھىرلىك بىر نۇر بار ئىدى... ئۇنىڭ تىنىقلىرىنى ئاڭلىدىم، تامدا بىر كۆلەڭگە كېچىنىڭ مەيىن شامىلىدەك ياكى بىر پەرىشتىنىڭ قاناتلىرىدەك يۇمشاق تىترەيتتى. سەۋەبى نېمە بولسا بولسۇن، ئەتراپىمدا ئاجايىپ سېھىرلىك كەيپىيات بار ئىدى. شۇئان ئەقلىمگە كەلدىم، باشقا يەرگە بېرىشىمنىڭ ھاجىتى يوق ئىدى، ئۆمۈر بويى جاھان كېزىش، باشقا يەرلەرنى، تۇرۇۋاتقان ماكانىمدىن باشقا جايلارنى كۆرۈش ئارزۇسى تۇغۇلدى. قورقۇنچاقلىق ۋە ئاچكۆزلۈكتىن، ئۆزەم بىلەن ئۆزەم ئېلىشىپ ياشاشتىن ھېرىپ، زېرىكىپ كەتكەنىدىم.

ھازىر ئاساسەن ئارزۇيۇمدىكى يەردە ياشاۋاتاتتىم، بىردىنبىر مەقسىتىم مەشەدە قېلىپ، ئۆزەم ھەققىدە ئويدان ئويلىنىش ئىدى، شۇنداق قىلدىم،

تەكىيەخانىدىن ئايرىلمىدىم، يىللار ئۆتتى، ئۇ يەردە پىشىپ يېتىلدىم. بارلىق ۋاقتىمنى ئىبادەت، ئىستىقامەت بىلەن ئۆتكۈزۈدۇم. شۇ يەردە مۇسۇلمان بولۇپ، ئۆزەمگە ئەزىز زەكەرىيا زاھارا دەپ ئىسىم قويدۇم.

بىر كۈنى بابا سەمەد چامادانلىرىمنى قايتۇرۇپ بېرىۋېتىپ:

— ئەمدى كېتىدىغان ۋاقتىڭ كەلدى، ئۇۋاڭىدىن بۇركۈتتەك ئۇچىدىغان بولدۇڭ. ئۆز ئىچىڭدىكى دۇنيانى كېزىپ، نەپسىڭنى يېڭەلىگۈدەك بولغان ئىكەنسەن، ئەمدى بۇ دۇنيانى كەز. سېنىڭدەك ئىنسانلار پۈتۈن ئۆمرىنى بىر دەرگاھقا بېكىنىۋېلىپ ئۆتكۈزەلمەيدۇ. سېنىڭ باشقىلارغا بىلدۈرىدىغان ھېكايىلىرىڭ بار... — دېدى.

شۇنداق قىلىپ، بۇ يەرگە كىرائىق دېگەن ئىسىم بىلەن كىرىپ، زاھارا دېگەن ئىسىم بىلەن ئايرىلدىم. ھاياتىمنىڭ بۇ يېڭى سەپەر سەھىپىسىنى "سوپى" كەلىمىسىدىكى "ف" ھەرىپى بىلەن تونۇشقان مەزگىل دەپ ئاتايمەن.

باقى سۆيگۈ بىلەن، ئەزىز

شەمس

كونيا، 1246 ـ يىل 2 ـ ئاي

ھەزرىتى مەۋلانا تەسۋى سېرىپ، ئويغا چۆمگەن ھالدا دېرىزىنىڭ يېنىدا يالغۇز ئولتۇراتتى. كۈن پاتقان، ئىستىراھەت ۋاقتى يېتىپ كەلگەنىدى. بۇ سائەتلەردە پەرىشتىلەر ئىنسانلارغا ئارىلىشىدۇ، خىيال بىلەن ھەقىقەت ئارىسىدىكى بارلىق چەك ـ چېگرىلار بۇزۇلىدۇ.

ئۆرە تۇرۇپ ئۇنى جىمجىت كۆزىتىۋاتقىنىمدا بىردىنلا ئۇ ئالەمگە كىرىپ كەتتىم، ھەقنى بايقاشقا يۈزلەندىم. مەۋلانانىڭ بۇندىن نەچچە يىل كېيىنكى ھالىنى كۆردۈم، ئۇ مۇشۇ ئولتۇرغان يېرىدە، ساغۇچ قۇياش نۇرىنىڭ ئاستىدا تېخىمۇ قېرىغان، زەئىپلەشكەن، غەمكىن، سالاپەتلىك، ئېغىر ـ بېسىق ھالەتتە ئولتۇراتتى. ئۇچىسىدا يېشىل تون، ئەتراپىغا تەمكىنلىك بىلەن قارايتتى، ئەمما قەلبىنى بىر نەرسە دائىم ئازابلايتتى، مېنىڭ يوقلۇقۇم ئۇنىڭ بەدىنىدە ئازابلىق تاتۇق بولۇپ قالاتتى. شۇئان ئىككى نەرسىنى ھېس قىلدىم: بىرىنچىسى، مەۋلانا بۇ ئۆيدە قېرىيتتى، تاكى ۋاپات بولغىچە بۇ شەھەردە ياشايتتى. ئىككىنچىسى، مەن ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن پەيدا بولىدىغان ئازاب يارىسى ھېچ ساقايمايتتى. كۆزۈم ياشقا تولدى.

ئۇ ئالەمدىن ئۇنىڭ ئاۋازى بىلەن تەڭ قايتىپ كەلدىم.

— شەمس، قانداق ئەھۋالىڭ؟ ئۆرە تۇرۇۋالماي كەل ئولتۇر، سولغۇن كۆرۈنىسەن؟ ـ دېدى مەۋلانا.

زورىغا كۈلۈمسىرىدىم، ئەمما دەيدىغان گېپىم يەلكەمنى باسقان تۈگمەن تېشىدەك بوينۇمدا ئېسىلىپ قالدى. ئاۋازىم تەستە، ئۈزۈلۈپ ـ ئۈزۈلۈپ چىقتى:

— سەل مىجەزىم يوق تۇرىدۇ، بەك ئۇسساپ كەتتىم، لېكىن بۇ ئۆيدە ئۇسسۇزلۇقۇمنى باسىدىغان ھېچ نەرسە يوق.

— ئەمىسە كەرراغا بېرىپ دەي، نېمىنى خالىساڭ ئېيت، دەرھال ھازىرلاپ بەرسۇن، ـ دېدى ئۇ.

— ياق، بولدى، ماڭا كېرەكلىك نەرسە ئاشخانىدا ئەمەس، مەيخانىدا! بۇ ئاخشام مەست بولغۇم كېلىۋاتىدۇ.

رۇمىنىڭ چىرايىدا ئەندىشە پەيدا بولدى، گېپىمدىن گاڭگىراپ قالغاندەك قىلاتتى.

— قەدەھنى ئاشخانىدا تولدۇرغاندىن كۆرە، مەيخانىدا تولدۇرساڭچۇ، ـ دېدىم.

— قانداق دەيسەن؟ ساڭا شاراپ ئېلىپ بېرىمەنمۇ؟ ـ دېدى ئالىم ئىككىلىنىپ.

—شۇنداق. بېرىپ ئىككىمىزگە بىر قۇتىدىن شاراپ ئېلىپ كەلگەن بولساڭ ئوبدان بولاتتى. ئىككى قۇتا بولسىلا كۇپايە، بىرى ساڭا، بىرى ماڭا. يەنە كىچىككىنە تەلىۋىم بار: مەيخانىغا بارغىنىڭدا شاراپنى ئېلىپلا يېنىپ كەلمەي، بىر دەم ئولتۇرۇپ، خەقلەر بىلەن پاراڭلاشقىن. مەن سېنى بۇ يەردە ساقلاپ تۇرىمەن. ئالدىرىمىساڭمۇ بولىدۇ.

مەۋلانا سەل قارشى تۇرۇۋاتقاندەك، قايغۇرۇۋاتقاندەك ئەلپازدا چىرايىمغا قارىدى. شۇئان، باغداتتا ماڭا ھەمراھ بولۇشنى تەلەپ قىلغان قىزىل چاچلىق چۆمەز يادىمغا كەلدى. ئۇ باشقىلار نېمە دەپ قالار دەپ ئويلاپلا، تەسەۋۋۇپ دەرياسىغا كىرەلمىگەنىدى. خۇددى شۇنىڭغا ئوخشاش، مەۋلانامۇ ئۆزىنىڭ ئابرۇيىنى دەپ بۇ يولغا كىرەلمەي قالارمۇ؟

ئەمما مەۋلانا بىر دەملىك ئىككىلىنىشتىن كېيىن ئورنىدىن تۇرۇپ، «بوپتۇ، بارسام باراي» دېگەن مەنىدە بېشىنى لىڭشىتتى ۋە مۇنداق دېدى:

— مەن بۇ ياشقا كەلگىچە مەيخانىغا دەسسەپ باقمىغان، ئاغزىمغا بىر يۇتۇم مەي ئېلىپ باقمىغان. ھاراق ـ شاراپ ئىچىش گۇناھ، ئەمما ساڭا ئىشەنچىم تولۇق، چۈنكى مەندىن بۇنداق ئىشنى بىكاردىن بىكار تەلەپ

قىلمايسەن، مۇشۇ ئىش ئارقىلىق مەلۇم ھەقىقەتنى كۆرسۈن دەيسەن، سېنىڭ يۈزۈڭ ئۈچۈن، دوستۇم، سەن دېگەن يەرگە بارىمەن. بۇ ئىش ماڭا ئېغىر كەلسىمۇ، پۇتۇمغا تاش ئېسىپ قويسىمۇ، ئابرۇيۇمنى تۆكسىمۇ، ئۇ شاراپنى سەن ئۈچۈن بۇ يەرگە ئېلىپ كېلىمەن.

ئۇ شۇنداق دەپلا مەندىن خوشلىشىپ چىقىپ كەتتى.

ئۇ ئۆيدىن چىقىشىغا، دەرھال يۈكۈنۈپ سەجدە قىلدىم. ئۇ قويۇپ قويغان تەسۋىنى ئېلىپ، رەببىمگە كۆپ شۈكرى قىلدىم. ماڭا مۇشۇنداق كاتتا دوست ئاتا قىلغىنىغا رەھمەت ئېيتىپ دۇئا قىلدىم. مەۋلانا دەريادۇر، بىر يەردە تۇرۇپ قالمايدىغان، ئىنسان ۋە باشقا ھەممە نەرسىنى ئۆز قوينىغا ئالغان، ھېچكىمگە باشقىچە كۆزدە قارىمايدىغان، دائىم باشقا يەرگە قىزىقىدىغان ۋە ئۇنى بايقايدىغان، شاۋقۇنلاپ ئاقىدىغان سۈزۈك دەريادۇر. مېنىڭ ۋەزىپەم پەقەت ئۇ دەريانىڭ ئالدىدىكى سېپىلنى ئۆرۈپ تاشلاشتۇر.

ئۇنىڭ ئۆمۈر بويى ئىلاھى ئىشق مەستلىكىدىن ئايرىلماسلىقىنى تىلەيمەن.

تۆتىنچى بۆلۈم

ئوت

كۆيدۈرىدىغان، ۋەيران قىلىدىغان، يوق قىلىدىغان نەرسىلەر

ھاراقكەش سۇلايمان
كونيا، 1246-يىل، 2-ئاي

ھاراق دېگەن بۇ نەرسىنى ئىچىپ-ئىچىپ ئۇخلاپ قالغان ۋاقىتلىرىم تولا. چۈشۈمدە قارا بېسىپ قالغان، مەستلىكتە ئەزۋەيلەپ، ھۆكۈرەپ يۈرگەن ۋاقىتلىرىمنىمۇ بىلىمەن. ئەمما مەيخانا ئىشىكىدىن ھەزرىتى مەۋلانانىڭ كىرىۋاتقانلىقىنى كۆرۈش بۇ مەست كاللامغىمۇ كەلمەيدىغان ئاجايىپ خىيال ئىدى! ئاغزىمنى ئېچىپ قاراپلا قالدىم. چۈش كۆرۈۋاتىمەنمۇ نېمە دەپ قوللىرىمنى چىمدىپ باقتىم، كۆزلىرىمنى ئۇۋۇلىدىم، ئەمما ئىشىك تۈۋىدە تۇرغان ئادەم جايىدا تۇرىۋەردى.

— ھەي خىرىستوس، سەن ماڭا نېمە ئىچۈرۈۋەتتىڭ كاللامنى قايدۇرۇپ، — دەپ ۋارقىرىدىم، — شۇ ئاخىرقى قەدەھنى ئىچمىسەم بوپتىكەن، كاللام ساق ئەمما. ئىشىك تۈۋىدە تۇرغان شۇ ئادەمنى كىمگە ئوخشىتىۋاتىمەن، بىلەمسەن! ھا-ھا، مەۋلاناغۇ دەيمەن، قارا، قارا، بۇ ئادەم مەۋلاناغا ئوخشاۋاتامدۇ؟

— ئۈشت... زۇۋانىڭنى باس ساراڭ، — دەپ ۋارقىرىدى ئارقامدىن بىرى.

مېنى تىللاۋاتقان كىم ئۇ، ھۇ بەدبەخ دەپ كەينىمگە بۇرۇلۇشۇمغا نېمە كۆردۈم دېمەمسىلەر؟ مەيخانىدىكى جىمى ھاراقكەش، ھەتتا بىزنىڭ خىرىستوسمۇ جىم بولۇپ، ئىشىككە قاراپ ھاڭۋېقىپ تۇراتتى. مەيخانىغا دائىم كىرىۋالىدىغان كۈچۈكمۇ ئادەتتىن تاشقىرى ئىشلار بولۇۋاتقانلىقىنى تۇيغاندەك، سالپاڭ قۇلاقلىرىنى يەرگە چاپلاپ، ئۇياق-بۇياققا چۆچۈپ قارايتتى. پارس گىلىمى سودىگىرى ئۇ سەت ئاۋازىدا ئېيتىۋاتقان، مىڭ شاھىتنى كەلتۈرسىمۇ ناخشا دېگىلى بولمايدىغان كاكىراشلىرىنى

توختىتىپ، بۇيرۇق كۈتۈۋاتقان ئەسكەردەك ئۆرە تۇراتتى. ساق كۆرۈنۈشكە تىرىشىۋاتقان پۈتۈن مەستلەردەك، ئۇمۇ قوشۇمىسىنى قەستەن تۈرۈپ، ئېڭىكىنى كۆتۈرۈپ، تۈز تۇرۇشقا تىرىشىۋاتقاندا ئۇ ياق-بۇ ياققا بوش دەلدەڭشىيتتى.

بۇ جىمجىتلىقنى خىرىستوس بۇزدى، يەرگىچە ئېگىلىپ، ياغلىما گەپلىرىنى ياغدۇردى:

— مەۋلانا ھەزرەت، مەيخانامغا خۇش كېلىپسىز، بىزگە خۇشاللىق ئېلىپ كەلدىڭىز، سىزنى بۇ يەردە كۆرۈش بىز ئۈچۈن زور شەرەپ، قېنى ئېيتىڭ، نېمە كېرەك بولسا خىزمىتىڭىزگە تەييارمىز.

كۆزلىرىمنى چىمچىقلىتىپ، ئىشىككە قايتا-قايتا قارىدىم. ئاخىرىدا ئېنىق كۆردۈمكى، ئالدىمدىكى ئادەم ھەقىقەتەن جالالىدىن رۇمى ئىكەن!

— رەھمەت،- دېدى مەۋلانا زورىغا كۈلۈمسىرەپ، ئاندىن بوش يۆتەلدى، قىزاردى، تاتاردى، سۆزىنى داۋام قىلدى،- ئازراق ھاراق ئالاي دەپ كەلدىم.

بىچارە خىرىستوس بۇنى ئاڭلاپ ھەيرەتتىن ئاغزى ھاڭدەك ئېچىلىپ قالدى، ئۇلا ئەمەس، ھەممىمىز ھەيران قېلىۋاتاتتۇق. ھەممە ئادەمدە شۇنداق خىيال كەچكەن بولسا كېرەك: كونيانىڭ ئەڭ مەشھۇر ئالىمى مەيخانىغا كىرىپ بىزدىن ھاراق تەلەپ قىلىۋاتىدۇ، دېمەك، قىيامەت قايىم بولۇشقا ئاز قاپتۇ.

— ئۇ كىشىنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلساڭلارچۇ، ئۆرە تۇرۇپ قالدى،- دېدىم. خىرستوس ئەمدى ئېسىگە كېلىپ، مەۋلانا ئولتۇرۇشقا لايىق كېلىدىغان ئورۇن ئىزدەپ، ئاخىرىدا مەن ئولتۇرغان شىرەنىڭ ئۈستىدىكى ئورۇننى تاپتى!

مەۋلانا ئولتۇرۇشتىن ئاۋۋال ئەتراپىدىكىلەرگە چىرايلىق سالام قىلىۋىدى، بارلىق مەستلەر ھۆرمەت بىلەن ئېگىلىپ ئۇنىڭ سالامىغا جاۋاب قايتۇردۇق، ئۇنىڭغا قاراپلا ئولتۇردۇق. مەۋلانادەك بۇنداق زاھىد كىشى تەمكىنلىكى، ئۆزىگە بولغان ئىشەنچى، ئېسىللىكى، ھۆرمىتىنىڭ چوڭلۇقى، قىممەت باھالىق، چىرايلىق تونى بىلەن بۇ يەردە ئولتۇرۇشقا زادىلا ماس كەلمەيتتى.

تاقەتسىزلىنىپ، ئۇنىڭ يېنىغا بېرىپ پەس ئاۋازدا سورىدىم:

— رۇخسەت قىلسىلا ھەم ئەيىبكە بۇيرۇمىسىلا، سىلىدىن بىر نەرسىنى سوراي دېگەن.

— بولىدۇ،— دېدى مەۋلانا.

— كەچۈرسىلە، سىلىدەك ئۇلۇغ زاتنىڭ بۇ يەردە نېمە ئىشى بار؟

مەۋلانا ئىللىق تەبەسسۇم بىلەن كۆز قىسىپ قويدى.
— بۇنى سورىما، ئاشىقلارنىڭ ئىمتىھانىدىن ئۆتەي دەپ ئويلىغاندىمەن، - دېدى ئۇ، - شەمس تەبرىزى مېنىڭ شان - شۆھرىتىمنى يەر بىلەن يەكسان قىلىش ئۈچۈن بۇ يەرگە ئەۋەتتى.
— قانداقسىگە ئەمدى؟ شان - شۆھرىتىدىن ئايرىلىش ياخشى ئىشمىكەن؟ - دەپ سورىدىم كېكەچلەپ.
مەۋلانا كۈلدى:
— بۇ سېنىڭ قانداق قارىشىڭغا باغلىق. ئاللاھنى ياخشى كۆرۈشتىن باشقا ھەممە نەرسىنى سۈپۈرۈپ تاشلىشىمىز، ئۆزىمىزنى چوڭ بىلىش كېسەللىكىدىن قۇتۇلۇشىمىز كېرەك. دۇنيا ئەگەر بىزنى مەنمەنلىك قىلتىقىغا چۈشۈرسە، ئۇنداق ياكى بۇنداق يول بىلەن چۈشۈرىدۇ. شۇڭا ئائىلىمىزگە، مەرتىۋىمىزگە، مال - مۈلكىمىزگە، ھەتتا مەھەللىمىزدىكى جامە ياكى مەدرىسىكە بولغان بېقىندىلىقىمىزنىمۇ يوق قىلىشىمىز كېرەك.
ئۇنىڭ بۇ گېپىنى تازا چۈشەنمىسەممۇ، ئەمما بايانلىرىنى ئاڭلاپ زىددىيەتلىك كاللام ئېچىلغاندەك بولدى. بۇ سۆپىلارنىڭ ھەر تۈرلۈك پەلسەپەگە مايىللىقىنى، كۆڭۈلگە بايلىقىنى، ئاز - تولا ئەسەبىي كىشىلەر ئىكەنلىكىنى بۇرۇنمۇ بىلەتتىم، ئەمدى بۇنىڭغا تېخىمۇ ئىشەندىم.
سوئال نۆۋىتى ئەمدى مەۋلاناغا كەلگەندى. ئۇمۇ ماڭا ئوخشاش پەس ئاۋازدا سورىدى:
— رۇخسەت قىلسىلا ھەم ئەيىبكە بۇيرۇمىسىلا، مەنمۇ سەندىن بىر نەرسە سوراپ باقاي. يۈزىڭدىكى تاتۇقتا قارايمەن، نېمە بولغان؟
— قىزىقتۇدەك ئىش يوق ، - دېدىم، - يېرىم كېچىدە ئۆيگە كېتىۋاتاتتىم، ئىككى پاششاپقا ئۇچراپ قالدىم، بىرىنىڭ قامچىسى بار ئىكەن، مېنى ئېشەكتەك قامچىلىدى، ئىسمىنى ئۆمۈر بويى ئۇنتۇمايمەن: بايبارس!
— نېمىشقا ئەمدى؟ - دەپ سورىدى مەۋلانا.
دەل شۇ چاغدا خىرىستوس مەۋلانانىڭ ئالدىغا ئىككى شىشە شاراپ قويدى. مەن قوپاللىق بىلەن ئۇلارنى ئىشارەت قىلغاچ، «ئالدىلىرىدا تۇرغان شۇ نەرسىنى ئىچكەچكە» دېدىم.
مەۋلانا ئويچان قىياپەتتە كۆزلىرىنى ئېلىپ قاچتىيۇ، ئارقىدىن دوستانە كۈلۈمسىرەپ «بوپتۇ، ئۆتكەنگە سالاۋات» دېدى. شۇنداق قىلىپ پارىڭىمىزنى باشلاپ كەتتۇق. ئۆچكە سۈتىدىن ياسالغان پىشلاق ۋە

ئوچاقتا پىشقان يەر مەدىكىنى نىنىمىزغا قوشۇپ يىگەچ، بالىلىقىمىز، مۇھەببەت، ئىتىقاد، دوستلۇق ۋە ئۇنتۇپ كەتتىم دەپ ئويلىغان، ئەمما شۇ ئاندا ئۇلارنى ئەسلەپ ھۇزۇرلىنىۋاتقان گۈزەل ئىشلار ھەققىدە پاراڭلاشتۇق.

كۈن ئولتۇرغاندىن كېيىن مەۋلانا ئاستا ئورنىدىن تۇردى، مەيخانىدىكى ھەممەيلەن ئۇنىڭ بىلەن تەڭلا ئورنىدىن قوپۇپ كەتتى. ھەممىمىز پاراتتىن ئۆتمەكچى بولغان ئەسكەرلەردەك قاتار تىزىلىپ، خوشلىشىش ئۈچۈن ئۆرە تۇردۇق. ئاجايىپ مەنزىرە-دە بۇ!

مىھمىنىمىز ئىشكتىن چىقاي دەپ تۇراتتى،" ھەزرىتى مەۋلانا،- دەپ يىنىغا ماڭدىم،-كىتىشتىن ئاۋۋال بىرگە چۈشەندۈرۈپ قويسىلا، ھارام نىمىشقا ھارام، بۇنىڭغا جاۋاپ بىرىپ ئاندىن كەتسىلە.

خىرىستوس قاپىقىنى تۈرۈپ يىنىمغا يۈگۈرۈپ كەلدى. ئۇ مىنىڭ بۇنداق مۇرەككەپ سوئالنى سوراپ، خىرىدارلارنىڭ كەيپىنى ئۇچۇرۇشۇمدىن قورققانىدى.

__ جىم تۇر سۈلايمان، نىمىشقا بۇنداق سوئالنى سورايسەن؟

__ سورىسام نىمە بوپتۇ، نىمە دەپ جاۋاب بىرىدىكىن دەپ قىزىقىۋاتىمەن،-دىدىم-دە، مەۋلاناغا بۇرۇلدۇم،- ھەزرىتىم، بىزنى كۆردىلە، بىز ئۇنچە قورقۇنچلۇق ئادەملەر ئەمەس، شۇنداققۇ؟ خوش، سۈتتەك ئاق ئەمەسمىز، ئەمما بۇنچە پەس كۆرۈلسەك قانداق بولىدۇ؟ ئەگەر ئۆزىمىزنى بىلىپ، ھىچكىمنى رەنجىتمىسەك، شاراپ ئىچىش نىمىشقا گۇناھ؟

گىپىمنى ئاڭلاپ تۇرغان باشقا خىرىدارلارمۇ يىنىمغا كىلىپ قىستىلىشىپ، ئەتراپىمىزنى ئورىۋالدى. مەۋلانا بۇنىڭغا نىمە دەر بولغىيدى؟ ھەممە ياقنى قويۇق تۇماندەك بۇرۇقتۇرما جىمجىتلىق قاپلىدى. ئاخىرىدا بۇ مەشھۇر خاتىپ مۇنداق دىدى:

شاراپ ئىچكۈچى رەھىمدىل بولسا، رەھىمدىل مەست بولۇر.

شاراپ ئىچكۈچى ئاداۋەتخور بولسا، ئاداۋەتخور مەست بولۇر.

شاراپ ئىچكۈچىنىڭ تولىسى ئاداۋەتخور، بىر نەچچىسىلا ئاق كۆڭۈل بولغاچقا، شاراپ خەلققە ھارامدۇر.

ھەممىمىز بۇ سۆزلەرنىڭ ھېكمىتىنى چۈشىنىش كېرەكلىكىنى ھېس قىلغان بولساق كېرەك، ھېچكىمدىن سادا چىقمىدى.

__ دوستلىرىم، ھاراق ياخشى نەرسە ئەمەس، چۈنكى ئۇ ئىچىمىزدىكى ئەڭ رەزىل نەرسىلەرنى ئاشكارىلايدۇ،- دەپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى مەۋلانا،- مىنىڭچە، ھاراق-شاراپتىن يىراق تۇرۇش كېرەك. شۇنداقلا،

ئۇنتۇماسلىق كېرەككى، ئۆزىمىز هاراق ئىچىپ تۇرۇپ گۇناھىمىزنى مەيگە ۋە مەيخانىغا ئارتىپ قويساق بولمايدۇ. مەي ـ شاراپتىن قول ئۈزۈشتىن ئاۋۋال نەپسىمىزدىكى ھاياسىزلىق، يالغانچىلىق، ئاداۋەتخورلۇق، قوپاللىق، زوراۋانلىقنى قوغلاپ چىقىرىشىمىز كېرەك. نەتىجىدە، ئىچىدىغىنى يەنىلا ئىچىدۇ، ئىچمەيدىغىنى ئىچمەيدۇ. ھېچكىمنىڭ ھېچكىمنى زورلايدىغان ھەققى يوق، چۈنكى دىندا زورلاش يوق.

بەزى خېرىدارلار قايىللىق بىلەن بېشىنى لىڭشىتتى، مەن بولسام قەدەھ كۆتۈردۇم:

— ھەزرىتى مەۋلانا، سىلى كۆڭلى كۆكسى كەڭ، كىشىدىن زوقلىنىشنى بىلىدىغان، كەمدىن كەم ئۇچرايدىغان ئالىم ئىكەنلا، ـ دېدىم، ـ بۈگۈن بۇ يەرگە كەلگەنلەرنى توغرۇلۇق ئېگىز ـ پەس گەپلەر چىقىشى مۇمكىن، ئەمما مەنچە، سىلىدەك كاتتا فەقىھنىڭ بىزلەرنى چەتكە قاقماي مەشەگچە كېلىشى، قاتمال قائىدىلەرنى بۇزۇپ بىز بىلەن پاراڭلىشىشى بىر قەھرىمانلىق، بۇنىڭغا بىز رەھمەت ئېيتىمىز.

مەۋلانا ماڭا يېقىملىق نەزەردە قاراپ قويۇپ، شىرەگە قويۇلغاندىن بىرى قول تەگكۈزۈپ باقمىغان شاراپ قۇتىلىرىنى ئېلىپ، سىرتتىكى سوغۇق شامالغا قارشى، قاراڭغۇلۇقتا يۈرۈپ كەتتى.

ئالائىدىن

كونيا، 1246 ـ يىل 2 ـ ئاي

دادامغا «كىميانى خوتۇنلۇققا ئالاي دەيمەن» دېگەن گەپنى دېيىش ئۈچۈن ئۈچ ھەپتىدىن بېرى پۇرسەت كۈتۈۋاتىمەن. خىيالىمدا ئۇنىڭ بىلەن نەچچە قېتىم پاراڭلاشتىم، گېپىمنى تەسىرلىك قىلىمەن دەپ نەچچە رەت مەشىق قىلدىم. ياق دەپ قالسا ئۇنىڭغىمۇ جاۋابىم تەييار ئىدى. ئەگەر «كىميا بىلەن سەن ئاكا ـ سىڭىل» دېمەكچى بولسا، بىزنىڭ ھېچقانداق قان ـ قېرىنداشلىق مۇناسىۋىتىمىزنىڭ يوقلۇقىنى ئەسكەرتىپ قوياتتىم. «بوپتۇ، شۇنداقتىمۇ قاملاشمايدۇ» دەپ قالسا، بۇنىڭ ھەممەيلەن ئۈچۈن ياخشى ئىش ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرەتتىم. دادامنىڭ كىمياغا ئامراقلىقىنى بىلگەچكە، ئەگەر ئۇنىڭ بىلەن توي قىلىشىمغا ماقۇل بولسا ئۇنىڭ يەنىلا مۇشۇ ئۆيدە قالىدىغانلىقىنى، يىراق يەرگە كېتىپ قالمايدىغانلىقىنى دەيتتىم. ھەممە ئىشنى ئويلاپ، پىلانلاپ بولدۇم، ئەمما دادام بىلەن پەقەت كۆرۈشەلمەيۋاتاتتىم.

ھالبۇكى، بۇ ئاخشام ئۇنىڭ بىلەن ئويلىمىغان يەردىن ئۇچرىشىپ قالدىم. دوستلىرىم بىلەن تېپىشىش ئۈچۈن سىرتقا چىقاي دەپ تۇراتتىم، دەرۋازا ئېچىلىپلا دادام كىرىپ كەلدى.

ئۇنىڭ قولىدىكى شاراپ شىشىلىرىنى كۆرۈپ، ھەيرانلىقتىن تۇرۇپلا قالدىم.

— دادا، قولۇڭدىكى نېمە ئۇ؟- دەپ سورىدىم.

— ھە بۇنى دەمسەن،- دېدى دادام ھېچ ئىش بولمىغاندەك، ئاندىن ھېچقانداق ئوڭايسىزلانماي، قورۇنماي تۇرۇپلا ئۇنى دەۋەتتى،- بالام، بۇلار شاراپ.

— نېمە؟ شاراپ دەمسەن؟- دەپ ۋاقىراپ كەتتىم،- ھەزرىتى مەۋلانا بۇ ھالغا چۈشۈپ قالسا بولامدۇ؟ دېمەك، ھاراقكەش قېرىغا ئايلاندىم دە!

قارشى تەرىپىمدىن بىر ئاۋاز گېپىمنى پىچاقتەك كەستى:

— ئاغزىڭنى يۇم ئالائىدىن، سۆزۈڭگە دىققەت قىل!

ئارقامغا بۇرۇلدۇم، گەپ قىلىۋاتقان ئادەم شەمس بولۇپ، ماڭا مىقتەك تىكىلىپ تۇراتتى.

— داداڭغا بۇنداق گەپ قىلساڭ بولمايدۇ، ئۇنىڭغا شاراپ ئېلىپ كېلىشنى مەن بۇيرۇغان.

— شۇنداقمۇ، بۇنىڭغا ھەيران قالمىدىم!

شەمس تېرىككەندەك قىلمايتتى.

— ئالائىدىن، كەل، ئولتۇرۇپ ئالدىرىماي پاراڭلىشايلى،-دېدى ئۇ چىرايىنى ئۆزگەرتمەي،- ئەمما ئاۋۋال ئۆپكەڭنى بېسىۋال، ئاندىن سۆزۈمنى ئاڭلا. ئەگەر قەلبىڭنى يۇمشاتمىساڭ، دېگەن گېپىمنىڭ ھەممىسى ساڭا ئېغىر كېلىدۇ.

قەلبنى يۇمشىتىش دېگەن نېمە؟ دەپ ئۇنىڭغا ئەجەبلىنىپ قارىغان بولسام كېرەك؟

نىزاملاردىن بىرىدۇر،-دېدى شەمس،- ئوتتۇز بىرىنچى نىزام: ھەقتائالاغا يېقىنلىشىش ئۈچۈن يىپەكتەك يۇمشاق كۆڭۈلگە ساھىب بولۇش كېرەك. ھەر ئىنسان ئوخشاش ياكى بۇنداق سەۋەبلەر بىلەن رەھىمدىللىكنى ئۆگىنىدۇ. بەزىلەر بىرەر قازاغا ئۇچرايدۇ؛ بەزىلەر ئەجەللىك كېسەللىككە گىرىپتار بولىدۇ؛ بەزىلەر جۇدالىق ھەسرىتى چېكىدۇ، بەزىلەر ماددىي زىيانغا ئۇچرايدۇ...ھەممىمىز قەلبىمىزدىكى قاتتىقلىقنى يۇمشىتىدىغان ئۆتكەللەردىن ئاتلاپ ئۆتىمىز، ئەمما بەزىلەر بۇنىڭدىكى ھېكمەتنى

چۈشىنىپ رەھىمدىللىشىدۇ. ئەپسۇس، بەزىلەرنىڭ كۆڭلى تېخىمۇ قارىداپ كېتىدۇ.

— سەن بۇ ئىشقا ئارىلاشما، — دېدىم، — سەندەك مەستىنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ ئولتۇرامدىم مەن؟ دادام سېنى چوڭ بىلىشى مۇمكىن، ئەمما مەن دادامدەك ساددا ئەمەس.

بۇ چاغدا دادام ئارىغا كىردى:

— ئاللائىدىن، ئەمدى بولدى قىل! ئەدەپ قېنى؟

قىلغان ئىشىمغا تۇيۇقسىز پۇشايمان قىلدىم، ئەمما ئۆتكەننى كەينىگە ياندۇرغىلى بولمايتتى. نەچچە ۋاقىتتىن بېرى ئىچىمگە يىغىلىپ قالغان بارلىق ئاچچىق ۋە ئەلەملەر بىراقلا پارتلىدى.

— بۇ گەپچە، مەندىن نەپرەتلىنىدىكەنسەن، — دېدى شەمس ئاۋازىنى سەل تۆۋەنلىتىپ، — ئەمما داداڭغا ئامراقلىقىڭدىن قىلچە گۇمانلانمايمەن. ئۇنى قانچىلىك رەنجىتكىنىڭنى بىلەمسەن؟

ئۇنىڭ گېپىنى ئۆزىگە قايتۇردۇم:

— ئەسلى سەن بىزنىڭ تۇرمۇشىمىزنى قانچىلىك ۋەيران قىلىۋاتقانلىقىڭنى بىلەمسەن؟ يوقالساڭچۇ بۇ يەردىن!

بۇ چاغدا دادام ماڭا ئېتىلىپ كەلدى، غەزەپتىن ئاغزى چىڭ يۇمۇلغان بولۇپ، ئوڭ قولىنى كۆتۈردى. مېنى ئۇرىدۇ دەپ ئويلاپ جىم تۇردۇم، ئەمما ئۇرمىدى، ئۇرالمىدى، چىرايىمغا قاراپمۇ قويماي، «مېنى نومۇسقا ئۆلتۈردۈڭ» دېدى.

كۆزلىرىم ياشقا تولدى، بۇ ھالىمنى كۆرمىسۇن دەپ باشقا ياققا قارىۋالدىم، قارىدىم-دە ھەرەمخانىغا كىرىدىغان ئىشىك تۈۋىدە قاراپ تۇرغان كىميا بىلەن كۆزۈم ئۇچرىشىپ قالدى. ئۇ ئارقىمىزدا ھەممىنى كۆرۈپ تۇرغانىكەن! ئۇ يەرگە قاچان كەلگەن بولغىيدى؟ قاچاندىن بېرى بىزنى كۆزىتىپ تۇرغان بولغىيدى؟ گەپ-سۆزلەرنى باشتىن ئاخىر ئاڭلىغانمىدۇ؟

توي قىلاي دېگەن قىزنىڭ ئالدىدا دادامدىن ئىزا-ئاھانەت ئىشتىماق شۇنچىلىك ئېغىر كەلدىكى، يۈرىكىمگە بىر ئاغرىق كىرىپ كەتتى. ئۇ يەردە بىر مىنۇتمۇ تۇرالماي، تونۇم بىلەن ئۆتۈكۈمنى ئېلىپ، شەمسنى ئىتتىرگەن پېتى ئىشىكتىن چىقىپ كەتتىم. كىميادىن، ئۆيدىن، بۇ تار قەپەزدىن، بۇ ئەھمىيەتسىز تالاش-تارتىشتىن... ھەممىسىدىن يىراقلاشتىم.

شەمس
كونيا، 1246 ـ يىل، 2 ـ ئاي

رۇمى بەك خاپا بولدى، ئالائىددىن كەتكەندىن كېيىن خېلىغىچە زۇۋان سۈرمىدى. ئىككىمىز قار بىلەن قاپلانغان هويلىغا چىقتۇق. سوغۇق ۋە زۇلمەتلىك بۇ كېچىدە هاۋا ناهايىتى ئېغىر، بۇرۇقتۇرمىلىق ئىدى. ئۇ يەردە تۇرۇپ بوزرەڭ زېمىننى ئەسلىتىدىغان بۇلۇتلارغا قارىدۇق. ئەتراپتا ئاجايىپ جىمجىتلىق، شامماللار يىراقلاردىن مۇشۈك ـ ئەنبەر ۋە باغلاردا قۇرۇتۇلغان ئالمىلارنىڭ پۇرىقىنى ئېلىپ كېلىۋاتاتتى، ئىككىمىز بەلكى بۇ شەھەرنى تەرك ئېتىپ كېتىشنى ئويلاپ قالدۇق، ئەمما ئۇنداق قىلالمىدۇق.

شاراپ شىشىلىرىدىن بىرنى قولۇمغا ئېلىپ، قاردا قالغان، غۇنچىلىرى تۆكۈلۈپ يالىڭاچلىنىپ، ئۆلەي دەپ قالغان بىر گۈلنىڭ يېنىغا كېلىپ، شىشىدىكى شاراپنى يەرگە تۆكۈشكە باشلىدىم. رۇمى هەيران بولۇپ قاراپ قالدى، چىرايىغا تەبەسسۇم يامرىدى.

گۈل ئاستا ـ ئاستا تىرىلىشكە باشلىدى، قوۋزىقى ئادەم تىرىسىدەك يۇمشىدى، كۆز ئالدىمىزدا بىر دانىسى پورەكلەپ قىزغۇچ سېرىق رەڭدە ئېچىلدى.

ئاندىن ئىككىنچى شىشىنى ئېلىپ، ئۇنىمۇ يەرگە تۆكتۇم. گۈل تېخىمۇ جانلىنىپ، رەڭگى باشقىچە ئېچىلىپ كەتتى. شىشىنىڭ ئاستىدا بىر قانچە يۇتۇم شاراپ قالغانىدى، ئۇنى قەدەهكە قۇيۇپ يېرىمىنى ئۆزەم ئىچىپ، يېرىمىنى رۇمىغا سۇندۇم.

ئۇ سىپايىلىق، تەمكىنلىك بىلەن بۇنى قوبۇل قىلىپ، قەدەهنى تىترەپ تۇرۇپ ئالدى. ئۆمۈر بويى هاراققا يېقىن كەلمىگەن بۇ ئالىم ئەمدى مەن ئۈچۈن، ماڭا ۋە دوستلۇقىمىزغا ئىشەنگەنلىكى ئۈچۈن قەدەهنى ئېلىۋاتاتتى.

__ دىنىنىڭ شەرتلىرىگە ئەمەل قىلىش مۇهىم، ـ دېدى ئۇ، ـ ئەمما ئىنسان قائىدە ـ يوسۇنلارنى ئۆزىدىن، پارچىلارنى پۈتۈندىن مۇهىم بىلىپ كەتمەسلىكى كېرەك. ئىچىدىغانلار ئىچمەيدىغانلارنى، ئىچمەيدىغانلار ئىچىدىغانلارنى كەمسىتمەسلىكى كېرەك. بۈگۈن ماڭا سۇنغان بۇ شارابىڭنى شۇنىڭ ئۈچۈن ئىچمەن ۋە شۇنىڭغا جەزمەن ئىشىنىمەنكى، ئىشق مەستلىكىدە ئويغاقلىق بار.

رۇمى شارابنى ئاغزىغا ئاپىراي دەپ تۇرۇشىغا قولىدىكى قەدەھنى ئالغان پېتى يەرگە تۆكتۇم، قىزىل شاراب ئاپئاق قارغا قاندەك چاچرىدى.

— سەن ئىچمە، - دېدىم، - مۇشۇنچىلىك بولسا بولدى، كۆرىدىغانلىرىمنى كۆرۈپ بولدۇم.

ئەمدى بۇ سىناقنى داۋاملاشتۇرۇشنىڭ ھاجىتى يوق ئىدى.

رۇمى ھەيرانلىقتىن ئۆتە سۆيۈنۈش ئىچىدە سورىدى:

— ماڭا شاراب ئىچۈرمەيدىغان ئادەم نېمىشقا مېنى مەيخانىغا ئەۋەتتىڭ؟

— سەۋەبىنى بىلىسەن، - دېدىم كۈلۈمسىرەپ، - بىز سوپىلار قۇرۇق ئىبادەت ياكى رىيازەت يولى بىلەن ئەمەس، شەكلەن، جاپالىق ياكى خەققە كۆرسىتىش ئۈچۈن ئەمەس، پەقەت ئىشق ۋە جەزبە بىلەن ئاللاھقا باغلىنىمىز.

ئوتتۇز ئىككىنچى نىزام: ئاللاھقا ساپ ئىشق بىلەن باغلىنىش ئۈچۈن ئارىدىكى توساقلارنى ئېلىۋەت، قائىدە - نىزاملىرىڭ بولسۇن، ئەمما ئۇنى باشقىلارنى چەتكە قېقىش ياكى ئەيىبلەش ئۈچۈن ئىشلەتمە. بولۇپمۇ، بۇتلاردىن يىراق تۇر ۋە ئۆز قاراشلىرىڭنى بۇتلاشتۇرۇپ قويۇشتىن ھەزەر ئەيلە. ئېتىقادىڭ بۈيۈك بولسۇن، ئەمما ئۇنىڭ بىلەن ئۆزەڭنى چوڭ چاغلىما!

رۇمىنىڭ پەزىلىتىگە بۇرۇندىلا قايىل ئىدىم، شۇنداقتىمۇ بۈگۈن ئۇنىڭغا بولغان ھۆرمىتىم ھەسسىلەپ ئاشتى.

كوزا مىسالى بۇ دۇنيا، ئالىچەكمەن ئويۇن ئويناپدىغان بۇ ۋال - ۋۇل، داغدۇغىلىق سەھنە پۇل - مالغا، مەرتىۋىگە، شان - شۆھرەتكە ئالدىنىپ ياشايدىغان رەڭگارەڭ ئارتىسلار بىلەن تولغان. كىشى باي بولغانسېرى پۇلغا تويمايدۇ؛ ئورنى ئۆسكەنسېرى ماختىنىشقا تويمايدۇ. مال - دۇنيانى پىتنە - پاسات ۋە ھەسەت بىلەن، زالالەت ۋە كىبىر بىلەن ئۆزلىرىگە كەئبە قىلىدۇ، ماددىغا بىلىپ - بىلمەي قۇل بولىدۇ.

ھەممە ئادەم دۇنيا پەلەمپىيىدىن ئاتلاپ چىقىش ئۈچۈن بىر - بىرىنىڭ مۈرىسىنى بېسىپ تۇرۇۋاتقىنىدا، ئالىقاچان يۇقىرى چىقىپ بولغان، ساندۇق - ساندۇق ئالتۇن، ھەسسىلەپ ئابروي، مىڭلارچە ئەگەشكۈچىگە ئىگە، ئىلىمنىڭ چوققىسىغا يەتكەن بىر كىشىنىڭ ئۆز ئورنىدىن تۇيۇقسىز ۋاز كېچىپ، ئېتىقادىنى دەپ باش - ئاخىرى نامەلۇم مەنىۋى سەپەرگە چىقىشى، ھەتتا نام - ئابرويىنى ۋەيران قىلىشى... ناھايىتى كەم كۆرۈلىدىغان ئىش ئىدى. مەۋلانانىڭ قىلغانلىرىنى قىلالايدىغان، ئۈچقاندا

چۈشۈشنى، ئېرىشكەندە يوقىتىشنى، مۇدەررىسلىك قىلىۋاتقاندا تالىپ بولۇشنى قوبۇل قىلالايدىغان ئىنسان بارماق بىلەن سانىۋالغۇدەكلا ئاز ئىدى.

— ئاللاھ تەكەببۇرلۇقنى ياخشى كۆرمەيدۇ، كەمتەر بولۇشىمىزنى تەلەپ قىلىدۇ، — دېدىم قوشۇمچە قىلىپ، — شۇڭا، بىزنىڭ گېپىمىز ھەر قانچە توغرا بولغان تەقدىردىمۇ، مەنمەنچىلىك قىلماسلىقىمىز كېرەك.

رۇمى تەڭكەش ئاۋازدا بۇ گەپكە قېتىلدى:

— شۇنداقلا ئۇ بىلىنمەكنى تەلەپ قىلىدۇ. شۇڭا تەمكىنلىك، ئادىللىق، دۇرۇسلۇق، ئويغاقلىق مەست يۇرمەكتىن ياخشىدۇر. سوپىنىڭ كۆڭلى دائىم ئويغاقتۇر.

ئۇ توغرا دېدى.

كېچە ساپ، خۇشبۇي پۇراققا تولغانىدى. ئىچىم ھاياجانغا تولدى. ھاۋا بارغانچە سوۋۇپ كېتىۋاتاتتى. قاتتىق سوغۇق چۈشكىچە ئىككىمىز پورەكلەپ ئېچىلغان گۈلنىڭ يېنىدا سۇكۇتكە چۆمۈپ، ئۇزاق ئولتۇردۇق.

ئېللا

بوستون، 2008-يىل 6-ئاي

— بۇ ئاخشام بىللە تاماققا بارايلىمۇ؟ — دەپ سورىدى داۋىد، — نورتھامپتوندا بىر تايلاند رېستورانى ئېچىلىپتۇ، جۈپ-جۈپ بولۇپ تاماق يەيدىغان يەرمىش. بالىلارنى ئۆيدە قويۇپ بىر دەم بولسىمۇ يالغۇز قالساق دەيمەن، سېنىڭچە قانداق؟

ئەسلىدە ئېللا شەنبە ئاخشىمى ئېرى بىلەن يالغۇز قالماقچى ئىدى، ئەمما داۋىد ھازىر چىڭ تۇرۇۋالغاچقا ياق دېيەلمىدى.

كۈمۈش تولۇنئاي ئىسىملىك بۇ ئاشخانا كىچىك، پاكار بولسىمۇ، چىرايلىق ئىدى. شىرەسىدە ئوماق لامپىلار، قارا دۇخاۋا داستىخان، تۆت تامدا ئەينەك، خېرىدارلار شۇنچە كۆپ بولۇپ، ئۆز ئەكسى بىلەن بىللە تاماق يەۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى. ئېللا بۇ يەرگە كېلىپ ئانچە قورۇنۇپ قالمىدى، چۈنكى ئۇنىڭغا يات تۇيۇلۇۋاتقان نەرسە ئاشخانىنىڭ مۇھىتى ياكى مەنزىرىلەر ئەمەس، بەلكى ئېرى ئىدى. ئېرىنىڭ كۆزىدە ئادەتتىن تاشقىرى ئالامەتلەر بولۇپ، ئويچان، بىئارام ۋە بىر ئاز ئەسەبىي كۆرۈنەتتى. ئەمما ئېللا ئاساسلىقى ئېرىنىڭ دۇدۇقلىشى تۈپەيلىدىن پەرىشان بولدى. ئۇنىڭغا

ئايان ئىدىكى، داۋىد كىچىكىدىن كېكەچرەك بولۇپ، ئەگەر خېلىدىن بېرى بۇرۇقتۇرما بولۇپ يۈرمىسە، بۇنداق دۇدۇقلاپ كەتمەيتتى.

بىر دەمدىن كېيىن تايلاندلىقلارنىڭ ئەنئەنىۋى قىياپىتىدە كىيىنگەن كۆتكۈچى قىز تاماق بۇيرۇتمىسى ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ئالدىغا كەلدى. داۋىد ئاچچىق مېدىيە قۇلۇلىسى بۇيرۇتتى، ئېللا قىرىق ياشقا كىرگەندە گۆش يېمەسلىك پىلانىغا ئەمەل قىلىپ، قىيام ئارىلاش ھىندىستان ياڭىقى ۋە سېرىق پۇرچاق بۇيرۇتتى. ئىككەيلەن يەنە ھاراق ئىچىدىغان بولۇشتى.

ئۇلار بىر نەچچە مىنۇت ئۇ يەردىن بۇ يەردىن، ئادەتتىكى ئىشلار ۋە تونۇش-بىلىشلەر توغرۇلۇق پاراڭلاشتى، ئاندىن ئاشخانىنىڭ كۆرۈنۈشى—شىرەدىكى داستىخان قارا بولسا ياخشىمۇ، ئاق بولسا ياخشىمۇ؛ ئەنئەنىۋى زىننەتلەر چىرايلىقمۇ ياكى زامانىۋى بولسا چىرايلىقمۇ... دېگەن مەسىلىلەر ھەققىدە پاراڭلىشىپ، ئارقىدىن جىمىپ قېلىشتى. يىگىرمە يىللىق ئەر-خوتۇن، بىللە تاڭ ئاتقۇزۇشلار، دەم ئېلىشلار، ئەمەلگە ئاشۇرۇلغان خىياللار، جېدەل-ماجىرالار، يېقىنچىلىقلار، دۇنياغا ئاپىرىدە قىلىنغان ئۈچ بالا...دېمەك، شۇنچە كۆپ ئىشلاردىن كېيىن نەگە بېرىپ، نېمە قىلىشلىرىنى بىلەلمەي قالغان جىمجىتلىق ئىدى بۇ. ئېللا بۇلارنى ئويلاپ كۆزىگە ياش ئالدى.

پاراڭ يەنە باشلانغاندا ئاۋۋال داۋىد ئېغىز ئاچتى:

— قارىسام، مەسىنىۋى ئوقۇۋېتىپسەن...

ئېللا ھەيرانلىق بىلەن بېشىنى لىڭشىتتى، ئەمما نېمىگە ھەيران قالغىنىنى ئۆزىمۇ بىلمىدى. داۋىدنىڭ مەۋلانانى بىلىپ قالغىنىغا ھەيران قېلىۋاتامدۇ ياكى ئۇنىڭ خوتۇنۇم نېمە ئوقۇۋاتىدۇ دەپ قىزىقىپ قالغىنىغىمۇ؟

— نەشرىيات بەرگەن بىر رومان بارغۇ... «ئىشق شەرىئىتى»دەيدىغان. شۇ ھەقتە ئوبزۇر يېزىۋاتىمەن، پايدىلىنىش ئۈچۈن رۇمىنىڭ بىر قانچە كىتابىنى ئالغان. ئوقۇغانچە ياقتۇرۇپ قالدىم، ھازىر كۆندە ئاخشىمى ئوقۇۋاتىمەن،- دەپ چۈشەندۈردى ئېللا.

داۋىد شىرەدىكى بولكا ئۇۋاقلىرىغا قاراپ قالدى.

— ھە، شۇ رومان،- دېدى كىنايە قىلىپ،- قانداقراق، بولامدىكەن؟

— ھەئە،_ دېدى ئېللا بىئاراملىقىنى يوشۇرۇشقا تىرىشىپ،-بەك ياقتۇرۇپ قالدىم.

بۇ چاغدا داۋىد خوتۇنىغا ئەيىبلەش نەزەرىدە قارىدى.

— بولدى قىل ئېللا، ئىككىلىمىز كىچىك بالا ئەمەس، — دېدى داۋىد، — نېمە ئىشلارنىڭ بولغىنىنى بىلىمەن، ھەممىنى بىلىپ، تۇيۇپ تۇرۇۋاتىمەن.

— نەدىن گەپ قىلىۋاتىسەن؟ — دېدى ئېللا، ئەمما بۇنىڭ جاۋابىنى ئاڭلاشنى خالاپ كەتمىدى، بىئارام بولدى.

— يوشۇرۇن ئىشلىرىڭنى دەۋاتىمەن، — دېدى داۋىد پوسۇققىدە، — ئىشق - مۇھەببەت ھېكايەڭنى دەۋاتىمەن! ئۇ ئادەمنى بىلىمەن، ئۆزئارا خەت يېزىشىپ تۇرۇۋاتقىنىڭلارنىمۇ بىلىمەن. سەن مېنى ئالداۋاتىسەن.

ھەيرانلىقتىن ئېللانىڭ ئۆپكىسى ئاغزىغا تىقىلىپ قالغۇدەك بولدى. شام يورۇقىدا داۋىدنىڭ چىرايى يات، سۇرلۇك كۆرۈنەتتى.

— سېنى ئالداۋېتىپتىمەنمۇ؟ — دېدى ئېللا ئۇ گەپنى تەكرارلاپ، ئىختىيارسىز تۇۋلاپ سالغاچقا يان شىرەدىكى سېرىق چاچلىق ئەر - خوتۇنلار ئۇنىڭغا ھەيران بولۇپ قاراپ قالدى. ئەتراپتىكى خېرىدارلارنىڭ ئۆزىگە قاراۋاتقانلىقىنى كۆرگەن ئېللا قىزىرىپ كەتتى. ئاۋازىنى تۆۋەنلىتىپ يەنە سورىدى، — سەن نېمە دەۋاتىسەن؟

— مەن ئەخمەق ئەمەس ئېللا، ئەسلىدىمۇ سەندىن گۇمان قىلاتتىم، — دېدى داۋىد، — ئاخىر بولماي تۈنۈگۈن كېچە ئۇخلاپ قالغىنىڭدا تورغا كىرىپ، ئۇ ئادەم بىلەن يېزىشقان خەتلىرىڭنىڭ ھەممىسىنى ئوقۇدۇم.

— نېمە؟ نېمە قىلدىڭ؟ — دەپ ۋاقىراپ كەتتى ئېللا، ئەتراپىدىكى ئادەملەرنىڭ قانداق ئويلاپ قېلىشىنىمۇ خىيالىغا كەلتۈرمىدى.

داۋىد بۇ گەپنى ئاڭلىماسقا سېلىپ، دەۋاتقانلىرىنىڭ ئېغىر مەسىلە ئىكەنلىكىنى دەڭسىگەچ، سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — سېنى ئەيىبلىمەيمەن، گۇناھ مەندە. سېنىڭ بىلەن كارىم بولمىدى، شۇنىڭ بىلەن سەن غەمخورلۇق ۋە مۇھەببەتنى باشقا يەردىن ئىزدىدىڭ.

ئېللا بېشىنى ئېگىپ، ئالدىدىكى قەدەھكە قارىدى، ھاراقنىڭ رەڭگى قىزىل ياقۇتتەك چىرايلىق بولۇپ، ئۇنىڭدا ۋالىلداپ تۇرغان نۇرلار كىشىگە قانداقتۇ نۇردەك سوزۇلغان چىغىر يولنى ئەسلىتەتتى، بەلكى بۇ يەردە ھەقىقەتەن باشقا يەرگە بارىدىغان بىر يول بار ئىدى، شۇ تاپتا ئۇنىڭ بۇ يولنى تېپىپ قېچىپ كەتكۈسى كېلىۋاتاتتى.

داۋىدمۇ جىمىپ قالدى، ئىككەيلەننىڭ ئارىسىدىكى كۆرۈنمەس تام ئېگىزلەپ كەتكەن بولۇپ، خېلىغىچە بىر - بىرىگە گەپ قىلىشماي ئولتۇردى.

— سېنى كەچۈرمەن ئېللا، — دېدى داۋۇد ئاخىرىدا، — شۇنداقلا سېنىڭمۇ مېنى كەچۈرۈشۈڭنى ئۈمىد قىلىمەن. ئۆتكەن ئىش ئۆتتى، ئەمدى ھەممىنى ئۇنتۇپ تۇرمۇشىمىزنى يېڭىدىن باشلىۋالايلى.

ئېللانىڭ ئاغزىغا شۇنچە كۆپ گەپ كەلدىكى، ئېرىنى تازا تىللاپ، نەچچە يىلدىن بېرى ئۆزىنى ئالداپ كەلگەنلىكىنى، ئەزىز بىلەن دوستانە خەت يېزىشىشلارنىڭ داۋىد ئۆتكۈزگەن خاتالىقلارغا ھەرگىز ئوخشىمايدىغانلىقىنى دەپ قويغۇسى، ۋاقىراپ - جاقىرىغۇسى، گەپنى ئۆزىگە قايتۇرۇپ بەرگۈسى كەلدى. ئەمما بۇنداق قىلماي، كاللىسىغا كەلگەن ئەڭ ئاددىي گەپنى قىلدى:

— ئۇنداقتا سېنىڭ ئىشلىرىڭنى قانداق قىلىمىز؟ ئۇنىمۇ ئۆتمۈشكە قالدۇرامسەن؟

بۇ چاغدا كۈتكۈچى قىز بۇيرۇتقان نەرسىلەرنى كۆتۈرۈپ، چىرايىغا كۈلكە يۈگۈرتۈپ يېتىپ كەلدى. ئېللامۇ، داۋىدمۇ ئۆزلىرىنى تۇتۇۋېلىپ، كۈتكۈچى قىزنىڭ تائاملارنى شىرەگە قويۇشىغا جىمجىت قاراپ تۇرۇشتى. قىز كەتكەندىن كېيىن، داۋىد ھورى چىقىپ تۇرغان تائاملارنىڭ ئۈستىدىن خوتۇنىغا ئەيىبلەش نەزەرىدە تىكىلدى:

— دېمەك، بارلىق مەسىلە شۇمىدى؟ مەندىن ئىنتىقام ئالماقچى بولدۇڭ، شۇنداقمۇ قەدىرلىكىم؟

— ياق، — دېدى ئېللا سىپايىلىق بىلەن، — ئىنتىقام ئېلىش دېگەندەك ئارزۇيۇم يوق، ھەم ئۇنداق ئارزۇمۇ بولۇپ باقمىدى.

— ئەمىسە نېمىشقا؟

ئېللا بىئارام بولۇپ قوللىرىنى كىرىشتۇرۇپ، ئېغىر تىنىدى. رېستورانىدىكى جىمى ئادەم ۋە نەرسىلەر گويا ھەرىكەتتىن توختىغان، كۈتكۈچىدىن ئاشپەزگىچە، ياندىكى خېرىدارلاردىن ئەينەك ئېدىشتىكى بېلىقلارغىچە ھەممىسى ئۇنىڭ سۆزىگە دىققەت قىلىۋاتقاندەك قىلاتتى.

— ئىشق... _ دېدى ئېللا ئاخىرىدا، - مەن ئەزىزگە ئاشىق بولدۇم.

— ئۇ ئادەمنى تونۇماي تۇرۇپ... — دېدى داۋىد ئېتىراز بىلدۈرۈپ، - سەن ئۇ ئادەمنى قانچىلىك بىلىسەن... ئېھتىمال ئۇ بىر روھىي كېسەل...

— ئۇنى تونۇشقا كۆپ نەرسە كەتمەيدۇ، مەن ئۇنىڭ ئۆزىنى كۆرۈۋاتىمەن.

ئېللا ئېرىنى بۇ گەپكە كۈلىدۇ، مەسخىرە قىلىپ قاقاخلاپ كۈلىدۇ ياكى سېپسىق گەپتىن بىرنى قىلىدۇ دەپ ئويلىغانىدى، ئەمما ئۇنداق

بولمىدى. ئاچچىقلىنىش ئۇ ياقتا تۇرسۇن، بىر ئېغىز گەپمۇ قىلمىدى. ئېللا بېشىنى كۆتۈرۈپ، ئۇنىڭ ھەسرەتكە تولغان چىرايىنى كۆردى. بۇ چاغدا ئېللا بىلدىكى، ئىنتىقام، غەزەپ، شەھۋەت دېگەنلەر ئېرى ئۇچۇن چۈشىنىشلىك نەرسىلەر ئىدى، ئەمما ئىشق... ئىشق باشقا نەرسە ئىدى. ئىشق، داۋىدنىڭ ئۆز خوتۇنىدىن، يەنى شۇنچە يىلدىن بېرى ئىشق-مۇھەببەتكە قارشى گەپ قىلىۋاتقان، مۇھەببەتنى كەمسىتىپ، چەتكە قېقىۋاتقان بىر ئايالدىن ئاڭلاشنى ئارزۇ قىلغان ئەڭ ئاخىرقى سۆز ئىدى.

— ئەمما ئۈچ بالىمىز بار...- دېدى داۋىد تىترەڭگۈ ئاۋازدا.

— شۇنداق، ئۈچ بالىمىز بار، ئۈچىلىسىگە ئامراقمەن،- دېدى ئېللا تۇگۇلۇپ، ماڭلىيىدا بىر كۆكۈش تومۇر پەيدا بولدى،- ئەمما ئەزىزگە ئاشىق بولدۇم...

— بولدى قىل، شۇ گەپنى تىلغا ئالما،-دېدى داۋىد ئاچچىقلاپ، ئاندىن قەدەھتىكى ھاراقنى بىرلا كۆتۈرۈپ ئىچىۋېتىپ، شىرەگە بارمىقى بىلەن بىر نەرسىلەرنى سىزىپ، قايتىدىن تىنچلانماقچى بولدى.

— خاتالىقىمنى بىلىمەن ئېللا، سېنى ئازابلاپ قويدۇم. ئەمما شۇنى بىلىپ قالغىنىكى، سېنى سۆيۈشتىن ھېچقاچان ۋاز كېچىپ باقمىدىم. ۋەدە قىلىمەنكى، بۇندىن كېيىن ساڭا سادىق بولىمەن. ئەگەر باشقىلاردىن مۇھەببەت تەلەپ قىلساڭ خاتالىشىسەن. ھېچكىم سېنى مەنچىلىك ياخشى كۆرمەيدۇ، بىلەمسەن؟

— باشقىلاردىن بىر نەرسە ئىزدەۋاتقىنىم يوق،- دېدى ئېللا، ئەمما بۇ گەپنى ئېرىگە ئەمەس، ئۆزىگە بەكرەك دەۋاتاتتى، نېمە دەۋاتقىنىنى بىلمەستىن، گېپىنىڭ باش-ئاخىرى يوقلا گۈڭۈرلىدى: رۇمى دەيدۇكى، ئىشق سىرتتا تېپىلىدىغان نەرسە ئەمەس، ئىچىمىزدىن كېلىدۇ. بىزنىڭ ئىشىمىز پەقەت، بىزنى ئىشقتىن توسۇپ قويىدىغان بارلىق نەرسىلەرنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش.

— بولدى بەس!،- دەپ چېچىلدى داۋىد،- ھوشۇڭنى تاپ، سەن بۇنداق ئەمەستىڭ، ئۆزەڭنى ئۆزەڭ ئالداۋاتىسەن، ئويۇن ئويناۋاتىسەن. قولۇڭدا شېئىر كىتابلىرى، كاللاڭدا خىياللار... بولدى قىل ئەمدى! سەن بۇنداق... رومانتىك ئايال ئەمەس!

ئېللا قوشۇمىسىنى تۈرۈپ قاراپلا قالدى، بۇ گەپنى بىر يەردە ئاڭلىغاندەك قىلاتتى. ئۆتكەندە ئۆيدىكى ئاشخانىدا چوڭ قىزىنى «رومانتىك» دەپ ئەيىبلىگەنىدى، ئەمدى بۇ گەپ چەمبەردەك ئايلىنىپ

كېلىپ، ئۆزىگە يېنىۋاتاتتى. ئۇ ئورۇندۇقنى ئارقىغا تارتىپ، سالفېتكىنى بىر چەتكە قويدى.

— ئەمدى ئۆيگە كەتسەك بولامدۇ؟ - دېدى ئاستاغىنە، - ئىشتىھايىم قالمىدى.

ئۇلار ئۆيگە كەلگىچە بىر ئېغىز گەپ قىلىشمىدى، ئۆيگە كېلىپ ئايرىم كارىۋاتتا يېتىشتى، بىر-بىرىگە يېقىن كەلمىدى. ئەتىسى ئەتىگەندە ئېللا ئورنىدىن قوپۇپلا ئەزىزگە دەردىنى تۆكۈپ ئۇزۇن خەت يازدى. ئىشلار تۇيۇقسىز ئۆزگىرىپ، تەسادىپىيلىق تۇسىنى ئالغاچقا، بۇنى ئەزىزگە بىلدۈرۈپ قويۇش كېرەك ئىدى.

مۇتەئەسسىپ

كونيا، 1246-يىل 2-ئاي

— بۇنداق رەسۋالىق كۆرمىگەنىدۇق، سەن ئاڭلىدىڭمۇ ئۇ ئىشنى شەيخ ياسىن؟

بۇنى ھاياجان بىلەن سورىغان كىشى تالىپلىرىمدىن بىرىنىڭ دادىسى بولغان سېۋەتچى ئابدۇللا ئىدى.

— رۇمى تۈنۈگۈن يەھۇدىي مەھەللىسىدىكى بىر مەيخانىغا بېرىپتىمىش! - دېدى ئۇ قوشۇمچە قىلىپ.

— ئاڭلىماي قالمەنمۇ، ئاڭلىدىم-دېدىم، - ئەمما بۇنىڭغا سىلەردەك ھەيران قالمىدىم. خوتۇنى ئەسلىدە خىرىستىئان، ئەڭ يېقىن دوستى ئېنىق كاپىر بولغان ئادەمدىن يەنە نېمىنى كۈتمەكچىدىڭلار؟ يەنە نېمە بولماقچىدى؟

ئابدۇللا بېشىنى لىڭشىتتى:

— توغرا ئېيتتىلا ھەزرەت، مۇشۇنداق بولىدىغانلىقى ئېنىقكەن، بىز بۇنى بايقىيالماپتۇق، بىلگەن بولساقتۇق كاشكى.

يېنىمىزدىن ئۆتكەنلەر گېپىمىزگە قۇلاق سېلىشتى، ھەممە ئادەم دەھشەتكە چۆمۈپ، غەزەپكە تولغانىدى. بىرسى قوپۇپ «رۇمىنى جامەگە كىرگۈزمەيلى، ئۇ يەردە ئەمدى ۋەز سۆزلىمىسۇن» دېدى، يەنە بىرسى «ھەممەيلەننىڭ ئالدىغا كېلىپ تەۋبە قىلسۇن، ھارامغا يېقىن يولىمايدىغانلىقى ھەققىدە ۋەدە بەرسۇن، بولمىسا قەتئىي كەچۈرمەيلى» دېدى.

— بۇلارنىڭ ھەممىسى ئاقماس گەپ، شەمسنىمۇ، رۇمىنىمۇ بۇ شەھەردىن پالاش كېرەك، ـ دېدىم، ـ مېنىڭچە، بۇنى قانداق قىلىش ھەققىدە مەسلىھەتلەشكىنىڭلار ياخشى.

ئۇلار بېشىنى لىڭشىتتى، قارىسام گەپ ئۇزىراپ كەتكۇدەك، مەدرىستىكى دەرسكە كېچىكىپ قالىدىغانلىقىمنى ئېيتىپ، يولۇمنى داۋام ئەتتىم.

خېلىدىن بېرى، رۇمىنىڭ گۇمانلىق يېرى بار دەپ ئويلايتتىم، كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇنىڭ ئاشكارىلىنىشىنى ئۈمىد قىلاتتىم. ئەمما بۇنچىلىك بولۇپ كېتىدىغانلىقىنى مەنمۇ ئويلاپ باقمىغانىدىم. نەغمە ـ ناۋالىق مەيخانىلەردە ئۇنىڭ شاراپ شىشىلىرىگە ئېسىلىشى مېنىمۇ ھەيران قالدۇردى! ۋاي ھاراقكەش! رۇمىنىڭ بۇ ھالغا كېلىپ قېلىشىدىكى ئاساسلىق سەۋەب شەمستۇر، ئۇ يوقالسا رۇمى دەرھال ئۆزىگە قايتىدۇ، دېيىشىدۇ. مەن ئۇنداق قارىمايمەن. شەمس خەتەرلىك پىكىر قىلىدىغان بۇزۇق ئادەم، بۇنىڭدىن قىلچە گۇمانلانمايمەن. ئۇ رۇمىنىڭ كاللىسىنى قايدۇردى، بۇنىڭغىمۇ ئىشىنىمەن. ئەمما ئاساسلىق مەسىلە شۇكى، شەمس نېمىشقا باشقا ئالىملارنى ئازدۇرالمايدۇ؟ مەسىلەن، ئۇنىڭ نېمىشقا ماڭا چىشى پاتمايدۇ؟ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىكار ئېيتمىغان: «كىشى دوستىنىڭ دىنى ئۈستىدە بولۇپ قالىدۇ، شۇڭا بىر كىم ئۆزىنىڭ كىم بىلەن دوست بولغانلىقىغا قارىسۇن». ئەجەبا مەۋلانا نېمىشقا دىققەت قىلمايدۇ؟ دېمەك، ئۇ كۇپرىلىققا بۇرۇندىنلا ھازىرلىنىپ بولغان، كورا يۇمىلاپ ـ يۇمىلاپ ئۆزىنىڭ تۇۋۇقىنى تاپقان. مەۋلانا بىلەن شەمس بىر ـ بىرىگە پەۋقۇلئاددە ئوخشىشىدۇ.

شەمس «ئۆلىمالار سىياھ ئىزلىرىدا، سوپىلار بولسا ئىشقىنىڭ ئاياغ ئىزلىرىدا ياشايدۇ» دەيمىش، بۇ قانداق گەپ ئەمدى؟ ئېنىقكى، شەمسكە كۆرە، ئۆلىمالار گەپلا قىلىدۇ، قائىدە چىقىرىش ۋە ئۇلارنى يېزىپ قالدۇرۇش بىلەن ئاۋارە. سوپى بولسا ھايات دولقۇنلىرىدا ياشايدۇ. شۇنداقمۇ دەپ تۇرايلى، رۇمىمۇ ئالىم ئەمەسمۇ؟ ياكى ئۇ ئۆزىنى بىزدىن ئايرىم ھېسابلامدۇ؟

ھەي، ئۇ شەمس دېگەن پەسەندى مېنىڭ سىنىپىمغا كىرىدىغان بولسا، ئۇنى چىۋىننى قوغلىغاندەك قوغلايتتىم. بۇ يەردە قالايمىقان گەپ سېتىشىغا قەتئىي يول قويمايتتىم. بىراق، مەۋلانا نېمىشقا بۇنداق قىلمايدۇ؟ نېمىشقا شەمس نېمە دېسە شۇنى قىلىدۇ؟ چۈنكى ئۇمۇ شەمسكە ئوخشاش. ئىككىلىسىنىڭ ئوخشاش رەختتىن كېسىلگەنلىكى كۆرۈنۈپ

تۇرىدۇ. مەۋلانانىڭ خوتۇنى خىرىستىئان ئىكەندۇق، قانداق بولغان، كېيىن مۇسۇلمان بولغانمىش. نېمە بولسا بولمامدۇ؟ ئەمما ئۇنىڭ قېنىدىكى خىرىستىئانلىق ئوغلىغا ئۆتىدۇ. ئەپسۇسكى، شەھەر خەلقى خىرىستىئانلىق تەھدىتىگە سەل قاراۋاتىدۇ. بىللە ياشاپ كېتىۋاتىمىز، بۇنىڭ نېمى يامىنى؟ دېيىشىدۇ. بۇنچە ساددا كىشىلەرگە ھەر قېتىم شۇنى دەپ قويغۇم كېلىدۇ:

سۇ بىلەن زەيتۇن يېغى ئارىلىشامدۇ؟ بىر تامچە سۇ بىلەن بىر تامچە ياغنىڭ ئارىلاشقىنىنى كۆردۇڭمۇ؟ مۇسۇلمانلار بىلەن خىرىستىئانلارمۇ شۇنچىلىك ئارىلىشالايدۇ! بىللە ياشىشى مۇمكىن، ئەمما ھەرگىز قېتىلالمايدۇ.

مەۋلانا مەن بىلگەندىن باشلاپ نامۇسۇلمانلارغا ئالاھىدە ھوقۇق بەردى، ئاز سانلىق مىللەتلەرگە يول قويدى. ئازىزخارىتون مۇناستىرىغا پات-پات بېرىپ دۇئا قىلىپ كېلىدىغانلىقىنى بىلمەيدىغان ئادەم يوق. بىر مۇسۇلماننىڭ ئۇ يەردە نېمە ئىشى بار؟ تېخى مۇناستىرنىڭ پاپاسى بىلەن زىچ مۇناسىۋەت ئورناتتى. ئومۇمەن ئېيتقاندا، ئۇ كاپىرلار بىلەن، ياكى مۇسۇلمانلىقى گۇمانلىق دەرۋىشلەر بىلەن دوست بولدى. بۇنىڭدىن مەن رۇمىنى ئەسلىدىلا گۇمانلىق دەپ قارىغانىدىم. مانا ئەمدى ئۇ شەمس دېگەن شۇ ئالىجوقى سۆزلەيدىغان ئادەمنى ئۆيىدە تۇرغۇزغاندىن باشلاپ ھەق يولدىن پۈتۈنلەي ئازدى. ھەر كۈنى تالىپلىرىمنى: « شەيتانغا قارشى ھوشيار تۇرۇڭلار، ئىبلىس سىلەرنى ئالداشقا ھەر ۋاقىت تەييار!» دەپ ئاگاھلاندۇرۇپ تۇرىمەن.

شەمس دەل سۈرىيەلىك شەيتان، رۇمىنى مەيخانىغا ئەۋەتكىنى ئۇ، بىچارىنى قانداق قايىل قىلغانلىقىنى بىر ئاللاھ بىلىدۇ. پاك ئادەملەرنى ئازدۇرۇپ گۇناھ قىلدۇرۇش شەيتاننىڭ ھۈنىرى ئەمەسمۇ؟

شەمسنىڭ ناماز ئوقۇمايدىغانلىقىنى بۇرۇنلا ئاڭلىغانىدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا سوپى بەستامى دېگەن ئۇ ئادەتتىكى سوپىنى سېلىشتۇرسا قانداق بولىدۇ؟ «مەن ئۆزەمنى مەدھىيەلەيمەن، شان-شەرىپىم نەقەدەر يۈكسەك!» دېگەن، ئاندىن نومۇس قىلماي «نەپسىمنى سوققان تۆمۈرچى مەن!» دېگەن سوپى شۇ ئەمەسمىدى؟ ئۇ ھەتتا «كەئبىنى تاۋاب قىلغىلى باردىم، قارىسام كەئبە مېنى تاۋاپ قىلىۋېتىپتۇ» دېگەن، بۇ قانداق گەپ؟ بۇ قانداق جۈرئەت؟ بۇلار كۇپرىلىق بولماي نېمە؟

شەمس تەبرىزى ھۆرمەت بىلەن تىلغا ئالىدىغان زات مانا مۇشۇنچىلىك ئادەم. دېمەككى، شەمسمۇ بەستامىغا ئوخشاشلا مۇناپىق.

شۇنداقتىمۇ شەھەر خەلقى ھەقىقەتنى كۆرۈشكە باشلىدى. شەمسنى ئەيبلەيدىغانلار كۈندىن كۈنگە كۆپىيىۋاتىدۇ، ئۇ توغرۇلۇق ھەر خىل گەپلەرنى قىلىۋاتىدۇ! ئۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ مەنمۇ بەزىدە ھەيران قالىمەن. ھاماملاردا، مەيخانىلاردا، ئېتىزلاردا، باغلاردا كىشىلەر شەمسنى تىللاپ يۈرمەكتە.

*   *   *

شۇلارنى خىيال قىلغاچ مېڭىپ مەدرىسكە بۇرۇنقىدىن كېچىكىپ باردىم. سىنىپنىڭ ئىچىگە ئالدىراش كىرىپ بىر قەدەم ماڭا ـ ماڭماي بۇ يەردە بىر ئىش بولغانلىقىنى ھېس قىلدىم. تالىپلىرىم سىلىنچا دىۋاندا چازا قۇرۇپ رەت ـ رېتى بىلەن ئولتۇرغان بولۇپ، ھەممىسى جىددىيلىشىپ، ئۇجمە يېگەن بۇلبۇلدەك جىمىپ كېتىشكەنىدى.

بۇنىڭ سەۋەبىنى دەرھال بىلدىم. ئوچۇق دېرىزىنىڭ يېنىدا بىرى دۈمبىسىنى تامغا تىرەپ قاراپ تۇراتتى. چېچى يوق، سىدام يۈزىدىكى ھاياسىزلارچە تەبەسسۇم بىلەن ماڭا تىكىلگەن ئادەم دەل شەمس تەبرىزى ئىدى.

__ ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم شەيخ ياسىن،_ دېدى ئۇ ئۆينىڭ ئۇ تەرىپىدىن سالام بېرىپ،ـ بىز سېنى ساقلاۋاتاتتۇق، كېچىكىپ قالدىڭ.

ئۇنىڭغا سالامىغا جاۋاب بېرەيمۇ بەرمەيمۇ دەپ ئىككىلىنىپ قالدىم، ئاخىرىدا جاۋاب بەرمەي، تالىپلىرىمنى سوراققا تارتتىم:

__ بۇ ناكەس بۇ يەردە نېمە ئىش قىلىدۇ؟ نېمىشقا ئۇنى سىنىپقا كىرگۈزدۈڭلار؟

تالىپلىرىمنىڭ ھېچقايسىسى جاۋاب بەرمىدى، ھەممىسى بىئارام، پەرىشان ئىدى. بۇ جىمجىتلىقنى شەمس بۇزدى، ئاۋازىنى قويۇۋېتىپ، تۈرگۈنلۈك، ئەسەبىيلىك بىلەن ماڭا مىقتەك قادىلىپ مۇنداق دېدى:

__ تالىپلىرىڭنى ئەيبلىمە شەيخ ياسىن، گېپىڭ بولسا ماڭا دە. بۇ ئەتىگەندە كوچاڭلاردىن ئۆتۈپ كېتىۋاتاتتىم، مۇشۇ مەدرىسكە كىرىپ، بۇ شەھەردە ماڭا ئەڭ ئۆچ ئادەمنى زىيارەت قىلىپ ئۆتەي، ئارقامدىن قىلغان گەپنى ئالدىمدىمۇ دېيەلەمدۇ قانداق، كۆرۈپ باقاي دېدىم.

تالىپ ھۇسام
كونيا، 1246 ـ يىل 2 ـ ئاي

سىنىپتا موللام مۇشۇكتەك ئولتۇرۇپ ئۇستازىمىزنى ساقلاۋاتقاندا ئىشىكتىن شەمسى تەبرىزىنىڭ كىرگىنىنى كۆرۈپ پاتپاراق بولۇپ، بىر-بىرىمىزگە قاراپ ھودۇقۇپ كېتىشتۇق. بۇ ئادەم توغرۇلۇق يامان گەپلەرنى كۆپ ئاڭلىغان ئىدۇقكى، ئەلۋەتتە تولىسىنى ئۇستازىمىزدىن ئاڭلىغان، ئۇنىڭ ئالدىمىزدا پەيدا بولغىنىنى كۆرۈپ چۆچۈپ كەتتۇق. شەمس كېلىپلا بىزگە ئازادە، دوستانە مۇئامىلە قىلدى، ھەر بىرىمىزگە ئايرىم سالام بەرگەندىن كېيىن، شەيخ ياسىن بىلەن بىر ئاز سۆھبەتلەشكىلى كەلگەنلىكىنى ئېيتتى.

بىر ئىش چىقىدىغان بولدى دەپ ئەنسىرەپ:

ـ ھە.. شەيخ ياسىن سىنىپقا باشقا ئادەملەرنىڭ كىرىشىنى خالىمايدۇ، ـ دېدىم، ـ ھازىر ئەمەس، كېيىنرەك كېلىپ پاراڭلاشسىڭىز ياخشى بولارمىكى...

__ ئاپىرىن يىگىت، بۇ گەپنى دەپ قويغىنىڭغا رەھمەت، ـ دېدى شەمس، ـ ئەمما بەزى مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش ئۈچۈن بىرەر ئىش چىقمىسا بولمايدۇ.

كاللامدىكىنى بىلىۋالدىمۇ نېمە؟ شەمسنى ئادەملەرنىڭ خىيالىنى بىلىۋالىدىغان ئالاھىدىلىكى بار دەۋاتاتتى.

__ ئەنسىرىمەڭلار، ئۇستازىڭلار بىلەن سۆھبىتىمىز بىر دەمدە تۈگەيدۇ، ـ دەپ ئىزاھلاپ قويدى ئۇ.

يېنىمدا ئىرشاد ئولتۇراتتى، قۇلىقىمغا يېقىن كېلىپ پىچىرلىدى: چىرايىغا قارا، سىنىپىمىزغىچە كەپتۇ! ئېنىقلا ، سۇرىيەنىڭ شەيتانى.

بېشىمنى لىڭشىتقان بولسامۇ، ئۇنىڭدىن شەيتانغا ئوخشايدىغان بىرەر ھالەتنى كۆرمىدىم. ماڭا بەرگەن تەسىرى، ئۇ ناھايىتى دۇرۇس، مەرت، جەسۇر ئادەم ئىدى، بۇ قارىشىمنى ئۆزەملا بىلىپ قالدىم.

بىر قانچە مىنۇتتىن كېيىن شەيخ ياسىن سىنىپقا كىردى، قاپاقلىرى تۈرۈك، پاراكەندە كۆرۈنەتتى، بىر قەدەم ئالدىغا مېڭىپ، بىر نەرسىگە پۇتلاشقاندەك جايىدا تۈرۈپ قالدى، كۇتۇلۇلمىگەن زىيارەتچىگە ھەيرانلىق بىلەن قارىدى.

__ بۇ ناكەس بۇ يەردە نېمە ئىش قىلىدۇ، ئۇنى بۇ يەرگە كىرىشكە كىم رۇخسەت قىلدى؟

ھەممەيلەن بىر ـ بىرىمىزگە قاراپ قالدۇق، ئەمما ھېچقايسىمىز جاۋاب بەرمەي تۇرۇپ، شەمس ئالدىرىماي گەپ باشلاپ، بۇ يەردىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ كىرگەنلىكىنى، كونيادا ئۆزىگە ئەڭ نەپرەتلىنىدىغان ئادەم بىلەن كۆرۈشمەكچى ئىكەنلىكىنى ئېيتتى.

— نېمىشقا كەلگىنىڭ بىلەن چاتىقىم يوق، سەن بىلەن گەپ ساتقۇدەك ۋاقتىم يوق، قىلىدىغان مۇھىم ئىشلىرىم بار، ـ دېدى شەيخ ياسىن، ـ چىقىپ كەت، ھازىر دەرس باشلايمىز، ماڭ، ماڭ، چاققان بول.

— مەن بىلەن يۈزتۈرانە پاراڭلىشىشنى خالىمايدىكەنسەنۇ، ئارقامدىن توختىماي گەپ قىلىدىكەنسەن، سېنى ھېچكىم تۇتۇۋالمايدىكەن، ـ دېدى شەمس، ـ مېنى، رۇمىنى ۋە تەسەۋۋۇپ يولىدىكى سوپىلارنى تىللاپلا يۈرىدىكەنسەن. بىز كاللاڭغا كىرىۋاپتىمىز، مانا ئالدىڭدا تۇرۇپتىمەن، مەندىن سورايدىغان سوئالىڭ يوقمۇ؟

شەيخ ياسىن يۈزىنى پۈرۈشتۈرۈپ تۇرۇپ قالدى:

— سەن بىلەن پاراڭلاشقۇدەك گەپ يوق، بىلىدىغانلىرىمنى ئاساسەن بىلىمەن.

شەمس بىزگە قاراپ ئاۋازىنى يۇقىرىلاتتى:

— ئەگەر بىر ئىنسان مەن بىلىدىغانلىرىمنىڭ ھەممىسىنى بىلىمەن دېسە، ئۇنى ئۇستاز ئەمەس، نادان دېيىش كېرەك، چۈنكى بۇلار ئۆزىنى ئەللامە ھېسابلايدۇ.

شەيخ ياسىن ئاچچىقتىن قىزىرىپ، بۇغدىيەكلىرى كۆپۈپ چىقتى:

— ئۇنداقتا قېنى تالىپلاردىن سوراپ باقايلى، شۇ ئىككىسىدىن قايسىسى ياخشى: جاۋابلارنى بىلىدىغان ئارىپ بولغان ياخشىمۇ ياكى كاللىسىدا سوئالدىن باشقا ھېچنېمە يوق، ساراڭ، ئازغۇن بولغان ياخشىمۇ؟

ساۋاقداشلىرىمنىڭ شەيخ ياسىن تەرەپتە تۇرۇۋاتقانلىقىنى، ئەمما كۆپىنچىسىنىڭ سەمىمىي ئەمەسلىكىنى، ئۇستازنىڭ نەزەرىگە چۈشۈشكە تىرىشىۋاتقانلىقىنى سەزدىم، مەن بولسام سۈكۈت قىلىشنى تاللىدىم.

— جاۋابلارنى پۈتۈنلەي بىلىمەن دېيىش غەپلەتنىڭ ئىپادىسىدۇر، ـ دېدى شەمس مۇرىسىنى قىسىپ، ئاندىن ئۇستازىمىزغا بۇرۇلدى، ـ ئەگەر جاۋاب تېپىش ھەممىدىن ياخشى بولسا، ساڭا بىر سوئالىم بار.

بۇ ئەسنادا تالاش ـ تارتىش نەگە بارار دەپ ئەنسىرەشكە باشلىدىم، ئەمما بۇ جىددىيچىلىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

— ئۇ يەر-بۇ يەرلەردە يامان گېپىمنى قىلىپ، مېنى شەيتاننىڭ خىزمەتكارى دەپسەن، قېنى دەپ باققىنا، شەيتان دېگەن نېمە؟- دەپ سورىدى شەمس.

— ئەلۋەتتە جاۋاب بېرىمەن،-دېدى شەيخ ياسىن ئۆزلۈكىدىن كەلگەن پۇرسەتنى قاچۇرماستىن،-ئىبراھىم دىنلىرىنىڭ ئەڭ ئاخىرقىسى ۋە ئەڭ مۇكەممەلى بولغان دىنىمىز شۇنداق دەيدۇكى، ئادەم ئاتا بىلەن ھەۋۋا ئانا شەيتاننىڭ سەۋەبىدىن جەننەتتىن قوغلاندى. ئەجدادى سۇرگۈن قىلىنغان ئىنسان بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن دائىم ھوشيار تۇرۇشىمىز كېرەك. چۈنكى شەيتان ھەر خىل قىياپەتتە جاھان كېزىپ يۈرىدۇ، بەزىدە بىزنى قىمارغا قىزىقتۇرىدىغان قىمارۋاز سىياقىغا كىرسە، بەزىدە گۈزەل ئايالغا ئايلىنىپ بىزنى ئېزىقتۇرىدۇ. ھەتتا ئۇ كۈتۈلمىگەن قىياپەتلەرگىمۇ كىرىۋالىدۇ، مەسىلەن، جاھانكەزدى دەرۋىش بولۇۋېلىپ، ئالدىمىزغا چىقىشى مۇمكىن.

شەمس بۇ ھاقارەتنىڭ چىقىشىنى ئالدىن بىلىدىغاندەك كۈلۈمسىرىدى:

— نېمە دېمەكچى بولغىنىڭ ئېنىق، شەيتاننى دائىم سىرتتىن، دائىم باشقىلاردىن ئىزدەش نىمدېگەن ئاسان-ھە!

— نېمە دېمەكچىسەن؟- دېدى شەيخ ياسىن گۇمان بىلەن.

— پاھ، شەيتان سەن دېگەندەك ھىيلىگەر، يامان بولسا، بىزنى ئازدۇرۇش ئۈچۈن دائىم ھەرىكەتلىنىپ تۇرسا، ئۆزىمىز قىلغان خاتا ئىشلار تۈپەيلىدىن ئۆزىمىزنى ئەيىبلىشىمىزنىڭ نېمە ھاجىتى؟ ياخشىلىقنىڭ ھەممىسى ئاللاھتىن، يامانلىقنىڭ ھەممىسى شەيتاندىن دەپ ياشاۋېرىمىز. ھەر ۋاقىت ئۆزىمىزدىن ھېساب ئالمىساقمۇ بولىدۇ، بۇ نىمدېگەن ئاسان!

شەمس سۆزلەۋېتىپ سىنىپنىڭ ئىچىدە ئۇياقتىن بۇياققا مېڭىشقا، ھەر بىر يېڭى سۆزنى ئۇرغۇلۇق ئېيتىشقا باشلىدى:

— شۇ ئان، بىر دەقىقە بولسىمۇ، ۋۇجۇدىمىزنىڭ سىرتىدا بىر يەردە يوشۇرۇنغان، بىزدىن ئايرىم ياشايدىغان ھىيلىگەر شەيتان يوق. قازانلاردا بىزنى پورۇقلىتىپ قاينىتىدىغان زەبانىيلەرمۇ يوق. ئۇ ھالدا ئىنساننىڭ تېنىنى شۈركەندۈرىدىغان ئۇ بايانلار بىزگە ساۋاق بېرىش ئۈچۈن بېرىلگەن بولسىچۇ؟ شەيتان ۋە جەھەننەم بىزگە بىر ھەقىقەتنى كۆرسىتىش ئۈچۈن بايان قىلىنىپ، كېيىن بىز بۇ ھەقىقەتنى ئۇنتۇپ، ئايەت-ھەدىسلەرنى ئۆلۈك يادلاش بىلەنلا قانائەتلەنگەن بولساقچۇ؟

شەيخ ياسىن قوللىرىنى كىرىشتۈردى:
__ نېمە ئىكەن ئۇ ھەقىقەت!
__ ھەقىقەت شۇ: ئىنسان شۇنداق مۆرەككەپ مەخلۇقكى، ئۆزىگە جەننەت شادلىقىنىمۇ، جەھەننەم ئازابىنىمۇ ئېلىپ كېلەلەيدۇ. ئىنسان ئەڭ شەرەپلىك مەخلۇقتۇر، ئۇلۇغ بولساق پەرىشتىدىنمۇ ئۇلۇغ، شۇنداقلا پەس بولساق ئەڭ پەس مەخلۇقلارمىز. بۇنىڭ مەنىسىنى تولۇق چۈشەنگەن بولساق، شەيتاننى تېشىمىزدىن ئەمەس، ئىچىمىزدىن ئىزدىگەن بولاتتۇق. بىز باشقىلارنىڭ خاتالىقىنى تېپىشقا ئۇرۇنماي، ئۆزىمىزنى تەكشۈرۈپ تۈزۈشىمىز كېرەك.
__ سەن بېرىپ ئۆزەڭنى تەكشۈرۈپ باققىن، ئىنشائاللاھ، كۆڭلەرنىڭ بىرىدە گۇناھلىرىڭنىڭ كاپارىتىنى تۆلەرسەن، ـ دېدى شەيخ ياسىن مەسخىرە قىلىپ، ـ ئەمما ئۆلىمالار جامائەتكە كۆز ـ قۇلاق بولۇپ تۈزۈشى كېرەك، شۇڭا بىز ئۆزىمىزگە بەك قاراپ بولالمايمىز.
__ ئۇنداقتا رۇخسەت قىلساڭلار بىر ھېكايە ئېيتىپ بېرەي، ـ دېدى شەمس. بۇ گەپنى ئالاھىدە تەلەپپۇزدا ئېيتتىكى، مەسخىرە قىلىۋاتامدۇ ياكى سەمىمىيلىك بىلەن ئىجازەت سوراۋاتامدۇ، بىلەلمەي قالدۇق. بىزگە مۇنۇ ھېكايىنى سۆزلەپ بەردى:
تۆت سودىگەر ئادەم يوق بىر مەسچىتتە ناماز ئوقۇۋاتسا، مەزىن كىرىپتۇ. بىرىنچى سودىگەر دۇئاسىنى يېرىم توختىتىپلا مەزىندىن سوراپتۇ: مەزىناخۇنۇم، ئەزان ئوقۇلدىمۇ؟ ياكى بىر ئاز ۋاقتىمىز بارمۇ؟
ئىككىنچى سودىگەر دۇئاسىنى توختىتىپلا ئۇنىڭغا دەپتۇ: سەن نېمىشقا دۇئانى تولۇق قىلمايلا پاراڭ سالىسەن، ئەمدى نامىزىڭ بۇزۇلدى، ماڭ، بېرىپ قايتا ئوقۇ!
بۇنى ئاڭلاپ ئۈچىنچى سودىگەر گەپكە ئارىلىشىپتۇ: ۋاي ساراڭ، سەن نېمىشقا ئۇنى ئەيىبلەيسەن؟ ئۆزەڭنىڭ نامىزىغا قارىساڭ بولمامدۇ؟ مانا، سېنىڭ نامىزىڭمۇ بىكار بولدى!
تۆتىنچى سودىگەر بۇنى ئاڭلاپ چىداپ ئولتۇرالماي ئۆزىگە ئۆزى غۇدۇڭشۇپتۇ: قاراڭلار ماۋۇ دۆتلەرگە، ئۈچىلىسى نامىزىنى زايە قىلدى. رەببىم، ساڭا مىڭ شۈكرىلەر بولسۇن، مېنى ۋەسۋەسىگە سالمىدىڭ، مېنى ئازدۇرمىدىڭ.
شەمس بۇ ھېكايىنى ئېيتىپ بولۇپ، تالىپلارغا قاراپ سورىدى:
__ سىلەر بۇنىڭغا قانداق قارايسىلەر؟ سىلەرچە بۇ تۆت سودىگەردىن نامىزى زايە كەتكەنلەر بارمۇ؟ بولسا قايسىلار؟

سىنىپ بىر دەم تەۋرەپ كەتتى، بەزى باللار ئويلىنىشقا باشلىسا، بەزىلىرى گۇرۇپپىلارغا بۆلۈنۈپ مۇنازىرە قىلغىلى تۇردى. ئاخىرىدا ئارقىدا بىرەيلەن ۋاقىرىدى:

— ئىككىنچى، ئۈچىنچى، تۆتىنچى سودىگەرنىڭ نامىزى مەقبۇل ئەمەس، ھەممىسى قايتىدىن ئوقۇشى لازىم. بىرىنچى سودىگەرلا ئۆزۈرلۈك، چۈنكى ئۇ پەقەت مەزىنىدىن ناماز ۋاقتىنى سورىدى.

ئىرشاد ئورنىدىن چاچراپ قوپتى:

— شۇنداق، لېكىن ئۇ دۇئاسىنى ئوتتۇرىدىن بۆلۈۋەتسە بولمايتتى. مېنىڭچە تۆتىنچىسىدىن باشقا ھەممىسىدىن سەۋەنلىك ئۆتۈلدى، تۆتىنچىسى پەقەت ئۆزىگە ئۆزى گەپ قىلدى.

مەن كۆزۈمنى قاچۇرۇپ تۇرۇۋالدىم، ھەر ئىككى جاۋابقا قوشۇلمايتتىم، ئەمما بىر نەرسە دېمەسلىك قارارىغا كەلگەنىدىم. ھازىر بۇ يەردە گەپ قىلسام، ئېھتىمال بىر كىملەرنى رەنجىتىپ قوياتتىم. ئەمما بۇ پىكىر كاللامغا كېلە-كەلمەي، شەمس شاپىدە توختاپ مېنى كۆرسىتىپ سورىدى:

— سەنچۇ يىگىت! سەن قانداق قارايسەن؟

ھەلقۇمۇمنى يۇتتۇم.

— بۇ سودىگەرلەرنىڭ خاتالىقى بار دېيىلسە، ئۇ نامازلىرىنى بۇزۇپ گەپ قىلغانلىقى ئەمەس،— دېدىم،- ئاساسلىق خاتالىقى، ئۆز ئىشىنى تاشلاپ، قىلغان دۇئالىرىنىڭ ھەقىقىتىگە كۆڭۈل بۆلمەي، باشقا خىياللارنى قىلىپ يۇرۇشى ۋە ئەتراپتىكى ئىشلارغا كىرىشىپ قېلىشىدۇر. ئەمدى بىز قوپۇپ ئۇلارنى ئەيىبلىسەك، شۇ خاتالىقنى بىزمۇ سادىر قىلغان بولىمىز.

شەيخ ياسىن جىلە بولۇپ گېپىمنى بۆلدى:

— نېمە دېمەكچىسەن زادى؟

— دېمەكچىمەنكى، تۆت سودىگەرنىڭ ھەممىسى ئوخشاش سەۋەب تۈپەيلىدىن خاتالىق ئۆتكۈزدى. ئەمدى مەن قوپۇپ ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسىنى خاتا قىلدى دېيەلمەيمەن. چۈنكى ئۇلارنىڭ ئىشىغا مەن ھۆكۈم قىلالمايمەن. ئۇلارنىڭ قايسىسىنىڭ نامىزى مەقبۇل بولدى، قايسىسىنىڭ مەقبۇل بولمىدى، مەن نەدىن بىلەي؟ مەن پەقەت ئۆز ئىشىمنى بىلىمەن، يەنى ئۆز نەپسىمنى تەربىيىلەپ، قەلبىمنى پاكلاشقا تىرىشىمەن.

شـــەمس تەبرىزى ماڭا قاراپ بىر قەدەم ماڭدى، چىرايىمغا ئاجايىپ مېھرىبانلىق ۋە يېقىنلىق بىلەن قارىدىكى، ئۆزەمنى ئاتا ـ ئانىســــنىڭ ماختىشــىغا ســازاۋەر بولغان بالىدەك خۇشــال ھېس قىلدىم. ئىسـمىمنى سورىدى، "ھۇسام" دېدىم. بۇ چاغدا شەمس تالىپلارغا قاراپ مۇنداق دېدى:

__ ساۋاقدىشىڭلار ھۇسامدا سوپىلارنىڭ قەلبى بار. بەلكى بۇنى ئۆزىمۇ ئۇقمايدۇ، ئەمما بۇ خېمىرتۇرۇچ ئۇنىڭدا بار ئىكەن.

بۇنى ئاڭلاپ يۈزۈم ئوت ئالدى، ئەمدى شــەيخ ياســىندىن قاتتىق گەپ ئاڭلايدىغان، ساۋاقداشـلىرىمنىڭ مەسخىرىسـىگە قالىدىغان بولدۇم. ئەمما بۇ ئەندىشــەم قانداق تېز كەلگەن بولســا شــۇنداق تېز يوقالدى، قەددىمنى رۇســلاپ، شــەمســكە قاراپ كۈلۈمســىرىدىم. ئۇمۇ كۈلۈمســىرەپ ماڭا قاراپ كۆزىنى قىســـىپ قويدى ۋە تېخىمۇ ئۇرغۇلۇق قىلىپ چۈشـــەندۈرۈشـــكە باشلىدى:

__ ســـوپىلار دەيدۇكى، باشــقىلارغا ھۆكۈم قىلىپ، ئۇلارنى ئەيىبلەپ يۈرگەندىن، ئۆزەمنى بىلەي؛ ئابىدلار دەيدۇكى، باشــقىلارنىڭ بارلىق ئەيىب ـ نۇقســانلىرىنى تېپىپ چىقاي. ئەمما شــۇ ئىبــىڭلاردا بولســۇنكى، باشقىلاردىن خاتالىق تاپىدىغانلار كۆپ ھاللاردا خاتالىشــىدۇ. پارچە ـ پۇرات مەســــىلىلەرگە ئېســـلىۋېلىپ، پۈتۈنلۈكتىن ئايرىلىدۇ. بىر نەچچە تۈپ دەرەخنىلا كۆرۈپ، ئورمانلىقنى كۆرەلمەيدۇ...

شەيخ ياسىن گەپكە ئارىلاشتى:

__ پارچە ـ پۇرات مەسىلىلەر دېدىڭما؟ ئۆلىمالار بىرەر مەسىلە ئۈستىدە باشــقىلارنىڭ قاراشــلىرىغا دىققەت قىلماي ئۆتۈپ كېتەلمەيدۇ. خەلق ھەر قانداق ئىشــتا بىزدىن پەتىۋا ســورايدۇ. ئەجىبا، بۇرنۇم قانىســا تاھارىتىم ســۇنامدۇ، ســەپەردە تۇتالمىغان روزىنىڭ قازاســـىنى كېيىن تۇتۇشـــۇم كېرەكمۇ؟.. دېگەن مەســىلىلەر جاۋابســىز قالســا بولامتى؟ بۇلارغا ھەنەفى، شـــافىئى، مالىكى، ھەنبەلىلەر باشــقا ـ باشــقا جاۋابلارنى بېرىدۇ. دىنىي ئالىملارنىڭ رەھبەرلىكى بولمىسا، خەلق خاتا يولغا كىرىپ قالىدۇ.

شەمس مۇرىسىنى بوش قىسىپ قويدى:

__ ئىلىم ـ ئىرپانلىق كىشــىلەر قۇرئان ئايەتلىرىدىن باشــقىچە زوق ئالىدۇ، ئۇلارغا ئۆلىمالارنىڭ رەھبەرلىكى كەتمەيدۇ.

شـەيخ ياسـىن بۇلارنى ئاڭلاپ شـۇنداق غەزەبلەندىكى، كۆزلىرى ئالاڭ ـ بۇلۇڭ بولۇپ كەتتى.

— بىزنىڭ يېتەكچىلىكىمىز كەيىپ بىلەن ئەمەس، مەجبۇرىيلىق بىلەن بولىدۇ سوپى ھەزرەت،- دېدى ئۇ،- شەرىئەت مۇسۇلمانلار بۆشۈكتىن لەھەتكىچە ئەمەل قىلىشقا تېگىشلىك قائىدىلەر توپلىمىدۇر.

— شەرىئەت ھەقىقەت دېڭىزىدا ئۈزۈۋاتقان بىر كېمىدۇر، ئاشىقلار ھامان كېمىدىن ئايرىلىپ دېڭىزغا چۆكىدۇ،- دېدى شەمس.

شەيخ ياسىن كۆزلىرىنى قىسىپ شەمسكە قارىدى.

— ئاندىن لەھەڭلەر ئۇلارنى ئىشتىھا بىلەن يەيدۇ،-دېدى ئۇ مەسخىرە قىلىپ،- ئۇستازى يوقنىڭ ئۇستازى شەيتاندۇر، رەھبەرلىكنى رەت قىلغۇچىنىڭ ئاقىۋىتى جەھەننەمدۇر.

بىر نەچچە تالىپ شەيخ ياسىنىنىڭ كۆلكىسىگە قېتىلغان بولسىمۇ، قالغانلار جىمىپ كەتتۇق. دەرس ۋاقتى ئاخىرلىشاي دەپ قالغانىدى، مەن بۇ تالاش-تارتىشنىڭ ياخشى نەتىجە بەرمەيدىغانلىقىنى پەملىدىم. شەمسمۇ شۇنى ھېس قىلغان بولسا كېرەك، سۆزلىگەندە ئاۋازىغا ھەسرەت قوشۇلدى.

— بۈگۈنگىچە يۈزلەرچە شەيخ بىلەن تونۇشتۇم،- دېدى ئۇ،- بەزىلىرى ناھايىتى سەممىي، بەزىلىرى ھىيلىگەر، يەنە كېلىپ سەممىيلىكنىڭ نېمىلىكىنى بىلمەيدىكەن. ئاللاھ ئاشىقلىرىنىڭ چوڭقۇردىكى توپا-توزاننى بۈگۈنكى شەيخلەرگە تېگىشمەيمەن. خىيال پەردىسىدە قونچاق ئوينىتىدىغانلارمۇ ئۇلاردىن ياخشىراقتۇر، ھېچ بولمىسا ئۇلار بۇ ئويۇننىڭ يالغانلىقىنى ئەڭ باشتىلا ئېتىراپ قىلىدۇ.

بۇ گەپلەر شەيخ ياسىننى غەزەبتىن ساراڭ قىلدى.

— بولدى، بولدى، قۇرۇق گەپلىرىڭگە كېكىرىپ كەتتۇق، ئەمدى بۇ سىنىپتىن چىقىپ كەت!-دېدى.

— قورقما، ھازىرلا كېتىمەن،- دېدى شەمس يومۇرلۇق تۇستە، ئاندىن بىزگە قارىدى:

— بۈگۈن سىلەر شاھىد بولغان بۇ تالاش-تارتىش ئەسلىدە ھەزرىتى مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم زامانىسىدىن قالغان پىكىر ۋە ئۇسلۇپ ئىختىلاپىدۇر. ئەمما بۇ پەرق ئىسلام دىنى تارىخىدىلا كۆرۈلگەن ئەمەس، ساماۋى دىنلارنىڭ ھەممىسىدە مەۋجۇت. بۇ تالاش-تارتىش ئۆلىما بىلەن سوپىنىڭ، ئەقىل بىلەن قەلبنىڭ، شەرىئەت ئۇستىگە قۇرۇلغان دىن بىلەن ئىشق ئۇستىگە قۇرۇلغان دىننىڭ تالاش-تارتىشىدۇر. تالاش سىلەرگە باغلىق.

شەمس بۇ گەپلەرنى بىزنى ھەزىم قىلىۋالسۇن دېگەندەك بىر دەم سۈكۈتتە تۇردى. ئۇنى دائىم ماڭا قاراۋاتقاندەك ھېس قىلدىم، بىز گويا بىر ئىشنى بىلىدىغان سىرداش ئىدۇق. ئۇ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

— ئاخىرىدا، ئۇستازىڭلارمۇ، مەنمۇ ئاللاھ بىلدۈرگەندىن باشقىنى بىلەلمەيمىز. ئىككىلىمىز قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلارنى قىلىمىز. بەلكى ئۇمۇ قارىغۇ، مەنمۇ قارىغۇ. مۇھىم بولغىنى شۇ: قۇياشقا قارىغان ئادەمنىڭ قارىغۇ بولۇشى قۇياش نۇرىغا قىلچە زەرەر يەتكۈزەلمەيدۇ. ئىنسانلار ئارىسىدىكى تالاش ـ تارتىشمۇ ئاللاھ تائالاغا قىلچە پايدا ـ زىيان كەلتۈرەلمەيدۇ.

شەمس تەبرىزى بۇ گەپلەرنى دەپ بولۇپلا ئوڭ قولىنى كۆكرىكىگە ئېلىپ ھەممىمىزگە، ھەتتا بىر بۇلۇڭدا جىممىدە تۇرغان شەيخ ياسىنغا سالام بېرىپ، ئىشىكتىن چىقىپ كەتتى، سىنىپ سۈكۈتكە چۆمدى.

ئىرشادنىڭ تۇرتۇشى بىلەن ئېسىمگە كەلدىم.

— نېمە بولدى ساڭا، قارىسام بەك تەسىرلىنىپ كەتكەندەك كۆرۈنىسەن، ـ دېدى ئۇ مەسخىرە قىلىپ، ـ دېمەك سەندە سوپىلارنىڭ قەلبى بارمىش.

جاۋاب بەرگۈم كەلمىدى، سۈكۈتكە چۆمدۇم. باشقىسىنى بىلمەيمەن، ئەمما بۈگۈن شەمس تەبرىزى بىلەن تونۇشقىنىمغا خۇرسەن ئىدىم.

جەڭگىۋار بايبارس
كونيا، 1246 ـ يىل 3 ـ ئاي

بۇزغۇنچى، نومۇسسىز، ئەخلاقسىز! ھايا دېگەن نېمە يوق بۇ ئادەمدە!

شەمسى تەبرىزىنىڭ مەدرىسكە كىرىپ، تالىپلىرىنىڭ ئالدىدا تاغامغا جەڭ ئېلان قىلغىنىنى ئاڭلاپ ئۆز قۇلىقىمغا ئىشەنمەي قالدىم. ئەگەر شۇ يەردە بولغان بولسام، ئۇنىڭ زەھەر چېچىشىغا پۇرسەت بەرمەيلا گەجگىسىدىن تۇتۇپ تالاغا تاشلايتتىم. ئەپسۇس، تاغام بۇنداق قىلالماپتۇ. ئۆلىمالارنىڭ ئارىسىدا بولغان تالاش ـ تارتىشلارنى تالىپلار ئۇ يەر، بۇ يەردە بىرگە مىڭنى قېتىپ سۆزلەپ يۈرمەكتە. دېگەنلىرىنىڭ ھەممىسى يالغان بولۇپ، ئۇ پەس دەرۋىشنى ئارتۇق تەرىپلىمەكتە.

بۇ ئاخشام كەيپىياتىم ناچار، بۇنىڭ ھەممىسىگە ئاشۇ پاھىشە سەۋەبچى، كاللامدىن زادى چىقمايۋاتىدۇ ئۇ بۇزۇق. ئۇ تارتمىسى بار

زىننەت قۇتىسىغا ئوخشايدۇ، ئۇ ماڭا تەۋە، ئىلكىمدە تۇتۇپ تۇرۇۋاتىمەن دېگەن ھالەتتىمۇ ئۇنىڭغا قول يەتمەيدۇ ياكى قۇلۇپلاقلىق.

مېنى تېرىكتۇرگەن ئاساسلىق ئىش ئۇنىڭ جىم تۇرۇۋالغانلىقى. مەن ئۇنى ئۇرۇۋاتقاندا نېمىشقا قارشىلىق كۆرسەتمىدى؟ مۇشتۇمۇمنى نېمىشقا توسۇۋالمىدى؟ ئۇنىڭ پۇتۇمنىڭ ئاستىدا ئاياغ سۇرتكۇچتەك يېتىشى پات-پات كۆز ئالدىمغا كېلىۋالىدۇ. مېنى ئۇرغان، ۋاقىراپ-جاقىرىغان، ياكى يارىدەمگە ئادەم چاقىرغان بولسا دەرھال توختايتتىم. ئەمما يەردە ئاشۇنداق ياتتى، ھەر بىر تايىقىمنى قوبۇل قىلغاندەك، ئاغزىنى ئاچمىدى، تاياقتىن ئۆلۈپ-تىرىلىشى بىلەنمۇ كارى يوقتەك ياتتى.

نەچچە كۈندىن بېرى شۇنىلا ئويلاپ، ئاخىر چىدىمىدىم-دە، يەنە پاھىشىخانىغا باردىم. يولدا كېتىۋېتىپ، چۆل گۈلى مېنى كۆرۈپ نېمە بولۇپ كېتەر؟ دەپ ئويلىدىم. شىكايەت قىلماقچى بولسا ياكى مېنى كۆرۈشنى خالىمىسا، خۇنسا دەللالغا ئۈچ-تۆت تەڭگىنى ئارتۇق بېرەتتىم، ھەممە ئىشنى پىلانلاپ، ھەر خىل ئېھتىمالغا ھازىرلىق كۆرۈپ قويغانىدىم. ئەمما ئۇنى ئۇ يەردىن تاپالمىسام، ئامالىم يوق ئىدى. دەرۋەقە، چۆل گۈلى قېچىپ كېتىپتۇ.

— چۆل گۈلى بۇ يەردە بولمىسا قانداق گەپ ئۇ؟- دەپ ۋاقىراپ كەتتىم،- ئەمىسە نەدە؟

خۇنسا دەللال ئاغزىغا بىر لوقما تاتلىق سېلىپ، ئاچچىق-ئاچچىق چاينىدى.

— قويغىنا ئۇ پاسكىنىنى،-دېدى ئۇ ئاغزىنى شاپىلدىتىپ،-ساڭا باشقا قىزلارنى كۆرسەتسەك بولمامدۇ، ئارسلانىم؟

— سېنىڭ بىر تىيىنغا يارىماس قىزلىرىڭغا تويغانمەن لەقۋا! چۆل گۈلىنى تېپىپ بەر، دەرھال!

خۇنسا دەللال ماڭا چەكچىيىپ قارىغان بولسىمۇ مەن بىلەن گەپ تالاشمىدى. دېمەكچى بولغان ئىش ئېغىر كەلگەندەك بوش ئاۋازدا ئىنجىقلاپ تۇرۇپ جاۋاپ بەردى:

— چۆل گۈلى بۇ يەردە ئەمەس، كېتىپتۇ. ھەممەيلەن ئۇخلاۋاتقاندا قېچىپ كېتىپتۇ رەسۋا.

بۇ گەپ شۇنچىلىك بىمەنە ئىدىكى، كۈلگۈم كەلدى.

— پاھىشىخانىدىن پاھىشەنىڭ قاچقىنىنى نەدىن ئاڭلىدىڭ؟_ دەپ سورىدىم،- ئۇ نېمىنى دەرھال تاپ!

بۇ چاغدا خۇنسا دەللال مېنى تۇنجى قېتىم كۆرۈۋاتقاندەك ئەجەبلىنىپ قارىدى:

__ سەن نېمەڭگە ماڭا بۇيرۇق قىلىسەن؟ _ دېدى ئۇ قىسماق كۆزلىرىدىن غەزەپ ياغدۇرۇپ.

__ مېنى كىم دەمسەن؟ هوقۇق ـ مەرتىۋىلىك تاغىسى بار پاشاپمەن! خالىسام بۇ پاھىشىخاناڭنى تاقاپ، ھەممىڭنى كوچىغا ھەيدەپ چىقىرىمەن، ـ دېدىم ۋە ئۇنىڭ ئالدىدىكى قاچىدىن بىر لوقما تاتلىق ئېلىپ ئاغزىمغا ئاتتىم، قولۇمنى ئۇنىڭ كىيىمگە سۈرتتۈم. ماڭا سەت قارىدى، ئەمما قارشىلىق كۆرسىتىشكە جۈرئەت قىلالمىدى.

__ مەندە نېمە گۇناھ، ـ دېدى ئۇ ۋايساپ، ـ گۇناھنىڭ ھەممىسى شۇ دەرۋىشتە، چۆل گۈلىنى ئازدۇرغىنى ئاشۇ، ئۇنى بۇ يولدىن قايتىپ تۆۋە قىلىشقا كۈشكۈرتكىنىمۇ ئاشۇ.

دەسلەپتە ئۇنىڭ كىمنى دەۋاتقانلىقىنى بىلمىدىم، كېيىن بىردىنلا ئېسىمگە كەلدى، بۇ ئادەم شەمس تەبرىزىدىن باشقىسى ئەمەس ئىدى.

ۋاي نومۇسسىز، سەن باشتا تاغامنى تالىپلىرىنىڭ ئالدىدا ئوسال قىلدىڭ، ئەمدى قوپۇپ، پاھىشىخانىدىن داڭلىق بىر پاھىشىنىڭ قېچىشىغا سەۋەبچى بولدۇڭمۇ! چۈشەندىم، ئەمدى بۇنىڭ ئىككىلىنىدىغان ھېچنېمىسى قالمىدى. ئۇ ئىپلاسنى قاتتىق ئەدەبلەپ قويۇشنىڭ ۋاقتى كەلدى.

ئېللا

بوستون، 2008 ـ يىل، 6 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى

قەدىرلىك ئەزىز، ساڭا بۇ قېتىم ئېلخەت ئەمەس، رەسمىي مەكتۇپ، يەنى بۇرۇنقىدەك قەغەز، سىياھ، كونۋېرت، پوچتا ماركىسى بولغان بىر مەكتۇپ يازماقچى بولدۇم. يېزىپ دەرھال پوچتىغا سېلىۋېتىشىم كېرەك، ئەگەر ۋاقتىدا سالمىسام، يازغانلىرىمغا پۇشايمان قىلىپ ئۇنى يىرتىۋېتىشىم مۇمكىن.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئەتراپىڭدىكى ھېچكىمگە ئوخشىمايدىغان بىرى بىلەن تونۇشۇپ قالىسەن، ئۇ شۇنداق ئىنسانكى، ھەممە ئىشقا باشقىچە نەزەردە قارايدۇ ۋە سېنىڭ قارىشىڭنىمۇ ئۆزگەرتىدۇ. سەن دۇنيانىڭ ئىچ ـ تېشىنى ئۇنىڭ نەزەرىدىن كۆزىتىشكە باشلايسەن، تەسىرلىنىسەن، تەسىرلىنىش ئۇ ياقتا تۇرسۇن، ئۇنىڭ سېھرىي كۈچىگە ئەسىر بولىسەن.

شۇنداقتىمۇ ئۇنىڭ بىلەن ئارىلىق ساقلاپ يۈرۈشنى، ھېسسىياتىڭنى كونترول قىلىشنى ئويلايسەن. ئەمما شامال دەپ قارىغىنىڭ ئاخىرىدا بوران، چەك-چېگرا دەپ قارىغان يېرىڭ ئاخىرىدا دوقمۇش بولۇپ قالىدۇ. زېمىندىن بىلىپ-بىلمەي يىراقلىشىپ، ئوكيانىنىڭ ئوتتۇرىسىغا كېلىپ قالغانلىقىڭنى بايقايسەن.

ئەزىز، سېنىڭ گەپلىرىڭگە قاچاندىن باشلاپ ئامراق بولۇپ قالدىم، بىلمەيمەن. پەقەت يېزىشقان خەتلىرىمىزنىڭ باشتىن تارتىپ مېنى ئۆزگەرتكەنلىكىنى بىلىمەن. بەلكىم بۇلارنى سېنىڭ ئالدىڭدا دەپ يۈرگىنىمگە كېيىن پۇشايمان قىلىمەن، بەلكىم ھازىر ئۆزەمنى بىلمەي قېلىۋاتىمەن. بىراق شۇنچە يىلدىن بېرى ئۆزەمنى بىلىپ كەلدىم، ئەمدى بىر قېتىم بولسىمۇ چەكتىن ئېشىپ بېقىشنى خالايمەن. ئەگەر بۇ جاسارەت دېيىلسە، بۇ جاسارەت مېنى ھەيران قالدۇرۇۋاتىدۇ...

ئاۋۋال رومانىڭنى ئوقۇدۇم، يازغانلىرىڭغا ھەمراھ بولۇپ تەڭ ئۇخلاپ، تەڭ ئويغاندىم. ئاندىن خەت يېزىشىشقا باشلىدۇق، دىققىتىم رومانىدىن ئاپتورغا يۆتكەلدى. سەندىن خەت كەلسە بىر كۈننى خۇشال باشلايمەن، خەت كەلمىسە كۆڭلۈم يېرىم بولىدۇ. مەن باشتا ئېھتىمال سېنىڭ كەچمىشلىرىڭدىن، خىياللىرىڭدىن، جەسۇرلۇقۇڭدىن، ئىچىڭگە توپلىغان بىلىملىرىڭدىن تەسىرلەندىم، ئاخىرىدا شۇنى بىلدىمكى، يىللاردىن بېرى ھېس قىلمىغان، ھەتتا ئۇنتۇپ كەتتىم دەپ ئويلىغان بۇ ھاياجانلار ھەرگىز ئۆتكۈنچى ھەۋەس ئەمەسكەن.

بىلەمسەن، ھەر كۈنى سەن بىلەن، خۇددى ئۆز-ئۆزەم بىلەن پاراڭلاشقاندەك پاراڭلىشىمەن. بىر يەرگە بېرىپ قالسام ياكى ياخشى نەرسىلەرگە ئۇچراپ قالسام، ئەزىز بۇ يەردە بولغان بولسا بۇنىڭغا نېمە دەر بولغىيدى؟ دەيمەن. بارلىق گۈزەل نەرسىلەرنى سەن بىلەن تەڭ بەھرىلەنگۈم كېلىدۇ.

ئۆتكەندە ئوغلۇم، ئانا سەن بۇرۇنقىغا ئوخشىماي قېلىۋاتىسەن، چېچىڭغا نېمە ئىشلەتتىڭ؟ دەپ سورىدى. چېچىم بۇرۇنقىدەك، ئەمما بۇرۇنقىدىن باشقىچە كۆرۈنۈۋاتقانلىقىمنى بىلىمەن. دوستلىرىمدىنمۇ شۇنداق گەپلەرنى ئاڭلايمەن. يۈزۈڭ نۇرلىنىپ قاپتۇ، تېرەڭنى قانداق ئاسراۋاتىسەن؟ دېيىشىدۇ ئۇلار. ھالبۇكى، مەن سېنى ئويلاشتىن باشقا ھېچ قانداق ئىش قىلمىدىم.

سېنى تۇيۇقسىز ئۇيلاپ قالغان چاغدا «بىز تېخى كۆرۈشۈپ باقمىدۇققۇ» دەيمەن-دە، رېئاللىققا قايتىپ كېلىمەن. ئەمما سېنى كۆرمەي تۇرۇپ ياخشى كۆرۈپ قالغىنىمنى ئېتىراپ قىلىمەن.

«ئىشق شەرىئىتى»نى ئوقۇپ تۈگەتتىم، ئوبزورنىمۇ تاپشۇرۇپ بېرىۋەتتىم (ئەلۋەتتە، رومان ھەققىدە ئايرىم ئوبزور تەييارلىغانىدىم، سەن بىلەن بۇ ھەقتە بەك پاراڭلاشقۇم بار ئىدى، ھېچ بولمىسا ئوبزور بىلەن بىللە نەشرىياتقا يازغان خەتنى ساڭا كۆرسىتەي دېگەنىدىم، ئەمما قائىدىگە ئۇيغۇن كەلمەيدىكەن. شۇنداق بولسىمۇ، دېيىشىم كېرەك: رومانىڭنى بەك ياقتۇردۇم، تۇرمۇشۇمغا يېقىنىمۇ كەلمەيدىغان بىر ھېكايىگە مېنى جەلپ قىلدىڭ. ئەمما ئوقۇپ بولۇپ چۈشەندىمكى، ئەسلىدە ھەممە ئىشلارنىڭ بىر-بىرى بىلەن ئالاقىسى بار ئىكەن...)

شۇنداقتىمۇ، بۇ خەتنى يېزىشىم بىلەن«ئىشق شەرىئىتى»نىڭ مۇناسىۋىتى يوق. مېنى بۇ خەتنى يېزىشقا مەجبۇرلىغان نەرسە ئارىمىزدىكى مەن ئىسمىنى قويالمىغان بىر مۇناسىۋەت. دەسلەپتە ئادەتتىكىدەك خەت يېزىش دەپ ئويلىغان بۇ ئىش مەن ئويلىغاندىنمۇ بەك رەسمىي تۈس ئالدى. ئاۋۋال سەن ئېيتقان ھېكايىلەرگە ئاشىق بولدۇم، ئاندىن قارىسام سېنى ياخشى كۆرۈپ قاپتىمەن...

دېدىمغۇ، بۇ خەتنى دەرھال سېلىۋېتىشىم كېرەك. بولمىسا يىرتىپ تاشلايمەن... *ئېللا*

كەررا

كونيا، 1246-يىل 3-ئاي

بۈگۈن ئەتىگەندە ئۆيىمىزگە بىر ناتونۇش مېھمان كېلىپ، شەمس تەبرىزىنى سورىدى. ئۇنىڭ ھازىر يوقلۇقىنى، كېيىنرەك كېلىشىنى ئېيتتىم. ئەمما ئۇنىڭ بارىدىغان يېرى يوق ئىكەن. بۇ يەردە ساقلىسام بولامدۇ؟ دېدى ئوڭايسىزلىنىپ ھەم ئېھتىيات قىلىپ. بۇ چاغدا كۆڭلۈمگە بىر گۇمان چۈشتى، كىم بولسا ئەن، نەدىن كەلدىڭ دەپ ئاغزىدىن گەپ ئېلىشقا باشلىدىم. مەن چىڭ تۇرىۋالغاندىن كېيىن ئۇ رومىلىنى ئاچتى، يۈزى يارا، زاخىمغا ۋە بوينىدا كۆك ئىششىقلار بولۇپ، تاياق يېگەنلىكى كۆرۈنۈپلا تۇراتتى. شۇنداقتىمۇ ناھايىتى چىرايلىق ئىدى، قولۇمنى تۇتۇپ يىغلاپ تۇرۇپ ھەممىنى ئېيتتى، گۇمانىم توغرىكەن، ئۇ پاھىشىخانىدىن قېچىپتۇ.

__ ئۇ پاسكىنا يەرنى تەرك ئەتتىم،- دېدى ئۇ كەسكىنلىك بىلەن،- قاچقان پېتى هامماماغا بېرىپ پاكىز سۇدا قىرىق قېتىم يۇيۇندۇم، بۇندىن كېيىن ئەرلەردىن يىراق تۇرىمەن، قالغان ئۆمرۈمنى ئالاھ يولىغا ئاتايمەن دەپ ۋەدە قىلدىم.

نېمە دېيىشىمنى بىلەلمىدىم، ئۇ شۇنچە ياش، نازۇك تۇرۇپ، بۇنداق ئىشـقا قانداق جۈرئەت قىلالىدى؟ كۆنۈپ قالغان يەردىن بىر دەمدە ۋاز كېچەلەيدىغان جاسارەتنى نەدىن تاپتى؟ هەيران قالدىم، بۇ هالى ئىچىمنى ئاغرىتتى، بادام كۆزلىرى ماڭا مەريەم ئانىنى ئەسلەتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۆيۈمدە يامان يولغا كىرىپ قالغان بىر ئايالنى تۇرغۇزۇشنى خالىمايتتىم. شۇنداقتىمۇ ئۇنى قوغلىۋېتەلمىدىم، هويلىدا ساقلاپ تۇرۇشنى ئېيتتىم، قولۇمدىن كەلگىنى شۇ بولدى. ئۇ تامنىڭ تۈۋىدە ئولتۇرۇپ، چىرايىدىن هەسرەت چىقىپ تۇرىدىغان مەرمەر هەيكەلدەك، كۆزلىرىنى بىر نۇقتىغا تىكىپ، شەمسنى ساقلاشقا باشلىدى.

تەخمىنەن بىر سائەتتىن كېيىن شەمس بىلەن رۇمى سىرتنى ئايلىنىپ يېنىپ كەلدى، ئۇلارنىڭ يېنىغا يۈگۈرۈپ بېرىپ، بولغان ئەهۋالنى ئېيتتىم.

__ ئۆيدە بىر پاهىشە بار دېدىڭىزما؟- دېدى مەۋلانا هەيران قېلىپ.

__ شۇنداق، هىدايەت تېپىش ئۈچۈن پاهىشىخانىدىن قېچىپ چىقتىم دەيدۇ، بىر بولسا ساراڭ، بىر بولسا بىچارە قىز. زادى قانداق ئايال ئىكەنلىكىنى بىلمەيمەن.

__ مەن بىلىمەن، چۆل گۈلى ئوخشايدۇ،- دېدى شەمس سۆيۈنۈش بىلەن، - ئوبدان بوپتۇ! دېمەك، ئاخىرىدا قاچالىدى. بىچارىنى نېمىشقا سىرتتا ساقلىتىسەن، ئۆيگە باشلىساڭچۇ!

__ ئۆيىمىزگە بىر پاهىشىنى ئەكىرسەك قولۇم-قوشنىلار نېمە دەر؟- دېدىم ئۇنىماي،-بۇنى دېمىگەنىدىمۇ، ئۇلارنىڭ دىققىتى دائىم بىزدە، توختىماي غەيۋەتىمىزنى قىلىشىدۇ. ئەمدى قوپۇپ، بىر پاهىشە بىلەن بىر ئۆيدە ياشىساق، خەقلەرگە گەپ تېپىپ بەرمەيمىزمۇ؟

شەمس بېشىنى كۆتۈرۈپ ئاسمانغا قارىدى:

__ ئۇغۇ شۇنداق، كەررا. دېمىسىمۇ بىز بىر ئۆيدە ياشاۋاتىمىزغۇ؟ ۋەزىرمۇ، تىلەمچىمۇ، پاك قىزمۇ، پاهىشەمۇ، ئالىممۇ، نادانمۇ... هەممىمىز بىر يەردە، بىر ئاسماننىڭ قوينىدىغۇ!

شەمس بىلەن قانداقمۇ گەپ تالاشقىلى بولسۇن! ئۇنىڭغا قانداق جاۋاب بېرىپ بولالايمەن؟ نېمىلا دېسەم ئۇنىڭ جاۋابى تەييار.

بوينۇمنى سۆرگەندەك بىرىپ ئۇ ئايالنى ئۆيگە باشلىدىم. بىر ياقتىن قوشنىلىرىم كۆرۈپ قالمىسۇن دەپ كۆپ دۇئا قىلدىم. چۆل گۈلى ئۆيگە كىرىپ شەمسنى كۆرۈپلا قولنى سۆيۈش ئۈچۈن يۈگۈردى.

شەمسنىڭ ئاغزى قۇلىقىغا يەتكەن بولۇپ، قەدىناس دوستىغا گەپ قىلىۋاتقاندەك:

— قەدىمىڭگە مۇبارەك! بىزگە خۇشاللىق ئېلىپ كەلدىڭ، ـ دېدى، ـ ئەمدى ئۇ زىندانغا قايتمايسەن، ئۇ كۈنلىرىڭ ئەمدى تامامەن ئاخىرلاشتى. ئىنشائاللاھ، جانابى ھەق بۇندىن كېيىن سېنى ئۆزىگە قەدەممۇ قەدەم يېقىنلاشتۇرىدۇ.

چۆل گۈلى يىغلاپ كەتتى:

— خۇنسا دەللال مېنى بوش قويۇۋەتمەيدۇ، چاكال كافانى چوقۇم كەينىمدىن ئەۋەتتى، ئۇنىڭ زالىملىقىنى سىلەر بىلمەيسىلەر...

شەمس تەبرىزى ئۇنىڭ گېپىنى بۆلدى:

— سەن بۇلارنى ئويلىماي ئۆزەڭنى خۇشال تۇت. ئاللاھ سېنى ئۇ پاتقاقتىن تارتىپ چىقاردى، ساڭا بۇنىڭغا لايىق غەيرەت ـ جاسارەتنى ئاتا قىلدى، ئۇ يەردىن قېچىشىڭ ئۈچۈن ئىشىكنى ئېچىپ بەردىغۇ، ئەمدى چوقۇم يولۇڭنىمۇ ئېچىپ بېرىدۇ.

ئوتتۇز ئۈچىنچى نىزام: بۇ دۇنيادا ھەممە ئادەم بىر كىملەر بولماق ئۈچۈن تىرىشسا، سەن ھېچنېمە بول. مەنزىلىك يوقلۇق بولسۇن. ئىنساننىڭ كوزىدىن پەرقى بولماسلىقى كېرەك. كوزىنى تۇتۇپ تۇرغىنى تېشىدىكى شەكىل ئەمەس، ئىچىدىكى بوشلۇقتۇر؛ ئىنساننى تۇتۇپ تۇرغان نەرسە ئۆزلۈك خىيالى ئەمەس، يوقلۇق ئېڭىدۇر.

قاراڭغۇ چۈشكەندە چۆل گۈلگە ياتىدىغان جايىنى كۆرسەتتىم. بىچارە بەك چارچاپ كەتكەن بولسا كېرەك، ياستۇققا بېشىنى قويۇپلا ئۇخلاپ قالدى. ئۆيگە يېنىپ كىرىپ، رۇمى بىلەن شەمسنىڭ قىزغىن پاراڭلىشىۋاتقانلىقىنى كۆردۈم.

شەمس مېنى كۆرۈپ كۈلۈمسىرىدى:

— كەررا، سېنى مۇراسىمغا تەكلىپ قىلىمىز.

— نېمە مۇراسىم ئۇ؟ ـ دەپ سورىدىم.

— روھانىي، مەنىۋى بىر ئۇسۇل تەييارلايمىز. ئىلگىرى كۆرۈلۈپ باقمىغان دىنىي مۇراسىم بۇ. ئۇنىڭدا مۇزىكا، ئۇسۇل ۋە دۇئا بولىدۇ. ھەممىمىز بىرلىكتە ئاللاھنى ئىشق بىلەن زىكرى قىلىمىز.

ئېرىمگە ھەيران بولۇپ قارىدىم، ئۇسسۇل، مۇزىكا؟ نېمە دەۋاتىدۇ بۇ شەمس؟

ــ مەۋلانا، سەن مۇزىكانىت ياكى خوتۇن كىشىنىڭ رولىنى ئالىدىغان ئارتىس ئەمەس، ھۆرمەتكە سازاۋەر ئالىمسەن، ئىناۋىتىڭنى ئويلىمامسەن؟ ئۆزەڭنى ئويلىمىساڭمۇ ئائىلەڭنى ئويلا... دېدىم، يۈزۈمنىڭ غەزەبتىن قىزىرىپ كېتىۋاتقانلىقىنى سەزدىم.

ــ سەن خاتىرجەم بول، كەررا،ـ دېدى مەۋلانا،ـ شەمس بىلەن بۇ مەسىلىنى ئۇزۇندىن بېرى ئويلاپ كېلىۋاتىمىز. پىقىرايدىغان دەرۋىشلەرنىڭ ئۇسسۇلىنى ئوينايمىز. ئۇنىڭ ئىسمى ساما. ئىلاھىي ئىشقا ئىنتىلگەن ئادەمنىڭ ھەممىسىنى تەكلىپ قىلىمىز. ھازىر تەييارلىق قىلىۋاتىمىز، بۇنىڭدىن كېيىن ھەر كۈنى ئۇيۇشتۇرىمىز.

يۈزۈم قىمىلداشقا باشلىدى.

ــ بەزىلەر ياقتۇرمىسىچۇ؟ ئۇسسۇلنى ھەممە ئادەم ياخشى كۆرىۋەرمەيدۇ، بەزىلىرى بۇنداق ئىشلارنى كەمسىتىدۇ،ـ دېدىم شەمسكە،ـ ھېچ بولمىسا بۇنى ھازىر قىلماڭلار، ئازراق كەينىگە سۈرۈڭلار، بولامدۇ؟ بىر ئاز ۋاقىت ئۆتسۇن.

شەمس مۇرىسىنى قىستى:

ــ ئاللاھقىمۇ ھەممە ئادەم ئېتىقاد قىلمايدۇ. ئۇنداقتا ئىمان ئېيتىشنىمۇ كەينىگە سۈرەمدۇق؟ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىمۇ ھەممە ئادەم ھۆرمەتلەپ كەتمەيدۇ، ئۇنداقتا ئۇنى ياد ئېتىشنىمۇ كەينىگە سۈرەمدۇق؟ ئىشق ـ سۆيگۈنىمۇ ھەممە ئادەم قەدىرلەپ كەتمەيدۇ، ئۇنداقتا، ئاشىق بولۇشنىمۇ ئەتىگە قويامدۇق؟

ئۇلۇغ كىچىك تىنىدىم، بۇ ئادەمگە نېمىمۇ دېيەلەيمەن؟ تالاش ـ تارتىش تۈگىدى، دەيدىغان گەپ قالمىدى.

سۇلتان ۋەلەد

كونيا، 1246 ـ يىل، 6 ـ ئاي

ــ نېمىگە ئېچىڭنى سىقىسەن؟ـ دېدى شەمس،ـ مۇراسىمغا ھېچكىم كەلمەيدۇ دەپ ئەنسىرەۋاتىسەن، ئۇنداق بولمايدۇ. شەھەر خەلقى مېنى ئۆچ كۆرۈشى، داداڭنىمۇ بۇرۇنقىدەك ھۆرمەتلىمەسلىكى مۇمكىن، ئەمما مۇراسىمىمىزغا چوقۇم كېلىدۇ، ھېچ بولمىسا غەيۋەت قىلىش ئۈچۈن بولسىمۇ كېلىدۇ. قاراپ تۇر! ئىنسان دائىم بىر ئىشقا قىزىقىدۇ.

ئىشلار دەرۋەقە ئۈنىڭ دېگىنىدەك بولدى. مۇراسىم ئاخشىمى قارىسام، مەيداننىڭ ئەتراپى ئادەملەر بىلەن لىق تولۇپتۇ. سودىگەرلەر، تېرىچىلەر، تۆمۈرچىلەر، گىلەمچىلەر، تاشچى ئۇستاملار، بوياقچىلار، ئەتىرچىلەر، پالچىلار، كاتىپلار، كوزىچىلار، ناۋايلار، كاھىنلار، ئوۋچىلار، ئەتىر ساتىدىغانلار... نىڭ ھەممىسى كەپتۇ، ھەتتا شەيخ ياسىنمۇ بىر قىسىم تالىپلىرى بىلەن بۇ يەردە ئىدى.

مەن ئەڭ ئالدىدا ئولتۇرغان ئەمىر كەيخىسراۋ ۋە ئۇنىڭ مەسلىھەتچىلىرىنى كۆرۈپ خۇرسەن بولدۇم. بۇنداق يۈكسەك مەرتىۋىلىك ھۆكۈمدارنىڭ بۇ ئاخشام بۇ يەرگە كېلىشى دادامنىڭ ھۆرمىتىنى قىلغانلىقى ئىدى. بۇ مەنۋى ياردەم خەلقى ئالەمنىڭ ئاغزىنى بېسىقتۇرسىكەن دەپ ئويلايتتىم.

ئادەملەر جايىنى تېپىپ ئولتۇرۇپ بولغىچە، مەن شەمس توغرۇلۇق قالايمىقان گەپ قىلىدىغانلاردىن يىراق تۇرۇش ئۈچۈن، يېنىمدا ئولتۇرغىدەك تۇزۇك ئادەم ئىزدەپ، ئاخىر هاراقكەش سۇلايماننىڭ يېنىغا كېلىپ قالدىم. ئۇنىڭ ئاغزى هاراق پۇراپ تۇرسىمۇ، كىشىگە سەت گەپ قىلمايتتى.

هاۋا سالقىن بولسىمۇ، تەرلەپ تۇراتتىم. بۇ ئاخشامقى دىنىي مۇراسىمنىڭ ياخشى ئۆتكۈزۈلۈشى دادامنىڭ ئىناۋىتىگە تاقىشىدىغان چوڭ ئىش ئىدى. ھەممە ئىشنىڭ ئوڭۇشلۇق بولۇشىنى تىلەپ دۇئا قىلدىم، ئەمما زادى نېمىنى تەلەپ قىلىشىمنى بىلەلمەي، قىسقىلا دۇئا قىلدىم.

شۇ ئەسنادا بىلىنەر-بىلىنمەس مۇزىكا چىقتى، دەسلەپتە يىراقلاردىن قايتىۋاتقان ئەكس سادادەك بىلىندى، ئاندىن بارا-بارا كۈچىيىپ، سېھىر-جەزبىگە تولدى. ئادەمگە ھەممىنى ئۇنتۇلدۇرۇپ، ئارقىدىن روھلاندۇرىدىغان بۇ مۇزىكىنى ئاڭلاپ كىشىلەر جىم بولدى، پىچىرلاشلىرىنى توختاتتى، مۈگدىلاندى.

هاراقكەش سۇلايمان هاياجان ئارىلاش ھەيرانلىق بىلەن قۇلىقىمغا پىچىرلىدى:

— بۇ قايسى ساز، ھېچ بىلمىدىم.

شۇئان شەمس بىلەن دادامنىڭ بىر سۆھبىتىنى ئەسلىدىم.

— بۇ سازنىڭ ئىسمى نەي، - دېدىم، - باشقا چالغۇ ئەسۋابلارغا ئوخشىمايدۇ، ئاۋازىدا چوڭقۇر ھەسرەت، يەنى مۇھەببەتتىن ئايرىلغانلارنىڭ ھەسرىتى بار...

نەينىڭ ئاۋازى پەسلىگەندە دادام مەيداندا پەيدا بولدى، تەكشى، سىلىق قەدەم بىلەن مېڭىپ، كىشىلەرگە يېقىنلىشىپ، ھەممەيلەنگە ئېگىلىپ سالام بەردى. ئارقىدىن، دادامنىڭ كونا مۇرتلىرىدىن بولغان ئالتە دەرۋىش ئۇزۇن دوپپا، ئاق يەكتەك، ئاق دەستار كىيىپ مەيدانغا چىقىپ، مەيدىسىدە قول قوشتۇرۇپ، دەستۇر ئېلىش ئۇچۇن دادامنىڭ ئالدىدا ئېگىلدى. ئۇلار دەسلەپتە ئۇچ مەيدان ئايلاندى، مۇزىكىنىڭ كۆچىيىشىگە ئەگىشىپ، بىر-بىرلەپ ئايلىنىشقا باشلىدى. باشتا ئاستا ئايلاندى، كېيىن تېز-تېز پىقىراشقا باشلىدى، ئېتەكلىرى نىلۇپەر گۈلىدەك قات-قات يېيىلدى.

نېمىدېگەن قالتىس مەنزىرە بۇ! پەخىرلىنىپ كۆلۈمسىرىدىم. كۆزۈمنىڭ ئۇچىدا ئەتراپىمغا قاراپ، ساما كۆرۈۋاتقانلارنىڭ ئىنكاسىغا دىققەت قىلدىم. ھېچنېمىنى ياراتمايدىغانلارمۇ بۇ سامانى قىزىقىپ كۆرۈۋاتاتتى.

دەرۋىشلەر ئارىدا تۆت سالام بېرىپ، ئاخىرىغىچە ئايلاندى. ئارقىدىن مۇزىكا جانلاندى، راۋابنىڭ ئاۋازى دۇمباقنىڭ، دۇمباقنىڭ ئاۋازى نەيگە قېتىلدى. دەل شۇ چاغدا شەمس مەيدانغا تاشقىن سۇدەك كىرىپ كەلدى، ئۇچىسىغا بايىقىلاردىن قېنىقراق تون كىيىۋالغان بولۇپ، بويى ئادەتتىكىدىن ئېگىز، ئورۇق كۆرۈنەتتى. قولىنى ئىككى يانغا، بىرىنى ئاسمانغا، بىرىنى يەرگە قارىتىپ ئاچتى.

شەمس كۆرۈنمەس قاينامغا كىرىپ قالغاندەك ئەسەبىيلەرچە پىقىرىۋاتقاندا، مۇرىتلارمۇ ئۇنى چۆگىلەۋاتقاندا دادام چىنار ياغىچىدەك مەزمۇت تۇرغىنىچە توختىماي دۇئا قىلاتتى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا بەھەيۋەت بىر تەڭكەشلىك بار ئىدى. ئەتراپىمدىكىلەر ھەيرەتتىن قېتىپ تۇرۇپ قېلىشقانىدى، شەمسى تەبرىزىدىن نەپرەتلىنىدىغانلارمۇ بۇ ئەپسۇنكار سەھنىگە باغلىنىپ قالغاندەك قىلاتتى.

ئۇلار شۇ تەرىقىدە قانچىلىك ئايلاندى، بىلمىدىم. ئاخىردا مۇزىكا ئاستىلىدى، دەرۋىشلەر ئايلىنىشىنى توختىتىپ، سۈكۈتكە چۆمدى: قوللىرىنى چاپراس قوۋۇشتۇرۇپ مەيداندىكى ھەممە ئادەمگە سالام بەردى. ئەتراپ ئېغىر سۈكۈتكە چۆمدى. ھېچكىم نېمە قىلىش كېرەكلىكىنى بىلمەيتتى، بۇنداق ئۇسسۇلنى ھېچكىم كۆرۈپ باقمىغانىدى.

بۇ جىمجىتلىقنى دادام بۇزدى:

— دوستلار، سىلەر بۈگۈن كۆرگەن بۇ مۇراسىمنىڭ ئىسمى سامادۇر. بۈگۈندىن باشلاپ، ھەر ئەسىردە دەرۋىشلەر ساماغا چۈشىدۇ. بىر قولى

ساماني كۆرسەتسە، بىر قولى يەرنى كۆرسىتىدۇ، يەنى ھەق تائالادىن ئالغان ھەر بىر ئىشق زەررىسىنى خەلققە تەقسىم قىلىدۇ.

كىشىلەردىن بېشىنى لىڭشىتقانلار، تەسىرلەنگەنلەر بولدى، ئەتراپنى ئىللىق كەيپىيات قاپلىدى، كۆزلىرىم خۇشاللىق يېشىغا تولدى. نىھايەت، داداممۇ، شەمسمۇ تېگىشلىك ھۆرمەت كۆرۈشكە باشلىغانىدى.

ئەگەر ئارقىدىنلا شۇ ئىش يۈز بەرمىگەن بولسا، بۇ ئاخشام مۇشۇنداق خۇشاللىق بىلەن ئاخىرلاشقان، مەنمۇ بېشىمنى تىك تۇتۇپ، ئىچ ـ ئىچىمدىن سۆيۈنۈپ ئۆيگە قايتقان بولاتتىم.

ئەپسۇس، شەمس ھەممىنى ۋەيران قىلدى.

ھاراقكەش سۇلايمان

كونيا، 1246 ـ يىل، 6 ـ ئاي

بۈگۈن ئاخشام كۆرگەنلىرىمنى، بولۇپمۇ ساما تۈگىگەندە بولغان ئىشلارنى ھەرگىز ئۇنتۇمايمەن. مۇراسىم ئاياغلاشقاندا كەيخىسراۋ ئورنىدىن قوپۇپ، غايەت تەمكىن ھالدا ۋە كىچىك تاغلارنى مەن ياراتتىم دېگەندەك مەغرۇرلۇق بىلەن ئەتراپقا بىر قۇر كۆز يۈگۈرتتى. ھوقۇق ـ مەرتىۋىسىنى چوڭ بىلىدىغان، خوشامەتچىلىرنى يېنىدىن ئايرىمايدىغان رەھبەرلەرگە خاس ھەرىكەت بىلەن مەيدانغا يېقىنلاشتى.

— ھەممىڭلارنى تەبرىكلەيمەن! بۇ ئاخشام بىزنى ئاجايىپ ھەيران قالدۇردۇڭلار، بەك تەسىرلەندىم.

رۇمى سىپايىلىق بىلەن رەھمەت ئېيتتى، قالغان دەرۋىشلەرمۇ ئۇنىڭغا ئەگەشتى. سازەندىلەر ئۆرە ـ تۆرە ئولىشىپ، ھۆكۈمدارغا ھۆرمەت بىلەن سالام قىلدى. كەيخىسراۋنىڭ چىرايى ئېچىلىپ كەتكەنىدى، ئۇ مۇلازىملىرىدىن بىرىگە ئىشارەت قىلىۋىدى، مۇلازىم دەرھال دۇخاۋا تاشلىق قۇتا ئەكەلدى. كەيخىسراۋ قۇتىنىڭ ئىچىدە قانچىلىك ئالتۇن بارلىقىنى بىزگە كۆرسەتمەكچى بولغاندەك، ئۇنى قولىغا ئېلىپ بىر ئېتىپ قويغاندىن كېيىن سەھنىگە تاشلىدى. ھۆكۈمدارىمىز نەقەدەر مەرت ـ ھە!

ئۇ قىلغان ئىشىدىن مەمنۇن، خاتىرجەم ھالدا كەينىگە بۇرۇلۇپ، ئەگەشكۈچىلىرى بىلەن بىللە مەيداندىن چىقىپ كېتىۋاتاتتى، بىر نەچچە قەدەم مېڭىشىغا، بايا ئاتقان قۇتا ئوخشاش تېزلىكتە ئۇچۇپ كېلىپ، ئۇنىڭ ئاياغ ئاستىغا چۈشتى. بۇ ئىش شۇنداق تېز يۈز بەردىكى، قاراپ تۇرۇپلا قالدۇق. ھالبۇكى، ئەڭ ھەيران قالغان ئادەم كەيخىسراۋ ئىدى. بۇ

ئوچۇقتىن ئوچۇق، قەستەن قىلىنغان ھاقارەت بولۇپ، ئالدىراپ ئەپۇ قىلىنمايتتى. كەيخىسراۋ غەزەپ بىلەن ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ، قۇتىنى ئاتقان ئادەمنى تاپماقچى بولدى.

بۇ ئەلۋەتتە شەمس ئىدى، شەمستىن باشقا كىم بولماقچىدى!؟ ھەي تەلۋە دەرۋىش! شۇئان ھەممە ئادەم ئۇنىڭغا قارىدى. ئۇ مەيداننىڭ قاپ ئوتتۇرىسىدا قولىنى بېلىگە تىرەپ تىك تۇراتتى، ئوت چاقناپ تۇرغان كۆزلىرىدە كەيخىسراۋغا قارايتتى.

— بىز پۇل ئۈچۈن ساما ئوينىمايمىز، - دېدى ئۇ ياڭراق ئاۋازدا، - ساما مەنىۋى، سامانى، روھانىي ئۇسسۇلدۇر، ئۇ پەقەت ئىشق ئۈچۈن ئوينىلىدۇ. شۇڭا بۇ پۇلۇڭنى ئال! سېنىڭ ئالتۇنلىرىڭ بىزنىڭ دەرگاھىمىزدا ئۆتمەيدۇ!

ھەممىمىز ئاجايىپ جىمىپ كەتتۇق، رۇمىنىڭ چوڭ ئوغلى سۇلتان ۋەلەد يېنىمدا ياپراقتەك دىر-دىر تىترەيتتى. ھېچكىم گەپ قىلالمىدى. بۇ كۆڭۈلسىزلىكنى كۈتۈپ تۇرغاندەك، بىر دەمدە يامغۇر يېغىپ كەتتى. بۇلۇتسىز ئاسماندىن چۈشۈۋاتقان يامغۇرلار بىزنى بۇ يەردىن كېتىشكە قىستىدى.

كەيخىسراۋ شەمسكە جاۋاب بېرەلمىگەن ئاچچىقىدا ئادەملىرىگە قاراپ ۋاقىرىدى: مېڭىشامسەن!

ھۆكۈمدار غەزەبتىن خۇدىنى يوقىتىپ، مەيداندىن چىقىپ كېتىش ئۈچۈن ماڭدى، كېتىۋېتىپ يەردە ياتقان قۇتىنى قوپال ئۆتۈكى بىلەن دەسسەپ ئەزدى. قوغدىغۇچىلىرى ئارقىسىدىن ماڭدى، ئۇلار قۇتىغا دەسسەشكە قىيالماي، ئاتلاپ ئۆتۈشتى. كەيخىسراۋ ۋە ئۇنىڭ ئادەملىرى كېتىپلا، سۆز-چۆچەك باشلاندى.

— بۇ ئادەم ساراڭكەن، بېشىمىزغا بالا بولغۇدەك!-دېيىشتى خەقلەر.

— بۇ شەمس ئۆزىنى نېمە چاغلاپ قالدى؟- دەپ غۇدۇڭشىدى بەزىلەر.

— ھۆكۈمدارىمىزنى ھاقارەتلەشكە قانداق پېتىندى بۇ؟ - دېدى بىرى،- كەيخىسراۋ كېيىن بۇ ئىشنى دەپ پۈتۈن شەھەردىن ئۆچ ئالسىچۇ؟

كىشىلەر شەمسكە ئاچچىقىدا قاراپ-قاراپ قويۇشتى. ئەڭ قاتتىق ئەيىبلىگۈچىلەر شەيخ ياسىن ۋە ئۇنىڭ تالىپلىرى بولۇپ، ئۇلار پەۋقۇلئاددە بىرلىك ۋە ھەمكارلىق بىلەن شەمسنى ئاشكارە تىللىدى. قىززىق يېرى شۇكى، مەيداندىن غەزەپ بىلەن چىقىپ كەتكەن توپنىڭ ئىچىدە رۇمىنىڭ ئىككى كونا مۇرىتى ۋە ئۆز ئوغلى ئالائىدىنمۇ بار ئىدى.

ئالائىدىن
كونيا، 1246 ـ يىل، 6 ـ ئاي

ئۆمرۈمدە بۇنچىلىك نومۇس قىلىپ باقمىغانىدىم. دادامنىڭ نەچچە ئايدىن بېرى بىر ئازغۇن بىلەن بىللە يۈرگىنى ئاز كەلگەندەك، ئەمدى مۇزىكا بىلەن ئۇسسۇل پەيدا بولدى! دادام بۇ چوڭ شەھەردە نېمىشقا ئۆزىنىڭ ئىناۋىتى توكىدۇ؟ يەنە كېلىپ، ئايال تاماشىبىنلار ئارىسىدا مەشھۇر بىر پاھىشەنىڭمۇ بارلىقى ھەممىنىڭ ئاغزىدا تارىلىپ يۈرەتتى. ئۇلارنىڭ دېيىشىچە، ئۇ پاھىشە شەمسنىڭ ئاشىنىسىمىش. شەمس زادى قانداق ئادەم؟ كۈنىمىز ئەمدى ئۇنىڭ بىزگە چىچىپ بەرگەن پوقىنى ئادالاش بىلەن ئۆتىدىغان ئوخشايدۇ. بۇ ئاخشام ئولتۇرۇپ شۇلارنى ئويلاپ، ئۆمرۈمدە تۇنجى قېتىم، باشقا ئائىلىدە تۇغۇلۇپ قالغان بولسامچۇ دېگەنلەرنى خىيال قىلدىم. مەن ئەسلىدە بۇ دادامنىڭ ئوغلى بولغانلىقىمدىن پەخىرلىنەتتىم، ئەمدىلىكتە، باشقا ئادەمنىڭ بالىسى بولۇپ قالمىغىنىمغا ئاھ ئۇرۇۋاتىمەن.

مېنىڭچە بۇ مۇراسىم، دادامدەك كاتتا ئۆلىماغا ياراشمايدىغان، كىشىنىڭ غىدىقى كەلگۈدەك ئۇسسۇل كۆرگەزمىسى بولدى. ئەمما ئاساسلىقى، سامادىن كېيىن يۈز بەرگەن ئىش بەدەنلىرىمنى تىكەنلەشتۈرۈۋەتتى. شەمس دېگەن بۇ نومۇسسىز، دۆلەتنىڭ كاتتا ھۆكۈمدارىغا چوڭچىلىق قىلىشقا قانداق پېتىنىدى؟ ئۇ ئولتۇرسا قوپسا، كەيخىسراۋنىڭ ئۇنى تۇتۇپ كالللىسىنى ئېلىشقا بۇيرۇمىغانلىقىغا شۈكرى قىلسا بولىدۇ.

كەيخىسراۋنىڭ ئارقىسىدىن شەيخ ياسىن بىلەن تالىپلىرىنىڭ مەيداندىن چىققىنى كۆرۈپ، مەنمۇ ئۇلارغا قېتىلدىم. خەقلەرنىڭ مېنى شەمس تەرەپدارى دەپ ئويلاپ قېلىشىنى خالىمايمەن. دادامنىڭ قارانچۇقى ئەمەسلىكىمنى، ئاكامغا ئوخشىمايدىغانلىقىمنى ھەممە ئادەم بىلىپ قالسۇن!

ئۇ كېچە ئۆيگە قايتماي بىر قانچە تالىپ بىلەن بىللە ئىرشادنىڭ ئۆيىدە قونۇپ قالدىم. كېچىچە قىزغىن پاراڭلىشىپ، بولغان ئىشلار ھەققىدە تالاش ـ تارتىش قىلدۇق.

ئىرشاد ئۆپكىسىنى باسالماي قالدى:

— بۇ پەس قەلەندەر داداڭنى قاتتىق ئازدۇرۇۋاتىدۇ. يېقىندىن بېرى ئۆيۈڭلاردا بىر پاھىشەنى يوشۇرۇن ساقلاۋاتقان ئوخشايدۇ. بۇ نېمە گەپ

ئالائىدىن، نېمىشقا بىزگە دېمەيسەن؟ ئىسمىڭغا لايىق ئىش قىلمىساڭ بولمايدۇ...

بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغانچە نومۇستىن قىزىرىپ كەتتىم. ئەھۋال ئېنىق ئىدى: شەمس ئائىلىمىزگە بالايى ئاپەت ئېلىپ كەلگەنىدى. ئۇ كېچە قارارىمىزنى بېكىتتۇق، شەمس تەبرىزى بۇ تۆگىنى بىز دېگەندەك يېتىلەيتتى، بولمىسا بۇ دىياردىن كېتەتتى. يا ئۆزىنى بىلىپ كېتەتتى، ياكى مەجبۇري يوقىلاتتى.

*   *   *

ئەتىسى ئەتىگەندە شەمس بىلەن ئەركەكلەرچە پاراڭلىشىش ئۈچۈن ئۆيگە قايتماقچى بولدۇم، قەتئىي ئىرادىگە كەلگەنىدىم. بارسام ئۇ ھويلىدا يالغۇز ئولتۇرۇپتۇ، بېشىنى ئېگىپ، كۆزلىرىنى يۇمۇپ، ماڭا دۈمبىسىنى قىلىپ نەي چالغىلى تۇرۇپتۇ؛ مۇزىكىغا پۈتۈنلەي بېرىلىپ كەتكەن بولۇپ، مېنىڭ كەلگىنىمنىمۇ تۇيمىدى. چاشقاندەك جىمجىت كېلىپ ئۇنىڭغا يېقىنلاشتىم، بۇ پۇرسەتتە دۈشمىنىمنى تېخىمۇ ياخشى تونۇۋېلىشقا تىرىشتىم.

بىر دەمدىن كېيىن مۇزىكا ئاياغلاشتى، شەمس بېشىنى كۆتۈرۈپ، ئۆز-ئۆزىگە گەپ قىلىۋاتقاندەك:

— مەرھابا ئالائىدىن، مېنى ئىزدەۋاتامسەن؟- دېدى.

گەپ قىلمىدىم. ئۇنىڭ تاقاق ئىشىكنىڭ كەينىدىكى ئادەمنىمۇ كۆرەلەيدىغانلىقىنى بىلگەچكە ھەيران قالمىدىم.

شەمس ماڭا بۇرۇلۇپ:

— تونۇگۈنكى مۇراسىم قانداق بولدى؟ ياقتۇردۇڭمۇ؟ _ دېدى ھېيلىگەرلىك بىلەن.

— پەقەت ياقتۇرمىدىم، پەسكەشلىكنىڭ نامايەندىسى بولدى،- دېدىم،- ئەمدى ئويۇن ئوينىما، بولامدۇ؟ كۆزۈمگە پەقەت سىغمىدىڭ، دادامنىڭ ئىناۋىتىنى يەنە تۆكۈشۈڭگە يول قويمايمەن.

شەمس نەيىنى بىر ياققا ئاستا تاشلاپ قويدى.

— دېمەك، مەسىلە بۇمۇ؟ ئەگەر داداڭنىڭ ئىناۋىتى چۈشسە، باشقىلار سېنى ئۆلىمانىڭ ئوغلى دەپ قارىمايدۇ. جەمئىيەتتىكى ئالاھىدە ئورنىڭ تەۋرەيدۇ، سەن بۇنىڭدىن ئەنسىرەۋاتامسەن؟ خەقلەرنىڭ بىر نېمە دەپ قېلىشى شۇنچە مۇھىممۇ؟

ئۇنىڭغا تومۇر تۇتقۇزماسلىق ئۈچۈن بۇ گەپلىرىنى چۈشەنمىگەن بولۇپ تۇرۇۋالدىم، شۇنداقتىمۇ ئۆزەمنى تەستە تۇتۇۋالدىم.

— بۇ يەردىن ئەمدى كەت، بىزنى ئارامىمىزدا قوي، سەن كېلىشتىن ئاۋۋال شۇنچە ياخشى ياشاۋاتاتتۇق، — دېدىم، — دادام كاتتا دىنىي ئالىم ھەم بۇ ئائىلىمىزنىڭ تۈۋرۈكى. ئىككىڭلارنىڭ ھېچقانداق ئورتاقلىقى يوق.

شەمسىنىڭ قوشۇمىسى تۈرۈلدى، ئېغىر تىندى، كۆزۈمگە بىردىنلا تېرىككەك كۆرۈندى. ئوقتەك ئېتىلىپ بېرىپ مۇشت ئاتسام ياكى كالللىسىغا تاش ئۇرسام، مەشەدىلا جېنىنى ئالالايتتىم. ئۇنىڭ جېنىنى ئېلىش ئارزۇسى تۇساتتىن پەيدا بولدىكى، يۈزىگە قارىيالماي، كۆزلىرىمنى قاچۇرۇشقا مەجبۇر بولدۇم.

قايتا قارىسام ئۇ ھەممىنى بىلىپ بولغاندەك، ماڭا قاراپ تۇرۇپتۇ. كاللامدىكىنى بىلىۋالغانمىدۇ؟ شۇئان نەچچە مىڭ تال يىڭنە بەدىنىمگە پاتقاندەك، پۈتۈن ئەزايىم تىكەنلىشىپ كەتتى. پۇتلىرىم ئەمدى مېنى كۆتۈرۈشتىن ۋاز كەچكەندەك، تېقىمىمدا جان قالمىدى. سېھىر بولسا كېرەك! شەمسىنىڭ سېھىرگەر ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇپ قالغانىدىم. مەن ئۇنىڭ ئەدىۋىنى بېرىمەن دەۋاتقاندا ئۇ مېنى ئۆلتۈرۈشكە ئاتلانسىچۇ؟

— مەندىن نېمانچە قورقىسەن ئالائىدىن، — دېدى شەمس تۇيۇقسىز، — ئەپسۇس، ساڭا قاراپ كىمنى ئويلاۋاتىمەن، بىلەمسەن؟ ئالغاي شاگىرتنى!

— نېمە گەپ ئۇ؟ — دېدىم.

— بىر ھېكايىنىڭ گېپىنى قىلىۋاتىمەن، ھېكايىلەرگە ئامراقمۇسەن؟

— بۇنداق قۇرۇق گەپنى ئاڭلايدىغان ۋاقتىم يوق!

شەمس ئاغزىنى پۈرۈشتۈردى:

— ھېكايە ئاڭلاشقا ۋاقتى يوق ئادەمنىڭ كائىناتنى چۈشىنىشكىمۇ ۋاقتى يوق، — دېدى ئۇ، — ئەڭ ياخشى ھېكايىلەرنى ئاللاھ يازىدۇ، بۇنى بىلمەمسەن؟

ئۇ مەندىن جاۋاب كۈتمەيلا ھېكايىسىنى باشلىدى:

بۇرۇنقى زاماندا بىر ئۇستامنىڭ غور قاپاق شاگىرتى بولۇپ، ئۇنى ئاز كەلدى دەپ ئالغاي ئىكەن، شۇ دەرىجىدە ئىكەنكى، ھەممە نەرسە قوش كۆرۈنىدىكەن. بىر كۈنى ئۇستام ئۇ شاگىرتىنى قازناققا كىرىپ بىر كوزا ھەسەل ئېلىپ چىقىشقا بۇيرۇپتۇ. شاگىرت قۇرۇق قول يېنىپ كېلىپ: ئۇستام، قازناقتا ئىككى كوزا ھەسەل تۇرىدۇ، قايسىسىنى ئېلىپ كېلىشنى بىلمىدىم، دەپ شىكايەت قىلىپتۇ.

ئۇستام بۇ شاگىرتىنىڭ مىجەزىنى ئوبدان بىلگەچكە مۇنداق دەپتۇ: سەن ئۇ كوزىلارنىڭ بىرىنى چېقىپ، يەنە بىرىنى ئېلىپ كەل!

بىراق، بۇ شاگىرت ئۇ گەپنىڭ مەنىسىنى چۈشەنمىگۈدەك دەرىجىدە دۆت ئىكەن: يۈگۈرۈپ بارغىنىچە كوزىلاردىن بىرىنى چېقىپتۇ. ئەمما يەنە بىرىنى تاپالماپتۇ، يەنە بىرسى شۇ كوزا بىلەن تەڭ چېقىلمامدۇ؟

— نېمە دېمەكچىسەن؟ ــ دېدىم ئۆكتە قوپۇپ، شەمسىنىڭ ئالدىدا غەزەبلىنىپ ئۆزەمنى چاندۇرۇپ قويۇشنى خالىمايتتىم، ئەمما ئۆزەمنى تۇتۇۋالالمىدىم، ــ سېنىڭ شۇ بىمەنە ھېكايىلىرىڭنى دەيمەن، بىرەر قېتىم بولسىمۇ گەپ ئويناتماي گەپ قىلالامسەن؟

— بىراق دېمەكچى بولغىنىم ناھايىتى ئېنىق، سەنمۇ شۇ ئالغاي شاگىرتقا ئوخشاش، نەگىلا قارىساڭ بىر نەرسىلەرنى قوش كۆرۈۋاتىسەن، ــ دېدى شەمس، ــ داداڭ بىلەن مەن بىر ئادەم، مېنى رەنجىتسەڭ ئۇنىمۇ رەنجىتىسەن، بۇنى بىلمەمسەن ئالائىدىن؟

— دادامغا ئوخشايدىغان ھېچقانداق يېرىڭ يوق، ئىككىڭنى كوزىنى چاقسام، بىرىنچىسىنىمۇ ئاسارەتتىن قۇتقۇزغان بولىمەن.

شۇنداق غەزەپكە تولغان ئىدىمكى، ئاغزىمدىن چىققان گەپنىڭ قانداق ئاقىۋەت پەيدا قىلىدىغىنىنىمۇ ئويلىمىدىم.

شەمس

كونيا، 1246 ـ يىل 6 ـ ئاي

بۇ مۇزىكا بىدئەت ھەم كۇپرىلىقمىش... ئۇنداق دېمەڭلار ئىنسانلار! ئىشىق بىلەن ئىجرا قىلىنىدىغان بىر سەنئەت قانداقسىگە كۇپرىلىق بولىدۇ؟ ئاللاھ بىزگە مۇزىكا قابىلىيىتى ئاتا قىلىپ، ئېغىزدا ئېيتىلىدىغان ياكى ساز بىلەن چېلىنىدىغان مۇزىكىنىلا ئەمەس، پۈتۈن ئالەمنى قاپلىغان ئۇ مۇڭلۇق كۈيلەرنى يارىتىپ، ئاندىن ئۇنى ئاڭلاشنى چەكلىگەن، شۇنداقمۇ؟ ئۇلار تەبىئەتنىڭ ھەر ۋاقىت، ھەر يەردە ئاللاھنى زىكرى قىلىدىغانلىقىنى نېمىشقا كۆرمەيدۇ؟ كائىناتتىكى ھەممە نەرسە ئوخشاش تەڭپۇڭلۇقتا ھەرىكەت قىلىدۇ: يۈرەك سوقۇشىمىز، ھاۋادىكى قۇشنىڭ قانات قېقىشى، بورانلىق كېچىدە ئىشىكىمىزنى قاقىدىغان شاماللار، تاغدىكى بۇلاقلارنىڭ بۇلدۇقلىشى، ئات تاقىلىغۇچىنىڭ بولقا ئۇرۇشى، تېخى تۇغۇلمىغان بوۋاقنىڭ بالىياتقۇدا ئاڭلىغان ئاۋازلىرى... ھەممە، ھەممە نەرسە شۇنچە ھەيۋەت بىرلا نەغمىگە جۆر بولىدۇ. دەرۋىشلەر

چۈگىلەۋاتقاندا ئاڭلىغان مۇزىكا بۇ ئىلاھىي زەنجىرنىڭ بىر ھالقىسىدۇر. چۈنكى، ھەر سۇ تامچىسى ئوكيانلارنى ئىپلىپ يۈرىدۇ، بىزنىڭ سامايىمىز بولسا كائىناتنىڭ سىرلىرىنى ئىپلىپ يۈرىدۇ.

مۇراسىمدىن ئاۋۋال رۇمى بىلەن بىللە تەپەككۇر قىلىش ئۈچۈن جىمجىت بىر ئۆيگە كىردۇق. ئاخشاملىققا ساماغا چىقىدىغان ئالتە دەرۋىشىمۇ بىزگە قېتىلدى. بىللە تاھارەت ئىپلىپ، دۇئا قىلدۇق. ئاندىن يەكتەك، تامبال ۋە دەستارلىرىمىزغا ئورانىدۇق. بال رەڭلىك ئۇزۇن دوپپا مازار تاشىمىز، ئۇزۇن، ئاق دەستارىمىز ئۆزىمىزگە كەسكەن كېپەنلىك، تونىمىز بولسا ئۆلمەي تۇرۇپ ئۆلگەننىڭ مازارى ئىدى.

«ئۆلار ئۆرە تۇرغاندىمۇ، ئولتۇرغاندىمۇ، ياتقاندىمۇ ئاللاھنى زىكرى قىلىدۇ. ئاسمان ۋە زېمىننىڭ يارىتىلىشى ھەققىدە تەپەككۇر قىلىدۇ...»

بىزلەر ھال ئەھلى، قەلب ئەھلى، ئىشق ئەھلى. بىز سىركولغا ئوخشايمىز، بىر پۇتىمىز شەرىئەت ئۇستىدە مۇقىم تۇرىدۇ، يەنە بىر پۇتىمىز يەتمىش ئىككى پىرقىنى ئايلىنىدۇ.

ساماخانىغا كىرىشتىن ئاۋۋال رۇمىنىڭ ئاغزىدىن مۇنداق دۇردانىلەر تۆكۈلدى:

كەل، يېقىن كەل، يەنە يېقىن كەل،
بۇ جېدەل، بۇ ئۇرۇش قاچان تۈگەيدۇ؟
سەن مەندۇرسەن، مەن ھەم سەندۇرمەن،
نېمىگە جاھىللىق قىلىسەن ئىنسان،
بېشىمىز بىردۇر، ئەقلىمىزمۇ بىر،
ھەممىمىز بىر يىپقا باغلانغان مارجان.

تەييارلاندۇق، ئاۋۋال نەينىڭ ھەسرىتى ئاڭلاندى، ئاندىن رۇمى ساما بېشى بولۇپ مەيدانغا چىقتى. دەرۋىشلەر بېشىنى كەمتەرلىك بىلەن ئەگكىنىچە بىر-بىرلەپ مەيدانغا كىردى. ئاخىرىدا بىر دەرۋىش مەيدانغا چىقاتتى، رۇمى بۇ ۋەزىپىنى ئۈنىمىغىنىمغا ئۈنىماي ماڭا يۈكلەپ قويدى.

نەي بىلەن راۋاپنىڭ كىشىنى مۇڭلاندۇرىدىغان ئاۋازىغا داپ تەڭكەش بولدى.

ئاڭلا، بۇ نەي قانداق شىكايەت قىلىۋاتىدۇ، ھىجران ئازابىنى قانداق ئىپادىلەۋاتىدۇ:

مېنى قومۇشلۇقتىن كەسكەندىن بېرى نالە-پەرياد قىلىۋاتىمەنكى، ئەر، ئايالنىڭ ھەممىسى بۇنى ئاڭلاپ ياش تۆكتى.

باشتا چىققان دەرۋىش سامانى باشلىدى، دەستارىنىڭ ئېتىكى نازاكەت بىلەن ئېچىلىپ ھاۋادا شۇۋىرلىغاندا، مەيداندىكى كىشىلەرنىڭ كۆز ئالدىدا بۇ دۇنيادىن يىراقلاشتى. بۇ چاغدا ھەممىمىز ساماغا قېتىلدۇق، ۋەھدەتتىن باشقىسى قالمىغانغا قەدەر ئايلاندۇق، چەرخى پەلەكتىن نېمە ئالساق زېمىنغا شۇنى يەتكۈزمەكچى، ھەق تائالادىن نېمە ئالساق خەلققە شۇنى بەرمەكچى بولدۇق. ھەر بىرىمىز ئاشىق بىلەن مەشۇق ئارىسىدا رىشتە بولدۇق. مۇزىكا ئاياغلاشقاندا دۇنيانى تەشكىل قىلغان ئاساسلىق ئۇنسۇرلار- ئوت، ھاۋا، تۇپراق، سۇ ۋە بەشىنچى ئۇنسۇر بولغان بوشلۇققا سالام بەردۇق.

*　　　*　　　*

مۇراسىم ئاخىرىدا كەيخىسراۋ بىلەن ئارىمىزدا يۈز بەرگەن ئىشلارغا پۇشايمان قىلمايمەن. پەقەت رۇمىنى تەڭقىسلىقتا قويغىنىمغا پەرىشانمەن. لېكىن شۇنداق بولۇشى زۆرۈر ئىدى. مەۋلانا يىللاردىن بېرى ئىززەتلىنىپ، ھۆكۈمدارلار تەرىپىدىن قوغدىلىپ كەلگەنىدى. ئەمدىلىكتە، ئادەتتىكى پۇقرالارنىڭ دەردىنى__ ھۆكۈمدارلار ئالدىدىكى ئاجىزلىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلدى.   ئۇ مەھرۇملۇق، بىچارىلىك، چەتكە قېقىلىشنىڭ نېمىلىكىنى بىلمەي تۇرۇپ، قانداقمۇ خەلق شائىرى بولالىسۇن؟

شۇنداق قىلىپ، كونيادىكى ۋاقتىم توشۇپ قالغاندەك قىلىدۇ، كېتىدىغان ۋاقتىم كەلدى. ھەقىقىي ئىشق كۈتۈلمىگەن ئۆزگىرىشلەرنى پەيدا قىلىدۇ. ئىشق تۇغۇلۇش دېمەكتۇر، ئەگەر ئىشقتىن ئاۋۋال ۋە ئىشقتىن كېيىن ھېچ ئۆزگەرمىسەك، ئىشقىمىز ۋايىغا يەتمىدى دېگەنلىكتۇر. بىرىنى ياخشى كۆرسەڭ، ئۇنىڭ ئۈچۈن قىلالايدىغان ئەڭ ياخشى ئىش ئۆزگەرمەكتۇر.

شۇ قەدەر ئۆزگىرىشىڭ كېرەككى، سەن سەن بولماي قېلىشىڭ كېرەك.

شېئىر، مۇزىكا، ئۇسسۇل... مەستلىك، جانلىقلىق، جۇشقۇنلۇق...رۇمىنىڭ ئۆزگىرىشلىرى ئاساسەن تامام بولدى. شېئىرنى ياخشى كۆرمەيدىغان تەقۋا ئالىم، ناتىقلىقى بىلەن يۈكسەك پەللىگە يېتىۋاتقان بۇ خاتىپ ئەمدى ئىنسانلارنىڭ سۆكۈتتىكى قەلبىنى ئىپادىلەيدىغان كاتتا شائىر بولماقچى. مېنى دېسەك، مەنمۇ ئۆزگەردىم ھەم ئۆزگىرىۋاتىمەن، بارلىقتىن يوقلۇققا قاراپ كېتىۋاتىمەن، مەۋسۇمدىن مەۋسۇمگە، مەرتىۋىدىن مەرتىۋىگە، تىرىكلىكتىن ئۆلۈمگە بۇرۇلۇۋاتىمەن.

بابا زامانىنىڭ ئۆتكەندە دېگەنلىرى ئېسىمدە، يىپەكنىڭ غوزىدىن چىقىشى ئۈچۈن پىلە قۇرۇتى ئۆز جېنىدىن كېچىشى كېرەك.

بىزنىڭ دوستلىقىمىز، روھداشلىقىمىز ئاللاھتىن كەلگەن مەرھەمەت، تەڭداشسىز ھەدىيە. دوستلۇق بىلەن يېتىلدۇق، شادىمان بولدۇق، پورەكلەپ ئېچىلدۇق، چېچەك ئاچقان كەبى سۆزلەر غەزىنىسىنى ئاچتۇق، بىردەكلىك تەمىنى تېتىدۇق، ھېچكىم ئۆزى يالغۇز پىشىپ يېتىلەلمەيدۇ. سېنى مەقامدىن مەقامغا قۇشتەك ئۇچۇرىدىغان ھەمراھىڭنى تېپىشىڭ كېرەك. تاپقىنىڭدا ئۆزەڭنى ئەمەس، ئۇنى ئىززەتلىشىڭ كېرەك.

ساما سالغان ئاخشىمى ھەممە ئادەم كېتىپ، ۋاراڭ-چۇرۇڭلار بېسىققاندىن كېيىن ساماخانىدا ئۆزەم يالغۇز ئولتۇردۇم. رۇمى بىلەن بۇ دۇنيالىق كۆرۈشۈشىمىزنىڭ ئاخىرقى باسقۇچىغا كېلىپ قالغانىدىم. دوستلۇقىمىز جەريانىدا ئاز كۆرۈلىدىغان گۈزەللىكلەردىن تەڭ بەھرىمەن بولدۇق. بىر-بىرىنى كۆرسىتىدىغان ئىككى ئەينەكتەك، بىر-بىرىمىز ئارقىلىق ئەبەدىيلىكنى تاماشا قىلدۇق. ئەمما ئەڭ ئاخىرىدا، چەمبەر ئايلىنىدۇ، دەۋر ئاياغلىشىدۇ، ئەينەك سىرلىنىدۇ. ھەر قىشنىڭ بىر باھارى، ھەر باھارنىڭ بىر خازان پەسلى بولىدۇ. بۇ ھېكمەت ھەممىگە كۇپايە: ئىشق بار يەردە، ھىجران باردۇر.

ئېللا

بوستون، 2008-يىل 6-ئاي

ئەزىز بىر خېتىدە «كۇتۇلمىگەن ئىشلار پەقەت بۇنىڭغا تەييارلىقىمىز بولغان چاغدا كېلىدۇ» دەپ يازغانىدى.

ئەگەر ئۇنداق بولسا، ئېللا بۇ ھەپتىدە ئۇچرىغان ئىشلارغا ئالدىن تەييارلىق قىلغان بولىدۇ. ھالبۇكى، كۇتۇلمىگەن ئىش يېتىپ كەلگەندە پۈت-قوللىرى يەرگە تەگمەي قالدى. چۈنكى، ئەزىز زاھارا بۇ ھەپتە ئېللانى كۆرگىلى بوستونغا تۇيۇقسىز كەلگەنىدى.

بازار كۈنى ئاخشىمى ئىدى، رۇبىستېن ئائىلىسى تاماقتا جەم بولغانىدى، ئېللانىڭ تېلېفونىغا بىر ئۇچۇر كەلدى. ئاشپەزلىك كۇلۇبىدىن بىرى يوللىغان ئۇچۇر دەپ ئويلاپ، ئۇنى ئوقۇشقا ئالدىراپ كەتمىدى، باشقا ئىشلارنى قىلدى. ئورنىدىن تۇرۇپ تاماق تۇشىدى: ھەسەل سۈرۈپ قىزارتىلغان ئۆردەك گۆشى، گۆش بىلەن قورۇلغان ياڭيۇ، پىستە-بادام قوشۇلغان گۈرۈچ ئاش ۋە ئۇنىڭ ئۈستىگە بېسىلغان تاتلىق پىياز..

ئۆردەك گۆشى شۇنچە لەززەتلىك، ھەشەمەتلىك كۆرۈنەتتىكى، شىرەگە قويۇلۇشى بىلەن تەڭ ھەممىسى ئاغزىنى ئېچىپ قاراپ قېلىشتى. تېخى بۇگۈن ئەتىگەن سكوت بىلەن ئۇنىڭ يېڭى قىز دوستىنى كۆرۈپ ئازابلانغان جېنىپتىنىڭمۇ ئىشتىھاسى ئېچىلىپ كەتكەندەك قىلاتتى.

بۇ ھەر كۈنى ئاخشامقىدەك تىنچ، كۆڭۈللۈك، خۇشال پاراڭلار بىلەن يەيدىغان ئۆي تامىقى ئىدى. ئېللا بولۇۋاتقان پاراڭلارغا ئۇ يەردىن، بۇ يەردىن قېتىلىپ قويۇپ ئولتۇردى. ئېرى باغنىڭ سالاسونىنى كۆك رەڭگە بوياپ قويايلى دېۋىدى، گەپ قىلمىدى. جېنىپت بىلەن ئۇنىۋېرسىتېت دەرسلىرىنىڭ ئېغىرلىقى ھەققىدە پاراڭلاشتى، قوش كېزەك بالىسى بىلەن «كارىپ دېڭىز قاراقچىسى» فىلىمى توغرۇلۇق سۆھبەتلەشتى. ئۇ ھەممەيلەنگە، ھەممە نەرسىگە ماسلىشىۋاتقاندەك قىلغان بىلەن، ئەمەلىيەتتە ئۇلاردىن يىراق تۇرۇۋاتاتتى. كاللىسى ئەزىزدە قالغانىدى، خەتنى تاپشۇرۇۋالغانمىدۇ؟ تاپشۇرۇۋالغان بولسا ئۇنى ئوقۇپ نېمىلەرنى ئويلىغاندۇ؟ نېمىشقا تېخىچە جاۋاب يازمايدۇ؟ ئۇ چىنە-قاچىلارنى قاچا يۇيۇش ماشىنىسىغا سېلىپ، قەھۋە تەملىك ئاق تورتنى شىرەگە قويۇپ بولغاندىن كېيىن، يەنە خىيالغا چۆكتى، تېلېفونغا قاراپ بېقىشمۇ كاللىسىغا كەلمىدى. تېلېفونغا كەلگەن ئۇچۇرلارغا قارىغان چاغدا بۇ ئۇچۇرنى كۆرۈپ تۇرۇپلا قالدى:

ھازىر مەن بوستوندا، سىمتسونىيان مۇزېيى ئۇچۇن سۇرەت تارتقىلى، ئەمما ئاساسلىقى سېنى كۆرگىلى كەلدىم. ئونىكس مېھمانخانىسىدا تۇرۇۋاتىمەن، مېنى كۆرگىلى كېلەمسەن... ئەزىز

ئېللانىڭ يۈزى قىزاردى، يۈرىكى دۈپۈلدەپ سوقۇپ كەتتى. تىترەۋاتقان قولىدا تېلېفوننى ئېتىپ سومكىسىغا سالدى. ئۆزىنى بېسىۋېلىشقا تىرىشىپ ئورۇندۇقتا ئولتۇردى. قالغانلارنىڭ گېپىنى ئاڭلاۋاتقاندەك قىياپەتكە كىرىۋالدى، بېشى سەل قېيىۋاتاتتى.

ئەمما بۇ ھالى داۋىدنىڭ كۆزىدىن قېچىپ قۇتۇلالمىدى.

— نېمە بولدى؟ ئۇچۇر كەپتىما؟ - دېدى ئۇ بېشىنى تەخسىدىن كۆتۈرۈپ.

— ھە.. شۇنداق، مىچېل ئۇچۇر قىلىپتۇ، - دېدى ئېللا كاللىسىغا كەلگىنى بويىچە.

ئەر-خوتۇن بىر-بىرىگە قاراپ تۇرۇپ قېلىشتى، دېگىلى بولمايدىغان نۇرغۇن گەپلەرنى كۆزلىرىدە دېيىشتى. ئۇزۇن يىل ئەر-خوتۇن بولۇشنىڭ پايدىسى شۇ ئىدىكى، بىر ئېغىز گەپ قىلىشمىسىمۇ، كۆز بېقىشلىرى

ئارقىلىقلا سوقۇشالايتتى. باللار ھېچنېمىنى بىلمەيدىغاندەك ئولتۇراتتى. شۇ ھالدا ئېللا بىلەن داۋىد ئۆزلىرىنىڭ بىر ئويۇن ئىچىگە كىرىپ قالغانلىقىنى ھېس قىلىشتى. بىرى يەنە بىرىنىڭ يالغان ئېيتىۋاتقانلىقىنى بىلەتتى، يەنە بىرى بولسا بۇ يالغانچىلىقنى ئۇنىڭمۇ بىلىدىغانلىقىنى بىلەتتى.

ئاخىردا داۋۇد ئېغىر خىيال بىلەن ئورنىدىن قوپتى، ئېغىز سۆرتكۈچنى ئەستايىدىللىق بىلەن تۆت چاسا قىلىپ قاتلىدى، ھەرىكەتلىرى ئاستىلاپ كەتكەنىدى. «ھە، مىچېل ئۇچۇر قىلىپتۇ- دە» دەپ ئۆز- ئۆزىگە غۇدۇڭشىدى.

ئېللا ئېرىنىڭ ئۆزىگە قىلچە ئىشەنمەيدىغانلىقىنى بىلسىمۇ، ئاخىرغىچە يالغان ئېيتىش كېرەكلىكىنى ھېس قىلدى. ئېرىنى قايىل قىلىش ياكى باللىرىنى ئالداش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ئۆز ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن شۇنداق قىلاتتى. ئۆيىدىن چىقىپ، ئەزىز تۇرۇۋاتقان مېھمانخانىغا بېرىپ، ئۇنىڭ دىدارىنى كۆرۈشنى ئارزۇ قىلاتتى. بۇ قانداق ئىستەك- ھە! ئۆمرىدە ھېچقانداق نەرسىنى بۇنچىلىك ئارزۇلاپ باقمىغانىدى... بۇ سەۋەبتىن ھەر بىر گېپىنى ئويلاپ قىلىشقا باشلىدى:

— ئەتە ئەتىگەندە نەشرىياتتا يىغىن بار ئىكەن، كېلەر پەسىللىك كىتابلارنىڭ تىزىملىكىنى بېكىتىدىكەن، مېنىمۇ كەلسۇن دەپتۇ.

— ئۇنداقتا ئۇ مۇھىم يىغىنكەن، بارمىساڭ بولمايدىكەن،- دېدى داۋىد چۈشىنىكسىز ئىپادىلەرگە تولغان كۆزلىرىنى پارقىرىتىپ،- ماقۇل دېسەڭ ئەتە ئەتىگەندە مەن ئاپىرىپ قوياي، يولدا ھەمراھ بولۇپ ماڭىمىز. بىر نەچچە بىمار بىلەن كۆرۈشۈش ۋاقتىمنى ئۆزگەرتسەم، ۋاقتىمنى توغرىلىيالايمەن.

ئېللا ئېرىگە قاراپ قالدى، ئۇ نېمە قىلماقچىدۇ؟ بوستونغا راستىنلا بىللە بارماقچىمىدۇ؟ يا بولمىسا باللارنىڭ كۆز ئالدىدا جېدەل چىقىراي دەمدۇ؟ ئۇ زورىغا كۈلۈمسىرىدى:

— ئۇنداقتىغۇ ياخشى بولاتتى، بىراق ئەتە ئەتىگەندە سائەت 7دىن بۇرۇن ئۆيدىن چىقىپ بولۇشىمىز لازىم. مىچېل مەجلىستىن بۇرۇن مەن بىلەن ئايرىم كۆرۈشمەكچىكەن.

ھېچ ئىشتىن خەۋىرى يوق ئورلى ھىجىيىپ گەپكە كىرىشتى:

— ۋاي، ئۇنداقتا دادام بىلەن كارىڭ بولمىسۇن، ئۇ ھەرگىز ئەتىگەن قوپمايدۇ. ئۇ سائەتتە دادامنى كىران بىلەن تارتىپ قوپۇرالايسەن.

داۋىد ھېچقاچان ئەتىگەن تۇرمايتتى، خوتۇن- بالىلىرى ئۇنىڭ بۇ ئادىتىنى ناھايىتى ياخشى بىلەتتى.

ئېللا بىلەن داۋىد يەنە بىر- بىرىگە قارىشىپ قالدى، ئىككىلىسى كۆتمەكتە، ئەھۋالنى مۆلچەرلىمەكتە ئىدى. دەسلەپكى قەدەمنى كىم باسار؟ بۇ ئويۇننىڭ ئاخىرى نەگە بارار؟

بۇ چاغدا داۋىد كىنايىلىك تەبەسسۇم بىلەن ئارقىغا ياندى:

— ئورلى توغرا دەيدۇ، ئۇنداق ئەتىگەن تۇرالمايمەن، ئەڭ ياخشىسى ئۆزەڭ يالغۇز ماڭ،- دېدى.

— نېمىشقا ھازىر ماڭمايسەن ئانا،- دېدى جېنېت، ھېچ ئىشتىن خەۋەرسىز، - شەھەردىكى ئۆيدە قونۇپ قال، خېلى بولدى، ئۇ ئۆينى ھېچكىم ئىشلەتمىدى. ئەتىگەندە ئۇ يەردىن ئالدىرىماي مەجلىسكە بارساڭ بولىدۇ.

— ئۇمۇ بولىدۇ...- دېدى ئېللا يۈزىنىڭ ئوت ئالغىنىنى سەزگەچ.

ئەتە ئەتىگەن بوستونغا بېرىپ ئەزىز بىلەن ناشتىلىق قىلىدىغانلىقىنى ئويلاپ يۈرىكى سېلىپ تۇرغاندا، ئەمدى دەرھال يولغا چىقماقچى بولۇش بىر خىل تەلۋىلىك، ئەسەبىيلىكتەك تۇيۇلدى. يەنە بىر تەرەپتىن، ئەزىزنى ئەتە ئەمەس، بۇ ئاخشام كۆرسەم دەيتتى، ئەتە ئەتىگەنگىچە يەنە بىر مۇنچە ۋاقىت بار ئىدى، بۇ ۋاقىت خۇددى ئۆمۈردەك ئۇزاق تۇيۇلدى. ھازىر ماڭسا تېخىمۇ ياخشى بولمامدۇ؟ ئۆيدىن ماشىنا ھەيدەپ ئىككى سائەت ماڭسا بوستونغا يېتىپ بارىدۇ، بۇغۇ مەيلى. ئەزىز شۇنچە يىراق ئامېستىردامدىن كەلدى، ئىككى سائەت ماشىنا ھەيدەش قانچىلىك ئىش ئىدى؟!

— ھازىر ماڭسام كېچە سائەت 10 غىچە بوستونغا بارىدىكەنمەن، ئەتىگەندە نەشرىياتقا بۇرۇنراق بېرىپ مىچېل بىلەن كۆرۈشىمەن،- دېدى ئېللا.

داۋىدنىڭ ئۆڭى ئۆچتى، بىر ئېغىز گەپمۇ قىلمىدى. كۆزلىرىدە، خوتۇنىنىڭ باشقا ئەر بىلەن كۆرۈشۈشىگە توسقۇنلۇق قىلمايدىغاندەك بىر خىل پەرۋاسىزلىق بار ئىدى.

— ئۇنىڭ ئۈستىگە خېلى بولدى، ئۇ ئۆينى يىغىشتۇرۇپ قويمىدىم. بېرىپ قاراپ باقاي،- دېدى ئېللا، ئاخىرقى بىر گېپىنى قەستەن تەكىتلىدى. شۇ ئارقىلىق ئېرىگە، ئەزىز بىلەن پەقەت بىر نەرسىلەر ئىچىشىپ، ئاندىن ئۆيگە كېتىپ يالغۇز ئۇخلايدىغانلىقىنى بىلدۈرمەكچى ئىدى.

داۋىد قولىغا قەدەھنى ئېلىپ، شىرەدىن قوپتى. چۈشەنگۈسىز بىر خىل ئۆزلۈك ئىشەنچى بىلەن:

— ياخشى گەپ، بولىدۇ قەدىرلىكىم، ھازىرلا ماڭ، ـ دېدى. تەھدىت سېلىۋاتامدۇ ياكى نېمە قىلىساڭ قىل دەۋاتامدۇ؟ ئېللا ئېرىنىڭ نېمە ئويلىغىنىنى بىلەلمىدى.

— ئەمما ئانا، سەن ماتېماتىكا تاپشۇرۇقلىرىمنى ئىشلىشىپ بەرمەكچىدىڭغۇ؟ ـ دەپ زارلاندى ئاۋى.

ئېللا بىر نەرسە دەپ بولغىچە، ئورلى ئۇنىڭ بىلەن چېقىشتى:

— ھەي ئەركىتاي، ئۆز تاپشۇرۇقىنى ئۆزەڭ ئىشلە، ئەقىللىقتۇ سەن!

باللىرى شىرەدىن قوپماي تالىشىۋاتقاندا ئېللا ئۇلارنى تاشلاپ، ئەڭ ئۈستى قەۋەتكە چىقتى، ھۇجرىسىنىڭ ئىشىكىنى ئېتىپلا ئەزىزگە ئۇچۇر يازدى:

بۇ نېمىدېگەن ياخشى خەۋەر! بەك ھەيران قالدىم، ئىككى سائەتتىن كېيىن ئونىكس مېھمانخانىسىغا بارىمەن.

ئۇ «يوللاش» كونۇپكىسىنى بېسىپ، مەجنۇن كۆزلىرى بىلەن ئۇچۇرنىڭ يوللىنىشىغا قاراپ تۇردى.

ئۇ نېمە قىلىۋاتىدۇ؟ بۇ يول ئاخىر نەگە بارىدۇ؟... ئۇنىڭ بۇلارنى ئويلايدىغان ۋاقتى يوق ئىدى. ئەگەر بۇ ئاخشام قىلغانلىرىدىن پۇشايمان قىلسا، بەلكىم پۇشايمان قىلاتتى، ئۆزىنى كېيىنچە ئەيىبلەيتتى. ئەمما ھازىر كۆرىدىغاننى كۆرۈشى، ئۆز ئىشىغا ئالدىرىشى كېرەك ئىدى. ئۇ يىگىرمە مىنۇت يۇيۇندى، شامالدۇرغۇچ بىلەن چاچلىرىنى قۇرتتى، چىشلىرىنى چوتكىلىدى، كىيىم تاللىدى، كىيدى، سالدى، باشقىسىنى كىيىپ سىناپ باقتى، بولمىدى، يەنە بىرىنى كىيدى، چاچلىرىنى تاراپ بىر ئاز گىرىم قىلدى، ئانىسىدىن قالغان زۇمرەت زىرىسىنى تاقمىدى، ئەينەككە قاراپ بېقىپ ئۆزىنى ياراتمىدى، بېرىپ باشقا كىيىم كىيدى.

ئاخىر كۆڭلى تىنىپ، ئۈستىگە ئازراق ئەتىر چاچتى، ئەتىر شىشىسى مۇنچىدىكى ئىشكاپتا نەچچە يىل تۇرۇپ قالغانىدى. داۋىد ئەتىرنى ياقتۇرمايتتى، «ئايالدا ئەتىرنىڭ ئەمەس، ئۆزىنىڭ پۇرىقى بولۇشى كېرەك» دەپ تۇرۇۋالاتتى. ئەمما ياۋرۇپالىق بىر ئەر ئەتىرنى باشقىچە ئويلىشى مۇمكىن. ئۇ يەردە ئەتىر مۇھىم نەرسە بولغىيمىدى؟

ئەزىزنىڭ كەلگىنىگە بوپتۇ، لېكىن نېمىشقا كېلىشتىن ئاۋۋال خەۋەر بېرىۋەتمەيدۇ؟ كېلىشىنى بىلگەن بولسىدى، ئۇنىڭغا كۆرە تەييارلىنىپ، پەردازخانىغا بېرىپ، ھۆسىن تۈزەتكۈزۈپ، تېرىسىنى

پارقىرىتىپ كېلەتتى، بەلكىم چاچ پاسونىنى ئۆزگەرتەتتى. ئۇنىڭ كاللىسىدا يەنە بىر تۈركۈم سوئاللار پەيدا بولدى: ئەگەر ئەزىز ياقتۇرماي قالسىچۇ؟ مىجەزىمىز چىقىشماي قالسا، ئاندىن ئۇ بوستونغىچە كەلگىنىگە پۇشايمان قىلسىچۇ؟ خەت يېزىشىش يوشۇرۇن، ئاسان ئىش ئىدى، ئەمما يۈز تۇرانە كۆرۈشۈش قىيىن... نېمىشقا كەلدى؟ مەن چاقىردىم... ئۇ خەتنى يېزىپ ئۇنىڭ بۇ يەرگە كېلىشىگە سەۋەبچى بولدۇم.

ئۇ ئېسىگە كېلىپ ئۆزىنى ئوڭشىدى، نېمىشقا قارارىنى ئۆزگەرتىشكە تىرىشقۇدەك؟ مىجەزى كېلىشسە نېمە بوپتۇ، كېلىشمىسە نېمە بوپتۇ؟ ئۇ ئادەم بىلەن پەقەت بىر پىيالە قەھۋە ئىچىدۇ شۇ. چەكتىن ئاشمايدۇ، ئاشالمايدۇ، زاھارا بىلەن بولغان ئىشلىرى پەقەت ئۆتمۈش بولۇپ قالدۇ. ئۇنىڭ ئائىلىسى، ئۆز تۇرمۇشى بار، ئۆتمۈشى بۇ يەردە، كەلگۈسىمۇ بۇ يەردە. ئۇ بۇ يېشىدا بولمىغۇر خىياللارنى قىلغىنى ئۈچۈن ئۆزىنى ئەيىبلىدى، ھېچنېمىنى ئويلىماسلىققا، ھېچنېمىنى خىيال، تەسەۋۋۇر قىلماسلىققا، ھېچنېمىنى ئارزۇلىماسلىققا تىرىشتى.

سەككىزگە ئون بەش مىنۇت قالغاندا ئېللا بالىلىرىنى سۆيۈپ، ھەممىسى بىلەن خوشلىشىپ ئۆيدىن چىقتى. داۋۇد ئۆيدىكى ئىشخانىسىغا كىرىپ كەتكەن بولۇپ، خوتۇنىنى كۆرمىدى.

ئېللا بوستوندىكى ئۆيىنىڭ ئاچقۇچىنى پۇلاڭلاتقاچ ماشىنىسىنىڭ يېنىغا ماڭغاندا كاللىسى توختاپ قالغاندەك بولدى، ئەمما يۈرىكى توختىماي ئالدىرىتىپ تۇراتتى.

بەشىنچى بۆلۈم

بوشلۇق

ھاياتتا، مەۋجۇتلۇقى بىلەن ئەمەس، بەلكى يوقلۇقى بىلەن بىزگە تەسىر كۆرسىتىدىغان نەرسىلەر

سۇلتان ۋەلەد
كونيا، 1246 - يىل 7 - ئاي

بۇ جۇمە ئەتىگىنى دادام ھۇجرامغا كىردى، شۇنچىلىك سولغۇن كۆرۈنەتتىكى، كۆزلىرىمگە ئىشەنمەي قالدىم. كۆزلىرى خىرە، بېقىشلىرى تامامەن ئۆزگىرىپ كەتكەن بولۇپ، كېچىچە ئۇخلىيالمىغاندەك قىلاتتى. ئەمما مېنى بەك ھەيران قالدۇرغىنى ئۇنىڭ ساقىلى بولدى: ساقاللىرى بىر كېچىدىلا ئاقىرىپ كەتكەنىدى.

— ۋەلەد، ئوغلۇم ماڭا بىر ياردەم قىل، - دېدى. ئاۋازى تىترەپ چىقاتتى، يىغلايدىغاندەكلا قىلاتتى، ئىچىم ئېچىشتى.

يۈگۈرۈپ بېرىپ قولىنى تۇتتۇم:

— ماقۇل دادا، نېمە تەلىپىڭ بولسا دەۋەرگىن.

ئۇ دېمەكچى بولغان گېپىنىڭ ئېغىرلىقى ئاستىدا قالغاندەك بىر دەم تۇرۇپ كەتتى.

— شەمس كېتىپتۇ، بىزنى تەرك ئېتىپتۇ.

نېمە دېيىشىمنى بىلەلمىدىم، ھەيران قالدىم، كۆڭلۈم يېرىم بولدى، ئەمما شۇنى ئويلىماي تۇرالمىدىم، ئۇنىڭ كېتىشى بەلكىم ھەممىمىز ئۈچۈن ياخشى، تۇرمۇشىمىز ئەمدى ئىزىغا چۈشەمدۇ؟ دادام يېقىنقى كۈنلەردە شەمس تۈپەيلىدىن ئۆزىگە بەك كۆپ دۈشمەن تېپىۋالدى. ئۇ بۇرۇن بۇ شەھەرنىڭ ئەڭ كاتتا ئادىمى ئىدى، ئەمدىلىكتە ئۇنى ياقتۇرمايدىغانلار، ئەيىبلەيدىغانلار كۆپىيىپ كەتتى. بۇنىڭدىن چۆچىدىم، ھەممە ئىشنىڭ بۇرۇنقىدەك بولۇشىنى ئۈمىد قىلدىم. بەلكى ئالائىدىنىنىڭ گېپى توغرا: شەمس تۇرمۇشىمىزدىن ئايرىلسا، بۇرۇنقىدەك كۆڭۈللۈك ياشىماسمىدۇق؟

دادام خىيالىمنى بىلىپ قالغاندەك چىرايىمغا ئەنسىزلىك بىلەن قارىدى:

__ ئۇ مېنىڭ قىممەتلىك دوستۇمدۇر، بۇنى ئۇنتۇما،ـ دېدى،ـ شەمس بىلەن مەن ئىككى ئىنسان ئەمەس، بىر ئىنسان. ئاينىڭ يورۇق يۈزى بار، قاراڭغۇ يۈزىمۇ بار. شەمس مېنىڭ ئىسيانكار يۈزۈمدۇر. ئۇ مېنىڭ ئىسيانىمدۇر. ھېچكىم كۆرەلمەيدۇ، ئەمما ئۇنىڭ ھەر بىر ئىسيانىدا مەن بار.

بېشىمنى لىڭشىتتىم، دادامنىڭ ئالدىدا خىجىل بولۇپ، بىر ئېغىز گەپ قىلالمىدىم.

__ شەمسنى دەرھال تېپىپ بەرگىن، ئەگەر ئۇ تېپىلىشنى خالىسا. بېرىپ ئېلىپ كەل، ئۇ بولمىسا قانداق پەرىشان بولىدىغانلىقىمنى چۈشەندۈر،ـ دېدىم دادام، ئاخىرقى گەپلىرى ھەسرەتلىك پىچىرلاشقا ئايلىنىپ كەتتى،ـ ئۇنىڭغا دېگىن، ئۇنىڭ يوقلۇقى مېنى غەزەبلەندۈرۈۋاتىدۇ.

دادامغا ۋەدە بەردىم، شەمس نەدە بولسا بولسۇن، ئۇنى تېپىپ ئېلىپ كېلىمەن.

دادام قولۇمنى مىننەتدارلىق بىلەن سىقىۋىدى، كۆزۈمنى قاچۇردۇم، كۆز بېقىشلىرىمدىكى بىئاراملىقنى ئۇنىڭ كۆرۈپ قېلىشىنى خالىمايتتىم.

*   *   *

كونيا كوچىلىرىنى بىر ھەپتە ئىزدەپ، شەمسنىڭ ئىز-دېرىكىنى قىلىشقا باشلىدىم. بۇ جەرياندا شەھەردىكى ھەممە ئادەم شەمسنىڭ يوقاپ كەتكەنلىكىنى ئۇققان بولۇپ، ئۇنىڭ نەگە كەتكەنلىكىنى پەرەز قىلىشىپ، ئاغزىغا كەلگەننى سۆزلىشىپ يۈرەتتى. بىر قېتىم ماخاۋ كېسىلى بار بىر تىلەمچىگە ئۇچراپ قالدىم، ئۇ شەمسكە چوقۇناتتى، مېنى باشلاپ ئۆزىگە ئوخشاش غېرىپ-غۇرۋا، ئىگە-چاقىسىزلار بىلەن تونۇشتۇردى. بۇلارنىڭ ھەممىسى شەمسنىڭ ياردىمىگە ئېرىشكەن بولۇپ، بۇنىڭدىن ھەيران قالدىم. شەمس تەبرىزىنى ماختايدىغان مۇنچە كۆپ ئادەملەرنىڭ بارلىقىنى ئۇقمايدىكەنمەن، نەچچە ۋاقىتتىن بېرى ئۇنى تىللايدىغانلارنىڭ گېپىنى ئاڭلاۋېرىپ، ئۇنى ياخشى كۆرىدىغانلارنىڭمۇ بارلىقىنى بىلمەي قالغانىدىم.

بۇ ئاخشام ئۆيگە ھالسىز، دەرمانسىز، كەيپسىز ھالدا كەلدىم. كەررا ماڭا دەرھال بىر قاچا سۇتئاش ئەكەلدى، ئاشتىن گۇلاب ۋە دارچىنىنىڭ

ھىدى كېلەتتى. مەن ئاش ئىچىۋاتقاندا ئۇ يېنىمغا كېلىپ، مېھرىبانلىق بىلەن كۈلۈمسىرەپ قاراپ ئولتۇردى. ئۇنىڭ چىرايىدىكى سولغۇنلۇقنى بايقاپ قالدىم، بىر يىل ئىچىدىلا قېرىپ كەتكەندى.

— شەمسنى تاپىمەن دەپ يۈرگىنىڭ راستمۇ؟ - دەپ سورىدى ئۇ. بېشىمنى لىڭشىتتىم.

— نەگە كەتكىنىنى بىلەمسەن؟

— ياق، ئۇقمايمەن، ئۇ ھەقتە ھەر خىل گەپلەر بار. شامغا كەتتى دېيىشىدۇ، ئىسپاھانغا، قاھىرەگە، ھەتتا تۇغۇلغان يۇرتى تەبرىزگە كەتتى دېگۈچىلەرمۇ بار. ھەممە يەردىن ئىزدەش كېرەك. مەن ئەتە شامغا بېرىش ئۈچۈن يولغا چىقىمەن، بۇ ئاريدا دادامنىڭ مۇرىتلىرىدىن ئۈچ كىشى باشقا ئۈچ شەھەرگە بارىدۇ.

كەررانىڭ چىرايى سالماق تۇس ئالدى، ئاۋازلىق ئوي-خىيال سۈرۈۋاتقاندەك بوش گەپ قىلدى:

— بىلەمسەن، داداڭ شېئىر سۆزلەيدىغان بولۇپ كەتتى، - دېدى ئوڭايسىز كۈلۈمسىرەپ، - بىر كۈن گەپ قىلمايدۇ، گەپ قىلسىلا ئاغزىدىن شېئىر تۆكۈلىدۇ. شەمس بولمىغاچقا شائىر بولۇپ كەتتىمىكىن دەيمەن.

ئۇ يەردىكى ئىران گىلەمنىڭ يىپلىرىغا تىكىلىپ قارىدى، كىرپىكلىرى نەملەشتى. ئېغىر تىنىپ قويۇپ، مۇنۇ بېيتنى ئوقۇدى:

دىدار كۆردۈم ھەيۋەتلىك ھۆكۈمرانىنى،
جەننەتنىڭ قۇياشى، كۆز-قۇلاقىنى.
جىمى نەرسىگە ھەمراھ ئۇ شىپا بەرگۈچى،
جانغا جان قوشار روھتۇر ئۇ كائىناتى.

نېمە ئىشلارنىڭ بولۇۋاتقىنىدىن خەۋىرىم بار، كەررا ۋىجدان ئوتىدا پۇچۇلىنىۋاتاتتى. شەمسنىڭ كەتكىنىدىن ئۇ ئەڭ خوش بولغان، ھېچ بولمىسا راھەتلىنىپ قالغانىدى. يەنە بىر تەرەپتىن دادامنى خۇشال قىلىش ئۈچۈن ھەممىگە تەييار ئىدى، شۇنداقلا شەمس بولغاندىلا دادامنىڭ خۇشال بولالايدىغانلىقىنى ياخشى بىلەتتى. شەمس قايتىپ كەلسە، دادام كەررا ۋە بىزلەرنى ئېسىدىن چىقىرىپ قوياتتى. شۇنداق قىلىپ، كەررا بىر ئايالنىڭ بېشىغا كېلىدىغان ئەڭ قىيىن تاللاشقا دۇچ كەلگەنىدى: ئېرىنى بەختسىز قىلىش ئۈچۈن ئۇنى يېنىمدا، كۆز ئالدىمدا تۇتۇپ تۇرايمۇ ياكى ئۆزەمنىڭ بەختىنى قۇربان قىلىپ، ئۇنى ئۆز مەيلىگە قويۇۋېتەيمۇ؟

— ئەگەر شەمسنى تاپالماي قالسامچۇ؟ ـ دېدىم كەررانى سىناپ بېقىش ئۈچۈن. بۇ گېپىمدىن ئۆزەممۇ ئەجەبلەندىم، ئەمما مەيلى دېدىم.
— قانداق قىلاتتۇق، ئۇنىڭغا ئامال يوق، _ دېدى كەررا كۆزلىرىدىن ئۇمىد ئۇچقۇنلىرىنى چاقنىتىپ.

ئۇنىڭ نېمە دېمەكچى بولغىنىنى بىلدىم، شەمس تەبرىزىنى ئىزدەش ئۈچۈن چوقۇم شامغىچە بېرىشىم شەرت ئەمەس ئىدى. خالىسام ئەتە كونيادىن چىقىپ، بىر مەزگىل ئۇيەر ـ بۇيەردە ئايلىنىپ، تۇرىدىغان راھەت، پاكىز ئۆي تېپىپ، بىر قانچە ھەپتىدىن كېيىن قايتىپ كېلىپ، شەمسنى ئىزدەيمەن دەپ پۇتلىرىم قاپىرىپ كەتتى، ئەمما ئۇنى تاپالمىدىم دېسەملا بولاتتى. دادام بۇ گېپىمگە ئىشىنەتتى. شۇنداق قىلىپ بۇ مەسىلە ئۆزلىكىدىن تۈگەيتتى. شۇنداق بولسا بەلكى كەررا ۋە ئالائىدىنغىلا ئەمەس، دادامنىڭ تالىپلىرىغا، مۇرىتلىرىغا، ھەتتا ماڭىمۇ پايدىلىق بولاتتى.
— كەررا، سېنىڭچە قانداق قىلاي؟ ـ دېدىم ئاستاغىنە.

ئۇزۇن يىل ئاۋۋال دىنىنى ئۆزگەرتىپ مۇسۇلمان بولغان، تۇنجى ئېرىدىن ئايرىلىپ قالغاندىن كېيىن دادامغا تۇل تەگكەن، ماڭا ۋە قېرىنداشلىرىمغا يىللاردىن بېرى قالتىس ئانا بولغان، ئېرىنى ئۇنىڭ باشقىلار ئۈچۈن يازغان شېئىرلىرىنىمۇ يادلىۋالغۇدەك دەرىجىدە ياخشى كۆرىدىغان، ئۆمۈر بويى پىداكارلىق كۆرسىتىپ، غەمخورلۇق قىلىپلا كەلگەن بۇ ئايال ماڭا ھېچنېمە دېمىدى. مېنىڭمۇ دەيدىغان گېپىم تۈگەپ قالغانىدى.
چۈشەندىمكى، شەمسنى ئىزدىگىلى بېرىش ـ بارماسلىق مېنىڭ ئىمتىھانىم بولۇپ، ئۇنىڭغا جاۋاب بېرىش ئۆزەمگە قالغانىدى.

رۇمى
كونيا، 1246 ـ يىل ئاۋغۇست

شەمسنىڭ يوقلۇقىدا بۇ دۇنيا گويا تېگى يوق قۇدۇق، ئۇ كەتكەندىن بېرى روھىم قاغجىراپ، كۆنلىرىم قارڭغۇلۇق ئىچىدە قالدى. كېچىسى كۆزۈمگە ئۇيقۇ كەلمەيدۇ، كۈندۈزى ئۆيدە تۇرالمايمەن، نەدە تۇرۇۋاتقىنىمنى بىلەلمەيمەن، ئادەملەر ئارىسىدا جىندەك يۈرىمەن، ھەممىسىگە ئاچچىقىم بار، ئەمما ئىختىيارىم ئىلكىمدە ئەمەس. ئۇلار نېمىشقا ھېچ ئىش

بولمىغاندەك ياشاۋېرىدۇ؟ شەمسى تەبرىزى بولمىغان ھاياتنى ھايات دېگىلى بولامدۇ؟

كۆپ پېتىشتىن كۆپ چىققىچە كۇتۇبخانامغا كىرىۋېلىپ، جىمجىت ئولتۇرۇپ شەمسنى ئويلايمەن، ئەمما شەمس مەن ئۇچۇن ھەممە نەرسىنىڭ، ھەممە ئادەمنىڭ مۇجەسسەمى بولغىنى ئۈچۈن، ئەمەلىيەتتە پۈتۈن دۇنيانى ئويلايمەن. ماڭا دېگەن سۆزى ھېچ ئېسىمدىن چىقمايدۇ: كەلگۈسىدە كىشىلەر سېنى ئەڭ گۈزەل ئىشق لېرىكىلىرىنى يازىدىغان شەرق شائىرى دېيىشىدۇ، پۈتۈن دۇنياغا مەشھۇر بولىسەن.

ھالبۇكى، مەن بۇ كۇنلەردە سۈكۈت قىلىشتىن باشقىنى بىلمەيمەن. خاموش دەيمەن ئۆزەمنى، جىمغۇر! مەن ھەر قانچە سۈكۈت قىلسامۇ، كەلىمىلەر يۈرىكىمدىن پاتماي چىقىۋاتىدۇ. شەمسىنىڭ ئەسلى مەقسىتى مېنى شائىر قىلماقچى ئەمەسمىدى؟ ئەمما ئۇنىڭ بۇ مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن مېنى تەرك ئېتىدىغانلىقىنى ئويلاپ باقماپتىمەنكەن.

ھاياتىمىز چەرخى پەلەكتۇر، ئۇ مەيلى دۇۋىدەك چوڭ بولسۇن، مىسقالدەك كىچىك بولسۇن، تارتقان مۇشەققەت، چەككەن رىيازەتلەرنىڭ ئۆز ئالدىغا ئورنى ۋە رولى بار. كۆرەش قىلىش ئىنسان بولۇشنىڭ زۆرۈر شەرتى. ئاللاھ تائالا «بىزنىڭ يولىمىزدا جىھاد قىلغۇچىلارنى بىز چوقۇم ھىدايەتكە باشلايمىز» دېمىدىمۇ؟ سەن نەپسىڭنى يېڭىش، ھەممە ئادەمنى بىر ئادەمدەك تەڭ كۆرۈش، خالىقنى ئۇلۇغلاش يۈزىسىدىن مەخلۇقاتلارنى سۆيۈش يولىدا كىچىككىنە بىر قەدەم ئاتساڭمۇ ئۇنىڭ ئەجىر-ساۋابىنى چوقۇم كۆرىسەن. ئەگەر ئىلاھىي قانۇنىيەتكە ئىشەنسەڭ، بۇنىڭ ئىچىدە ھېچقانداق تاسادىپىيلىق يوقلۇقىنى بىلىمىز. شەمس بىلەن ھالۇچىخلىنا ئەتراپىدا ئۇچراشقىنىمىزغا ئىككى يىل بولدى، ئۇنىڭ يېنىمغا كېلىشى تەسادىپىيلىق بولمىغان يەردە، كېتىشى نېمىشقا ئۇنداق بولسۇن؟

مېنى شامال ئۇچۇرۇپ كەلمىدى،- دېگەنىدى شەمس،- ئەمدى سېنىڭ ھاياتىڭدىن شامالدەك چىقىپ كېتەي...

ئاندىن بىر ھېكايە ئېيتتى:

بۇرۇن بىر سوپى ئۆتكەنىكەن، كارامەتلىرى شۇ قەدەر كۆپكەنكى، ئىسا پەيغەمبەرگە بېرىلگەن مۆجىزىلەرگە ساھىبكەن. ئۇنىڭ بىرلا تالىپى بولۇپ، بۇنىڭدىن رازى ئىكەن، تېخىمۇ كۆپ تالىپلىرىم، مۇرىتلىرىم بولسا دېمەيدىكەن. ئەمما تالىپى بۇنداق ئويلىمايدىكەن. ھەممە ئادەمنىڭ بۇ ئۇستازنىڭ ھۆرمىتى، قۇدرىتى ئالدىدا ھەيران قېلىشىنى تىلەيدىكەن.

شۇڭا ئۇ ئۇستازىنىڭ بىر تەرىقەت قۇرۇپ، كۆپلەپ مۇرت توپلىشىنى تەلەپ قىلىپ يالۋۇرۇپ تۇرۇۋاپتۇ.

— بوپتۇ،— دەپتۇ ئۇستازى ئەڭ ئاخىرىدا،— سەن بۇنداق يېلىنىپ تۇرۇۋالغاندىكىن، تەرىقەت قۇرساق قۇرايلى.

ئۇلار شۇ كۈنى بازارغا كىرىپتۇ. بىر تەنزىكەشنىڭ ئالدىدا قۇش شەكىللىك پىرەنىكلەر سېتىلىۋاتقۇدەك. سوپى بىر پۇدەپتىكەن، شامال چىقىپ، پىرەنىكلەرگە جان كىرىپ قانات قېقىپ ئۇچۇپتۇ. بۇنى كۆرگەن كىشىلەرنىڭ زۇۋانى تۇتۇلۇپ، سوپىنى دەرھال ئارىغا ئېلىۋاپتۇ، ئۇلار ئۇنىڭغا مۇرت بولۇش ئۈچۈن ئىشىك تۈۋىدە ئۆچرەتتە تۇرۇپتۇ. كۈنلەر ئۆتۈپ، مۇرىتلا يېغىپ كېتىپ، بۇرۇنقى تالىپ ئەمدى ئۆزىنىڭ ئۇستازى بىلەن بىمالال كۆرۈشەلمەيدىغان بوپتۇ.

— ئۇستازىم،— دەپتۇ تالىپ بىر كۈنى،— بەك كۆپىيىپ كەتتۇق، ئەتراپىڭىزدا بىر تالاي ئادەم بار. بۇرۇن ھەممە ئىش ياخشى ئىدى. ئەمدى يەنە بىر چارە قوللىنىپ، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى قايتۇرۇۋەتسىڭىز.

— بوپتۇ،—دەپتۇ سوپى،— سەن تەلەپ قىلىپ تۇرۇۋالغاندىكىن، ئۇنىمۇ كۆرۈپ باقايلى.

ئەتىسى سوپى ۋەز سۆزلەۋېتىپ يەل قويۇپ بېرىپتۇ، مۇرىتلار بۇنىڭدىن سەسكىنىپ، بۇرنىنى تۇتقىنىچە ئۇ يەردىن كېتىپ قاپتۇ. بۇرۇنقى تالىپ يالغۇز ئېشىپ قاپتۇ.

ئۇستازى سوراپتۇ:

— بالام، سەن نېمىشقا ئۇلار بىلەن كەتمىدىڭ؟

تالىپ جاۋاب بېرىپ:

— ئۇستازىم، مەن بۇ يەرگە تۇنجى يەل بىلەن كەلمىگەن تۇرسام، قانداقمۇ ئاخىرقىسى بىلەن كېتىپ قالاي،— دەپتۇ.

* * *

شەمس بۇگۈنگىچە نېمە قىلسا مېنى مۇكەممەللىككە ئېرىشسۇن دەپ قىلدى، كىشىلەر چۈشىنەلمىگەن ئىش دەل مانا شۇ. ئۇلار بىلىپ تۇرۇپ غەيۋەت قازانلىرىنىڭ ئوتىنى ئۇلغايتتى، جاھىللىق بىلەن ئۇنى بىزار قىلدى، ئادەتتىكى قۇلاقلىرى كۆپرىدەك ئاڭلىنىدىغان سۆزلەردىن باشقىنى ئاڭلىمىدى؛ ئۇنى ياخشى كۆرىدىغان ئىنسانلارنىمۇ ئېلىشتۇرۇپ، كۆڭلىنى يېرىم قىلدى. ئۇ ئەقىل، مەنتىق بىلەن ئېرىشكەن، مال-بايلىق دەپ ئويلىغان بىلىملىرىمنىڭ ھەممىسىنى بىر چەتكە تاشلىشىم ئۈچۈن

كىتابلىرىمنى سوغا ئېتىۋەتتى. ھەممە ئادەم ئۇنى ئۆلىمالارنى تەنقىد قىلىۋاتىدۇ دەپ ئويلايدۇ، ئەمما ئۇنىڭ كاتتا تەپسىرشۇناس ئىكەنلىكىنى بىلىدىغانلار ئاز. شەمس تەبىئەت ئىلمى، ئىلمى نۇجۇم، ئىلاھىيەت، پەلسەپە ۋە مەنتىقىدە چوڭقۇر بىلىم جۇغلانمىسىغا ئىگە، ئەمما ئىلمىنى نادانلارغا بىلدۇرمەيدۇ. ئۇ فەقىھتۇر، ھالبۇكى ئۆزىنى ھېچنېمە بىلمەيدىغاندەك كۆرسىتىدۇ.

شەمس تۆۋە قىلغان بىر پاھىشەگە ئىشىكىمىزنى ئاچتۇردى، بىزنى ئۇنىڭ بىلەن بىللە تاماق يېيىشكە زورلىدى، غەيۋەتلەرگە قۇلاق سالماسلىق، يامان گەپلەرگە يامان جاۋاب بەرمەسلىكنى ئۆگەتتى. مېنى مەيخانىگە ئەۋەتىپ مەستلەر بىلەن پاراڭلاشتۇردى، يەنە بىر قېتىم مېنى ئۆزەم ۋەز سۆزلەيدىغان جامەنىڭ ئالدىدا تىلەمچىلىككە سالماقچى بولدى. ئۆمرۈمدە تۇنجى قېتىم ئۆزەمنى ماخاۋ كېسىلىگە گىرىپتار بولغان تىلەمچىنىڭ ئورنىدا قويۇپ، كوزىدەك دۇنياغا ئۇنىڭ كۆزىدە نەزەر سېلىپ، ئۆزەمنىڭ قانداق كۆرۈنىدىغانلىقىمنى بىلدىم. شەمس مېنى چوقۇنغۇچىلىرىمدىن، ئەتراپىمدا چۆگىلەپ يۈرگەن، ئۆزەممۇ بىلمەيدىغان خوشامەتچىلەردىن، ھەتتا مېنى قوللاپ كەلگەن ھۆكۈمدارلاردىن ئايرىپ، جەمئىيەتنىڭ ئەڭ تۆۋەن قاتلىمىدىكى كىشىلەر بىلەن ئۇچراشتۇردى. ئۇنىڭ ۋەسىلىسى بىلەن، بىلمىگەن، تونۇمىغان ئىنسانلارنى تونۇدۇم، ئۇ ئاللاھ بىلەن ئىنسان ئارىسىدا قانچىلىك كۆپ بۇت-سەنەملەر بولسا، مەيلى ئۇ شان-شۆھرەت، مال-دۇنيا، ئورۇن-مەرتىۋە ۋە ھەتتا دىنىي ئەسەبىيلىك بولسۇن، مۇھەببەتتىن يىراقلىشىپ، قوپاللىشىپ، قېتىپ كەتكەن جىمى نەرسىنى چېقىپ تاشلاش كېرەك دەپ ئويلايتتى. بارلىق ئىنساننىڭ بىر ئىنساندەك يەككە ۋە باراۋەر ئىكەنلىكىنى بىلىشىمىز ئۈچۈن زېھنىيەتتىكى توسالغۇلارنى، مەزھەپ ۋە پىكىر ئىختىلاپلىرىنى تۈگىتىشىمىز كېرەك دەپ قارايتتى. ئۇ ھالدا ئەڭ ئاخىردا ئىلاھىي ئىشق قالاتتى.

ئۇنى دەپ سىناقلاردىن ئۆتتۇم، يۇقىرىدىن پەسكە دومىلىدىم، بىر ھالدىن يەنە بىر ھالغا كىردىم، ھەتتا ئەڭ سادىق مۇرىتلىرىمنىڭ نەزەرىدە مەن ئەيىبلىك ئىنسانغا، ئازغۇن ساراڭغا ئايلاندىم. ئۇنىڭ سەۋەبىدىن، يالغۇزلۇق، بىچارىلىك، خاتا چۈشىنىلىش، چەتكە قېقىلىش، خارلىنىش ۋە ئەڭ ئاخىردا ئايرىلىش ئازابىنى تارتتىم.

دۇنيانىڭ مەرھەممىتى ۋە شان-شۆھرىتى لەززەتلىك تائامدۇر، ئەمما ئۇنى ئاز يە، چۈنكى ئۇ ئوتتىن پىشۇرۇلغان نەرسىدۇر.

مەدھىيىلىرىنىش تاتلىقتۇر، ئەيىبلىنىش ئاچچىق بولغاچقا ئۆچ كۆرۈلىدۇ. (ھالبۇكى) ئەيىبلىنىشتىنمۇ ئۇلۇغلۇق كېلىدۇ، قېنى سىناپ باق!

ئاللاھ تائالا ھەر كۈنى، ھەر ۋاقىت سورايدۇ: سىلەرنى بۇ دۇنياغا يوللاشتىن ئاۋۋال پۈتۈشكەن ئەھدىمىز ئېسىڭلاردىمۇ؟ يوشۇرۇن خەزىنە ئىدىم، بىلىنمەكنى خالىدىم. بۇ ئەھدىدىن زىممەڭلەردىكى ۋەزىپىنىڭ ئۇلۇغلۇقىنى، گۈزەللىكىنى كۆرمىدىڭلارمۇ؟

كۆپ ۋاقىتلاردا بۇنىڭغا جاۋاب بېرىشكە تەييارلىقىمىز يوق. بۇ سوئاللار بىزنى قورقۇتىدۇ، بىئارام قىلىدۇ. ئەمما ئاللاھ تائالا ناھايىتى سەۋرچاندۇر، سورايدۇ، جاۋاب كۈتىدۇ، يەنە سورايدۇ، يەنە جاۋاب كۈتىدۇ.

ئەگەر بۇ يۈرەك يارىسى ماڭا كەلگەن سىناقنىڭ بىر قىسمى بولسا تىلىكىم شۇ: بۇ زۇلمەتلىك لەخمىنىڭ ئۇچىغا بارغاندا دەردىم تۈگىسۇن، شەمس بىلەن كۆرۈشەي. ئۇنىڭ بىلەن بىر دىدارلىشىش ئۈچۈن كىتابلىرىم، ۋەزلىرىم، ئوغۇللىرىم، خوتۇنۇم، جىمى نەرسەم ياكى شان ـ شۆھرىتىم... ھەممە نەرسىدىن ۋاز كېچىشكە تەييارمەن...

ئۆتكەندە كەررا مېنىڭ بارغانچە شائىر بولۇپ كېتىۋاتقانلىقىمنى ئېيتتى. قىززىق ئىش! بۇ ئۆمرۈمدە شائىرلارنى تۆۋەن كۆرۈپ كەلگەندىم، بىراق ئەمدى گەپ قىلالمىدىم. باشقا ۋاقىتتا بولغان بولسا ئۇنىڭ گېپىگە رەددىيە بېرەتتىم، ئەمما ھازىر مۇمكىن ئەمەس.

تىلىمدىن داۋاملىق تامچە ـ تامچە مىسرالار سىرغىيدۇ، ئىختىيارىم ئىلكىمدە ئەمەس. ئاڭلىغۇچىلار ئەلۋەتتە مېنى شائىر بوپتۇ دەپ ئويلايدۇ. سۆزلەر پادىشاھلىقىنىڭ سۇلتانى! ئەمما، ئەسلىدە بۇ شېئىرلار ماڭا ئائىت ئەمەس، مەن پەقەت قەلەمكەشنىڭ بۇيرۇقىنى ئورۇنلايدىغان دۇۋەت ـ قەلەمگە، نەيچىنىڭ ھەسرىتىنى ئىپادىلەيدىغان نەيگە ئوخشاش بىر ۋاستە، ئۆز زىممەمدىكى ۋەزىپىنى ئورۇنلايمەن، مەن سۆزمەنلەرنىڭ پىرى ئەمەس، ئۆز ئىشىنى ياخشى كۆرىدىغان كاتىپ. ئىچىمدىكى پىچىرلاش نېمە بولسا شۇنى يازىمەن، ئەمما پىچىرلىغان مەن ئەمەس...

كەل! ئەي ھاياتىمنىڭ چىرىغى! ئازابىمنىڭ نىشانى!
تەبرىزنىڭ نۇرلۇق قۇياشى! نەدىسەن؟

شەمس

شام، 1247 ـ يىل 4 ـ ئاي

سۇلتان ۋەلەد مېنى تېپىۋالدى. شامغا بارغىلى ئون ئاي بولغان بولۇپ، سۇپسۇزۇك، كۆپكۆك ئاسمانىنىڭ تېگىدە فرانسىس ئىسىملىك پوپ بىلەن شاھمات ئويناۋاتاتتىم. ئۇ ئۆزىنى ناھايىتى تۇتۇۋالغان، تەسلىمىيەتتىن كېلىدىغان ھۇزۇرنى ياخشى بىلىدىغان، پۈتۈن جانلىقلارنى باراۋەر كۆرىدىغان ئادەم ئىدى. ماڭا كۆرە ئۇ ئۆزىنى مۇسۇلمان دېگەن بىلەن ئىسلامنىڭ نېمىلىكىنى بىلمەيدىغان، ئۇنى ئويلاپمۇ باقمايدىغان نۇرغۇن كىشىلەردىن بەكرەك مۇسۇلمان ئىدى.

ئوتتۇز تۆتىنچى نىزام: ھەق تائالاغا تەسلىم بولۇش ئاجىزلىق، پاسسىپلىق ئەمەس. بەلكى دەل ئەكسىچە، بۇنداق تەسلىمىيەت ئىنساندىن ئەڭ زور دەرىجىدە كۈچلۈك بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. تەسلىم بولغان ئىنسان قايىنام ـ تاشقىنلىق سۇدا تېپىچەكلەپ يۈرۈشنى تاشلاپ، خاتىرجەم يەردە ياشايدۇ.

شاھمات تاختىسىدا بىر قانچە ئۇرۇق قالغانىدى. فرانسىسنىڭ شاھىنى قىستاش ئۈچۈن ۋەزىرىمنى ئالدىغا چىقاردىم. ئۇ كەسكىن تەدبىر قوللىنىپ توپنى ئالدىغا سۈردى. مەن بۇ ئويۇندا ئۇتتۇرىدىغاندەكلا قىلاتتىم. شۇ ئەسنادا بېشىمنى كۆتۈرۈپ قارىسام، سۇلتان ۋەلەد قاراپ تۇرۇپتۇ.

— سېنى بۇ دۇنيانىڭ كۆزىدە كۆرمەك نەقەدەر گۈزەل! ـ دېدىم، ـ دېمەك، ئاخىردا مېنى ئىزدەپ تېپىش نىيىتىگە كەلدىڭ.

ئۇ خىجىل بولغاندەك كۈلۈمسىرەپ قويدى، ئىچىدىكى زىددىيەتنى بىلىپ قالغىنىمدىن ئەجەبلەندى. ئەمما نومۇسچان، ئىشەنچلىك يىگىت بولغاچقا، بۇنى ئېتىراپ قىلدى.

— شۇنداق، سېنى ئىزدىمەي، ئۇياق ـ بۇياقلاردا ئايلىنىپ يۈردۈم، دادامنى ئالدايمەن دېگەن، ئەمما پۇشايمان قىلدىم. دادامغا يالغان ئېيتالمايتتىم. شۇنىڭ بىلەن شامغا كەلدىم، سېنى ئىزدىمىگەن يېرىم قالمىدى، تاپالمىدىم. نېمىشقا مەندىن قېچىپ يۈردۈڭ؟

— سەن دۇرۇس، كۆڭلى نازۇك، ئەخلاقى گۈزەل ئىنسان، ناھايىتى ياخشى ئەۋلاد، ـ دېدىم، ـ كەلگۈسىدە داداڭغا ياخشى ھەمراھ بولىسەن.

سۇلتان ۋەلەد بېشىنى چايقىدى:

— ئۇ مۇھتاج بولغان بىردىنبىر ھەمراھ سەن، شەمس. مېنىڭ بىلەن كونياغا بار، دادام سېنى كېچە-كۈندۈز ياد ئېتىپ ئولتۇرىدۇ.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ، كاللامدىن نۇرغۇن خىيال كەچتى. نەچچە ۋاقىتتىن بېرى ئىچىمدە ئۇخلاپ ياتقان نەپسىم تۇيۇقسىز كۈچىيىپ، كۆڭلۈك تارتمىغان يەرگە بارما دەپ ئاگاھلاندۇردى.

سۇلتان ۋەلەدنىڭ گېپىنى ھەرگىز ئاڭلىما، سەن ۋەزىپەڭنى تاماملاپ بولدۇڭ، كونياغا قايتىشىڭنىڭ ھاجىتى يوق، بابا زامانىنىڭ دېگەنلىرىنى ئۇنتۇپ قالما، بۇندىن كېيىنكى يولۇڭ خەتەرلىك، بىر كەتسەڭ ئىككىنچى كېلەلمەيسەن...

نەپسىمىز ياشاشنى خالايدۇ، تېخىمۇ كۆپ نەرسىنى تەلەپ قىلىدۇ. مېنىڭ نەپسىم داۋاملىق جاھان كېزىشنى، كىشىلەر بىلەن تونۇشۇشنى، يېڭى شەھەرلەرنى ئايلىنىشنى ئىستەيدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، شامنى ياخشى كۆرۈپ قالغانىدىم، كېلەر قىشقىچە بۇ يەردە ئەركىن-ئازادە تۇرالايتتىم. بىر جايغا ئەمدىلا كۆنۈپ قالغاندا يەنە باشقا يەرگە سەپەر قىلىش ئادەمنىڭ قەلبىدە غېرىبلىق ۋەھىمىسى پەيدا قىلاتتى.

ئەمما قەلبىمنىڭ كونيادا قالغانلىقىنى ناھايىتى ياخشى بىلەتتىم، رۇمىنى شۇنچە كۆرگۈم كەلگەنىدىكى، ئىسمىنى يادلىسامۇ يۈرىكىم پۇچۇلىناتتى. ئۇ يېنىمدا بولمىسا قايسى شەھەردە ياشىسام ئوخشاش ئەمەسمۇ؟ ئۇ نەدە بولسا، قىبلەم شۇ ياقتا ئىدى.

شاھمات تاختىسىغا قاپتىپ، شاھمەتتىمنى ئويىنىدىم. فرانسىسنىڭ كۆزلىرى چەكچىيىپ كەتتى، چۈنكى ئۇ مېنىڭ بىلىپ تۇرۇپ ئۆزەمنى مەغلۇبىيەتكە دۇچار قىلغىنىمنى بىلگەنىدى.

ھايات خۇددى شاھماتقا ئوخشايدۇ، بەزى ئىشلارنى ئۇتماق ئۈچۈن قىلىسەن، بەزىلىرىنى بولسا، ئويۇنىڭ ئېھتىياجىغا قاراپ، توغرىسى مۇشۇ بولغىنى ئۈچۈن قىلىسەن ھەم يېڭىلىسەن...

— مېنىڭ بىلەن كەتكىن،-دېدى سۇلتان ۋەلەد،-غەيۋەت قىلغۇچىلار، ساڭا يامان مۇئامىلە قىلغۇچىلارمۇ شۇنچىلىك پۇشايمان قىلدى. ۋەدە بېرىمەنكى، بۇ قېتىم ھەممە ئىش ياخشى بولۇپ كېتىدۇ.

ھەي يىگىت، سەن بۇنداق گۈزەل ۋەدىلەرنى بېرەلمەيسەن،-دېگۈم كەلدى ئىچىمدىن،- ھېچكىم بۇنداق كاپالەت بېرەلمەيدۇ.

ئەمما تىلىمنى يىغىپ، بېشىمنى ئاستا چايقىدىم:

— شامدا كۈنىنىڭ ئولتۇرۇشىنى بىر قېتىم كۆرۈۋالاي، ئەتە ئەتىگەندە سەن بىلەن بىللە ماڭاي.

سۇلتان ۋەلەد خۇش بولۇپ تەبەسسۇم قىلدى:
__ مانا كارامەت! سالامەت بول، ئامان بول! دادامنىڭ بۇنىڭدىن نەقەدەر خۇشال بولىدىغانلىقىنى بىلمەيسەن.
فرانسىسنىڭ يېنىغا كەلدىم، ئۇ مېنىڭ بۇ قول شاھماتنى تۆگىتىشىمنى سەۋرچانلىق بىلەن ساقلاپ تۇراتتى. دىققىتىمنى ئۇنىڭغا قارىتىشىم بىلەن تەڭ ئۇ بېشىنى كۆتۈردى.
__دىققەت قىل، دوستۇم،_ دېدى ئۇ تەنتەنە قىلىپ،_ شاھ مات!

كىميا

كونيا، 1247 ـ يىل، 4 ـ ئاي

شەمس ئۆزگىرىپ پۈتۈنلەي باشقىچە ئادەم بولۇپ كېتىپتۇ. چاچلىرى كۆزىگە چۈشكۈدەك ئۇزىراپ، تېنى گويا شامدەك پارقىراپ، تېخىمۇ ياش، تېخىمۇ كېلىشكەن بولۇپ كېتىپتۇ. ئەمما ئۇنىڭدا يەنە بىر يېڭىلىق بار، نېمە ئىكەنلىكىنى تولۇق دەپ بېرەلمەيمەن. قارا كۆزلىرى ھەر ۋاقىت تەمكىنلىك بىلەن چاقناپ تۇرىدۇ، ئەمما كۆزلىرىنىڭ تېگىدە باشقا بىر ئۇچقۇن بار. كۆزلىرى بەئەينى كۆپنى كۆرگەن، دان بىلەن سامانني ئايرىغان، كۈرەشلەردە تاۋلىنىپ، نەپسىدىن پاكلانغان بىر ئادەمنىڭ كۆزلىرىگە ئوخشايدۇ...
شەمس ئۆزگىرىپتۇ، ئەمما مەۋلانا ئۇنىڭدىن بەكرەك ئۆزگەردى. شەمس كەلگەن ھامان دەرت ـ ئەلەملىرىدىن قۇتۇلۇپ، چىرايى گۈلدەك ئېچىلىدۇ دەپ ئويلىغانىدىم، ئەمما ئۇنداق بولمىدى. شەمس كەلگەن كۈنى رۇمى ئۇنى شەھەرنىڭ دەرۋازىسىدا، قولىدىكى سېرىق سەبدە بىلەن كۈتۈۋالدى. ئارقىدىنلا يېڭى قايغۇ ـ ئەندىشە گىرداۋىغا دومىلاپ چۈشتى. ھازىر بۇرۇنقىدىن بەكرەك بىئارام، ھەتتا تېخىمۇ بىچارە ھەم يالغۇز. سەۋەبى شۇ بولسا كېرەك، شەمستىن بىر قېتىم ئايرىلدى، ئەمدى يەنە ئايرىلىشتىن قورقىدۇ. ئايرىلىشنىڭ كۆلپىتىنى بىر قېتىم تارتتى، ئەمدى يەنە تارتىپ قېلىشتىن ئەنسىرەيدۇ. مەندىن باشقىسى بۇنى ھېس قىلالمايدۇ، ئەمما مەن بۇنى يۈرىكىمدىن ھېس قىلىپ تۇرۇۋاتىمەن. چۈنكى، مەنمۇ مەۋلاناغا ئوخشاش، ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ قېلىشتىن قورقىمەن.
مېنىڭ بىردىنبىر سىردىشىم رۇمىنىڭ رەھمەتلىك ئايالى جەۋھەر خاتۇن، مېنى پات ـ پات كۆرگىلى كېلىدۇ، ئۇنى خىيالەت دېيەلمەيمەن، ئۇ مەن بىلىدىغان باشقا خىيالەتلەردىن شۇ قەدەر پەرقلىنىپ تۇرىدۇكى، بۇ

ئالەمدە چۈشۈمدىكىدەك ھەرىكەت قىلىپ تۇرىدۇ، نېمە قىلىشىنى بىلمىدىغان ئاياللاردەك كەسكىن بولۇپ، ئەتراپىمدا ئاستا ئېقىۋاتقان ئېقىندەك ئايلىنىپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن ھەممىنى دېيىشىمىز، ئەمما بۇ قېتىم بىرلا سۆھبەت تېمىمىز بار: شەمس!

جەۋھەر خاتۇنغا دېدىم:

— ھەزرىتى مەۋلانا بۈگۈن غەمكىن كۆرۈنىدۇ، ئۇنىڭغا ياردەم قىلالىغان بولسام ئىدى كاشكى.

— ياردەم قىلالايسەن، — دېدى سىرلىق تۇستە، — مەۋلانانىڭ كاللىسىغا كىرىۋالغان بىر ئىش بار، ئەمما ئۇنى تېخى ھېچكىمگە ئېيتمىدى.

— نېمە ئىش ئۇ؟ — دەپ سورىدىم.

— رۇمىنىڭ خىيالىچە، ئەگەر شەمس ئۆيلىنىپ ئۆيلۈك-ئوچاقلىق بولسا، كونيا خەلقى ئۇنى ئاسانراق قوبۇل قىلىپ، ئارىغا ئالىدۇ. غەيۋەت-شىكايەت، تۆھمەتلەر ئازىيىدۇ. ئۇنىڭ بېشى باغلانسا ئايىغىمۇ باغلىنىدۇ-دە، بۇ يەردىن يەنە كېتىشكە ھېچقانداق باھانىسى قالمايدۇ.

يۈرىكىم توختاپ قالغاندەك بولدى، شەمس ئۆيلەنسە-ھە! ئەمما كىم بىلەن؟

جەۋھەر خاتۇن ماڭا قىيا بېقىپ، سىنچى كۆزلىرى بىلەن قاراپ كەتتى:

— داداڭ مەۋلانا شۇنى بىلمەكچى قىزىم، سەن شەمس بىلەن توي قىلىشنى خالامسەن؟

گەرچە بۇ خىيال كاللامدا بولسىمۇ، شۇ ئاندا ھودۇقۇپ كەتتىم. ئون ئالتە ياشقا كىرگەن قىزمەن، توي قىلسام بولىدۇ، ئەمما توي قىلغان قىزلارنىڭ بۇرۇنقىدىن ئۆزگىرىپ كەتكەنلىكىنى بىلىمەن، كۆزلىرى، قىلىق-قىياپەتلىرى، گەپ قىلىشلىرى باشقىچە. باشقىلارمۇ ئۇلارغا ئايرىم مۇئامىلە قىلىدۇ. ماڭقا باللارمۇ جۇۋان بىلەن قىزنى ئايرىيالايدۇ.

جەۋھەر خاتۇن قاقباشلىق بىلەن كۈلۈمسىرەپ، قولۇمنى تۇتتى، ئۇ شۇنى ھېس قىلغان بولۇپ، مېنى غەمگە سالغان نەرسە شەمسگە تېگىش ئەمەس، ئۆي-ئوچاقلىق تۇرمۇش ئىدى.

* * *

ئەتىسى چۈشتىن كېيىن رۇمىنى كۆرگىلى باردىم. ئۇ «تەھافۇتۇل تەھافۇت» ناملىق بىر كىتابقا بېرىلىپ كەتكەنىدى.

— كىمىيايىم، گۈزەل قىزىم، ـ دېدى مېھرى بىلەن، ـ ساڭا نېمە قىلىپ بېرەي؟

— نەچچە يىل ئاۋۋال ئۆز دادام مېنى «ئەتى سىلىنىڭ، ئۈستىخىنى بىزنىڭ» دەپ ئۆزلىرىگە تاپشۇرغاندا، سىلى «قىزلار ئوغۇللاردەك ياخشى تالىپ بولالمايدۇ، چۈنكى توي قىلىپ بالىلىرىنى بېقىشى كېرەك» دېگەن ئىدىلە، شۇ گەپ ئەسلىرىدە بارمىكىن؟

— ئەلۋەتتە ئېسىمدە، ـ دېدى مەۋلانا، كۆزلىرى قىزىقىش ئىچىدە چاقنىدى.

— شۇ ۋاقىتتا مەن ھەرگىز توي قىلمايمەن دەپ ئۆزەمگە ۋەدە بەرگەنىدىم. شۇنداق قىلسام ئۇزاققىچە تالىبەلىرى بولۇپ قالالايتتىم، ـ دېدىم، ـ ئەمما ھازىر ھەم توي قىلىشىم، ھەم بۇ ئۆيدە قالالىشىم مۇمكىن، يەنى دېمەكچى بولغىنىم، بۇ ئۆيدىكى بىر كىشى بىلەن توي قىلسام...

— ئۇنداقتا، ئالائىدىن بىلەن توي قىلاي دەمسەن؟ ـ دەپ سورىدى رۇمى.

ئالائىدىنما؟ كاللام توختاپ قالدى. نېمىشقا مېنى ئالائىدىن بىلەن توي قىلىدۇ دەپ ئويلاپ قالدى؟ ئۇ مېنىڭ ئاكام تۇرسا.

رۇمى ھەيرانلىقىمنى سەزدى بولغاي، چۈشەندۈردى:

— بىر كۈنى ئالائىدىن ئەتىگەندە يېنىمغا كىرىپ، كىميا بىلەن توي قىلسام، دېگەن.

ئاغزىمنى ئېچىپلا قالدىم، بىر قىزنىڭ بۇنداق مەسىلىلەردە ئالدىراقسانلىق قىلىشى ئەدەبسىزلىك بولسىمۇ، سورىماي تۇرالمىدىم:

— سىلى نېمە دېدىلە ھەزرىتىم؟

— ئاۋۋال كىميادىن گەپ ئېلىپ باقاي دېدىم.

— ھەزرىتىم... ـ دېدىم بوغۇلۇپ، ماڭلىيىمدىن مۇنچاق ـ مۇنچاق تەر ئاقتى، ـ بۇ يەرگە كېلىشتىكى مەقسىتىم، شەمس بىلەن توي قىلىش ئارزۇيۇمنى بىلدۈرۈش ئىدى.

رۇمى ئۆز قۇلىقىغا ئىشەنمەي قالغاندەك ماڭا چۆچۈپ قارىدى:

— راست دەۋاتامسەن قىزىم؟

— راست دەۋاتىمەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ توينىڭ كۆپ پايدىسى بولىدۇ، ـ دېدىم، ـ بۇنداق بولغاندا شەمس بۇ ئائىلىگە قېتىلىدۇ، باشقا يەرگە كەتمەيدۇ.

مەۋلانا چىرايىمغا زەن سېلىپ قارىدى:

— يەنى سەن ماڭا ياردەم قىلىش ئۈچۈن، شەمسىنىڭ بۇ يەردە قېلىشى ئۈچۈن توي قىلىسەن، شۇنداقمۇ؟

— ياق، ھە شۇنداق، لېكىن يالغۇز بۇنىڭدىن ئەمەس. . . — دېدىم، دېمىم كېسىلدى، — شەمسىنى مېنىڭ پېشانەمگە پۈتۈلگەن ئادەم دەپ ئويلايمەن، ئۇ مېنىڭ نېسىۋەمدۇر، ئۇنىڭ بىلەن توي قىلىمەن، بولمىسا ھېچكىم بىلەن توي قىلمايمەن.

شەمس تەبرىزگە بولغان ئاشىقلىقىمنى مۇشۇنچىلىك ئېتىراپ قىلالىدىم.

*　　　*　　　*

توي خەۋىرىنى باشتا كەررا ئاڭلاپ، يېنىمغا يۈگۈرۈپ كەلدى. سولغۇن تەبەسسۇم قىلىپ، ئاخىرەت سوئاللىرىنى سوراۋاتقاندەك كەينى-كەينىدىن سوئال ياغدۇرۇۋەتتى:

—راستىمۇ قىزىم، شەمس بىلەن راستىلا توي قىلماقچىمۇسەن؟ ياخشىراق ئويلا، توي قىلىش باشقا ئىشقا ئوخشىمايدۇ. يېشىڭ تېخى كىچىككۇ؟ يەنە كېلىپ، شەمس سەندىن بەكلا چوڭ. يېشىڭغا ماس كېلىدىغان بىرەرسى بىلەن توي قىلساڭ ياخشىراق بولماسمىدى؟

— شەمسنىڭ ئېيتىشىچە، مۇھەببەت جىمى پەرقلەرنى يوق قىلىدۇ، — دېدىم، — ئارىمىزدىكى ياش پەرقى مۇھىم ئەمەس.

بۇ چاغدا كەررا مېنىڭ شەمسنى قانچىلىك ياخشى كۆرىدىغانلىقىمنى بىلىپ، ئېغىر ئۇھ تارتتى. ۋاقىتسىز ئاقارغان كىر چاچلىرىنى رومىلىنىڭ ئىچىگە تىقتى:

— قىزىم، شەمس جاھانكەزدى دەرۋىش، ئىسيانكار ئادەم. ئۇنداق ئادەم ئۆي-ئوچاقلىق تۇرمۇشقا ئاسان كۆنمەيدۇ، تالادىلا يۈرىدۇ. بۇنداقلارنى يىراقتىن ياخشى كۆرسە بولىدۇ. ئەمما ئۇلار ياخشى ئەر بولالمايدۇ. ئاقىۋەت، كۆڭلۈڭ ئازار يەيدۇ.

— بۇ ھەل بولمايدىغان مەسىلە ئەمەس، ۋاقىت ئۆتكەنچە ئۇمۇ ئۆزگىرىدۇ، — دېدىم ئۆزەمگە ئىشەنگەن ھالدا، — ئۇنى شۇنچىلىك سۆيىمەن، شۇنچىلىك بەختلىك قىلىمەنكى، ئۇمۇ تەسىرلىنىپ ياخشى ئەر، ياخشى دادا بولۇشنى ئۆگىنىدۇ.

كەررا باشقا گەپ قىلمىدى، سۆھبىتىمىز باشلانماي تۇرۇپلا ئاياغلاشتى.

بۇ كېچە كارىۋاتتا خۇشال ياتتىم، يۈرىكىم دۈپۈلدەپ سوقاتتى. بۇ چاغدا، ئايال خەق ئۆتكۈزىدىغان ئەڭ چوڭ خاتالىقتىن بىرنى سادىر

قىلغانلىقىمنى نەدىن بىلەي؟ ئاشىق بولغان ئادەمنى سۆيگۈ بىلەن ئۆزگەرتكىلى بولىدۇ دەپ ئويلاش ئاياللارغا خاس تۇگمەس غەپلەت ئەمەسمۇ؟

كەررا

كونيا، 1247 ـ يىل، 5 ـ ئاي

كىمىيانىڭ سۆزىگە قايىل بولۇپ ئەمەس، شەمسكە ئاشىق بولغىنىمنى بىلىپ باشقا گەپ قىلمىدىم، بۇ ئىشقا ئارىلىشىشتىن ۋاز كەچتىم. تۇرمۇشتا شۇنداق ئاجايىپ خاتالىقلار يۈز بېرىدۇكى، كۆز ئالدىڭدا بولۇۋاتسىمۇ ئۇنىڭغا ئارىلىشالمايسەن، توسۇپ قالالمايسەن.

بۇ يىل رامىزان بۇرۇن كەلدى، ئۆيدە ئىشىمىز چاچتىن تولا ئىدى، توختىماي تويلۇق تەييارلىدۇق، ھېيت تېزلا ئۆتۈپ كەتتى، تۆت كۈندىن كېيىن كىميا بىلەن شەمسنىڭ تويىنى قىلدۇق.

توي كېچىسى تەييارلىقلار ئۈچۈن پالاقلاپ يۈرگەندە كۈتۈلمىگەن بىر ئىشقا دۇچ كەلدىم. ئاشخانىدا يالغۇز ئىدىم، ئالدىمدا تاختا سۇپرا، قولۇمدا نوغۇچ، مېھمانلارغا چۆپ يېيىۋاتاتتىم. ئۆزەممۇ بىلمەيمەن، بىر چاغدا بىر زۇۋۇلا خېمىر ئېلىپ كىچىك، يۇمشاق مەريەم ئانا ياساشقا باشلىدىم، كېيىش ماھارىتىم بىلەن خېمىرنى شەكىلگە كەلتۈردۈم: ھەيكەلنىڭ چىرايىنى مۇلايىم، مېھرىبان تۇسكە كىرگۈزدۈم. ئۆز ئىشىمغا شۇنچىلىك بېرىلىپ كەتكەنىدىمكى، كەينىمدە تۇرغان ئادەمنى تۇيماي قاپتىمەن.

ــــ نېمە قىلىۋاتىسەن، كەررا؟

يۈرىكىم ئاغزىمغا تىقىلىپ قالدى، ئارقامغا قارىسام شەمس ئىشىكتە قاراپ تۇرۇپتۇ. ھەيكەلنى يوشۇرىمەن دەپمۇ يوشۇرالمىدىم، شەمس خېمىر تاختىسىغا يېقىن كېلىپ، خېمىر قوچاققا قارىدى.

ــــ ھەزرىتى مەريەممۇ بۇ؟ـ دەپ سورىدى، جاۋاب بەرمەي تۇرسام، كۈلۈمسىرىدى،ـ چىرايلىق بوپتۇ، مەريەمنى ياد ئېتەمسەن؟

ــــ ھېچكىمنى ياد ئەتمەيمەن،ـ دېدىم قەستەن،ـ دىنىمنى تاللاپ بولغىلى ئۇزاق بولدى، ھازىر مەن مۇسۇلمان ئايال.

شەمس گېپىمنى ئاڭلىمىغاندەك، ئۆز سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

ــــ ئىسلامدا نېمىشقا مەريەمدەك بىر ئايال ئوبراز يوق دەپ ئويلايدىغانسەن ھەقچان، ھەزرىتى ئائىشە بار، ھەزرىتى فاتىمە بار. ئەمما ئۇلار سېنىڭ نەزەرىڭدە ھەزرىتى مەريەمگە ئوخشىمايدۇ.

بىئارام بولۇپ، نېمە دېيىشىمنى بىلەلمىدىم.

__ خالىساڭ ساڭا بىر ھېكايە ئېيتىپ بېرەي، ـ دېدى شەمس ۋە ھېكايىسىنى باشلىدى:

بۇرۇنقى زاماندا، پارس، ئەرەب، تۈرك، رۇملۇق تۆت كىشى ئۆزئارا شېرىك ئىكەن. ئۇلار تاپقان پۇللىرىغا نېمە ئالساق بولار دېيىشىپ تۇرغاندا، پارس: «ئەنگۇر ئالايلى» دەپتۇ. ئەرەب: «نېمە ئۇ؟ مەن ئۈنى يېمەيمەن، ئىنەب ئالايلى» دەپتۇ. تۈرك: «ياق، ئۈزۈم ئالايلى، ئۈزۈم» دەپ تۇرۇۋاپتۇ. بۇ ئەسنادا رۇملۇق: «بولدى قىلىڭلار، ئىنگابىل ئالىمىز» دەپ چىڭ تۇرۇپتۇ، تالاش ـ تارتىش قىلىپ بىر دەمدىلا سوقۇشۇپ كېتىپتۇ. ئاخىردا ئۇلار ھەممەيلەننىڭ ئوخشاش بىر نەرسىنى تەلەپ قىلغانلىقىنى ئۇقۇپتۇ. ئەمما بۇ قېتىم يەنە بىر ئىختىلاپ پەيدا بوپتۇ، ھەر بىرىنىڭ ياخشى كۆرىدىغان ئۈزۈمى ئايرىم بولۇپ، بىرى قارا ئۈزۈم دېسە، بىرى كۆك ئۈزۈم، بىرى سېرىق ئۈزۈم دېسە، يەنە بىرى قىزىل ئۈزۈم دەپ تۇرۇۋاپتۇ. ھېچقايسىسى ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان ئۈزۈمدىن كېچەلمەپتۇ.

خەيرىيەت، كىشىنىڭ كۆڭلىنى چۈشىنىدىغان بىر سوپى بۇ يەردىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقانىكەن، ئۇلارنىڭ تالاش ـ تارتىش قىلىۋاتقىنىنى ئاڭلاپ، تۆت باققالدىن تۆت ساپاق ئۈزۈم ئېلىپ، ئۇلارنىڭ يېنىغا بېرىپ، ئۈزۈملەرنى بىر قاچىغا قويۇپ ئېزىپ سۈيىنى چىقىرىپ، پوستىنى تاشلىۋېتىپتۇ. شۇ چاغدىلا ئۇلار مۇھىم بولغان نەرسىنىڭ ئۈزۈمنىڭ پوستى ئەمەس، بەلكى شىرنىسى ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپتۇ.

شەمس ھېكايىنى دەپ بولۇپ، ئالدىرىماي سۆزلەشكە باشلىدى:

__ خىرىستىئان، يەھۇدى، مۇسۇلمان... بۇ ئۈچ دىننىڭ ئېتىقادچىلىرى خۇددى ئاشۇ كىشىلەرگە ئوخشايدۇ. زاھىرەن ئىختىلاپ بار، ئەمما باتىندا يوللىرى بىردۇر. سوپىلار بىر نەرسىنىڭ تاشقى پوستىغا ئەمەس، ئىچىدىكى جەۋھىرىگە قارايدۇ.

ئۇنىڭ سۆزىنى دىققەت بىلەن ئاڭلىدىم.

__ دېمەكچىمەنكى، مەريەم ئانىنى ياد ئېتىشىڭنىڭ ھاجىتى يوق، چۈنكى ئۇنى تەرك ئېتىشىڭنىمۇ ھاجىتى يوق. ئەگەر ئايالالاردىن بىر پەيغەمبەر كەلسە ئىدى، ئۇ شەك ـ شۈبھىسىز مەريەم ئانا بولاتتى. سىنى ئاللاھقا باغلىغان ۋەسىلە مەريەم ئانا بولسا، ئۇنىڭغا ئۆزەڭ بىلگەن يولدا يۈزلەن، مۇسۇلمان ئاياللارمۇ مەريەم ئانىنى خەيرلىك دۇئالار بىلەن زىكرى قىلسا بولىدۇ.

__ ئەمما بۇ ياخشى ئەمەس... ـ دېدىم دۇدۇقلاپ.

— نېمىشقا بولمىغۇدەك؟ بارلىق دىنلار بىر دېڭىزغا ئاقىدىغان دەريالاردۇر، مەريەم ئانا سەن ئۈچۈن رەھىم-شەپقەت، پاكلىقنى قوغداش، ئائىلىق، پىداكارلىقنىڭ ئۈلگىسى بولسا، مۇسۇلمان ئايال بولۇش سۈپىتىڭ بىلەن ئۇنى ياخشى كۆرەلەيسەن. ھەتتا خالىساڭ قىزىڭغا مەريەم دەپ ئىسىم قويالايسەن.

— مېنىڭ قىزىم يوق تۇرسا،-دېدىم.

— ئەمما، قىزىڭ بولىدۇ،-دېدى شەمس.

— قانداق بىلىسەن؟-دېدىم ھەيران قېلىپ.

— ئىشقىلىپ، بىلىمەن،- دېدى ئۇ.

ئىختىيارسىز كۈلۈمسىرىدىم. ئۇ بۇ ئۆيگە كەلگەندىن بېرى تۇنجى قېتىم ئۇنىڭ بىلەن كۆڭۈللۈك سىرداشتىم. ئىككىمىز يانمۇ يان تۇرۇپ، خېمىردىن ياسالغان مەريەم ئانىغا ئوخشاش نەزەر سالدۇق. ئۇمۇ خېمىر تاختىسىدىن بىزگە ھەر ۋاقىتتىكىدەك يېقىملىق كۈلۈمسىرىدى. بۇ چاغدا شەمسنىڭ نەقەدەر كەڭ قورساق، ئاق كۆڭۈل ئىنسان ئىكەنلىكىنى، ئېرىمنىڭ ئۇنىڭ بىلەن بولغان دوستلۇقىنى نېمىشقا شۇنچە ئۇلۇغلايدىغانلىقىنى تۇنجى قېتىم چۈشەندىم.

ئۇ بۇ ئۆيدە قالسۇن، ھېچنەگە كەتمىسۇن.

شۇنداقتىمۇ، شەمسنىڭ كىميا بىلەن ياخشى ئۆي تۇتۇپ كېتىشىگە ئانچە ئىشەنمەيمەن.

ئېللا

بوستون، 2008-يىل، 6-ئاينىڭ 25-كۈنى

ئۇنىڭ كاللىسى توختاپ قالغاندەك ئىدى، مېھمانخانىغا بارغاندا سىرتتا بىر دەم تۇردى. ئاخىردا ئۆزىنى بېسىۋېلىپ مېھمانخانا زالىغا كىرگەندە ئۇ يەر پاتپاراقچىلىق بولۇپ، بىر توپ ياپونلۇق ساياھەتچىلەر-چىراي تۇرقى بىر-بىرىگە ئوخشايدىغان قېرىلار بار ئىدى. ئۇ ھېچكىمنىڭ كۆزىگە چېلىقماسلىق، بىرەر تونۇشىغا ئۇچراپ قالماسلىق ئۈچۈن تامدىكى رەسىملەرگە، جازىلارغا تىزىپ قويۇلغان نەرسىلەرگە قاراپ تۇرۇۋالدى. ئەمما سەل ئۆتۈپ ھاياجىنىنى باسالماي ئەتراپىغا بىر كۆز يۈگۈرتىۋىدى، ئادەملەر ئارىسىدىن ئەزىز زاھارانى دەرھال تونۇۋالدى، ئۇ بىر بۇلۇڭدا كۈلۈمسىرەپ ئۇنىڭغا قاراپ تۇراتتى.

ئۇ ئاچ يېشىل كۆينەك، قېنىق كەندىر رەختتىن ئىشتان كىيگەن، دولقۇنلىنىپ تۇرغان قوڭۇر چاچلىرى يېشىل كۆزىنىڭ ئۇستىگە چۇشۇۋالغان بولۇپ، ئۇنى شوخ ۋە ئۆزىگە ئىشىنىدىغان ھالەتتە كۆرسىتىپ تۇراتتى. بەدىنى ئورۇق، ئىگىز بولغان بىلەن مۇسكۇلى خېلى تەرەققىي قىلغانىدى، ئېللانى ھودۇقتۇرۇپ قويالىغۇدەك كېلىشكەن بولۇپ، تەمكىن، خاتىرجەم، مەغرۇر كۆرۈنەتتى، بۇگۇن ئەتىگەن ساقىلىنى ئالمىغان بولۇپ، بۇمۇ ئۇنى ئىسيانكار، جەلىبكار كۆرسىتىپ تۇراتتى. دائىم قىممەت، بۇيرۇتما كىيىملەرنى كىيىدىغان داۋىد رۇبىنستېيندىن پۈتۈنلەي پەرقلىنىپ تۇراتتى.

ئۇ يېقىملىق كۇلۇمسىرەپ، «كەلگىنىڭدىن بەك خۇشال بولدۇم» دېدى. سۆزىدىكى شوتلاندىيە تەلەپپۇزى روشەن ۋە جەزبىلىك ئىدى. ئېللا بۇنداق ئادەم بىلەن بىرەر پىيالە قەھۋە ئىچكەنگە ھېچ نېمە بولماس دەپ ئويلىدى، پەقەت بىر پىيالە قەھۋە...

ئەمما بىر يېرىم سائەتتىن كېيىن بىر پىيالە قەھۋە بىر نەچچە بولۇپ كەتتى. سۆھبەت شۇنداق قىزغىن، ياخشى بولدىكى، ئېللا سائەتكە قاراشنىمۇ ئۇنتۇپ قالدى. كېچە ئون يېرىمدا، ئۈچ بالىنىڭ ئانىسى بولغان ئېللا رۇبىنستېين بىر ئاي خەت يېزىشقان، بىر نەچچە قېتىم تېلېفوندا كۆرۈشكەن، يازغان تارىخىي رومانىدىن باشقا ئۇنىڭ ئۆزى ھەققىدە كۆپ نەرسە بىلمەيدىغان بىر ئادەم بىلەن مېھمانخانىنىڭ زالىدا ئايرىم ئولتۇراتتى.

__ دېمەك، سىمىسسونىئان ژۇرنىلى ئۈچۈن كەلدىڭ؟ـ دەپ سورىدى ئېللا.

__ ئەسلىدە سېنى كۆرۈش ئۈچۈن كەلدىم، ـ دېدى ئەزىز، ـ خېتىڭنى ئوقۇغاندىن كېيىن سېنىڭ بىلەن يۈزتۇرانە پاراڭلاشقۇم كەلدى.

ئېللا بىر بوسۇغىغا كېلىپ قالغانىدى، مۇشۇ ۋاقىتچە ھەممە ئىشنى يىراقتىن مۇھەببەتلىشىش دەپ ئويلاپ، شۇ بويىچە ھەرىكەت قىلالىغان بىلەن، ھازىر بىر چەك ـ چېگرىدىن ئاتلاش ئالدىدا تۇراتتى.

__ ئېللا، ياتىقىمغا بىللە كىرەلەمسەن؟ ـ دەپ سورىدى ئەزىز.

ئېللا نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي تۇرۇپ قالدى. بۇ سوئال ئىككىسىنىڭ ئارىسىدىكى ئىشلارنى «سۇنئىي ئويۇن» دىن ھەقىقىي ئىشقا ئايلاندۇرۇۋېتىدىغان سوئال ئىدى. ئىشلار مۇرەككەپلەشتى، گويا بىر پەردە ئېچىلدى ـ دە، ئېللا ئەسلى ھەقىقەتكە، يەنى دەسلەپتىلا پەردىنىڭ ئاستىدا قالغان، ئېچىلىشىنى كۈتۈپ تۇرغان ئۇ ھەقىقەتكە يۈزلىنىشكە

مەجبۇر بولدى. ئىچى تىترەپ كەتتى، ئەمما ئەزىزنى رەت قىلالمىدى. بۇ ئۇنىڭ ئۆمرىدىكى ئەڭ تېز، ئەڭ ئەسەبىي، ئەڭ يەڭگىل قارارى ئىدى، بىراق ئاللىبۇرۇن بۇ قارارغا كېلىپ بولغاندەكمۇ قىلاتتى.

ئۇ ئۆزىنى، يۈرىكىنى بولار يېرىگە قويۇۋەتتى ــ دە، كىرەي دېدى.

*   *   *

608 ــ نومۇرلۇق ياتاق كۆك، كۈلرەڭ رەڭلەردە ناھايىتى چىرايلىق بېزەلگەن بولۇپ، كەڭ ۋە راھەت ئىدى. ئېللا ئەڭ ئاخىرقى قېتىم قايسى مېھمانخانىدا ياتقانلىقىنى ئەسلىمىدى. يىللار ئاۋۋال ئېرى ۋە بالىلىرى بىلەن مونتېرالغا بارغاندا مېھمانخانىدا تۇرغانىدى. ئۇنىڭدىن كېيىن دەم ئېلىش ۋاقىتلىرىنى روھېد ئارىلىدىكى يازلىق ئۆيىدە ئۆتكۈزگەندىن بېرى، كىرلىكلەر ھەر كۈنى ئالماشتۇرۇلىدىغان، ئۆيلەر ھەر كۈنى باشقىسى تەرىپىدىن تازىلىنىدىغان بىر يەردە تۇرۇپ باقمىغىنلى ئۇزۇن بوپتۇ. شۇڭا ئۆزىنى ھازىر باشقا دۆلەتكە بېرىپ قالغاندەك ھېس قىلدى.

ئەمما ئۇ ياتاقتا كىرە ــ كىرمەي ئەنسىرەشكە باشلىدى. ياتاق شۇنچە چىرايلىق، راھەت بولسىمۇ، ئۇ يەردە تۇرغان كارىۋاتتىن بىئارام بولدى. ئۇ بۇ يەرگە يېقىنچىلىق قىلغىلى كەلمىسە نېمە دەپ كەلدى؟ ئەزىز ئۇنىڭغا يېقىنلاشسا قانداق قىلىش كېرەك؟ ئەگەر ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولسا ئېرى ۋە بالىلىرىنىڭ يۈزىگە قانداق قارايدۇ؟ گەرچە داۋىد شۇنچە يىلدىن بېرى باشقا خوتۇنلار بىلەن ئىش ــ پەش تارتىشىپ يۈرۈپمۇ، خوتۇنىنىڭ يۈزىگە قاراۋەرگەن بىلەن، بۇ باشقا مەسىلە ئىدى.

شۇ ئەسنادا كاللىسىغا يەنە باشقا غەم كەلدى: ئەگەر ئەزىز ئۇنى ياقتۇرماي قالسىچۇ؟ ئېللا ئۆزىنى چىرايلىق دەپ ئويلىمايتتى، بەدىنىدىن ھېچقاچان رازى بولۇپ باقمىغانىدى. خىيالى يەنە بالىلىرىغا كېتىپ قالدى. بۇ چاغقا ئۇلار ئۇخلىغانمىدۇ ياكى تېلېۋىزور كۆرۈپ ئولتۇرغانمىدۇ؟ ئەگەر ئانىسىنىڭ ھازىر نەدىلىكىنى بىلسە، ئۇنى كەچۈرەلەمدىغاندۇ؟

ئەزىز ئېللانىڭ بىئاراملىقىنى سەزگەندەك، ئۇنىڭ قولىدىن تۇتۇپ بۇلۇڭدىكى ئورۇندۇققا، كارىۋاتتىن يىراق يەرگە ئولتۇرغۇزدى.

__ ئۇشت... ــ دېدى ئۇ پىچىرلاپ، ــ خىيالىڭ نېمانچە كۆپ، نېمانچە كۆپ غەلۋە ــ غوغا.

ئېللا بېشىنى ئەگدى:

__ سېنى بۇرۇنراق تونۇغان بولسام ئىدى كاشكى، ھەممە ئىشلار باشقىچە بولغان بولاتتى.

— ھەممە ئىشلار ۋاقتى كەلگەندە بولىدۇ، ــ دېدى ئەزىز.
— بۇنىڭغا راست ئىشىنەمسەن؟
ئەزىز ئۇنىڭغا كۈلۈپ قارىدى، كۆزىگە چۈشۈۋالغان چاچلىرىنى ئارقىغا ئاتتى. ئاندىن چامادانىنى ئېچىپ، گىجىمىلادىن ئالغان كىگىزنى چىقاردى. ئۇنىڭ يېنىدا بىر كىچىك بولاق بار ئىدى. ئېللا قاپچۇقنى ئېچىۋىدى، ئىچىدىن زۇمرەت زەنجىر چىقتى، زەنجىرنىڭ ئوتتۇرىسىدا ساما ئويناۋاتقان دەرۋىشنىڭ شەكلى چۈشۈرگەن كۈمۈش مېدال ئېسىقلىق ئىدى.
ئەزىز زەنجىرنى ئۇنىڭ بوينىغا تاقاۋاتقاندا ئۇنىڭ يۈرىكى سېلىپ كەتتى، بۇ ئادەمدە ئاجايىپ سېھرىي كۈچ بار ئىدى.
— مېنى ياخشى كۆرەلەمسەن؟ ــ دەپ سورىدى ئۇ.
— سېنى ئەسلىدىلا ياخشى كۆرىمەن، ــ دېدى ئەزىز كۈلۈمسىرەپ.
— لېكىن مېنى چۈشەنمەي تۇرۇپ...
— سېنى چۈشىنىمەن، ــ دېدى ئەزىز خاتىرجەم ھالدا.
— سەن مەن توغرۇلۇق كۆپ نەرسىلەرنى بىلمەيسەن...
— سېنى چۈشىنىش ئۈچۈن ئۇنچە كۆپ نەرسىلەرنى بىلىشىنىڭ ھاجىتى يوق، مانا ئۆزەڭنى كۆرۈۋاتىمەن، ــ دېدى ئەزىز.
ئېللا بۇ گەپنى بىر يەردە ئاڭلىغاندەك قىلدى، ئاغزىدىن چىققان گەپلەر كۆتۈلمىگەندە ئۆزىگە يېنىۋاتقاندەك قىلاتتى. قىزىق ئىش، ھايات گويا چەمبەرگە ئوخشايتتى، نېمىنى بەرسەڭ ئۇ شۇنى ساڭا قايتۇرۇپ بېرەتتى. ئېللا نېمە دېيىشنى بىلەلمىدى.
ئەزىز ئېللانىڭ چېچىنى قىسقۇچنى ئېلىپ، ئۇنى كارىۋاتقا ئاستا يىقىتىپ، ئوڭدىسىغا، تۈپتۈز ياتقۇزدى. ئېللا توساتتىن «ئىشق شەرىئىتى»نى ئويلىدى، ئەمما ئەزىز ئۇنىڭ گەپ قىلىشىغا پۇرسەت بەرمەي، ئۇنىڭ بەدىنىگە بارغانچە كېڭىيىۋاتقان ھالقىلار سىزىشقا باشلىدى. ئاستىدىن ئۈستىگە، پۇتى ۋە بىلەكلىرىدىن كۆكسىگە قارىتا يوغىناۋاتقان چەمبەرلەر سىزدى... بارماقلىرى قىزىق بولۇپ، تەگكەن يەرگە ئىسسىقلىق تارقىتاتتى. بارمىقى شامدەك يانىدىغان ئادەم...
بۇ ئەسنادا ئەزىزنىڭ كۆزلىرى يۇمۇقلۇق بولۇپ، كالپۇكلىرى مىدىرلايتتى. پەس ئاۋازدا بىر نەرسە دېگەنلىرى ئېللاغا باشتا سىرلىق تۇيۇلدى، ئەمما كېيىن ئۇنىڭ دۇئا قىلىۋاتقانلىقىنى ھەيرەت ئىچىدە ھېس قىلدى. ئۇنىڭ نېمە دەۋاتقانلىقىنى ئۇقالمىسىمۇ، ئۆزى ئۈچۈن دۇئا قىلىۋاتقانلىقىنى بىلدى. ئېللانىڭ ئالقىنى، جەينىكى، مۈرىسى، ئاندىن

پۈتۈن ۋۇجۇدى كۈچلۈك سېزىمدا غىدىقلىنىشقا باشلىدى. بەدىنى گويا ئىسسىق كۆلدە جىمجىت لەيلەۋاتقاندەك بولۇپ، پۈتۈن ئېغىرلىقىنى ۋە سېزىمىنى يوقاتتى. ئۆزىنىڭ نەدىن كېلىپ، نەگە كېتىۋاتقىنىنى بىلەلمىدى، نۇرلار ئىچىدە ئۈزۈپ كېتىۋاتقاندەك قىلاتتى، ئۆمرىدە بۇنداق روھانىي تۇيغۇلارغا كېلىپ باقمىغانىدى، قىزىق يېرى، بۇ تۇيغۇدا جىنسىي ھەۋەس بار ھەم يوق ئىدى.

ئەزىزنىڭ بارماقلىرى ئۇنىڭ قورسىقىدىن يۇقىرىغا يۆتكەلگەندە ئېللا ئۆزىنىڭ كۆكسىنىڭ تېخىمۇ چىڭ، تېخىمۇ تىك ئەمەسلىكىدىن ئاغرىندى. ئۈچ بالىنى تۇغۇپ، ئۇزۇن يىللار ئۆتكەندىن كېيىن كۆكسى ساڭگىلاپ قالغانىدى ياكى ئۆزىگە شۇنداق بىلىنەتتى. ئەمما بۇ ئەندىشىلىرى ناھايىتى تېزلا يوقالدى، كۆزىنى يۇمۇپ، ھېچنېمىنى ئويلىماستىن ئۆزىنى ئەزىزگە تاپشۇردى. ئۇ ئەمدى گويا شىددەتلىك دەريادا دولقۇنلاپ ئۈزۈپ كېتىۋاتاتتى، بۇ دەريا ئاخىر بېرىپ شارقىراتمىغا قۇيۇلاتتى، شۇنداقتىمۇ ئۇنىڭ توختاپ قالغۇسى يوق ئىدى. بۇ پەيتتە ئۇ ئەزىزگە ئاشىق بولالايدىغانلىقىنى، بەلكى ئەسەبىيلەرچە ئاشىق بولالايدىغانلىقىنى چۈشەندى...

بۇ تۇيغۇ بىلەن ئۇ ئەزىزنىڭ بويىنىنى قۇچاقلاپ ئۆزىگە تارتىپ، ئۇنىڭ بىلەن يېقىنچىلىق قىلماقچى بولدى. ئەمما ئەزىز ئوڭايسىزلىنىپ، ئەمدى بۇ يەردىن قايتالمايمىز دېگەندەك قىلىپ كۆزىنى قىسىپ قويدى، ئاندىن ئېللانىڭ بۇرنىنىڭ ئۇچىنى سۆيۈپ كەينىگە چېكىندى.

— مېنى ياخشى كۆرمەمسەن؟ - دەپ سورىدى ئېللا كۆڭلى يېرىم بولغان تەلەپپۇزدا.

— سېنى ئازابلاپ قويىدىغان ئىش قىلغۇم يوق. كاللاڭدا بەك جىق خىيال بار، بەش مىنۇتتا قىرىق تۈرلۈك خىيال پەيدا قىلىۋاتىسەن. مېنى دوستۇم ھەم سۆيگىنىم بولسا دەپ ئويلاۋاتىسەن. ھازىر باسقان بىر قەدىمىڭ ئەتە ئەتىگەن پۇشايمانلىق ئىچىدە ئويغىنىشىڭغا سەۋەب بولۇشى مۇمكىن. مېنىڭ بۇنداق قىلغۇم يوق.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئېللانىڭ كۆڭلى تېخىمۇ بۇزۇلۇپ، ئاياللىق غۇرۇرى سۇنغاندەك بولسىمۇ. يەنە بىر تەرەپتىن راھەتلىنىپ قالدى. ئارتۇق پاراڭنى توختاتتى. ئەزىزنىڭ ئىشقى ھەممىگە ئارىلىشىۋالىدىغان، زورلاپ ئالىدىغان، ھېساب سورايدىغان، ھەسەتخورلۇق قىلىدىغان سەۋدالىق ئەمەس ئىدى. بۇ مۇناسىۋەت تۆمۈر ئىشىكتەك تاقىلىپ قالماي، بەلكى

قولۇپلاقلىق ئىشىكلەرنى ئېچىۋاتاتتى. ئوچ، دەيتتى، ئۆزەك خالىغان يەرگە ئوچ...

ئەزىزنىڭ ئىشقى نەق ئۇنىڭ ئۆزىگە ئوخشايتتى: ئاسارەتتىن ئەمەس، بەلكى ئەركىنلىكتىن كۈچ ئالاتتى!

* * *

يېرىم كېچىدە ئېللا رۇبىنستېين بوستوندىكى ئۆيىنىڭ ئىشىكىنى ئېچىپ، خۇرۇم سافادا ياتتى، كارىۋاتتا ياتقۇسى كەلمىدى. ئېرىنىڭ بۇ كارىۋاتتا باشقا ئاياللار بىلەن يېتىپ ـ قوپقىنىدىن ئەمەس، ئۆز ئۆيى ئۆزىگە ناتونۇش كۆرۈنگەچكە ساپادىلا ئۇخلىماقچى بولدى.

ئۇ گويا بۇ ئۆيگە مېھمان ئىدى، ئەسلىدىكى «مەن» ئۇنى باشقا يەردە سەۋر بىلەن كۈتۈپ تۇراتتى.

شەمس

كونيا، 1247 ـ يىل، 4 ـ ئاي

بۇ كېچە مېنىڭ توي كېچەم، ھويلىدا ئولتۇرۇپ ئۆيدىن چىقىۋاتقان ئاۋازلارنى ئاڭلىدىم: قاقاخلاپ كۈلۈشلەر، مۇزىكىلار، غەيۋەت پاراڭلار... ھەرەمخانىدا ئايال سازەندىلەر ساز چېلىۋاتاتتى. ئاياللارنىڭ نېمىشقا توي كېچىسى دەرتلىك، مۇڭلۇق ناخشىلارنى ئېيتىدىغانلىقىنى بىلمەيمەن. بىز سوپىلار ئۆلۈمنى تويغا ئوخشىتىمىز. ئاياللار بولسا توينى ئۆلۈمگە ئوخشىتىدۇ. ئۇلار بىرسىنى ياخشى كۆرۈپ ھەم ئارزۇلاپ تۇرۇپ توي قىلسىمۇ، ئۆيلەرگە يەنىلا يىغلاپ كىرىدۇ خۇددى مېيىتقا ھازا ئېچىۋاتقاندەك...

مېھمانلار كەتكەندە ئۆيگە قايتىپ، بىر بۇلۇڭدا جىمجىت تەپەككۇر قىلدىم. ئارقىدىن كىميا منى ساقلاۋاتقان ھۇجرىغا كىردىم. ئۇ تۆشەكتە ئولتۇراتتى، ئۇچىسىدا ئاپئاق كىيىم، بېلىدە قىزىل بەلباغ، بېشى قات ـ قات، ھالقا ـ ھالقا زىننەتلەنگەن، ھەر يېرىگە ئۈنچە ـ مارجان تاقالغان، قىلىن كۈمۈش رومالدىن ئۇنىڭ يۈزىنى كۆرگىلى بولمايتتى، ھۇجرىنى بىر تال شام غۇۋا يورۇتۇپ تۇراتتى. توي كېچىسى پاك كېلىنىنىڭ ئەينەكتىن ئۆز ئەكسىنى كۆرۈپ قېلىشى شۇملۇق دەپ قارالغانلىقتىن، تامدىكى ئەينەكلەر قېلىن رەخت بىلەن يۆگەپ قويۇلغانىدى. كارىۋاتنىڭ يېنىدا بىر

پىچاق ۋە ئانار قويۇلغان بولۇپ، ئەر-خوتۇن بۇ ئانارنى بىللە يېسە، ئانار ئۇنچىلىرىدەك كۆپ باللىق بولاتتى.

كەررا بۇ يەرنىڭ ئادەتلىرىنى ماڭا ئالدىن دەپ قويغان بولۇپ، يۈز ئاچقۇسى ئۈچۈن تىللا بېرىشىم كېرەكلىكىنى ئېيتقانىدى. بۇ ئۆمرۈمدە مەندە تىللا نېمە ئىش قىلسۇن؟ شۇڭا كىميانىڭ يۈزىنى ئاچقىنىمدا ئۇنىڭ پېشانىسىگە سۆيۈپ قويدۇم، ئۇ كۈلۈمسىرىدى.

— چىرايلىق بولۇپ كېتىپسەن، - دېدىم.

ئۇ قىزىرىپ كەتتى، ئەمما دەرھال قەددىنى رۇسلاپ، ئۆز يېشىدىن چوڭ كۆرۈنۈشكە تىرىشىپ:

— ئەمدى سېنىڭ ئايالىڭمەن، - دېدى.

بۇ قېتىم ئۇنى ئەمدى لېۋىدىن سۆيدۈم. ئۇنىڭ ئىسسىق نەپەسلىرى ۋۇجۇدۇمدا كۈچلۈك ئىستەك پەيدا قىلدى. ئۇنىڭ چاچلىرى يەسمەن چېچىكى پۇرايتتى، يېنىدا يېتىپ خۇش ھىدىنى پۇرىدىم. ئۇ قولۇمنى تۇتۇپ كۆكسىنىڭ ئۈستىگە قويدى. كۆكسى كىچىك، سۈتتەك ئاپئاق ۋە چىڭ ئىدى. ئۇنىڭ ئىچىگە كىرىپ غايىب بولۇشتىن باشقا ھېچنېمىنى ئويلىمىدىم. ئۇ ماڭا پورەكلەپ ئېچىلىۋاتقان گۈلدەك ئۆزىنى ئاچتى.

ئۆزەمنى تارتتىم:

— مېنى كەچۈر كىميا، مەن بۇنداق قىلالمايمەن.

ئۇ شىرىن چۈشىدىن چۆچۈپ ئويغانغاندەك ماڭا قارىدى. ئۇ گويا قۇم ھەيكەلدەك، پۈۋلىسەم ئۇچۇپ يوقاپ كېتىدىغاندەك قىلاتتى، يۈزىگە يەنە تىكىلىپ قارىيالماي، ئورنۇمدىن تۇرۇپ كەتتىم.

— مەن كەتمىسەم بولمايدۇ.

— ياق، كەتسەڭ بولمايدۇ!

كىميا ئەمەس، گويا باشقا بىرى، ناھايىتى جۈرئەتلىك، جەسۇر، قوپال، زومىگەر بىرى گەپ قىلىۋاتاتتى:

— ھۇجرىدىن بۇنداق ئالدىراپ چىقىپ كەتسەڭ قۇلۇم-قوشنىلار نېمە دەپ قالىدۇ؟ ئۇلار توي كېچىسى بىللە بولمىغىنىمىزنى بىلىپ قالسا، سەۋەبىنى مەندىن كۆرىدۇ.

— نېمە دېمەكچىسەن؟ - دېدىم، ئەمما ئۇنىڭ نېمە دېمەكچى بولغىنىنى بىلەتتىم.

— مېنى قىز ئەمەس دەپ قالىدۇ، - دېدى قورقۇنچ بىلەن پىچىرلاپ، - خەق ئالدىدا رەسۋا بولىمەن.

بۇ قانداق گەپ؟ جەمئىيەتنىڭ بۇ بىمەنە ئادەتلىرى ئوغامنى قاينىتاتتى. ئاللاھ ياراتقان مۇكەممەل ئەسەر بۇنداق كونا ئەدەپ-قائىدىلەر، بىر-بىرىگە زۇلۇم سالىدىغان ئادەتلەرگە مۇناسىۋەتسىز ئىدى.

— بۇنداقمۇ ئىش بولامدۇ؟ ئۇلار خەقنىڭ ئىشىغا ئارىلاشمىسۇن، - دەپ ئېتىراز بىلدۈردۈم، ئەمما كىميانىڭ توغرا دەۋاتقانلىقىنى بىلەتتىم. ئانارنىڭ يېنىدا تۇرغان پىچاقنى ئالدىم. كىميانىڭ كۆزلىرىدىن ئەندىشە ئۇچقۇنلىرى چاقناپ ئۆتتى، ئەمما ئەھۋالنى چۈشىنىپ، باشقا نەرسە دېمىدى.

پىچاق بىلەن سول ئالقىنىمنى كەستىم، ئالقىنىمدا ئەرزىمەس دەرت ئىزناسىدەك قىزىل سىزىقچە پەيدا بولدى، كىرلىككە قېنىمنى ئېقىتىپ، ئاندىن ئۇنى كىمياغا سۇندۇم:

— ئال بۇنى، غەيۋەتچىلەرنىڭ ئاغزىنى بېسىقتۇرۇشقا بولسىمۇ يارايدۇ. سەنمۇ ئازادلىققا چىقىسەن، نامىڭ بۇلغانمايدۇ.

كىميا يالۋۇرۇپ، كەتمە، كەتمىسەڭچۇ! دېدى. ئورنىدىن چاچراپ تۇرسىمۇ، نېمە قىلىشىنى بىلەلمىگەچكە يەنە شۇ گېپىنى تەكرارلىدى: مەن ئەمدى سېنىڭ ئايالىڭ.

بۇ چاغدا مەن ئۇنىڭ بىلەن توي قىلىپ ناھايىتى چوڭ خاتالىق ئۆتكۈزگىنىمنى ھېس قىلدىم. مەندەك ئادەم نېمىشقا ئۆيلىنەتتى؟ ياراتقۇچى مېنى ئەرلىك ۋەزىپىسى ئۈچۈن ياراتمىغانىدى. بۇنى ھازىر ئوچۇق كۆرۈۋاتاتتىم. بۇنى بىلگەچكە يۈرىكىم قاناۋاتاتتى.

ھەممىدىن، ھەممە نەرسىدىن، بۇ ئۆيدىن، بۇ تويدىن، بۇ شەھەردىن، ھەتتا سۆرەپ يۈرگەن بۇ تېنىمدىن قېچىپ كەتكۈم كېلىۋاتاتتى. ئەمما رۇمى ئەتە ئەتىگەندە مېنى تاپالمىسا قاتتىق غەزەبلىنىدۇ دەپ ئويلاپلا، جايىمغا مىقلىنىپ تۇرۇپ قالدىم. ئۇ مېنىڭ سەپەردىشىم، سىردىشىم، قىممەتلىك دوستۇم، ئۇنى يەنە تەرك ئەتسەم بولمايدۇ.

ئەر-خوتۇنلۇق تۇرمۇشىنىڭ مەن ئۈچۈن قەپەزدىن باشقا نەرسە ئەمەسلىكىنى چۈشەندىم، تولاقا چۈشكەنىدىم.

ئالائىدىن

كونيا، 1247-يىل 6-ئاي

ئۆمرۈمدە بۇنچىلىك ئېغىر، قاتتىق ئازابلىنىپ باقمىغانىدىم. كىميا بىلەن شەمس توي قىلغان كۈنى ئۆيدە تۇرالمىدىم، مەيدەم ئېغىرلىشىپ،

گەجگەم زىڭىلداپ، نەپەسىم بوغۇلغاندەك بولدى. نېمىلا قىلسام ئىچىم ئېچىشاتتى، يىغلىماسلىق، بوۋاقتەك ئىڭرىماسلىق ئۇچۇن ئۆزەمنى مۇشتلىدىم، «سەن ئەمدى داداڭنىڭ ئوغلى ئەمەس، داداڭنىڭ ئوغلى ئەمەس...» دېگەن گەپنى توختىماي تەكرارلىدىم.

ئانام يوق، دادام يوق، ئەمدى كىميامۇ يوق. بۇ ئۆيدە، شۇنچە ئادەم ئارىسىدا يالغۇزمەن، غېرىپمەن. دادامغا بولغان ئاخىرقى ھۆرمىتىممۇ يوقالدى. كىميا ئۇنىڭ قىزى ھېسابلىناتتى، ئۇنى ياخشى كۆرىدۇ دەپ ئويلايتتىم، ئەمما ئۇ پەقەت شەمسىنىلا ئويلاپتۇ. بولمىسا ئۇنى نېمىشقا شەمستەك ئادەمگە بېرىدۇ؟ شەمسىنىڭ ئەر بولالمايدىغانلىقىنى بىلىش ئۇچۇن ئەۋلىيا بولۇپ كېتىشنىڭ ھاجىتى يوق. شۇنداق، دادام شەمسنى قانات ئاستىغا ئېلىش ئۇچۇن كىميانىڭ بەختىنى، شۇنداقلا مېنىڭ بەختىمنى قۇربان قىلدى.

بىر كۈن بۇلۇڭدىن چىقماي، ئۆيدىكى پاتپاراقچىلىقنى، ئەسلىدە مەن ئالماقچى بولغان قىزنىڭ توي تەييارلىقىنى تاماشا قىلدىم. ئۇلار ئەر-خوتۇن ياتىدىغان يېڭى ھۇجرىنى باشتىن ئاخىر زىننەتلىدى، جىنلاردىن ساقلىنىش ئۇچۇن خۇشپۇراق يېقىشتى. جىنلارنىڭ شاھى بۇ يەردە، شەمسنى بېسىپ چۈشىدىغان جىن بارمۇ بۇ دۇنيادا؟

كەچ كىرگەندە سەۋر-تاقىتىم تاشتى، بۇ زۇلۇمغا ئەمدى تاقەت قىلالمايتتىم، تالاغا ماڭاي دەپ تۇراتتىم، ئارقامدىن ئاكام تووۋلىدى:

— توختا ئالائىدىن، نەگە ماڭىدىڭ؟

— بۇ كېچە سىرتتا قونىمەن،- دېدىم ئۇنىڭ چىرايىغا قارىماي.

— ساراڭ بولدۇڭمۇ؟ توي كېچىسى نەگە كەتتى دەپ سورىمامدۇ قۇلۇم-قوشنىلار؟ دادام ئاڭلىسىمۇ كۆڭلى يېرىم بولىدۇ.

— مېنىڭ كۆڭلۇم يېرىم بولسا، دادام قانداق قىلىدىكەن؟

— سەن نېمە دەۋاتىسەن؟

— بىلمىدىڭمۇ؟ دادام شەمسىنىڭ كۆڭلىنى خۇش قىلىش ئۇچۇن، ئۇنى بۇ ئۆيدىن كەتمىسۇن دەپ بۇ توينى پىلانلىدى. كىميانى ئۇ تۇزكور ئوغرىغا قوش قوللاپ سۇندى.

ئاكام لېۋىنى چىشلىدى:

— خاتا چۈشىنىپ قاپسەن، كىميانى تويغا مەجبۇرلاندى دەپ ئويلاپ قاپسەن، كىميا ئۆزى شەمس بىلەن توي قىلىمەن دېگەن.

— خۇددى ئۇنىڭغا باشقا ئەر چىقمىغاندەك!-دېدىم قوپال تېگىپ.

ئاكام قوللىرىنى ئاسمانغا كۆتۈردى:

— ئەلۋەتتە چىقاتتى، خۇداياتوۋە، تېخى چۈشەنمەيۋاتامسەن، كىميا شەمسنى ياخشى كۆرىدىكەن، ئۇنىڭغا ئاشىقكەن.

— قارا يالغانچىلىقىڭنى! مېنىڭ ئالدىمدا ئەمدى بۇنداق پاراڭ قىلما، بولامدۇ؟ ـ ئاۋازىم گويا ئۈستىدىكى ئېغىرلىقنى كۆتۈرەلمەي سۇنۇۋاتقان مۇزدەك قاراسلايتتى.

— ھېسسىياتىڭ كۆزۈڭنى كور قىلمىسۇن، ھەسەت قىلىۋاتىسەن. ئەمما ھەسەتخورلۇقتەك يامان نەرسىدىنمۇ ياخشى تەرەپكە پايدىلانغىلى بولىدۇ، ـ دېدى سۇلتان ۋەلەد.

ئوتتۇز بەشىنچى نىزام: بۇ ھاياتتا زىددىيەت ئارقىلىق تەرەققىي قىلالايمىز. دىنسىزلار دىندارلار بىلەن، مۇئمىنلەر ئۆز ئىچىدىكى مۇنكىرلەر (يامان ئىللەتلەر) بىلەن تونۇشۇشى كېرەك. ئىنسان كامىل ئىنسان دەرىجىسىگە يەتكىچە قەدەممۇ قەدەم ئىلگىرىلەيدۇ، زىددىيەتلەرنى قانچە قوبۇل قىلالىسا، شۇنچە پىشىپ يېتىلىدۇ.

ئاكام مېنىڭ ئالدىمغا ئۆتۈۋېلىپ، مەن دۈشمەن ھېسابلايدىغان ئادەمنىڭ سەپسەتە دۇردانىلىرىنى تۆكۈۋاتاتتى، شۇنىڭ بىلەن سەۋر قاچام تاشتى.

— ماڭا قارا، سوپىلارنىڭ گەپلىرىنى ئاز كەلدى دەپ، ئەمدى سېنىڭ گېپىڭنى ئاڭلايمەنمۇ؟ بۇلارنىڭ ھەممىسى سېنىڭ خاتالىقىڭ. شەمسنى سۈرىيەدىن باشلاپ كەلمەيتتىڭ، نېمىشقا ياندۇرۇپ كەلدىڭ؟ ئىشلار ئەمدى چىڭىغا چىقىدۇ تېخى، بۇنىڭ گۇناھى سەندە!

ئاكامنىڭ رەڭگى ئۆچتى، ئۆمرۈمگە كېلىپ ئۇنىڭ تۇنجى قېتىم مەندىن، مېنىڭ بىرەر ئىش چىقىرىپ قويۇشۇمدىن قورققانلىقىنى كۆردۈم. ئۆز ئاكىسىنى قورقۇتۇش قاملاشمىغان ئىش ئىدى، ئەمما بۇ ماڭا تەسەللىي بولدى.

ئىرشادنىڭ ئۆيىگە كېتىۋېتىپ، بىرەرسى كۆرۈپ قالمىسۇن دەپ سېسىق پۇرايدىغان تار كوچىلاردىن ماڭدىم. ھەر قانچە ئويلىماي دېسەممۇ كاللامغا شۇ كۆرۈنۈش كېلىۋالدى: شەمس بىلەن كىميانىڭ بىر تۆشەككە كىرگىنىنى، شەمسنىڭ ئۇ قوپال قوللىرى بىلەن كىميانىڭ كىيىملىرىنى يېشىپ، سۈتتەك ئاق بەدىنىگە چاپلاشقىنىنى ۋە خوتۇن قىلغىنىنى خىيال قىلغانچە كۆز ياشلىرىمنى توختىتىۋالالمىدىم.

ئۇ مېنى نېمە قىلىۋەتتى ـ ھە! ئۇ ھەددىدىن بەك ئېشىپ كەتكەنىدى. تېزدىن بىر ئىش قىلىشىم كېرەك.

كىميا
كونيا، 1247 ـ يىل، 11 ـ ئاي

بىر قېتىممۇ بىللە ياتمىدۇق. توي قىلغىلى ئالتە ئاي بولغان بولسىمۇ ئەر ـ خوتۇن بولالمىدۇق. بۇنى باشقىلاردىن يوشۇرۇشقا تىرىشىۋاتىمەن، ئەمما ئاسان ئەمەسكەن. يەنىلا گۇمانلىنىدىكەن. بەلكىم خىجىللىقىم پېشانەمدىكى داغدەك چىرايىمغا چىقىپ قالسا كېرەك. ماڭا قارىغان ھامان باشتا شۇنى كۆرىدۇ، كوچىدا تونۇشلار بىلەن پاراڭلاشقاندا، باغ ـ ئېتىزدا ئىشلىگەندە، دۇكاندارلار بىلەن سودا ـ سېتىق قىلىشقاندا، ئۆيدە مېھمان كۈتكەندە مەن بىلەن ئۇچراشقان ئادەمنىڭ تۇنجى بايقايدىغىنى شۇ بولسا كېرەك. توي قىلغان بىلەن تېخىچە قىز ئىكەنلىكىمنى ھەممىسى بىلىدۇ.

شەمس ھۇجرامغا كەلمەيدۇ ئەمەس، كېلىدۇ. يېنىمغا كەلمەكچى بولسا چوقۇم ئالدىن خەۋەر بېرىۋېتىپ، ئۆزۈرى بارمۇ يوق دەپ سورايدۇ. ھەر قېتىم شۇ جاۋابنى بېرىمەن:

— ئەلۋەتتە يوق، مەن سېنىڭ نىكاھلىق خوتۇنۇڭ.

ئۇ كېلىدىغان ئاخشىمى، پۈتۈن كۈن ھاياجان ئىچىدە ئۇنى ساقلايمەن. مېنى تەلەپ قىلسۇن دەپ دۇئا قىلىمەن. ئەمما ئاخشىمى ئىشىكنى چېكىپ كىرگەندە قىلىدىغان بىردىنبىر ئىشى مەن بىلەن پاراڭلىشىش. بىللە كىتاب ئوقۇيلى دەيدۇ. ئوقۇيدىغىنىمىز ئىشق ـ مۇھەببەت ئۈچۈن ھەر تۈرلۈك سىناقلارغا باش ئەگمىگەن، بىر ـ بىرىنى ياخشى كۆرۈشتىن ۋاز كەچمىگەن لەيلى ـ مەجنۇن، پەرھاد ـ شىرىن، يۈسۈپ ـ زىلەيخا، گۈل ۋە بۇلبۇل... دېگەندەك ئاشىق ـ مەشۇقلارنىڭ ھېكايىلىرى، بۇلارنى ئوقۇغانچە ئىچىم سىقىلىدۇ، بۇنداق ئىشق ـ مۇھەببەتكە ئېرىشەلمەيدىغانلىقىمنى بىلگەچكە شۇنداقمىكىن دەيمەن...

بەزىدە ئۇ ئوڭدا يېتىپ ماڭا كۆڭلى دەريا، روھى شامال سوپى تەبىئەتلىكلەرنىڭ قىرىق نىزامى ھەققىدە سۆزلەيدۇ. بىر كېچىسى بىر نىزامنى شەرھلەۋېتىپ گېپى ئۈزۈلدى، كۆزلىرى يۇمۇلدى. قارىسام ئۇخلاپ قاپتۇ. بېشىنى تىزىمغا ئېلىپ، ئۈسۈپ كەتكەن چاچلىرىنى سىلىدىم. تاڭ ئاتقىچە ئۇخلىماي ئۇنىڭغا قاراپ چىقتىم. ئارىلىقتا ئۇ بىر جۈيلۈپ، مېنى تۇيۇقسىز تارتىپ سۆيدى، بۇنداق ھاياجانلىنىپ، خۇشال بولمىغىنىمغا ئۇزاق بولغانىدى. تاڭ ئاقارغىچە يانمۇ يان ياتتۇق. بولغان ئىش شۇ، بەدىنىم تېخىچە بايقالمىغان زېمىندەك تۇرماقتا.

بۇ ئالتە ئايدا مەنمۇ ئۇنىڭ ھۇجرىسىغا پات-پات بىرىپ تۇردۇم. ئۇ مەندىن قانداق رۇخسەت سورىسا، مەنمۇ چوقۇم ئۇنى ئالدىن خەۋەرلەندۇرۇپ تۇردۇم. ئەگەر ئۇنداق قىلمىسام، ماڭا قانداق مۇئامىلە قىلىدىغانلىقىنى بىلمەيمەن. شەمس كۇندە، ھەتتا بىر دەم-بىر دەم ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ. روھىي ھالىتىنى بىلمەك تېپىشتىنمۇ تەس. بەزىدە شۇنچە كۆيۈمچان، مېھرىبان بولۇپ كېتىدۇ؛ بەزىدە قاپاق تۇرۇۋالىدۇ. بىر قېتىم ماڭا قارىتىپ تۇرۇپ ئىشىكنى يېپىۋېتىپ «مېنى ئارامىمدا قوي» دەپ ۋاقىرىدى. ئۇنىڭدىن ئاغرىنمىدىم، خاپا بولماسلىقنى ھەمدە ئۇنىڭغا دەخلى قىلماسلىقنى ئۆگەندىم.

باشقىلارنى ئەمەس، ئۆزەمنى ئالداش ئۈچۈن ھەر ئىشنى ئۆز يولىدا قىلىپ كېتىۋەردىم، شەمس ماڭا ئىبرىمدەك مۇئامىلە قىلمىغاندىكىن، مەنمۇ ئۇنىڭغا ھەر خىل روللارنى بەردىم: بەزىدە دوستۇم، سىردىشىم، ھەمراھىم بولسا، بەزىدە ئاكام، بەزىدە ئوغلۇم... ئىدى. ۋاقتى-سائىتى، كەيپىياتقا قاراپ، ئۇ بولمىسا بۇ بولاتتى. خىيالىمدا ئۇ ھالدىن بۇ ھالغا يۆتكىلەتتى. ئۇ ھەممە نەرسەم بولۇپ باقتى، پەقەت ئىبرىم بولۇپ باقمىدى.

بىر مەزگىل مۇشۇنداق قىلدىم، ئارتۇق نەرسە تەلەپ قىلماي، نورمال پاراڭلىشىپ ئۆتتۈشىنى توغرا تاپتىم. شەمس مېنىڭ گېپىمنى ئاڭلىسا خۇش بولاتتىم. ئۇ مېنى تېخىمۇ ئىجادىي پىكىر قىلىشقا رىغبەتلەندۈرەتتى، ئۇنىڭدىن نۇرغۇن نەرسىنى ئۆگەندىم. مەنمۇ ئۇنىڭغا بىر نەچچە نەرسىنى ئۆگەتتىم دېيەلەيمەن. ئەدناسى ئۇ نىمىنىڭ ئائىلە، نىمىنىڭ بەخت ئىكەنلىكىنى بىلمەيتتى، مېنىڭ سايەمدە ئازراق بولسىمۇ ھېس قىلدى. يەنە كېلىپ، ھېچكىم ئۇنى مەندەك كۈلدۈرۈپ باقمىدى.

شۇنداقتىمۇ بىر نەرسە كەم قالدى، كەم قېلىۋاتىدۇ. شەمس مېنى ھەقىقىي ياخشى كۆرمەيدۇ دېگەن پىكىرنى كاللامدىن چىقىرالمايۋاتىمەن. مېنى ياقتۇرغىنىغا، ياخشى كۆرگىنىگە ئىشىنىمەن، ئەمما ئۇنىڭ ئىشق بىلەن مۇناسىۋىتى يوق. يۈرىكىم لەختە-لەختە، ئەتراپىمدىكى ھەممە ئادەمدىن، دوستلىرىم ۋە قولۇم-قوشنىلىرىمدىن يىراقلىشىپ، ھۇجرامدا ئەرۋاھلار بىلەن پاراڭلىشىدىغان بولۇۋالدىم. ئۆلۈكلەر تىرىكلەرنىڭ ئەكسىچە، مۇستەقىل پىكىر قىلىدۇ.

ئەرۋاھلاردىن باشقا، بىردىنبىر دوستۇم چۆل گۈلى.

ئىككىمىز ئۆزىمىزگە خاس سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن كىشىلەردىن يىراق تۇرۇشنى خالىغانلىقىمىز ئۈچۈن يېقىن دوستلاردىن بولۇپ قالدۇق. ھازىر

ئۇ سوپى بولدى، پاھىشىخانىدىن تامامەن ئايرىلىپ پاكلاندى. بىر قېتىم ئۇنىڭ جاسارىتىگە، چىدامچانلىقىغا، تۇرمۇشىنى يېڭىدىن باشلاش غەيرىتىگە قايىل ئىكەنلىكىمنى ئېيتىۋىدىم، ئۇ بېشىنى چايقىدى:

__ مەن تۇرمۇشنى يېڭىدىن باشلىمىدىم، بىردىنبىر قىلغان ئىشىم شۇ: ئۆلۈشتىن ئاۋۋال ئۆلۈش!

*　　　*　　　*

بۈگۈن چۈشتە چۆل گۈلىنى كۆرگىلى باردىم. ئىچىمدىكى دەردنى تۆكەي دەيتتىم، بىراق ئۇ بىر قاراپلا ھەممىنى بىلىپ بولدى.

__ جانىم كىميا، قانداق ئەھۋالىڭ؟ سولغۇن كۆرۈنۈۋاتىسەن.

گەپ ياساپ ئۆتۈپ كېتەي دەپ ئويلىغان بولساممۇ ئۇ سوراۋەرگەنلىكتىن راستىمنى ئىتتىكلا دەۋەتتىم:

__ ياخشى ئەمەس، ماڭا بىر ياردەم قىلساڭ...

__ ئەلۋەتتە،- دېدى چۆل گۈلى،- نېمە قىلىمەن، قېنى ئېيت.

__ شەمس... ماڭا ھېچ يېقىنلاشمايۋاتىدۇ، يېقىنلىشىدۇ، لېكىن ھېلىقىدەك ئەمەس. ئۇنىڭ مېنى ئاكامدەك، دوستۇمدەك ئەمەس، بەلكى ئېرىمدەك ياخشى كۆرۈشىنى ئارزۇ قىلىمەن. قانداق قىلىشىمنى ماڭا ئۆگەتسەڭ.

__ نېمىنى ئۆگىتىمەن؟

__ گېپىمنى چۈشەندىڭ... ئېرىمنى ۋەسۋەسىگە سېلىشىم لازىم.

__ ئاھ، جېنىم كىميا، مەن قەسەم قىلغان،-دېدى چۆل گۈلى،- بەدەنگە ئائىت ئىشلاردىن يىراق تۇرۇشقا قەسەم قىلغان، ئاياللار ئەرلەرنى ياكى ئەرلەر ئاياللارنى قانداق زوقلاندۇرىدۇ، بۇنى ئويلاشنىمۇ خالىمايمەن.

__ سەن قەسىمىڭنى بۇزمايسەن، پەقەت ماڭا ياردەم قىلىسەن،-دەپ يالۋۇردۇم،- بەك ئامالسىز قالدىم، ھېچكىمگە دەردىمنى ئېيتالمايمەن، خىجىل بولىمەن. شەمسنى قانداق خوش قىلىشنى بىلمەيۋاتىمەن.

__ بىراق شەمس بىر دەرۋىش،-دېدى چۆل گۈلى،-ئۇنىڭغا ئۇنداق يېقىنلاشساڭ توغرا بولمايدۇ.

__ ئۇ دەرۋىش بولسىمۇ بىر ئىنسانغۇ؟ نېمىلا دېگەن بىلەن بىر ئەركەكقۇ؟ ئادەم ئاتىنىڭ بارلىق ئوغۇللىرى گۆش بىلەن قاندىن پۈتۈلگەن. ھەممىسىگە بىر بەدەن ئاتا قىلىنغان، شەمسنىڭمۇ بىر بەدىنى بار، شۇنداق ئەمەسمۇ؟

— بارلىقى بار، ئەمما...- چۆل گۆلى سۆزىنى داۋاملاشتۇرالماي ئارقىغا چېكىندى.

ئۇنىڭغا يالۋۇردۇم:

— دەردىمنى ساڭىلا ئېيتالايمەن. ئالته ئاي بولدى، ھەر كۈنى ئەتىگەندە يۈرىكىم ئاغرىيدۇ، ھەر ئاخشىمى يىغلاپ-يىغلاپ ئۇخلاپ قالىمەن. بۇنداق كېتىۋەرسەم بولمايدۇ، ئېرىمنى ئۆزەمگە جەلپ قىلىشىم كېرەك!

چۆل گۆلى ماڭا غەمكىن باقتى، ئەمما بىر نەرسە دېمىدى. رومىلىمنى ئېچىپ چاچلىرىمنى چۇۋۇدۇم:

— قېنى ئېيت،-دېدىم،- قورقماي ئېيت، مەن شۇنچە سەتمۇ؟

— ياق، جېنىم كىميا، ئون تۆت كۈنلۈك تولۇن ئايدەك گۈزەلسەن.

— ئەمىسە ماڭا ياردەم قىل، ئەرلەرنىڭ كۆڭلىنى ئۇتىدىغان ئىش بولسا دەپ بەرگىن!

— ئۇ سەن ئويلىغاندەك ئۇنداق ئاددىي ئىش ئەمەس،- دېدى چۆل گۆلى توساتتىن بىئارام بولۇپ،- دىققەت قىل، ئەرلەرنىڭ كۆڭلىنى ئۇتىدىغان ئىش ئاياللارنى ئۆزىدىن يىراقلاشتۇرىدىغان ئىش بولۇپ قالمىسۇن. ئۇنى ئۆزەمگە جەلپ قىلىمەن دەپ يۈرۈپ، ئۆزەڭدىن ئايرىلىپ قالما.

ئۇنىڭ نېمە دېگىنىنى چۈشەنمىدىم، چۈشىنىشكىمۇ ئۇرۇنمىدىم.

— مەيلى،-دېدىم،-نېمە بولسا بولسۇن، مەن ھەممىگە تەييارلىنىپ قويدۇم.

چۆل گۆلى
كونيا، 1247-يىل 11-ئاي

قاراپ تۇرۇپ، بىلىپ تۇرۇپ نېمىشقا بۇنداق دۆتلۈك قىلدىم؟ ئۇنىڭ گېپىنى پەقەت ئاڭلىماسلىقىم كېرەك ئىدى. ئاقىۋىتىنىڭ مۇشۇنداق بولىدىغانلىقىنى نېمىشقا ئويلاپ يېتەلمىدىم؟ ئۇنى توسۇپ قېلىشىم كېرەك ئىدى، ئۇنداق قىلالمىغانلىقىم ئۈچۈن ئۆزەمنى ھەرگىز كەچۈرمەيمەن.

ئەمما ئۇ يىغلاپ يالۋۇرۇپ تۇرۇۋالغان كۈنى ئۇنىڭغا ئىچىم ئاغرىدى. ھېچنېمە بولمايدىغۇ دەپ ئويلىدىم. ئۇ ۋەسۋەسىگە سالىمەن دېگەن ئادەم باشقا ئەر ئەمەس، بەلكى ئۆزىنىڭ ئېرى ئىدى. كۆڭلىدە ھېچقانداق

يامانلىق، سـۈيقەسـت ياكى ھىيلە ـ مىكىر يوق ئىدى. بىر ئايالنىڭ ئۆز ئېرىدىن مۇھەببەت تەلەپ قىلىشى ھارام ئەمەسقۇ؟ نەچچە كۈن ئويلاندىم، ئىچىمدىكى سوپى «ئىشق ـ مۇھەببەتتە تاشنى تاياقتا تاشغىلى بولمايدۇ، سەن بۇ ئىشقا ئارىلاشما» دەپ تەنبىھ بەردى، ئىچىمدىكى ئايال بولسا، «ئاشىق قىزغا ياردەم قىل» دەپ تەلەپ قىلدى. ئاخىر ئىككىنچىسى غالىپ كەلدى.

شۇنداق قىلىپ مەن، قولىغا خېنە ياقسىلا ئۆزىنى چىرايلىق بولدۇم دەيدىغان بۇ يېزىلىق قىزغا بىر ئەرنى ۋەسۋەسىگە سېلىشنىڭ يوللىرىنى كۆرسەتتىم. ئۇ ئۆگىنىشكە تەشنا ھەۋەسمەن ئوقۇغۇچى ئىدى، ئۇنىڭغا مۈشۈك ـ ئەنبەر قوشۇلغان سۇدا يۇيۇنۇشنى، تېرىنى يۇمشاق قىلىدىغان مايلار بىلەن بەدەننى قايماقتەك قىلىۋېتىشنى، يۈزگە ھەسەل ئارىلاش مەلھەم سۈرۈپ رەڭگى روينى تېخىمۇ ياشارتىشنى، بىر ئەر بىلەن پاراڭلاشقاندا قايسى گەپلەرنى قانداق ئىشلىتىش كېرەكلىكىنى ئۆگەتتىم. دائىم خۇش پۇراپ تۇرسۇن دەپ ئۇنىڭ چاچلىرىنى يەسمەن تاللىرى بىلەن ئۆرىدۇق، ئۇسـتىقۇددۇس، دەسـتارگۈل، روزىمارىيە، زىئتەر، لەيلىقازاق، مەرجانىيە، زەيتۇن يېغى قاتارلىقلارنىڭ ھەر بىرى نەگە ئىشلىتىلىدۇ، قايسى مەقسەتتە قانداق خۇشپۇراق يېقىلىدۇ، ئۇزۇن چۈشەندۇردۇم. ئاندىن چىشلارنى ئاقارتىشنى، تىرناق بوياشنى، قاش ـ كۆزگە سۈرمە سۈرۈشنى، لەۋلەرنى پارقىرىتىشنى، يۈزگە گىرىم قىلىشنى، كۆكسىنى چوڭ كۆرسىتىشنى بىر ـ بىرلەپ كۆرسەتتىم. بىللە بازارغا بېرىپ، ئىلگىرى مەن دائىم كىرىدىغان دۇكاندىن يىپەك كىيىم ۋە ئىچ كىيىملەرنى ئالدۇق. خىجىل بولۇپ قىزىرىپ كەتتى، ئەمما ھەممىسىنى ئالدى.

ئارقىدىن ئۇنىڭغا ئۇسسۇل ئويناشنى، بەل تولغاشنى، كىندىك تىترىتىشنى، ناز بىلەن بېقىشنى، بەدەننى ئاسماندىكى بۇلۇتتەك ئەركىن قويۇۋېتىشنى ئۆگەتتىم. بېلىگە پۆپۈكلۈك بەلباغ باغلاپ، ئىچىگە تىڭگىرلايدىغان قوشۇق، پىيالىلەرنى تېڭىپ، ئىككى ھەپتە توختىماي كىندىك ئۇسسۇلى ئوينىدۇق، ماھارەتلەرنى مەشىق قىلدۇق.

ئاخىر ئۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن قۇربانلىق قويىنى قاساپقا تاپشۇرىدىغان پادىچىدەك، كىميانى شەمس تەبرىزى ئۈچۈن تەييارلىدىم. ئۇ ئاۋۋال ھاممامدا ئىسسىق سۇدا يۇيۇندى، بېشىغا سۇ تۆكتى، ئاندىن چاچلىرىنى مايلىدى. يۇيۇنۇپ چىققاندىن كېيىن ئاياللارغا ئۆمرىدە ئاز نېسىپ بولىدىغان ئېسىل يىپەكتىن كىيىم كىيدۈردۈم. ئۇنىڭغا پىيازگۈللۈك، شاپتۇل چېچىكى رەڭلىك ئۇخلاش كىيىمى تاللىغاندىم،

ئۇنى كىيسە كۆكسى تىك، ساغرىسى يۇمىلاق چىقاتتى. ئاندىن يۈزىگە قېنىق گىرىم قىلدىم، ھۆسنىگە ھۆسن قوشۇلسۇن دەپ پېشانىسىگە كىچىككىنە زىننەت تاقاپ قويدۇم. ئىشىم تۈگىگەندە قارىسام، ئۇ شۇنچىلىك گۈزەل بولۇپ كېتىپتۇكى، كۆزۈمنى ئۈزەلمەي قالدىم.

ئۇ ئەمدى توي كېچىسىدىكى كېلىنچەك ئەمەس، بەلكى ئىشق ۋە ئىستەك ئوتىدا يېنىۋاتقان، ئۆزى ياخشى كۆرگەن ئەر ئۈچۈن ئۆزىنى نامايەن قىلىشقا، ئۇنىڭ ئۈچۈن ھەر قانداق بەدەل تۆلەشكە رازى جۇۋان ئىدى. ئۇنىڭغا قاراۋاتقاندا قۇرئان كەرىمدىكى يۈسۈپ-زىلەيخاغا دائىر ئايەتلەرنى ئەسلىدىم.

زىلەيخا ئۆزىگە قارىمىغان بىر ئەر ئۈچۈن ئىشق ئوتىدا كۆيگەنىدى. شەھەردىكى ئاياللار ئۇ توغرۇلۇق يامان گەپ قىلىشقاندا ھەممىسىنى تاماققا چاقىرىپ، يۈسۈپنى بولسا چاقىرغان ھامان ئۆيگە كىرىشكە بۇيرۇغانىدى. ئۇ ئاياللارنىڭ ھەر بىرىگە بىردىن پىچاق بېرىپ، يۈسۈپكە «ئەمدى كىرگىن»دېدى. ئاياللار ئۇنى كۆرۈپلا ئۆزلىرىنىڭ قولىنى كەستى ۋە «خۇدايا پەرۋەردىگار، بۇ ئىنسان ئەمەس، پەرىشتە» دېيىشتى.

بىر پەرىشتىگە ئاشىق بوپتۇ دەپ كىممۇ زىلەيخانى ئەيىبلىيەلەيدۇ؟

* * *

كەچقۇرۇن كىميا يۈزىگە روملىنى ئارتىپ كوچىغا چىقىشتىن بۇرۇن ئۈمىد ۋە ئەندىشە بىلەن ماڭا قاراپ: «قانداق، بوپتۇمۇ؟» دەپ سورىدى.

— پەرىلەر پادىشاھىنىڭ قىزىدەك بولدۇڭ، - دېدىم، - بۇ كېچە ئېرىڭ سەن بىلەن بىللە تاڭ ئاتقۇزۇپلا قالماي، ئەتىسى ئاخشىمىمۇ ئىشىكىڭنى چېكىدۇ.

ئۇ قۇلاقلىرىغىچە قىزىرىپ كەتتى، يۈزلىرى ئوت ئالدى. كۈلۈپ بارغىنىمچە ئۇنى قۇچاقلىدىم. ئۇ بىر پەس جىمىپ كېتىپ، ئارقىدىن قاقاخلاپ كۈلۈۋەتتى، كۈلۈشلىرى ئىچىمنى قۇياش نۇرىدەك ئىسسىتتى.

دېگەنلىرىمگە ئىشىنەتتىم، ھەسەل ھەرىسى گۈل شىرنىسىگە يېپىشقاندەك، شەمسنىمۇ كىمياغا يېقىنلىشىدۇ دەپ ئويلىغانىدىم. شۇنداقتىمۇ، قىزنى ئۇزىتىۋاتقاندا كۆڭلۈمدە قانداقتۇر ئەنسىزلىك، بىئاراملىق پەيدا بولدى، قۇلىقىمغا بىر جىن كۆڭۈلسىز گەپلەرنى پىچىرلىغاندەك بولدى، شۇنداقتىمۇ ئۇنى توسۇۋالالمىدىم، ئۇنداق قىلمىدىم.

ئۆزەمنى ئۆمۈر بويى كەچۈرمەيمەن.

كىميا

كونيا، 1247 ـ يىل 12 ـ ئاي

شەمس تەبرىزى ھېچكىم بىلمەيدىغاننى بىلىدۇ. يوقسۇللارنىڭ ئازابى، كاھىنلارنىڭ كۆرگەنلىرى، ۋەلىلەرنىڭ كارامەتلىرى، بۇ دۇنيانىڭ مۇئەممالىرىدىن تارتىپ ھەممىنى بىلىدۇ. ئەمما ئۇ بىلمەيدىغان بىر نەرسە بار: پىداكار سۆيگۈ! ئۇ بۇنى بىلمەيدۇ. بىرسىنى ياخشى كۆرۈپ ئۇنىڭدىن ھېچنېمىگە ئېرىشەلمەسلىكنىڭ ئازابىنى بىلمەيدۇ.

چۆل گۈلى مېنى ياساپ جابدۇغان ئاخشىمى شۇنچىلىك ھاياجانلانغىنىمكى، بىر يېرىمدە جىم تۇرالمايتتىم. ۋۇجۇدۇمدا ئۆزەمنىڭ ئىلگىرى ھېس قىلمىغان ھالەتلەر پەيدا بولدى، بۇ جاسارەتمۇ ياكى پەرۋاسىزلىقمۇ؟ بەدىنىمگە تېگىپ تۇرغان يىپەك كىيىمنىڭ شىپىرلىشى، چاچقان ئەتىر پۇراقلىرى، تىلىمدا گۈل ياپراقلىرىنىڭ تەمى... ھېچقاچان بۇنچىلىك رەڭ تۇزەپ باقمىغان، ئۆزەمنى بۇنچىلىك قىز دەپ ئويلاپ باقمىغانىدىم. بەدىنىم گەرچە ئۆزەم ئويلىغاندىكىدەك چىرايلىق ھەم تولغان، كۆكسۇم ئارزۇيۇمدىكىدەك چوڭ بولمىسىمۇ، ئۆزەمنى يەنىلا جەلىپكار ھېس قىلدىم.

ئۆيدىكى ھەممەيلەن ئۇخلىغىچە ساقلىدىم، ئاندىن ئۇزۇن يۇڭ شارپىغا يۆگىنىپ، پۇتۇمنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ شەمسنىڭ ھۇجرىسىغا ماڭدىم.

— كىميا! مەن سېنى كېلىدۇ دېمىگەن، ـ دېدى شەمس ئىشىكنى ئاچا ـ ئاچماي.

— كەچۈرگىن، ئەمما سېنى كۆرمىسەم بولمايدۇ، ـ دېدىم ۋە تۇزۇت قىلمايلا ھۇجرىغا كىرىپ كەتتىم، ـ ئىشىكنى تاقىۋەتسەڭچۇ؟

شەمس گاڭگىراپ قالغاندەك قىلاتتى، شۇنداقتىمۇ مەن دېگەننى قىلدى.

ھۇجرىدا ئىككىمىز يالغۇز قالغاندا ناز بىلەن كۈلۈمسىرەپ ئۇنىڭ ئالدىغا ماڭدىم. ئاندىن كەينىمنى قىلىپ، چوڭقۇر بىر نەپەس ئېلىۋېتىپ، شارپا بىلەن كىيىمىمنى بىرلا تارتىپ يالىڭاچ بولدۇم. ئېرىمنىڭ ئارقامدىن ھەيرانلىق بىلەن سىنچىلاپ قارىغانلىقىنى سېزىپ تىترەپ كەتتىم. ئۇنىڭ نەزەرى تەگكەن يەر كۆيۈۋاتاتتى. شۇنچىلىك ھاياجانلىنىپ كەتتىمكى، كۆكسۇم بىر كۆتۈرۈلۈپ بىر چۈشەتتى. ئاخىردا بارلىق

جۇرئىتىم بىلەن ئۇنىڭغا بۇرۇلۇپ، جەننەتتىكى ھۆرلەردەك جەزبىلىك قىياپەتتە تۇردۇم.
__ سەن نېمە قىلاي دەيسەن؟ـ دەپ سورىدى شەمس سوغۇق چىراي بىلەن.
__ بۇ كېچە بۇ يەرگە سېنىڭ بولۇش ئۇچۇن كەلدىم. . . ـ دېدىم مىڭ تەسلىكتە.
شەمس تەبرىزى ئەتراپىمغا بىر چەمبەر سىزىپ، ئالدىمغا كېلىپ، ئۆزىگە تىكىلىپ قاراشقا زورلىدى. تىزلىرىم بوشاپ كەتكەندەك بولدى، ئەمما ئۆزەمنى تۇتۇۋېلىپ، ناز بىلەن تولغىنىپ ئۇنىڭغا سۈركۈلۈشكە باشلىدىم. چۆل گۈلى ماڭا ئۆگەتكەن ماھارەتلەرنىڭ ھەممىسىنى بىر-بىرلەپ كۆرسەتتىم. ئەمما شەمس كۆيۈۋاتقان ئوتتىن ئۆزىنى قاچۇرغاندەك كەينىگە چېكىندى.
__ مەن بىلەن بىللە بولۇشنى تەلەپ قىلىۋاتىسەن، ئەمما بىردىنبىر ئارزۇيۇڭ دەردىڭنى چىقىرىش،ـ دېدى ئۇ.
بۇ گەپ بىلەن كارىم بولمىدى، بىرىپ ئۇنىڭ بويىنىغا ئېسىلدىم، لېۋىمدە قارا ئۈژمىنىڭ تاتلىق ھەم چۈچۈك تەمى بار ئىدى. ئۇنىڭ تىنىقىدا ھوشۇمنى يوقىتاي دەپ تۇرغاندا ئۇ مېنى تۇتۇپ ئىتتىرىۋەتتى.
__ مېنى ۋەيران قىلىۋاتىسەن جېنىم كىميا،ـ دېدى ئۇ،ـ بۇ قىلىق ساڭا ياراشمايدۇ. بۇ ھۇجرىدىن دەرھال چىقىپ كەت، مەن چاقىرمىغىچە ھەرگىز كەلمە، بولامدۇ؟
ئۆمرۈمدە بۇنچىلىك خارلىنىپ باقمىغانىدىم، يۈك شارپىنى ئېگىلىپ ئالاي دېسەممۇ قولۇم شۇنچىلىك تىترەيتتىكى، سىلىق، ئىنچىكە رەختنى ھېچ ئالالمىدىم. شەمس ئۇخلاش كىيىمىم بىلەن شارپامنى يەردىن ئېلىپ، مۇرەمگە ئارتىپ قويدى، شۇنداق قىلىپ ئېرىمنىڭ ھۇجرىسىدىن يېرىم يالىڭاچ ھالدا ئۆكسۈپ يىغلىغىنىمچە چىقىپ كەتتىم.
ئەگەر ئۆلۈۋېلىش ئېغىر گۇناھ بولمىغان بولسا شۇ تاپتا بېرىپ ئۆلۈۋالاتتىم.

* * *

شۇ كۈندىن باشلاپ شەمسنى كۆرمىدىم، ئۆيدىن تالاغا چىقماي، تورۇسقا قاراپ يېتىش بىلەن كۈن ئۆتكۈزدۇم. كۈچ-قۇۋۋىتىم، ياش قىزغىنلىقىم تېزلا يوقالدى، بىر ھەپتە مۇشۇنداق ئۆتتى، كېيىنكى ھەپتىمۇ شۇندق بولدى، ئاخىر كۈن ساناشنى توختاتتىم.

كېيىن ھۇجرامدا ناتونۇش بىر پۇراق پەيدا بولدى، زەنجىۋىل چېيى ياكى سوقۇلغان قارىغاي تىكەنلىرىنىڭ پۇرىقىدەك كۈچلۈك، ئەمما كىشىنى سەسكەندۈرمەيدىغان پۇراق ئىدى. دېمەك، ئۆلۈمنىڭ پۇرىقى مۇشۇنداق ئىدى. قىزىتمام ئۆرلەپ، جۆيلۈشكە باشلىدىم. كېسەللىمنى كۆرۈشكە ھەكىملەر چاقىرىلدى. قوشنىلار ۋە دوستلىرىم مېنى كۆرگىلى كەلدى، كەررا نەچچە كېچە ئۇخلىماي بېشىمدا قاراپ تۇردى. كۆزلىرى يىغلاپ ئىششىپ كەتكەن، يۈزى تاتىراڭغۇ ئىدى. جەۋھەر خاتۇن بىر تەرىپىمدە ئولتۇرۇپ غەمكىن تەبەسسۇم قىلىپ، ماڭا ناخشا ئېيتىپ بەردى.

بىر قېتىم ئۇيقۇدىن ئويغىنىپ قوشنا ئايال سافىيەنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ قالدىم:

— ئاللاھ ئۇ ئىجىسنىڭ جازاسىنى بەرسۇن، بىچارە قىز تۈگىشىپ كېتىۋاتىدۇ. ھەممىسى شۇ ئوغرىنىڭ كاساپىتى!

بىر نەرسە دەي دېدىم، ئەمما گەپلەر ئىچىمدە قالدى.

شۇنداقتىمۇ كەررا كۆڭلۈمدىكىنى دېدى:

— نېمىشقا بۇنداق دەيسەن سافىيە؟ شەمسنى نېمىشقا ئەيىبلەيمىز؟ بۇ ئۇنىڭ ئىشىمۇ؟ ئاللاھنىڭ تەقدىرى بۇ.

ئۇلار بەربىر كەررانىڭ سۆزىنى ئاڭلىمىدى، مېنىڭ بولسا ھېچكىمنى قايىل قىلغۇدەك ھالىم يوق ئىدى. ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەي بىلدىمكى، ئاقىۋەت ئۆزگەرمەيدۇ، شەمسكە ئۆچ ئادەملەر مېنىڭ كېسەللىمنى باھانە قىلىپ ئۇنىڭدىن تېخىمۇ نەپرەتلىنىدۇ. ھالبۇكى، مەن ئۇنى ياخشى كۆرمەي دېسەممۇ بۇ قولۇمدىن كەلمەيدۇ.

بىر ۋاقىتتىن كېيىن ھوشۇمدىن كەتتىم، بارلىق رەڭلەر ئاققا، بارلىق ئاۋازلار بىر خىل غۇڭۇلداشقا ئۆزگىرىپ كەتتى، كىشىلەرنىڭ چىرايىنى تونۇيالماس، گەپلىرىنى ئاڭلىيالماس بولۇپ قالدىم.

شەمس مېنى كۆرگىلى كەلگەنمىدۇ؟ بەلكىم كەلدى يا كەلمىدى. بەلكىم ئىچىدىكى ئاياللار ئۇنى كىرگۈزمىدى. ياكى نەچچە قېتىم كېلىپ، يېنىمدا ئولتۇرۇپ، قولۇمنى تۇتۇپ مەن ئۇچۇن دۇئا قىلدى.

شۇنداق، شۇنداق بولغاندۇ، بۇنىڭغا ئىشەنسەم دەيمەن.

نېمە بولسا بولسۇن، بۇلار ئەمدى مۇھىم ئەمەس. ئۇنىڭغا ئاچچىقىم يوق، ئۇنىڭدىن خاپىلىقىممۇ يوق. چەكسىزلىككە ئېقىپ كېتىۋاتقاندا كىمگە، قانداق زۇلۇم قىلالايمەن. ئاللاھ تائالا ناھايىتى شەپقەتلىك ھەم مېھرىباندۇر. ئىشلارنىڭ ئارقىسىدا بىر تەرتىپ، مۇكەممەل ئىشق نىزامى بار! شەمسنىڭ ھۇجرىسىغا ياسىنىپ بېرىپ 16 كۈندىن كېيىن،

مەۋلانانىڭ ئاسىراندى قىزى بولغان مەن كىميا، شاۋقۇنلاپ ئېقىۋاتقان يوقلۇق دەرياسىغا كىردىم، كۆڭلۇم خالىغان يەردە ئۈزدۈم، ئۈزدۈم، ئاقتىم.

بۇ چاغدا بىلدىمكى، قۇرئاننىڭ تۆتىنچى خىل ئوقۇلۇشى شۇنداق بولۇشى كېرەك: ئەبەدىيلىك، چەكسىزلىك، كەڭلىك ۋە روشەنلىك... يوقۇلۇش بەدىلىگە ھەممە نەرسە بولۇش... يېنىكلەش بەدىلىگە چوڭقۇرلىشىش...

شۇنداق، ھاياتلىقتىن ئۆلۈمگە ئاقار سۇلار بىلەن ئۆتتۇم.

ئېللا

بوستون، 2008 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى

ئەزىز بوستوندا تۆت كۈن تۇردى، بۇ جەرياندا ئېللا ھەر كۈنى ئەتىگەندە ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشكىلى نورسامپتوندىن بوستونغا ماشىنا ھەيدەپ باردى. ئىككىسى بىللە بازار چۆگىلىدى، «كىچىك ئىتالىيە مەھەللىسى»دە ئاددىي، ئەمما تەملىك تاماقلارنى يېدى، گۈزەل سەنئەت موزېيىغا كىردى، باغچا ۋە پىرىستاننى ئايلاندى، دېڭىز باغچىسىدا دېلفىنلارنىڭ ئويۇنىنى كۆرۈپ چاۋاك چېلىشتى، خارۋارد مەيدانىدا ئاددەملەر زىچ قەھۋەخانىلاردا قەھۋە ئىچىشتى، بارغان ـ تۇرغان يېرىدە توختىماي پاراڭلاشتى، ھەر خىل دۆلەتلەرنىڭ ئاشخانىلىرى، روھنى چېنىقتۇرۇش ماھارەتلىرى، يەرلىك سەنئەتلەر، گوتلار ھەققىدىكى رومانلار، باغ پەرۋىشى، ئورگانىك شوخلا يېتىشتۇرۇش تېخنىكىسى، چۈش تەبىرى دېگەندەك ئاجايىپ ـ غارايىپ تېمىلاردا پاراڭلاشتى، ئۇ تېمىدىن بۇ تېمىغا يۆتكەلدى، بىر ـ بىرىنىڭ سۆزىنى تولۇقلىدى. ئېللا ئۆمرىدە بۇنداق ئۇزۇن گەپ قىلىپ باقمىغاچقا، ئاخشىمى ئۆيىگە كەلسە ئېڭىكى تېلىپ ئاغرىيتتى.

ئۇلار كوچىدا خەقلەر ئارىسىدا بىر ـ بىرىگە سۈركەلمەسلىككە تىرىشىپ باقسىمۇ ئۆزلىرىنى تۇتۇۋېلىشى بارغانچە تەسلىشىپ كەتتى. بىر يەردىن ئۆزىنى قاچۇرۇشلاردا بىر ـ بىرىنىڭ قولىنى تۇتۇۋېلىشتى... ئېللا « قاچان قولۇمنى تۇتۇپ ماڭار» دەپ ئەزىزنى كۈتۈپ باقتى، ئەمما ئۇ جىم تۇرۇۋالغاچقا ئۆزى ھەرىكەتكە كەلدى، باشتا تارتىنىپ، كېيىن ئۆزىنى قويۇۋېتىپ ئۇنىڭ قولىنى تۇتتى. تونۇشلارنىڭ كۆرۈپ قېلىشىدىن قورقمايدىغاندەك، ھەتتا كۆرۈپ قالسىمۇ مەيلى دەيدىغاندەك ئەركىن يۈردى. شۇنداقتىمۇ ئىككەيلەن بەك يېقىنلىشىپ كېتەلمىدى. كۆڭلى بىر ـ بىرىگە شۇنچە يېقىن بولسىمۇ، بەدەنلىرى ئارىلىق ساقلىدى. بىر

نەچچە قېتىم ئەزىز تۇرۇۋاتقان مېھمانخانىغا قايتىپ كېلىشتى، ئەمما يېقىنچىلىق قىلىشمىدى، ئەزىز خالىمىدى.

ئەزىز ئامېستىردامغا قايتىدىغان كۈنى ئەتىگەندە ئىككەيلەن يەنە مېھمانخانا ياتىقىدا ئىدى، ئىككىسى ئىككى ئورۇندۇقتا ئولتۇراتتى، ئوتتۇرىدا بىر چامادان تۇراتتى.

— ساڭا دەيدىغان بىر گەپ بار،- دېدى ئېللا ئاستاغىنە،- بۇ گەپنى قانداق دېسەم بولار دەپ ئويلاۋاتقىلى خېلى بولدى.

ئەزىز ئېللانىڭ گەپ قىلىش- قىلمىدىكى بۇ ئالامەتنى دەرھال سېزىپ، ئۇنىڭغا دىققەت بىلەن قارىدى ۋە: «قارا ما ئىشقا. مېنىڭمۇ ساڭا دەيدىغان گەپلىرىم بار ئىدى» دېدى.

— بولىدۇ، ئۇنداقتا سەن دېگىن،- دېدى ئېللا گويا تېپىشماق ئويناۋاتقاندەك.

— ياق، سەن باشتا ئېغىز ئاچتىڭ، سەن دېگىن.

ئېللا تەبەسسۇمىنى يوقاتماي بېشىنى ئېگىپ، نېمىنى قانداق دېسەم بولار دەپ بىر دەم تۇرۇۋېلىپ سۆزىنى باشلىدى:

— سەن بوستونغا كېلىشتىن ئاۋۋال بىر ئاخشىمى داۋىد بىلەن سىرتقا چىقىپ، تۇنجى قېتىم راست گېپىمىزنى قىلىشتۇق. مەندىن سېنى سورىدى، يوشۇرۇن يېزىشقان خەتلىرىمىزنى ئوقۇۋاپتۇ، بۇنىڭدىن كۆڭلۈم يېرىم بولدى، ئەمما بولغان ئىشنى ئېتىراپ قىلدىم. يەنى ئىككىمىزنىڭ ئارىسىدىكى ئىشلارنى دەۋاتىمەن.

ئۇ گەپ قىلماي بوش يۆتىلىپ قويدى، ئەزىزنىڭ ئەمدى بۇ ئىشقا نېمە دەيدىغانلىقىنى بىلەلمەيۋاتاتتى:

— ئېرىمگە باشقا بىر ئەرنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىمنى ئېيتتىم.

دېرىزىنىڭ سىرتىدا شەھەرنىڭ شاۋقۇن- سۈرەنلىرى كۈچىيىشكە باشلىدى، كوچىدىن ئۈچ دانە ئوت ئۆچۈرۈش ماشىنىسى چىقىراپ ئۆتتى، قاتتىق ئاۋاز پۈتۈن ئەتراپنى بىر مىنۇتتەك ئىشغال قىلدى. ئېللانىڭ دىققىتى چېچىلىپ كەتكەندەك بولدى، ئەمما گېپىنىڭ ئاخىرىنى تېپىۋالدى:

— بۇ ئىش ساڭا تەلۋىلىكتەك تۇيۇلۇشى مۇمكىن، شۇنداقتىمۇ سەن بىلەن ئامېستىردامغا كەتسەم دەيمەن.

ئەزىز دېرىزىگە قاراپ ماڭدى ۋە پەستىكى شاۋقۇن- سۈرەنگە دىققەت بىلەن قارىدى. سەل نېرىدا بىر بىنادىن ئىس چىقىۋاتاتتى، ئاسماندا قېلىن، قويۇق بۇلۇت توپلىنىۋاتاتتى. ئەزىز ئۇ يەردە ياشايدىغان

كىشىلەرگە ئىچىدە دۇئا قىلدى. ئۇ يەنە گەپ باشلىغاندا ئىبللاغا دەرھال قارىمىغاچقا، گويا پۈتۈن شەھەرگە خىتاب قىلىۋاتقاندەك گەپ قىلدى:

— مەن بىلەن بىللە ئامېستىردامغا بېرىشىڭنى مەنمۇ ئارزۇ قىلىمەن، بۇ ئارزۇيۇم كۈچلۈك... ئەمما ساڭا ئۇ يەردە گۈزەل كېلەچەك ۋەدە قىلالمايمەن.

— نېمە دېمەكچىسەن؟ - دەپ سورىدى ئىبللا. كۆڭلى بىر دەمدە بۇزۇلدى. بۇ ئەركەكلەر نېمىشقا دائىم مۇشۇنداق قىلىدۇ؟ ھەممىسىلا بىر يەرگە باغلىنىپ قېلىشتىن قورقىدۇ. بىللە ئايلىنىپ، سىردىشىپ، ئۇنتۇلغۇسىز ۋاقىتلارنى ئۆتكۈزۈپ، گۈزەل خىياللار سۈرۈپ، مانا ئەمدى توساتتىن ھەممە نەرسە شېرىن چۈشتەك بۇزۇلامدۇ؟ گۈزەل كېلەچەك ۋەدە قىلالمايمەن دېگەن نېمە گەپ؟ نېمانچە تەمسىز پاراڭ بۇ؟ ئەر كىشى دېگەن مۇشۇنداق تايىنى يوق گەپ قىلامدۇ!

ئەزىز ئىبللانىڭ خىيالىنى بىلىپ قالغاندەك، ھەييارلارچە كۈلۈمسىرەپ، ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ قولىنى سىلىدى:

— ئىش سەن ئويلىغاندەك ئەمەس.

— ئەمىسە قانداق؟

— بىر كۈنى بىر ناتونۇش ئايالدىن كۈتۈلمىگەن ئۇچۇر تاپشۇرۇۋالدىم، - دېدى ئەزىز، - رومانىمنى ئوقۇغانلىقىنى ئېيتتى، كىتابىم ئۇنىڭ ھاياتىدا بۇرۇلۇش ياساپتۇ، ئۇ ئاچا يولغا كېلىپ قاپتۇ... - دېدى ئەزىز كۈلۈمسىرەپ، - بىلەمسەن، سېنىڭ ئۇچۇرۇڭنى تاپشۇرۇۋالغان ۋاقتىمدا مەنمۇ ھاياتىمنىڭ بۇرۇلۇش نۇقتىسىدا تۇرۇۋاتاتتىم.

— يەنى... باشقا بىرسى بارمىدى؟ - دەپ سورىدى ئىبللا.

— ياق قەدىرلىكىم، ئۇنداق ئىش ئەمەس، - دېدى ئەزىز بىردىنلا ئەستايىدىل تۈسكە كىرىپ، - بۈگۈنگىچە سەن ئۇچۇن ھاياتىمنىڭ ئۈچ سەھىپەسىنى يازدىم، "سوپى" سۆزىنىڭ دەسلەپكى ئۈچ ھەرپىنى قانداق تونۇغانلىقىمنى ئېيتتىم. سەن مەندىن تۆتىنچى ھەرپىنى سورىمىدىڭ، بەلكى ئاردا ئۇ ھەرپ ئېرىپ يوقاپ كەتتى، مەنمۇ ئۇنى دېيىشكە جۈرئەت قىلالمىدىم. ھالبۇكى "ئى" ھەرپى بىلەن تونۇشۇشنىڭ باشقا بىر ھېكايىسى بار، ئاڭلاشنى خالامسەن؟

ئىبللا بۇ پەيتنىڭ تىلسىمىنى بۇزىدىغان ھەر قانداق ئىشتىن قورقسىمۇ، بېشىنى ئاستا لىڭشىتتى: ئەلۋەتتە، قېنى ئېيتقىنا.

* * *

ئۇ كۈنى مېھمانخانا ياتىقىدا، ئامېستىردامغا ئۇچۇشقا بىر نەچچە سائىتى قالغان ئەزىز زاھارا ئېللا رۇبېنستېنغا 1976 ـ يىلىدا سوپى بولۇپ، ئىسمىنى ئۆزگەرتكەندىن كېيىن باشلىغان ھاياتىنى سۆزلەپ بەردى. ئۇ كۈندىن تارتىپ ئەزىز سىرتىدا فوتوگراف، ئىچىدە دەرۋىش بولۇپ دۇنيانى كېزىپتۇ، ئالتە قىتئەدىن دوست ـ يارەنلەرگە ئېرىشىپتۇ، ئائىلە ئۇقۇمىنى قانداشلىق مۇناسىۋەتتىن ئەمەس، سىرداشلىق مۇناسىۋەتتىن تېپىپتۇ. رومىنىيىدە بېقىۋالغان ئىككى يېتىم بالىنى ئوقۇتۇپ چوڭ قىلىپتۇ. قايتا توي قىلماپتۇ، بىر نەچچە قېتىم سەۋدالىق گىرداۋىدىن يېنىپتۇ، بۇ جەرياندا ماراكەشتىكى تەكيەخانىدا تاقىغان كۈمۈش ھالقىنى قۇلىقىدىن، قۇياش شەكلىدىكى زەنجىرنى بوينىدىن ئالماپتۇ. تەسەۋۋۇپ ئۇنىڭ خۇلق ـ مىجەزى ۋە ھاياتىنىڭ مەركىزى بوپتۇ، ئۆمرىنى ئىشق ئىمانىغا ۋە باشقىلارغا پايدىلىق ئىنسان بولۇشقا ئاتاپتۇ، نەگىلا بارسا ھەر بىر مەنزىلدىن ئاللاھنىڭ ئالامەتلىرىنى ئىزدەپتۇ.

كېيىن، ئىككى يىل ئاۋۋال، سالامەتلىكى ناچارلىشىشقا باشلاپتۇ. تۈرۈپ ـ تۈرۈپ ئېغىر چارچايدىغان بولۇپ قاپتۇ، قولتۇقىنىڭ ئاستىدا پەيدا بولغان ئىششىق بىر دەمدە ھەممىنى ئۆزگەرتىۋېتىپتۇ. ئەپسۇس، ئۇ بۇ كېسەلنى كېچىكىپ بايقاپتۇ. ئۇ ئىششىق تېرە راكىنىڭ بىر تۈرى بولغان مالىن مېلانوم كېسىلى ئىكەن. دوختۇرلار خېلى ئۇزاققىچە ئېنىق دىياگنوز قويماي، ئۇنىڭ يامراش دەرىجىسىنى بىلىش ئۈچۈن قايتا ـ قايتا تەكشۈرۈپتۇ. ئەڭ ئاخىردا تەكشۈرۈش نەتىجىسى چىققاندا مەلۇم بوپتۇكى، ئىش چاتاقكەن: مېلانوم ئىچ ئەزالارغا تاراپ، جىگەرنى قاپلاپ كېتىپتۇ.

ئۇ چاغدا ئەزىز 52 ياشتا ئىكەن، دوختۇرلار ئۇنىڭغا "55 ياشقا بارالماسلىقىڭ مۇمكىن، شۇنىڭغا كۆرە تەييارلىق قىل" دەپتۇ.

شۇنداق قىلىپ ئۇ ھاياتىنىڭ تېخىمۇ مول سەھىپىلىرىنى ئېچىش ئۈچۈن ئاتلىنىپتۇ. ئۇنىڭ تېخى كۆرىدىغان يەرلىرى بار ئىدى، شۇڭا جاھانكەزدىلىكىنى توختىتىپ قويماي بەلكى ھەر ۋاقىتتىكىدىنمۇ كۆپ سەپەر قىلىپتۇ. دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى ئالاقىلىرىدىن پايدىلىنىپ، ئامېستىردامدا بىر سوپىزم ۋەقپى قۇرۇپتۇ. ھىندونېزىيە، پاكىستان، مىسىردا سوپى مۇزىكانتلار بىلەن كېچىلىك ئۆتكۈزۈپتۇ، ھەتتا ئىسپانىيە ۋە كوردوۋادا يەھۇدى ۋە مۇسۇلمان دىندارلار بىلەن بىرلىشىپ بىر پىلاستىنكا چىقىرىپتۇ. ماراكەشكە قايتىپ بېرىپ سوپىلار بىلەن تۇنجى قېتىم تونۇشقان تەكيەخانىنى زىيارەت قىلىپتۇ، بابا سەمەدنىڭ

تۇپراق بېشىغا بېرىپ دۇئا قىلىپ، ئۇزاق خىيالغا چۆكۈپتۇ، ئۇنىڭ ئۆز هاياتىدا بۇرۇلۇش ياسىغانلىقىنى مىننەتدارلىق بىلەن ئەسلەپتۇ.

ئاخىردا، دائىم يازاي دەپ ئەتىگە كېچىكتۈرۈپ كەلگەن رومانىمنى يېزىشقا باشلىدىم،ـ دېدى ئەزىز كۆزىنى چىمچىقلىتىپ قويۇپ،ـ بۇ خېلى بۇرۇنلا پىلانلىغان ئىشىم ئىدى، رومانىمغا "ئىشق شەرىئىتى" دەپ ئىسىم قويۇپ، كونۋېرتقا سېلىپ، ئامېرىكىدىكى بىر داڭلىق نەشرىياتقا يوللىدىم. كۆپ نەرسىنى ئۈمىد قىلمايتتىم، ئەمما هەر خىل ئېهتىماللىقنى ئويلاپ قويغانىدىم. بىر هەپتىدىن كېيىن بوستوندىن ناتونۇش بىر ئايالدىن قىزىقارلىق ئېلخەت تاپشۇرۇۋالدىم.

ئېللا ئىختىيارسىز كۈلۈمسىرىدى.

— شۇ كۈندىن باشلاپ هەممە ئىش ئۆزگىرىپ كەتتى،ـ دېدى ئەزىز.

ئۆلۈمگە تەييارلىنىۋاتقان بىر ئىنسان توساتتىن ئىشق-سەۋداغا دۇم چۈشكەن ئىنسانغا ئايلانغانىدى؛ جايلاشتۇرۇپ بولغان نەرسىلىرىنى قايتا كۆزدىن كەچۈرۈشى كېرەك ئىدى. ئېتىقاد، ئىشق، ئارزۇ، ئۆلۈم ۋەهىمىسى، ئەبەدىيلىك ئارزۇسى، ئائىلە، ئىللىق ئۇۋا، هەسرەت، سائادەت... دېگەندەك ئۇقۇملارنى يېڭىۋاشتىن ئويلىمىسا بولمايتتى. بۈگۈن ئۆلۈپ كېتىمەن دېسىمۇ، ئەمما دەرهال ئۆلۈپ كېتىشنى خالىمايتتى.

ئۇ ئۆمرىنىڭ بۇ ئاخىرقى ۋاقىتلىرىنى «سوپى» سۆزىدىكى «ئى» هەرپى بىلەن تونۇشۇش مەزگىلى دەپ ئاتىدى. بەلكى بۇ ئەڭ قىيىن مەزگىل ئىدى، چۈنكى ئۇ هېساب-كىتابلىرىنىڭ هەممىسىنى تۈگەتتىم، مەنىۋى جەهەتتە پىشىپ يېتىلدىم دەپ ئويلىغان بۇ باسقۇچتا، تۇنجى قېتىم ئىككىلىنىۋاتاتتى.

— سوپىلىقتا ئۆلۈمدىن ئاۋۋال ئۆلۈشنى ئۆگەندىم، مەقاملاردىن بىر-بىرلەپ هالقىدىم، بۇ يولنى قانداق چۈشەنگەن بولسام شۇ بويىچە ياشاشقا تىرىشتىم. هەممە ئىشىمنى هەل قىلىپ بولدۇم دەپ يۈرسەم، سەن ئاسماندىن چۈشكەندەك پەيدا بولدۇڭ. تۇنجى خېتىڭدىن كېيىن هەممە ئىش شۇنچىلىك تېز تەرەققىي قىلدىكى، «ئېللا نېمە يازدىكىن» دەپ هەر كۈنى قاراپ ئولتۇرىدىغان بولدۇم. شۇنداق قىلىپ، پۈتۈن هاياتىم ساڭا سۆزلەپ بېرىش ئىمنى ساقلاپ تۇرغان بىر هېكايە بولدى، شۇنداقلا سېنى بەكرەك چۈشەنگىم كېلىۋاتقانلىقىنى هېس قىلدىم، سەن بىلەن كۆپرەك بىللە ياشىشىم كېرەك ئىدى، ئەمما ماڭا بېرىلگەن ئۆمۈر بەك قىسقىدەك تۇيۇلدى، يەتمىدى. شۇ تاپتا ئۆزەم تەسلىم بولغان ئاللاهقا ئىسيان كۆتۈرۈش نۇقتىسىغا بېرىپ قالدىم...

— كېسەلىڭدىن... بىللە غالىپ كېلىمىز...ـ دېدى ئېللا قايغۇلۇق پىچىرلاپ.

— يەنە 16 ئاي قالدى، ـ دېدى ئەزىز،ـ دوختۇرلار شۇنداق دەۋاتىدۇ. بەلكىم خاتالىشىۋاتىدۇ. بۇنى بىلمەيمەن. مانا ھازىر كۆرگىنىڭدەك، ساقا بىرەلەيدىغان بىردىنبىر نەرسەم دەل بىز ياشاۋاتقان مۇشۇ پەيت! ئەسلىدىمۇ، بىركىم بىركىمگە بۇنىڭدىن باشقىسىنى ۋەدە قىلالمايدۇ. ئەمما دائىم بۇنى ئۇنتۇپ قالىمىز، كېلەچەككە ئائىت پىلانلارنى ئاڭلىغۇمىز كېلىدۇ.

ئېللا بېشىنى تۆۋەن سېلىپ پۇتىنىڭ ئۇچىغا قارىدى. ئۇڭ تەرىپى ئۆرۈلۈپ چۈشۈۋاتقان دەۋاتقاندا سول تەرىپى تۇتۇپ تۇرۇۋاتقاندەك، بىر يانغا قىيسىيىپ قالدى. ئاندىن يىغلاشقا باشلىدى.

— يىغلىمىغىن، مەنمۇ سېنىڭ مەن بىلەن بىللە ئامېرىكىدامغا بېرىشىڭنى ئارزۇ قىلىمەن، ساقا شەھىرىمنى كۆرسىتىمەن، بىللە جاھان كېزىمىز، بارالىغان يېرىمىزگىچىلىك بارىمىز. يېڭى ئىنسانلار بىلەن تونۇشساق، ئاللاھ ياراتقان كاتتا مۆجىزىلەرنى بىللە كۆرسەك دەيمەن.

ئېللا ئالدىغا پارقىراق، رەڭلىك ئويۇنچۇق قويۇلغان يىغلاڭغۇ بالىدەك، يىغىسىنى دەرھال توختىتىپ، بۇرنىنى تارتتى:

— مەنمۇ...مەنمۇ... بەك ئارزۇ قىلىمەن.

— ساقا بۇلارنى دېگۈم كەلمىدى،_ دېدى ئەزىز،ـ يېقىنچىلىق قىلىش ئەمەس، سېنىڭ قولۇڭنى تۇتۇشىمۇ ئېغىر كەلدى. سەن تۇرمۇشنى دائىم كېلەچەك خىياللىرى ئۈستىگە قۇرىسەن، پىلان ۋە كۈنتەرتىپلەرنى بېكىتىسەن. سەندەك بىر ئىنسانغا « بولدى، ھەممە ئىشىڭنى قويۇپ مەن بىلەن ماڭ، ئەتە مەن يېنىڭدا يوق» دېيىش بەك تەس كەلدى.

ئېللا بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ، ئۇ رېئاللىقنى ئەمدى كۆرۈۋاتقاندەك جىددىيلىشىپ كەتتى:

— ئۇغۇ شۇنداق، لېكىن ئۆزەڭنى نېمىشقا بۇنداق تاشلىۋېتىدىغانلىقىڭنى چۈشەنمەيۋاتىمەن. راك كېسەلى بىلەن كۈرەش قىلىسەن، مەن ئۈچۈن بولسىمۇ شۇنداق قىلىسەن، بىز ئۈچۈن بولسىمۇ...

— تېخىمۇ ئۇزاق، ساغلام ياشاش ئۈچۈن قولۇمدىن كېلىشىچە تىرىشىمەن، ئەمما راك كېسەلى بىلەن كۈرەش قىلمايمەن،ـ دېدى ئەزىز.

— چۈشەنمەيۋاتىمەن، ئۇزاقراق ياشىغۇڭ يوقمۇ؟ـ دېدى ئېللا.

__ ئەلۋەتتە ياشىغۇم بار، ئەمما باشقىچە ياشىغۇم بار، ـ دېدى ئەزىز، ـ بىز ھەممە نەرسە بىلەن كۈرەش قىلىۋاتىمىز، تېررورلۇق، نامراتلىق، پۇل پاخاللىقى، ئەيدىز، راك، پارىخورلۇق، ھەتتا سېمىزلىك بىلەن كۈرەش قىلىۋاتىمىز... كۈرەش قىلىشتىن باشقا ئۇسۇل يوقمۇ؟

ئېللا جىلە بولۇپ گەپ ياندۇردى:

__ مەن سەندەك سوپى ئەمەس!

شۇئان ئۇنىڭ كاللىسىدا نۇرغۇن خىيال ۋە ئەسلىمىلەر پەيدا بولدى: دادىسىنىڭ ئۆلۈۋېلىشى تۇپەيلىدىن باش كۆتۈرۈپ يۈرەلمەسلىكى، قېقىلىپ ـ سوقۇلۇپ ئۆتكەن بالىلىقى، ۋىجدان ئازابى، گۇناھكارلىق تۇيغۇسى، بەختلىك ئائىلە قۇرۇش پىلانلىرى... مانا بۇ دەرتلەرنىڭ ھەممىسى بىر دەمدە ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا كېلىۋالدى.

__ سوپى ئەمەسلىكىڭنى بىلىمەن، ـ دېدى ئەزىز كۈلۈمسىرەپ، ـ سوپى بولمىساڭمۇ بولىدۇ، سەن پەقەت رومىدەك شائىر بولساڭلا بولىدۇ.

__ نېمە دېمەكچى؟ ـ دەپ سورىدى ئېللا كۆزىنى چىمچىقلىتىپ.

__ بىر چاغدا مەندىن، سەن شەمسمۇ؟ دەپ سورىغانىدىڭ. بۇ گەپ ماڭا خوشياقىدۇ، ئەمما مەن شەمس بولالمايمەن، ئۇنىڭغا چامىم يەتمەيدۇ. ئەمما سەن رومى بولالايسەن، ئىشق ـ مۇھەببەت تولا سۆزلىنىپ قۇرۇق گەپكە ئايلىنىپ قالدى، ئەمما سەن بۇ مەۋجۇتلۇقۇڭ ئارقىلىق يېڭىدىن ئىشق پەيدا قىلالايسەن.

__ مەن شائىر ئەمەس، ـ دېدى ئېللا چۈشكۈن ئاھاڭدا.

__ رومىمۇ شائىر ئەمەس ئىدى، ئەمما ئاخىر شۇنداق بولدى.

__ بىلەمسەن ئەزىز؟ مەن ئۆي ئايالى، ئۈچ بالىنىڭ ئانىسى، مېنى ئۇنداق ئاشۇرۇۋەتمە.

__ ئۆزەڭگە ئىشەنمەيۋاتىسەن، ـ دېدى ئەزىز ئاۋازىنى پەسلىتىپ، ـ ھەممىمىز ئۆزىمىزنىڭ ئوي ـ خىيالىدىن ئىبارەت. ئۆزىمىزنى ئۆزگەرتىشكە، يېڭىلاشقا جاسارىتىمىز بارمۇ ـ يوق؟ مۇھىمى شۇ، ئەگەر بۇ مۇھەببەتكە ئىشەنسەك يولىمىزنى داۋاملاشتۇرالايمىز، ئاخىرقى كۈنلەردە كونياغا بىللە بارىمىز، مەن شۇ يەرگە دەپنە قىلىنسام دەيمەن.

__ بۇنداق گەپ قىلما، ـ دېدى ئېللا.

ئەزىز بېشىنى ئەگدى، چىرايىدا باشقىچە ئالامەت پەيدا بولدى، ئوبدان ئويلىنىپ ئاندىن سۆزىنى داۋاملىدى:

— بەلكىم بۇ يەردىن چىقىپ ئۆيۈڭگە بېرىپلا بۇ تەكلىپنى ئۇنتۇپ كېتەرسەن، ئۆيۈڭ ۋە بالىلىرىڭ ئۈچۈن ياشارسەن. ئەمما مەن سېنى داۋاملىق ياخشى كۆرىمەن.

ھاراقكەش سۇلايمان
كونيا، 1247-يىل 12-ئاي

بېشىمنى شىرەگە قويۇپ ئۇخلاپ قاپتىمەن، قاباھەتلىك چۈش كۆرۈۋاتاتتىم. بىر يوغان تۆگە غەزەبلىنىپ مېنى كوچىدا قوغلاۋاتاتتى. بۇ مەخلۇقنىڭ قانداق ئاچچىقىنى كەلتۈرۈپ قويغاندىمەن دەپ جېنىمنىڭ بارىچە قاچتىم، دۇكانلارنى ئۆرۈپ تاشلاپ، مېۋە-چېۋىلەرنى دەسسەپ ئېزىپ، مىڭ تەسلىكتە ئارا يولغا كىرىۋالدىم. ئەمما بۇ خالتا كوچا ئىكەن، ئۇ يەردە يوغان بىر توخۇمنى كۆردۈم، شۇ چاغدا بۇ توخۇم يېرىلىپ، ئىچىدىن ناھايىتى سەت قۇش بالىسى ئۇچۇپ چىقتى. بۇ يەردىن كېتەي دەپ تۇراتتىم، ئاسماندا تۇيۇقسىز ئانا قۇش پەيدا بولۇپ، بالامنىڭ سەتلىكىگە سەن سەۋەبچى دەۋاتقاندەك ماڭا ئۆتكۈر كۆزلىرىنى تىكتى؛ خەنجەردەك پەنجىسىنى ئېچىپ ماڭا ئېتىلاي دەپ تۇراتتى، قورقۇپ تەرلەپ ئويغىنىپ كەتتىم.

قارىسام، مەيخانىدا، دېرىزىنىڭ يېنىدىكى شىرەدە ئۇخلاپ قاپتىمەن، ئاغزىم داتلىشىپ كەتكەن مىقنى يالىغاندەك تەمسىز بولۇپ، ئۇسسۇزلۇقتىن تىلىم تاڭلىيىمغا چاپلىشىپ قالغانىدى. قوپاي دېسەمۇ قولۇمنى مىدىرلىتالمىدىم، مۇشۇ پېتى يېتىپ مەيخانىنىڭ تونۇش ئاۋازلىرىنى ئاڭلاشقا باشلىدىم.

شۇ ئەسنادا ياندىكى شىرەدىن كېلىۋاتقان پىچىرلاشلارغا قۇلاق سالدىم، ئۇ يەردە قىزغىن تالاش-تارتىش داۋام قىلىۋاتاتتى، ئاندىن ئۇ يەردىن قورقۇنچلۇق بىر سۆزنى ئاڭلاپ قالدىم: جىنايەت.

بۇلار سۆزلەپ قالغان مەستلەر دەپ ئويلاپ باشتا كارىم بولمىدى، مەيخانىدا ھەر خىل پاراڭلار بولاتتى، ھەر كىم ئاغزىغا كەلگەننى جۆيلۈپ باقاتتى. ئەمما بۇ ئادەملەرنىڭ پاراڭلىشىشى ئۇنىڭغا ئوخشىمايتتى. ئۇلارنىڭ ئەستايىدىل پاراڭلىشىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىپ، بەدەنلىرىم تىكەنلىشىپ كەتتى. ئەمما ئاساسلىقى، ئۇلارنىڭ كىمنى ئۆلتۈرمەكچى بولۇۋاتقىنىنى ئاڭلاپ چۆچۈپ كەتتىم: شەمس تەبرىزى!

ئۇلار ئورنىدىن قوپقىچە ئۇخلىغان بولۇپ يېتىۋالدىم. ئۇلار كەتكەن هامان ئورنۇمدىن چاچراپ تۇرۇپ «خىرىستوس، بۇ ياققا كەل! تېز بول!» دەپ ۋاقىرىدىم.

— يەنە نېمە بولدى سۇلايمان؟ - دەپ يۈگۈرۈپ كەلدى خىرىستوس، - بىرەر ئىش بولدىمۇ؟

ئەمما گەپلەر بوغۇزۇمغا كەپلىشىپ قالدى، هېچنېمە دېيەلمىدىم. تۇرۇپلا هەممە ئادەمدىن گۇمانلىنىشقا باشلىدىم، شەمسكە توزاق قۇرغانلار ئىچىدە بۇلارمۇ بولسىچۇ؟ هەممىسى سۇيقەستكە قاتناشقان بولۇشىمۇ مۇمكىن. ئاغزىمنى يۇمۇپ، كۆزۈمنى چوڭ ئېچىشىم كېرەك ئىدى.

— هېچ ئىش يوق! قورساق ئاچتى، - دېدىم، - ئۆپكە - زاسۋي شورپىسى كەلتۈر، سامساقنى جىق سالسۇن، مەستلىكتىن يېشىلىشىم كېرەك.

خىرىستوس ماڭا ئەجەبلىنىپ قاراپ قويدى، ئەمما بۇنداق غەلىتە ئىشلىرىمغا كۆنۈپ كەتكەچكە هېچنېمە دېمىدى. بىر قانچە مىنۇتتىن كېيىن هورى چىقىپ تۇرغان بىر قاچا شورپىنى ئالدىمغا قويدى، ئاغزىم كۆيگەنگە قارىماي ئالدىراپ ئىچتىم، مەستلىكىم يېشىلگەندە شەمسنى ئاگاهلاندۇرۇش ئۈچۈن كوچىغا پىقىراپ چىقىپ كەتتىم.

باشتا رۇمىنىڭ ئۆيىگە بارسام، شەمس يوقكەن، ئاندىن جامە، مەدرىس، چايخانا، ناۋايخانا، هامماملارغا قاراپ باقتىم. هۈنەرۋەنلەر كوچىسىدىكى هەر بىر دۇكان، ئامبار ۋە قازناقلارنى يوقلىدىم، هەتتا شەمس سېھىر ئىشلىتىش، پال ئاچقۇزۇش ئۈچۈن كەلىدىكەن دەپ خارابىلىكتە ياشايدىغان يۈز ئەللىك ياشلىق سىگان ئەر - ئايالنىڭ يېنىغا باردىم، هەممە يەرنى ئىزدىدىم، كىشىلەردىن سوراپ باقتىم. ئىچىمگە بىر قورقۇنچ كىرىۋالدى، مەن كېچىكىپ قېلىپ، ئۇنى ئالىلقاچان ئۆلتۈرۈۋەتكەن بولسىچۇ؟

بىر نەچچە سائەتتىن كېيىن هارغىن، پەرىشان هالدا يەنە مەيخانىغا قاراپ ماڭدىم، بىر دوقمۇشتىن بۇرۇلۇپلا شەمس بىلەن دوقۇرۇشۇپ قالدىم.

— هوي، كىمۇ بۇ، مەرهابا سۇلايمان، نەگە ماڭدىڭ بۇنچە ئالدىراپ؟ - دېدى شەمس گەپ ئېتىپ.

— شۈكرى ئاللاھ، ئاخىر سېنى تاپتىم! هايات تۇرۇپسەن! ئاللاهقا مىڭ شۈكرى! - دېدىم - دە، ئۆزەمنى تۇتۇۋالالماي ئۇنى قۇچاقلىدىم.

شەمس مەندىن ئاجرىغان هامان قاقاخلاپ كۈلۈۋەتتى، كەيپى جايىدا ئىدى:

— ئەلۋەتتە هايات تۇرىمەن - دە! ياكى مېنى ئەرۋاھ دەپ قالدىڭمۇ؟

زورىغا كۆلۈمسىرىدىم.

شەمسنىڭ كۆزلىرىدە شۈبھە پەيدا بولدى:

— بۇرادىرىم، نېمە بولدى؟ ئىشلار جايىدىمۇ؟

دېمىم كېسىلدى، ماڭا ئىشەنمەي قالسىچۇ؟ ياكى مېنى مەست، قالايمىقان خىيال سۈرىدۇ دەپ ئويلاپ قالسىچۇ؟ بەلكى شۇنداق بولاتتى. ھەتتا مەنمۇ ئويلىغانلىرىمنىڭ توغرىلىقىدىن گۇمانلىنىۋاتاتتىم، ئاخىر ئۇ گەپنى دېيىش قارارىغا كەلدىم.

— ئۇلار سېنى ئۆلتۈرمەكچى، - دېدىم، - كىم ئىكەنلىكلىرىنى بىلمەيمەن. ئۇخلاۋاتاتتىم، ئەمما بۇ چۈشۈم ئەمەس. ئۇ ئىشنى چۈشۈمدە كۆرمىدىم. مەستمۇ ئەمەس ئىدىم، بىر نەچچە قەدەھ ئىچىپلا ئوڭدا چۈشۈپتىمەن، ئەمما...

شەمس قولىنى مۈرەمگە قويدى:

— ئۆزەڭنى بېسىۋال سۇلايمان، كۆڭلۈڭنى چۈشەندىم، ئۇنىڭدىن ئەنسىرىمە.

— راست چۈشەندىڭمۇ؟ - دەپ سورىدىم ھەيرانلىق بىلەن، مەن جېنىمدا ئۆزەمنى چۈشەنمەيۋاتسام ئۇ نېمىنى چۈشەنگەندۇ؟

— شۇنداق، ئەمدى مەيخانىگە قايت، مەندىن غەم قىلما.

— ياق، ياق! مەن ھېچنەگە بارمايمەن، سەنمۇ ھېچنەگە كەتمەيسەن، - دېدىم ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلىماي، - ماڭا قارا، بۇ گۇيلار چاقچاق قىلمايۋاتىدۇ، ئۆزەڭگە پەخەس بول. رۇمىنىڭ ئۆيىگە بارما، چۈنكى ئۇلار باشتا شۇ يەرگە بارىدۇ.

شەمس جىمىپ كەتتى.

— مېنىڭ ئۆيۈمگە كەل، ئۆي كىچىك، بىر ئاز سىقىلىپ قالىسەن، ئەمما مەيلى دېسەڭ كەل، كېتىمەن دېگىچە تۇرۇپ قال.

— رەھمەت، مېنى خىجىل قىلىۋاتىسەن، - دېدى شەمس، - ئەمما ھەممە ئىش ئاللاھنىڭ ئىرادىسى بىلەن بولىدۇ. بۇمۇ نىزاملاردىن بىرى.

ئوتتۇز ئالتىنچى نىزام: ھىيلە-مىكىردىن ئەنسىرىمە. ئەگەر بىر كىم ساڭا تۇزاق قۇرۇپ، زىيانكەشلىك قىلماقچى بولسا، ئاللاھمۇ ئۇلارغا تۇزاق قۇرىدۇ. كىشىگە ئورا كولىغانلار بۇ ئورىغا ئۆز چۈشىدۇ. بۇ قانۇنىيەت بىرگە بىر نىزامى بويىچە ماڭىدۇ. بىر زەررە ياخشىلىق قىلساڭ ئۇنىڭ مۇكاپاتىنى كۆرىسەن، بىر زەررە يامانلىق قىلساڭ ئۇنىڭ جازاسىنى تارتىسەن. ئاللاھنىڭ بۇيرۇقىسىز قىل تەۋرىمەيدۇ، سەن پەقەت مۇشۇنىڭغا ئىشەن!

شەمس بۇنى دەپ بولۇپ ماڭا قاراپ كۆزىنى قىسىپ قويدى ۋە مېنى قۇچاقلىدى. مەن بىلەن ۋىدالىشىۋاتقاندەك قىلاتتى، ئۇنى توسۇپ قالالمىدىم.

ئۇ كەينىگە بۇرۇلۇپ، رۇمىنىڭ ئۆيىگە بارىدىغان پاتقاقلىق كوچىغا كىرىپ كەتتى. ئارقىسىدىن قاراپ قالدىم. بەدىنىمگە غەلىتە تىترەك ئولاشتى. مەن، كونىيالىق هاراقكەش سۇلايمان نەچچە كۈن ئاغزىمغا بىر تېمىم هاراق ئالماي تۇرۇپ مەست بولۇپ كەتكەندەك، دىر-دىر تىترەشكە باشلىدىم.

قاتىل

كونيا، 1247-يىل 12-ئاينىڭ 8-كۈنى، پەيشەنبە

ئۇلارغا، مېنىڭ بىلەن بىللە بارماڭلار، دېدىم. خېرىدارلىرىم ئىشىمغا ئارىلىشىۋالسا دىققىتىم بوزۇلىدۇ دەپ ئۇلارنى قورقۇتتۇم. ئەمما ئۇلار جاھىللىق قىلىپ تۇرۇۋالدى. «بۇ دەرۋىشنى سەن بىلمەيسەن، ئۇنىڭ ئالاهىدە ئىقتىدارلىرى بار، ئۇنىڭ ئۆلگىنىنى ئۆز كۆزىمىز بىلەن كۆرمىسەك بولمايدۇ، بولمىسا بۇ ئىشنى قىلمايمىز» دېيىشتى.

— بوپتۇ ئەمىسە، - دېدىم پەسكويغا چۈشۈپ، - ئەمما مەن ئىشىمنى تۈگەتكىچە كۆزۈمگە كۆرۈنمەڭلار.

ئۇلار بېشىنى لىڭشىتتى، بۇلار جەمئىي ئۈچ كىشى بولۇپ، ئىككىسىنى تۈنجى قېتىم كۆرۈشكەندە كۆرگەن، ئۈچىنچىسىنىڭ ئاۋازىدىن ئۇنىڭمۇ شۇ ئىككىسىدەكلا ياش ۋە سەپرا ئىكەنلىكىنى هېس قىلدىم. مېنى تونۇۋالمىسۇن دېگەندەك، هەممىسى يۈزىگە قارا رەخت ئورىۋالغانىدى.

قاراڭغۇ چۈشكەندىن كېيىن رۇمىنىڭ ئۆيىگە باردىم، كېسەك تامدىن ئارتىلىپ هويلىغا چۈشۈپ، چىتلاقنىڭ ئارقىسىغا يوشۇرۇندۇم. ئۇلار ماڭا باشتىلا ئەسكەرتىپ قويغانىدى: شەمس هەر كۈنى كېچىسى تاهارەت ئېلىشتىن ئاۋۋال چوقۇم هويلىغا كېلىپ، تەپەككۇر دەرياسىغا غەرق بولىمىش. مەن پەقەت ئۇنى ساقلاپ تۇرسالىلا بولىدىكەن.

توساتتىن سوغۇق شامال چىقتى، قىزىق ئىش! بۇ ئايدا بۇنداق شامال چىقمايتتى. قولۇمدىكى قىلىچ ئېغىرلىشىشقا باشلىدى، قىلىچ دەستىسىگە قۇيۇلغان مارجانلار مۇزدەك سوغۇق ئىدى. هەر ئېهتىمالغا قارشى قوينۇمغا غىلاپلىق خەنجەر سېلىۋالغانىدىم.

ئاسماندىكى ئاي غۇۋا يورۇپ تۇراتتى، يىراقتا بىر يەردە كېچىدە ھەرىكەتلىنىدىغان ھايۋانلار ھۇۋلىدى، بۇ سىرلىق، شۇم ئاۋازلار كەيپىمنى ئۇچۇردى. شۇئان غەلىتە بولۇپ قالدىم، ھەممە ئىشنى تاشلاپ بۇ نەس باسقان جايدىن كەتسەم بولغۇدەك دەپ ئويلىدىم.

ئەمما كەتمىدىم. ئارىدىن خېلى ۋاقىت ئۆتتى، كۆزۈمگە ئۇيقۇ ياماشتى، توختىماي ئەسنەشكە باشلىدىم. سوغۇق شامال كۈچەيگەنسېرى كاللامغا كۆڭۈلسىز خىياللار كىرىۋالدى. مەن ئۆلتۈرگەن ئادەملەرنىڭ چىرايى بېشىمدا تاپ يەۋاتقان قوزغۇنلاردەك ھالقا بولۇپ ئايلىنىشقا باشلىدى. ئۆزەمگە نېمە بولۇۋاتقىنىنى بىلەلمىدىم، رەھىمسىزلىكى بىلەن داڭ چىقارغان ئادەم ئىدىم، ئاسانلىقچە ھودۇقۇپ كەتمەيتتىم، يەنە كېلىپ، ئۆز ئۆتمۈشىنى ئەسلەپ ئولتۇرىدىغانلاردىن ئەمەستىم. كەيپىياتىم جايىغا چۈشسۇن دەپ بوش ئىسقىرتتىم، ئەمما بۇمۇ كار قىلمىغاندا ئۆيىنىڭ ئارقا ئىشىكىگە قاراپ پىچىرلىدىم:

— چىقە شەمس، مېنى بەك ساقلاتتىڭ، چىق ئەمدى ھويلىغا!

خۇددى مەن تىلىگەندەك، بىردىنلا يامغۇر يېغىپ كەتتى. ياغقاندىمۇ چىلەكلەپ سۇ قۇيغاندەك قاتتىق ياغدىكى، كوچىلار كۆزنى يۇمۇپ ئاچقىچە دەريا بولدى. تىزىمغىچە لايغا چۆكتۈم، ھەممە يېرىم ھۆل بولۇپ كەتتى.

— ۋاي كاساپەت!- دېدىم جىلە بولۇپ.

ۋاقىت پەقەت ئۆتمىدى، يامغۇر يا توختىمىدى، بۇ ئىشتىن ئەمدى ۋاز كېچەي دەپ تۇراتتىم، بىر شەپىنى ئاڭلاپ قالدىم. ھويلىدا بىرى بار ئىدى. تامنىڭ تۈۋىگە مۆكۈپ قارىسام، شەمسنىڭ نەق ئۆزى. قەندىل كۆتۈرۈپ، ماڭا ئۇدۇل قاراپ كەلدى، بىر نەچچە قەدەم مېڭىپ توختىدى.

— نېمانچە گۈزەل كېچە بۇ، شۇنداققۇ؟ - دېدى ئۇ گەپ سوراپ. بۇ ئادەم ئۆزىگە ئۆزى گەپ قىلىۋاتامدۇ ياكى يېنىدا بىرسى بارمۇ؟ كاللام ئېلىشىپ كەتتى. ياكى مەن بىلەن پاراڭلىشىۋاتامدۇ؟ بۇ يەردىلىكىمنى بىلىپ قالغانمىدۇ؟ شۇ ئەسنادا بىر نەرسىنى كۆرۈپ ھەيران قالدىم: بۇنچە كۈچلۈك شامالدا، شاقىراپ يېغىۋاتقان يامغۇردا ئۇنىڭ قولىدىكى شام نېمىشقا ئۆچۈپ قالمايدۇ؟ پۈتۈن بەدىنىم تىترەپ كەتتى.

شەمسكە ئائىت ئەپسانىلەر كاللامغا كەلدى، كىشىلەر ئۇنى ئۇستا داخان، سېھىرگەر دەپ يۈرەتتى. ئىلگىرى بۇنداق گەپلەرگە ئىشەنمەيتتىم، ئەمما ھازىر ئۇنىڭ بۇ يامغۇردا كۆيۈۋاتقان شامنى كۆتۈرۈۋالغانلىقىنى كۆرۈپ، پۈتۈمدا جان قالمىدى.

— يىللار ئاۋۋال تەبرىزدە ئەبۇ بەكرى ئىسىملىك بىر ئۇستازىم بولىدىغان،- دېدى شەمس،- ئېسىل زات ئىدى، ماڭا ھەر ئىشنىڭ بىر ۋاقتى بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن. بۇمۇ ئاخىرقى نىزاملاردىن بىرى.

ئۇ قايسى نىزاملارنىڭ گېپىنى قىلىۋاتىدۇ، ياكى چۈشىنىكسىز پاراڭلار بىلەن مېنى قورقۇتمەن دەۋاتامدۇ؟ بىر قارارغا كېلىشىم كېرەك ئىدى. يا تامنىڭ تۈۋىدىن ئېتىلىپ بېرىپ قىلىچ ئۇراتتىم ياكى بۇ يەردە يوشۇرۇنۇپ مۇۋاپىق پەيتنى كۈتۈپ تۇراتتىم. ئەمما شەمس زادىلا ئارقىسىغا بۇرۇلمىدى، يەنە كېلىپ، ئۇ مېنىڭ بۇ يەردىلىكىمنى بىلگەن بولسا، نېمىشقا يوشۇرۇنۇپ يۈرەي؟

مەن بىر قارارغا كېلىپ بولغىچە، باغ تېمىنىڭ تۈۋىدە كۆلەڭگىلەر پەيدا بولدى، سانىسام ئالتە كىشىكەن. مېنى نېمىشقا شەمسنى تېخىچە ئۆلتۈرمەيدۇ دەپ ئويلاپ ياردەمگە كەلگەن بولسا كېرەك. بۇ چاغدا شەمس ھېچنېمىنى تۇيمىغاندەك سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

ئوتتۇز يەتتىنچى نىزام: پەرۋەردىگار قىلنى قىرىققا يارىدىغان چېۋەر سائەتچىدۇر. ئۇنىڭ ۋاقتى شۇ قەدەر توغرىكى، ئۇنىڭ سايىسىدە ھەممە ئىش دەل ۋاقتىدا يۈز بېرىدۇ، بىر سېكونت ئالدىغا ياكى بىر سېكونت كەينىگە سۈرۈلمەيدۇ. ھەر بىر ئىنسانىنىڭ ئاشىق بولىدىغان ۋە ئۆلىدىغان ۋاقتى بولىدۇ.

بۇ چاغدا بۇ دەرۋىشنىڭ باياتىن بېرى مەن بىلەن پاراڭلىشىۋاتقانلىقىنى بىلدىم. ئۇ مېنىڭ بۇ يەردىلىكىمنى بىلەتتى، يەنە كېلىپ، ھويلىغا چىقىشتىن بۇرۇنلا بىلەتتى. يۈرىكىم دۈپۈلدەپ سوقۇشقا باشلىدى. ئەمدى يوشۇرۇنۇشنىڭ ئورنى قالمىغانىدى، ئورنۇمدىن قوپۇپ ئۇنىڭ ئالدىغا كەلدىم، قاتىل بىلەن مەقتۇل دەرقەمدە تۇرۇشتۇق. بۇ ھالەتنىڭ شۇنچە قورقۇنچلۇق بولۇشىغا قارىماي ئەتراپتا ناھايىتى ئارامبەخش كەيپىيات بار ئىدى. يامغۇر دەسلەپتە تۇيۇقسىز ياغقاندەك، ئەمدى تۇيۇقسىز توختىدى، ئەتراپ سۈكۈتكە چۆمدى.

قىلىچىمنى چىقىرىپ پۈتۈن كۈچۈم بىلەن شىلتىدىم. دەرۋىش شۇنچىلىك چاققان، تەمكىن ھالدا ئۆزىنى قاچۇرىۋىدى، ھودۇقۇپ كەتتىم. بىر نەچچە قېتىم قىلىچ شىلتىدىم، يەنە شۇنداق بولدى. ئاندىن بۇ قاراڭغۇلۇقتا توساتتىن پاتپاراقچىلىق بولۇپ كەتتى؛ مەن نېمە بولدىكىن دەپ بولغىچە، تام تۈۋىدىكى ئالتە ئادەم كالتەك، توقماقلىرى بىلەن ئۆزئارا سوقۇشۇپ كەتتى، كىم كىمنى ئۇرۇۋاتىدۇ، بىلەلمىدىم، توقماقلار سۇندى.

بىر چەتتە قاراپ تۇرۇپ قالدىم، جىنايەت ئۆتكۈزۈۋاتقاندا ھېچقاچان سىرتتىن قاراپ تۇرمايتتىم. ئۇ گۈيلارغا ئاچچىقىم كەلدى، شەمسنى تاشلاپ، ئۇلارنىڭ قېشىغا بېرىپ ئۇرۇپ كەتكۈدەك بولدۇم.
شۇ چاغدا ئۇلاردىن بىرسى ۋاقىراشقا باشلىدى:
__ قۇتقۇزۇڭلار! چاكال كافا، دەرھال ياردەم قىل، بولمىسا ھەممىمىزنى ئۆلتۈرىدۇ.
بۇ چاغدا بىر قارارغا كەلدىم، ئاۋۋال دەرۋىشنى تۇتۇپ، ئاندىن ئۇلارنىڭ ھېسابىنى بەرمەكچى بولۇپ، ئالدىمغا ئېتىلدىم، ئۇلار مەندىن مەدەت ئېلىپ ھۇجۇمغا ئۆتتى. ئالتە ئادەم بىر بولۇپ شەمسنى يەرگە يىقىتتۇق، خەنجىرىمنى سۇغۇرۇپلا ئۇنىڭ يۈرىكىگە تىقىۋەتتىم، ئۇ قاتتىق بىر چىقىردى، بەلكىم بۇ پەريادى شەھەرنىڭ ھەممە يېرىگە ئاڭلاندى. ئاندىن ئېغىر تىنىپ جىم بولدى.
ئۇنىڭ جەسىتىنى كۆتۈردۇق، قىزىق ئىش، ئۇنىڭ بەدىنى قۇرۇق تەمەچتەك، قاق بولۇپ كەتكەن مېۋىدەك شۇنچە يەڭگىل ئىدى. ئاندىن ئۇنى قۇدۇققا تاشلىدۇق، كەينىمىزگە بىر قەدەم چېكىنىپ، ئۇنىڭ سۇغا چۈشكەندىكى ئاۋازىنى ساقلىدۇق.
ئەمما ئۇ ئاۋاز كەلمىدى.
__ نېمە ئىش بۇ؟__ دېدى بىرسى،- سۇغا چۈشمىدىمۇ نېمە بۇ نائەھلى؟
__بۇنداقمۇ ئىش بولامدۇ؟- دېدى يەنە بىرى،- نېمىشقا چۈشمىسۇن؟
كۆزلىرىمىزنى بىر-بىرىمىزدىن قاچۇردۇق، ھەممەيلەننىڭ نېرۋىسىدىن چاتاق چىققانىدى.
__ قۇدۇق ئىچىدە ئىلمەك بولسا بەلكىم شۇ يەرگە ئىلىنىپ قالدى،- دېدى يەنە بىرى تەخمىن قىلىپ.
بۇ ئەڭ مۇۋاپىق چۈشەندۈرۈش ئىدى، ئىشەنگەن بولدۇق. بولمىسا، بۇنداق ئاۋاز چىقماسلىقنى ئۇنداق ئىلمەك-پىلمەك بىلەن چۈشەندۈرگىلى بولمايدىغانلىقىنى ھەممىمىز بىلەتتۇق. ئۇ يەردە گەپ-سۆز قىلىشماي قانچىلىك تۇرغىنىمىزنى بىلمەيمەن، تاڭ ئاقىرىشقا باشلىدى. بىر دەمدىن كېيىن ئۆينىڭ ئارقا ئىشىكى تۇيۇقسىز ئېچىلىپ، بىرسى تالاغا چىقتى. ئۇنىڭ مەۋلانا ئىكەنلىكىنى دەرھال تونۇدۇم.
__ نەدىسەن جان دوستۇم؟_ دېدى ئۇ ئەندىشە بىلەن،_ شەمس، جان جىگەر بۇرادىرىم، سەن ئۇ يەردىمۇ؟

ھەممىسى ھودۇقۇپ قېچىشتى، تامدىن بىر- بىرلەپ ئارتىلىپ سىرتقا ئۆزىنى ئېتىشتى. ئۇ يەردە بىر مىنۇتمۇ تۇرۇشقا بولمايدىغانلىقىنى بىلەتتىم، ئەمما ئىختىيارسىز كەينىمگە قارىدىم.

بۇ چاغدا مەۋلانانىڭ قۇدۇق تەرەپكە ماڭغانلىقىنى كۆردۇم، ئۇ قۇدۇققا ئېڭىشىپ بىر دەم قاراپ تۇردى، كۆزلىرى قاراڭغۇلۇقنى بارغانسېرى پەرق ئېتىۋاتسا كېرەك، ئېھتىمال بىر نەرسە كۆردى، ئاندىن كەينىگە چېكىنىپ، يەرگە تىزلىنىپ پەرياد ئۇرۇشقا باشلىدى.

— ئۆلتۈرۈشتى! شەمسنى ئۆلتۈرۈشتى!

تامدىن ئارتىلىپ چىقىپ كەتتىم، دەرۋىشنىڭ قېنى قالغان خەنجەرنى ئالالماي، دەرھال قاچتىم. شۇنىڭدىن تارتىپ بۇ كېچىنىڭ قاباھەتلىك ئەسلىمىسىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن يىلبويى توختىماي قاچىدىغانلىقىمنى نەدىن بىلەي.

ئېللا

بوستون، 2008 - يىل، 8 - ئاينىڭ 3 - كۈنى

بۈگۈن ئادەتتىكىچە بىر كۈن ئىدى، ئاستا ئۆتۈۋاتقان ئاۋغۇست ئېيىنىڭ بىر ئەتىگىنى ئېللا سەھەر قوپۇپ، ناشتىلىق ھازىرلىدى، ناشتىلىقتىن كېيىن ئېرىنى ئىشقا، بالىلىرىنى مەكتەپكە يولغا سالدى؛ ئاشخانىغا قايتىپ كىرىپ تائام رىسالىسىنى ئېچىپ، بۈگۈنكى تاماق تىزىملىكىنى تاللىدى.

قايماقلىق موگو شورپىسى

كۈنجۈت قوشۇلغان دېڭىز مەھسۇلاتلىرى سالاتاسى

ئارپا بەدىيان، قۇرۇتۇلغان شوخۇلا قوشۇلغان چىپار بېلىق

قاراكۆز بەدىيان قوشۇپ دۇملەنگەن گۈرۈچ

قىشلىق موگۇ قوشۇلغان تورت

بۇ تاماقلارنى ئېتىشكە كۆپ ۋاقتى كەتتى. ئىشى تۈگىگەندە ئەزىز مېھمانلىرىغا ساقلاپ قويغان چىرايلىق قاچا- قۇچىلىرىنى چىقاردى. تاماق شىرەسى ھازىرلاپ، رەختلەرنى قاتلاپ، گۈللەرنى تىزىپ قويدى. تاماقلارنىڭ كەچ سائەت 7 دىن بۇرۇن دۇملىنىپ بولۇشى ئۈچۈن ئوچاقنىڭ سائىتىنى 45 مىنۇتقا توغرىلاپ قويدى. بولكىلارنى قىزارتىپ، سالاتا قىيامىنى تەييارلىدى، ئاۋنىڭ كۆڭلىنى دەپ قايمىقىنى جىق قىلدى. شاملارنى يېقىپ قوياي دەپ ئويلاپ بۇنىڭدىن ۋاز كەچتى. ئەڭ ياخشىسى،

شىرەنى قول تەگمىگەن چىرايلىق رەسىمدەك مۇشۇنداق جىمجىت قويۇپ قويسا بولاتتى.

ئېللا رۇبېنستېين داستىخانغا ئاخىرقى قېتىم قاراپ قويدى، ئاندىن كېچىدىن تەييارلاپ قويغان ئىككى چامادانىنى ئېلىپ، ئۆيدىن چىقىپ كەتتى.

ئوتتۇز سەككىزىنچى نىزام: ھازىرقى ھاياتىمنى ئۆزگەرتىشكە، ئۆزەمنى يېڭىلاشقا تەييار بولدۇممۇ؟ دەپ سوراشقا ھەرگىز كېچىكمەيسىز. قانچە ياشقا كىرگەن بولۇڭ ياكى بېشىڭىزدىن نېمە ئىشلار ئۆتكەن بولسۇن، ئۆزىڭىزنى تامامەن يېڭىلىيالايسىز. ھەتتا بۈگۈنكى بىر كۈن تۈنۈگۈنىنىڭ ئەينەن تەكرارلىنىشى بولۇپ قالسا، ئېچىنىشلىق ئىش بولىدۇ. ھەر ئان، ھەر نەپەستە يېڭىلىنىپ تۇرۇش كېرەك. يېڭى ھاياتقا ئېرىشىش ئۈچۈن ئۆلۈمدىن ئاۋۋال ئۆلۈپ تۇرۇش كېرەك.

ئاللائىدىن

كونيا، 1247 ـ يىل 12 ـ ئاي

دادام بىلەن پاراڭلىشىشقا ئۇزاققىچە جۈرئەت قىلالمىدىم، بىر ئۆيگە بېكىنىپ، نەچچە ھەپتە ئوغرى چاشقاندەك يوشۇرۇنۇپ ياشىدىم. ئاخىر بىر كۈنى غەيرەتكە كېلىپ دادامنىڭ يېنىغا باردىم. ئۇ كۈتۈپخانىدا يالغۇز، شام يورۇقىدا جىمجىت ئولتۇراتتى.

— رۇخسەت قىلساڭ، پاراڭلاشساق بولامدۇ؟ ـ دەپ سورىدىم.

دادام خىيال دەرياسىدىن قىرغاققا چىقىش ئۈچۈن بېشىنى كۆتۈرگەندەك ماڭا ئاستا قاراپ قويدى، ئەمما بىر نەرسە دېمىدى.

— بىلىمەن، مېنىمۇ شەمسىنى ئۆلتۈرۈشكە قاتناشقان دەپ ئويلايسەن، ئەمما ساڭا كاپالەت بېرەلەيمەنكى...

دادام قولىنى كۆتۈرۈپ سۆزۈمنى بۆلدى:

— بولدى گەپ قىلما، سەندىن ھېچنېمە ئاڭلىغۇم يوق، ساڭا دەيدىغان گېپىممۇ يوق، ئەمدى ئارىمىزدا گەپ ئۈزۈلدى.

— ئەمما دادا، ماڭا ئۇۋال قىلىۋاتىسەن، رۇخسەت قىلساڭ، مەن چۈشەندۈرەي،ـ دېدىم تىترەپ تۇرۇپ،ـ قۇرئان تۇتۇپ قەسەم قىلاي، مەن قاتىللىق قىلمىدىم، ئەمما قاتىللارنى تونۇيمەن، مېنىڭ گۇناھسىزلىقىمغا ئىشەن...

— ئوغلۇم، ـ دېدى گويا بۇ سۆز ئۇنىڭ تىلىنى كۆيدۈرۈۋاتقاندەك چىرايىنى پۈرۈشتۈرۈپ، ـ مەن قاتىللىق قىلمىدىم دەيسەن، ئەمما تونۇگىنىڭ ياقىسىدا ئۇنىڭ قېنى بار.

چۆچۈپ كەتتىم، دەرھال تونۇمغا قارىدىم. بۇ قانداق گەپ؟ ئۇ ئاخشىمى چاچرىغان قاننىڭ ئىزى قالدىمۇ مەندە؟ رەختكە سىنچىلاپ قارىدىم، پاكىز ئىدى. بېشىمنى كۆتۈرۈپ قارىغىنىمدا دادام بىلەن كۆزۈم نەق ئۇچرىشىپ قالدى، شۇئان بۇنىڭ دادامنىڭ ماڭا قۇرغان ئەپچىل تۇزىقى ئىكەنلىكىنى بايقىدىم. ئۇستۇمدە قان دېغى بارمۇ نېمە دەپ ئىختىيارسىز قارىغان چېغىمدىلا دادامغا تۇتۇلۇپ قالغانىدىم.

* * *

راست، ئۇ ئاخشام مەيخانىدا جىنايەتنى پىلانلىغاندا مەنمۇ ئۆلارنىڭ يېنىدا ئىدىم، ھەممە ئىشتىن خەۋىرىم بار ئىدى. ھەتتا چاكال كافاغا شەمسىنىڭ كېچىدە ھويلىغا چىقىدىغانلىقىنى ئېيتقان مەن ئىدىم؛ جىنايەت كېچىسى باغنىڭ تېمىنىڭ ئارقىسىدا قاتىل بىلەن مەقتۇلنىڭ پاراڭلىرىنى ئاڭلاپ تۇرغان ئالتە كىشىنىڭ بىرى مەن ئىدىم؛ چاكال كافانىڭ ئىشىنىڭ تەسلىشىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ، ھويلىغا كىرىدىغان يولنى باشقىلارغا كۆرسەتكەن مەن ئىدىم، قىلغان ئىشىمنىڭ ھەممىسى شۇ. جېدەلگە ئارىلاشمىدىم، شەمسنى ئۆلتۈرۈشكە قاتناشقانلار ئارىسىغا كىرمىدىم، ئۇنى ئۆلتۈرگەن ئادەم باي بارس، ئىرشاد ۋە باشقىلار ئۇنىڭغا ياردەم قىلدى. بەلكىم ئۇلار مەقسەتتە يېتەلمەسلىكى، ئىشنى پۈتتۈرەلمەسلىكى مۇمكىن ئىدى، ئەمما ئۇلارنىڭ ئىشىنى چاكال كافا تاماملىدى.

شەمس بەزىدە چۈشۈمگە كىرىپ قالىدۇ، ھەر قېتىم ئوخشىمىغان شەكىلدە پەيدا بولىدۇ. بىر چۈشۈمدە ئۇنىڭ ئەرۋاھتەك ئايلىنىپ يۈرگەنلىكىنى، يەنە بىر چۈشۈمدە يېڭىدىن تۇغۇلغانلىقىنى، يەنە بىر چۈشۈمدە بولسا، قۇدۇقتىن چىقىۋاتقانلىقىنى كۆردۇم. ھەر قېتىم يۈرىكىم سىقىلىپ ئويغىنىپ كەتتىم.

ئۇ ئۆلدى، بىراق ئىزلىرى ھەممە يەردە. ساما، شېئىر، مۇزىكا، لەتىپە، كىنايە، ئىشق ۋە جەزبە... ئۇ ئۆلسىلا يوقىلىدۇ دەپ ئويلىغان بىر قاتار نەرسىلەر ئۆزىمىز تارتقان زىيانغا ئوخشاش بىز بىلەن قالدى. دادام نەگىلا قارىسا ئۇنى كۆرىدۇ. شەمس توغرا دېگەنىدى، كوزىلاردىن بىرى چېقىلغان ھامان باشقىلىرىمۇ تەڭ چېقىلدى.

دادام ئەزەلدىن رەھىمدىل ئادەم بولۇپ، مەيلى قايسى دىندىكى ئادەم بولسۇن، ئۇلارنى كەمسىتمەيتتى. شەمس ئۇنىڭ ھاياتىغا تەسىر كۆرسەتكەندىن كېيىن ئۇنىڭ مۇھەببەت دائىرىسى شۇنچىلىك كېڭىيىپ كەتتىكى، جەمئىيەتنىڭ ئەڭ تۆۋەن قاتلىمىدىكى كىشىلەرنى ـ ئۆي ـ ماكانسىزلارنى، سارائڭلارنى، پېسىلەرنى، ھاراقكەشلەرنى، پاھىشەلەرنى، تىلەمچىلەرنى، ئوغرىلارنى... ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان بولدى، ھەممىسىنى تەڭ كۆرۈپ، قەلبىگە سىغدۇرالايدىغان بولدى، ھەتتا شەمسنى ئۆلتۈرگەن قاتىللارنىمۇ كەچۈرۈۋەتكەن بولۇشى مۇمكىن، ئەمما ئۇ ياخشى كۆرمەيدىغان بىرلا ئىنسان بار، ئۇ بولسىمۇ مەن.

مەن دادامنىڭ ئۆز ئوغلى تۇرۇپ، ئۇنىڭ مۇھەببىتىگە داخىل بولالمىدىم.

سۇلتان ۋەلەد
كونيا، 1247 ـ يىل 2 ـ ئاي

دادام ئۇ قورقۇنچلۇق كېچىدىن كېيىن ئۆزگىرىپلا كەتتى. ئۇزاققىچە قايغۇرۇپ، دەرت ـ ئەلەمدىن ئەقلىنى يوقىتىپ قويىدىمىكىن دەپمۇ ئويلىدىم. بار ـ يوقىنى توختىماي تىلەمچىلەرگە، يېتىملەرگە، نامراتلارغا تارقىتىدۇ، نېمە ئىش قىلىۋاتىسىز دېسە، «ئىمرۇل قەيس» دېگەندىن باشقا گەپ قىلمايدۇ.

ئىمرۇل قەيس ناھايىتى باي، قۇدرەتلىك، كاتتا، قولىنى نەگە سۇنسا شۇ يەرگە يېتىدىغان ئەرەب پادىشاھى ئىكەن. يەنە كېلىپ خەلقى ئۇنى ناھايىتى ياخشى كۆرىدىكەن ۋە ھۆرمەتلەيدىكەن. ئەمما بىر كۈنى ئۇ تۇيۇقسىزلا ئوردا ـ تەختلىرىدىن ۋاز كېچىپ، بارلىق مال ـ مۈلكىنى ئالالاھ يولىدا سەدىقە قىلىۋېتىپ، ئۇچىسىغا جەندە كىيىپ، ھاسىسىنى ئېلىپ يۇرت ـ يۇرتلارنى كېزىدىغان دەرۋىش بولۇپ كېتىپتۇ.

مېنىڭ ئىچىمدىكى ھۆكۈمدارمۇ كەتتى، دەرۋىش بولۇپ مەن قالدىم، ـ دەيدۇ دادام، ـ شەمس يوق ئىكەن، مەنمۇ يوق. بۇنىڭدىن كېيىن خاتىپ، ئالىم، فەقىھ بولمايمەن.

ئۆتكەندە چىرايىدىن ھېيىلگەرلىكى چىقىپ تۇرىدىغان قىزىل چاچلىق بىر كاسىپ ئىشىكىمىزنى چېكىپ، ئۆزىنىڭ باغداتتىن كەلگەنلىكىنى ئېيتتى. شەمسنىڭ ئۆلۈپ كەتكەنلىكىنى ئاڭلىدىم، مەن ئۇنى بۇرۇنلا تونۇيمەن. ئۇنىڭ ياردەمچىسى، ئەڭ يېقىن ئادىمى ئىدىم،

دېدى. ئاندىن دادامغا بىر سىرنى ئېيتىپ بەرمەكچى بولغاندەك ئۇنىڭ قۇلىقىغا يېقىن كەلدى. شەمسنىڭ ھايات ئىكەنلىكىنى، ھازىر ھىندىستانلىقلار بىلەن ياناھلىنىپ تۇرۇۋاتقانلىقىنى، ئوتتۇرىغا چىقىش ئۈچۈن پۇرسەت كۈتۈۋاتقانلىقىنى ئېيتتى.

بۇ ئادەمنىڭ يالغانچىلىقى ئېنىق تۇرسىمۇ، دادام «بۇ خۇش خەۋەرنى يەتكۈزگىنىڭ ئۈچۈن مەندىن نېمە تەلەپ قىلساڭ قىل» دېمەسمۇ! بۇ كاسىپ ناھايىتى قاقۋاش ئىكەن، بىر زامانلاردا دەرۋىش بولۇشقا تەلپۈنگەن بولسىمۇ تۇرمۇشنىڭ ئۇنى باشقا يولغا مەجبۇرلىغانلىقىنى، رۇمىدەك مەشھۇر ئالىمنىڭ تونىغا ئېرىشسە تولىمۇ خۇشال بولىدىغانلىقىنى ئېيتتى. دادام ئۇنى ئاڭلاپلا ئالتۇن جىيەك تۇتۇلغان تونىنى سېلىپ ئۇنىڭغا بەردى.

ئۇ كەتكەن ھامان دادامغا دېدىم:

— دادام، بۇ ئادەم كۆزۈمگە پەقەت سىغمىدى، يالغان سۆزلىگىنى ئېنىق تۇرسا، نېمىشقا تونىڭىزنى ئۇنىڭغا بەردىڭىز؟

دادام پەرۋاسىز كۈلۈمسىرىدى:

— شەمس تېخى ئۆلمىدى دېدى ئەمەسمۇ، بۇنداق يالغانغا بىر تون بەرسەم ئارتۇق كېتەمدۇ؟ ئويلاپ باققىنا، ئەگەر ئۇنىڭ دېگەنلىرى راست بولسىدى، يەنى شەمس ھەقىقەتەن ھايات بولسىدى، ئۇ چاغدا تونۇمنى ئەمەس، جېنىمنى بېرەتتىم!

رۇمى

كونيا، 1260 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى

بۈگۈن شەمس بىلەن ھالقىچىخانا ئالدىدا كۆرۈشكىنىمىزگە 16 يىل بولغان كۈن. جامادىيەل ئەۋۋەلنىڭ بۇ كۈنلىرى ئېتىكاپتا ئولتۇرىمەن. ۋاقىت ئاستا ئۆتىدۇ، بوينۇمغا تۇگمەن تېشى ئېسىپ قويۇلغاندەك بولىمەن. قىرىق كۈن رىيازەت چېكىپ شەمسنىڭ نىزاملىرى ھەققىدە پىكىر يۈرگۈزىمەن، ھەر بىرىنى يادلاپ شۇ بويىچە ياشايمەن. روھىمنىڭ نۇر چۈشمەيدىغان قاراڭغۇ بۇلۇڭلىرىغا شەمس تەبرىزى نۇر چاچىدۇ، كۆلۈشلىرى شۇنچە پارلاق...

ياخشى كۆرگەن ئادىمىڭدىن ئايرىلغاندا تەڭ يېرىمىڭ ئۇنىڭ بىلەن تەڭ غايىب بولىدۇ، تاشلىۋېتىلگەن ئۆيدەك غېرىبسىنىپ قالىسەن، بىر يېرىڭ كەم قالىدۇ، مەرھۇمنىڭ ھەسرىتىنى ئىچىڭدە ساقلاپ يۈرۈيسەن.

بۇ شۇنداق ھەسرەتكى، ئاردىن شۇنچە ۋاقىت ئۆتسىمۇ سىنى ئازابلايدۇ: بۇ شۇنداق يۈرەك يارىسىكى، ياخشىلانغان چاغدا يەنە قاناپ كېتىدۇ. ئۆزەڭنى ئەمدى كۆلەلمەيدىغاندەك، بۇ دەردتىن ئەسلا قۇتۇلالمايدىغاندەك ھېس قىلىسەن. ئۆمرۈڭ خۇددى قاراڭغۇلۇقتا تىمىسقىلاپ ماڭغاندەك ئۆتۈپ كېتىۋېرىدۇ، ئالدىڭنى كۆرەلمەيسەن، نەگە مېڭىشىڭنى بىلمەيسەن، پەقەت مەشەدىن ئۆتۈۋالساڭلا بولدى... كۆڭۈل چىرىغىڭ ئۆچۈپ، زۇلمەتتە قالغىنىڭ ئېنىق. بىراق مۇشۇنداق پەيتلەردە ئىككى كۆز بىراقلا زۇلمەتتە قالغاندا ئىنساندا ئۈچىنچى كۆز، يۇمۇلمايدىغان بىر كۆز ئېچىلىدۇ. شۇ چاغدا بىلىسەنكى، بۇ دۇنيا مەڭگۈلۈك ئەمەس. خازان پەسلىدىن كېيىن باشقا مەۋسۇملەر، بۇ چۆلدىن ئۆتكەندىن كېيىن بوستانلىقلار ، بىر ھىجرانىڭ كەينىدىن ئەبەدىي بىر ۋىسال كېلىدۇ.

تۇنۇگۇن ئايرىلىپ قالغان يېقىن ئادىمىڭگە مەنۋى كۆزدە قارىغىنىڭدا ئۇنى ھەممە يەردە كۆرۈشكە باشلايسەن. دېڭىزغا چۈشكەن تامچە سۇدا، تولۇن ئاي بىلەن تەڭ ھەرىكەتلىنىۋاتقان دېڭىز دولقۇنلىرىدا، غۇر-غۇر شامالدا ئۇنى ئۇچرىتىسەن؛ قۇمغا سىزىلغان پال سىزىقىدىن، كۈن نۇرىدا چاقنىغان كىرىستالدىن، يېڭى تۇغۇلغان بوۋاقنىڭ تەبەسسۇمىدىن، بىلىكىڭدە سوقۇۋاتقان تومۇرىڭدىن ئۇنى كۆرىسەن. ھەممە يەردە، ھەممە نەرسىدە ئۇنى كۆرۈۋاتقان تۇرۇقلۇق، شەمسنى كەتتى دېيەلەيمەنمۇ؟

ئەڭ ئېغىر كۈنلىرىمدە ماڭا ئىككى كىشى ياردەم قىلدى: بىرى چوڭ ئوغلۇم، يەنە بىرى سالاھىدىن زەرقۇبى دەيدىغان بىر ۋەلى. سالاھىدىن تۆمۈر سوقۇۋاتقلىدا دۈكىنىدىن چىقىۋاتقان رىتىمنى ئاڭلاپ دۇنيانىڭ يۈرەك سوقۇشىنى تۇيغاندەك بولدۇم ۋە شۇ ھامان ساما ئويناپ، شەمس باشلىغان ئۇسسۇلنى ئەۋجىگە چىقاردىم. پەيتى كەلگەندە چوڭ ئوغلۇم سالاھىدىننىڭ چوڭ قىزى پاتىمە بىلەن توي قىلدى. ناھايىتى ئىشچان ۋە ئەقىللىق بولغان بۇ قىز ماڭا گۈزەللەر گۈزىلى كىميانى ئەسلىتىدۇ. كېيىنچە پاتىمە «ئوڭ كۆزۈم»، ئۇنىڭ سىڭلىسى ھەدىيە بولسا «سول كۆزۈم» بولدى. جامائەت ئىچىدە بىرەر ۋەزىپىنى ئورۇنلىشىم كېرەك بولغاندا، بۇ كۆزلەر ماڭا رەھبەر بولدى. قىزلار ئوغۇللاردەك ياخشى تالىپ بولالمايدۇ دەپ كىم دەيدۇ؟ سۆيۈملۈك كىميامۇ قىزلارنىڭ ئوقۇشتا مۇۋەپپەقىيەت قازىنالايدىغانلىقىنى ئىسپاتلىغانىدى. مەن ئۇنىڭ ھۆرمىتى يۈزىسىدىن پەقەت ئەرلەر ئۈچۈنلا ئەمەس، ئاياللار ئۈچۈنمۇ ساما ئۇيۇشتۇرىمەن ۋە سوپى ئاياللارغا بۇ ئادەتنى داۋاملاشتۇرۇشنى تەۋسىيە قىلىمەن. ھېچكىم ئاياللارنى ئەرلەردىن تۆۋەن ياكى ئاجىز دەپ ئويلاپ

قالمىسۇن. ئايرىمچىلىق قىلىپ، ئىنسانىنى بىر-بىرىدىن ئۈستۈن قويۇۋېلىش ئاللاھنىڭ ئەمرى ئەمەس، بەلكى بىز خەقنىڭ ئىشىدۇر.

تۆت يىل ئاۋۋال «مەسنەۋى»نى يېزىشقا باشلىدىم، توغرىراقى، مەسنەۋى ئۆزىنى ئۆزى يېزىشقا باشلىدى. تۇنجى مىسرانىڭ كاللامغا كېلىشىنى ئۇنۇتالمايمەن، ئۇپۇق قىزارغان ۋاقىت ئىدى، كۈن نۇرى قاراڭغۇلۇقنى يارغاندا سۆزلەر ئىختىيارسىز، گويا ماڭا قارشى ھالدا ئاغزىمدىن تۆكۈلۈپ چۈشتى. نېمىنى سۆزلەۋاتىمەن، نېمىشقا سۆزلەۋاتىمەن بىلمەيلا شېئىر يازدىم بۇ سەھەر. ئۇنىڭدىن كېيىن مىسرالار قاتار تىزىلىپ كېلىشكە باشلىدى. شېئىرلار بۇلاق سۈيى ئىزدەۋاتقان قۇشلار توپىدەك تۇيۇقسىز كېلىپ بېشىمغا توپلىنىپ، بىر-بىرلەپ سايراپ قويۇپ ئۇچۇپ كېتىدۇ. بۇلارنىڭ ئارىسىدا شۇنداق مىسرالار باركى، قايتا ياز دېسە يازالمايمەن. سالاھىدىن بولمىغان بولسا بۇلارنىڭ كۆپىنچىسى يوقىلىپ، ئۇنتۇلۇپ كېتەتتى. ئەمما ئۇ ناھايىتى سەۋرچانلىق بىلەن ھەممىسىنى خاتىرلىدى. سالاھىدىن يازدى، سۇلتان ۋەلەد كۆچۈردى. شۇنداق قىلىپ، مەسنەۋىنىڭ سەھىپىلىرى بارغانچە كۆپەيدى. ئۇ ئەمدى ئوقۇرمەنلىرىنى كۈتمەكتە.

بىر شېئىرنى باشلىغاندا ئۇنىڭ ئاخىرىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى بىلمەيمەن، ئۇزۇنلۇقى ياكى چوڭقۇرلۇقىغا بىر نەرسە دېيەلمەيمەن. شېئىرنى تاماملىغاندا يەنە سۈكۈتكە چۆمۈلىمەن، سۈكۈتتە ياشايمەن. ئىككى تەخەللۇس قوللىنىۋاتىمەن، بىرى خامۇش-كەمسۆز؛ يەنە بىرى شەمس تەبرىزى. يوقىتىپ قويغان سىرداشىمنىڭ نامى بىلەن شېئىر يازىمەن.

بۇ ئارىدا دۇنيا، يەنى گۆش-سۆڭەكتىن، ماددىدىن، چۈش ۋە كۆڭۈلسىز چۈشلەردىن ئىبارەت بولغان بۇ دۇنيا ئۆز چاقىدا چۆگىلىدى. ھەممە ئادەم مەزمۇت قەلئە دەپ ھېسابلىغان باغدات 1258-يىل موڭغۇللارنىڭ قولىغا چۈشتى. سەلتەنەت ۋە ئاۋاتلىقى بىلەن ماختالغان، دۇنيانىڭ مەركىزى دەپ تەرىپلىنىپ كېلىۋاتقان بۇ شەھەر بىر كۈندىلا ۋەيران بولدى. شۇ يىلى سالاھىدىن زەقرۇبى ۋاپات بولدى. دەپنە مۇراسىمىدا دەرۋىشلىرىم بىلەن بىللە كاتتا بايرام قىلدۇق، كوچىلارنى ناغرا، تەمبۇر، نەيلەر بىلەن ياڭراتتۇق. چۈنكى بىر ۋەلى يىغا-زاره بىلەن ئەمەس، بەلكى شادلىق بىلەن ئۇزىتىلىدۇ.

1260-يىل كىردى، بۇ قېتىم يېڭىلىش نۆۋىتى موڭغۇللارغا كەلدى، رەقىبىنىڭ ئىسمى مەملۇك ئىدى. تۈنۈگۈن ئامانلىق بەرمىگەنلەر بۈگۈن

ئامانلىق تىلەيدىغان بولدى. قىسمەت ئەندىزىسى قايتا كىرىشتۈرۈلۈپ، قايتا كېسىلدى. ھوقۇق پەلەمپىيىگە تېز چىققانلار تېزلا موللاق ئاتتى، غەلىبە قىلغۇچى ئۆزىنى مەڭگۈ غالىپ، مەڭگۈ باي دەپ ئويلايدۇ، مەغلۇپ بولغۇچى ئۆمۈر بويى بېلىنى رۇسلىيالمايدىغاندەك ھېس قىلىدۇ. ھالبۇكى، ئىككىسىلا خاتالىشىدۇ. بۇ پانىي دۇنيادا شاماللار ئۆزىنىڭ يۆنىلىشىنى تېزلا ئۆزگەرتىدۇ، قايغۇنىمۇ، شادلىقنىمۇ، مۇۋەپپەقىيەتنىمۇ، مەغلۇبىيەتنىمۇ، ھېچبىر نەرسىنى مەڭگۈلۈك دەپ ئويلىما. قارىساڭ، غالىپلار كۈچىدىن كەتكەن، ئاجىزلار قۇدرەت تاپقان. ئاللاھنىڭ يوشۇرۇن جامالى سىرتىدا ھەممە نەرسە ھەر ۋاقىت ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ.

بۇ كۈنلەردە مېنى ناھايىتى سۆيۈندۈرگەن ئىنسانلاردىن بىرى مەدرىسنى تەرك ئېتىپ تەكيەخانىغا كەلگەن تالىپ ھۇسام بولدى. ئۇ تېزلا يېتىلىپ، مەنىۋىيەت يولىدا شۇنچە تېزلا ۋايىغا يەتتىكى، ھازىر ھەممىسىنى ئۇنى ھۆرمەتلەپ، ھۇسام چەلەبى دەپ ئاتايدۇ. ئۇ مەسنەۋىنى يازىدىغان كاتىپ بولدى. ئەخلاقلىق، كەمتەر، پاك كۆڭۈل ھۇسام چەلەبىگە بىرسى «سەن كىم؟» دېسە دائىم شۇ جاۋابنى بېرىدۇ:

— مەن شەمس تەبرىزىنىڭ ئىزىنى بېسىپ كېتىۋاتقان پېقىر ئىنسانمەن، تۇرغۇن پۈتكىنىم مۇشۇ، مۇرىت تۇپلىمايمەن، مۇرشىدقا ئەگەشمەيمەن، بىر ياخشى ئىنساننىڭ مىراسىنىڭ ئۇنتۇلۇپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن خىزمەت قىلىشتىن باشقىنى ئويلىمايمەن.

شۇنداق قىلىپ، يىللار ئۆتتى، ئۆتۈۋاتىدۇ. قېرىغىنىڭنى سەندىن ئاۋۋال تېنىڭ سېزىدۇ، يىللار داۋىنىدىن ئېشىپ قىرىققا كىرىسەن، ئاندىن ئەللىك، ئەللىك بەش دەپ يۈرگەندە بىر دەمدە ئاتمىشقا كىرىپ قالىسەن...

ھەر ئون يىلدا توختاپ ئۆتمۈشكە قارايمەن. ئەمما داۋاملىق ئالدىغا مېڭىشقا، يولۇمنى داۋاملاشتۇرۇشقا مەجبۇرمەن. تىل-يېزىقتىن ئۆزەمگە بىر ساراي سالدىم، كارىدورلىرى ئىشق، تاملىرى ئىشق... سوپى بولمىغانلارغا بۇ دۇنيا بەك مۇرەككەپ كۆرۈنىدۇ، قارىسا ئادەملەر بۆلۈنۈپ كەتكەن، ھەممە ياق جېدەل-ماجرا، تالاش-تارتىشقا تولغان... ھالبۇكى بۇ قالايمىقانچىلىق بىرلا سۆزگە يوشۇرۇنغان. سۆزلەر ھەرپلەرگە، ھەرپلەر چېكىتلەرگە، يەنى "ب"نىڭ ئاستىدىكى بىر چېكىتكە يوشۇرۇنغان... مۇشۇ ئاڭ بىلەن بىز كېچە-كۈندۈز ساما سالىمىز، ئۇرۇش-جەڭلەر، قېرىنداشلار ئارىسىدىكى جېدەل-ماجرالار، خاتا چۈشىنىشلەر، كۆڭۈلسىزلىكلەر، ئاچلىق ۋە نامراتلىق، زۇلۇم ۋە ئادالەتسىزلىكلەرنىڭ

ئوتتۇرىسىدا، ھەممە نەرسىنى باغاشلاپ، ئەمما ھېچ نەرسىگە تەگمەستىن توختىماي ئايلىنىمىز. پۈتۈن دۇنيا چاراسلاپ كۆيسىمۇ، ئاسمان-زېمىن قىزىل رەڭگە بويالسىمۇ، ئوردا-سارايلارنى كەلكۈن باسسىمۇ، بىر پادىشاھ كېتىپ يەنە بىرى كەلسىمۇ بىزگە بەرىبىر. ئەلەم ۋە خۇشاللىق بىلەن، ئۈمىد ۋە چۈشكۈنلۈك بىلەن، ھەم يالغۇز ھەم باراۋەر، ھەم ئاستا ھەم ناھايىتى تېزلىك بىلەن قايىنامدەك چۆگىلەيمىز سامادا. تىزىمىزغىچە قان كەچسەكمۇ ئىشققا قايتىشتىن، ئىشققا سەجدە قىلىشتىن ۋاز كەچمەيمىز.

كائىناتتا مۇكەممەل بىر تەڭپۇڭلۇق، نازۇك بىر نىزام بار. پارچىلار ۋە نۇقتىلار دائىم ئالمىشىپ تۇرىدۇ، ئىسىملار ۋە مەقاملار يېڭىلىنىدۇ، ئىنساننىڭ قىلغان ھەر بىر سۆزى ۋە سالغان زىيىنى ئۆزىگە يانىدۇ، ھالبۇكى ئۇ بۇنى بىلمەيدۇ، ئۆزىگە جاپا سېلىشقا ماھىر، بېشىغا نېمە ئىش كەلسە باشقىلاردىن كۆرىدۇ. چەمبەر ئىچىدىكى سىزىقلار ئۆچۈرۈلۈپ قايتىدىن سىزىلسىمۇ، چەمبەر جايىدا قالىدۇ.

ئوتتۇز توققۇزىنچى نىزام: چېكىتلەر ئۆزگىرىپ تۇرسىمۇ پۈتۈنلۈك ئوخشاش. بۇ دۇنيادىن كېتىپ قالغان ئوغرىنىڭ ئورنىغا يەنە بىر ئوغرى تۇغۇلىدۇ. ئۆلۈپ كەتكەن ياخشىلارنىڭ ئورنىغا يەنە ياخشىلار كېلىدۇ. يەنى پۈتۈنلۈك ھېچقاچان بۇزۇلمايدۇ، ھەممە نەرسە جايىدا، مەركىزىدە قالىدۇ... شۇنداقلا كۈنلەر ئۆتكەنچە ھېچقانداق نەرسە ئۆز پېتى تۇرمايدۇ.

ئۆلۈپ كەتكەن سوپىنىڭ ئورنىغا يەنە بىر سوپى تۇغۇلىدۇ.

بىزنىڭ دىنىمىز ئىشق دىنى، يولىمىز ئىشق شەرىئىتى. ئۇچى يوق قەلب زەنجىرىدە بىز پەقەت بىر ھالقا. چۈنكى زەنجىر ئۈزۈلۈپ كەتسە، ئۇنىڭغا دەرھال باشقا ھالقا سەپلىنىدۇ. دۇنيادىن كېتىپ قالغان شەمس تەبرىزى ئۆچۈن باشقا ئەسىردە، باشقا ماكاندا، ناتونۇش ئىسىم بىلەن يەنە بىر شەمس مەيدانغا كېلىدۇ.

بىر كىملەر شەمس بولۇپ تۇغۇلىدۇ،
بىر كىملەر شەمس بولۇپ ئۆلىدۇ.

ئېللا
كونيا، 2009-يىل 9-ئاينىڭ 7-كۈنى

خۇشخەۋەر! ئاڭلا!

سەھەرلىك ئەزاننى تۇنجى ئاڭلىغان ئادەمدىن بۇ ئاۋازنىڭ نېمىگە ئوخشايدىغانلىقىنى سوراپ بېقىڭ. بەلكىم مۇنداق دەيدۇ: يوشۇرۇن، ئاجايىپ، سىرلىق ئاۋاز؛ شۇنداقلا تەبىئەتتىن ھالقىغان، ئەقىل يەتمەيدىغان، ھەتتا ئادەمنى ئىشق-سۆيگۈدەك لەرزىگە سالىدىغان ئاۋاز!

كېچە قاراڭغۇلۇقىدا ئىبلا رۇبىنستېيننى ئويغاتقان ئاۋاز مۇشۇ ئىدى. ئۇ دەرھال ئۇستون بولۇپ، ئوچۇق دېرىزىدىن كىرىۋاتقان ئاۋازنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلگەنگە قەدەر جىممىدە قاراپ تۇردى. ھازىر ئۆزىنىڭ ئامېرىكىدا، ماساچۇستېستا ئەمەسلىكىنى يادىغا ئېلىشى ئۈچۈن بىر قانچە مىنۇت كېتەتتى. ھازىر تۇرۇۋاتقان يېرى ئېرى ۋە ئۈچ بالىسى بىلەن بىللە ياشىغان كەڭ، كاتتا ئۆيى ئەمەس ئىدى، ئۇلارنىڭ ھەممىسى باشقا زامانغا تەۋە ئىدى. شۇنچە كونا زامان ئىدىكى، ھازىر ئەسلىسە يېقىنقى ئۆتمۈشىدەك ئەمەس، ئەپسانە-رىۋايەتلەردەك تۇيۇلاتتى.

شۇنداق، ئۇ ماساچۇستېستا ئەمەس، دۇنيانىڭ باشقا يېرىدە، كونيادا، دورا ۋە تازىلىق سايمانلىرى پۇراپ تۇرغان ئادەتتىكى دوختۇرخانىدا ئىدى. ھازىر تىنىقىنى تىڭشاۋاتقان ئەر يىگىرمە يىللىق ئېرى ئەمەس، ئۆتكەن يىلى يازدا ئاپتاپلىق بىر كۈندە چۈشتىن كېيىن ئېرىنى تاشلاپ مېڭىشىغا سەۋەبچى بولغان ھېلىقى ئەر ئىدى.

ئۇ ئۇستەل چىرىغىنى يېقىپ، چىرايىنى مۇلايىم كۆرسىتىۋاتقان نۇردا، ئىككى سائەتلىك ئۇيقۇسى داۋامىدا بۇ يەردە بىرەر ئۆزگىرىش بولغانلىقىنى بىلمەكچى بولغاندەك ئوڭ-سولغا قاراپ قويدى. گەرچە ئىبلا دوختۇرخانا ياتاقلىرىنى كۆپ كۆرگەنمەن دېيەلمىسىمۇ، بۇ ئۆمرىدە كۆرگەن ئەڭ كىچىك دوختۇرخانا ياتىقى ئىدى. ياتاقنىڭ ئوتتۇرىسىغا كېسەل كارىۋىتى قويۇلغان، ئۇنىڭدىن باشقا ھەممە نەرسە—كونىراپ كەتكەن تەكچە جازا، ياغاچ ئىشكاپ، ئورۇندۇقلار، مامكاپلار تىزىلغان لوڭقا، ئۈستى دورىلار قويۇلغان ساپا ياتاققا كۆرە جايلاشتۇرۇلغانىدى. بىر چەتتە ئەزىز ئوقۇۋاتقان «مەن ۋە رۇمى» دېگەن كىتاب تۇراتتى.

ئۇلارنىڭ كونياغا كەلگىنىگە تۆت كۈن بولغانىدى، شەھەردىكى تۇنجى كۈنلىرىنى ساياھەت بىلەن ئۆتكۈزدى: خاتىرە يەرلەرنى، موزېيلارنى كۆردى، كوچا ۋە بىنالارنى سۈرەتكە تارتتى، يەرلىك يېمەكلىكلەر بىلەن قورسىقىنى توقلىدى، ئالاھىدە مەنزىرىلەرگە داڭقېتىپ قالدى. تۈنۈگۈنگىچە ھەممە ئىش جايىدا كېتىۋاتاتتى، ئەمما تۈنۈگۈن ئەزىز چۈشلۈك تاماق ۋاقتىدا تۇيۇقسىز ئۆزگىرىپ قېلىپ، ئەڭ يېقىن دوختۇرخانىغا دەرھال ياتاققا ئېلىندى، شۇنىڭدىن باشلاپ ئىبلا نېمىدىن ئۈمىد كۈتۈشنى بىلەلمەي،

ئۇمىدلىرىدىن ھەم ۋاز كەچمەي، داۋاملىق كۆتۈشكە باشلىدى. يەنە بىر تەرەپتىن كۆڭلىدە خۇدا بىلەن مۇنازىرىلىشەتتى: ئىشىق-سۆيگۈنى ماڭا كېيىن بېرىپ ئەمدى ئۇنى بالدۇر ئېلىۋالامسەن؟ بۇ قانداق ئادىللىق؟ يا شۇ نەرسىنى پەقەت بەرمىگەن بولساڭ، بۇرۇنقىدەك ياشاۋەرسەم بولمامتى...

ئۇ كارىۋاتتا ياتقان ئادەمگە ئىچ كۆيەرلىك بىلەن قاراپ: «قەدىرلىكىم، ئۇخلاۋاتامسەن؟» دەپ سورىدى. ئەسلىدە ئۇنى ئويغىتىشنى خالىمايتتى، ئەمما ھازىر ئۇنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاشقا شۇنچىلىك تەشنا بولدىكى، چىداپ تۇرالماي، يەنە «ئەزىز!» دېدى.

كېسەلنىڭ نەپەس رىتىمى توساتتىن ئۆزگىرىپ، جىمىپ كەتتى، بىراق جاۋاب كەلمىدى.

— ئۇخلاۋاتامسەن؟ - دېدى ئېللا ئاۋازىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ.

— ئۇخلاۋاتاتتىم، - دېدى ئەزىز چاقچاق قىلىۋاتقاندەك، - نېمە بولدى سۆيۈملۈكۈم، ئۇيقۇڭ قاچتىمۇ؟

— سەھەردىكى ئەزان چۆچىتىۋەتتى... - دەپ جاۋاب بەردى ئېللا، ئاندىن جىمىپ قالدى. گويا مۇشۇ سۆز بىلەن ھەممە نەرسىنى چۈشەندۈرۈۋاتاتتى: ئەزىزنىڭ يامانلىشىۋاتقان كېسەللىنى، ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ قېلىش ۋەھىمىسىنى، ئىشىق دېگەن بۇ ئەسەبىيلىكنى ۋە باشتىن كەچۈرگەن بارلىق ئىشلىرىنى خۇلاسىلەۋاتاتتى.

ئەزىز كارىۋاتتا ناھايىتى تەسلىكتە ئۇستۇن بولدى، توق يېشىل كۆزلىرىدىن ئازابلىنىۋاتقانلىقىنى كۆرگىلى بولاتتى، چىراغ نۇرىدا، ئاپئاق كىرلىكلەر ئارىسىدا كېلىشكەن چىرايى سولغۇن كۆرۈنەتتى، شۇنداقتىمۇ تەمكىن، خاتىرجەم ئىدى.

— سەھەرلىك ئەزاننى ياقتۇرىمەن، - دەپ پىچىرلىدى ئەزىز، - بۇ ئاۋازنى ئاڭلاپ كۆنۈپ كەتكەنلەر ئۇنى سېنىڭدەك ئاڭلىيالمايدۇ. ھالبۇكى، بىر چەت ئەللىك بۇ ئاۋازنى تۇنجى قېتىم ئاڭلىغاندا تىترەپ كېتىدۇ. نامازلارنىڭ ئەڭ ئەۋزىلى، شۇنداقلا كىشىگە ئەڭ تەس كېلىدىغىنى بامدات نامىزىدۇر.

— نېمىشقا؟

— تاتلىق ئۇيقۇمىزدىن ئويغاتقانلىقى ئۈچۈن بولسا كېرەك، چۈنكى ئۇ شېرىن چۈشىمىزنى بۇزۇپ، بىزنى باشقا ھەقىقەتكە چاقىرىدۇ ئەمەسمۇ، شۇڭا تەس كېلىدۇ. شۇ سەۋەبتىن بامدات نامىزىنىڭ ئەزانىدا «ناماز ئۇيقۇدىن ياخشىدۇر» دەيدىغان، باشقا ئەزاندا يوق بىر ئىبارە بار.

ئەمما ئېللا «بىز ئۇچۇن ئۇيقۇ تېخىمۇ ياخشىراق، كاشكى بىللە ئۇخلاپ قالغان بولساق» دەپ ئويلىدى. شۇنداق شىرىن ۋە تىنچ، زەمبىرەك ئاتسىمۇ تۇيمايدىغان بىر ئۇيقۇغا غەرق بولغان بولسا... «ئۇيقۇدىكى ساھىبجامال»دەك سېھىرلىك چۈش كۆرۈپ، يۈز يىل ئۇخلاپ قالسا...

بىر دەمدىن كېيىن ئەزان ئاخىرلاشتى، باشقا جامەلەردىن كېلىۋاتقان ئەزان ئاۋازلىرىمۇ بىر-بىرلەپ توختىدى. ئەڭ ئاخىرقى ئاۋاز توختىغان ۋاقىتتا ئەتراپنى سىرلىق جىمجىتلىق قاپلىدى. بۇ جىمجىتلىقتا ئېللا ئەزىزنىڭ يەنە ئۇخلىشىغا قاراپ تۇردى. ئىككەيلەن بىر يىل بىللە ياشىدى، خۇشاللىققا تولغان بىر يىل...

ئەزىز ئاخىرقى ئىككى ھەپتىدە دوختۇرلارنىمۇ ھەيران قالدۇرغىدەك غەيرەت كۆرسەتتى، ھەر قېتىملىق ساياھەتتە ئەتراپقا نۇر ۋە گۈزەللىك تاراتتى. ئىككەيلەن بۈگۈننىڭ تۈنۈگۈنگە ئوخشىمايدىغانلىقىنى، تۇرمۇشنىڭ تەكرارلانمايدىغانلىقىنى بىلىپ ياشىدى. ئېللا ئەستە تۇتۇش قابىلىيىتىنىڭ چېكىنگەنلىكىدىن خۇرسەن ئىدى، بىرسىنى چىن كۆڭلىدىن، بىلىپ ھەم شۈكرى قىلىپ ياخشى كۆرۈش نەقەدەر گۈزەل ئىش-ھە!

ئېللا ئىلگىرى ئىككى ئادەمنىڭ تونۇشۇشى ئۈچۈن ئۇزاق ۋاقىت كېتىدۇ دەپ ئويلايتتى. ئەمدىلىكتە بولسا زامان دەيدىغان بۇ ئۇقۇمنىڭ ئوخشىمىغان تۈرلىرى بارلىقىنى ئويلاۋاتىدۇ. ئەسلىدە بىرلا سۆز بىلەن بىردىن ئارتۇق نەرسىنى چۈشەندۈرۈشكە تىرىشىدىكەنمىز. ۋاقىت1: قاتمال ئادەتلەرنىڭ، كونا تەكرارلىقلارنىڭ، ئالدىراش ئەمما بىر ئىزدا توختىماي پالاقلاشلارنىڭ رىتىملىق، مېخانىكىلىق جەريانى. ۋاقىت2: ھەيرانلىق ۋە سېھرىي كۈچكە تولغان، يوللىرى ئېگىز-پەس، يەلكەنلىرى تولۇق تارتىلغان كېمىدەك كېتىۋاتقان ۋاقىت. ۋاقىت3: ئاللاھ تائالانىڭ مۇتلەق زامانى.

ۋاقىت1 بىلەن ۋاقىت2 نىڭ تېزلىكى پەرقلىنەتتى.

ۋاقىت3 بولسا يۇقىرىقى ئىككى ۋاقىتنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، ئۇ ۋاقىتلارنى ھەم يۇتاتتى ھەم يېڭىدىن يارىتاتتى.

ئېللا ئېڭىشىپ ئەزىزنىڭ پېشانىسىگە، ئاندىن قۇرۇپ كەتكەن لېۋىگە ئاستا سۆيدى. بۇ بىر يىلدا ئەسەبىيلەرچە سۆيگەن، يېقىنچىلىق قىلغان، ئۆز قوينىغا ئالغان ھەمدە گويا پاناھگاھتەك سىغىنغان بۇ ۋۇجۇد ئۇنىڭ ئۈچۈن بىر ئەرنىڭ بەدىنىلا ئەمەس، بەئەينى بىر ئىبادەتخانا ئىدى. شۇڭا

ئۇ ئەزىزنىڭ ھەر كۈنى كۆز ئالدىدا ئاجىزلاپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ئۈنىڭدىن يىراقلىشىشىنىمۇ ئويلىمىدى، ئىچ ئاغرىتىپمۇ كەتمىدى. ئەزىز ئىچىپ قانمايدىغان، سىۈزۈكلۈكىگە قانچە قارىسا تويمايدىغان بۇلاق ئىدى. دېمەك، بىر ئايال بىر ئەرنىڭ روھىغا ئاشىق بولسا ئۇنىڭ كېسەل تېنىنىمۇ شۇنچە سۆيۈپ قەدىرلىيەلەيدىكەن. بۇنى بىرىگە دەپ بېرەي دېسە چۈشىنىدىغان ئادەم چىقارمۇ؟

تومپۇچكىنىڭ ئارقىسىدا ئاستا چۈشىۋاتقان ئوكۇل كېسەلنىڭ زەئىپلەشكەن تېنىگە تامچە ـ تامچە ھاياتلىق يوللىماقتا ئىدى. ئەمما ئېللا ئەزىزنىڭ مەشەدە كۆز يۇمۇش ئۈچۈن كونىياغا كەلگەنلىكىنى بىلەتتى. ھېچقانداق ئوكۇل ۋە نەپەس ئالغۇزۇش ئۈسكۈنىلىرى بۇ قارارنى ئۆزگەرتەلمەيتتى. ئۇ كۆزىگە ياش ئالدى، ئەمما ئۆزىگە يىغلىمايمەن دەپ ۋەدە قىلغانىدى.

ئۇ ياتاقتا كۆپ تۇرماي سىرتقا چىقتى، ئاق سىرلانغان، ئەمما كىشىنى كۆڭۈلسىز قىلىدىغان كارىدورلاردىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، ئوچۇق قالغان ئىشىكلەردىن باشقا كېسەللەرنى ـ قېرى ـ ياش، ئەر ـ ئايال، سېمىز ياكى ياداپ كەتكەن، كۈلۈۋاتقان، يىغلاۋاتقان ئىنسانلارنى كۆردى. بەزىلىرى ئىشىكتىن مارىغان بۇ ئامېرىكىلىق ئايالغا قىزىقىپ قاراپ قويدى، بەزىلىرى ئاغرىق دەستىدىن پەرۋا قىلمىدى.

بەش مىنۇتتىن كېيىن ئېللا دوختۇرخانىنىڭ كىچىك، ئەمما چىرايلىق باغچىسىدىكى كۆلچەكنىڭ يېنىغا كەلدى. كۆلچەكنىڭ دەل ئوتتۇرىسىدا مەرمەردىن ياسالغان ھەيكەل بار ئىدى، ئۇنىڭ ئاستىدا كىملەرنىڭدۇر مەخپىي تىلەكلىرىگە شاھىد بولغان تەڭگىلەر پارقىرايتتى. ئېللا يانچۇقىدىن تەڭگە ئىزدەپ باقتى، ئەسكەرتىش يېزىلغان پارچە قەغەزلەر ۋە پېچىنە ئۇۋاقلىرىدىن باشقا ھېچنېمە تاپالمىدى.

سەل نېرىدا تۇرغان يۇملاق، پارقىراق، سىلىق تاشلار ئۇنىڭ دىققىتىنى تارتتى، تاشلاردىن بىرىنى ئېلىپ، كۆزىنى يۇمۇپ، ئىشقا ئاشمايدىغانلىقىنى بىلىدىغان بىر تىلىكىنى نىشانلاپ، سۇغا ئاتتى. ئەمما تاش سۇغا چۈشمەي، كۆلچەكنىڭ قىرغىقىدىن قاڭقىپ بېرىپ ھەيكەلنىڭ قۇچىقىغا چۈشتى.

ئەزىز بۇ يەردە بولغان بولسىدى، بۇنىمۇ بىر ئالامەت ھېسابلىغان بولاتتى، دەپ ئويلىدى.

يېرىم ســـــائەتتىن كېيىن ياتاقتا قايتقاندا بۇرۇتلۇق دوختۇر بىلەن ياغلىق ئارتقان سېستىرانى كۆردى، ئۇلار كېسەلنىڭ بېشىغا ئاق رەخت چۈمكەۋاتاتتى.
ئەزىز زاھارا بۇ دۇنيادىن جىمجىت ئايرىلغانىدى.

*   *   *

ئەزىز ئۆزى مەستانە بولغان جالالىدىن رۇمىغا ئوخشاشلا كونياغا دەپنە قىلىنىشنى ۋەسىيەت قىلغانىدى. ئېللا بارلىق تەييارلىقلارنى پۈتتۈردى، ئىشلارنى پىلانلاشقا ماھىرلىقى بۇ قېتىم ئەسقاتتى. ئۆزى يالغۇز ساياھەتكە كەلگەن ئايال بولۇش سۈپىتى بىلەن ھۆكۈمەت ئىشلىرىدىن قىلچە خەۋەردار بولماسلىقى بەزىدە توسقۇنلۇق، بەزىدە ئاسانلىق ئېلىپ كەلدى. يۈز يىللىق مۇسۇلمانلار قەبرىستانلىقىدا ماگنولىيە دەرىخىنىڭ ئاستىدىن ئەزىزگە يەرلىك، تىك تۆت بۇلۇڭ شەكىللىك تۇپراق تاپتى. شۇ كۈنى ئاخشىمى ئەزىزنىڭ دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى دوستلىرىغا ئېلخەت يوللاپ، ھەممىسىنى دەپنە مۇراسىمىغا بىرمۇ بىر دەۋەت قىلدى. بۇ ئارىدا بەختىگە يارىشا مەۋلەۋى نەيچىلەر، ناغرىچىلار، ساماچىلار بىلەن تونۇشۇپ قالدى ۋە ئۇلارنى دەپنە مۇراسىمىغا تەكلىپ قىلدى. ئۇ ئويلاپ باقمىغان ئىنسانلاردىن كۈتۈلمىگەن ياردەملەرگە ئېرىشتى، ئەزىز ھايات بولغان بولسا بۇنىڭدىن بەلكىم خۇشال بولاتتى.
دەپنە كۈنى شۇنچە كۆپ ئىنساننىڭ بۇ مۇراسىمغا قاتنىشىدىغانلىقىنى ئېللا ئويلاپ باقمىغانىدى. كېپ تاۋن، پېتېربۇرگ، مۇرشىدئاباد، سان پاۋلودىن سوپىلار كەلدى. ئۇلاردىن باشقا يەنە فوتوگرافلار، تەتقىقاتچىلار، مۇخبىرلار، يازغۇچىلار، ئۇسسۇلچىلار، ھەيكەلتاراشلار، بانكىچىلار، تىجارەتچىلەر، دېھقانلار، شائىرلار، رەسساملار، يوگا تېرنېرلىرىمۇ كەلدى. يەنە ئەزىز بېقىۋالغان ئىككى يىگىتمۇ مۇراسىمغا كەلدى.
شۇنداق قىلىپ، تىللىرى ۋە ئېتىقادلىرى پەقەت ئوخشىمايدىغان كىشىلەردىن توپلىنىپ قالغان بۇ جامائەت ئەزىزنىڭ مېيىتىنى ئۇزاتتى. بەزى مېھمانلارنىڭ ھەر خىل ياشتىكى بالىلىرى بار ئىدى، بۇلار كوچىدىكى بالىلار بىلەن قىيا-چىيا قىلىشىپ، پوجاڭزا ئېتىشتى. بۇنىڭغا ھېچكىم ئارىلاشمىدى. مېكسىكىلىق شائىر پاندي مېرتوس ئەرۋاھلار نېنى تارقاتتى؛ ئەزىزنىڭ شوتلاندىيىلىك كونا دوستى جامائەتكە گۈل ياپراقلىرى چاچتى. نەيچىلەر نەي چېلىپ، ساماچىلار ساما سېلىپ ئەزىزنىڭ ئۆلۈمىنى تەبرىكلىدى، چۈنكى ئۇ شۇنداق بولۇشىنى، مېيىتىنى

ئۆزاتقاندا كۆز يېشى ئورنىدا كۆلكە، ھازا ئورنىدا توي بولۇشىنى ئارزۇ قىلاتتى.

كونىيالىق ھۆنەرۋەن، مۆكچىيىپ ئاغزىدا ئىككى تال چىشى قالغان بىر قېرى ئادەم بۇ مەنزىرىنى خۇشاللىق ۋە قىزىقىش بىلەن كۆرگەندىن كېيىن: كونىيا كونىيا بولغاندىن بېرى بۇنداق ئاجايىپ دەپنە مۇراسىمىنى كۆرۈپ باقمىغان،ـ دېدى ۋە ئارقىدىن،ـ ئەلۋەتتە ئەسىرلەر ئاۋۋال ھەزرىتى مەۋلانانىڭ توي كېچىسىنى ھېسابقا ئالمىغاندا،ـ دەپ ئىزاھلاپ قويدى.

*   *   *

مېيىتنى ئۆزىتىپ ئۈچ كۈندىن كېيىن بارلىق مېھمانلار كەتكەندە يالغۇز قالغان ئېللا ئاخىرقى قېتىم بۇ شەھەرنى ئايلانغىلى چىقتى. بوۋاق ھارۋىسىنى ئىتتىرىپ يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان ئورتا ھاللىق ئائىلىلەرنى، رەخت ۋە دورا ـ دەرمەك دۇكانلىرىنى، ئۇنىڭغا بىر نەرسىلەرنى زورلاپ سېتىشقا تىرىشىۋاتقان يايمىكەشلەرنى فىلىم كۆرۈۋاتقاندەك كۆرۈپ ماڭدى. ئۇلارمۇ يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان ئىگىز بويلۇق، كۆزلىرى يىغىدىن ئىشىشىپ كەتكەن بۇ ئامېرىكىلىق ئايالغا قىزىقىپ قاراپ قويۇشتى. ئېللا بۇ يەرگە يات ئىدى، ئەمما ھازىر ھەممە يەرگە ياتتەك بىر روھىي ھالەتتە ئىدى.

ئۇ مېھمانخانىغا قايتىپ چامادانلىرىنى تەييارلىدى، چاپىنىنى سېلىپ، شاپتۇل چېچەكلىك رەڭلىك كەشمىر پوپايكىسىنى كىيدى. دائىم كۆچلۈك كۆرۈنۈشكە تىرىشىۋاتقان بىر ئايال ئۈچۈن بۇ رەڭ بەك ساددا ۋە غەلىتە دەپ ئويلىدى، ئەمما بۇلار ھازىر كاللىسىغا كىرىپ چىقمايتتى، نېمە بولسا بولسۇن، شۇنى كىيدى.

ئاندىن ئۇ ئامېرىكىدىكى چوڭ قىزىغا تېلېفون قىلدى، ئۈچ بالىسىدىن پەقەت جېنىتلا ئۇنىڭ بىلەن پاراڭلىشىپ كېلىۋاتاتتى. ئورلى بىلەن ئاۋى ئانىسىغا بىر يىلدىن بۇيان قېيداپ يۈرەتتى.

__ ئانىجان، قانداق ئەھۋالىڭ؟ـ دەپ سورىدى جېنىت ھاياجان بىلەن.

ئېللا ئوڭايسىزلىنىپ ھەم خىجىل بولۇپ كۈلۈمسىرىدى. بىر چاغلاردا ئۇ مۇھەببەتنى كەمسىتىپ سۆزلەپ كەتكەن، قىزىنىڭ ئۆزى ياخشى كۆرگەن ئادىمى بىلەن توي قىلىشىغا قارشى چىققانىدى، مانا بۈگۈن مۇشۇ قىزىلا ئۇنىڭغا مەدەت بېرىۋاتىدۇ. ئۇ ناھايىتى بوش ئاۋازدا «ئەزىز ئۆلۈپ كەتتى» دېدى.

تېلېفون گىژىلداپ، جېنېتنىڭ ئاۋازى بىر ئاڭلىنىپ بىر ئاڭلانماي قالدى:

— ۋاي ئىست ئانا، كۆڭلۈم بەك يېرىم بولدى، ئامان بولغىن.

ئاندىن نېمە دېيىشلىرىنى بىلەلمەي بىر دەم تۇرۇپ قېلىشتى. جىمجىتلىقنى جېنېت بۇزدى:

— ئەمدى ئۆيگە قايتىپ كېلەمسەن؟

راست، ئېللا ئەمدى قانداق قىلىدۇ؟ ئاجرىشىش ئىشلىرى نەتىجىسىز ھالغا كېلىپ قالدى، داۋىد بۇ ئىشنى تەسلەشتۈرۈش ئۈچۈن بارلىق ۋاستىلەرنى قوللىنىدىغاندەك قىلاتتى. ئۇ ئېللاغا قاتتىق گەپلەر بىلەن ئۇزۇن خەت يېزىپ، " ساڭا بىر تىيىنمۇ بەرمەيمەن" دېگەنىدى. ئېرى غەزەبناك، قوش كېزەك بالىلىرى خاپا. قايتىپ كەتسە ھەممە ئىش ئاسان بولماسمىدى؟

يەنە كېلىپ ئۇنىڭ پۇلى يوق، خىزمىتىمۇ يوق. شۇنداقتىمۇ نەگىلا بارسا ئىنگلىزچە دەرس بېرەلەيدۇ، ژۇرناللارغا ماقالە يازالايدۇ، بەلكىم كۇنلەرنىڭ بىرىدە بىرەر نەشرىياتتا تەھرىر بولۇپ ئىشلىيەلەيدۇ، ھەتتا ئۆز رومانىنى يازالايدۇ. ئۇ كۆزلىرىنى يۇمدى. ئىلگىرى ھېچقاچان بۇنداق يالغۇز قالمىغان، ئەمما ئاجايىپكى، ھازىر ئۆزىنى پەقەت يالغۇز ھېس قىلمايۋاتاتتى.

— قىزىم جېنېت، سېنى بەك سېغىندىم،- دېدى ئېللا،- ئورلى بىلەن ئاۋىنىمۇ شۇنداق كۆرگۈم كەلدى. ئۆيىنى تاشلاپ كېتىشىمنىڭ سىلەر بىلەن مۇناسىۋىتى يوق، سىلەرگە يەنىلا مۇھەببىتىم كۈچلۈك...

— بىلىمەن،-دېدى جېنېت تەمكىنلىك بىلەن.

— مېنى كۆرگىلى كېلەمسەن؟

— ئەلۋەتتە كېلىمەن... كېلىمىز ئانا... سەن ئۇ ئىككىسىگە قارىما، ھەممىسى ئۆتۈپ كېتىدۇ. سېنىڭ ياخشى تۇرۇپ بېرىشىڭ ھەممىدىن مۇھىم. ئەمدى قانداق قىلىسەن؟ راست قايتمامسەن؟

— ئامېستىرامغا بېرىشىم مۇمكىن،-دېدى ئېللا،- ئۇ يەردە كىچىك، بىر قەۋەتلىك ئۆيلەر بار، بىرەرسىدە ئىجارە تۆلەپ ئولتۇرۇپ تۇرالايمەن. شۇنداقتىمۇ ۋەلىسىپىت مىنىشنى تېخىمۇ ياخشى مەشىق قىلىشىم كېرەك...- دەپ كۈلدى،- ھېچنېمىنى پىلانلىمىدىم جېنېت. ئەتە يا ئۆگۈن، بەش يىلدىن كېيىن نېمە بولىدىغانلىقىنى بىلمەيمەن. بىلىدىغىنىم پەقەت ھاياتىمنى يېڭىدىن باشلاش. بۇ ئەسلىدىلا ئاشۇ نىزاملارنىڭ بىرى ئەمەسمۇ؟

— نېمە نىزام ئانا؟ نېمىدىن گەپ قىلىۋاتىسەن؟ ـ دەپ سورىدى جېنىپت.

ئېللا دېرىزىگە يېقىنلىشىپ، ئۇپۇقنى قاپلىغان كۆكۈش رەڭلەرگە قارىدى. كۆك ئاسماندا يۇڭدەك ئاق ۋە ئىنچىكە بۇلۇتلار ئاستا ـ ئاستا ئايلىنىپ، گويا ساماچىلاردەك يوقلۇققا سىڭىپ كېتىۋاتاتتى.

قىرىقىنچى نىزام، ـ دېدى ئېللا ئالدىرىماي سۆزلەپ، ـ ئىشقسىز ئۆتكەن ھايات بىر ئۆمۈر بىھۇدە ئۆتكەن ھاياتتۇر. ئىلاھىي ئىشققا ئەگىشىمەنمۇ، مەجازىي ئىشققىمۇ، بۇ ئىشق دۇنياۋىمۇ، ساماۋىيمۇ ياكى جىسمانىيمۇ؟ دەپ سورىما. ئايرىملار ئايرىملىقنى پەيدا قىلىدۇ. ئىشقنى سۈپەتلەش ياكى ئىزاھلاشنىڭ ھاجىتى يوق. ئۇ ئۆز ئالدىغا بىر دۇنياكى، سەن ئۇنىڭ ئوتتۇرىسىدا، مەركىزىدە ياشايسەن ياكى سىرتىدا، ھەسرىتىدە ياشايسەن.

(تۈگىدى)